
www.uyghurkitap.com

پىرىمقۇل قادىروۋ

# يۇلتۇزلۇق تۈنلەر



پىرىمقۇل قادىروۋ

# يۇلتۇزلۇق تۈنلەر

(تارىخىي رومان)

[illegible]
[illegible]
[illegible]

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ئاتاقلىق سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىسى پىرىمقۇل قادىروۋنىڭ «يۇلتۇزلۇق تۈنلەر» رومانىدا 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى جانلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن.

بۇ رومان سوۋېت ئۆزبېكىستانىدا ئىككى قېتىم بېسىلغان ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ رومانىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىپ باستۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم توپىلاڭ

قۇۋا. قىل ئۈستىدە تۇرغان تەقدىرلەر........................ (1)
ئاخسى. ئەجەلگە داۋا يوق.............................. (29)
ئەنجان. گۈل ۋە قويۇن.............................. (46)
قۇۋا. جاسارەتنىڭ جازاسى.............................. (85)
ئوش. نىجاتلىق نەدە؟.............................. (108)
سەمەرقەند. زەپەر ۋە كۈلپەت.............................. (172)
ئەنجان. ئۇۋال بولغان ئارزۇلار.............................. (202)
سەمەرقەند. ھەل قىلغۇچى ئېلىشىش.............................. (253)
تاشكەنت. ئۆرە تۆپە. ئىسپەرە. كۈچكۈن باسقان بۇلاق...
.............................. (357)

## ئىككىنچى قىسىم پەلەكنىڭ گەردىشى

ھىرات. تولغان پەيمانىلەر.............................. (414)
قۇندۇز. سەمەرقەند. ئىككى قىلىچ ئوتتۇرىسىدا.............................. (492)
كابۇل. تاشقان دەريا ئۆزەن ئىزدەيدۇ.............................. (571)
لەخور. پەنىپەت. دېھلى. يېڭى قىرغاقلار.............................. (626)
ئەگرە. تەقدىر تەقەززاسى.............................. (674)
سىكرى. قايتا كۆز ئاچقان بۇلاق.............................. (726)
ئەگرە. يۇلتۇزلار گىردابى.............................. (750)
خاتىمە.............................. (775)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# توپىلاڭ

## قوۋا. قىل ئۈستىدە تۇرغان تەقدىرلەر

### 1

مىلادى 1494 - يىلىنىڭ يېزى. تومۇز ئىسسىقتا پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىغا چىققان قويۇق بولۇتلار هاۋانى كۈن بويى دىمىق قىلىپ تۇردى - دە، كەچتە بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. قىزىل توپىراقلىق دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان سۈيى كۆپ قوۋا ساي قان قوشۇپ ئېقىتىلغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

ساي بويىدىكى مەجنۇنتاللار دالدىسىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— رابىيە، ئىشەنگىن، مەن هايات بولسام، سىنى بالا - قازاغا يولۇقتۇرمايمەن.

— خۇدا سىزنىمۇ پاناهىدا ئاسرىسۇن، تاهىرئاكا!... دۈشمەننىڭ مىڭلىغان ئەسكىرى بار. قايسى بىرىگە تەڭ كېلەلەيسىز؟ ئەنە، قاچقۇنلارغا قاراڭ!...

تاهىر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قوۋا سايىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىگە كۆز

يۇگۈرتتى. پەستە قومۇشلۇق، پاتتاقلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن ئۇزۇن ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. كۆۋرۈكتىن چۇمۇلىدەك ھېسابسىز ئادەملەر، ئاتلار، ماللار، ھارۋىلارنىڭ تىزىلىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقى يامغۇر پەردىسى ئارىسىدىن خىرە كۆزگە چېلىقاتتى. سەمەرقەند پادىشاھى قوقاننى بېسىۋېلىپ، ئۇنى قوشۇنىغا بۇلاتقان ۋە مەرغىلانغا ھۇجۇم قىلغانىدى. باسقۇنچىلار شەھەر - يېزىلارنى بۇلاش بىلەن قانائەتلەنمەي، چىرايلىق قىزلارنى چۆرىلىككە ئېلىپ كېتىشەتتى. بۇلارنى ئاڭلىغان ئادەملەر دۈشمەندىن قېچىپ تىنچ جاي ئىزدەپ كېتىشىۋاتاتتى.

— ئۇلۇسنىڭ شورى قۇرسۇن! — دېدى تاھىر، — كاساپەت پادىشاھلار ئۇرۇش قىلماي تۇرالمىسا؛ بىرىدىن قاچساڭ باشقىسىغا تۇتۇلساڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە قاچمايمىز! تەۋەككۈل، پېشانىمىزگە يېزىلغىنى بولار!

تاھىر يامغۇردا ھۆل بولۇپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئالدى ئوچۇق ماتا يەكتەك ئۈستىدىن خەنجەر تېقىۋالغانىدى، رابىيە خەنجەرگە قورقۇپقىنا كۆز تاشلىدى - دە:

— بىلمىدىم، — دېدى، — ئاتاملار مېنى قورغانغا ئاپىرىپ قويماقچى.

— قايسى قورغانغا؟

— ئەنجان قورغىنىدا تاغام① بار ئەمەسمۇ؟

تاھىر رابىيىنىڭ ھازىرلا كېتىپ قېلىشىدىن قورققانىدەك ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. ئىلگىرى شاش كېيىكتەك تۇتقۇزمايدىغان

① ئاتىسىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

رابىيە ھازىر نېمىشقىدۇ ياۋاش بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خېنە قويۇلغان قوللىرى گۈلدەك چىرايلىق، بېشىغا ئاتىسىنىڭ قارا يۇڭ چاپىنىنى يېپىنىپ چىققانىدى. يامغۇردا ھۆل بولۇپ ئېغىرلاشقان چاپان ئۇنىڭ نازۇك بويىغا ئېغىرلىق قىلدى. رابىيە چاپاننى يەلكىسىگە چۈشۈرۈشى بىلەن ياقىسىنىڭ بىر بۇغچى يېشىلىپ كەتتى-دە، قىزغۇچ مەرمەردەك سىلىق بويىنىنىڭ تۆۋىنى كۆرۈنۈپ قالدى. يېشىل جىلىتكىسى ئون يەتتە ياشلىق قىزلاردىلا بولىدىغان ئىنچىكە بېلىدىن تارتىپ قاتتىق كۆكسىنى چىڭ ئوراپ تۇراتتى.

بالا چېغىدىن رابىيە بىلەن ئارىتام قوشنا بولۇپ ئۆسكەن تاھىر ئۇنىڭ قانچىلىك جازىبىلىك ئىكەنلىكىنى، باسقۇنچى بەگ ۋە نەۋكەرلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق قىزلارغا قانچىلىك ھېرىس بولۇشىنى گويا ئەمدى چىندىن ھېس قىلدى.

بۇ يىل باھاردا ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى ماقۇللاشتۇرۇپ قويغان چاغلىرىدىمۇ رابىيە تاھىرغا ھازىرقىدەك چىرايلىق كۆرۈنمەيتتى. رامىزان ئېيى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تويى بولۇشى كېرەك. تاھىر رابىيە بىلەن يېقىن ئارىدا بىر ياستۇقتا باش قويۇشلىرىغا ئىشىنىپ، پەرۋاسىز يۈرگەنىدى. بىراق ئەمدى ئۇرۇش بورىنى قۇۋاغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ خەتەرلىك چاغلاردا رابىيە ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىدىنمۇ ئەزىز، ئاۋۋالقىدىنمۇ غەنىمەت كۆرۈندى.

تاھىر رابىيىنىڭ ئەنجان قورغىنىدا بىرەر مۇشتۇمزور بەگنىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىدى-دە:

— ياق! — دېدى، — مېنى دېسەڭ قورغانغا بارما!

رابىيە تاھىرنىڭ مەخمەلدەك يۇمشاق بۇرۇتى تېگىدە بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان لېۋىگە ۋە ئىزتىراپ بىلەن چاقناۋاتقان

قوڭۇر كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— مېنىڭمۇ سىزدىن يىراققا كەتكۈم يوق...لېكىن نېمە قىلاي... قورقىمەن!...

تاھىر قىزنى چاپىنى بىلەن قوشۇپ قۇچاقلاپ، باغرىغا باستى. رابىيىنىڭ يۇمشاق چاچ تالالىرى يىگىتنىڭ يۈزىگە تەگدى. بىرمەھەل ئىككىسىنىڭ تىنىقى تىنىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى. تاھىر قىزنىڭ بەدىنى تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە:

— راستىنلا قورققىنىڭمۇ بۇ، رابىيە؟ — دېدى، — ساڭا نېمە بولدى؟...

— مەن بىر خەتەرلىك چۈش كۆردۈم، تاھىرئاكا! خۇدا، چۈشۈم ئوڭ كەلمىسۇن!

ئەمدى تاھىرمۇ ئەنسىرەپ قىزنى قۇچىقىدىن بوشاتتى-دە، ئۇنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى:

— يامان چۈشمۇ؟

— ئېيتىشقىمۇ تىلىم بارمايدۇ.

— چۈشكە نېمىلەر كىرمەيدۇ!...ئېيت!...مەيلى.

— سىزنى بىر قارا ئۆكۈز خەنجەردەك مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۇسۇپ... ياق! ياق! ئەسلىسەم بەدىنىم شۈركۈنۈپ كېتىدۇ!

تاھىر يامان بىر پالاكەتنى ئالدىن سەزگەندەك يۈرىكى سىقىرىدى:

— ئالدىرىماي گەپ قىل! ئۇسكەن بولسا، قان ئاقتىمۇ؟

— قان؟ھە-ھە...قان جىرقىراپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا قورقما، چۈشتىكى قان — يورۇقلۇق. ئاتام دائىم شۇنداق دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خۇدايىم شۇ تەبىرنى راست قىلسۇن! تاھىرئاكا، مەن... ئەگەر ئەنجانغا سىز بارمىسىڭىز...مەنمۇ كەتمەيمەن. نېمە بولساق مۇشۇ يەردە...بىللە...

مەجنۇنتال بەرگىلىرى ئارىسىدىن سارقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى قىزنىڭ قوشۇما قاشلىرىغا، زىچ كىرپىكلىرىگە تەگكەندى. تاھىرنىڭ نەزىرىدە، رابىيە يامان بىر بەختسىزلىك بولۇشىنى ئالدىن بىلىپ، كۆزىگە ياش ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەندىن كۆپ ئەنسىرىمە، رابىيە. مەن دېھقان ئادەممەن. ھاۋا ئېچىلسا ئېتىزغا چىقىپ قوشۇمنى ھەيدەيمەن، ئورمامنى ئورۇيمەن. دۈشمەننىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشى بار؟ لېكىن سەن... ئېھتىيات قىل. ئەنجان قورغىنىدا تاغىلىرىڭ بار.

— ئەنجاندا سىزنىڭمۇ موللا تاغىڭىز بارغۇ! ياكى بىللە كېتەيلىمۇ؟

تاھىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەنجاندا مېمار بولۇپ ئىشلەيدىغان تاغىسى پەزلىددىن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان مەشھۇر ئادەم. قوۋۇا ساي پاتقىقىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن مانا شۇ ئۇزۇن ياغاچ كۆۋرۈكمۇ موللاپەزلىددىن سىزىپ بەرگەن لايىھە بويىچە قۇرۇلغان. ئەنجان ئوردىسىدا موللاپەزلىددىن ساماۋى نەقىشلەر ۋە گۈللۈك چاقچۇقلار بىلەن بېزەپ قۇرغان دىۋانخانا تاجدار ئۆمەرشەيخ مىرزىغا ياراپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا بىر ئۇچقۇر ئات ۋە بىر ھەميان ئالتۇن ئىنئام قىلغىنىنى تاھىرمۇ ئاڭلىغان. ئۇ تاغىسىنىڭ① شەھەر قورغىنىنىڭ ئىچىدا باغات مەھەللىسىدە تۇرۇشىنى بىلەتتى. موللا-

---

① ئانىسىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

پەزلىددىن قوۋادا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا تاھىرغا خەت-ساۋات ئۆگەتكەنىدى. ئەمدى جىيەنى① پاناھ ئىزدەپ بارسا قانات ئاستىغا ئېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە بوۋاي-مومايلار نېمە دېيىشەركىن؟ تاھىر يالغۇز ئوغۇل، رۇخسەت بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ ئەنجانغا رابىيە تۇپەيلىدىن بارىدىغانلىقىنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتىشتىن ئۇيالدى...بەلكى بۇنى رابىيىنىڭ ئاكىسى مەھمۇدقا ئېيتار؛

— رابىيە، مەيلى، ئىلاج بولسا، ئەنجانغا بىللە كېتەرمىز. لېكىن ئاتاملارنى كۆندۈرۈش ئاسان ئەمەس. مەھمۇد ئاكاڭ ئۆيدىمۇ؟

— دۇكانغا چىققانىدى. ئېيتارغىچە كېلىپ قالىدۇ. نېمە گەپ؟

— ئېيتاردىن كېيىن بىزنىڭكىگە بارسۇن. مەسلىھەت بار.

— خوپ مەن دەيمەن.

رابىيە يۈزىنى تاھىرنىڭ كەڭ كۆكسىگە قويدى:

— خۇدا بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋەتمىسۇن! — دېدى-دە، مەجنۇنتال شاخلىرى ئارىسىدىن چىقتى.

ساي بويىدا تۇرغان بوش مىس كورىنى يامغۇر تامچىلىرى چېكىپ-چېكىپ قوياتتى. رابىيە سۇغا كەلگىنىنى شۇ كورىغا قاراپ ئەسلىدى ۋە ئۇنى تولدۇرۇپ، ئۆيىگە تەرەپكە كۆتۈرۈپ كەتتى.

مۇھەببەتداشلار ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراقتا — يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ تۇرۇشاتتى. قىز يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن تاھىرمۇ مەجنۇنتاللارنىڭ دالدىسىدىن چىقتى.

شۇ چاغدا رابىيىنىڭ چۈشكە كىرگەن قورقۇنچلۇق ۋەقە ئۇنىڭ

---

① ئايال بىر تۇغقىنىنىڭ باللىرى. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېسىگە چۈشتى ـ دە، نامەلۇم بىر خەتەر ۋۇجۇدىغا قاتتىق تىترەك سېلىپ ئۆتتى.

## 2

بۇ يىلقى روزا ياز چىللىسىگە توغرا كەلگەن قاتتىق ئىسسىق كۈنلەردە تاڭ سەھەردىن كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكىچە ناشتا قىلماي ئاچ يۇرۇش نۇرغۇن ئادەملەرنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە تەشنالىق ئازابى قوشۇلاتتى. روزا تۇتقانلار كۈننى قانداق كەچ قىلىشلىرىنى بىلمەي پاتراق قاش قارىيىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشەتتى.

گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا قۇۋا مەسچىتىنىڭ مۇنارىسىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇرۇش تەھلىكىسى قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، داستىخان ئەتراپىغا يىغىلغان ئادەملەر روزىسىنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن قىينالغان ۋۇجۇدلىرى راھەتلىنىپ، دۇنيا غەملىرى بىردەم بولسىمۇ خىياللىرىدىن يىراقلاشتى.

تاھىر قېرى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ئىپتار قىلىۋاتاتتى. داستىخاندىن سىيادان سېلىنغان ئىسسىق نان ۋە چىلگە پۇرىقى كېلەتتى. نان يەپ، بىر چىنىدىن قېتىق قوشۇلغان ئاش ئىچكەندىن كېيىن تاھىر ئەنجانغا كېتىش ھەققىدىكى گېپىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشقا تەمشەلدى.

شۇ ۋاقىتتا قامچا دەستىسى بىلەن بىرسى دەرۋازىنى تاقىلداتتى. ھويلىدا ياتقان قېرى ئىت يوغان ۋە خىرە ئاۋازى بىلەن ھاۋشىدى. تاھىر ئورنىدىن تۇرغاندى، ئانىسى:

— ئېھتىيات قىل! — دېدى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ئاۋۋال

كىملىكىنى سوراپ ئۇققىن.

تالادا يامغۇر توختىغان، لېكىن ئاسمان بۇلۇتلۇق، قاراڭغۇلۇقتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تاھىر دەرۋازىغا يېقىن بېرىپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدى. ئىت قاتتىقراق ھۈرۈشكە باشلىدى. تالادىكى ئادەم ئاۋازىنى يۇقىرىلىتىپ:

— تاھىر جىيەن؟ — دەپ سورىدى، — ئاچ، مەن تاغاڭمەن!

تاھىر تالادىكى ئاۋازنى تونۇپ، ئۇچقۇق دېرىزە ئارقىلىق ئىچكىرىگە:

— ئانا، پەزلىددىن تاغام! — دېدى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى چۈشۈردى.

ئىچكىرىدىن چىققان بوۋاي-مومايلار مېھمان بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا تاھىر قارىيىپ تۇرغان ئىككى چاقلىق سايىۋەنلىك ھارۋىنى كۆردى. ھارۋىغا قېتىلغان ئاتنىڭ ئېگىرى ئۈستىدىن بىرسى چۈشۈۋاتاتتى.

— موللاتاغا ھارۋا سىزنىڭمۇ؟

— ھە، جىيەنىم. يۈك-تاقلىرىم بىلەن كەلدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى تاھىر ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بايا تاغىسىنى كۆرگەندە پەيدا بولغان خۇشاللىق ئەمدى تەشۋىشلىك ئويلار بىلەن ئالماشتى. تاھىرنىڭ ئەنجاندىكى باش پاناھى مانا مۇشۇ تاغىسى ئىدى. تاغىسى كۆچۈپ كەلگەن بولسا، تاھىرنىڭ قورغانغا بارىدىغان يولى ئېتىلگىنى شۇ، رابىيە قانداق بولار؟

— تاھىر، نېمىشقا ھاڭقىيىپ تۇرىسەن؟ يۈكلەرنى چۈشۈرۈشمىگىن! — دېدى ئانىسى، — موللاتاغاڭ يامغۇردا كۆپ جاپا تارتقان ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھەي، جاپا دەيسىزغۇ، ھەدە! ھارۋا پاتقاققا پېتىۋېرىپ جېنىمىزدىن تويغۇزدى. يوللار قىستا-قىستاڭ، قاچقۇنلار ھېسابسىز.

تاھىر ھارۋىدىن يۈك چۈشۈرۈۋاتقاندا، ئاتنىڭ ساغرىسىغا قولى تېگىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ قولىغا شىلىمشىق لاينىڭ چاپلاشقىنىنى سەزدى. لاي ئاتنىڭ ساغرىسىغىچە چىققان بولسا، بۇ بىچارىلەر كەلگىچىلىك قانچىلىك قىينالغانىكىن؟ ھەممە ئادەم دۈشمەندىن قېچىپ ئەنجانغا قاراپ كېتىۋاتقاندا بۇلار نېمىشقا قوۋاغا كۆچۈپ كەلدىكىن؟ تاھىر چوڭ تاغارغا سېلىنغان يۈكنى ھارۋىدىن چۈشۈرمەكچى بولغاندا تاغىسى:

— ئېھتىيات قىل، ناھايىتى ئېغىر، ئىككىڭلار كۆتۈرۈڭلار، — دېدى ھارۋىكەشكە.

تاھىر تاغارنىڭ ئىچىدە ئانچە چوڭ بولمىغان پولات ساندۇق بارلىقىنى سەزدى. موللاپەزلىددىن ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇ كىرمەيدىغان بۇ ساندۇقنى قوۋانىڭ تۆمۈرچى ئۇستىلىرىغا بۇيرۇتۇپ ياساتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پىلان-لايىھىلەر، رەسىملەر ساقلىناتتى. موللا پەزلىددىن ئۈچ يىل سەمەرقەندتە، تۆت يىل ھىراتتا بىلىم ئالغان. شۇ تەرەپتە مېمارلىق سەنئىتى بىلەن بىللە رەسساملىقنىمۇ ئۆگىنىپ كەلگەنىدى. ھىراتتا جەڭنامە كىتابلار ئىچىگە رەسىم سىزىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەۋلانا بېھزاد سىزغان ئەلشىر ناۋايى ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ رەسىملىرى بەلگىلىك دائىرىلەردە شۆھرەت قازانغان، لېكىن سەمەرقەندتە، بولۇپمۇ، پەرغانە ۋادىسىدا ئادەم شەكلىنى سىزىش ھېلىغىچە قۇرئان نامىدىن قاتتىق چەكلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن موللاپەزلىددىن ئۆزى سىزغان رەسىملەرنى مانا شۇ پولات ساندۇقتا دائىم مەخپىي ساقلايتتى.

تاھىر تاغاردىكى پولات ساندۇقنى ھارۋىكەش بىلەن كۆتۈرۈ-
شۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

موللاپەزىلىددىن ھۆل بولۇپ ئېغىرلاشقان نېپىز چاپىنىنى ۋە
ئۆتۈكىنى دالانغا يېشىپ قويدى. پۇتىغا كەشىنى كېيىپ، ئەۋرەز
يېنىدا يۈز-قولىنى يۇدى. كېيىن بايا تاھىرلار ئولتۇرغان داستىخان
سېلىنغان ئۆيگە كىردى.

ئۇنىڭ چەكمىنىدىن ئۆتكەن يامغۇر قىسقا يەكتىلىك چاپىنىنى نەم
قىلغانىدى. لېكىن ياز ئاخشىمى ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىيىم
ئالماشتۇرۇش يادىغا كەلمىدى. يولدا قاتتىق چارچىغانلىقى ئۈچۈن
تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىدى. پەقەت بىر-ئىككى تىلىم چىلگە يېدى ۋە
ئۈچ-تۆت چىنە چاي ئىچتى. ھارۋىكەش يىگىت لىق ئىككى قاچا
قېتىق قوشۇلغان ئاشنى ئىچكەندىن كېيىن ئاتلىرىغا قاراش ئۈچۈن
ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ئاپلا! موللاپەزىلىددىن! — دېدى تاھىرنىڭ ئاتىسى ئۇزۇن
ئاق ساقىلىنى ئويچان سىلاپ، — كەلگىنىڭىز ئوبدان بولدى. شۇ
مالىمان كۈنلەردە بىللە بولغانلىقىمىزغا نېمە يەتسۇن!

— ھەممە ئادەم دۈشمەندىن قېچىۋاتقاندا بىزنىڭ ئەجدىھانىڭ
ئاغزىغا يېقىن كېلىپ قالغانلىقىمىز غەلىتە بولدى، — دەپ موللاپەز-
لىددىن جىيەنىگە مەيۈس كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— بىرەر سەۋەب بىلەن كەلگەنسىز، موللاتاغا؟ — سورىدى
تاھىر.

— سەۋەب شۇ، جىيەن، ئۇرۇش باشلانسا قۇرۇلۇش توختايدۇ.
مېمارنىڭ لازىمى بولماي قالىدۇ...

— نېمە، سىزنى پادىشاھنىڭ ئۆزى خىزمەتكە ئالغان

ئەمەسمىدى؟

— پادىشاھ ئاخسى قورغىنىدا مۇداپىئە بىلەن ئاۋارە. تاشكەنت خانى مەھمۇدخانمۇ خوجەند تەرەپتىن بىزگە قوشۇن تارتىپ كېلەۋاتقۇدەك ئىمىش. قەشقەر ھاكىمى ئابۇبەكىر دوغلات دېگەن يەنە بىر باسقۇنچى شەرقتىن ئۆزگەندنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

تاھىرنىڭ قېرى ئاتىسى قورقۇپ ياقىسىنى تۇتتى:

— توۋا! بۇ تەرەپكە سەمەرقەند قوشۇنى... ئۈچ تەرىپىمىزدىن دۈشمەن باستۇرۇپ كەپتىمۇ-ھە؟ بۇ نېمە كۆرگۈلۈك، موللاپەزلىددىن؟ بۇ پادىشاھلار سەل مۆرەسسە قىلىشسا بولماسمىدى؟ ھەممىسى بىر-بىرسىگە قېرىنداش ئىكەنغۇ، شۇ راستما؟

— ھە، راست. تاشكەنت خانىغا بىزنىڭ پادىشاھىمىز كۈيئوغۇل بولىدۇ. قوقاننى تالاپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە قوشۇن تارتىپ كېلەۋاتقان سەمەرقەند پادىشاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولسا بىزنىڭ پادىشاھىمىز بىلەن بىر ئاتىدىن بولغان ئاكا-ئۇكىلار. يەنە بۇ ئىككى پادىشاھ بىر-بىرى بىلەن قۇدا بولۇشماقچى ئىدى. سەمەرقەند پادىشاھىنىڭ قىزى بىزنىڭ ۋەلىئەھدىمىز بابىر مىرزىغا بەش ياش چېغىدىلا سۆزلىشىپ قويۇلغانىدى. شۇنىڭدىن بىلىڭكى، ئاكا ئۇكىغا، قېيىن ئاتا كۈيئوغۇلغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىققان گەپ!

— يا پاك پەرۋەردىگار! ئاخىر زامان دېگىنى شۇمىكىن، موللاپەزلىددىن؟

— بىلمىدىم پاچچە①، ھەر ھالدا يامان تاجدارلارنىڭ زامانى ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. كاشكى ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى

① ھەدىسىنىڭ ئېرى. — تەرجىماندىن.

ئېلىشىپ بىزنى تىنچ قويىسىچۇ! ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن جەبىر-جاپاسى خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.

— كۆرگۈلۈكىمىز بار ئىكەن-دە!

— ھە، تەلەي بولمىسا قىيىن ئىكەن! مەن نى-نى ئارزۇلار بىلەن ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىپ كەلگەنىدىم! ۋەتىنىمىز بولغان پەرغانە ۋادىسىدا سەمەرقەنتتىكىدەك، ھىراتتىكىدەك مەدرىسىلەر ۋە كۆركەم ئابىدىلەر قۇرماقچى ئىدىم. بۇ سەلتەنەتلىك پادىشاھلاردىن نېمە قالدۇ؟ ھەممىسى نام-نىشانسىز كېتىدۇ، بىزدىن يادىكارلىق بولۇپ قالسا ئۇلۇغبەگ مەدرىسىدەك، ناۋايى ئۇنسىيەسىدەك سەنئەت ئەسەرلىرى قالىدۇ!

موللاپەزلىددىن ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن ئاخىرقى گەپلەردىن ئەنسىرەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ساراي ئەھلىگە يېقىن بۇرۇپ، ئايغاقچىلاردىن يۈرىكئالدى بولۇپ قالغانلىقىنى تاھىرمۇ سەزدى.

— موللاتاغا، سۆزلەۋېرىڭ، بۇ يەردىكى ھەممەيلەن ئۆز...ئەنجان قورغىنىدىن نېمە ئۈچۈن سىزگە ئورۇن بەرمىدى؟

موللاپەزلىددىن كېيىنكى كۈنلەردە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇدھىش ھادىسىلەرنى ئەسلەپ، بىردەم ئېغىر جىملىققا چۆمدى...

ئۆتكەن كۈنى خۇپتەن ۋاقتىدا موللاپەزلىددىن ئۆزلىرىدىن بەش-ئالتە ئۆي يىراقتا تۇرىدىغان بىر خەتتات دوستىنىڭكىدە ئېپتار قىلىپ ئولتۇرغاندا، قانداقتۇر نامەلۇم كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەندۇ. قورۇدىكى ئىت ھاۋشىپ توختىمىغاندىن كېيىن، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىدۇ. بۇگۈن بۇ يەرگە ھارۋىنى ھەيدەپ كەلگەن خىزمەتكار يىگىتنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ پۇت-قولىنى باغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازناقتا تاشلىنىۋېتىلدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، ئاختۇرىدۇ ۋە ساندۇقنى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئېچىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، قۇلۇپنى پالتا بىلەن چېقىشقا كىرىشىدۇ...

قىلىچ بىلەن چېپىلگان ئىت قاتتىق ھاۋشىغاندا تام قوشنىلار بىر پالاكەت بولغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى چىقىپ موللاپەزلىددىندىن خەۋەر ئالماقچى بولۇپ قارىسا، دەرۋازا ئۇدۇلىدىكى دەرەخ دالدىسىدا بىر ئادەم توت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى قارا نىقاپ بىلەن ئېتىۋېلىنغان، پەقەت كۆزلىرى كۆرۈنىدۇ. ئىچكىرىدىن بولسا پولات ساندۇقنىڭ قۇلۇپىغا ئۇرۇلۇۋاتقان پالتا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

موللاپەزلىددىنگە قەدىردان بولغان قوشنا ئۇنىڭ ئۆيىگە يامان ئادەملەر كىرگەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال خەتتاتنىڭكىگە يۈگۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋەقەنى ئاڭلىغان موللاپەزلىددىن ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

پولات ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى قەغەزلەرنى چۇۋۇشتۇرۇۋاتقان باسقۇنچىلار ئۆي ئىگىسىنى كۆرۈپ، دېرىزىدىن پېشايۋانغا سەكرىشىدۇ.

— توختا، ئەبلەخ! — دەپ موللاپەزلىددىن بىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىدۇ، يۈزىگە قارا نىقاپ تۇتقان ئېپىقتەك يوغان يىگىت ئۇنى يەلكىسى بىلەن ئۇرۇپ ئىتتىرىۋېتىپ كوچىغا ئېتىلىدۇ. باشقىلىرىمۇ كوچىدىكى ئاتلىرىغا مىنىپ، دەرھال غايىب بولىدۇ.

موللاپەزلىددىن ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاستىن-ئۈستىن بولغان ئۆيگە قاراپ ئىنتىلىدۇ ۋە ئوچۇق ياتقان پولات ساندۇقنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. تەكچىدە قوش شام يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يورۇقىدا ئۇگىتەي-توگىتەي بولغان، بەزى جايلىرى يىرتىلغان

لايىھەلەر ۋە پىلانلار كۆزگە چېلىقاتتى. ساندۇق ئىچىدە پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئالتۇننىڭ بىر قىسمى قاپچۇق بىلەن تۇراتتى، قارىسا شۇ يوق. لېكىن ھازىر موللاپەزىلىددىننىڭ كۆزىگە ئالتۇنمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ساندۇق تېگىگە جايلاشتۇرۇلغان مەخپىي قۇتىدىكى سۆرەتلەردە قالدۇ. ئۇ ساندۇق ئىچىدىكى قەغەزلەرنى ئالدىراپ-تېنەپ پەسكە ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، قۇتىنى يېپىپ تۇرغان سىلىق مىس پارچىسىغا قارايدۇ. ئۇنى ئاستا سولغا سۈرىدۇ، قۇتىنىڭ ئاچقۇچ سېلىنىدىغان ئورنى ئېچىلىدۇ. موللاپەزىلىددىن ئەتراپىغا قارىسا، ئۆيدە باشقا ئادەم يوق، قوش-نىسى قازناقتىكى چاكارنىڭ پۇت-قولىنى بوشىتىش بىلەن ئاۋارە. موللاپەزىلىددىن قويندىن كىچىك ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇتىنىڭ قۇلۇ-پىغا سالدۇ. قۇلۇپ ئېچىلغاندىن كېيىن قۇتىنىڭ مىس قاپقىقىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، نېپىز جىلد ئىچىدىكى سۆرەتلەرنى ئېچىپ كۆرىدۇ. ياشانغان باغۋەننىڭ ئۇلاق ئۇلاۋاتقان ۋاقتى...چىلمەھرەم تاغلىرىدىكى ئوۋ تەسۋىرى...ئەڭ تېگىدە چاڭ چېلىۋاتقان گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتى...

بۇ — ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ قىزى خانزادە بېگىم. موللاپەزىلىددىن ھىراتتىن كېلىپ ئەنجان چارباغىدا پادىشاھ ئائىلىسى ئۈچۈن ئالتۇن-دىن ھەل بېرىلگەن ساراي قۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئۇن ئالتە ياشلىق خانزادە بېگىم ئۇنىڭ رەسسام ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرغان. موللاپەزىلىددىن بۇ ئىشنى يوشۇرۇنچە قىلغان، ئەگەر شەرىئەت پېشۋالىرى ئۇنىڭ ئادەم سۈرىتىنى سىزغان-لىقىنى بىلىپ قالسا، ساق قويمايتتى. شۇنداقلا گۈزەل مەلىكە بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ سۈرەت سىزغىنى قىزنىڭ پادىشاھ

ئاتىسىغا مەلۇم بولۇپ قالسا، موللاپەزىلىددىننى پارە-پارە قىلىۋېتىشى ھېچ گەپ ئەمەسدى. شۇ سەۋەبتىن، ھازىر ئۇنى قاتتىق قورقۇتقان نەرسە بۇ سۈرەتلەرنىڭ باسقۇنچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار ساندۇقنىڭ تېگىدە مەخپىي قۇتا بارلىقىنى سەزمەپتۇ. لېكىن ساندۇقنى ئاتلىرىغا ئارتىپ كەتسە قانداق بولاتتى؟ ئۇنداقتا قۇتىدىكى سۈرەتلەرنىمۇ ئەلۋەتتە تېپىپ ئېلىشاتتى!...

خىزمەتكار يىگىت سەل ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن موللاپەزىلىددىن ئۇنىڭدىن ۋە قوشنىلىرىدىن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ بىلدۇ. ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىگە بۇنى سېلىشتۇرۇپ شۇنداق خۇلاسىگە كېلدۇ: ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلەر — ئاددىي ئوغرىلار ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر زوراۋان بەگنىڭ يىگىتلىرى. ئۇلار ئۆيىنى ئاختۇرۇپ نېمىنى ئىزدىگەن؟ لايىھەلەرنى تاشلاپ كېتىپتۇ. دېمەك، سۈرەتلەرنى ئىزدىگەن... موللاپەزىلىددىننىڭ سۈرەت سىزىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم... ئۇنداقتا بۇ يىگىتلەرنى قەستى بار بەگ ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن!...

ئەنسىرەكلىك ئويلار كېچىچە موللاپەزىلىددىننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرمىگەن. ئۇرۇشنىڭ ئالتوپىلىڭىدا بارغانسېرى زوراۋانلىشىپ كېتىۋاتقان يۈگەنسىز بەگلەر ئېسىگە كەلگەنسېرى كۆڭلى بىئارام بولغان.

ئەنجانلىق بەگلەردىن ھەسەن ياقۇپ دېگىنى شۇ يىلى باھاردا موللاپەزىلىددىننى چارباغىغا چاقىرتىپ، چوڭ بىر ئىشنى تاپشۇرماقچى بولغان.

— مىرزا ھامامدىنمۇ چوڭراق قىلىپ بىر ھامام سالدۇرماق-

چىمەن...يازدا سالقىنلايدىغان مەرمەرخانىلىرى بولسۇن،... — ياقۇب-
بەگ ئاۋازىنى پەسەيتىۇرۇپ داۋاملاشتۇرغان، — چىرايلىق ئەسىرە
قىزلارنى سېتىۋالىمەن، ئالتۇنۇم يېتەرلىك. مۇشۇ قىزلار ھاممامنىڭ
مەرمەر كۆلچىكىدە چۆمۈلگەندە مەن ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان
مەخپىي تۆشۈكلىرىمۇ بولۇشى كېرەك. ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دەپ ياقۇب-
بەگ قاقاقلاپ كۈلدۇ-دە، گەپنىڭ خۇلاسىسىنى ئېيتىدۇ، — ئەنە
شۇ ھاممامنىڭ لايىھىسىنى ئۆزىڭىز سىزىڭ. قۇرۇلۇشىغىمۇ سىز
سەركار بولۇڭ. قانچە ھەق تىلىسىڭىز بېرەي، ماقۇلمۇ؟
مېمارلىقنى مۇقەددەس بىر سەنئەت دەپ ئىشىنىدىغان موللاپەز-
لىددىن ياقۇببەگنىڭ شەھۋانىي نىيەتلىرىنى ئاڭلاپ نەپرەتلەنگەن.
— جاناب بەگ، كەچۈرۈڭ، مەن ھارام ئىشتىن قورقىمەن!...
— نېمىسى ھارام؟...، — مەن ھاممامنى ئۆز پۇلۇم بىلەن
ياساتماقچىمەن!
— ھاممامغا مەخپىي تۆشۈكلەر قويۇپ ياسايدىغان سەركارلار
باشقا...سىز ئاشۇلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ. ماڭا مىرزا ھەزرەتلىرى
پاكىز بىر دەرگاھ سالدۇرماقچى. مۇشۇ كۈنلەردە مەدرىس لايىھە-
سىنى سىزىش بىلەن بەندمەن. رۇخسەت قىلىڭ، مەن كېتەي...
ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ياقۇببەگ موللاپەزلىددىنگە ھومىيىپ
قارىغان.
— لېكىن مەن ئېيتقان گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، جانابىي
مېمار. ئۇنداق بولمىسا...
— ئەلۋەتتە، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالىدۇ! لېكىن سىزمۇ مەندىن
رەنجىپ قالماڭ. ئارىمىز ئوچۇق! بولامدۇ، جانابى بەگ؟
— بولىدۇ!

www.uyghurkitap.com

مولـلاپەزلـىددىن شۇنىڭ بىلەن بۇ زورلاۋان بەگدىن قۇتۇلدۇم، دەپ ئويلـىغان. لېكـىن بۇنىڭـدىن ئون-ئون بەش كۈن بۇرۇن ئەھـمەد تەنبەل دېگەن يەنە بىر باي بەگ مولـلاپـەزلـىددىننى سوراشـتۇرۇپ كەچـتە ئۇنىڭ ئۆيـگە كەلگەن. ئـىكـكىسى خالىي قالغاندا ئەھمەد تەنبەل يانچۇقـىدىن بىر قاپچۇق ئالتۇن ئالغان-دە موللاپەزلىددىنگە ئۇزاتقان.

— تەقسىر، مانا مۇشۇ ئالتۇننى ئېلىڭ-دە، بىر سۈرەت سىزىپ بېرىڭ.

— قانـداق سۈرەت؟

— يېشى يىگرمە بەشتىن ئاشقان بولسىمۇ يۈزىگە تېخـى تۈزۈك-رەك ساقال چىـقمىـغان، كوسا چىراي ئەھـمەد تەنـبەل ئاغزىـنى مېمارنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىغان:

— مەلىكىمىزنىڭ سۈرىتى كېرەك ماڭا!

— قايسى مەلىكىمىز؟ — سەگەكلىشىپ سورىغان موللاپەزلـىددىن.

— چارباغـدا ئالتۇنـدىن ھەل بېرىلـگەن ساراي سالغىـنىڭىـزدا كۆرگەنسىز... خانزادە بېگىم... ئۆزىمۇ سىزنىڭ سەنئىتىڭىزگە ئىخلاس-مەن ئىكەنغۇ...

موللاپەزلىددىننىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتكەن. بۇ بەگ پولات ساندۇقتىكى سۈرەتتىن خەۋەردار بولۇپ قالغانمۇ، نېمە؟!

— كىم سىزگە شۇنـداق دېـدى؟... مەن مـېـمارمەن... مەن پەقەت ئىمارەتلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىمەن...

— مەنـدىن يوشۇرماڭ، جاناب مېمار! مەن شەرىئەت پېشۋاسى ئەمەسمەن. سۈرەت سىزىش بىزدە چەكلەنگەنلىكىگە مەنمۇ قارشى! ھىراتتا شاھرۇھ مىرزا بايسۇنقۇر مىرزا ئۈچۈن سالدۇرغان

سارايىنىڭ تاملىرى گۈزەل قىزلارنىڭ سۈرىتى بىلەن بېزەلگەنىكەن توغرىمۇ؟

— توغرا، لېكىن...ھەر جايىنىڭ ئۆز تاش ۋە تارازىسى بار. ئەگەر خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتى ھەققىدە سىز ئېيتقان گەپنى پادىشاھ ھەزرەتلىرى بىلىپ قالسا نېمە بولۇشىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— بىلمىسۇن! — دەپ پىچىرلىغان ئەھمەد تەنبەل،— ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم خەۋەر تاپمىسۇن! ماقۇل دەڭ! مەڭ، ئالتۇننى ئېلىڭ!

— ئالدىرىماڭ، بەگ، مېنى سۈرەت سىزىدۇ، دەپ سىزگە كىم ئېيتتى؟...

— ئاڭلىدۇق-دە!

— كىمدىن؟...ھەسەن ياقۇببەگدىنمۇ؟...

— ھەسەن ياقۇببەگ بىر باغۋەندىن ئاڭلىغانىكەن...

"دېمەك ، ئەھمەد تەنبەلنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىدىن ھەسەن ياقۇببەگ خەۋەردار! — دەپ ئويلىغان موللاپەزلىددىن — بولار بىرلىشىپ مېنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولسا كېرەك. سەندەك تاشپاقاسىمان بەگ ئۈچۈن خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بېرىپ مەن ئەخمەق ئەمەسمەن!"

— جاناب ئەھمەدبەگ، پېقىر باغلارنىڭ سۈرىتىنى سىزغاندا بىر چېتىدە باغۋەننىمۇ تەسۋىرلىشىم مۇمكىن. مېمارلىق سەنئىتى بۇنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن مەندە نە سەنئەت بولسۇن، نە ھەق، نە جۈرئەت بولسۇن!

— ئاخىر، مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قالدۇرماقچىمۇسىز؟

— باشقا ئىلاجىم يوق. مېنى كەچۈرۈڭ. جاناب بەگ بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەكلىپ بىلەن كېلىش سىز ئۈچۈنمۇ خەتەردىن خالىي ئەمەس!

— ھە، مەن قورقۇنچاقلاردىن ئەمەسمەن! — دەپ ئەھمەد تەنبەل قەھرى بىلەن ئورنىدىن تۇرغان ۋە يىرىك چىشلىرىنى ئىرجايتىپ قوشۇپ قويغان، — لېكىن سىز مېنىڭ رايىمنى قايتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن تېخى پۇشايمان قىلىسىز!

بۇ تەھدىت مانا ئەمدى تۆت باسقۇنچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كەلگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. قورالسىز، نەۋكەرسىز موللاپەزىلىددىن ئەھمەد تەنبەلدەك يۈزلىگەن-ئىككى يۈزلىگەن قورallıق يىگىتلىرى بار بەگلەرگە قانداق تەڭ كېلىدۇ؟ لېكىن "بولارى بولدى" دەپ ئۈنچىقماستىن يۈرىۋەرسە، بۇ قۇتۇرغان بەگ ئەتىگە تېخىمۇ كۆپ يامانلىقلار قىلىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

موللاپەزىلىددىن ئەتىگەندە پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئۈچقۇر ئاتنى مىنىپلا شەھەر ھاكىمى قوبۇل قىلىدىغان مەھكىمىگە يول ئالغان. ئۇزۇن ھەسەن ئىسىملىك ئىنچىكە ئېگىز ھاكىم ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىش ۋە شەھەرنى يېغىلىشىپ كېلىۋاتقان دۈشمەندىن قوغداش تەشۋىشى بىلەن بەند ئىكەن. ئۇ موللاپەزىلىددىننىڭ ئەرزىنى نەگىدۇ كەتمەكچى بولۇپ ئالدىراپ تۇرغان مەزگىلدە ئاڭلىغان:

— لايىھىلىرىڭىزگە تەگمەي، قاپچۇقىڭىزنى ئېلىپ كەتكەن بولسا، بۇ — ئورمانلىقتىن كەلگەن ئوغرىلارنىڭ ئىشى، — دېگەن ئۇ، — دۈشمەن تەشۋىشىدىن قۇتۇلساق، ئورماندىكى ئوغرىلارنى تازىلايمىز... ھازىر ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز!...

قول قوشتۇرۇپ تىك تۇرغان موللاپەزىلىددىن ھاكىمغا يېقىنراق

كەلگەن:

— مېنىڭ باشقا گۇمانىم بار، جاناب ھاكىم، — دېگەن، ئاندىن ئەھمەد تەنبەلنىڭ سۈرەت سىزدۇرماقچى بولغىنىنى، رەت قىلغاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

— كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دەپ ھاكىم قىزىقىپ قالغان. موللاپەز-لىددىن خانزادە بېگىمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشتىن قورققان، — پەرىلەرنىڭ سۈرىتىمىدىكىن؟ ياخشى چۈشەنمىدىم.

— ساندۇقىڭىزدا پەرىلەرنىڭ سۈرىتى بارمىدى؟ باسقۇنچىلار شۇنى ئېلىپ كېتىپتىمۇ؟

— سۈرەت ئۆزى بولمىسا نېمىنى ئېلىپ كەتسۇن! مەن ھەزرىتى ئالىيلىرى بۇيرۇغان مەدرىس لايىھىسىنى سىزىش بىلەن بەندمەن. سۈرەتچىلىككە ۋاقتىم يوق. ساندۇقتا تېخى پۈتمىگەن لايىھىلىرىم بار ئىدى.

— ئۇلار جايىدا قالغانمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئەھمەدبەگدىن نېمە ئۈچۈن گۇمانلىنىسىز؟

— سەۋەبىنى ئېيتىم، جاناب ھاكىم! تەكشۈرۈپ بېقىشىڭىزنى سورايمەن!

— ئەھمەدبەگ سۇلتانلار ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بولسىڭىز مەن ئەسلىتىپ قوياي. ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ چوڭ خوتۇنى پاتىمە بېگىم ئەھمەدبەگكە قېرىنداش بولىدۇ، پاتىمە بېگىمنىڭ چاقىرىقى بىلەن سۇلتان ئەھمەدبەگ بۇگۈن ئەزاندا پايتەختىمىز ئاخشىغا كەلتى.

«ئەگەر ئاشۇ بەگ ساندۇقتىكى سۈرەتلەرنى قولىغا چۈشۈرسە، ئاخشىغا ئاپىرىپ، پادىشاھ ئائىلىسىگە كۆرسەتمەكچى بولغانمىكىن؟ —

دېگەن ئوي موللاپەزلىددىننىڭ ئىچىنى مۇزلىتىپ ئۆتكەن، بولار مېنىڭ قېنىمغا شۇنچىلىك تەشنامىدۇ؟ بەلكى ئەھمەد تەنبەل خانزادە بېگىمنىمۇ شۇ سۈرەت ئارقىلىق قولغا چۈشۈرمەكچىدۇ؟ تېخى ئۆيلەنمىگەن بۇ بەگ پادىشاھقا كۈيئوغۇل ۋە خانزادە بېگىمدەك گۈزەل قىزغا ئەر بولۇشنى جان-دىلىدىن خالىسا كېرەك!"

ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش يېپىشقاق بىر بالايىئاپەت ئەتراپىنى ئوراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن موللاپەزلىددىن پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ تورنى يىرتىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان:

— جاناب ھاكىم! مەن سىزدىن ئادالەت ئىزدەپ كەلدىم! پادىشاھ ھەزرەتلىرى مېنى سىزنىڭ ھىمايىڭىزگە تاپشۇرغاندى! ئەگەر باسقۇنچىلارنى تېپىپ جازا بەرمىسىڭىز، مەن پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا پاناھ ئىزدەپ كېتىشكە مەجبۇر بولىمەن!

— ئەمما شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، جاناب مېمار، ھەزرەت ئالىيىنىڭ ھۇزۇرىغا سىزدىنمۇ بۇرۇن بەزىبىر گەپلىرىڭىز يېتىپ بېرىشى مۇمكىن.

— يەنى، قايسى گەپلىرىم، جاناب ھاكىم؟

— بەزى مېمارلار ئۆزلىرىنى پادىشاھلاردىنمۇ يۇقىرى قويۇشىدىكەن. "بۇ تەخت ۋە سەلتەنەتلەر نام-نىشانسىز يوقىلىدۇ، پەقەت مېمار ۋە رەسساملار ياراتقان زور سەنئەت ئەسەرلىرى تىرىك قالىدۇ" دېگەن قوپال چۈشەنچىلەر بىزگە مەلۇم!

موللاپەزلىددىن بۈگۈن قوۋادا پاچچەسىنىڭ ئۆيىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن دەۋەتكەن بۇ تونۇشنى باشقا ئىشەنچلىك ئادەملىرىگىمۇ ئېيتقان پەيتلىرى بولغان. ئەنە شۇ ئىشەنگەنلەردىن قايسىبىرسى ئايغاقچىلىق قىلىپ، بۇ گەپنى ھاكىمغا يەتكۈزگەنلىكىنى، ئەمدى

ھاكىم بۇنى پادىشاھقا داستىخان قىلىپ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى سېزىپ، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەن، لېكىن ھاكىمغا سىر بېرىپ قويۇش قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ:

— بۇنىڭ ھەممىسى ئىغۋا! — دەپ خىتاب قىلغان، — جاناب ھاكىم، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئىغۋا قىلغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس! بۇنى بىلەرسىز! مەن ئەنجاندا نېمىكى بىنا قىلغان بولسام، ھەممىسىگە مىرزا ھەزرەتلىرىنىڭ نامىنى يېزىۋاتىمەن! ئوردىدىكى دىۋانخانىنى كۆرۈڭ! چارباغدىكى سارايىنى كۆرۈڭ! مەن ئۇلارنىڭ بىرەر جايىغا ئۆز نامىمنى يېزىپتىمەنمۇ؟ قېنى، ئىغۋاگەرلەر دەلىل كەلتۈرسۇن! مەن ھەممىسىگە مىرزا ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى يازدىم! دېمەك، تارىختا مېنىڭ نامىم ئەمەس، مىرزا ھەزرەتلىرىنىڭ نامى قالسۇن، دېگەنمەن! شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ قېنى ئېيتىڭ!

ھاكىم بۇ مەنتىقلىك دەلىللەرنى رەت قىلالماستىن مۇنداق دېگەن:

— شۇنداقلىقى شۇنداق، ئەمما...

— بىراق، جاناب ھاكىم! سىز مېنى باسقۇنچىلاردىن ھىمايە قىلىش ئورنىغا ئايغاقچىلارنىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىدىغان بولسىڭىز، مەن دەرھال ئاخسىغا بېرىپ، مىرزا ھەزرەتلىرىگە ئەرز قىلىمەن!...

ئۆزۈن ھەسەن بۇ دوقنى پىسەنت قىلماي:

— مەيلى، بېرىڭ، ئەرز قىلىڭ! — دېگەن، — لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ئەتراپىمىزنى دۈشمەن باسقان بۇ خەتەرلىك ۋاقىتلاردا پادىشاھقا مېماردىن كۆرە نەۋكەرلەر مۇھىمراق! ئەھمەد-بەگدەك، مەندەك جەڭگىۋار بەگلەر ئۈچۈن پادىشاھ ھازىر سىزدەكلەرنىڭ قانچىسىنىڭ بەھرىدىن كېچەر!

— ئاخسىغا بارغاندا كۆرەرمىز، — دەپ موللاپەزلىددىن مەھكە-مىدىن غەزەپ بىلەن تاشقىرىغا چىققان، ئۇ تۇرقىدىن ھازىرلا ئاخسىغا، پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئەرزگە بارىدىغانغا ئوخشايتتى.

لېكىن ئۇ ئاتلىنىپ ئۆيىگە قايتقاندا سەل غەزىپىدىن يانغان-دە، ئۇزۇن ھەسەن ئېيتقان ئاخىرقى گەپلەردە ئاچچىق بىر ھەقىقەت بارلىقىنى سەزگەن. دۈشمەن قورشاۋىدا قېلىۋاتقان ئۆمەرشەيخ مىرزا بىر مېمارنى دەپ ئۈچيۈز-تۆتيۈزدىن نەۋكىرى بار زوراۋان بەگلەرگە قارشى چىقماسلىقى ئېنىق. ئەھمەد تەنبەل بۈگۈن ئاخسىدا — شاھ سارىيىدا. ئەگەر ئۇ موللاپەزلىددىننىڭ مەلىكە سۈرىتىنى سىزغىنى ھەققىدە گەپ تارقاتسا... لېكىن ئەھمەد تەنبەل بۇنى قانداق بايقىغانىكىن؟ موللاپەزلىددىن خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سارايدا يوشۇرۇن ئۇچراشقىنىدا بۇنى ئاستىرتىن كۆرۈپ قالغان كېنىزەكلەر ياكى سەۋدەرلەر① بولسا، ئەھمەد تەنبەل شۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى قاپچۇقنى كۆتۈرۈپ كەلگەنمىكىن؟ باسقۇنچى يىگىتلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بۇ قەبىھ بەگ ئەمدى شاھ سارىيىغا بېرىپ يالاقچىلىق قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان مىش-مىشنى ھەرەمدىكى ئاياللار ئارقىلىق پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزسە... ئۆمەرشەيخ مىرزا بۇ بوي يەتكەن قىزىنىڭ نەدىكى بىر مېمار بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ، سۈرەت سىزدۇرغىنىنى ئۆز شەنىگە چوڭ ئىللەت دەپ بىلىشى ئېنىق. شاھنىڭ تىڭ-تىڭچىلىرى ئىشقا چۈشۈرۈلسە، موللاپەزلىددىن يوشۇرۇپ

① سەۋدەر — خاس خىزمەتكار.

يۇرگەن سۈرەتنى تېپىۋېلىپ، ئەھمەد تەنبەلنىڭ كېپىگە دەلىل قىلىش
قوللىرىدىن كېلىدۇ. ئەنە ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ قىزىغا ئىللەت
كەلتۈرگەن رەسسامنى مىڭبىر قىيناققا سېلىپ ئۆلتۈرۈشلىرى تۇرغان
گەپ...

مولاپەزلىددىن خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتىنى سىزىش بىلەن
قانچىلىك خەتەرلىك ئىشقا قول سالغانلىقىنى ئەمدى چىندىن ھېس
قىلغان. ئەگەر سۈرەت قولغا چۈشسە ئۇ قىزمۇ كۆڭۈل ئازىرىقىغا
قالىدۇ. دۇنيا بۇنىڭسىزمۇ تەشۋىش-تەھلىكە بىلەن توشقان...مولا
پەزلىددىن قۇتىدىكى مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى قوللىرى تىترىگەن
ھالدا جىلىددىن ئالغان. ئىغۋاگەر ئەبلەخلەرگە دەلىل قالدۇرماسلىق
ئۈچۈن بۇنى يوق قىلىش كېرەك! مولاپەزلىددىن ئوچاقتا
يېنىۋاتقان ئوتقا يېقىن بارغان.

رەڭلىك بوياقلار بىلەن ئىشلەنگەن مۆجىزىگە ئوخشاش سۈرەت-
تىكى گۈزەل قىز شۇ ئان ئۇنىڭغا تىرىك بىر ئادەم بولۇپ
كۆرۈنگەن. ئوت يالقۇنىدا قىزنىڭ كىرپىكلىرى، لەۋلىرى بىلىنەر-
بىلىنمەس مۇلايىم بىر ھەرىكەت قىلىۋاتقانغا ئوخشاپ كەتكەن.
قىزنىڭ ئەقىل ھەيران قالغۇدەك بىر جىلۋىسى بار ئىكەن. بۇ
جىلۋە مولاپەزلىددىننى ھەر قېتىمدىكىدەك يەنە سېھىرلەپ
ئالغان، بايىقى تەھلىكە خىيالدىن يىراقلىشىپ قەلبىدە يېڭىلىق
تۇيغۇلار ئويغانغان. "مەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالمىغاندى-
مەن؟ — دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئويلانغان مولاپەزلىددىن. —
قارا خەلق ئارىسىدىن چىققان مەندەك بىر سۈرەتكەشنىڭ شاھ قىزىغا
مۇھەببەت باغلىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ ياق! مەن پەقەت
ئۆزەم سىزغان سۈرەتكە — ئۆز ئىجادىمغا مۇھەببەت باغلىغانمەن،

خالاس! بېشىم ئامان بولسا، بۇنداق سۈرەتنى يەنە سىزىمەن!"

شۇ ئوي بىلەن سۈرەتنى ئوتقا تاشلىماقچى بولۇپ ئېگىلگەن. قىز تەسۋىرى ئوتقا يېقىنلاشقاندا يۈزى قىزىرىپ ئېسىلگەندەك، كۆزلىرى بولسا چاقناپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن. موللاپەزلىددىن تىرىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋاتقاندەك، سۆيگىنىنى ئوتقا تاشلاۋاتقاندەك سەسكىنىپ ئارقىغا چېكىنگەن. ئىچكى بىر ئاۋاز ئۇنى "قورقۇنچاق-سەن!" دېگەندەك قىلىپ جىملىغان. "دۈشمەنلىرىڭ ئۈستۈڭگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنى يوقمۇ! ئەھمەد تەنبەل تېخى ئاخسىدا. بىلىپ قويغىن. سەن بۇنداق گۈزەل سۈرەتنى ئىككىنچى قېتىم سىزالمايسەن! تەسۋىرىگە بۇنچىلىك تىرىك جازىبە بەخش ئېتەلگىنىڭ تەكرارلانماس بىر ئىلھامىنىڭ نەتىجىسى. باتۇر بولساڭ قۇتقۇزۇپ قال!"

موللاپەزلىددىن سۈرەتنى قوتىغا قايتۇرۇپ سالغان-دە، خىزمەتكار يىگىتنى چاقىرغان:

— يوك-تاقلارنى يىغىشتۇر! ھارۋىنى قوش! قوۋاغا ماڭىمىز!... تېز!... تېزرەك!...

مانا ھازىر ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى پاچپەسى بىلەن جىيەنىگە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، پولات ساندۇقتا خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتى بارلىقىنى ئۇلارغىمۇ ئېيتمىدى. بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماقچى ئەمەس ئىدى...

— ۋاي دەرىخ! — دەپ تاھىرنىڭ ئاتىسى ئېغىر ئۇھ تارتتى، — بىزنىڭ تايانغان تېغىمىز سىز ئىدىڭىز، موللاپەزلىددىن!... ئەمدى سىزمۇ قوغلانغان بولسىڭىز.

— نېمە چارە؟ ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىمىز قىل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ!

— پادىشاھقا ئەرزگە بارسىڭىز دەردىڭىزگە يەتمەسمىكىن، موللاتاغا؟

— بۇ توپىلاڭلار بىسلسا، بىر قېتىم بېرىپ ئەرز قىلىشىم ئېنىق. ئەگەر دەردىمگە يەتسە يەتتى، يەتمىسە، يەنە ھىراتقا قايتىپ كېتەرمەن! ئەلىشىر ناۋايى شېپائىيە دېگەن بىنا قۇردۇرماقچى، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئالەمدە بىز ئۈچۈن يانغان يېگانە ئۇمىد چىرىغى مۇشۇ سىيما بولۇپ قالدى.

— ھىراتنى ئارزۇ قىلماڭ، موللاپەزلىددىن، پەرغانىدىمۇ ھۈنىرىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەملەر بار. قۇۋانىڭ كۆۋرۈكى سىزنىڭ پىلانىڭىز بىلەن قۇرۇلغانىدى. خەلق ھازىرغىچە سىزگە دۇئا قىلىپ يۈرۈپتۇ.

— خەلق! قېنى ئەمدى بۇ كۆۋرۈكتىن پەقەت خەلق ئۆتسە! ئەتە-ئۆگۈن بۇ كۆۋرۈكتىن دۈشمەننىڭ قوشۇنلىرى ئۆتۈپ كېلىدۇ! خەلقنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالايىئاپەتنى ئويلىسام، بۇگۈنكى شىددەتلىك يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىپ مۇشۇ كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كەتمىگەنلىكىگە ئەپسۇس قىلىمەن! ئەگەر دۈشمەن بۇ تەرەپكە ئۆتەلمىسۇن دەپ مۇشۇ كۆۋرۈكنى ھازىر كۆيدۈرۈۋەتسە مەن جان-دىل بىلەن رازى بولاتتىم!

”راستتىنلا، — ئويلاندى تاھىر ئۆزىچە، — ياغاچ كۆۋرۈك ماي قۇيسا يانىدۇ. دۈشمەن پەقەت مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى مۇمكىن. كېچىكمۇ يوق، ھەممە تەرەپ پاتقاقلىق، قومۇشلۇق، ئەگەر كۆۋرۈك كۆيدۈرۈلسە دۈشمەن ئۆتەلمەيدۇ!“ تاھىر كۆتۈلمىگەن جايدىن نىجات يولىنى تاپقاندەك بولدى. تەسەۋۋۇرىدا گەۋدىلەنگەن يانغىننىڭ يالقۇنىدىن گويا ئۇنىڭ بەدىنى قىزىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رابىيىنى بالا ـ قازادىن ساقلايدىغان ئەڭ زور قالقان ئەنە ئاشۇ ئۇ بولۇشى مۇمكىن! تاھىر قالتىس ئۈمىدتىن كۆزلىرى يېنىپ ئاتىسىغا قارىدى. "ئېيتسامىمكىن؟ ياق! رازىلىق بەرمەس. يالغۇز ئوغۇلمەن. تاغام... نازۇك ئادەم، ئارىلاشمىغىنى تۈزۈك. تەۋەككۇلچى يىگىتلەردىن تېپىشىم كېرەك!"

تاھىر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىغا چىقتى.

ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىلىقىدىن بىردە ـ يېرىم يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۆيلەر چىراغسىز، كوچىلار جىمجىت. بەزى ـ بەزىدە كۈچۈكلەرنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىناتتى.

ئېتتار قىلىپ چىققان مەھمۇد تاھىرغا دەرۋازا ئالدىدا ئۇچرىدى. رابىيىنىڭ ئاكىسى بولغان بۇ كاسىپ يىگىت ئەنجان قورغىنىغا كېتىش ھەققىدە گەپ ئاچقاندى،

— ھە، بۇ نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بىكار بولدى! — دەپ تاھىر ئۇنىڭغا تاغىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. مەھمۇدنىمۇ بىردىنلا غەم بېسىپ:

— ئەمدى نەدىن نىجات ئىزدەيمىز، ئەي خۇدا! — دېدى.

— ئۆزەڭ ئۇچۇن ئۇل يېتىم، دېگەن گەپ بار، مەھمۇد... يۈر، دەرۋازىخانىغا كىرەيلى بىر سىر ئېيتىمەن ئاغزىڭدىن چىقارما! كۆۋرۈككە ئوت قويىمىز!...

— قانداق قىلىپ؟ — ھەيران قېلىپ سورىدى مەھمۇد.

تاھىر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى پىچىرلاپ چۈشەندۈردى:

— ماي سەپسەك، ياغاچ تېز ياندۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ساراڭ بوپسەن! كۆۋرۈكتە ساقچىلار بارغۇ؟

— ئۆزىمىزنىڭ بەگلىرى قويغان ساقچىلارمۇ؟ ھېلى دۈشمەن

يېقىن كەلسە، ھەممىسى قورغانغا قاچىدۇ. شۇ چاغدا بىز...
— ياق، ئالدىرىما! ئاخسىدىن بىزنىڭ پادىشاھىمىز قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقان ئىمىش، بۇ كۆۋرۈك تېخى ئۆزىمىزگە كېرەك!...
— پادىشاھنىڭ قورغىنىدىن چىقسا، بۇ چاققىچە چىقاتتى! ئەنە، مەرغىلانمۇ قولدىن كېتىپتۇ! پادىشاھتىن دېرەك يوق!...
— بىلمىدىم، قىشلاق ئاقساقىلى بازاردا ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى، "پادىشاھ ھەزرەتلىرى يولدا، ئەتە-ئۆگۈن بىزنى قوغداشقا يېتىپ كېلىشى ئېنىق!" دېدى.
— راستتىن يولغا چىقىپتۇمۇ؟
— ھە، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم! بۇلتۇر پادىشاھىمىز دۈشمەن بىلەن خوجەندىدىن يىراق خاۋاسقا بېرىپ ئۇرۇشقان ئىكەنغۇ؟ قۇۋا ئاخسىغا خاۋاستىن يېقىنراق ئەمەسمۇ؟
— يېقىنلىقى يېقىنغۇ!...كاشكى سېنىڭ ئېيتقىنىڭ راست چىقسىغۇ، مەھمۇد؟
— ھە، ئۇنداقتا، كۆۋرۈككە ساقچىلارنى بىكارغا قويغانمۇ؟... پادىشاھىمىز ئەتە-ئۆگۈن كېلىپ جېنىمىزغا ئارا بولىدۇ...مانا، كۆرەرسەن!...
شۇ تاپتا تاھىرنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۈمىد ئۇچقۇنلىغاندەك بولدى. ئۇ قاراڭغۇ ئاسماننىڭ يىراق بىر چېتىدە — سىر دەريادىن نېرىراق جايلاشقان ئاخسى تەرىپىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلدى.

## ئاخسى. ئەجەلگە داۋا يوق

### 1

ئېگىز دۆڭلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاخسى قەلئەسى تۈن قوينىدا قىيا تاشقا ئوخشاش قارىيىپ كۆرۈنىدۇ. قەلئە ئېتىكىدە كاسانساينىڭ سىر دەرياغا شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتقىنى، ئىككى دەريا دولقۇنىنىڭ بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ قىرغاققا شالاقلاپ ئۇرۇلۇۋاتقىنى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاخسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆمەرشەيخ مىرزا بۇ كېچە ھەرەمدە ئون سەككىز ياشلىق قارا كۆز بېگىمنىڭ خابگاھىدا① ئۇخلاپ يېتىپتۇ. شاھانە تۆشەكنىڭ يىپەك پەردىسى ئارقىسىدا بىرلا شام پىلىلداپ يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ زەئىپ نۇرى تاشقىرىدىن بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتقان تۈن قاراڭغۇسىدىن قورققاندەك تىترەيتتى.

سەھەر پەيتىدە قەلئەنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ مۇڭلۇق سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. كېيىن ئۇنىڭغا قوش ناغرا ئاۋازى قوشۇلدى. روزا تۇتۇش — شاھ ۋە مالايغىمۇ باراۋەر بولغان مەجبۇرىيەت بولغىنى ئۈچۈن سۇناي ۋە ناغرا ساراي ئەھلىنى زولۇققا ئويغاتماقتا ئىدى.

ياز كېچىلىرى قىسقا، ئۇيقۇغا تويماي زوغا قوپۇش ئانچە خۇش ياقمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ قارا كۆز بېگىم ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ يۇيۇندى، كىيىندى. لېكىن مامۇق تۆشەكتە كۈچلۈك قوللىرىنى يىپەك يوتقاندىن چىقىرىپ ئۇخلاۋاتقان ئۆمەرشەيخ مىرزا تېخى

---

① خابگاھ — ياتاق ئۆي.

ئويغانمىغانىدى.

خابگاھتىن ئىككى خانا نېرىدا ھەشمەتلىك ئۆزۈنچاق ئۆيدە ئاللىقاچان راسلاپ قويۇلغان داستىخان مىرزىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئىپتاردىن كېيىن بەرگەن ئەمرىگە مۇۋاپىق بۈگۈنكى زولۇق ھەر ئۈچىلا خوتۇنى ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. مىرزىنىڭ بىرىنچى خوتۇنى پاتىمە سۇلتان، ئىككىنچى خوتۇنى قۇتلۇق نىگارخانىم، ئۇن يەتتە ياشلىق قىزى خانزادە بېگىم ۋە ئون ياشلىق ئوغلى جاھانگىر مىرزا ھەممىسى مۇشۇ ئۇزۇنچاق ئۆيگە يىغىلغانىدى. لېكىن ھەزرەتنىڭ ئۆزى كەلمىگۈچە ھېچكىم ئېغىز تېگەلمەيتتى.

ئىچكىرىكى ئىشىكتىن قارا كۆز بېگىم چىقىپ كەلدى. خۇش پىچىم بۇ ياش جۇۋان تۆپىدە يېنىۋاتقان قەندەل يورۇقىدا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇ چوڭ بېگىملەرگە ئېگىلىپراق سالام بەردى-دە، ھەزرەتنى ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئېيتتى. قارا كۆز بېگىمنىڭ ياشلىقى، گۈزەللىكى، خۇسۇسەن ئېگىلىپ گەپ قىلىشى ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك خوتۇن ئىكەنلىكىنى ئېسىگە چۈشۈردى-دە، پاتىمە سۇلتاننىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھىلىكنى قوزغىدى.

— ھەزرىتىمنى مۇنچىۋالا قاتتىق ئۇخلىتىپسىز، ئەمدى ئويغىتىش نېمە ئۈچۈن قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ؟

قۇتلۇق نىگارخانىم بالىلار ئالدىدا قىلىنغان بۇ كىنايىدىن رەنجىگەندەك بولۇپ:

— قويۇڭ، خانىش ئانا. بۇ بېگىمدە ئەيىب يوق! — دېدى.

خانزادە بېگىم ئانىسىنىڭ يۈزىگە مەنىلىك كۆز تاشلاپ: "ئەيىب بىزنىڭ ئاتىمىزدىمۇ؟" دېمەكچى بولدى. پادشاھ ئاتىنىڭ قىزى

دېمەتلىك قارا كۆز بېگىمنىڭ خابگاھىدا قانلىق ئۇرۇش ھەممىنى بىسەرەمجان قىلىپ تۇرغان شۇنداق خەۋپلىك كېچىدە ئۇخلاپ يېتىشى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىمسىز تۇيۇلدى. ھازىر ئاتىسى كەلسە، خانزادە بېگىم ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالماسلىقىنى سەزدى-دە، ئانىسىدىن ئىلتىماس قىلدى.

— رۇخسەت بېرىڭ، مەن كېتەي...زولۇقنى باشقا قىزلار بىلەن يەي...

— ھەزرەت ئاتىڭىز سورىسا بىز نېمە دەيمىز؟ خاپا بولمىسۇن يەنە. سەۋر قىلىڭ قىزىم...مۇنچىلىك ئالدىرىماڭ...

تاشقىرى ئىشىكتىن تەزىم قىلىپ كىرگەن چاشنەگىر[1] ئايال ئاۋازىنى قورقۇنچ بىلەن پەسەيتىپ خەۋەر بەردى:

— ئاسماندا يۇلتۇزلار شالاڭلاشتى. ھە دېگىچىلا تاڭ يورۇيدۇ. ھەزرىتى ئالىي زولۇقسىز قېلىپ قالارمۇ؟

تاڭ ئېتىپ، ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن، روزا ئۆز كۈچىگە ئىگە، ھېچكىم ھېچ نەرسە يەپ-ئىچىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئۇزۇن ۋە ئىسسىق ياز كۈنىدە پادىشاھنى زولۇقسىز قالدۇرۇش بېگىملەر ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاچ-ناشتىسىز قېلىشلىرىدىن قورقۇنچلۇقراق ئىدى.

بارچە كۆزلەر ئىچكى ئىشىك ئالدىدا ئەيمىنىپ تۇرغان قارا كۆز بېگىمگە تىكىلدى. مىرزا ئۇنىڭ خابگاھىدا يېتىپتۇ، ئۇ يەرگە كىرىپ ھەزرەتنىڭ شىرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا باشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. چاشنەگىر ئايال قارا كۆز بېگىمگە ئىلتىجا قىلدى:

[1] چاشنەگىر — پادىشاھ داستىخىنىغا قارايدىغان خادىم.

— ئىلاھا، رۇستەمدەك ئوغۇل كۆرۈڭ، بېگىم!... پۈتۈن ئۈمىدىمىز سىزدە!

قارا كۆز بېگىم تەشۋىشلىك يۈز بىلەن ئاستا بۇرۇلدى-دە، ئىچكى ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ، خابگاھقا قايتىپ كىردى. ئۆمەرشەيخ مىرزا بېشى ياستۇققا پېتىپ، قاتتىق ئۇخلىماقتا ئىدى. قارا كۆز بېگىم ئالتۇن شامداننى پەردە ئارقىسىدىن ئېلىپ، نەقىشلىك تەكچىگە قويدى. شام يورۇقى مىرزىنىڭ يۈزىگە چۈشتى. ئەمما بۇمۇ ئۇنى ئويغۇتالمىدى — مىرزا كېچىسى مەجۇن يېگەنىدى.

قارا كۆز بېگىم ئۇنى چۆچۈتۈۋېتىشتىن قورقۇپ، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— ھەزرىتىم! — دەپ چاقىردى. بۇمۇ كار قىلمىدى. قارا كۆز بېگىم كىلەمگە تىزلىنىپ، ۋەھىمىدىن ئازراق تىترەۋاتقان نەپىس قوللىرىنى ھەزرەتنىڭ يۇمشاق چاپشاپ ئۈستىدە ياتقان سالماقلىق بىلىكىگە قويدى. تۆشەكتىن گۈل ھىدى كەلمەكتە ئىدى — تۈنۈگۈن ئاخشام چاپشاپلارغا گۈل ئەتىرى چېچىلغانىدى. قارا كۆز بېگىم مىرزىنىڭ ئويغانمايۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. لەۋلىرى يېرىم ئوچۇق، ئېقىش يۈزى خاتىرجەم، شۇ پېتىشىدا ئۇ قورقۇنچلۇق پادىشاھ ئەمەس، تېخى قىرىق ياشقا تولمىغان ۋە باھادىرانە ئويقۇغا چۆمگەن گۈزەل بىر يىگىت بولۇپ كۆرۈندى. بۇ يىگىت قارا كۆز بېگىمگە بىردىنلا ناھايىتى غەنىمەتتەك تۇيۇلدى. ھازىر يۇرت تىنچ ئەمەس. ئاخسىغا دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مىرزىنى ئەجەل كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئالدىن سەزگەندەك، قارا كۆز بېگىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ توساتتىن ئېگىلىپ، مىرزىنىڭ يۈزىدىن، كۆزلىرىدىن ۋىدالاشقاندەك سۆيۈشكە

باشلىدى.

ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ كىرپىكلىرى تىترىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان قارا كۆز بېگىمگە تاڭ قېلىپ بىرمەھەل تىكىلىپ تۇردى.

قارا كۆز بېگىمنىڭ چوڭ-چوڭ كۆزلىرى خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسىدىن يەنىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ئۇ ئۇيقۇدىكى مىرزىنى سۆيۈش بىئەدەبلىك ھېسابلىنىشىدىن تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. مىرزا:

— سىزمۇ؟ — دېدى-دە، نېمە بولغانلىقىنى پەملەپ كۈلۈمسىرىدى.

قارا كۆز بېگىم ئەمدى يەڭگىللەشتى ۋە دادىللىشىپ تەزىم قىلدى.

— ھەزرىتىم، زو ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

— سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز زولۇقتىنمۇ شېرىنرەك...

بېگىم جىددىي گەپ قىلدى:

— خانىش ئانا، خانىم ئانا، ھەممىسى ھەزرىتىمگە قاراپ تۇرۇشىدۇ.

ئۆمەرشەيخ مىرزا بۈگۈنكى پىلانلىرى ۋە ئورۇش تەشۋىشلىرىنى ئەسلەپ قاپىقىنى سىلىپ ئۈنچىقماستىن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ زەر كۆرپىلەر سېلىنغان ئۇزۇنچاق ئۆيگە تۆردىكى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. سەللىسى ۋە كەمىرىگە قادالغان قىممەت باھا گۆھەرلەر شام يورۇقىدا نەپىس جىلۋىلىنەتتى. ئادەتتىكى تەزىملەر-دىن كېيىن، ئاياللار دەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىرمەھەل جىم بولۇشتى. پادىشاھ كىمنى قايسى يېنىغا تەكلىپ قىلسا، كىمنىڭ

هۆرمىتى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىغا ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان شۇ ئېغىر ۋەزىيەتتە ئۆمەرشەيخ مىرزا ھەممە خوتۇنلىرىغا بار ئىلاج بىلەن ئىلتىپات كۆرسەتمەكچى بولدى. خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ چوڭراقى، ئەڭ ئابروييپەرىسى پاتىمە سۇلتان بولغانلىقى ئۈچۈن مىرزا بىرىنچى بولۇپ ئۇنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى. پاتىمە سۇلتاننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولۇپ كېتىۋاتقانىدى، ئەمما ئۆمەرشەيخ مىرزا ئۇنىڭغا سول تەرەپتىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئەڭ مۆتىۋەر ھېسابلانغان ئوڭ تەرەپكە بولسا، قۇتلۇق نىگارخانىمنى تەكلىپ قىلدى. خانىم تەخت ۋارىسى زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئانىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرۇشى ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنى كىچىك خوتۇنلىرى تەن ئالاتتى. ئەمما پاتىمە سۇلتان ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى قۇتلۇق نىگارخانىمدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ، كۆزلىرى ئەلەم بىلەن قىسىلدى.

داستىخانغا تارتىلىۋاتقان كېيىك كاۋىپى، كەكلىك گۆشلىرى ھەزرەتتىن كېيىن قۇتلۇق نىگارخانىمغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاتىمە سۇلتانغا نۆۋەت كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئېغىزدا ئېرىيدىغان ئەڭ ئەلا گۆشلەرمۇ پاتىمە سۇلتانغا يىلىمان تاماقتەك مەززىسىز تۇيۇلاتتى.

ئاخشام ئىپتاردا يېيىلگەن تاماقلار تېخى ھەزىم بولۇپ كەتمىگەنىدى. داستىخان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۈن بويى ئاچ يۈرۈشنى ئويلاپ، ئۆزىنى مەجبۇرلاپ بولسىمۇ كۆپرەك تاماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلار سىكانىرلانغان مەزمۇنلار www.uyghurkitap.com

يېپىشكە ئىنتىلىشەتتى. قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قارا كۆز بېگىم تاماقتىن كۆرە كۆپرەك تەرخەمەك، چىلگە يەپ، شەرۋەت ئىچەتتى، تونۇگۇن كۈن ئىسسىقىدا تەشنالىقتىن تاھايىتى قىينالغانلىقى ئېسىدىن چىقمايتتى.

ئاسمان ئاقىرىپ قالدى. تاڭ يورۇغانسېرى قەندەلدىكى شاملارنىڭ نۇرى خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئەزان ئېيتىدىغان مەزگىل يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئوردىدىن تاشقىرىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى چاقچۇقلۇق مۇنارىغا چىقىپ، باكاۋۇلنىڭ① ئىشارىتىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. چۈنكى مىرزا ھەزرەتلىرى زولۇق قىلىپ بولماستىن ئەزان ئېيتىش خەتەردىن خالىي ئەمەس ئىدى.

تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىلىۋاتقاندا ئۆمەرشەيخ مىرزا خوتۇنلىرىغا ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇ چاغدا مەسچىت تەرىپىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. چاي ئىچىۋاتقان خانزادە بېگىم ئالدىراپ چىنىسىنى داستىخانغا قويدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا خوتۇنلىرىغا بىر-بىردىن قاراپ دېدى:

— مويسىپىتلەر «تۆت ئەزايىڭ پۈتۈن بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. پاتىمە سۇلتان، قۇتلۇق نىگارخانىم، قارا كۆز بېگىم، پەرزەنتلىرىمىز خانزادە بېگىم، جاھانگىر مىرزا — ھەرقايسىڭلار ئائىلىمىزنىڭ ئەزىز بىر ئەزاسى. بۇ مۈشكۈل ۋەزىيەتتە ھەممە ئەزالىرىمىزنىڭ پۈتۈن بولۇشىنى، بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قول ئۆز ئورنىدا ئەزىز، كۆز ئۆز ئورنىدا مۆتىۋەر. ئەگەر كۆز بىلەن قول بىر-بىرى بىلەن ئىزا-

---

① باكاۋۇل — پادىشاھ ئاشخانىسىنىڭ جاۋابكار خادىمى.

لاشسا، بۇنىڭدىن ھەر ئىككىسى جاپا چېكىدۇ.

ئاخىرقى گەپ پاتىمە سۇلتان بىلەن قۇتلۇق نىگارخانىمغا قارىتىلغىنىنى ھەممىسى سەزدى. خانىمنىڭ خىيالى شۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتە ئاتا-ئانىسىدىن يىراقتا — ئەنجاندا تۇرۇۋاتقان يالغۇز ئوغلى بابۇردا ئىدى، ھەزرەت ئۇنى نېمىشقا پەرزەنتلىرىنىڭ قاتارىدا تىلغا ئالمىدى؟

— ھەزرىتىم، بەرگەن نەسىھىتىڭىزنى بىباھا گۆھەر ئورنىدا قوبۇل قىلىمىز، — دېدى نىگارخانىم، — ئىجازەت بەرسىڭىز، بىرلا ئۆتۈنۈشۈم بار.

— ئىجازەت.

— ئۇرۇش خەتىرى كۈچلۈك ئىكەن، بابۇر مىرزىنى ئەنجاندىن پايتەختكە چاقىرتسىڭىز، يېنىمىزدا بولسا...

— ئەنجان قەلئەسى مۇستەھكەم. بابۇر مىرزا ئۇ يەردە بولسا قەلئە تېخىمۇ مۇستەھكەم بولىدۇ. بىزنىڭ مىرزىغا ئىشەنچىمىز چوڭ.

بۇ جاۋاب بىلەن خانىمنىڭ ئىلتىماسى رەت قىلىندى. پاتىمە سۇلتان يېنىدا ئويقۇسىراپ ئولتۇرغان ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى ئاستا باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتلۇق نىگارخانىمدىن كۆرە ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ياخشىراق ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلماقچى ئىدى.

— بابۇر مىرزىنىڭ ئانىسى سىزدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار، ھەزرىتىم، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — پەقەت تېخى ئون ئىككى ياشقا توشمىغان بالا... ئۇرۇش مەيدانىدا...

— خانىم، ئارتۇقچە ئەنسىرەشكە ئورۇن يوق. بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا ئەڭ ياخشى بەگلىرىمىز ئەۋەتىلگەن. ياش بولسىمۇ سەركەردە-

لىككە تەييارلىنىشى زۆرۈر. ئەگەر مېنىڭ كۆڭلۈم تولۇكسە، تۇرنۇمنى بابىر مىرزا ئالسۇن.

ئەمدى ئۇتتۇز توققۇز ياشقا كىرگەن ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان يىگىتلىك يېشىنى ياشاۋاتقان مىرزىنىڭ ئۆز ئۆلۈمى ھەققىدىكى سۆزلىرىدىن ھەرەم ئەھلى ئېغىر جىملىققا چۆكتى. ھەممىسىنىڭ خىيالى قانلىق ئۇرۇشقا كەتتى. خانزادە بېگىم ئاتىسى ھەققىدىكى بايىقى كۆڭۈلسىز ئويلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا گېپىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ ئاشۇرغۇسى كېلىپ داۋاملاشتۇردى:

— ئەگەر مەن بۇ پانىي دۇنيادىن كۆز يۇمسام، ھەممىڭلار بابىر مىرزىنىڭ ئەمرىنى ھازىرقى مېنىڭ ئەمرىمدەك بەجا كەلتۈرۈڭلار. جاھانگىر مىرزا!

پادىشاھ ئاتىسى بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئۆگىنىلگەن ئون ياشلىق بالا دەرھال سەگەكلىشىپ، قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— لەببەي، ھەزرىتىم!...

— مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى سەنمۇ ئېسىڭدە تۇتقىن. بابىر مىرزا سەندىن پەقەت ئىككى ياش چوڭ بولسىمۇ ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا قالسا، سەن ئۇنىڭغا پەرزەنتتەك سادىق بولغىن.

— خوپ، ھەزرىتىم!

بالا ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمىگىنى ئۈچۈن تېز ۋە ئاسان «خوپ» دېدى. ئەمما ئاياللار مۆرەككەپ ھېسلارنىڭ ئالاقىچىلىقىدا قېلىشتى. قارا كۆز بېگىمنىڭ ئۆمەرشەيخ مىرزىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش ئالامىتى كۆرۈندى. مىرزا بۇنى كۆردى-دە، سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ بايىقى سۆيۈشلىرى

ئىسگە چۈشتى ۋە ئۇ ۋىدالىشىش ئالامىتىگە ئوخشاش تۇيۇلدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنىڭمۇ ۋەسىيەتكە ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى سەزدى. يۈزىگە بىردىن ئەجەل شەپىسى تەگكەندەك، يۈرىكى "جىغ" قىلدى. "ماڭا نېمە بولدى؟ ئۆلۈمنى بويىنۇمغا ئېلىپ ۋەسىيەت قىلدىممۇ؟ ياق، ياق!"

مىرزىنىڭ ئۆز گەپلىرىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان خانزادە بېگىم بۈگۈن ئاتىسىنىڭ قانداقتۇر ياردەمگە موھتاج بىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا توساتتىن رەھمى كەلدى.

— ھەزرىتىم، مەن مەڭگۈلۈك قىزىڭىز، سىزگە خۇدادىن شەيخ سەئىدىنىڭ ئۆمرىنى تىلەيمەن! ئىلاھىم يۈزگە كىرىڭ!

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن قىزىم! — دەپ ئۆمەرشەيخ مىرزا يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇ قىزىنىڭ زېرەكلىكىنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بويىغا يېتىپ، ھۆسنى يېتىلىپ، كۆزگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ قالغانلىقىنى گويا ئەمدى سەزدى ۋە شۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى: "مەن ھامان سېنىڭ تويۇڭنى ئۆتكۈزمەكچىمەن!".

خانزادە بېگىمنى سەمەرقەند پادىشاھىنىڭ ئوغلى بايسۇنقۇر مىرزىغا سوراتقانىدى. لېكىن ئۆمەرشەيخ مىرزا بۇنىڭغا رازى بولمىغانىدى. مانا ئەمدى ئەگەر ناھايىتى قىستاپ كەلسە، بەلكى ئۇ قىزىنى پادىشاھ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ، شۇ يول بىلەن ئۆرۈشنى يارىشىقا ئايلاندۇرار؟ لېكىن بۇنداق ئىستىقبال خانزادە بېگىمگە قارانغۇ كېچىدەك خىرە ۋە ۋەھىملىك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ باشقا ئارزۇلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئاخىرقى نىيىتىدىن قورقۇپ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— ئەگەر ئىنىمىز بابىر مىرزىنى چاقىرتىش ئىمكانىسىز بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن بىلەن ئانامغا رۇخسەت بېرىڭ، بىز ئەنجانغا بارايلى!

— قىزىم، سەن مېنىڭ ئەڭ بىباھا گۆھەرلىرىمدىنسەن. بۇ خەتەرلىك پەيتتە سېنى قانتىم ئاستىدىن چىقارغۇم يوق!

— ئۇنداق بولسا ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ھەزرىتىم! — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم.

— خانىم، مەرغىلاندىن چاپارمەن كۈتۈۋاتىمىز. ۋەزىيەت ئېنىقلانسا رۇخسەت ئالىسىز.

ئۆمەرشەيخ مىرزا داستىخانغا پاتىھە ئوقۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئالدىراش تەدبىرلەر ئويلاپ، ھەرەمدىن چىقتى.

ھەرەمگە كىرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم مۇھاپىزەتچىلەر كېچىچە تاشقىرىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلغانىدى. ئەمدى ھەزرىتى ئالىيىنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقتا ۋە خىيالىنى بۆلمەسلىككە تىرىشىپ، ئاستا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

## 2

تاڭ ئەمدى ئاتقان، تېخى قۇياش چىقمىغان بولسىمۇ كۆپچىلىك بەگلەر ۋە مۇلازىملار دىۋانخانىدا① ھازىر ئىدى. ھەممىسى مىرزىنى تەزىم بىلەن قارشى ئېلىشتى. زەرباپ تون كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان قويۇق ساقاللىق ئېشىك ئاغا بىرىنچى ۋەزىر دەرىجىسىدىكى ئەڭ چوڭ بەگ ئىدى. مىرزا ئۇنىڭغا قاراپ قەيەردىن چاپارمەن بارلىقىنى سورىدى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئىسپەرەدىن.

ئېشىك ئاغا ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلغانىدى، ئۇنىڭ يۈزى

---

① دىۋانخانا — باش ۋەزىر ئىشخانىسى.

سولغۇن كۆرۈندى.

— قانداق خەۋەر، بەگ؟

— ھەزرىتىم، قولىڭىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭ...

دېمەك، ئىسپەرەمۇ دۈشمەن قولىدا! مىرزا ئىچىدىن تىترىگەن ھالدا مەرغىلان چاپارمىنىنى سورىدى.

— ھەزرىتىم، مەرغىلان چاپارمەنلىرىگە ئىنتىزارمىز.

مەرغىلانمۇ تەسلىم بولغاندىمۇ؟ ئۇنداقتا ئەنجانمۇ خەۋپ ئاستىدا قالدۇ! ياكى چاپارمەنلەر دۈشمەن قولىغا چۈشتىمىكىن؟ بەلكى بىرەرسى خىيانەت قىلىپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندۇ؟

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، يەنە چاپارمەن ئەۋەتىشكە پەرمان بېرەمدىلا؟

— چاپارمەن ئەۋەتىپ يەنە نەچچە كۈن يولىغا قارايلى؟!

ئىشىك ئاغا ئۆزرە سورىغاندەك تەزىم قىلىپ، ئارقىسىغا چېكىندى.

ئاخسى قەلئەسىنىڭ قامالدا قېلىشى مىرزىغا ئەمدى مۇقەررەردەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىشىك ئاغاغا ئالتە ئايلىق زاپاس تەييارلىتىشنى بۇيرۇدى. قەلئە ئېگىز دۆڭلۈكتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ چىقمايتتى، سۇنى سۇ ساتىدىغانلار ئەكىلىپ بېرەتتى. مىرزا ئوتتۇز ياشلىق، قامەتلىك قاسىمبەگكە قەلئە ئىچىگە يېڭى بىر تاش كۆلچەك ياسىتىش ۋە ئۇنى سۇ بىلەن تولدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

مىرزىنىڭ كەيپىنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ تۇرغان بەگلەر دەرھال ئۇنىڭ پەرمانىنى بېجىرىشكە كىرىشتى. مىرزىنىڭ ئۆزى بولسا ئاتلىنىپ ئوردىدىن چىقتى. مۇلازىملار ۋە قورچىلارمۇ① ئاتلىنىپ،

---

① قورچىلار — مۇھاپىزەتچىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ كەينىدىن مىڭىشتى.
ئۆمەرشەيخ مىرزا قەلئەنىڭ بىر چېتىدە دەريانىڭ ئېگىز قىرغىقى ئۈستىدە، يار لېۋىدە تۇرغان كەپتەرخانىغا قاراپ يول ئالدى. ئاتلىق چاپارمەنلەردىن دېرەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىرزا ئەمدى قاناتلىق چاپارمەنلەرنى ئىشقا سالماقچى بولدى.
كەپتەرلەرنىڭ دان ۋە سۇلىرىغا قارايدىغان كەپتەر باققۇچىلار پادىشاھنى يېقىن كېلىپ قالغاندا كۆرۈشتى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ تەزىمگە چىقتى. مىرزا ئېتىنى توختاتتى. كەينىدىكى مۇلازىملاردىن ئىككىسى — ئۈزەڭگىچى بىلەن تىزگىنچى تېز ئاتتىن چۈشۈشتى. بىرسى مىرزا مىنگەن قاراقاشقا ئاتنىڭ ئالتۇن يۈگىنىدىن، ئىككىنچىسى كۈمۈش ئۈزەڭگىسىدىن تۇتتى. مىرزا قورساق سالغان سېمىز ئادەم ئىدى، ئاتتىن ئېھتىيات بىلەن ئاستا چۈشتى.
مەرغىلان ۋە قوقانغا ئۇچىدىغان مەخسۇس كەپتەرلەر ئېلىپ كېلىندى. نەيچە قىلىنغان قىسقا خەتلەر ئۇلارنىڭ قانىتى ئاستىغا بېكىتىلدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا كەپتەرلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھاۋارەڭ چىن كەپتەرنى قولىغا ئېلىپ ياغاچ شوتا بىلەن كەپتەرخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى.
ئۆگزىدىن ئەتراپ ناھايىتى ياخشى كۆرۈنەتتى. يىراقتىكى تاغ كەينىدىن قۇياش ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە، پەستە شارقىراۋاتقان دەريا دولقۇنلىرى نەپىس جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، غۇر-غۇر چىققان ئەتىگەنلىك شامال يىپەكتەك مەيىن تۇيۇلاتتى. ئۆمەرشەيخ مىرزا ئۆگزىدە تۇرۇپ، ئۆزى مۇستەھكەملەتكەن ۋە پايتەختكە ئايلاندۇرغان ئاخسىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى. قورغاننىڭ قول يەتمەس ئېگىزلىككە قۇرۇلغىنىدىن ۋە ئەتراپ چوڭقۇر ئۆڭكۈرلەر بىلەن ئېھاتە قىلىنغانلىقىدىن

ئالاھىدە بىر مەمنۇنىيەت سەزدى. "تېخى بۇ يارلارغا قانچە-قادچىلىغان دۈشمەنلىرىم غۇلايدۇ" دېگەن ئوي كۆڭلىنى شاد قىلدى.

بىراق بۇ ھەيۋەتلىك ئۆڭكۈرلەر ئاياغ ئاستىدىكى زېمىننى ئىچىدىن ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنلىكىنى، كەپتەرخانا كەينىدىكى يارنىڭ ئاستىنى سۇ ئويۇپ كەتكەنلىكىنى، يەر گۈمۈرۈلگۈدەك بولۇپ تۇرغىنىنى مىرزىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇلازىملارمۇ زادى سەزمەيتتى. توپىرىقى تۆكۈلۈپ، ئۆرۈلۈشكە باھانە تاپالماي تۇرغان يارنىڭ ئىچكىرىسىدە خەتەرلىك بىر شەپە بارلىقىنى ھازىر پەقەت كەپتەرلەر سېزىۋاتقان بولسا ئېھتىمال. چىرايلىق تورلار ۋە ئازادە كەتەكلەر ئىچىدە ئولتۇرغان بۇ جانىۋارلار بۈگۈن كېچىسى نېمىشقىدۇ ناھايىتى بىئارام بولۇپ، پىتىر-پىتىر قىلىپ چىقىشتى، ھازىرمۇ ئۇلار دان-سۇغا قارىماي، پۈتۈنلەي تاشقىرىغا ئىنتىلىشەتتى. كەتەكنىڭ چىۋىقلىرىنى تېرىكىپ چوقۇشاتتى. كەپتەر باققۇچىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي ھەيراندى.

پەقەت ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ قولىدىكى چىن كەپتىرى كەتەكتىكى خەتەردىن قۇتۇلغاندەك خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ھازىر پۈتۈن ئالەم ئۆمەرشەيخ مىرزىغا مانا شۇ كەپتەردەك پاك ۋە خاتىرجەم تۇيۇلدى. ئۇ ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، كەپتەرنىڭ يۇمشاق قانىتىنى يۈزىگە باستى. ئۇنى ئۇچۇرۇشتىن بۇرۇن:

— مەرغىلانغا ئۇچ، قاناتلىق چاپارمىنىم! — دەپ پىچىرلىدى.

تەكتىدىن يالىنىپ تۇرغان يار شۇ ئەسنادا بىردىنلا گۈمۈرۈلدى. كەپتەرلەر قوندىغان پەغەز "غاچ" قىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئادەملەر نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈرمەستىنلا كەپتەرخانىنىڭ نېرىقى تېمى يار بىلەن بىللە ئۆڭكۈرگە غۇلاپ، ئۆگزىنىمۇ

سۆرەپ كەتتى. ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۆمەرشەيخ مىرزا چاڭ-توزان ئىچىدە قاتتىق سىر چايقالدى-دە، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئۇنىڭ جان ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىغىنى ۋەھىمىلىك قاراسلاش ۋە گۈرسىلدەشلەرگە قوشۇلۇپ ئاڭلاندى. ئۇ يىقىلىپ كېتىۋاتقاندا قولىدىكى كەپتەرنى قويۇۋەتكەنىدى. چىن كەپتىرى چاڭ-توزان ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ ئېتىلدى. مىرزىنىڭ ئۆزى بولسا ئۆگزىنىڭ ياغاچلىرىغا، سامانلىق سۇۋاقلىرىغا، يار توپراقلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۈچ تېرەك بويى پەسكە غۇلاپ چۈشتى.

مىرزىنىڭ كەينىدىن ئۆگزىگە ئەمدى چىققان كەپتەر باققۇچى شوتىدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. مۇلازىملار ۋە قورچىلار كۆتۈلمىگەن پالاكەتتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ كەينىگە قاچتى. ئاتلار ئۈركۈپ، نوختىلىرىنى ئۈزگۈدەك يۇلقۇناتتى ۋە كىشنەيتتى.

ھەزرەت ئالىينى خەۋپ-خەتەردىن ساقلايمىز، دەپ يۈرگەن قورچىلار ئاۋۋال نېمە بولغىنىنى پەملىيەلمەي ئېسەنكىرەپ قېلىشتى. كېيىن ئۇلار يارنىڭ گۈمۈرۈلگەنلىكىنى پەملىدى، لېكىن مىرزىنىڭ ئالدىغا تېز يېتىپ بارالمىدى. چۈنكى باش قايغۇدەك ئېگىزلىكتىن پەسكە چۈشكىلى بولمايتتى، گۈمۈرۈلۈپ تۇرغان يارنىڭ لېۋىگە ئادەم بارسا يەنە گۈمۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. قورچىلار ۋە مۇلازىملار قەلئەدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ، مىرزا غۇلاپ كەتكەن يار ئېتىكىگە يېتىپ بارغۇچە، ئاندىن دۈۋىلىنىپ ياتقان تۇپراق، كېسەك ۋە ياغاچلار ئارىسىدىن ئۇنى تېپىپ، قېزىۋالغۇچە ئۇنىڭ ئون جېنىدىن بىر جېنىمۇ قالمىغانىدى.

ئۇنىڭ جەسىدىنى ئوردىغا ئەكىرىپ يۇدى. مىجىقلىنىپ، تونۇغىلى بولمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن يۈزىنى ئاق شايى بىلەن يېپىپ قويىدى.

بۇگۈن ئەتىگەندە ئۆمەرشەيخ مىرزا زولۇق يېگەن ئۈزۈنچاق ئۆيدە قاراكۆز بېگىم قۇتلۇق نىگارخانىمنى قۇچاقلاپ ئۇن سېلىپ يىغلايتتى.

— مەن سەۋەبچى بولدۇم، خانىم ئانا! ھەزرىتىمنى مەن نېمىشقا ئويغاتتىم؟! ئويغاتمىسام ئاشۇ جايىغا كەچرەك باراتتىغۇ! مەن يۈزى قارا سەۋەبچى بولدۇم بۇ ئۆلۈمگە! مەن!

بۇگۈن زولۇق پەيتىدە مىرزا خۇددى ئۆلۈشىنى بىلگەندەك ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ئەسلەپ، قۇتلۇق نىگارخانىممۇ ئۆزىنى يىغىدىن تۇتالمايتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، رەھمەتلىك كۈنى توشقانلىقىنى نەدىن بىلگەن ئىكىن-ھە؟! شۇنداق گەپلەرنى ئېيتتى...

قاراكۆز بېگىم خانىمنىڭ قوچۇقىدىن چىقىپ، كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن پېشانىسىگە ئۇردى.

— مەن تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىمنى ئاتىسىدىن جۇدا قىلدىم، خانىم ئانا! — دەپ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى، — بويۇمدا بارلىقىنى مۇشۇ كېچە بىلگەنىدى! "ئوغۇل بولسۇن!" دەپ ئارزۇ قىلغانىدى! ئەمدى بۇ بالىغا ئاتىسىنى نەدىن تاپىمىز؟! نەدىن تاپىمىز؟! مەن ھەزرىتىمنى نېمە ئۈچۈن ئويغاتتىم، خانىم ئانا؟ ئۇ كىشىگە كەلگەن ئەجەل مېنى ئالسا بولماسمىدى؟ ئاشۇ ياردىن مەن غۇلسام بولماسمىدى؟

— ئۇنداق دېمەڭ، جېنىم! بىزمۇ ئەمدى يار لېۋىدە قالدۇق! پۈتۈن ئەتراپىمىز تەھلىكىلىك يار!

قۇتلۇق نىگارخانىم ئېرىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمىدە قانداقتۇر سىرلىق بىر مەنە بارلىقىنى ھازىر تىلىغا كەلگەن شۇ سۆزلەردىن

سەزدى. ئۆمەرشەيخ مىرزىدەك جەڭگىۋار ئادەم قانلىق ئۇرۇشلاردا قىلىچ چېپىپ يۈرگەندە ئۆلمەستىن ئەمدى ياردىن غۇلاپ ئۆلگىنى تاسادىپىيمىكىن؟ مىرزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بەرپا قىلىپ كەتكەن دۆلەت مانا شۇنداق ئېگىز يارلار لېۋىگە قۇرۇلغان بىنالارغا ئوخشىماسمىكىن؟ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشلاردا يىمىرىلىۋاتقان زور دۆلەت قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يارغا غۇلاپ چۈشۈۋاتقان ئاشۇ بىنالارغا ئوخشاش كۆرۈنىدى-دە، ۋۇجۇدىنى شۇركۈندۈرۈۋەتتى. ئاخىر، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى، ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتى بابىرمۇ مانا شۇ بىنالارنىڭ بىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتامدۇ؟ ئاتىسىنى ئېلىپ كەتكەن گۈمۈرۈلۈشلەر بابىرنىڭ بېشىغىمۇ چۈشۈپ قالارمۇ؟!

ياق، ياق! خۇدايىم ئۇنى پاناھىدا ساقلىسۇن! مەن باراي، بېگىم، ئەنجانغا چاپارمەن ئەۋەتەي! بابىر مىرزىنى بۇ پالاكەتلەردىن خەۋەردار قىلاي!

قۇتلۇق نىگارخانىم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆز خانىسىغا چىقتى ۋە ئەڭ ئىشەنگەن ئەمىرلىرىدىن قاسىمبەگنى چاقىرتتى. ئۇنى تېپىپ كەلگۈچە ئەنجان چاربېغىدا بابىر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئانىسى ئېسەن دۆلەت بېگىم نامىغا مەكتۇپ يازدى.

پاتىمە سۇلتان بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەنجانغا يوشۇرۇن ماڭغان ئەھمەد تەنبەل بۇ ئارىلىقتا سىر دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بەندىسالار يولى بىلەن خېلى يەرگە بېرىپ قالغانىدى. كۆزگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن بىرلا نەۋكەر ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەھمەد تەنبەل تۈنۈگۈن ئەنجاندىن ئاتمىش نەۋكەر بىلەن كەلگەنىدى. بۈگۈن پاتىمە سۇلتان ئۇنىڭغا چوڭ ۋەدىلەرنى بەردى. ئەگەر

ئەھمەد تەنبەل ئەنجاندىكى سادىق بەگلەرنىڭ بېشىنى بىرلەشتۈرۈپ، بابىرنى نېرى قىلىپ، تەختكە جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزسا، ئۇتۇق ئۇنىڭكى، ئەھمەد تەنبەل ئۆمەرشەيخ مىرزا سارىيىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر قاتارىدا شۇنچە يىل كۆڭلى سۇنۇپ يۈردى. ئەمدى بەس! جاھانگىر مىرزا پادىشاھ بولسا، ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋەزىرىگە ئايلىنىدۇ. نارەسىدە پادىشاھقا ۋەزىر بولۇش بولسا پادىشاھ بولۇش بىلەن باراۋەر! ئەنە شۇ چاغدا نەلەردىكى رەسسامدىن خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتىنى سوراپ يۈرمەيدۇ. ئۇ خانزادە بېگىمنىڭ ئۆزىنى ئالىدۇ! مانا شۇ ئارزۇ بىلەن ئەنجانغا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەھمەد تەنبەل كەينىگە ئوغرىلىقچە ئۆرۈلۈپ قاراپ قويىدى.

بەندىسالار يولىدا باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ، ئەھمەد تەنبەل كۆزگە كۆرۈنمەي كەتكەندىن كېيىن ئاخسىدىن قاسىمبەگ قاۋچىن تۆت نەۋكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئۇمۇ تېزرەك ئەنجانغا يېتىپ بېرىشقا ئىنتىلەتتى. بابىر مىرزا تەرەپدارلىرىنى يىغىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئىشتىياقى بىلەن كۆيەتتى.

## ئەنجان. گۈل ۋە قويۇن

### 1

چاپارمەنلەر تېخى يولدا، ئۇرۇش توپىلىڭى ئەنجانغا يېتىپ كەلگىنى يوق. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى كۆركەم چارباغ ئېگىز تام بىلەن ئورالغان، دەرۋازىلارغا ساقچىلار قويۇلغان. چارباغ ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

ئۇن ئىككى ياشلىق بابىر مىرزا چەۋەندازلىق مەشقىنى ئۆتكۈزمەكتە. ئۇ چارباغ چېتىدىكى ئۇچۇقچىلىقتىن بوز ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقتى-دە، بىردىنلا تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئوقياغا چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئورناتتى ۋە چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدىن ئاماچقا ئاتتى. ياننىڭ ئوقى ئاماچ ياغىچىغا "تاق" قىلىپ ئۇرۇلغىنى ئېنىق ئاڭلاندى.

بىر توپ ئاتلىقلار مەشقنى چىنار سايىسىدە تۇرۇپ كۆزىتىشىۋاتاتتى. قارا ئاتلىق مەزىدبەگ ئاماچقا بىرىنچى بولۇپ يېقىنلاشتى. ئۇ بابىرنىڭ بەگ ئەتكەسى① ئىدى. بابىر ئېتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، مەزىدبەگ ئۇنىڭغا:

— مۆلچەرنى سەل ئېگىزرەك ئاپسىز، — دېدى، — ئەمما زەربىڭىز ناھايىتى ياخشى.

مەزىدبەگ سېپىغا سەدەپ قادالغان يا ئوقنى ئاماچتىن ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋالدى-دە، قانچىلىك چوڭقۇر كىرگەنلىكىنى بارمىقى بىلەن ئۆلچەپ كۆردى:

— بىلىكىڭىزدە كۈچ كۆپ، ئەمىرزادەم! شىرپەنجىسىز②. پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ سىزنى بابىر دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بابىر ئەرەبچە شىر دېمەكتۇر!

بابىر مىرزىنىڭ نەۋكەرلىرى، ياراغبەردار③، تەگتۈش-كۆكەلداش مۇلازىملىرىمۇ ئاماچ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇلار بابىرنىڭ تېخى ياش

---

① بەگ ئەتكە — ياش مىرزىلارنى قوغداش ئۈچۈن پادىشاھ تەيىنلىگەن مەسئۇل بەگ.

② شىرپەنجە — قولىدا شىردەك كۈچى بار. — تەرجىماندىن.

③ ياراغبەردار — ياراغ باشقۇرغۇچى. — تەرجىماندىن.

ئۆسمۈر ئىكەنلىكىنى، قولىدىكى يانىڭ بوي-بەستىگە ماس قىلىپ كىچىكلىتىپ ئىشلەنگىنىنى بىلەتتى. شۇنى ئويلاپ، بابىر ماختاشلارنى ئۆزىگە ئالغۇسى كەلمىدى.

— شىرپەنجە دەپ ئاتامنى ئېيتىڭلار. مەن كۆرگەنىدىم، زەربىسى بۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئارتۇق. مۇشت ئۇرسا، ئەڭ زور يىگىتنىمۇ يىقىتىدۇ.

— كەمىنەمۇ ئېيتماقچى ئىدىمكى، ئەمىرزادەمنىڭ شىرپەنجىلىكى پادىشاھ ئاتىڭىزغا تارتقانلىقىنىڭ نىشانىسىدۇر!

مەزىدبەگ گەپنى ماھىرلىق بىلەن بۇرىغانلىقىنى سېزىپ، بابىر كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يۇمشاق سارغۇچ تۈكلۈك پېشانىسىدە يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە تەر تامچىلىرى يالتىرىدى.

— كۈن ئىسسىدى، ئەمىرزادەم، ياز روزىسى ماغدۇرنى كەتكۈزىدۇ. ئېپتارغىچە ھالسىزلىنىپ قالماڭ، ئەمدى بېرىپ، سالقىندا مۇتالىئە قىلىڭ. كەمىنە ئەنجان قورغىنىنى مۇداپىئەگە تەييارلاش بىلەن بەند بولىمەن.

بابىر مۇلازىملىرى بىلەن مەشىق مەيدانىدىن چىقىۋاتقىنىدا كۆڭلىدە يېڭى بىر ئىستەك ئويغىنىپ كۆزلىرى شوخ پارقىرىدى. ئۇ ئېتىنى توختىتىپ كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە جىرەن قاشقا ئات مىنگەن نەۋكەرنى يېنىغا چاقىردى. نەۋكەر ياندىشقاندا، قولىنى سوزۇپ، ئاتنىڭ ئېگىرىنى سىلىكىپ كۆردى. ئېگەر مەھكەم توقۇلغانىدى. بابىر نەۋكەرگە ئەللىك قەدەمچە نېرى بېرىشىنى، ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىنىدىن ئاستا يېتەكلەپ كېتىۋېرىشىنى بۇيرۇدى.

مۇلازىملارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئېتىبارلىقى بابىرنىڭ ھەدىسى بىلەن بىر ئانىنى ئېمىپ ئۆسكەن ئون ئالتە ياشلىق نويان كۆكەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داش ئىدى. مەزىدبەگ يوق چېغىدا بابىرنى ئېھتىيات قىلىش نويانغا تاپشۇرۇلغانىدى. نويان بابىرنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، بىئارام بولدى:

— ئەمىرزادەم، ھازىرلا بىر مەشقتىن چىقتىڭىز، باشقا مۇشكۈل مەشقلەرنى ئەتىگە قالدۇرۇڭ.

— خوپ، مۇشكۈلى ئەتىگە قالسۇن، ھازىر ئاسىنىنى كۆرەيلى، — كۈلۈپ دېدى بابىر.

نەۋكەر ئېيتىلغان جايغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە جىرەن قاشقىسىنى ئاستا يېتەكلىدى. بابىر بوز ئاتنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، نەۋكەرگە يەتكەندە پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىدىن بوشاتتى، قامچىنى چىشىغا چىشلەپ، بوز ئات جىرەن قاشقا بىلەن ياندىشقان ھامان بوي سوزۇپ، ئېرىقى ئاتنىڭ ئېگەردىن ئىككى قوللاپ تۇتتى-دە، بارلىق كۈچى بىلەن ئېگەردىن ئېگەرگە سەكرىدى.

بىراق نەۋكەرنىڭ ئېتى سەكرەش زەربىسىدىن چۆچۈپ، ئۈركۈپ كەتتى. بابىرنىڭ كىچىك گەۋدىسى بىرمەھەل ھاۋادا مۇئەللەق بولۇپ قالدى. كېيىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. پۇتلىرى يەرگە «گۈپ» قىلىپ ئۇرۇلدى. ئەمما ئۇ قوللىرىنى ئېگەردىن بوشاتمىدى، بوشاتسا يامان يىقىلىشىنى سېزىپ جان-جەھلى بىلەن يېپىشتى. بىلەكلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىكەن. شۇنداق ئېغىرلىققا بەرداش بەردى. پەقەت نەۋكەر ئېتىنى توختىتىپ ئالغۇچە بابىرنىڭ پۇتلىرى يەرنى تىرناپ سۆرۈلۈپ باردى-دە، يېڭى يېپەك سەللىسى بېشىدىن ئۇچۇپ كەتتى.

نويان كۆكەلداش ياردەمگە يېتىپ كەلگەندە بابىر ئۆزىنى ئوڭلاپ تۇراتتى. بىراق رەڭگى تولىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. نويان

ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە بابىرغا سەللىسىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما بابىرنىڭ تۇپراققا چۈشكەن سەللىگە قارىغۇسىمۇ كەلمىدى. قامچا تېخىچە چىشىدا ئىدى، ئۇنى قولىغا ئالدى، نەۋكەر يېتەكلەپ كەلگەن بوز ئاتقا زوۋۋان سۇرمەي مىندى. ئاندىن ئېتىغا قامچى ئۇرۇپ، چارباغ دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

نويان ئۇنىڭ كەينىدىن ۋەھىمە بىلەن تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. ھەممە تەرەپ دەل-دەرەخ، ئېرىق، ئاتلىقلار يۈرىدىغان چوڭ يول چارباغنىڭ نېرىقى چېتىدىن ئۆتىدۇ. بابىر بولسا ئۇدۇل كەتكەن چىغىر يولىدىن، قېلىن دەرەخلەر ئارىسىدىن شامالدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ! ئات ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈۋاتقاندا بابىرنىڭ بېشى ئېرىق بويىدا ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ چوڭ بىر شېخىغا ئۇرۇلماقچىدى، ئەمما ئۇ ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، پەسكە شۇڭغۇداق ئېگىلدىكى، ئۆرۈك شاخلىرى دۇمبىسىنى جىراپ ئۆتتى. پىشقان ئۆرۈكلەردىن بىرقانچىسى ئۈزۈلۈپ، ئېرىقتىكى سۇغا "چولتۇك-چولتۇك" قىلىپ چۈشتى.

— سەن نېمىشقا ئاتنى مەھكەم تۇتمىدىڭ، كالۋا! — دەپ نويان نەۋكەرنى ئەيىبلىدى، — ھەممىمىز ئەمىرزادىنىڭ غەزىپىگە قالدۇق! بىزدىن خاپا بولۇپ كەتتى!

بابىر باغ تۆرىدىكى ھەشەمەتلىك ساراي ئالدىغا بېرىپ، ئېتىنى توختاتتى. خىزمەتكارلاردىن بىرسى ئالدىراپ كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن ئېلىۋېتىپ بابىرنىڭ يالغۇز ۋە يالاڭباش قايتقانلىقىدىن ھەيران بولدى. سارايدا بابىرنىڭ مومىسى ئېسەن دۆلەت بېگىم ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك. ئەگەر ھازىر ئۇ بابىرنىڭ قانداق

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدا قايتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا ۋە نېمىلەر بولغانلىقىنى بىلسە، مۇلازىملارمۇ، نەۋكەرلەرمۇ جازالىنىشى ئېنىق. چۈنكى پادىشاھ ھەزرەتلىرى بابىرنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشنى ئېسەن دۆلەت بېگىمگە تاپشۇرۇپ، چارباغ ۋە قەسىرنى ھەممە خىزمەتكارلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەرگەنىدى.

مۇلازىم ۋە نەۋكەرلەر قورقۇپراق سارايغا يېقىنلاشقاندا، مەرمەر كۆلچەكنىڭ بېرىسىدىكى بېھى شېخىغا قاڭتۇرۇپ قويۇلغان بوز ئاتقا كۆزى چۈشتى. بابىرنىڭ كۆلچەك بويىدىكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن راۋاققا كىرگىنىنى سېزىشىپ، شۇ يەردە ئاستا ئاتتىن چۈشۈشتى. نويان كۆكەلداش بابىرنىڭ سەللىسىنى قېقىپ، قولىدا ئاۋايلاپ تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە راۋاق ئىچىدىن بېشىغا دوپپا كىيگەن بابىر چىقتى. ئېتى ئۈركۈگەن نەۋكەر ئۆزىنى بابىرنىڭ پۇتى تېگىگە تاشلاپ ئۆزرە سوراشقا تەمشەلدى.

نويان كۆكەلداشنىڭ سەللىنى ئېسىل سوۋغىغا ئوخشىتىپ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى بابىرغا بىردىنلا ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق دەشنەم كۈتۈپ باش ئېگىپ تۇرغانلار توساتتىن كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىقتا باشلىرىنى كۆتۈردى. بابىر باللارچە زوق بىلەن چالقىسىغا ئېگىلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. نويان كۆكەلداشمۇ قولىدىكى سەللىگە ئەمدى باشقىچە كۆز بىلەن قارىدى ۋە كۈلۈۋەتتى. باشقىلارمۇ يەلكىسىدىن تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك يايراپ كۈلەتتى ۋە ھىجىيىشاتتى. بابىر كۈلكىدىن توختاپ، ئېتى ئۈركۈگەن نەۋكەرگە يۈزلەندى:

— سىزدە ئەيىب يوق ئىدى...

نەۋكەر ئۇنىڭدىن چوڭ بىر ئىنئام ئالغاندەك ئەستايىدىل مىننەتدار

بولۇپ تەزىم قىلدى. بابىر نويانغا تەيىنلىدى:

— چوڭ ئانام بىلمىسۇن.

— مۇددىئايىمىزنىڭ ئۆزى شۇ، ئەمىرزادەم، — كۈلدى نويان ۋە باشقا مۇلازىملارغا سىرداشلارچە كۆز قىسىپ قويدى.

شۇنداق پەيتتە كۆكەلداش ۋە تەگتۇشلەر ئۆزلىرىنى تەخت ۋارىسىغا خىزمەت قىلىۋاتقان ياش مۇلازىملار دەپ ئەمەس، ئۇنىڭ سىرلىرىغا شېرىك بولغان يېقىن دوستلار دەپ بىلىشەتتى ۋە بۇنىڭدىن كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ، بابىرغا نىسبەتەن مېھرى ئېشىپ باراتتى.

سارايدىن چىققان سەۋدەر بابىرنىڭ ئۇدۇلىدا قول قوشتۇرۇپ، ئىچكىرىدە مۇدەررىس ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بابىر بۈگۈن شەرئىي ئىلىمدىن دەرس ئېلىش كېرەكلىكىنى ئەسلىدى ۋە تەگتۇشلىرىدىن خالار-خالىماس ئايرىلىپ، سارايغا كەتتى.

ئىشىكلىرى نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئىچىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سارايدا ھازىر بابىرنى پەقەت بىرلا ئۆي ئۆزىگە تارتاتتى. مۇدەررىسنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا قارىماي، بابىر ياخشى كۆرگەن كىتابلىرى قويۇلغان شۇ ئۆيگە بۇرۇلدى. مەخمەل ۋە كۆن مۇقاۋىلار ئىچىدە سەھىپىلەرگە يېزىلغان قۇرلاردا ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرى سېزىلىپ تۇرغاندەك بولاتتى. بابىر فىردەۋسىدىن، سەئدىدىن مىڭلاپ بېيىتلەرنى يادقا بىلىدۇ. ھازىر ئۇ كىتابلىرى ئارىسىدىن «خەمسە»نى ئېلىۋېتىپ، يىراق ھىراتتا ياشاۋاتقان ئەلىشىر ناۋايىنى خىيال كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ھىراتتا تەلىم ئېلىپ كەلگەن ئەنجانلىق مېمار موللاپەزىلىددىن مانا شۇ ساراي ۋە مەرمەر كۆلچەكنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن راۋىقىنى ياسىغان چاغلىرىدا ياش بابىرغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناۋايى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئاجايىپ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مېمار ھىراتتىن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ بېھزاد سىزغان رەسىمدىن ياخشى بىر نۇسخا كۆچۈرتۈپ كەلگەنىدى. بابىرنىڭمۇ ناۋايىغا ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنى سەزگەن مېمار ئۇنىڭغا مانا شۇ رەسىمنى ئىنئام قىلغانىدى. بابىر «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ئىچىدىن شۇ رەسىمنى ئالدى-دە، شەرىئە ئىلمىگە ئائىت دەپتىرىنىڭ ئىچىگە سالدى. ئاندىن مۇدەررىس ئولتۇرغان ئۆيگە چىقتى.

ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن، چوڭ ئاق سەللە ئورىغان، قاشلىرى ئۆسكەن قېرى مۇدەررىس دەرسخانا تۆرىدە، شايى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قۇرئاندىن قىرائەت بىلەن سۈرىلەر ئوقۇپ، پارس تىلىدا فىقھ① ئىلمىنىڭ قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. بابىر ئەرەب-پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنىدى، قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كۆپىنى يادا بىلەتتى، مەنىسىنىمۇ چۈشىنەتتى. فىقھ ئىلمىنىڭ بەزى نۇقتىلىرىغىمۇ قىزىقاتتى، ئەمما ھازىر شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سۇھراب ۋە پەرھادلارنىڭ قەھرىمانانە ئىشلىرى شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. چارباغدىكى مەشقلەر ۋاقتىدا تېنىگە سىغماي ئەۋج ئېلىپ كەتكەن شوخ، بەڭباش بىر كۈچ ھازىرغىچە قەلبىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا يادا بولۇپ قالغان سۆيۈملۈك بېيىتلەر گاھى تۈركىي، گاھى پارسى ئاھاڭلاردا مۇدەررىس قىرائىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خىيالىدا جاراڭلاپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

"قاشى ياسىنمۇ دېيىن، كۆزى قاراسىنمۇ دېيىن؟" "زى مەردانى

---

① فىقھ — ئىسلام دىنى قانۇنشۇناسلىق ئىلمى.

جاھان مەردى بىياموز!"①

ياد بولۇپ قالغان بۇ قۇرلار خىيالىدىن ئۆتتۇۋاتقاندا، بابىر دەپتىرىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان سۈرەتنى مۇدەررىسكە كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ ئاستا ئالدى. كۆزلىرىدىن ئىلھام ۋە مېھىر يېغىۋاتقان ناۋايى ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن، ئىنچىكە ھاسىغا تايانغان. ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ياخشىلىق ئىستەپ كەلگەن ھەربىر كىشىگە چوڭ ياخشىلىقلار قىلالىشىدىن دالالەت بېرەتتى. بابىر سۈرەتكە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىچە سورىدى: "ئۇلۇغ ئەمىر نېسىپ قىلسا، ھۇزۇرىڭىزغا بارسام، يولۇمدا ئالۋاستى ۋە ئەجدىھالار ئۇچرىسا، پەرھادىڭىزدەك ھەممىسىنى يېڭىپ ئۆتسەم. شۇ چاغدا سىز ماڭا... شېئىرىيەت تىلسىماتىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى بېرەرسىزمۇ؟"

مۇدەررىس قىرائەت بىلەن ئوقۇتۇۋاتقان دەرسلىرى بىھۇدە كېتىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى، ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بابىرنىڭ يېنىغا كەلدى. بابىر سۈرەتنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

— ئادەم سۈرىتى؟! — غەزەپ بىلەن سورىدى مۇدەررىس، — سىز قۇرئانى شەرىپتىن دەرس ئاڭلاش ئورنىغا شەرىئەت قەتئىي مەنئى قىلغان سۈرەتچىلىك بىلەن مەشغۇلمۇسىز، مىرزام؟

— مۇدەررىس جانابلىرى، بۇ سۈرەتنى مەن سىزغان ئەمەسمەن. بۇنى ماڭا ھىراتتىن ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئۇلۇغ زات — ئەمىر ئەلىشىر.

مۇدەررىس ناۋايىنى شائىر دەپ ئاڭلىغان. ئەسەرلىرىنى تېخى ئوقۇمىغانىدى.

— ئادەم سۈرىتىنى تارقىتىش — شەيتان لەنىتىنىڭ ئىشى! قېنى بۇ سۈرەتنى ماڭا بېرىڭ، مىرزام! بېرىڭ!

① "مەردلىكنى جاھان مەردلىرىدىن ئۆگەن"

مۇدەررىسنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتى سۈرەتنى يىرتىپ تاشلاشتىنمۇ قايتمايدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابىر سۈرەتنى بەرمەي تۇرۇۋالدى. مۇدەررىسنىڭ غەزىپى كەلدى، ئەمما تەخت ۋارىسىغا قاتتىق سۆز قىلىشتىن قورقتى. بابىردىن خاپا بولۇپ، ئېسەن دۆلەت بېگىمگە شىكايەت قىلىشقا كەتتى.

ئەللىك بەش ياشلاردىكى سالاپەتلىك موماي سىدام ئاق ئەتلەس كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ دەرسخانىغا كىرىپ كېلىۋاتقاندا بابىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، موماسىغا سالام بەردى. ئېسەن دۆلەت بېگىم سۈرەتنى قولىغا ئالدى ۋە ناۋايى تەسۋىرىگە ئىختىيارسىز قىزىقىپ:

— يۈزلىرىدە پەرىشتىلىرى بار زات ئىكەن، — دەپ قويدى. ئاندىن نېپىز يىپەك رومالنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنى مۇدەررىستىن توسۇپ، ئۇنىڭغا يېرىم ئۆرۈلگەن ھالدا دېدى، — مۇدەررىس جانابلىرى، بۇ سۈرەت ھىراتتا شەرىئەت پېشۋالىرىنىڭ رۇخستى بىلەن سىزىلغانمۇ؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، ھەزرىتى خانىم، — دېدى ئىشىك ئالدىدا قاپىقىنى سېلىپ يەرگە قاراپ تۇرغان مۇدەررىس، — ئەمما ھىراتتا شەرىئەت قانۇنلىرى بۇزۇلغان. شىئەلەر تەسىرىدە سىزىلغان بۇ سۈرەت بىزنىڭ پاك سۈننىي مەزھەپىمىزگە مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ. مەن تەخت ۋارىسىنى ئاگاھلاندۇرماقچىمەنكى، بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەت قىلغان ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق شۇ پەيتتە خۇراساندا ئەمەس، ماۋەرائۇننەھردەدۇر!

ئېسەن دۆلەت بېگىم مۇدەررىس بىلەن مەزھەپلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ تۇرۇشنى خالىمىدى. بابىرغا يۈزلىنىپ:

— بىر تەرەپتىن ئالغاندا، مۇدەررىس جانابلىرى ھەقلىق، —

دېدى، — فىقھ دەرسىدە سۈرەت كۆرۈش ئورۇنسىز، ئەزىزىم، خۇدا نېسىپ قىلسا، سىز ھۆكۈمدار بولۇپ يۇرت سورايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھ قانۇنلىرىنى باشتىن ئاخىرىغىچە بىلىۋېلىڭ. سۈرەتنى مەن ئېلىپ كېتەي.

بابىر سۈرەتنى مومىسىدىن بىردەملىك سوراپ ئالدى-دە، ئاۋايلاپ كىتاب ئارىسىغا سېلىپ بەردى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، سىزگە ئارزۇيۇمنى تاپشۇردۇم، — دېدى.

ئېسەن دۆلەت بېگىم نەۋرىسىنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ دېدى:

— بەلكى ئەلشىربەگنى ئەنجانغا تەكلىپ قىلارسىز.

— كېلەرمىكىن؟ — كۆزلىرى يېنىپ سورىدى بابىر.

— سەمەرقەندكە كەلگەنغۇ، پەرغانە ۋادىسىنىڭ تەرىپى ئالەمگە مەشھۇر. ئىلاج تاپسا ئەلۋەتتە كېلىدۇ. ئەلشىربەگ ناھايىتمۇ پاك، ئەۋلىيا تەبىئەت ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ئۆزى كەلسە، مۇدەررىس جانابلىرىغىمۇ يېقىن قىلىشى شۈبھىسىز!

مۇدەررىسنىڭ ئەمدى چىرايى سەل ئېچىلدى. قەددىنى رۇسلاپ:

— ھەر ھالدا شۇنداق بولغاي! — دەپ قويدى.

ئېسەن دۆلەت بېگىم ئۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن ياراشتۇرغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ دەرسخانىدىن چىقتى.

## 2

كۈن قىيامىغا كېلىپ، پېشىن نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن سارايىنىڭ ئىچى-تېشى جىمجىت بولۇپ قالدى. روزىنىڭ ئازابى ئەمدى بىلىنىشكە باشلىغانىدى، ياز كۈنىدە ئۇسساپ ھالسىزلانغان ئادەملەر كۈننى قانداق كەچ قىلىشنى بىلمەي تاقەتسىزلىنەتتى.

ھەشمەتلىك بىنا ئىگىلىرى سالقىن ئۆيلەردە جىم يېتىپ، ئۇخلاش بىلەن جان ساقلاشنى ئادەت قىلغانىدى.

بابىرمۇ بۈگۈنكى دەرسلەرنى تۈگىتىپ، ئۆز خانىسىدا يانپاشلاپ يېتىپتۇ. بىراق بايىقى شېرىن ئارزۇلار ھامان خىيالىنى دولقۇنلىتىپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇ قەغەز-قەلەم ئېلىپ، شېئىر يازماقچى بولدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ خىيالىغا ياد بولۇپ قالغان مەشھۇر بېيىتلەردىن باشقا شېئىر كەلمەيتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئىككىنچى بىر دەپتەرنى ئالدى-دە، پەرغانە ۋادىسى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى ئاددىي نەسر تەرتىپىدە يېزىشقا باشلىدى: "قاتمۇقات تاغلار، ئوۋ قۇشى كۆپ، ئاق كېيىكنى ئاخسى چۆلىدە كۆرگەنمىز. مەرغىلان ئەتراپىدىمۇ بار". بابىر پەرغانە ۋادىسىدا نېمىكى گۈزەللىك كۆرگەن بولسا، ھەممىسىنى يازغۇسى كېلەتتى. كېيىن ھىراتقا ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا بۇ يازغانلىرى ناھايىتى كېرەك بولىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ يېزىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ساراي ئالدىغىچە چېپىپ كەلگەن ئاتنىڭ دۈپۈرىنى ئاڭلىمىدى. بىردىنلا جىمجىت سارايىنىڭ قايسىبىر ئۆيىدە ئايال كىشىنىڭ پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. بابىر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. يىغا ئاۋازى ئېسەن دۆلەت بېگىمنىڭ خانىسى تەرىپىدىن كەلمەكتە ئىدى. بابىر ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، تەكرار ئاڭلانغان ئەلەملىك يىغىدىن بەدىنى شۈركۈنۈپ، مومىسىنىڭ خانىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئىشىك ھاللاك ئوچۇق. ئېسەن دۆلەت بېگىمنىڭ رومالى بېشىدىن چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ قىزى قۇتلۇق نىگارخانىم ئەۋەتكەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇماقچى بولدى، ئەمما ياشلىق كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى

كۆرمەيتتى.

ئاخسىدىن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن قاسىمبەگ يەلكىسى بىلەن تامغا ئاران يۆلىنىپ، زورغا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ سەكسەن چاقىرىم يولنى ئاتلىق دەم ئالماي بېسىپ ئۆتكەن ۋە كىرپىكلىرىگىچە چاڭ باسقانىدى.

ھازىرلا گۈلدەك نەپىس تۇيغۇلار ئىچىدە يۈرگەن بابىرغا ئۆلۈم خەۋىرى شۇ گۈل ئارىسىدىن چىققان يىلان بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ قاسىمبەگدىن سەسكەنگەندەك رەڭگى ئۆچۈپ، بىردىن ئارقىسىغا داجىدى. قاسىمبەگ بولسا ئۇنىڭغا ئىنتىلدى. بابىرنىڭ ئۇدۇلىدا تىز چۆكۈپ، بوغۇق ۋە يىغلىغان ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مىرزام!...خۇدا سىزگە قۇۋۋەت بەرسۇن! ئەمدى بىزنىڭ پۇشتىپاناھىمىز ئۆزىڭىز سىز! ئىككى تەرىپىمىزنى دۈشمەن باسقان. ۋالىدىڭىز تەيىنلەپ ئەۋەتتى. دەرھال ئەنجان قورغىنىغا بېرىپ، بەگلەرنى يىغىش كېرەك!

ئېسەن دۆلەت بېگىم قايغۇغا بېرىلىپ يىغلاپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى ئەمدى سەزدى. قاسىمبەگنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى-دە:

— ساداقىتىڭىزدىن مىننەتدارمىز، — دېدى، — سىز بابىر مىرزا بىلەن بىللە ئاتلىنىڭ! بىزمۇ ئەمدى چارباغدىن قورغانغا كۆچىمىز.

مۇدھىش خەۋەر بابىرنى جىمجىت قىلىپ قويدى. ئۇ تېڭىرقىغان ئەھۋالدا كېيىندى، ئېتىغا مىندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ياشناپ تۇرغان دەرەخلەر، سۈيى لىق مەرمەر كۆلچەكلەر ئاللىقانداق مۇڭلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتىسى بىنا قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ ئادەم بۇ جايلارغا ھېچقاچان كەلمەيدۇ. ئەنە ئاشۇ نەشپۈتلەرنىڭ كۆچىتىنى ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ ئۆزى

تىككەنىدى. ھازىر ئۇلار مېۋە بەردى، ئاز كۈنىدە پىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنى تىكتۈرگەن ئادەم ئەمدى مەڭگۈ بۇ مېۋىلەردىن تېتىپ كۆرەلمەيدۇ.

چارباغدىن چىقىپ، تاش يولدا كېتىۋاتقىنىدا بابىر ئاتىسىنى يەنە ئەسلىدى. بۇ يولغا ئاتىسى ياتقۇزغان تاشلارمۇ تۇرۇپتۇ. يىراقتا كۆرۈنگەن ئېگىز قورغاننىمۇ ئاتىسى سالدۇرغانىدى. ھەممىسى پۈتۈن، ھەممىسى بار. پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى يوق. بابىر ئەمدى ئاتىسىنى ئۆمۈرۋايەت كۆرەلمەيدىغانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدى ۋە ئاچچىق جۇدالىق تۇيغۇسى بىردىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى تولدۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ياقىسىغا ياش بولۇپ تامدى.

ئالدىدا سۇ توشقۇزۇلغان كۆلچەك ۋە ئۇن بىر قۇرلۇق① ئېگىز تام بىلەن ئورالغان ئەنجان قورغىنى كۆرۈندى. ئۇلار مىرزا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا ئېچكىرىدىن بەش-ئالتە كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئالدىدا قولا ئات مىنىپ كېلىۋاتقان قىڭغىر كۆزلۈك موغۇلسىمان بەگ — بابىرنىڭ ئانىسىغا قېرىنداشلىقى بولغان شېرىم تاغا ئىدى. ئۇ بابىرنىڭ يۈزىدە ئېغىر مۇسىبەت ئالامىتىنى كۆردى-دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، كۆزىگە ياش كەلمىسىمۇ ھۆركىرەپ:

— مەن ئىشەنمىگەنىدىم، ئەمىرزادەم! — دېدى، — پۇشتىپاناھىمىزدىن ئايرىلغىنىمىز راستمۇ؟ ئاھ، بىۋاپا دۇنيا!

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز، — سورىدى قاسىمبەگ، — بۇ خەۋەر ھازىرچە سىر ساقلىنىشى كېرەك ئىدى!

شېرىمبەگ ياقىسىنى تۇتۇپ:

---

① "قۇر" ئەنجان تېمىنىڭ قۇرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

— خۇدانىڭ قۇدرىتىنى قاراڭ، — دېدى، — بىر ئالاقىچى كەپتىرىم ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپ بىردىنلا يوقاپ كەتتى. "كىم ئۇنى چۈشۈرۈۋالدى" دەپ ئۆگزىگە چىقتىم. بىرئازدىن كېيىن كەپتەر ئالدىمغا كېلىپ قوندى. قانىتىنىڭ ئاستىدىن بىر قەغەز كۆرۈندى. ئېلىپ كۆرسەم، مانا شۇ قايغۇلۇق خەۋەر! كىم يازغان؟ ئاسماندا پەرىشتىلەر يېزىپ ئەۋەتتىمۇ، بىلمىدىم!

شېرىمبەگ بابىرنىڭ ئېگىرىگە بىر قولىنى قويۇپ، يۈزىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇردى-دە، پەس ئاۋاز بىلەن:

— مىرزام، قورغانغا كىرمەڭ، خەتەرلىك، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى قاسىمبەگمۇ ئاڭلىدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا ھايات چېغىدا تۈزۈلگەن لاۋازىمات ئالالماي روھى چۈشۈپ يۈرگەن شېرىمبەگ ئەمدى بابىر مىرزىغا باشقىلاردىن بۇرۇنراق مېھرۇشەپقەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولماقچى ۋە چوڭراق مەرتىۋىگە ئېرىشمەكچى ئىدى. قاسىمبەگ بۇنى سېزىپ بابىرغا خاتىرجەم سۆزلىدى:

— ئەمىرزادەم، ئارتۇقچە قورقۇشىنىڭ ئورنى يوق. تېزرەك قورغانغا كىرىپ سادىق بەگلەرنى يىغايلى.

شېرىمبەگ ئات ئۈستىدىكى قاسىمبەگ بىلەن يەردە تۇرۇپ سۆزلىشىشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمىدى. ئالدىراپ ئېتىغا مىندى-دە، غەزەپ بىلەن دېدى:

— سىز تېخى ئەھۋالنى بىلمەيسىز، جاناب قاسىمبەگ! سادىق بەگلىرىڭىز خوجەندنى دۈشمەنگە تاپشۇردى! ئىسپەرىنى تاپشۇردى! مەرغىلاننى تاپشۇردى!

— مەرغىلاننى؟! — سەسكىنىپ سورىدى بابىر، — قاچان؟

— ھازىر خەۋەر كەلدى! دۈشمەن چېكەتكىگە ئوخشاش يامراپ قوۋاغا يېقىنلاشتى! ئەمدى نۆۋەت ئەنجانغا. سادىق بەگلەر ئەنجانغا قوشۇپ مىرزامنىمۇ دۈشمەنگە بېرىۋەتسۇنمۇ؟ ياق! مەن تىرىك بولسام، بۇنىڭغا يول قويمايمەن!

ئېغىر مۇسىبەت ئۈستىگە قوشۇلغان بۇ شۇم خەۋەرلەر بابۇرنى ناھايىتى ئېسەنگىرىتىپ قويدى. ئۆزى كۈن بويى روزا تۇتۇپ، دەرمانى كېتىپ باراتتى، ناھايىتى قاتتىق چاڭقىغانلىقىدىن تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ تەشنا كۆزلىرى قورغان تېمى ئاستىدىكى خەندەككە تولدۇرۇلغان قارامتۇل سۇغا چۈشتى. تۇرۇپ قالغان شۇ قارا سۇمۇ ئۇنىڭغا ئاللىقانداق جازىبىلىك كۆرۈندى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى نەمسىز تىلى بىلەن يالاپ قويدى.

شېرىمبەگ دادىل بېرىپ، بابۇر مىنگەن بوز ئاتنىڭ ئالتۇن بېزەكلىك يۈگىنىدىن تۇتتى:

— مەن سادىق ئاغىڭىز مەن، مىرزام، ئىجازەت بېرىڭ، سىزنى بۇ خەتەرلەردىن يىراققا ئېلىپ كېتەي!

بابۇر شېرىمبەگ ئېيتىۋاتقان خەتەرلەرنى ھازىر ئانچە ئويلىمايتتى ۋە ئېنىق ھېس قىلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ قايغۇدىن ئېزىلگەن كۆڭلىمۇ، تەشنالىقتىن قىينىلىۋاتقان بەدىنىمۇ كۆز ئالدىدىكى ئېتىكلىك ۋە دىمىق قورغاندىن كۆرە، يىراقتىكى دەرەخزارلىقلارنى، كەڭ ئوچۇق جايلارنى ئەۋزەل كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شېرىمبەگ ئۇنىڭ ئېتىنى ئارقىغا بۇراۋاتقاندا بابۇر قارشىلىق قىلمىدى. قاسىمبەگ ئەنسىرەپ:

— مىرزام، ۋالىدىڭىزنىڭ تەيىنلىگىنى باشقىچە ئىدى! — دېدى.

— ۋالىدىسى بۇ يەردىكى ئەھۋالنى بىلمىگەندۇ! — دەپ بابۇرنىڭ

ئورنىغا شېرنىبەگ جاۋاپ بەردى. ئەمما قاسىمبەگ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي بابىرغا ياندىشتى:

— خانىم ھەزرەتلىرى بۈگۈن دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتە ئەنجانغا كېلىدۇ. چوڭ ئانىڭىزمۇ چارباغدىن قورغانغا كۆچمەكچى ئىدى. ئۇلار سىزنى نەدىن تاپىدۇ؟

بابىر ئەمدى سەل خىيالىنى يىغىپ، شېرنىبەگدىن سورىدى:

— قاياققا بارماقچىمىز؟

شېرنىبەگ قاسىمبەگكە ئاڭلاتماسلىققا تىرىشىپ، بابىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئالاتاغ تەرەپلىرىگە، ئوشقا، بەلكىم ئۆزگەنتكە.

بابىر بۇنى قاسىمبەگتىن سىر تۇتۇشنى خالىماي، ئاستا ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— ئوش يولىدا بولىمىز، ئانامغا خەۋەر بېرىڭ.

— مەن ئاۋۋال قورغاندىكى بەگلەر بىلەن سۆزلىشەي، ئەمىرزادەم! ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بىلەي!

— ئۇنىڭدىن كۆرە خوجائابدۇللاغا يولۇقۇڭ.

— بۇ ئەمرىڭىزنى دەرھال بەجا كەلتۈرىمەن!

قاسىمبەگ ئېتىنى قورغان دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى. بابىر بولسا يېنىدىكى ئەللىككە يېقىن ئاتلىق بىلەن قورغاندىن يىراقلىشىپ كېتىشكە باشلىدى.

3

قورغان ئىچىدىن دەرۋازىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىققۇالغان پاكار بىر نەۋكەر تام پەنجىرىسى ئارىسىدىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىمبەگ مىرزا دەرۋازىسىدىن ئالدىراش كىرىۋاتقاندا بۇ نەۋكەرمۇ ئۆگزىدىن ئاستا چۈشتى-دە، تام ئالدىغا باغلاپ قويغان ئېتىنى مىنىپ، خوجايىنى ئەھمەد تەنبەل ساقلاپ تۇرغان يەرگە قاراپ كەتتى.

مېۋىلىرى پۈتۈنلەي پىشقان چوڭ باغنىڭ يۇقىرىسىدا مەرمەر گۈمبەزلىك ھاممام بار ئىدى. باغ ئىگىسى ياقۇببەگ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە شۇ ھاممامنىڭ مېھمانخانىغا ئوخشىتىپ بېزىتىلگەن سالقىن بىر خانىسىدا دەم ئالاتتى. ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان بۇ خانىنىڭ تۆرىدە ھازىر ئەھمەد تەنبەل ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن قىمىز قاپىقىدىن جىگدە گۈللۈك چىنىگە قىمىز قويۇپ، بىر سۈمۈردى، ئاندىن سارغۇچ بۇرۇتىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىۋېتىپ:

— خۇدايىم مېنى كەچۈرسۇن، بۈگۈن روزىنى بۇزدۇم، — دېدى، — يولدا تەشنالىقتىن تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى. ھوشۇمدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلىدىغان ھالەتكە كەلدىم.

— بۈگۈن سىزگە راۋا، — دېدى ياقۇببەگ، — زۆرۈر ئىكەن، كەچۈرۈشكە بولىدۇ. مۇشكۈل ئىشقا بەل باغلاپسىز. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تەخت جاھانگىر مىرزىغا ئۆتسە، سىز ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن رەھنەماسى① بولىسىز.

ئەھمەد تەنبەل بۇ نۇرلۇق ئىستىقبالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىر ئەندىكتى. ئالدىنقى چىشلىرىدىن ئىككىسى چۈشۈپ كەتكەن سېمىز ياقۇببەگ ئۇنىڭغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ياقۇببەگنىڭ

---

① رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى. — تەرجىماندىن.

قارىشىدا "مېنىڭ بۇ خەتەرلىك ئىشقا نېمە ئۈچۈن قاتناشقانلىقىمنى ئۇنتۇماسمىكىن؟" دېگەن مەنە بار ئىدى. ئەھمەد تەنبەل سەگەكلەشتى:

— بەگ جانابلىرى، سىز بىلەن بىز ئەسلى موغۇل① ئۇرۇقىدىن. بارلاسلارنىڭ② پەرغانە ۋىلايىتىدە شۇنچە ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگىنى يېتەر. ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭكى. مەن سىزنى موغۇل بەگلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى دەپ بىلىمەن. خۇدا ئامەت بېرىپ، ئەگەر مەن تەخت ۋارىسىغا رەھنەما بولسام، شۇ چاغدىمۇ ماڭا سىز رەھنەمالىق قىلغايسىز!

— ئىنشائاللا! — دەپ ياقۇپبەگ مەمنۇنلۇق بىلەن كالتە ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — قېنى، ئەھمەدبەگ، ئۇسسۇزلۇق بېسىلغاندىن كېيىن ئاچلىق بىلىنىدۇ. سوغۇق گۆشتىن يەپ بېقىڭ.

ئەھمەد تەنبەل چىن لىگىنىدىكى گۆشكە ئەمدى قول ئۇزاتقاندا ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. ئەھمەد تەنبەل لېگەننى بىر چەتكە سۈرۈپ، ئىشىككە قادىلىپ قارىدى. ھېلىقى پاكار نەۋكەر خوجايىنىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سورىغاندەك بوسۇغىدىن نېرى تۇرۇپ، تەزىم قىلدى:

— بەگ جانابلىرى، سۈيۈنچە بېرىڭ! — دېدى، — بابىر مىرزا قورغانغا كىرمەي قايتىپ كەتتى.

— شېرىمبەگ بىلەن بىللىمۇ؟

① ئۆزبېكلەشكەن موغۇللارنى دېمەكچى.

② بارلاس — تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى بىر ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ نامى. — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

— ھەئە، شۇنداق!

ئەھمەد تەنبەل ئۈچۈن بۇ راستىنلا خۇشاللىق خەۋەر ئىدى، كۆن قاپچۇقتىن بىر ئالتۇن تەڭگە ئېلىپ، بوسۇغا ئالدىغا تاشلىدى، پاكار نەۋكەر تەڭگىنى ئالدىراپ-تېنەپ ئېلىپ، ئىككى پۈكلىنىپ رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، ئارقىغا چېكىندى.

ئاخشىدىن ئەنجانغا كېلىپ توغرا ياقۇپبەگنىڭكىگە چۈشكەن ئەھمەد تەنبەل پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئەڭ ئاۋۋال شېرىم تاغىسىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇ ھودۇقما مىجەزىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى چەتتە تۇرۇش ئۈچۈن ئىمزاسىز خەتنى كەپتەر ياردىمىدە ئاسماندىن چۈشۈرگۈزگەنىدى.

— مەسلىھىتىڭىز بىلەن تۈزۈلگەن پىلان شاراپەتلىك چىقتى! — دېدى ئەھمەد تەنبەل ئۆي ئىگىسىگە مەمنۇن كۆز تاشلاپ.

— ھە، شېرىمبەگ ئەمدى جىيەنىنى خەۋپ-خەتەردىن ياخشىلاپ "قۇتقۇزىدۇ". ئۇنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق بېگىگە ئايلىنىش ئۈچۈن ئالاتاغدىنمۇ ئاشار.

— ئەمدى بىز بابىرنىڭ خەتەردىن قورقۇپ قاچقىنىنى خالايىقنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بابىر مۇشۇنداق پەيتتە ئاتا يۇرتى ئەنجاننى تاشلاپ كەتكىنىنى خەلق بىلسۇن، ئۇنىڭدىن ئىخلاسى قايتسۇن. ئەنە ئۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىر مىرزىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا ھېچبىر توسالغۇ قالمايدۇ.

ياقۇپبەگ ساقىلىنى تۇتاملاپ، بىرمەھەل ئويلىنىپ تۇردى-دە:

— ئىغۋا تارقىتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل جايى بازار، — دېدى. — مېنىڭ سودىگەر چۆپقەتلىرىم بار.

— ئەمما ئۇنغۋا بىزدىن چىققىنىنى ھېچكىم بىلمەسلىكى زۆرۈر!

— خاتىرجەم بولۇڭ، جاناب ئەھمەدبەگ. سىر ساقلاشقا قادىرمىز...

* * *

ئەنجان ئاھالىسى دۈشمەن قوشۇنلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ خەۋپسىرەپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈستىگە "پادىشاھ ياردىن يىقىلىپ ئۆلگەنمىش، شەھەرنى بۈگۈن دۈشمەن باسقۇدەك، بابىر مىرزا قورقۇپ قاچقانمىش"، دېگەن ئۇنغۋا تارقالدى. ئەنجان رەستىلىرىدىكى ۋە لاپاس ئاستىدىكى دۇكانلار سودا ئەڭ قىزىپ تۇرغان پەيتتە كەينى-كەينىدىن يېپىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى ئۇنغۋانىڭ قەيەردىن چىققىنىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيتتى، لېكىن خالايىق ئۇنىڭغا بىر-بىرىدىن ۋەھىمىلىك تەپسىلاتلارنى قوشاتتى. تېخى "ئاخسىنىمۇ دۈشمەن بېسىپتۇدەك، دۈشمەن پادىشاھنى ياردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇدەك"، دېگەن گەپلەرمۇ پەيدا بولدى. خالايىق ئارىسىدا يۈرگەن جاسۇسلار دەھشەتلىك مىش-مىش گەپلەرنى شەھەر ھاكىمىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردا تەرەپكە ئالدىرىدى.

بۇ ئارىلىقتا قاسىمبەگ بابىر مىرزىنىڭ ئۇستازى خوجائابدۇللانى ئىزدەپ ئۆيىدىن تاپقاندى، ئۇلار ئىككىسى، ئوردىدىكى بەگلەر ئالدىغا چىقىشقانىدى. خوجائابدۇللامۇ، بەگلەرمۇ پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. بۇ خەۋەرنى قاسىمبەگدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇرۇش خەتىرى كۆزلىرىگە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈندى. يامان ئۆزگىرىشلەر بولۇشىنى سېزىشىپ تەمتىرەپ قېلىشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە بازاردا دەللال بولۇپ يۈرىدىغان ئىشەنچلىك بىر

جاسۇس كېلىپ، ھېلىقىدەك خەۋەرلەردىن ھەممە تەرەپ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇزۇن ھەسەن ناملىق ئېگىز ھاكىم ئېسەنگىرەپ قالدى.

— بىزدىن ئامەت كەتتى، جانابلار! — دېدى يىغلامسىراپ، — تاشقىرىدا دۈشمەن، ئىچكىرىدە توپىلاڭ. بابىر مىرزىنىڭ قورغانغا كىرمەي كەتكىنى بىكار ئەمەس!

— بىزمۇ جان ساقلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە تارقىلىپ قاچساق-مىكىن؟ — كىنايە بىلەن سورىدى خوجائابدۇللا.

ئۆزىمۇ، ساقال-بۇرۇتىمۇ قاپقارا كەلگەن خوجائابدۇللا چوڭ ئالىم بولۇشىدىن تاشقىرى، ئەنجان بەگلىرىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق پىرى ھېسابلىناتتى. بابىر مىرزىمۇ ئۇنى ئۆزىگە پىر ساناپ قول بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن ھەسەن خوجائابدۇللانىڭ كىنايىسىگە قارشى كەسكىن جاۋاب بېرەلمىدى.

— پىرىم، بابىر مىرزا يىراقلاشماستىن تۇرۇپ قايتۇرۇپ كېلىش زۆرۈر! — دېدى قاسىمبەگ.

— بابىر مىرزىنىڭ كۆڭلى ماڭا ئايان، — دېدى خوجائابدۇللا، — ئۇ ئالىي زات قورقۇپ قاچقان ئەمەس. بەگلەرنىڭ ساداقەتىنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بازاردىكى ئىغۋا-پىتنىنىڭ بەلگىسى. ئەگەر پىتنە بولمىسا، پادىشاھنىڭ قازا قىلغىنىنى بىزدىن ئاۋۋال بازاردىكىلەر قانداق بىلىشىدۇ؟

ئۇزۇن ھەسەن ئۆزىنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ مەنتىقلىق پىكىرگە تەن بەردى. بابىرنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى خوجائابدۇللانىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بىلگىنىگە قايىل بولدى. خوجائابدۇللا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەقىقەتەن ئەۋلىيا بولۇپ كۆرۈندى:

— پىرىمگە ھەممىسى ئايان بولغانىكەن! — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن، — ئەمدى پىرىم نېمە دېسە بىز شۇنىڭغا تەييارمىز!

— ماڭا ئايان بولغىنى شۇكى، — دېدى خوجائابدۇللا ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ئەگەر بىر تەن-بىر جان بولۇپ، بابىر مىرزىغا خىزمەت قىلساق، ھەممىمىز ئامان قالىمىز، ھېچقايسىمىزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەيدۇ!

خوجائابدۇللانىڭ كامىل ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇزۇن ھەسەننى بىرئاز ۋەھىمىگە سالدى. ئەگەر ئىش خوجائابدۇللا ئېيتقاندەك بولۇپ چىقىپ قالسا، بابىر مىرزا پادىشاھ بولسا...ئۇ چاغدا ئۇزۇن ھەسەننىڭ بۇگۈنكى ئىككىلىنىشلىرى قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ رەقىبلىرى بۇ ئىككىلىنىشلەرنى بولغۇسى پادىشاھقا ئېيتىپ، ھاكىملىق ئەملىنى تارتىۋېلىشلىرى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ ياق، ئۇزۇن ھەسەن بۇنىڭغا يول قويماسلىقى كېرەك:

— پىرىم، ماڭا پاتىھە بېرىڭ، بابىر مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا مەن ئۆزەم باراي. بەگلەرنىڭ نامىدىن ساداقەت ئىزھار قىلىپ، قورغانغا تەكلىپ قىلاي!

— نىيىتىڭىز ماختاشقا سازاۋەر، جاناب ھەسەنبەگ. ئەمما سىز ھاكىمسىز. سىز ئاۋۋال شەھەردىكى غۇلغۇلىنى بىر تەرەپ قىلىڭ، پىتنىنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىڭ، ئەنە شۇ چاغدا بابىر مىرزىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولىسىز.

— يەنە كارامەت قىلدىڭىز پىرىم! بىز تېزلىك بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشىمىز!

• • •

ياز ئاپتىپى يەر ۋە كۆكنى شۇنچىلىك قىزىتىۋاتاتتىكى، ئا-

تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ يۈزگە ئوت يالقۇنىدەك تېگەتتى. ھاۋا دىمىق، "غۇر" قىلغان شامال يوق. توپىسى پۇرقىراپ تۇرغان تار كوچىدىن كېتىۋاتقاندا بابىرنى تەرباستى. ئۇ ناھايىتى ئۇسسىغانلىقىدىن ئاغزى لاۋزىلىشىپ كەتكەنىدى. تۈنۈگۈن مۇشۇ پەيتلەردە ئەنجانساي بويىدا سالقىنلاپ ياتقىنى ئېسىگە چۈشتى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇنقى ھاياتى، چارباغنىڭ ساپ ھاۋاسى، سۈزۈك سۇلۇق كۆلچىكى، سالقىن ساراي، خاتىرجەم چاغلار — ھەممىسى بىردىنلا يىراق ئۆتمۈشكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، شىددەتلىك بىر قويۇن ئۇنى ئاشۇ سائادەتلىك ھاياتتىن يۇلۇپ ئېلىپ، نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇپ پىرقىرىتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئۇنىڭغا مانا مۇشۇ قويۇننىڭ چېڭىدەك تۇيۇلدى. ئۇنى ئاتىسىدىن جۇدا قىلغان، پۇشتىپاناھىدىن ئايرىپ، خەۋپ-خەتەرنىڭ ئىچىگە تارتقان بىر شۇم كۈچ گويا مانا مۇشۇ قويۇننىڭ كۈچى ئىدى. ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان ئەللىككە يېقىن ئاتلىقمۇ بابىرغا مانا شۇ قويۇن ئىچىدە يۈرگەنىدەك خىرە كۆرۈنەتتى. روزا تۇتۇپ كۈن بويى ئاغزىغا بىرنېمە سالمىغانلىقتىن ئۇنىڭ بېشى ئايلانماقتا ئىدى. ئەتراپىدىكى ئاتلىقلار توغرا مېڭىپ كېتىۋاتقان بولسا، بابىرنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ قويۇن قورشاپ ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۆزگەنت يولى بىلەن مېڭىپ نامازشامغا يەتكەندە يىراقتا قارلىق تاغلار كۆرۈندى. بابىر تاغ سالقىنىنى كۆزى بىلەن ھېس قىلغاندەك بولدى ۋە ئاشۇ يەرگە تېزرەك يېتىپ بارغۇسى كېلىپ، ئېتىنى دېۋىتتى. چاڭقىغان لەۋلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ شېرىمبەگكە:

— تېزرەك! — دېدى.

شېرىمبەگ بولسا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ:
— چاپارمەن كېلىۋاتىدۇ! — دېدى، — توختايلى.
ئەنجان بەگلىرى ئەۋەتكەن چاپارمەن خوجائابدۇللانىڭ قولى بىلەن يېزىلغان مەكتۇپنى بابۇرغا تاپشۇردى. بابۇر يۈگەم قىلىپ ئەۋەتىلگەن مەكتۇپنىڭ يىپەك بوغقۇچىنى ئۈزۈپ، يېنىدا تۇرغان نويان كۆكەلداشقا بەردى:
— ئوقۇڭ.
مەكتۇپتە ئەنجان بەگلىرىنىڭ بابۇرغا ساداقەت بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلغانىدى. سۆز ئارىسىدا يامان گەپ-سۆزلەر تارقىلىۋاتقانلىقى، نامەلۇم پىتنىچىلەر "بابۇر مىرزا قورقۇپ قاچتى" دېگەن تۆھمەتنى تارقىتىپ، بۇنىڭغا ئەلنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى.
— مەن سىز توغرۇلۇق ئەنە ئاشۇ پىتنىچىلەردىن ئېھتىيات قىلغانىدىم، ئەمىرزادەم! — دېدى شېرىمبەگ بابۇرغا، — ھازىر ۋەزىيەت يامان، قورغان ئىنغۇانىڭ ئۆۋىسى. قورغانغا قايتمايلى، ئەمىرزادەم! سادىق بەگلەر بولسا كەينىمىزدىن كەلسۇن!
"ئاتا يۇرتىنى تاشلاپ، قورقۇپ قاچتى" — بۇ ئىغۋا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، شەھەرمۇشەھەر، قىشلاقمۇقىشلاق تارقاپ كېتىشى مۇمكىن!
— ياق! — دېدى بابۇر ئېتىنى كەينىگە بۇراپ، — مەن قاچماقچى ئەمەسمەن!
— ئەمىرزادەم، بۇ ھەممىسى ئىغۋا!
— مەن بۇنىڭ ئىغۋالىقىنى ئىسپاتلايمەن! ھەممىڭلار قايتىڭلار، قورغانغا قايتىڭلار!
بابۇر كەينىگە بۇرىغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشاتتى-دە، ساغرد-

www.uyghurkitap.com

سىغا قامچا ئۇردى. ئات چېپىپ كېتىۋاتقاندا كۆكسىگە شامال تېگىپ، ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىل سەزدى. بايىقى دەھشەتلىك قويۇن ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارقىدا ئىز بېسىپ چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان نەۋكەر ۋە سەۋدەرلەر ئارىسىدا قېلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

ئۇلار قۇياش ئۇپۇققا يېقىنلاشقان پەيتتە ئەنجان قورغىنىغا كىرىپ كەلدى. كەچقۇرۇن كۆجۈم بولىدىغان كوچىلار ھازىر نېمە ئۈچۈندۇ جىمجىت ئىدى. دوكانلار ئېتىك. ئىنس-جىن كۆرۈنمەيدۇ. پۈتۈن شەھەر خەۋپ-خەتەردىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغانغا ئوخشايتتى.

شېرىمبەگ ئالدىدا كېتىۋاتقان بابىرنى قوغدىماقچى بولۇپ، نەۋكەرلىرىگە "قورشاپ مېڭىڭلار" ئىشارىسىنى قىلدى. ئۆزى بولسا بابىرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەتراپىنى ئاتلىقلار ئوراپ ئېلىشقا باشلىغاندا بابىر يەنە قويۇنىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغاندەك بوغۇلدى. كۆز ئالدىدا يەنە ئاتلار، ئادەملەر پىرقىراپ ئايلىنىشقا چۈشتى. بابىر يۇلقۇنۇپ ئالدىغا ئىنتىلدى، ئېتىنى قامچىلاپ، نەۋكەرلەر قورشاۋىنى يېرىپ چىققاندا يۈزىگە يىللىق شامال تېگىپ ئازراق يەڭگىللەشتى. شېرىمبەگ يەنە ئالدىغا ئىنتىلىپ، بابىرغا ياندىشماقچى بولغاندا نويان كۆكەلداش ئۇنىڭ تىزگىنىدىن مەھكەم تۇتتى:

— بەگ جانابلىرى، قويۇڭ، ئەمىرزادەم ئالدىدا ماڭسۇن. پۇقرالار تەخت ۋارىسىنى كۆرسۇن، كۆڭلى ئارام تاپسۇن، ئاۋۇ تام تۆشۈكلىرىدىن مارىلاپ تۇرغان ئادەملەر ئىغۋاگەرلەرنىڭ گېپىنىڭ يالغانلىقىغا ئىشەنسۇن!

— پىتنىچىلەر بىرەر تۆشۈكتىن ئەمىرزادەمنى ئوققا تۇتسىچۇ؟

— ياخشى نىيەتتە بولۇڭ!

بابىر باشلىق ئاتلىقلار ئوردىغا يېقىنلاشقاندا چوڭ دەرۋازىنىڭ ھەر ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىلدى. خوجائابدۇللا ۋە بىر توپ بەگلەر، مۇلازىملار، بابىرنى قارشى ئېلىشقا چىقىشتى. بابىر ئاتتىن چۈشۈپ ئۇستازى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، بىردىن كۆڭلى يۇمشاپ، كۆزلىرىگە ياش قويۇلۇپ كەلدى. خوجائابدۇللا رەڭگى ئۆچكەن، لەۋلىرى تىترىگەن بابىرنى باغرىغا بېسىپ تەسەللى بەرگۈسى كەلدى. ئەمما بەگلەر ۋە نەۋكەرلەر ئالدىدا تەخت ۋارىسىنى قۇچاقلاش ئەدەبسىزلىك سانىلىشىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتتى. ئۇمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— كۆلپەتتە قالدۇق، ئەمىرزادەم، مۇسىبەتتە قالدۇق! — دېدى، — ئەمدى بىزنىڭ پۇشتىپاناھىمىز ئۆزىڭىزسىز!

مەزىدبەگ مەنسەپدارلار توپىدىن بىر-ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى. ئۆزىنىڭ بابىرغا بەگ ئەتكە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كېلىپ، خوجائابدۇللانىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:

— ئەمىرزادەم، ھەممە بەگلەر سىزگە سادىق خىزمەت قىلىشقا تەيياردۇر! — دېدى.

بابىر توپلىنىپ تۇرغان بەگلەرگە كۆز تاشلىغانىدى، ئۇلار ھەممىسى مەزىدبەگنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، قوللىرى كۆكسىلىرىدە، تەزىم ئادا قىلىشتى. بابىر ئاۋازى تىترەپ:

— مىننەتدارمەن، — دېدى.

ئۇ يەنە ئاتلىنىپ ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقاندا كەينىدىن ياقۇببەگمۇ يېتىپ كېلىپ، بەگلەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇ بابىرنىڭ قايتقىنىنى ئاڭلىغان ھامان ھەرقانداق شۇبھىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىنىپ، ساداقەتلىك بىلدۈرۈشكە ئالدىرىغانىدى. خوجائابدۇللا ئوڭ تەرەپتە مەزىدبەگ سولدا يۈرۈپ، بابىرنى ئوردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆرىدىكى قىشلىق قەسرگە باشلاپ كەلدى.

ئىلگىرى پايتەخت ئەنجاندىكى ۋاقىتىدا تەخت مانا مۇشۇ قەسرگە ئورنىتىلغانىدى. كېيىن پايتەخت ئاخسىغا كۆچۈرۈلگەچكە، تۈۋرۈك-لىرى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن مەرمەر پەلەمپەيلىك بۇ قەسر ئاۋۋالقى ھەشەمەتىدىن مەھرۇم بولۇپ، كۆرۈمسىزلىشىپ قالغانىدى. بۈگۈن بابىر كېلىشتىن بۇرۇن خوجائابدۇللانىڭ پەرمانى بىلەن قەسرنىڭ پەلەمپەيلىرىگە يەنە پاياندار سېلىندى. ئىلگىرى تەخت قويۇلغان شاھنىشىنغا① تۈركمەن گىلەملىرى ۋە كىمخاب كۆرپىلەر سېلىنىپ، مەخسۇس جاي ھازىرلاندى.

بابىر بىنەپشە رەڭ پاياندازغا قەدەم قويغاندا قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى ھۆللىمەكچى بولۇپ يۇتۇندى. ئەمما ئاغزىدا نەملىك بولمى-غانلىقتىن گېلىنى قانداقتۇر بىرنەرسە قىرىپ ئۆتكەندەك بولدى. بولغۇسى پادىشاھقا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن توپلانغان بەگلەرنىڭ ھېچقايسىسى بابىرغا ھازىر بىر يۇتۇم سۇ لازىملىقىنى سېزىشمەيتتى. بىر-يېرىم سەزگەنلىرىمۇ شۇنچە ئادەملەر ئالدىدا ياش پادىشاھ-نىڭ روزىسىنى ئاچقۇزۇش مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ بۇنداق ئىشنى قىلىشتىن قورقۇشاتتى.

ھەممىسى ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، خوجائابدۇللا قۇرئان ئوقۇپ، ئاخىرىدا بۈگۈن دەپنە قىلىنغان ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ روھىغا بېغىش-لىدى. بىرنەچچەيلەن:

— ئىلاھىم جايى جەننەتتە بولسۇن! — دەپ قويدى. يەنە بىرنەچچە كىشى بابىرغا ئۆرۈلۈپ كۆڭۈل ئېيتتى.

---

① شاھنىشىن — پادىشاھنىڭ تەختى قويۇلغان مەخسۇس ئۆي.

— مۇھتەرەم بەگلەر، دۆلەتخاھلار①! — دەپ سۆز باشلدى خوجائابدۇللا، — ئۇرۇش تەشۋشى بولمغاندا بز ئاۋۋال ماتەم مۇراسمنى ئۆتكۈزگەن بولاتتۇق. ئاڭلشمزچە، ئاخسدا ھەزرتى ئالىينى ھۆرمتگە لايق مەركە ئۆتكۈزۈپ قەبرگە قويۇپتۇ. ئەنجانغا دۈشمەن يېقن كېلپ قالغان شۇ ئېغر كۈندە بزنڭ دەسلەپكى كېڭشمز دۆلەتنى يېڭى پادشاھقا تاپشۇرۇش توغرسدا بولغنى مۇۋاپق.

مەزدبەگدن نېرراقتا سېمز ياقۇببەگ ئولتۇرغانىدى. ئۇ خوجائابدۇللانڭ سۆزلرنى ھەممدن ئاۋۋال يۇلۇۋالدى:

— دانا تەدبرنى ئوتتۇرغا قويدڭز، پرم. پېقرڭزنڭ پكرچە، زاھرددن مۇھەممەد بابر مرزنى قانۇني پادشاھ ئاتاپ، مۇبارەك ناملرنى قۇتبگە قوشۇپ ئوقۇتۇش لازم!

بابر "يالت" قلپ ياقۇببەگكە قاردى. ئۇنڭ ئاۋازدكى مەينلك، يۈزدكى ھاياجان، ھەتتا ئالدى چشى چۈشۈپ كەتكەن ئاغزنڭ كەمتۈكلۈكى بابرغا قانداقتۇر يېقملق تۇيۇلدى. ياقۇببەگنڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە قەيسەر موغۇل بەگلردن ئكەنلكنى ھەممە ئادەم بلەتتى. پەقەت ئۇنڭ بۇنڭدن برنەچچە سائەت ئلگرى بابرغا قارشى پتنە ئۇيۇشتۇرۇپ يۈرگنى ئولتۇرغانلار ئۈچۈن سر ئدى. ئەمدى ياقۇببەگ مۇشۇ سرنى ياخشراق يوشۇرۇش ئۈچۈن بابرغا ھەممدن ئارتۇق ساداقەت بلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇنڭ شۇ سر ئېچلپ قېلشدن ئەنسرەپ، دەردلك ۋە ھاياجانلق كۆزلەر بلەن بابرغا قارشى، ئۇنڭدن نجات كۈتكەندەك

① دۆلەتخاھ — ھۆكۈمەتكە سادق كشلەر. — تەرجماندن.

بولۇپ ھاياجانلىنىشى ئۆزى قىينىلىپ ئولتۇرغان بابىرغا غەلىتە تەسىر قىلدى. ياقۇببەگ بىرىنچى بولۇپ بابىرنى پادىشاھ دەپ ئاتىغىنى ياش ئۆسمۈرنىڭ كۆيۈپ تۇرغان قەلبىگە گويا سالقىن بىر مەيىن شامال بولۇپ تەگدى. قاچاندۇ بىر ۋاقىت تەختكە چىقىش ۋە مۇشۇ يۈرگەن بەگلەرنىڭ ھەممىسىگە باش بولۇپ، غالىبانە جەڭلەر قىلىش بابىرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇلىرىدىن ئىدى. ياقۇب-بەگدىن كېيىن گەپ قىلغان بەگلەرمۇ كەينى-كەينىدىن بابىرنى پادىشاھ دەپ تەن ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ مانا شۇ ئارزۇسى بۇلۇت ئارد-سىدىن چىققان تولۇن ئايدەك پارقىراپ كۆرۈندى-دە، كۆڭلىنى بىردىن يورۇتۇۋەتتى. بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەتمۇ، ئىچىنى كۆيدۈ-رۈۋاتقان تەشنالىقمۇ خىيالىدىن يىراقلاشتى.

شۇ چاغدا ئىشىكتىن شەھەر ھاكىمى ئۇزۇن ھەسەن تەزىم قىلىپ كىردى.

— ئەمىرزادەم! — دېدى ئۇ ئەندىكىپ، — قۇلىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ، سىزنى كۈتۈۋالالمىدىم. مەن ئەنجاندا نامۇناسىپ گەپلەر تارقاتقان پىتنىچىلەرنى ئوۋلاش بىلەن بەند ئىدىم. ھازىر بىر پىتنىچى ئەربابنى تۇتۇپ كەلدىم.

بابىر ئىختىيارسىز ئالدىغا ئىنتىلىپ:

— قايسى ئەرباب! — دېدى، — كىم ئۇ؟ ئەكىلىڭ!

— بەجاندىل، ئەمىرزادەم! — دېدى ئۇزۇن ھەسەن ۋە ئالدى-راپ كەينىگە ياندى.

ھەممە كۆزلەر ئوچۇق ئىشىككە قادالدى. ياقۇببەگنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئەھمەد تەنبەل قولغا چۈشۈپ قالغان بولمىغاي؟ ئۇ چاغدا سىر ئېچىلىدۇ. ياقۇببەگ ھودۇققان كۆزلىرى بىلەن دېرد-

زىنى ئىزدەپ تاپتى. دېرىزە ئۇ ئولتۇرغان جايدىن ئازىراق يىراق. دېرىزىدىن نېرىدا ئوردىنىڭ ئۇن قۇرلۇق ئېگىز تېمى بار. ياق، بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا بولمايدۇ! ياقۇببەگنى تىترەك باستى...

شۇ چاغدا ئىشىكتىن نېرىراقتا بىرسىنىڭ يوغان ئاۋاز بىلەن:

— قولۇمنى بوشىتىڭ، مەن گۇناھكار ئەمەسمەن! — دېگىنى ئاڭلاندى. ئاۋازىدىن ئەھمەد تەنبەلگە ئوخشمايتتى.

ئاق شايى يەكتەك كىيگەن يوغان گەۋدىلىك ئېگىز كىشىنى ئىككى نەۋكەر ئىككى يېنىدىن مەھكەم تۇتۇپ ئېلىپ كىردى.

— ھە، بۇ دەرۋىش كالىغۇ! — دېدى ياقۇببەگ بىردىنلا يېنىكلىگەندەك بولۇپ.

ئەنجان مىرابلىرىنىڭ باشلىقى بولغان بۇ ئادەم گەدىنى ناھايىتى گۆشلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن كالىغا ئوخشاش بويىنىنى بىرئاز ئالدىغا ئېگىپ يۈرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كەينىدىن "كالا" دەپ ئاتىشاتتى. ئەنجان قورغىنىغا توققۇز ئېرىق سۇ كىرسىمۇ، باغ-ۋارانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ياز ئايلىرىدا سۇ يېتىشمەيتتى. ئەمەلدارلار ئاددىي پۇقرانىڭ نۆۋىتىنىمۇ ئېلىشقا ئۇرۇناتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا دەرۋىش كالا كۆپىنچە پۇقرالار تەرىپىدە تۇراتتى. بەگلەرنىڭ نۆۋىتى كەلمىگۈچە سۇ بەرمەيتتى. "بەگ بولساڭ ئۆزەڭگە، خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە بەندىسى باراۋەر!" دەپ تەپ تارتماستىن سۆزلىگەنلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر ئاڭلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەگلەر دەرۋىش كالىنى يامان كۆرۈشەتتى. بولۇپمۇ ھاكىم ئۆزۈن ھەسەن ئۆزۈندىن بۇيان ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرەتتى.

قولى باغلاقلىق دەرۋىش كالا بابىرغا ۋە ئۇنىڭدىن نېرىراقتا ئولتۇرغان خوجائابدۇللاغا باش ئېگىپ تەزىم قىلدى-دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئادىلــلىق قىلىڭ ئەمــىرزادەم! ــ دېــدى، ــ مەن پــىتىنچى ئەمەسمەن. ئۇستازىم! بازاردا بىر پاكار نەۋكەر ماڭا ئېيتتى. "پادىشاھ ئاخســدا مەس بولۇپ ياردىن يىقىــلىپ ئۆلۈپــتۇ، بابىر مىرزا دۈشمەندىن قورقۇپ ئالاتاغ تەرەپكە قېچىپتۇ" دېدى.

بابىرنىڭ غەزىپى كېلىپ:

ــ بوھتان بۇ! ــ دېدى.

ــ بوھتانلىقىنى مەن كېيىن بىلــدىم، ئەمىرزادەم، مېنى ئەپۇ قىلــىڭ! ــ دەپ دەرۋىش كالا بىر ئىككى قەدەم يېــقىنلاپ، قولى كەينىگە باغلانــغان پېتى تىز چۆكــتى، ــ تۆھمەتــلىكىگە بۇ يەردە مۇبارەك يــۈزىــڭىزنى كــۆرۈپ ئىشەنــدىم. ئەمما بازاردا خەلق ۋەھىمىگە چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ قاچقاندا ئۆزەمنى يوقىتىپ قويدۇم. بىر ئادەمنى توختىتىپ، "شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم، راستمىدۇ؟" دەپ سوراۋاتقىنىمدا ھاكىم جانابلىرىنىڭ مەخپىي ئادەملىرى گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن...

ــ ياق، سەن گەپ سوراش باھانــىسى بىلەن بۇ قەبىھ ئــىغۋانى تارقىتىپ يۈرگىنىڭدە قولغا چۈشتۈڭ! ــ دېدى ئۇزۇن ھەسەن.

ــ كەلامۇللانى بېرىڭ، قەسەم ئىچىمەن!

ــ كەلامۇللانىمۇ خار قىلماقچى بۇ قەسەمخور! ــ دېدى ياقۇپبەگ بابىرغا قاراپ، ــ ئەمىرزادەم، ئەگەر بۇ ئەبلەخ ساداقەتــلىك قۇلىڭىز بولغاندا يامان ئىغۋا تارقاتقان ئاشۇ نەۋكەرنى قولــدىن تۇتۇپ ھاكىمغا تاپشۇرماسمىدى؟ ۋەھالەنكى، بۇ ئۆزى ئاشۇ ئىغۋانى باشقىلارغا ئېيتقان، يەنى ئىغۋا تارقاتــقان. بۇنى ھازىر ئۆز تىلــىدىنمۇ ئاڭلىدۇق!

دەرۋىش كالا ھاڭ-تاڭ بولۇپ:

— يا خۇدا، ئۆزەڭ ساقلا! — دېدى.

ياقۇپبەگ بابىرغا بايىقىدەك مۇلايىم كۆز تاشلاپ، كەمشۈك ئاغزىنى سادىق بىر تەبەسسۇم بىلەن ئاچتى:

— ئەمىرزادەم، سىزنىڭ رەھمەتلىك ئاتىڭىز دەرۋىش كالىنى مىرابلارغا سەردار قىلىپ قويغانىدى. ئاتىڭىزنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بۇ كالا ئەمدى ھەزرىتى ئالىينى مۇقەددەس رامىزان ئېيىدا مەس بولۇپ يىقىلغان دېسە-ھە! بۇ قانداق نائىنساپلىق!

بابىرنىڭ ياش قەلبى بۇ خەۋپلىك ئىغۋاغا قارشى غەزەپ تۇيغۇسى بىلەن تولۇۋاتاتتى. "ئالداش ئۈچۈن بالا ياخشى!" ئويلاندى ياقۇپبەگ ئۈمىد بىلەن. ئىغۋا تارقاتقان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى جان-دىلى بىلەن دەرۋىش كالىغا ئاغدۇرۇپ، بابىرنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىشتا ياقۇپبەگ يالغۇز ئەمەس ئىدى، بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكى دەرۋىش كالىنى ئەيىبدار دەپ تونۇشماقتا ئىدى.

— ئىغۋا تارقاتقانلىقىنى ئۆزى بويىنىغا ئالدى! — دېدى ياقۇپبەگ.

— تىلىدىن تۇتۇلدى، جازاسىنى بېرىش كېرەك! — دەپ ئەلى دوستبەگ نامىلىق قاپىقى يامان كوسا بىر كىشى ياقۇپبەگنى قوللىدى.

ئويچان ئولتۇرغان قاسىمبەگ بايىقى شېرىمبەگ تاغىنىڭ ئىمزاسىز خەت ئېلىپ كەلگەن كەپتەر ھەققىدىكى گېپىنى ئەسلىدى-دە:

— بەلكى يەنە تەكشۈرۈپ بېقىش لازىمدۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭغا مەزىدبەگ ئېتىراز بىلدۈردى:

— ئارتۇقچە تەكشۈرۈشلەرگە ۋاقىت قېنى؟ دۈشمەن مەرغىلاننى ئېلىپ، ئەنجانغا باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. قانلىق ئۇرۇش پەيتىدە

ئەلنى ۋەھىمىگە سالغان، پادىشاھنىڭ ئىناۋىتىگە داغ كەلتۈرمەكچى بولغان ئىغۋاگەرلەرگە رەھىم قىلىنمايدۇ!

— ئىبرەت ئۈچۈن مەيداندا ياساقىغا يەتكۈزۈش كېرەك، باشقىلارغا ئۈلگە بولسۇن! — دېدى ئۇزۇن ھەسەن.

"ياساقىغا يەتكۈزۈش" خالايىق ئالدىدا كاللىسىنى ئېلىش دېگەن گەپ ئىدى.

دەرۋىش كالىنىڭ يۈزىگە ئۆلۈم شەپىسى سايە چۈشۈرۈپ ئۆتكەندەك بولدى، ئۇ تىزلىنىپ مېڭىپ بابىرغا يېقىنلىشىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

— ئەمىرزادەم، مەن ئىغۋاگەر ئەمەسمەن! مەن ئىغۋاگەرلەرنىڭ قۇربانىمەن! ماڭا رەھىم قىلىڭ! بەش كىچىك بالام بار! نائۇمىد قىلماڭ، ئەمىرزادەم!

دەرۋىش كالىنىڭ يوغان گەۋدىسى سىلكىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلايتتى، قولى باغلاقلىق بولغىنى ئۈچۈن يۈزىنى يوشۇرالمايتتى، كۆز ياشلىرى ئارىلاپ ئاق چۈشكەن ساقىلىغا تامچىلاپ ئېقىپ چۈشەتتى.

شۇنداق ياشانغان ئادەمنىڭ بۇنچىلىك زارلىنىپ يىغلىغىنى بابىرنىڭ قەلبىنى كۆپىرىپ تۇرغان غەزەپنى بىردىن باستى. ئۇنىڭ دەرۋىش كالىغا رەھمى كەلدى-دە، ئۇستازى خوجائابدۇللاغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. خوجائابدۇللادىن "مۇشۇ بىچارىنىڭ قېنىدىن كېچىڭ!" دەمدىكىن دەپ كۈتتى.

بىراق خوجائابدۇللا ئېغىز ئاچقۇچە، يەنە ياقۇببەگ سۆز باشلىدى:

— بەش بالىسى بار ئادەم تىلىنى يىغىپ يۈرسە بولماسمىدى!

— ھە، بۇ كالا ئۆزى ھەددىدىن ئاشقان! — دېدى ئۆزۈن ھەسەن.

— بولمىسا، پادىشاھ ھەققىدە ئىغۋا قىلغانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان ئاغزىغا ئۇرماسمىدى! ياكى ئۇ تۇز كورلارنى بىزگە تۇتۇپ بەرمەسمىدى!

بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ گەپلەر بابىرنىڭ خىياللىرىنى چىگىشلەشتۇرۇۋەتتى. ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇۋاتقان تەشنالىق يېگى بىر كۈچ بىلەن قايتىلاندى. تورۇسلار، تاملار، گىلەملەر، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، چاپىلىشىپ، پىر-پىر پىرقىراشقا باشلىدى. دەرۋىش كالىنىڭ يىغلاپ قىلغان سۆزلىرى گويا يىراقتىن ئاڭلاندى:

— ئەمىرزادەم! ئادالەتلىك قىلىڭ! مەن ئاتىڭىزنىڭ سادىق پۇقرالىرىدىنمەن! سىز تېخى ياش، ساپ دىل. سىز تېخى بۇ بەگ-لەرنى بىلمەيسىز! بۇلارنىڭ مەندە ئۆچى بار! بەگلەرگە ئىشەنمەڭ، ئەمىرزادەم! خەلقتىن سوراڭ! مېنى ئەل-ئۇلۇس بىلىدۇ! پۇقرالار بىلىدۇ.

ئەلى دوستبەگ مىرابنى قولى بىلەن جونۇپ:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئەمىرزادەم، بۇ كالىنىڭ قارا نىيەتلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

ياقۇببەگ بابىر تەرەپكە تەزىم بىلەن ئېگىلىپ، بايىقىدەك مۇلايىم ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈردى:

— بۇ كالا ئەل-ئۇلۇسنى بەگلەرگە قارشى قوزغىماقچى، ئەمىر-زادەم. دۈشمەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا بەگلەر بىلەن پۇقرانىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ سالماقچى!

— نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقى شۇنىڭدىنمۇ ئايان! — دېدى ئۆزۈن

ھەسەن ۋە نەۋكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى، — بەس، ئېلىپ چىق!

بايىقى ئىككى نەۋكەر دەرۋىش كالىنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى-دە، كۈچ بىلەن ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى بابىردىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەن مەھبۇس:

— مەن بىگۇناھمەن! — دەپ ۋارقىرىدى، — بەش بالامنىڭ ئۇۋالى ئۇرىدۇ سەن بەگلەرنى! مېنىڭ بىگۇناھ قېنىم تۇتىدۇ ھەممىڭلارنى!

بۇ قارغىش بابىرنىڭ قەلبىگە ئۆتكۈر تىغدەك قادالدى. ئۇنىڭ قول-پۇتى تىترەپ، ئولتۇرغان جايىدا كۆزى قاراڭغۇلاشتى. بايىقى قويۇن ئاۋۋالقىدىن بەتتەر ھۇجۇم قىلغاندەك، ئۇنى مانا شۇ ئادەملەرگە قوشۇپ يۆگەپ ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەتراپ كۆزىگە چاڭ-توزان ئارىسىدا قالغاندەك خىرە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئولتۇرغان جايىدا يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىككى قولىنى ئىككى يېنىغا تىرىدى.

دەرۋىش كالىنىڭ قارغىشىدىن غەزىپى ئۆرلىگەن بەگلەر ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلدى:

— بۇ تۇزكور ياساققا يەتمىگۈچە ئەلدىكى ۋەھىمە بېسىلمايدۇ!

— ئىبرەت ئۈچۈن بىرەر ئىغۋاگەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش زۆرۈر!

— ياساق!

— ياساق!

بابىرنىڭ كۆز ئالدىدىن بايىقى ئادەمنىڭ ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرى كەتمەيتتى، قولىقىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ ھەسرەت بىلەن ۋارقىرىغىنىنى ھامان جاراڭلاپ تۇراتتى. ئاشۇ تىرىك ئادەم ئۆردىغا ئايلىنىشى كېرەك، بابىر بۇنىڭغا پەرمان بېرىشى كېرەك،

نېمە ئۈچۈن؟ بەگلەر ئۇ ئادەمنى گۇناھكار دەپ، بابىرنى ئىشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟

بەلكى بۇ بەگلەر راستتىنلا بابىرنى ئالداۋاتقاندۇ، بەلكىم مانا مۇشۇنداق بەگلەر ئاخسىدا ئۆمەرشەيخ مىرزىنى ياردىن ئىتتىرىۋېتىپ ئۆلتۈرگەندۇ، بەلكى ئەتە-ئۆگۈن بابىرنىڭ جېنىغىمۇ قەست قىلىشىدىغاندۇ.

بىردىنلا بابىرنىڭ بىغەم يۈرگەن دەۋرى يادىغا چۈشتى. تۈنۈگۈنلا ئۇ تەڭتۇش دوستلىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئويناپ يۈرمىگەنمىدى؟ ئەلىشىر ناۋائىينىڭ رەسىمگە تىكىلىپ پاك ياشلىق خىياللىرىغا بېرىلگىنى قاچان ئىدى؟ ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، بۈگۈن ئەتىگەندە، بۈگۈن چۈشتە ئۇنىڭ ھاياتى قۇياشلىق ئاسماندەك سۈزۈك ۋە ساپ ئىدىغۇ؟ بۇ قارا بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا قەيەردىن قاپلاپ كەلدى؟ "ياساق!" دەپ ۋارقىراۋاتقان ھەربىر غەزەپلەنگەن بەگ بابىردىن قۇياشنى توسۇۋالغان بىر قارا بۇلۇتقا ئوخشايتتى. بابىرنى چىرماپ ئايلاندۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك قۇيۇن مانا شۇ قارا بۇلۇتلارنىڭ شامىلى ئەمەسمىكىن؟ ئەجەبا، بۇ بۇلۇتلار دائىم تاجۇتەخت بىلەن بىللە يۈرسە ۋە دەرۋىش كالىغا ئوخشاشلارنىڭ قېنىغا شۇنچىلىك تەشنا بولسا، ھە؟! بايا بابىرغا خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىققان تولۇن ئايدەك گۈزەل كۆرۈنگەن تاجۇتەخت ئەمدى ئاي تۇتۇلغان كېچىدەك ۋەھىمىلىك تۈسكە كىردى. بابىر نامەلۇم خەۋپ-خەتەرلەردىن سەسكىنىپ، خوجائابدۇللاغا ياردەم سورىغاندەك قارىدى:

— ئۇستاز!

خوجائابدۇللا ئۇ تەرەپكە سۇرۇلۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمىرزادەم، تېتىك بولۇڭ، — دېدى.

— نېمە قىلاي، ئېيتىڭ!... — پىچىرلىدى بابىر.

— ھۆكۈم چىقىرىڭ! بەگلەر ياساققا تاپشۇرۇلسۇن دەپ تەلەپ قىلىشماقتا.

— سىزچۇ ئۇستاز؟

ئەگەر خوجائابدۇللا ئولتۇرغانلارغا قارشى چىقىپ، دەرۋىش كالىنى قوللىسا، شۇنچە چارە-تەدبىر بىلەن تەسلىكتە جەم بولۇشقان بەگلەرنىڭ يەنە چېچىلىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى.

— ئەمىرزادەم، — پىچىرلىدى خوجائابدۇللا، — پادىشاھلىق ئۇدۇمىغا بىنائەن خەتەرلىك ئۇرۇش پەيتىدە تاجدارلار شەنىگە نامۇناسىپ گەپ قىلغان ئادەم جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ! دەرۋىش كالا يەنە بۇ يەردىمۇ تىلىنى باسماي چاتاق قىلدى. بارلىق بەگلەرنى يامانلاپ، قارغاپ، ئوتقا ياغ چاچتى! ئەمدى سىز... بىرەر دەرۋىش كالىنى دەپ بارلىق بەگلەردىن ۋازكېچەلمەيسىز. ۋەزىيەت خەۋپلىك... ئىبرەت ئۈچۈن كالىنى ياساققا يەتكۈزۈشتىن باشقا چارە يوق.

* * *

ئەتىسى كۈنى پېشىندا ئەنجان ئوردىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جازا مەيدانىدا ناغرىلار چېلىندى. توپلانغان خالايىقنىڭ كۆزى ئالدىدا دەرۋىش كالا يامان ئىنگۋا تارقىتىشتا ئەيىبلىنىپ، بېشى كېسىلدى.

ياقۇببەگ ئەھمەد تەنبەلنى پاكار نەۋكىرى بىلەن بىللە شۇ كۈنى كېچىسى ئاخسىغا يوشۇرۇن يولغا سالغانىدى. ئىككى ئاردىكى سىر سىرلىقى بويىچە قالدى.

دۈشمەن مەرغىلاننى ئېلىپ، ئەنجانغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى.

خوجائابدۇللا باشلىق ئەلچىلەر بابىرنىڭ نامىدىن سەمەرقەند پادىشاھىنىڭ مەرغىلاندىن بىرىراقتىكى قارارگاھىغا بېرىپ سۇلھ تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

— سىز بىلەن ئۇرۇش باشلىغان ئىنىڭىز ئۆمەرشەيخ مىرزا ياردىن يىقىلىپ ۋاپات بولدى! بابىر مىرزىنى پەرزەنت ئورنىدا كۆرگەيسىز! ئاخىر ئۇ زات سىزگە كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسىدا! سىزنى باش ھۆكۈمدارىمىز، دەپ تەن ئالىدۇ! ئولپان تۆلەيمىز! ئۇرۇشنى توختىتىڭ، ھەزرىتىم!

خوجائابدۇللانىڭ بۇ تەكلىپكە سەمەرقەندلىك بەگلەر قاتتىق قارشى چىقىشتى. ئۇلار ئەنجان ۋە ئاخسىنى بېسىپ، تالاپ، چوڭ-چوڭ ئولجا ئېلىش ئۈمىدىدە ئىدى. سۇلھ ئۇلارنى مانا شۇ ئولجىلاردىن مەھرۇم قىلاتتى، ئولپاننى پادىشاھنىڭ بىر ئۆزى ئالاتتى.

— شۇنچە جايدىن قان كېچىپ، جان ئېلىپ-جان بېرىپ كېلىپ، ئەمدى يەتتۈق دېگەندە قۇرۇق قايتىمىزمۇ؟ — دېدى مۇھەممەد تارخان ناملىق بەگ.

— سۇلھ تۈزمەڭ، ھەزرىتىم!

— قاتتىق تۇرۇڭ! — دېيىشتى باشقا بەگلەرمۇ.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا بەگلەرنىڭ رايىنى قايتۇرالمايدىغان زەئىپ تاجدارلاردىن ئىدى. خوجائابدۇللا باشلىق ئەلچىلەر ئۇنىڭدىن رەت جاۋابىنى ئېلىپ قايتىشتى.

ئەمدى ئاۋۋالقىدىن بەتتەر قىرغىن بولۇشىنى سەزگەن بەگ ۋە نەۋكەرلەر ئەنجان قورغىنىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قوۋا. جاسارەتنىڭ جازاسى

1

ئۆتكەن كۈنى ئاتلىنىپ ئەنجانغا كەتكەن موللاپەزىلىددىن بۈگۈن قاتتىق خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە يەنە قوۋاغا قايتتى.

ئۇ بابىرنىڭ ئاتىسى ئورنىغا ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ھىمايە سوراش نىيىتىدە ئوردىغا بارغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسە نائۇمىد قايتماسلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى موللاپەزىلىددىن چارباغدا ساراي قورغان پەيتلىرىدە بابىر بىلەن كۆپ ھەمسۆھبەت بولغان، ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، شائىر تەبىئەت، چېچەن ئۆسمۈر ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئەلىشىر ناۋايى سۈرىتىنى ھەدىيە قىلغانىدى. بابىر ئۇنىڭغا جاۋابەن موللاپەزىلىددىنگە زەرباپ تون كىيدۈرگەنىدى. ئەمدى موللاپەزىلىددىن زوراۋان بەگلەردىن كۆرگەن يامانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەرسە، بابىر ئۇنى ھىمايىسىز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئاشۇ ھاكىم ئۇزۇن ھەسەن تۇرغانىكەن.

— بابىر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن مەخسۇس رۇخسەت كېرەك، — دەپ ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— رۇخسەتنى كىم بېرىدۇ، جاناب ھاكىم؟

— ئىشىك ئاغا ياقۇببەگ جانابلىرى!... ئەنە، ئۆزى ئىچكىرىدىن چىقىۋاتىدۇ!...

ئۇنچە نەۋكەرنىڭ ھىمايىسىدە ئىچكىرىسىدىن ئاتلىق چىقىپ كېلىۋاتقان ياقۇببەگ پەقەت بىرىنچى ۋەزىر دەرىجىسىدىكى ئىشىك

ئاغىلار تاقايدىغان كەڭ ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلىۋالغانىدى. پۇلى جىق بۇ بەگ ئەنجان مۇداپىئەسىگە ھەممىدىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتقانىدى. ئۇنىڭ نەۋكەرلىرىمۇ باشقا بەگلەرنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى. ئۆزىمۇ بابىرغا قاتتىق ئىخلاسمەنلىكىنى ھەر ئىشىدا نامايىش قىلىپ، كېچە-كۈندۈز تىنمايتتى. ئۇ بىرىنچى كۈنىلا بابىرغا ئۆزىنى سادىق كۆرسەتكەنىنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، ئاخىرى، تولۇق ھوقۇقلۇق ئىشىك ئاغا بولۇۋالغانىدى. بۇنى ئەمدى بىلگەن موللاپەزىلدىن ئازراق ئەنسىرىدى. لېكىن ئۆزىنى دادىل تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئاتلىق كېلىۋاتقان ياقۇببەگنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقتى:

— جاناب ئىشىك ئاغا، ئىجازەت بېرىڭ، كەمىنە بابىر مىرزا ھۇزۇرىغا كىرمەكچى ئىدىم!

ياقۇببەگ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، سەل توختىدى-دە، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرغان موللاپەزىلدىنگە ئات ئۈستىدىن ياراتمىغاندەك نەزەر سالدى:

— كىرىپ نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئەرزىم بار... مىمارلىق سەنئىتىگە ئائىت...

— ھازىر ياش پادىشاھىمىزغا مىمارلار ئەمەس، مەملىكەت مۇداپىئەسىگە يارايدىغان نەۋكەرلەر لازىم! ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن كېلىڭ!

ياقۇببەگ "گەپ تامام!" دېگەندەك قىلىپ ئېتىنى تېز ماڭدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. موللاپەزىلدىن بىرمەھەل ھاڭقېيىپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا ئۇزۇن ھەسەننىڭ:

— جاناب مېمار، تەۋاچىلار[1] نەۋكەرلىككە ئادەم ئىلىۋاتىدۇ، خالىسىڭىز بېرىپ نەۋكەر بولۇڭ! — دېگەن كىنايىسى ئۇنى ئۆز ھوشىغا كەلتۈردى.

— ئۆلمىسەك تېخى مېمار كېرەك بولىدىغان كۈنلەرگىمۇ يېتىشەرمىز! — دېدى موللاپەزىلىددىن ھاكىمغا نەپرەتلىك نەزەر تاشلاپ.

ئەمدى ئۇنىڭ بابىر ھۇزۇرىغا كېرەلمەسلىكى ئېنىق. ياقۇببەگ بىلەن ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەن قەلئەدە قېلىش بولسا ناھايىتى خەتەرلىك. دەرۋىش كالىنىڭ ئۆلۈمىگە ئاشۇ بەگلەر سەۋەبچى بولغىنىنى موللاپەزىلىددىن ئاڭلىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن سەل بىخەتەررەك جاي — قۇۋادىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيى ئىدى...

موللاپەزىلىددىن خۇپتەن پەيتىدە ھويلىغا كىرىپ كەلسە، پاچچەسى بىلەن ھەدىسى دۈشمەن يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇنچ بېسىپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

قۇۋا سايىدىن نېرىراقتا — كەركىدان ئېدىرىدىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ چارلىغۇچىلىرى ياققان گۈلخانلار ۋال-ۋال قىلماقتا ئىدى.

— موللاپەزىلىددىن، دۈشمەن كەلسە پولات ساندۇقىڭىزنى ساق قويماس، — دېدى پاچچەسى، — بۇنى تېزرەك يوشۇرۇڭ.

— بوش ئورىڭىز بارمۇ، پاچچە؟

— بار. ئەنە، بېدىخانىدا.

— تاھىر قېنى؟

— مەھمۇد بىلەن كۆۋرۈك تەرەپكە كەتتى. بىلمىدىم، نېمە ئىشى بار؟ سورىسام ئېيتمىدى.

---

① تەۋاچى — پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگۈچى ئەمەلدار.

موللاپەزلىددىن پاچەسىنىڭ يارددىمىدە پولات ساندۇقنى يەنە تاغارغا سېلىپ، بېدىخانىدىكى بوش ئورىغا سېلىپ قويدى-دە، ئورنىڭ ئاغزىنى تاختايلار بىلەن ئەتتى. كېيىن بۇ تاختايلار ئۈستىگە بېدە باغلىرىنى ئېگىز قىلىپ دۆۋىلەپ قويدى.

* * *

ئاسماننى يەنە قويۇق بۇلۇت قاپلىغان، ئانچە-مۇنچە يامغۇر تامچىلاپ قوياتتى. قۇۋا كوچىلىرى جىمجىت. دۈشمەن يېقىنلاشقانلىقىنى سەزگەن ئادەملەر ئۆي-ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان. ئاندا-ساندا ئىتلارنىڭ هاۋشىغىنى ئاڭلانمىسا، پۈتۈن قۇۋا كۆچۈپ كەتكەنگە ئوخشايتتى. قۇۋا ساي ئۈستىدىن ئۆتكەن ياغاچ كۆۋرۈكتىمۇ ئىنس-جىن كۆرۈنمەيتتى. ئەلچىلەر يامان خەۋەر بىلەن قايتقاندىن كېيىن كۆۋرۈكتىكى ساقچىلار قورغانغا قېچىپ كېتىشكەن...

تۇن يېرىملىغاندا شۇ كۆۋرۈككە قاراپ كېتىدىغان يول چېتىدە ئۈچ-تۆت قارا كۆرۈندى. يول بويىدىكى دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئاستا ئېچىلدى-دە، ئۇنىڭدىن تولۇم كۆتۈرگەن پاكار ئادەم چىقتى.

تاهىر پىچىرلاپ سورىدى:

— چاقماق بىلەن تۇتۇرۇقنىمۇ ئالدىڭمۇ؟

— ئالدىم.

پاكار يىگىتنىڭ كىيىملىرىدىن زىغىر مېيىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ جۇۋازچى ئىدى.

تاهىر يۈزىگە يامغۇر تامچىلىغانلىقىنى سېزىپ ئاسمانغا قارىدى. بۇلۇت قويۇقلىشىپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەي قالغانىدى.

"يامغۇر قويۇۋەتسە ئوت يانماي بالا بولارمىكىن؟ — ئويلاندى

www.uyghurkitap.com

نۇ — كۈرۈكنىڭ ياغاچلىرىمۇ ھۆل بولۇپ كەتكەندۇ".
— مەھمۇد، مەن بىر پالتا ئالدىم، ئەمدى يەنە بىر پالتا بىلەن ئىككى كىشىلىك چوڭ ھەرە كېرەك. سەن ياغاچچى، ئەسۋابلىرىڭ تولۇق.
— ھەرىنى نېمە قىلىسەن؟
— كېرەك! ئۆمۈرزاق سەنمۇ بىللە بار. دەرھال ئېلىپ چىقىڭلار.
ئىككى يىگىت بىر تار كوچىغا كىرىپ كېتىشتى-دە، ئاز ئۆتمەيلا ئېيتىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى. كېيىن ھەممىسى تام تۈۋى بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى.
تاھىر كۆۋرۈكتە قاراۋۇل يوقلۇقىنى بايا ئېنىقلىغانىدى. ئەنجان قوشۇنى ئارقىغا چېكىنىپ، قورغانغا كىرىپ كەتكەن. باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بۇنى ياخشى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇۋادەك جايلاردا ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر بولۇشىنى ئويلاشمايتتى.
تاھىر كۆۋرۈكتىن بېرىراقتا قارىيىپ تۇرغان چوڭ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ھەمراھلىرىنى توختاتتى:
— سىلەردىن يوشۇرىدىغان گەپ يوق، بەگلەر بىلەن نەۋكەرلەر بىزنى دۈشمەننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ كەتتى. "ئۆزەڭ ئۈچۈن ئۆل يېتىم" دېگەن گەپ بار. خۇدا ئىشىمىزنى ئوتۇقلۇق قىلسا، ھەممىمىز ئۆي ئىچىمىز بىلەن بىر بالادىن قۇتۇلۇپ قالىمىز. ناۋادا ئىشىمىز ئوڭدىن كەلمىسە... بىرەرىمىز قولغا چۈشۈپ قالساق...
— شۇ چاغدىمۇ مەرد بولۇش كېرەك، — دېدى مەھمۇد، — قەسەم قىلايلى، كىمكى دۈشمەنگە سىر بەرسە، ئانىسى خوتۇنى بولسۇن!

— ئامىن!

— ئامىن!

ھەممىسى دۇئا قىلىشتى-دە، كەينى-كەينىدىن كۆۋرۈككە چىقىشتى. تاھىرنىڭ مۆلچىرى قىرىق-ئەللىك قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوت قويۇش ئىدى. ئەمما ئۇلار ئىلگىرىلىگەنسېرى ئەتراپلىرى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنى ھېمايىسىز سېزىشكە باشلىدى. سۇنىڭ ئۇچۇق يۈزى قىرغاقتا نىسبەتەن يورۇقراق ئىدى. كۆۋرۈك دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈدۈلىدا نىشان تاختىسىغا ئوخشاپ تۇرغاندەك خەۋپلىك تۇيۇلاتتى.

بىرچاغدا ياغاچچى يىگىتنىڭ قولىدىكى چوڭ ھەرە ئېگىلىپ، يۇپقا پولات تاھىرنىڭ پالتىسىغا تېگىپ كەتتى. ئۇنىڭ جاراڭلىشى قاراڭغۇدا شۇنداق كەسكىن ئاڭلاندىكى، يىگىتلەر سەسكىنىپ توختاشتى. ئەتراپىغا قۇلاق سېلىپ، بىرمەھەل قېتىپ تۇرۇشتى. پاقىلار بىر تەكشى كۇركىراشماقتا ئىدى.

— تاھىركۆپ نېرىغا بارمايلى! — دەپ شۇۋىرلىدى مەھمۇد، — كېلىپ قالسا قېچىپ قۇتۇلۇشىمۇ ئوڭاي بولىدۇ.

— نېرىقى تەرەپتىن كېلەمدۇ؟ ئۆمۈرزاقنى شۇ تەرەپكە قاراۋۇل قىلىپ قويىمىز قورقماڭلار، دۈشمەن يىراقتا.

شۇ پەيت يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئەندى يىراقتىكى گۈلخانلارمۇ كۆزدىن يوقالدى. دۈشمەننىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى پۈتۈنلەي بىر تەرەپ بولغىنىنى سېزىپ، تاھىر ئىچىدىن خۇش بولدى.

كۆۋرۈك خېلىلا ئۇزۇن بولغىنى ئۈچۈن ئۈچ-تۆت جايىدا تېگىدىن قويۇلغان زور ئۈچ ئاچا تىرەكلىرى بار ئىدى. تاھىر كۆۋرۈكنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانتىدىن پەسكە ئېگىلىپ قاراپ، شۇ تىرەكلەرنىڭ بىرسىنى مۆلچەرگە ئالدى-دە، توختىدى. ئۆمۈرزاق كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى چېتىدە قاراۋۇل بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كەتتى. قالغانلىرى كۆۋرۈك ياغاچلىرىنىڭ ئاسانراق يېنىشى مۇمكىن بولغان جايلىرىنى تاللاپ، پالتا بىلەن چېپىندى چىقىرىشتى، تولۇمدىكى مايدىن چېچىشتى. ئۈچەيلەن چاقماقنى تاشقا ئۇرۇپ، تۇتۇرۇقنى يامغۇردىن دالدىلاپ ئۇزۇن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرى، ئاچچىق پاختا تۈتۈنى دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى. ئوت يېقىشقا ئەپچىلرەك بولغان جۇۋازچى يىگىت تۇتۇرۇقنى پۈۋلەپ-پۈۋلەپ چوغ قىلدى. تاھىرچاپىنىنىڭ ئىچىدىن قولتىقىغا قىسىپ ئېلىپ كەلگەن قۇرۇق پاخالنى شۇ چوغقا تۇتتى.

پاخالنىڭ زەئىپ ئوتى زىغىر مېيى چېچىلغان چېپىندىلارغا ئارىلىشىپ ئەمدى سەل كۆتۈرۈلەي دېگەندە، شامال قايرىپ ئۇرۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى "پىژ-پىژ" قىلىپ تەگدى-دە، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويدى.

— يانمايدىغان دۇغ ماي ئىكەن! — دېدى مەھمۇد جۇۋازچى يىگىتكە تەنە قىلىپ.

— يامغۇر ئۆچۈردىغۇ! مۇشۇ مايىنى تېپىپ چىقىقىنىمغىمۇ جان دېگىن!

— بەس، — شۇبىرلىدى تاھىر جۇۋازچى يىگىتكە، — تۇتۇرۇقنى ئۆچۈرمەي تۇرغىن!

تاھىر ئىككى تال بەلبېغىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، بىر ئۇچىنى بىلىگە باغلاپ، كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە ئېسىلىپ چۈشتى. تىرەكلەرنىڭ نەملەشمىگەن جايلىرىدىن چېپىندى چىقىرىۋېلىپ، ماي چېچىپ

مىڭ جاپادا ئەمدى تۇتاشتۇرۇۋاتقاندا شامالنىڭ كۈچلۈك بىر ئۇرۇشى يېڭىۋاتقان چېچەندىلارنى سوغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

تاھىر كۆۈرۈككە قايتىپ چىقتى-دە، پالتىنى قولىغا ئېلىپ، غەزەپ بىلەن كۆۈرۈكنىڭ قاناتلىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇشقا باشلىدى:

— مانا يانمساڭ! مانا يانمساڭ! مانا! مانا!

جۇۋازچى ئىككىنچى پالتىنى قولىغا ئېلىپ، كۆۈرۈكنىڭ ئېرىقى قانىتىنى سۇندۇرۇشقا چۈشتى.

— تاھىر، بۇ ئىشلىرىڭدىن نېمە پايدا؟ — دېدى مەھمۇد.

— ئەڭ ياخشىسى پالتىنى ماڭا بەرگىن. مانا بۇ مىخلانغان ياغاچلارنى قومۇرۇپ تاشلايلى.

ھاسىرىغان تاھىر مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاراڭغۇدا مىخ كۆرۈنمىسىمۇ، كەسپى ياغاچچى بولغان مەھمۇد ياغاچقا مىخ قېقىلغان جايىنى سىلاپ تاپتى. تاھىر ئىككىسى كۆۈرۈككە توغرىسىغا قويۇپ مىخلانغان تاختايسىمان بىر ياغاچنى قومۇرۇۋالدى. ئەمما ئىككىنچى ياغاچنى قومۇرۇش ناھايىتى قىيىن بولدى.

— راستلا، ھەرە بارغۇ! — دېدى مەھمۇد.

بىر چەتتە ياتقان ھەرىنى تاھىر سىلاشتۇرۇپ تاپتى. ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ئىككى دەستىسىدىن تۇتۇپ، كۆۈرۈك ياغاچلىرىنى ھەرىلەشكە باشلىدى.

— ئالدىرىما! — دېدى تاھىر، — بۇ يەردىكى بەش-ئونچە ياغاچنى ھەرىلىگىنىمىز بىلەن ھېچ نەرسە چىقمايدۇ.

— نېمىشقا چىقمايدۇ؟ ئات-ھارۋا ئۆتەلمەيدىغان قىلىمىز!

— بىرەر ئۇستىنى ئەكىلىپ كۆۈرۈكنى ئوڭشىتىپ، ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋەرسىچۇ؟

— پايدىسى يوق ئىشقا ئۇرۇنۇپتىمىز — دېدى جۇۋازچى يىگىت ئۈمىدسىزلىنىپ.

— ياق، بىزكۆۋرۈكنى بويىغا ئەمەس، ئېنىگە قاراپ ھەرىلىشىمىز كېرەك.

— توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچلار جۇۋاز باستۇرۇقىدەك يوغانغۇ، ھەرىلەشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ!

تۆت كىشى نۆۋەتلىشىپ ھەرە تارتىپ كۆۋرۈكنىڭ توغرىسىغا قىلىپ قويۇلغان يوغان ۋە قاتتىق ياغاچنى ھەرىلەۋاتقاندا قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىشتى. ئاق يىغىن ھېلىمۇ تامچىلاپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ۋە بەدەنلىرىدىن ئاققان تەر يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. يىگىتلەرنىڭ مەقستى كۆۋرۈكنى ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرغان ئۇق ياغاچلارنى ھەرىلەپ، ئۇنى بىر-ئىككى جايىدىن ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. ئەمما ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى يوغان ئۇق ياغاچلارنى ھەرىلەپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆۋرۈك ئۇلار كۈتكەندەك ئۈزۈلۈپ چۈشمىدى. ئۇنى يەنە قانداقتۇر مىخلار، بىر-بىرىگە چىشلەشتۇرۇپ قويۇلغان بالالار ۋە "بەلباغ" ياغاچلار مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى. تاھىر بىلەن مەھمۇد ھەرىنى قويۇپ، يەنە پالتىنى قولىغا ئېلىشتى، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ، بالالارغا چىشلىتىلگەن قاماق مىخلارنىڭ بەش-ئالتىسىنى تېپىشتى ۋە قومۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆۋرۈكنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى غىچىرلىدى، ئامما ئۆزى ئاۋۋالقىدەك تۇرىۋەردى.

— بولدى! — دېدى مەھمۇد ماغدۇرسىزلىنىپ، — قولىمىزدىن

كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپتىمىز!

— ھۇ، ئاناڭنى! — دەپ تاھىر قولىدىكى پالتا بىلەن يەنە كۆۋرۈك قاناتلىرىنى غاچىلدىتىپ سۇندۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى چېتىدىن ئۇلار قاراۋۇل قىلىپ قويغان يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— قوي بولدى! مۇنچىۋالا غاچىلداتما! نېرىقى ئېدىردىن دۈشمەن كېلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ.

— ھە؟! كۆردۈڭمۇ؟

— ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. "ئاتلان!"، "سەپلەن!" دەپ ۋارقى-راپ-جارقىراشقانلىرى قۇلىقىمغا چېلىندى!

— باستۇرۇپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن! - دەپ جوۋازچى قېچىشقا تەمشەلدى.

— ھەرەڭنى ئال، بۇ يەردە ھېچنېمىنى قالدۇرماڭلار! دەپ تاھىر يانمىغان چېپىندىلارنى، ياغاچ پارچىلىرىنى سۇغا تاشلىدى.

بەش يىگىت مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندەك روھلىرى چۈشۈپ، ئۆيلىرىگە قايتىشقاندا تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى.

## 2

زولۇقىنى يەپ يولغا چىققان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى توپى كۆۋرۈككە چىقىشقا باشلىغاندا تاڭ قاراڭغۇسى تېخى تارقالمىغانىدى. يامغۇر تاغلاردا قاتتىق يېغىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قۇۋا سايىنىڭ سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىياۋاتقانىدى. ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆۋرۈكتىن شالاڭ سەپ بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى · www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇلاردىن كېيىن كېلىۋاتقان سەپلەر ناھايىتى زىچ ئىدى. ھەربىر بەگنىڭ نەۋكەرلىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق يۈكلەرنى تۆگە قېتىلغان ئېغىر ھارۋىلارغا بېسىپ كەلمەكتە ئىدى.

قارا قۇشقاچتەك ھېسابسىز قوشۇن ئاتلىرى، تۆگىلىرى، ھارۋىلىرى بىلەن بىللە يامغۇرلۇق تاڭدا قاپقارا سەلگە ئوخشاپ، كۆۋرۈكنى لىق توشقۇزۇپ كېلىشىۋاتاتتى.

كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايىقى يىگىتلەر مىخلارنى قومۇرۇپ، خاياغاچلارنى ھەرىلەپ كەتكەن جاي مۇنچىۋالا ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئاشۇ جايدا بىر ئەبگار ئاتنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى مىخى قومۇرۇلغان ياغاچلارنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كەتتى. ئات مەيدىسى بىلەن يىقىلدى، پۇتىنى تارتىۋالالماي تېپىرلاشقا باشلىدى. ئېگەردە ئولتۇرغان نەۋكەر ئاتنىڭ بېشىدىن ھالقىپ، باشقا ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە ھېسابسىز تۇياقلار ئاستىدا قېلىپ يەنچىلىشنى سېزىپ، داد-پەرياد سېلىپ ۋارقىرىدى. ھەمراھلىرى ئىختىيارسىز تىزگىنلىرىنى تارتىشتى. بەزى ئاتلار قورقۇپ ئارقىسىغا شوخشىدى.

ئارقىدىكىلەر بولسا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز يامرىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بىردەمدە كۆۋرۈكنىڭ شۇ جايى ھەددىدىن تاشقىرى تىقمۇ تىقماق بولۇپ كەتتى. ھەرە ۋە پالتا زەربىسىدىن ئاجىزلاشقان كۆۋرۈك ياغاچلىرى تۇساتتىن غاچىلداپ سۇندى. كەپلىشىپ قالغان ئونلىغان ئاتلار، ئادەملەر كۆۋرۈك ياغاچلىرىغا قوشۇلۇپ سۇغا غۇلاشتى، تېشىپ تۇرغان سايىنىڭ سۈيى غۇلاپ چۈشكەنلەرنى لەپەڭشىتىپ ئېقىتىپ كەتتى.

كۆۋرۈك ئۈستىدە قالغانلار جان ھەلەكچىلىكىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ

قاچاقچى بولۇشتى. ئەمما ئارقىدىن داۋاملىق ئاتلىقلار، ھارۋىلار، تۆگىلەر كۆچكۈندەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئالدىدا نېمە ھادىسە بولغانلىقىدىن بىخەۋەر پادىشاھ ئەڭ يېقىن بەگلىرى بىلەن سايىنىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرۇپ، قوشۇننى كۆۋرۈك تەرەپكە ماڭدۇرماقتا ئىدى. لېكىن كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قىيا-چىيا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن قوشۇن بىردىنلا ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىدى، ئەمما قالايمىقانچىلىقتا كۆۋرۈككە سىغماي، ئات-ئۇلاغلىرى بىلەن سۇغا ئۈجمىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

كۆۋرۈك قاناتلىرىنىڭ تۇرغۇنلىغان جايى سۇندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىنى ئاسانلاشتۇراتتى. تەرتىپى بۇزۇلغان ھارۋىلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، كۆۋرۈكنىڭ ساق تۇرغان قاناتلىرىنىمۇ سۇندۇرۇپ غۇلىماقتا ئىدى. بەزى نەۋكەرلەر يولدا ئۇچرىغان تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسىنى قامچىلاپ ئۆتسە، بەزى بەگلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ، قالايمىقانچىلىقنى تىغ بىلەن باسماقچى بولۇشاتتى. ئەمما قورتتەك مىژ-مىژ بولۇپ قايناۋاتقان قوشۇن كۆۋرۈككە شۇنداق كەپلىشىپ قالغانىدىكى، ئۇنىڭغا نە قامچا، نە قىلىچ كار قىلمايتتى. تۆگىلەر بۆرقىرىشاتتى، ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى. قاتتىق قورقۇنچقا چۈشكەن خالايىق تىغ كۆتۈرگەن بەگلەرنىڭ ئۆزىنى ئات-ئۇلاغلىرى بىلەن سۈرۈپ بىرىپ كۆۋرۈكتىن دۈملىتىۋەتتى.

پادىشاھ بىلەن بىللە قىرغاقتا تۇرغان خاس نەۋكەرلەر سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇشقا پەرمان ئالدى. ئۇلار قومۇشلارنى شىلدىرلىتىپ، سۇغا يېقىن كەلگەندە ئۆزلىرىمۇ پاتقاققا پېتىپ قېلىشقا

www.uyghurkitap.com

باشلىدى. كېيىن ئارقىدا قالغانلىرى ئارغامچا تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈچ-تۆتىنى تەسلىكتە قۇتقۇزۇۋالدى. باشقىلىرىنى قومۇشلۇق پاتقاق ئىچىگە تارتىپ كەتتى.

سۇغا غۇلاپ چۈشكەنلەرنىڭ چۆككىنى چۆكۈپ ئۆلدى. ئۈزۈشنى بىلىدىغانلىرى ئاتلارنىڭ بويىنىغا ئېسىلىشىپ قومۇشلۇق قىرغاققا چىقاي دېگەندە پاتقاققا پېتىشتى. سېسىق پاتقاقلىق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ئادەمنىمۇ، ئاتنىمۇ ئايىغىدىن پەسكە تارتاتتى. ئاتلار جان ئاچچىقىدا سىلكىنىپ كىشنىشەتتى، ئادەملەرنىڭ قوللىرى قومۇشلاردىن تىلىنىپ دادلىشاتتى، ئەمما ئۇلار قورققانسېرى پاتقاققا چوڭقۇرراق چۆكۈشۈپ جىق ئازابلار بىلەن جان بېرىشەتتى.

ئوتتۇرىسى سۇنۇپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە — ئاغدۇرۇلغان ھارۋىلار، يىقىلىپ يېتىشقان ئات ۋە تۆگىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن نەۋكەرلەرنىڭ مىجىقلانغان جەسەتلىرى قالدى. دۈشمەننىڭ شۇ بىر-ئىككى سائەت ئىچىدىكى يوقىتىشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيانقى بارلىق يوقىتىشلىرىدىن كۆپرەك ۋە دەھشەتلىكرەك بولدى. يەنە، بۇ پالاكەتنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنچە ئادەمنىڭ مىسلىسىز قېيىنلىشتا جان بەرگەنلىكىنى كۆرگەن جەڭچىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن بەتتەر ئېسەنگىرەپ روھسىزلىنىپ كەتتى.

## 3

قۇۋالقىلار تاڭ يورۇغاندىن كۈن چىققۇچە بولۇپ ئۆتكەن بۇ پالاكەتنى نېرىقى قىرغاقتىكى ئۆگزە ۋە تاملاردىن مارىلاپ كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى "دۈشمەن تېخىمۇ تۈگەشسۇن" دەپ خۇشال بولسا، بەزىسى نى-نى يىگىتلەرنىڭ سۇغا ئېقىپ، پاتقاققا

پىتىپ، مىلىق ئازابىتا تۆلگەنلىكىگە ئىچىناتتى. تاھىر كېچىسى دوستلىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى بايا پەزلىددىن تاغىسىغا "دېگەن يەردىن چىقماي قالدى" دېگەن مەنىدە مەيۈسلىنىپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىنى ئۆگزىدىگە چىقىپ كۆرگەن موللاپەزلىددىن شوتىدىن چاپسان پەسكە چۈشتى-دە، تاھىرنى بىر چەتكە ئىملاپ چاقىرىۋالدى:

— دوستلىرىڭغا ئېيت! ھەممىڭلار چاپسانىراق مۆكۈنۈڭلار!

— نېمە ئۈچۈن موللاتاغا؟

— كۆۋرۈك ھەرىلەنگەن جايىدىن سۇنغان ئوخشايدۇ. ئەگەردە كۆۋرۈككە ئوت قويۇۋەتكەن بولساڭلارمۇ مۇنچىۋالا يوقىتىش بولماس ئىدى. چۈنكى دۈشمەن كۆۋرۈكنىڭ كۆيگەن جايىنى ئوڭشىماستىن ئۈستىگە چېرىگ چىقارمايتتى. ئۇلار غەپلەتتە قېلىپ بالاغا يولۇققان! ئەگەر قىلغان ئىشىڭلارنى سېزىپ قالسا، ھەممىمىزنى قىرىۋېتىشى ئېنىق!

— دۈشمەن تېخى نېرىقى تەرەپتىمۇ؟

— چارلىغۇچىلىرى بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىكەن، مەن كۆردۈم. گەپنى ئۇلغايتماي پاتراق يوشۇرۇن. توقايلىققا چىقىپ كېتىڭلار، چاپسان!

تاغىسىنىڭ ئەستايىدىل ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى سەزگەن تاھىر باشقا ئېتىراز بىلدۈرمىدى ۋە دوستلىرىغا ئاستا خەۋەر بېرىپ چىقتى:

— ئارغامچا بىلەن ئورغاق ئېلىڭلار. كىم سورىسا، ئوتۇنغا بارىمىز، دەڭلار. لېكىن ئۇزۇق ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك بولسۇن.

بەش يىگىت ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىققا تىرىشىپ قىشلاقتىن يەككە-يەككە چىقىشتى ۋە توقاي ئىچىدە ئۇچراشتى.

كۆۋرۈك سۇنماستىن ئاۋۋال بۇ تەرەپكە ئۆتۈۋالغان چارلىغۇچىلار قوۋانىڭ كەدخۇداسىنى① تېپىپ ئۇنىڭ ياردىمىدە ياغاچچى ئۇستىلارنى كۆۋرۈكنى تۈزۈتۈشكە ھەيدەپ چىقتى. نېرىقى تەرەپتە قالغان نەۋكەرلەر ئارغامچا تاشلاپ ياغاچ توشۇپ، ئۇلارغا ھەمكار-لىشىشقا باشلىدى.

كۆۋرۈك تۈزەشكە چىققانلارنىڭ ئارىسىدا تاھىرنىڭ ئاتىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ كېچىسى ئوغلىنىڭ نەگىدۇ بېرىپ، سەھەردە چارچاپ قايتقانلىقىنى سەزگەنىدى. ياغاچچىلاردىن بىرى ياغاچنىڭ ھەرىلەنگەن يېرىنى تاھىرنىڭ ئاتىسىغا كۆرسىتىپ، ئۆز شۈبھىسىنى ئېيتماقچى بولغاندا، ئۇستا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ لىۋىنى چىشلىدى:

— ئۇنچىقماڭ، — دەپ پىچىرلىدى، — ئەگەر دۈشمەن بىرەر گۇمانە-
ىمىزغا ئىشەنسە، پۈتۈن قوۋاغا ئوت قويىدۇ. ھەممىمىزنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ!

— سۆزىڭىز راست!

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى. ئىككى كۈن دېگەندە كۆۋرۈك ئاندا-مۇندىلا تۈزىتىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىردىن-ئىككىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈشتى. شۇنداقلا پادىشاھمۇ مۇلازىملىرى بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قوۋادا توختىماستىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

دۈشمەننىڭ ھارۋىلاردىكى ئېغىر يۈكلىرى ۋە تۆگە كارۋانلىرى كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىدا قېپ قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا دۈشمەننىڭ پىلانىدا قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى.

① كەدخۇدا — شەھەر ئاقساقىلى.

توقايدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن تاھىر رابىيەدىن ئەنسىرەيتتى. ئاتا-
ئانىسى قىزىنى قولىدىن كەلگۈچە ئاۋايلاپ، يوشۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى
بىلسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ھامان قوۋا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگىنى
ناھايىتى خەۋپلىك ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى يىگىتلەرنىڭ ئوزۇقلىرىمۇ
تۈگىدى. ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ۋە ئوزۇق تەييارلاپ
كېلىش ئۈچۈن تاھىر ئۆزى بارماقچى بولدى. ئۇ كەچكى
پەيتتە بىر باغ قومۇشنى يۈدۈپ ھويلىغا ئاستا يېقىنلاشتى.
دەرۋازا زەنجىرلاقلىق ئىكەن، قولىنىڭ ئۈچىنى تىقىپ، زەنجىرنى
چۈشۈردى. موللاپەزىلىددىن لاپاسنىڭ ئالدىدا ھارۋىنىڭ چاقلىرىنى
كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. قومۇش كۆتۈرۈپ كىرگەن تاھىرنى كۆرۈپ
ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى:

— سۈلھ مۇبارەك، جىيەنىم! سۈلھ!

— ئورۇش تۈگىدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، تۈگىدى.

تاھىر يەلكىسىدىكى قومۇشنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

تاغىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— جاسارەتىڭلار بىكارغا كەتمىدى، جىيەنىم! سەمەرقەند پادىشا-
ھىنىڭ ئۆزى سۈلھ تەكلىپ قىلغانمىش! كۆۋرۈكتىكى يوقىتىش
دۈشمەنىنىڭ بېلىنى ئوشتۇغانىكەن!

موللاپەزىلىددىن ئۈچىسىغا تار جىيەك تىكىلگەن ئۆرە ياقىلىق
كۆڭلەك كىيگەنىدى. تاھىر ئېڭىكىنى جىيەكىنىڭ بېغىچىغا قويۇپ ۋە
كۆتۈلمىگەن خۇشاللىقنىڭ زورىدىن ئۆپكىسى تولۇپ:

— ياخشى بوپتۇ، — دېيەلىدى خالاس.

موللاپەزىلىددىن ئۇنىڭ كۈچلۈك يەلكىسىنى سىلاپ پەس ئاۋاز

بىلەن:

— ئالامەت بولدى، — دېدى، — نى-نى بەگلەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ۋەزىپىنىڭ سېنىڭدەك ئاددىي يىگىتلەرنىڭ قولىدىن كەلگىنى ئالامەت بولدى! سەن ئورغاقچى دېھقان، بىر دوستۇڭ ياغاچچى، بىرى كاسىپ، يەنە بىرى كىم ئىدى؟

— جۇۋازچى.

— ھە، جۇۋازچى! — دەپ موللاپەزىلىددىن زوقلىنىپ كۈلدى-دە، جىيەنىنى قۇچىقىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى، — ئېسىلزادىلەر سەندەكلەرنى "قارا خەلق" دەپ پىسەنت قىلمايدۇ، ئاما بۈگۈن شۇ "قارا خەلق"نىڭ جاسارىتى بىلەن ئۇرۇش بالا-سىدىن قۇتۇلغانلىقنى بىلسە ئىدى.

— لېكىن مۇنچىلىك بولۇشنى بىز ئۆزىمىزمۇ بىلمىگەنىدۇق موللا تاغا. بىر تەرىپى، سىزنىڭ كېلىپ قالغىنىڭىز ياخشى بولدى. سىز بولمىغىنىڭىزدا بۇ ئىش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمەس ئىدى.

— شۇنداقمۇ، ھە، جىيەنىم؟ ئەگەر شۇنداق بولسا مېنىڭ بېشىمنى سەن كۆككە يەتكۈزدۈڭ! — موللاپەزىلىددىن ئاۋازىنى داۋاملىق پەسەيتىپ، قانداقتۇر خەۋپ سېزىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— موللا تاغا، قوۋادا ھېلىمۇ دۈشمەن بارمۇ؟ — دېدى تاھىر.

— ھە، دۈشمەن تامامەن ئۆتۈپ بولغىنى يوق. پادىشاھى ئەنجاندىن بىر ياغاچ① بېرىدا سۇلھ تۈزۈپ ئارقىغا قايتقانىمىش. چېرىگىنىڭ بىر قىسمى كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆزەم كۆردۈم. ئەمما قالغان-قاتقانلىرى ئەمدى قايتقانغا ئوخشايدۇ.

---

① بىر ياغاچ — تەخمىنەن ئون ئالتە چاقىرىم.

ئېھتىيات قىلىش كېرەك، جىيەنىم، ئۆيگە كىر.

تاھىر ئۈستىبېشىغا يېپىشقان قومۇش پۆپەكلىرىنى قېقىپ ئۆيگە كىرىۋاتقاندا قوشنىسىنىڭ ھويلىسىدىن ئايال كىشىنىڭ ئەللەي ئېيتىقىنى ئاڭلاندى.

تاھىر رابىيىنى ئەسلىدى-دە، يۈرىكى بىر سىقىلدى. سۆلە تۈزۈلگىنىنى ئاڭلىدىمىكىن؟ تاھىر ئۇنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. قېنى ئەمدى ئىلاجى بولسا ۋە ھازىر تام ئارتىلىپ قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرسە، رابىيىگە ئۆرۈش قانداق بېسىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ خۇشاللانغانلىقىنى كۆرسە! لېكىن ماقۇللۇق① ئەخلاقى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. تاھىر رابىيە بىلەن پەقەت يوشۇرۇن ئۇچرىشاتتى.

تاھىر ئەمدى ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنى سۆلە بىلەن مۇبارەكلەۋاتقانىدى، كوچىدا بىردىنلا ئىتلار قاتتىق قاۋاپ، ئات دۈپۈرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تاھىر ھودۇقۇپ دەرۋازىدىن ھويلىغا كىردى. ئايۋاندىن پەستە تۇرغان موللاپەزلىددىن ئۇنىڭغا ئوتۇنخانىنى كۆرسىتىپ:

— بۇياققا چىق! — دەپ پىچىرلىدى، — يوشۇرۇنۇۋال!

تاھىر بېلىگە ئېسىلغان خەنجەرنى سىپىدىن تۇتۇپ، ئايۋان ئارقىلىق ئوتۇنخانىغا يۈگۈرۈپ ئۆتتى ۋە قومۇش باغلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى شارت قىلىپ ئېچىلدى. ئېگەرلىرىنىڭ قېشىغا ياي ئېسىلغان، باشلىرىغا دۇبۇلغا كىيگەن، كەڭ شالۋۇرلىرى ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىنى يېپىپ تۇرغان ئاتلىق چېرىگلەر ھويلىغا

---

① ماقۇللۇق — قىزنىڭ يىگىتكە ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىۋېتىپ ئەتراپىغا ئالاڭ-بۇلاڭ كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى. ئۇلاردىن ئىككىسى بىر قارا ئاتقا مىنگىشىپ ئالغانىدى.

دۇبۇلغىسىنىڭ ئۇچىغا يېشىل رەختتىن بايراقچە قادالغان پانساد① لاپاستىكى ياۋىداق ئاتنى كۆردى-دە، مىنگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا قاراپ:

— ئەنە ئۇ سېنىڭكى! — دېدى.

ھەبەشتەك قارىيىپ كەتكەن ئۆسۈك بۇرۇتلۇق يىگىت قارا ئاتنىڭ ساغرىسىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، لاپاسقا قاراپ يۈگۈردى. قالغان يىگىتلەر پانسادنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، يېغىراق كىگىز بارمۇ، گىلەم بارمۇ، بوخچا بارمۇ ھەممىسىنى ھويلىغا كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى.

ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ جىم تۇرغان موللاپەزىلىددىن بۇلارنى "كۆۋرۈك ۋەقەسىدىن خەۋەر تېپىپ تاھىرلارنى ئىزدەپ كەلگەنمىكىن" دەپ قاتتىق قورققانىدى. ئەمدى بۇلارنىڭ نەپسانىيەتچى بۇلاڭچىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نەپرىتى كەلدى. ئاتتىن چۈشمەي ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پانسادقا قاراپ:

— مېھمان، ئىنساپ كېرەك! — دېدى، — پادىشاھلىرىمىز سۇلھ تۈزگەندىن كېيىن مۇنچىۋالا تالان-تاراج قىلىش مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەسمىكىن؟

لاپاستا موللاپەزىلىددىننىڭ ئېتىنى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭكى قىلىپ ئۇنى ئېگەرلەۋاتقان قارا يىگىت:

— سۇلھ، ئامان-ئامان! — دەپ، بۇ سۆزلەرنى مەسخىرىلىگەن-

---

① پانساد — ئەسكەر باشلىقى (ئونۋان).

دەك كۆلدى.

باشقا بىر يىگىت بوخچىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر جۈپ ئەتلەس تاپتى-دە پانسادقا ئۇزىتىپ:

— مالى ئامان①! — دېدى.

پانساد ئەتلەسنى ئېلىپ خۇرجۇنغا سېلىۋېتىپ موللاپەزلىددىنگە غەزەپلىنىپ سەمەرقەندچە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئالمىشتا ئېتىمىز ۋابا تېگىپ ئۆلدى. بىزگە كاساپىتىڭلار تەگدى. سەن بۇ يەردە ئاتلىق يۈرگىن، مېنىڭ يىگىتىم سەمەرقەندكە پىيادە كەتسۇنمۇ؟ ئىككى كىشى بىر ئاتقا مىنگىشىپ كىرگىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— كۆردۈم. ئەگەر هارۋىغا قوشۇلغان ئەبگار ئات يىگىتىڭىزنى سەمەرقەندكە كۆتۈرۈپ بارالىسا مەيلى، ئېلىڭ. لېكىن ئاياللارنىڭ بوخچىسىنى كولاش سىزدەك ئالىيجاناب پانسادقا مۇناسىپمىكىن؟

— بىزنىڭ ئاياللىرىمىز پەرغانە ئەتلىسىدىن سوۋغا ئالغاچ كېلىڭ، دەپ تاپىلىغان. بىز شۇنچە جايدىن ئاۋارە بولۇپ كېلىپ ئەمدى سوۋغاتسىز قايتايلىمۇ؟ ئىنساپ شۇمۇ؟!

پانساد ئاخىرقى سۆزىنى ئەلەم بىلەن ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىز توگىگەنلىكىدىن ناهايىتى نارازى ئىدى. بۇ ئادەملەر، ئۇرۇشتىن چوڭ ئولجىلار ئېلىش ئۈمىدىدە ئايلاپ-يىللاپ قان كېچىپ، هەممە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ يۈرەتتى. ئەگەر ئەنجان ۋە ئاخسىدەك باي شەهەرلەر بېسىپ ئېلىنسا، جەڭچىلەرنىڭ هەربىرى ئولجىلىق بولۇشى شۈبهىسىز ئىدى.

---

① مالى ئامان — ئۇرۇشتا تۆلىنىدىغان جان هەققى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراق قوۋادىكى يوقىتىشتىن كېيىن دەرھال سۈلھ تۈزۈلدى. ئەنجاندىن يارىشىش ئۈچۈن چىققانلار سەمەرقەند پادىشاھىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغىلار، قىممەت باھالىق سەرپايلار، بىرنەچچە يۈز چاپقۇر ئات ۋە تۆگىلەر ئىنئام قىلىشتى. بۇ ئىنئاملار پادىشاھ-نىڭ ئەڭ يېقىنلىرى، مۇلازىملىرى، بەگلىرى ۋە باشقىلاردىن ئاشماي قالدى. مانا بۇ پانسادقا ئوخشىغان جەڭچىلەر بولسا ئولجىسىز قالدى. شۇنىڭ ئەلمىگە ئۇلار ئارقىغا قايتىشىدا يولدا ئۇچرىغان قىشلاق-لارنى ئاختۇرۇپ ئولجا ئىزدەشكە چۈشكەندى.

ئۇلاردىن بەشى ھازىر رابىيەلەرنىڭ ھويلىسىغىمۇ باستۇرۇپ كىرگەندى. ئۇتتۇنخانىنىڭ بىر تېمى رابىيەلەرنىڭ ھويلىسىغا تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن تاھىر قوشنا ھويلىدىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان-لىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

تونۇگۇن ئېھتىيات قىلىپ ئىچكىرىدە مۈكۈنۈپ ئولتۇرغان رابىيە ئۇرۇش تۈگىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھويلىغا كالا ساغقىلى چىققانىدى. كالىغا موزايىنى قويۇپ، ئۇنى ئەمدۇرۇش بىلەن بەنت بولدى ـ دە، ھويلىسىغا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ كىرگەنلىكىنى كېيىنرەك سەزدى.

ئانىسى ئېغىلغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— ۋاي ئۆلەي، سەن مۇشۇ يەردىمىدىڭ؟

— نېمە بولدى ئانا؟

— دۈشمەن! توختا! ھويلىغا چىقما!... ئاۋۇ تۆشۈكتىن سامان-خانىغا ئۆتكىن!

ئولجا ئات ئىزدەپ يۈرگەن نەۋكەرلەرنىڭ ئىككىسى دەرھال ئېغىلغا كىردى ـ دە، ئۇنىڭ تۆرىدىكى تۆشۈكتىن نېرىقى تەرەپكە

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ قالدى. قىسىق كۆزلۈك قىپچاق يىگىت يېنىدىكىگە قاراپ:

— چىرايلىق قىزغا ئوخشايدۇ! — دېدى.

— ئات يوق ئىكەن - دە! — دېدى شېرىكى ئەپسۇسلىنىپ.

— ياخشى قىز ئاتتىنمۇ قىممەت بولىدۇ. ماڭ ئېلىپ چىقايلى، سەمەرقەندكە ئاپىرىپ پازىلبەگكە ساتىمىز!

سىيرنىڭ دالدىسىدا تۇرغان ئانا بۇ دەھشەتلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى.

— مۇسۇلمان بولساڭلار قىزىمغا تەگمەڭلار! مېنى ئۆلتۈرسەڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، قىزىمغا يېقىنلاشماڭلار! بىرسىنىڭ ئامانىتى! بىرسىگە پاتىھە ئوقۇتۇپ قويۇلغان. بۇ سۆزلەر قىسىق كۆزلۈك يىگىتنىڭ نەزىرىدە قىزنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغاندەك بولدى. ئۇ مومايىنى قولىدىن بىر سىلكىپ ئوقۇرغا ئىتتىرىۋەتتى. كەمپىر ئوقۇرغا بېشى بىلەن ئۇرۇلۇپ چىرقىرىدى - دە ھوشىدىن كەتتى.

قىپچاق يىگىت تۆشۈكتىن سامانلىقتا ئۆتكەندە رابىيە سامانلىقنىڭ ئىشىكىدىن قېچىپ ھويلىغا چىقتى. شۇ چاغدا ئىككىنچى يىگىت ئۇدۇلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئىچكىرىدىن قىسىق كۆزلۈكى يېتىپ كەلدى. قىز ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ بېلىقتەك تىپىرلايتتى. ئۇچىنچى بىر يىگىت ئېگىرىدىن تاغار ئېلىپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچقىنچە ئۇلارغا يېقىنلىششقا باشلىدى. قىز ھازىر بېشىغا تاغار كىيدۈرۈلىدىغانلىقىنى سەزدى - دە، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن دادلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

تاھىر شۇ ۋاقىتقىچە چىشىنى - چىشىغا قويۇپ، ئۆيلىرىدە بولۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تالان-تاراجقا چىداپ تۇرغانىدى. ئەمما رابىيىنىڭ چىرقىرىغىنى ئاڭلانغاندىن كېيىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئوتۇن-خانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، قوشنا ھويلىنىڭ تېمىغا ياماشتى. تامنىڭ سۇۋاقلىرىنى چۇشۇرۇپ ئۇ تەرەپكە ئارتىلىپ چۈشۈۋېتىپ، شۇنچە كۈندىن بۇيان ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ يۈرگەن ئەڭ يامان بەختسىزلىك ئۇ كۈتكەندىنمۇ دەھشەتلىكرەك بىر ئەھۋالدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىرى رابىيىنى پۇتىدىن تۇتۇۋالغان، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قوللىرىنى بېلىگە قوشۇپ مەھكەم قىسىپ تۇرغان ۋە ئۈچىنچىسى قىزنىڭ بېشىغا تاغار كىيدۈرمەكچى بولۇۋاتقان يىگىتلەر تاھىرنىڭ بەدىنىگىمۇ زەھەرلىك يىلان بولۇپ يېپىشۋات-قاندەك تۇيۇلدى. تاھىر ۋارقىراۋەتتى. ھويلىدا بىر يىگىت ئاتلارنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىرى قولىدا ئۇزۇن نەيزىسى بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ بېلىدە قىلىچ. يېنىدا ئوق-ياي. تاھىر بىر ئۆزى بۇلارغا تەڭ كېلەلەمدۇ، يوقمۇ، بۇنى ئويلاپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. رابىيىگە يېپىشقان يىلانلارغا چاپ-سانىراق تىغ ئۇرۇشتىن باشقا ئوي-خىيالىمۇ يوق. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ خەنجىرىنى غىلاپىدىن چىقاردى. نەيزە كۆتۈرگەن ئاتلىق:

— توختا! توختا! — دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. تاھىر ئىككى سەكرەپ مۆلچەرلىگەن يېرىگە يېتىپ باردى. رابىيىنى پۇتىدىن قۇچاقلىۋالغان قىسىق كۆزلۈك يىگىتنىڭ بېقىنىغا خەنجەر سالدى. خەنجەر ساپىغىچە كىرىپ كەتكىنى، قىسىق كۆزلۈك يىگىتنىڭ ئىڭراپ رابىيىنىڭ پۇتلىرىنى قويۇۋەتكىنى ئېسىدە. تاھىر خەنجەرنى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ گەجگىسىگە غاچىلداپ سانجىلغان نەيزە زەربىدىن گاڭگىراپ كەتتى. ئۇنىڭ خەنجەر

تۇتقان قوللىرى دەھشەتلىك بىر ئاغرىقتىن بوشاشتى. ئات ئۈس-
تىدىن ئۇنىڭغا نەيزە سانجىغان يىگىت نەيزىسىنى ئۇزۇن سىپىدىن
تارتىپ سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى، تاھىرنىڭ گەجگىسىدىن — كۆڭلىكى
بىلەن بىللە كېسىلگەن بەدىنىدىن — قان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ
ئۆزى يىقىتقان قىسىق كۆزلۈك يىگىتنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈۋې-
تىپ رابىيىنىڭ قورقۇپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان
كۆزىنى كۆردى. قىزنىڭ:

— ۋاي تاھىر ئاكام! — دەپ ۋارقىرىغىنى يىراقلاردىن كەلگەن
شەپىدەك زورغا ئاڭلاندى. كېيىن بۇمۇ چوڭقۇر قاراڭغۇلۇقتا
شۇڭغۇپ يوق بولدى.

تاھىر قېنىغا مىلەنگىنىچە قالدى، رابىيىنى سەمەرقەند تەرەپكە
ئېلىپ كېتىشتى.

## ئۇش. نىجاتلىق نەدە؟

### 1

ئېگىز قىيا تاشلار بىلەن تەكشى ۋادىلار بىر-بىرىگە غەلىتە
كىرىشىپ كەتكەن ئۇش ئەتراپلىرى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان
ناھايىتى مالىمان. ئەنجاندىن تۆگىلەرگە ئارتىپ كېلىنگەن ھەشەمەت-
لىك چېدىرلار بۇراتاغ① ئېتىكىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان جەننەتئېرىق

① بۇراتاغ — بەزى مەنبەئەلەردە "ئاق بۇراساي" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
بىراق "ئاق بۇراساي" مۇ ئەسلى "بۇرا" سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى
مۇمكىن. تۈركىي تىللاردا نار تۆگىنىڭ ئەڭ چوڭى "بۇرا" ياكى
"بۇغرا" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغ راستىنلا تۈز جايدا چۆكۈپ ياتقان
چوڭ نار تۆگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. — ئاپتوردىن.

بويىغا تىكىلدى. ئاق بوراساي بويىلىرىدىمۇ، چىلمەھەرەم تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى كۆكلەمەيدانلاردىمۇ يوزلەپ چىدىرلار ۋە ئوتاقلار پەيدا بولدى. تاغدىن ھەيدەپ كېلىنگەن قويرۇقلۇق قويلار سويۇلدى، كاۋاپدانلاردا ئارچىلارنىڭ ئاچ يېشىل كۆمۈرى كۆيدۇرۇلدى، داش قازانلاردا گۆش قايناشقا باشلىدى.

بۈگۈن ئوشقا بابىر مىرزا باشلىق دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىشى كۈتۈلمەكتە ئىدى.

مۇللاپەزلىددىن ياش پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن بورا تاغنىڭ چىقىش قىيىن بولغان مەنزىرىلىك بىر قىيا تېشى ئۈستىگە كىچىككىنە ھۇجرا قۇرغان. بابىر مىرزا ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ كەلگەن ۋە ئوشقا مانا ئەمدى ئۆتۈش توغرا كەلگەنىدى. مۇللاپەزلىددىن سەۋدەرلەر بىلەن پەسكە چۈشۈپ، ھۇجرىغا يارىشىدىغان گىلەم ۋە زەرباپ كۆرپىلەرنى ئۆزى تاللايتتى. تىك، تېيىلغاق قىيا تاشقا چىقىپ ئۆگەنمىگەن سەۋدەرلەر جاھازلىرىنى ئېلىپ كېلىشۋاتقاندا خېلى قىينىلىشتى. قەشقەرچە كۈمۈش ئابدەستە كۆتۈرۈپ كېلىشۋاتقان سېمىز ئاپتۇۋچى ھەر ئون قەدەمدە بىر توختاپ قالاتتى. مۇللا-پەزلىددىن ئۇنىڭ قولىدىن ئابدەستىنى ئېلىپ، ئۆزىنى يۆلەپ چىقتى.

سەۋدەربېشى ئايۋاننىڭ تاش ياتقۇزۇلغان پەلەمپەيلىرىگە گۈللۈك پاياندار سالدۇرغانىدى. مۇللاپەزلىددىن ئىلتىماس قىلىپ ئۇنى ئالدۇرۇۋەتتى. چۈنكى پەلەمپەيلەرگە ئىشلىتىلگەن رەڭلىك تاشلار ھەرقانداق پاياندازدىن قىممەترەك ۋە گۈزەلرەك ئىدى. تاغ لېۋىدە تۇرغان ھۇجرىدىن پۈتۈن ئوش شەھىرى ۋە ئۇنىڭ

ئەتراپلىرى ئالقاندا تۇرغاندەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. ھېلىغىچە دېمىنى توختىتالماي ھاسىراپ ئولتۇرغان ئاپتۇۋىچى پەسكە تىكىلىپ قارىدى-دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى:

— ئەنە، كېلىشىۋاتىدۇ!

موللاپەزلىددىن ئايۋان چېتىگە بېرىپ، پەسكە كۆز يۈگۈرتتى.

ئاق ئاتلىق بابىر مىرزا يۈزدىن ئارتۇق بەگلىرى ۋە خاس نەۋكەرلىرى بىلەن جەۋزا مەسچىتىدىن ئۆتۈپ تاغ ئېتىكىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئۇلار ھەممىسى جەننەتئېرىق بويىغا قۇرۇلغان بارگاھ① ۋە خىرگاھ② ئالدىدا توختاشتى. ئىچى زەرلىك يىپەك، قىممەت باھالىق يۇمشاق مۇۋۇت بىلەن قاپلانغان بۇ چېدىرلارنىڭ زەرھەل باغلىرى كۈمۈش قوزۇقلىرىغا باغلانغانىدى. چېدىرلاردا دەم ئېلىش ۋە چوڭ زىياپەتلەر بېرىش ئۈچۈن ھەممە تەييارلىقلار كۆرۈپ قويۇلغىنىنى موللاپەزلىددىن بىلەتتى، "بۈگۈن بابىر مىرزا مۇشۇ يەردە دەم ئېلىشى مۇمكىن، بىزنىڭ ھۇجرىغا بەلكى ئەتىلەردىن چىقار" دېگەن ئوي بىلەن ئىشىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى. ئەمما ئارىدىن بىر سائەت ئۆتەر-ئۆتمەي تۆۋەندىن سېرىق ساقال قورچەبېشى③ تۆت ساقچىسى بىلەن ھاسىراپ چىقىپ كەلدى.

— ھازىر بۇ يەرگە ئالىي زاتلار قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. تەختىراۋان قەيەردە؟

---

① بارگاھ — پادىشاھنىڭ خاس چېدىرى.

② خىرگاھ — پادىشاھ تەختى قويۇلىدىغان ۋە قوبۇل مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان چېدىر.

③ قورچىبېشى — مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋدەرىبېشى موللاپەزلىددىنگە ياردەم سورىغاندەك قىلىپ قارىدى. ئاچ يېشىل بەقەسەمدىن نېپىز تون كىيگەن موللاپەزلىددىن قورچىبېشىنىڭ ئۇدۇلىدا قول قوشتۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، جانابىي بەگ، — دېدى.

— خوش؟

موللاپەزلىددىن مۇشۇ ھۇجرىنى قۇرۇشتا خىشلارنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرتۈپ چىقماقچى بولغان، ئەمما ئىلاجىنى تاپالمىغانىدى. چۈنكى بۇ تىك قىياغا ئادەم پەقەت بىردىن-بىردىن بولۇپ، گاھى قولى بىلەن قىياغا تايىنىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. تەختىراۋاننى بولسا تۆت كىشى تۆت تەرىپىدىن كۆتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ ياكى مەلىكىلەر ئولتۇراتتى.

— بىز تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق، بۇ قىياغا تەختىراۋان كۆتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى موللاپەزلىددىن.

قورچى بېشى ئۈچ تەرىپى تامدەك تىك قىيا، پەقەت بىر تەرىپىدىن يالغۇز ئادەم تەسلىكتە ئۆتەلەيدىغان تاغقا تەپسىلىيرەك قارىدى-دە، تەختىراۋان ئىشلىتىش پىكرىدىن ياندى. سەۋدەرىبېشىغا ھومىيىپ:

— بۇ يەردە ئارتۇق ئادەم بولمىسۇن! — دەپ بۇيرۇدى.

ھۇجرا ئەتراپىدىكى مەيدان تارراق بولسىمۇ قىيانىڭ شىمال تەرىپىدە — ئۆيدەك ئېگىز تاشلار ئارقىسىدا كىچىككىنە مەيدان بار ئىدى. ساقچىلاردىن ئىككىسى ئاپتۇۋىچى ۋە سەۋدەرىبېشى بىلەن بىللە مۇشۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. باشقا سەۋدەرلەر تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشتى. قورچىبېشى موللاپەزلىددىنگە قاراپ:

— جانابىي مېمار، سىز يولنى ياخشى بىلىسىز، پادىشاھنىڭ

ئالدىغا چىقىلىك،— دەپ بۇيرۇدى. قائىدىگە بىنائەن، قورچە-
بېشىنىڭ ئۆزىمۇ تۆۋەنگە يېنىپ چۈشۈپ، پادىشاھ بىلەن بىللە
چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ تاغقا ئىككى قېتىم كەينى-كەينىدىن
چۈشۈپ چىقىش ناھايىتىمۇ قىيىن ئىدى. بۇنى سەزگەن ئوتتۇرا
ياشلىق قورچىبېشى ئىككى ساقچىنى موللاپەزلىددىنگە قوشۇپ
تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئۆزى ھۇجرا يېنىدىكى سىلىق تاش
ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تەرلەپ كەتكەن يوغان بوينۇنلىرىنى ئېرىتىشقا
باشلىدى.

موللاپەزلىددىن بۇراتاغقا ھەر كۈنى نەچچە قېتىملاپ چىقىپ-
چۈشۈپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئايىغىدىكى ئىنچام چورۇقى بىلەن
تاشتىن تاشقا يېنىك-يېنىك ئاتلايتتى. ئەمما كۆڭلى خاتىرجەم
ئەمەس. ھازىر پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىگە دۇچ كېلىشى كېرەك-
لىكى، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ قىيىنلىقى كۆڭلىگە تەھلىكە
سالدى.

بابىر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرى-
پىدىن ئاتلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قىيا تاشقا جەنۇبتىن يېقىنلاشتى-دە،
مازارلىقتىن يۇقىرىراقتا ئاتتىن چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا موللا-
پەزلىددىن بەگ ۋە نەۋكەرلەرگە قوشۇلماي ئالاھىدە توپ بولۇپ
كېلىۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ قالدى. يۇۋاش قارا ئاتقا مىنگەن ۋە
ئاپئاق كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايال — بابىرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق
نىگارخانىم ئىدى. بادام گۈل رەڭلىك ئويىناق ئاتتا قىزىل يىپەك
قەبا① كىيگەن خانزادە بېگىم كېلىۋاتاتتى. موللاپەزلىددىن ئۇنى

① قەبا — ئېسىلزادە ئاياللار كىيىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك سىرتقى كىيىم،
كەمزۇلغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شوخ ئات ئۈستىدە چەۋانداز يىگىتلەردەك ياخشى ئولتۇرغانلىقىدىنمۇ تونۇۋدى ـ دە، ۋۇجۇدى بىردىنلا قىزىپ كەتكەندەك بولدى. كۆڭلىدىكى بايىقى تەشۋىش ئۈستىگە ئوتلۇق بىر ھاياجان قوشۇلۇپ، يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك ھودۇقۇپ كەتتى. موللاپەزلىددىن ئۆزىدە بىردىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى بىرەرسىگە سەزدۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، پادىشاھنى كۈتۈۋېلىۋاتقان مۇلازىملارنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى ـ دە، باش ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئىزلىرىمۇ ئىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، "خۇدا، ئۆزەڭ شەرمەندە قىلما!" دېگەن سۆزلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

## 2

بابىر مىرزىنىڭ ئاچىسى خانزادە بېگىم موللا پەزلىددىننى كۆپتىن بېرى ھەيران قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن موللاپەزلىددىن ھىراتتىن كېلىپ ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ ئەنجاندىكى چاربېغىدا ساراي سېلىشقا باشلىغان مەزگىلدە خانزادە بېگىم ئون ئالتە ياشتا ئىدى. ئېسىلزادە قىزلار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەلى بولغان خانزادە بېگىم بىر قېتىم ئەرلەرچە كىيىنىپ، ئات مىنىپ، ئىنىسىنىڭ ئۈسمۈر مۇلازىملىرى بىلەن چەۋگان① ئوينىغان، موللاپەزلىددىن بۇنى كۆرۈپ، بىر ھەيران قالغانىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موللاپەزلىددىن ئەنجان ئوردىسىدىكى تۆرخانىنىڭ بەزى نەقىشلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن چاقىرىلدى.

---

① چەۋگان ــ ھازىرقى ھاكىكى ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئوچۇق مەيداندا ئاتلىق ئوينىلىدۇ.

شۇ چاغدا ئون سەككىز ياشلىق خانزادە بېگىمنى تەك بويلۇق كېنىزەكلەر ئارىسىدا ساتار چېلىپ ئولتۇرغان پەيتىدە يەنە بىر كۆردى-دە، ئۆز كۆزلىرىگە تەستە ئىشەندى. چۈنكى بىر ۋاقىتلاردا ئەرەنچە كىيىنىپ چەۋگان ئوينىغان ئاشۇ قىز ئەمدى ساتاردا شۇنچىۋالا نەپىس، شۇنچىۋالا مەيىن كۈي چالاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ قەدەر گۈزەللىككە تولۇپ ئولتۇراتتىكى، موللا پەزلىددىن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سېھرىگە بېرىلىپ، غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى.

كېيىن موللاپەزلىددىن تامغا نەقىش ئۇلگىلىرىنى سىزىۋاتقاندا، خانزادە بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشنى قىزىقىپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى. موللاپەزلىددىننىڭ قولىدىكى سېركول ھاياجانلانغانلىقىدىن قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئاجايىپ نەقىش سىزغانىدىكەنسىز، كۆزۈم تەگدىمۇ مەۋلانا؟ — دېدى خانزادە بېگىم ئەيىبنى ئۆزىگە ئالغاندەك بولۇپ.

موللاپەزلىددىن سېركولنى يەردىن ئېلىۋېتىپ:

— ياق، ئەكسىچە، بېگىم، سىزنىڭ نەزىرىڭىز چۈشكەن نەقىش يەنىمۇ ياخشىراق سىزىلىدۇ!

— مەن مەۋلانانى رەسسام ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم.

— ئەسلىدە مېمارلار رەسساملىق سەنئىتىدىن خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ سۈرىتىمنى سىزىپ بېقىڭ!

كۈتۈلمىگەن بۇ تەكلىپتىن چۆچۈگەن موللاپەزلىددىن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاردى. تۆرخانىدا باشقا ھېچكىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ دېدى:

— بەجانىدىل سىزاتتىم... پەقەت...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـــ ئەنسىرىمەڭ، مەۋلانا، مەن سىر ساقلاشقا قادىرمەن!

ـــ ئەگەر مەن سىزغان رەسىم ئۇ دۇنيادا جان تەلەپ قىلسا، نەدىن تاپىمەن، بېگىم؟

موللاپەزلىددىن بۇ سۆزلەر بىلەن شەرىئەت رەسىم سىزىشنى مەنئى قىلغىنىنى، ئەگەر قولغا چۈشسە جېنى خەۋپ ئاستىدا قېلىشنى ئېيتماقچى ئىدى. خانزادە بېگىم ئۇنىڭ ئۇچۇق ئېيتالمىغان پىكرىنى چۈشەندى ـ دە، كۈلۈمسىرىدى:

ـــ ئەگەر رەسىمىم ئۇچۇن سىزدىن جان تەلەپ قىلسا، ماڭا ئېيتىڭ، مەن ئۆز جېنىمنى بېرىمەن.

موللاپەزلىددىن پولات ساندۇقتا يوشۇرۇپ يۈرگەن رەسىمنى مانا شۇ سۆزلەردىن كېيىن سىزىشقا جۈرئەت قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى توپىلاڭلاردا ئۇ خانزادە بېگىمنى ئۇزاق ۋاقىت ئۇچراشتۇ-رالماي يۈردى.

، ەت ئۆتكەن يىلى كۈزدە مانا شۇ بۇراتاغقا خانزادە بېگىمنىڭ ئۆزى كېلىپ قالدى. بابىر سەمەرقەندكە كېتىشىدە ئۆز ئانىسى ۋە ئېگىچىسىگە "ئۇشتىكى ھۇجرىدىن خەۋەر ئالارسىلەر" دەپ تاپىلاپ قويغانىكەن. مىزان ئېيىدا ئۇشقا مېھمان بولۇپ كەلگەن خانزادە بېگىم بىر كېنىزىكى بىلەن بۇراتاغقا چىقتى. موللاپەزلىددىن مۇشۇ پەيتتە يالغۇز شاگىرتى بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى. ھەربىر خىشنى، ياغاچنى، ھەربىر كوزا سۇنى تۆۋەندىن ئېلىپ چىققۇچە تامىقى قۇرۇپ كېتەتتى. مەرمەر يونۇپ تاشچىلىق قىلىشقا تاشتاراش يوق، سىرلان-غان چاقچۇق ئېلىشقا پۇل يوق. بۇنىڭ ھەممىسى موللاپەزلىددىننى ناھايىتى قىيناپ قويغانىدى. لېكىن بۇ قىيىنچىلىقنى خانزادە بېگىمگە قانداق ئېيتىدۇ؟ بېگىمنىڭ مەرۋايىت قادالغان يىپەك دوپپىسىدىن

تارتىپ ئۈچى قايرىلغان قىزىل ئۈتۈكنىگىچە ھەممىسى شۇنداق نەپىس كۆرۈنەتتى، بۇ كائىنات گۈزەللىكى ئالدىدا تاش ۋە خىشتىن گەپ ئېچىش تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. بىراق خانزادە بېگىم موللاپەز-لىددىندىن بولغۇسى ھۇجرىنىڭ كۆرۈنۈشى سىزىلغان لايىھىنى سوراپ ئالدى. قەغەزگە قاراپ تۇرۇپ:

— گۈمبەزنى چاقچۇق بىلەن بېزىمەكچى بولۇپسىز، چاقچۇقنىڭىز يېتىشەمدۇ؟ — دېدى.

موللاپەزلىددىن ئەمدى دەردىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قىز مېمارلىق سەنئىتىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەن، خېلى كىتاب مۇتالىئە قىلغانىكەن.

— بابىر مىرزا غەلىبە بىلەن قايتسا، خۇدا رەھمىتى ئاتامنىڭ ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرار، — دېدى، — شۇ چاغدا يەنە ئۆزىڭىز باش بولارسىز، مەۋلانا!

دۇنيادا تېخى ھېچبىر تاۋۇش مولLAپەزلىددىنگە مۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلمىغانىدى. خانزادە بېگىم ھەر قېتىم ئۇنى "مەۋلانا" دەپ ئۇلۇغلاش بىلەن گويا پارلاق بىر ئىستىقبال ۋەدە قىلغاندەك بولاتتى. پادىشاھ ئائىلىسىدىن مېمارلىق سەنئىتىنى شۇنچىلىك بىلىدىغان، قەدىرلەيدىغان ئىنتىپاقداش تېپىلغىنى موللاپەزلىددىننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، قەلبىدە غەلىتە بىر زوق ۋە دادىللىق ئويغاتتى.

ئۇ تېپىلغاق قىيا تاشقا چىقىشتىن كۆرە چۈشۈشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خانزادە بېگىمنى كۆزىتىپ چۈشۈش-كە باشلىدى. خەلق "قىل كۆۋرۈك" دەپ نام قويغان تار ۋە خەتەرلىك تاش سوقماقتىن ئۆتۈۋاتقىنىدا خانزادە بېگىمنىڭ تېگى سىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چەمدىن تېكىلگەن ئۆتۈكى تېيىلىپ كەتتى. خانزادە بېگىم نىسپىي تۇرغۇنلۇقنى يوقىتىپ، يېنىدا كېتىۋاتقان كېنىزەككە قول سوزدى. ئەمما كېنىزەكمۇ تەسلىكتە كېلىۋاتاتتى. ئىككىسى باراۋەر چايقىلىپ كەتتى. كېنىزەك قورقۇپ چىرقىراپ كەتتى. ئۇلار تۆۋەندىكى قىرلىق تاشلارغا يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغاندا مۇللاپەزىلىددىن ئالدىغا سەكرەپ ئۆتۈپ، ئىككىسىنى ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ياشقىنا كېنىزەك قورققىنىدىن مۇللاپەزىلىددىننىڭ يەلكىسىگە يېپىشىۋالدى، كېيىكتەك چاققان خانزادە بېگىم يىگىتنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنى چاپسان ئوڭلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئاستا رەھمەت ئېيتتى. شۇچاغ مۇللاپەزىلىددىن ئۆز يۈزىدە خانزادە بېگىمنىڭ يىللىق نەپىسىنى سەزدى. قىزنىڭ يۈزىدىمۇ، لەۋلىرىدىمۇ، گۈل ئەترىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىقراق، سىرلىقراق بىر ھىد بار ئىدى. مۇللاپەزىلىددىن شۇ ھىدنى ھىدلىدى-دە، خانزادە بېگىمنىڭ شاھ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك بولدى. قىزنىڭ سالقىن، يۇمشاق قولىدىن تۇتۇپ نېرىقى تەرىپى تۈز چىغىر يولغا چىققۇچە قويۇۋەتمىدى. بەش-ئون قەدەملىك يولدا ئاددى مېمار بىلەن مەلىكە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يوقىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇلار بىر-بىرىگە پەقەت كۈچلۈك يىگىت ۋە گۈزەل قىز بولۇپ تۇيۇلدى.

لېكىن ئۇنىڭدىن نېرىغا بارغاندا كېنىزەكلەر، ئىزگىنچىلەر، سەۋدەرلەر ئارىغا قېتىلىپ خانزادە بېگىمنى قورشاپ ئېلىپ كېتىشتى. مۇللاپەزىلىددىن غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ھەيرانلىقتا قېلىۋەردى.

ئەتىسى خانزادە بېگىم يارەمگە ئەۋەتكەن ئىككى كۈچلۈك يىگىت

موللاپەزلىددىنگە كېرەكلىك يۇكلەرنى پەستىن توشۇپ چىقىشقا باشلىدى. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، تۆگىگە ئارتىلغان چاقچۇقلارمۇ يېتىپ كەلدى. خانزادە بېگىم ئەۋەتكەن ھەربىر نەرسىدە موللا-پەزلىددىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك بولاتتى. پولات ساندۇقتىكى رەسمنى ئاخشاملىرى يالغۇز قالغىنىدا قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق-لارغىچە تىكىلەتتى. قىز تېپىلىپ كەتكەن مانا شۇ تاغنىڭ تاشلىرىدىن خانزادە بېگىمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يىللىق نەپسى ۋە سىرلىق ھىدى ھامان كېلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. "بۇ مۇھەببەتمىدۇ؟ — دەيتتى موللاپەزلىددىن ئۆزىگە-ئۆزى، — ياق، ياق! مەندىكى تۇيغۇ، غەرەزسىز بىر ئىلاھىي مېھرىنىڭ نىشانىسى، خالاس. باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!".

ھازىر يەنە خانزادە بېگىمنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەمتىرەپ قالغان موللاپەزلىددىن ئۆزىنىڭ مانا شۇ ئېتە-قادىدا تۇرۇشقا مەھكەم تىرىشاتتى ۋە ئاياللار تەرىپىدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى.

## 3

بابىر مىرزا ئاتتىن چۈشكەندە بويى ئۆسۈپ چوڭ يىگىتلەرگە تەڭلىشىپ قالغانلىقى بىلىندى. قەدەم ئېلىشىمۇ خېلى سالماقلىق. تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان ئۆتكەن ئۈچ يىل ئۇنى ناھايىتى چاپسان چوڭايتقان، كۆز قاراشلىرى كۆپنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭكىدەك ۋەز-مىن. پەقەت ئىنچىكە قامىتى بىلەن تېخى ئانچە توشمىغان يەلكىلىرى ئۇنىڭ تېخى ئۇن بەش ياشقا كىرگەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

ئەمما تاغقا چىقىشتا بابىرنىڭ ئۆسمۈرلۈكى تازا كارغا كەلدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممىنىڭ ئالدىدا تاشتىن تاشقا يېنىك چېقىپ كېتىۋاتاتتى، بەزىدە ئانىسىغا، بەزىدە ئاچىسىغا يۇقىرىدىن قولىنى سوزۇپ ياردەملىشىپ قوياتتى.

بەگلەر ۋە مۇلازىملارنىڭ كۆپچىلىكى پەستە قېلىشتى. يول تار، ھۇجرا كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر بىرىنچى نۆۋەتتە پادىشاھ ئائىلىسى ۋە بابىرنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى بولغان ئىشىك ئاغا قاسىمبەگ چىقماقتا ئىدى. كاۋچىن ئۇرۇقىدىن چىققان قاسىمبەگ سېمىز، بەستلىك كىشى بولغاچقا، تاغنىڭ يېرىمىغا چىققۇچە نەپىسى بوغۇلۇپ، قىينىلىپ قالدى. بابىر بۇنى كۆرۈپ، تۇزرەك تاش ئۈستىدە توختىدى. قاسىمبەگمۇ توختاپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان موللا پەزلىددىنگە قاراپ دېدى:

— جانابىي مېمار، بۇ تاشلاردىن پەلەمپەي يونۇش ئېسىڭىزگە كەلمەپتۇ-دە؟

موللاپەزلىددىن پەسرەكتە توختاپ قول قوشتۇردى-دە، يەڭگىل بىر تەزىم بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئەگەر ئالىي زاتلىرى ئەمىر بەرسە، پەلەمپەي يونۇش ئىمكانىيىتى بار.

قاسىمبەگ يۇقىرىغا بۇرۇلۇپ، بابىرغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. بابىر كۈلۈمسىرەپ:

— ئەجەبا! — دېدى ئەمدى چوڭقىيىۋاتقان ئۈسمۈر ئاۋازى بىلەن، — تاغ چوققىسىغىمۇ پەلەمپەي بىلەن چىقامدۇ؟

ساددىراق ئادەم بولغان قاسىمبەگ تەكلىپى ئورۇنسىز چىققىنىنى سەزدى-دە، ئىززەت-نەپسىگە تارتماي گەپنى كۈلكىگە يۆتكىدى:

— ئەمىرزادەم ئىلتىپات قىلدىڭىز. كەمىنىنى بۇ تەرلەپ ھاسى-

راشلاردىن پەلەمپەيلەرمۇ قۇتقۇزالمايتتى.
ئەمدى قۇتلۇق نىگارخانىممۇ كۈلدى:
— قاسىمبەگ جانابلىرى ھەقلىق. ئات-ئۇلاغ ئۆتەلمەيدىغان بۇ چوققىلارغا شاھمۇ پىيادە چىقىدۇ، مەلىكىمۇ!
— ھەتتا، خانزادىلەرمۇ! — دەپ بابىر ئاچىسىغا قاراپ شوخ كۈلۈمسىرىدى.
شۇنداق خۇش چاقچاقلار بىلەن ھۇجرىغا يېتىپ بېرىشتى. ئاسمان رەڭ گۈمبەزلىك كىچىككىنە بىنا كۆكلەم قۇياشىدا شۇنداق نەپىس جۇلالىنىپ كۆرۈندىكى، بابىرنىڭ دىلى بىردىنلا روشەنلىشىپ كەتتى.
ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى، باھار ۋە تاغلار ئايۋانغا ئىشلىتىلگەن نەقىشلەرنى، گۈمبەزدىكى چاقچۇقلارنىڭ رەڭگىنى تېخىمۇ ئېچىپ كۆرسەتتى.
قاسىمبەگ بابىرنى، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئاچىسىنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئىچكىرىگە ئۇزىتىپ قويدى-دە، ئۆزى مەرمەر پەلەمپەي ئالدىدا قول قوشتۇرغىنىچە قالدى. ئۇ ئاياللار بار جايغا پادىشاھدىن بېشارەت بولمىغۇچە كىرمەيتتى.
مولالاپەزلىدىن قاسىمبەگدىن بېرىراقتا — ئايۋان تۈۋىدە كېلىپ تۇردى.
ھۇجرا ئىشكى ياغاچ ياغىچىدىن ئويما نەقىش قىلىنىپ زەر بىلەن ئىشلەنگەنىدى. بابىر گۈزەل ئويما نەقىشلەرگە، تام ۋە تورۇس بېزەكلىرىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى-دە، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئانىسى بىلەن ئاچىسىغا يول بېرىپ، كېيىن ئۆزى ئىچكىرىگە كىردى.
ھۇجرىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولمىسىمۇ، قائىدىگە بىنائەن غەرب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپتىكى مېھرابقا شام يېقىپ قويۇلغانىدى. كۈندۈزكى يورۇقلۇقتا كۆزگە تەشلىكتە كۆرۈنۈۋاتقان شام نۇرى ئۈچچۆرىدىكى چىرايلىق نەقىشلەرگە چۈشۈپ، بىلىنەر-بىلىنمەس جىلۋىلىنەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى بابىردا ئاجايىپ بىر زوق ئويغاتتى. ئۇ شام يېنىدىكى توق قىزىل نەقىشلەرنى خانزادە بېگىمگە كۆرسىتىپ:

— ئىسلىمى گۈلخان① شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خانزادە بېگىم بىر ئۈكسىغا، بىر نەقىشكە قارىدى-دە، شوخ كۈلۈمسىرىدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن.

بابىرمۇ كۈلۈمسىرەپ:

— كەچتىم، ئېيتىڭ، — دېدى.

خانزادە بېگىم ئۇنىڭغا قايرىلىپ، ئىشىك ئۈستىدىكى قىپقىزىل نەقىشلەرنى كۆرسەتتى:

— ئىسلىمى گۈلخان مانا بۇ. سىز نەقىشى لالەنى② بۇنىڭغا ئوخشىتىپسىز، ئەمىرزادەم.

خانزادە بېگىم كۆرسەتكەن نەقىشلەر ھەقىقەتەن قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرىنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭ ئىشىك ئۈستىگە نەقىشلىنىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. "كەلگۈچىگە ئەگەشكەن بالا-قازانى ئوت يالقۇنى ئېلىپ قالىدۇ" دېگەن قەدىمكى ئېتىقاد ۋە كېلىن-كۈيئوغۇلنى ئىشىك ئالدىغا يېقىلغان ئوت يالقۇنىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بابىرنىڭ ئېسىگە چۈشتى. ئۇ ئاچىسىغا تەن بەرگەندەك قاراپ:

— سىز ھەقلىقسىز، مەن سەۋەنلىك قىپتىمەن، — دېدى.

---

①② نەقىش تۈرلىرى.

شۇچاغدا قۇتلۇق نىگارخانىم سۆز قاتتى:
— بابىر مىرزىنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈشكە تىگىشلىك. چۈنكى بۇ ھۇجرىدا نەقشى لالەمۇ خۇددى گۈلخانىدەك يېنىپ كۆرۈنىدۇ!

ئانىسىنىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى بابىرنىڭ ھۇجرىدىن ئالغان زوقىنى يەنە بىر دەرىجە ئاشۇردى.

ئۇچەيلەن ئايۋانغا قايتىپ چىقىۋاتاتتى، پەستە تۇرغان موللا-پەزلىددىن بابىرنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆردى. بابىر پەلەمپەي ئالدىدا تۇرغان قاسىمبەگكە قاراپ:

— بۇراتاغقا تېخىمۇ مۇناسىپ! — دەپ قويدى.

بۇراتاغنى بابىر ياشلىقىدىنلا ياخشى كۆرەتتى. تۇز ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ ئېگىز تاغ ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرۇشى ئۈچۈن يارىتىلغانغا ئوخشايتتى. گويا ئۇ چوڭ تاغنىڭ بىر پارچىسىنى ئىلاھىي بىر كۈچ شۇنداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ۋە تاماشا ئۈچۈن ئوچۇقچىلىققا چىرايلىق قىلىپ ئورنىتىپ كەتكەندەك ئىدى. مانا شۇنداق تاغقا سېلىنىشى، بۇ ھۇجرا ئۈچۈن ناھايىتى قالتىس بىر خىسلەت ئىكەنلىكىنى سەزگەن قاسىمبەگ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ جىم تۇرغان مېمارنى چاقىردى.

بابىر پادىشاھ بولغاندىن بۇيان ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ سال-دۇرغان بۇ بىرىنچى ئىمارىتى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا ئەزىز ۋە غەنىمەت تۇيۇلدى. ئۇ تاغ لېۋىدە شۇنداق جازىبە بىلەن تۇرغان بۇ ھۇجرىنىڭ ئۇزاقراق ۋاقىت ئۇزۇنراق تۇرۇشىنى خالىغاندەك مېمارغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى:

— تاغدا قار-يامغۇر كۆپ بولىدۇ. ھۇجرا ئۇزۇن ۋاقىتقا چىداش-لىق بېرەلەرمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايۋاندا تۇرغان قۇتلۇق نىگارخانىم بىلەن خانزادە بېگىمنىڭ مېھمانغا كۆز تىكىشتى. موللاپەزىلىددىن ھاياجانلانغانلىقىدىن تىزلىرى پوكۇلۇپ-پوكۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قولىنى تەزىم بىلەن كۆكسىگە قويۇپ:

— ئىنشائاللا، چىداشلىق بېرىدۇ، — دېدى. قاسىمبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ:

— ھە، قىرىق-ئەللىك يىل ياخشى تۇرىدۇ، — دەپ قويدى.

"قىرىق-ئەللىك" يىل دېگەن سۆزلەر موللاپەزىلىددىنگە ئازار بەرگەنلىكى ئۇنىڭ قاسىمبەگكە قىسقا بىر كۆز تاشلاپ قويغىنىدىن سېزىلدى. شۇ چاغدا موللاپەزىلىددىن ئۆز يۈزىگە كېمىنىگىدۇ مۇلايىمغىنا نەزەر سالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بېشىنى كۆتۈرسە خانزادە بېگىم يۈزىگە سېلىنغان نېپىز ئاق يىپەك پەردە ئارقىلىق موللاپەزىلىددىنگە قاراپ تۇرۇپتۇ. موللاپەزىلىددىننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت كەلكۈنى ئىچىدە قالغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر سىرىنىڭ پاش بولۇشى مۇمكىنلىكىنى سېزىپ يەنە تەزىمگە باش ئەگدى. شۇ چاغدا خانزادە بېگىم بابىرغا ئىنزاھ بەردى:

— ئەمىرزادەم، خۇدا خالىسا، بۇ ھۇجرا كۆپ ئەۋلادلارنى كۆرگۈسى. قاراڭ، قار-يامغۇر تېگىدىغان جايلىرى تاشتا ياسالغان. ئۇلى قىيا تاشقا مۇستەھكەم ئورنىتىلغان. موللاپەزىلىددىننىڭ ماھارىتى يۇقىرى، ئۇ ھىرات بىلەن سەمەرقەنت مېمارلىرىدىن تەلىم ئاپتىكەن.

موللاپەزىلىددىن خانزادە بېگىمنىڭ ماختىشىنى ئىشقا ئائىت ئاددىي سۆزلەردەك قوبۇل قىلمىسا، كۆڭلىدىكى نازۇك ھېسلىرىنى سەزدۈرۈپ

قويسا، ئۇن جېنى بولسا بىرىمۇ ئامان قالمايدىغانلىقىنى سەزدى. ئاقىۋەت ئاددىي بىر مېمارنىڭ شاھ قىزىغا مۇھەببىتى پادىشاھ ئائىلىسىگىمۇ، ئۇنىڭ بەگلىرىگىمۇ ھاقارەتتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن!

ھېلىمۇ ياخشى، ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھاياجانغا چۈشۈش ۋە تەزىم قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. موللاپەزلىددىن خانزادە بېگىمنىڭ يىللىق سۆزلىرىگە جاۋابەن يەنە بىر تەزىم قىلدى-دە، يەرگە قاراپ، خۇددى قىلىچنىڭ تىغى ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك ئېھتىيات قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەزرىتى ئالىيغا ئەرزىم شۇكى، سەمەرقەندتە ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ تاملىرى ئۈچۈن قانداق گەج، گىلمايە① خىش ۋە چاقچۇقلار ئىشلىتىلگەن بولسا، بۇ ھۇجرىنىڭ تاملىرىغىمۇ پېقىر شۇلارنى ئىشلەتتىم. خۇدادىن ئۈمىدىم بار: بابىر مىرزىنىڭ مۇبارەك ناملىرىغا مەنسۇپ بۇ ھۇجرا ئەسىرلەر داۋامىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ②.

① گىلمايە سوۋاق قىلىنىدىغان ماتېرىيال.

② راستتىنلا ئوشتىكى بۇ ھۇجرا تۆت يۈز ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆردى. ئەسىرلەر ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ گۈمبىزىدىكى چاقچۇقلىرى قومۇرۇلۇپ چۈشتى. ئىچىدىكى نەقىشلىرى ئۆچۈپ كېتىپ، قايتىدىن قوم سۇۋاق قىلىندى. بەزىلەر رەڭدار مەرمەرلىرىنى قومۇرۇپ كېتىپ، پىچاقلىرىغا دەستە قىلىشتى. ھۇجرىنىڭ ئۆزىنى بولسا تەمەخور شەيخلەر "سۇلەيمان پەيغەمبەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇقەددەس جاي" دەپ ئېلان قىلىشتى. ساۋاتسىز ئادەملەرنىڭ خېلىسىنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈپ، نۇرغۇن يىللار داۋامىدا ئاسانلا خەير-سەدىقە توپلىدى. سوۋېت ئالىملىرى تارىخىي ھەقىقەتنى تىكلەپ، بۇ ھۇجرىنى

بابىر بۇ سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ:
— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى، — ھۇجرا بىز خالىغاندىنمۇ ياخشى!

قاسىمبەگ "قىرىق - ئەللىك يىل تۇرار". دەپ ھۇجرىنىڭ ئۆمرىنى قىسقا قىلىپ قويغانلىقىدىن ئەمدى خىجالەت بولدى. ھۇجرىنىڭ نېرىسىدا چوڭ تاش ئارقىسىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەۋدەرىبىشىغا بىر قارىۋېلىپ، كېيىن مېمارغا ئۆرۈلدى:
— ئاپىرىن سىزگە موللاپەزلىددىن!

بابىر قاسىمبەگنىڭ سۆزىنى ئۇقۇشاپ:
— مەۋلانا پەزلىددىن! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مېمارغا مۆتىۋەر مەۋلانىلىق ئۇنۋانى بېرىلگەندەك بولدى. قاسىمبەگ پادىشاھنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم ئۈستى-ئۈستىگە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىر ئىش بىلەن توغرىلىغۇسى كەلدى - دە، سەۋدەرىبېشىغا بۇيرۇدى:
— مەۋلانىغا تون كەلتۈرۈلسۇن!

سەۋدەرىبېشى تەمتىرەپ پەسكە قارىدى. مۇكاپات ئۈچۈن ئېلىپ يۈرۈلىدىغان تونلار تاغ ئېتىكىدىكى چېدىرلاردا قالغانىدى. قاسىمبەگ بۇنى سەزدى - دە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى يېڭى كىمخاب تونىنى

---

ياش بابىر قۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنىڭ پەشتىقىغا بۇنى بىلدۈرىدىغان يادىكارلىق لەۋھە ئېسىپ قويدى. ئەمما جاھىل شەيخلەر بۇ جاينى داۋاملىق "سۇلەيمان تەختى" دەپ ئاتاۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىقتا باشقا ئۇقۇشماسلىقلارمۇ قوشۇلۇپ، بۇ ھۇجرا 1963 - يىلى بۇزۇپ تاشلاندى. ھازىر پەقەت ئۇلى پۈتۈن تۇرۇپتۇ.

يەشمەكچى بولۇپ:

— مرزا ھەزرەتلرى، ئىجازەت قىلىڭ! — دېدى.

بابىر ئۇنىڭ مەردلىكىگە تەن بەرگەندەك ھېجىيىپ باش لىڭشىتتى.

قاسىمبەگ زەرياقلىق كىمخاپ تونىنى يېشىپ، موللاپەزلىددىننىڭ يەلكىسىگە ئارتتى.

— مەۋلانىغا تېزدىن جابدۇقلىرى بىلەن بىر ئات ئىنئام قىلىنسۇن، — قوشۇمچە قىلدى بابىر.

موللاپەزلىددىن تەزىمگە ئېگىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋېتىپ، بىرنەچچە كىشىنىڭ:

— مۇبارەك! مۇبارەك! — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يېقىملىقى خانزادە بېگىمنىڭ مۇبارەكلىشى بولدى. مەۋلانا پەزلىددىن ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم قاراشقا جۈرئەت قىلالماي يەرگە كۆز تىكىپ تۇرغان بولسىمۇ، شۇ مىنۇتلاردا ئۆزىنى بەختىيار سېزەتتى.

## 4

كەچلىكى ھۇجرىدا بابىرنىڭ يالغۇز ئۆزى قالدى. قاسىمبەگ كېرەكلىك ئادەملەرگە "ھۇجرا — مرزا ھەزرەتلىرىنىڭ خىلۋەتگاھى بولدى، كېچىسىمۇ شۇ جايدا قونۇشى مۇمكىن"، دەپ بىلدۈرۈپ قويدى. مۇھاپىزەتچىلەر بابىرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىپ، ھۇجرىنىڭ ئارقا تەرىپىدە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

داۋاملىق كۆپچىلىكنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇش ۋە پادىشاھنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى كىمنىڭدۇ تەقدىرىگە تەسىر قىلىشىنى ئۇنتۇيالماي ھەمىشە سەگەك ۋە ئېھتىياتكار ھالەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتىن بابىر ناھايىتى سىقىلاتتى. ياش بەدىنىنىڭ ئەركىن بولۇشىنى، ئاددىي تەگتۇشلىرى ئوخشاش ئوچۇق-يورۇق يايراپ يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ھازىر ئۇ ھۇجرا ئىچكىرىسىگە تاشلانغان بەقەسەم كۆرپىلەر ئۈستىگە چىقىپ بېشىغا ياستۇق قويىماستىن بىرپەس ئوڭدىسىغا ياتتى. كېيىن ئېغناپ دۈم بولدى-دە، ئېڭىكىنى ئالىقىنىدا تىرەپ، تامدىكى نەقىشلەرگە تىكىلدى. كۆن بويى ئاتتا يۈرۈپ تېلىققان بولسىمۇ دەم ئېلىپ ياتقۇسى كەلمەيتتى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بىر-ئىككى قېتىم غۇلىچىنى سوزۇپ كېرىلدى، ئەسنىدى. كېيىن ئايۋانغا چىقتى-دە، يەنە ئەتراپنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى باھار گۈزەللىكىگە تولغان. ھاۋا تازا بولغانلىقى ئۈچۈن پەستە يېقىلۋاتقان گۈلخاننىڭ تۈتۈنىمۇ ئادەتتىكىدىن سۈزۈكرەك كۆرۈنەتتى. ئاخىرى قارلىق تاغلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن ۋادىنىڭ كۆزگە چېلىققان ھەممە جايى ياپيېشىل. بىر يېرىدە ئۆزگەنت، بىر يېرىدە مەرغىلان، يىراقلاردا ئىسپەرە، خوجەند، كاسان ۋە ئاخسى بۇ ئۆرچىنلەرنىڭ① ھەممىسىدە باغ-ۋارانلارنىڭ گۈل-چېچەككە تولغىنىنى بابىر گويا خىيال كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلۇغۋار تاغلار ئەپسانىۋى قەلئە تاملىرىدەك ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان بۇ گۈزەل ۋادى ھازىر ئاۋۋالقىدىن خېلىلا خاتىرجەم. ئۇرۇش تۈگىگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى.

بۇنداق تىنچ، بەختىيار ۋاقىتلاردا ئۇنى قەغەز-قەلەم ئۆزىگە تارتاتتى. سەۋدەرلەر ھۇجرىغا مىز① كەلتۈرۈپ قويۇشقان. بابىر

① ئۆرچىن — ھازىرقى "رايون" چۈشەنچىسىگە توغرا كېلىدۇ.
① مىز — ئالتە پۇتلۇق شىرە.

مىز يېنىغا — بەقەسەم كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ «ۋەقەئىي» دەپ ئاتىغان خاتىرە دەپتىرىنى ئاچتى. كېيىنكى يازغانلىرى ئۆزى يېقىندا كۆرگەن كانىبادام ۋە ئىسپەرە ھەققىدە ئىدى. ئەمدى بۇنى داۋام قىلىپ، ئوش توغرىسىدا يېزىشقا باشلىدى: "ئوش يېزىسى ئەنجاندىن تۆت ياغاچلىق يول... بۇرا تاغىنىڭ تۇمشۇقىدا تارىخى توققۇز يۈز ئىككىدە مەن بىر ئايۋانلىق ھۇجرا سالدىم. بۇ ھۇجرا ناھايىتى ياخشى چىقتى، پۈتۈن شەھەر ۋە مەھەللە ئۇنىڭ ئاستىدا كۆرۈنىدۇ."

بابىر ئوشنىڭ بىنەپشىسى، لالەلىرى، ئېقىن سۇلىرى، پارقىراي-دىغان قىزىل تاشلىرى ھەققىدىمۇ بېرىلىپ يېزىۋاتاتتى.

توساتتىن قاسىمبەگ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ئەمىرزادەم خىيالىڭىزنى بۆلسەم كەچۈرۈڭ. بۇخارىدىن — سۇلتان ئەلى مىرزىدىن مەكتۇپ كەپتۇ!

بابىردىن ئىشارە بولغاندىن كېيىن، قاسىمبەگ ئىچكىرىگە كىرىپ، يۆگەم قىلىنغان ئالتۇن بوغقۇچلۇق مەكتۇپنى بابىرغا ئۇزاتتى. بابىر مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى-دە:

— سۇلتان ئەلى مىرزا بىزنى سەمەرقەند يۈرۈشىگە تەكلىپ قىلىپتۇ، — دېدى.

— بىتىم تۈزگەن ئىدىڭىزغۇ، ئەمىرزادەم. سەپەرگە چىقىش كېرەك؟

— ئالدىرىماڭ، بەگ. ئاۋۋال ئانام ھەزرەتلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالايلى.

بابىرنىڭ ھەربىر مۇھىم ئىشتا ئانىسىدىن مەسلىھەت سورىشى قاسىمبەگكە ئانچىۋالا ياقمايتتى. چۈنكى ئاياللار جەڭ-جېدەللەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەكمۇ بىزار بولغانىدى. جەڭگىۋار بەگلەر بولسا، ئۆزۈشىمىز يۈرسە قىلىچلىرى داتلىشىپ قالىدىغاندەك تاقەتسىزلىنەتتى.

قاسىمبەگ قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ چېدىرىغا بابىر بىلەن بىللە چۈشۈپ كەلدى.

خانزادە بېگىممۇ ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار بابىر ئۈچۈن داستىخان سالدۇرۇپ، ئالتۇن لېگەندە كاۋاپ كەلتۈردى. كاۋاپتىن كېيىن قىمىز ئىچىلدى. قاسىمبەگ بۇرۇتىغا تەگكەن قىمىز يۇقىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىۋېتىپ سۆز باشلىدى:

— ئەمىرزادەم سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. بۇ يەردىن چېرىگ باشلاپ بېرىشقا ۋەدە قىلىشقانىدۇق.

— خۇدايىم بىزنى خۇشال كۆنلەرگە يەتكۈزدى، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — ئەمدى شۇنى غەنىمەت بىلەيلى، جانابىي قاسىمبەگ. سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆز ئاكىسى بايسۇنقۇر مىرزا بىلەن سەمەرقەند تەختىنى تالىشىۋاتىدۇ. بابىر مىرزا ئۇلاردىن يۇقىرى تۇرۇشى كېرەك. خۇداغا شۈكۈر، ئەمىرزادەمنىڭ ئەنجانىدا ئۆز تەختى بار.

قاسىمبەگ بۇ سۆزلەرگە دەرھال جاۋاب تاپالماي ئويلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا خانزادە بېگىم سۆزگە ئارىلاشتى:

— ئەمىرزادەم، سەمەرقەند يۇرۇشىنىڭ چىقىمىغا ئەنجاندا سارايلار، مەدرىسلەر قۇرسىڭىز بولار. ئەنجانمۇ سەمەرقەندتەك كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان جاي بولسا، نامىڭىز ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ نامىدەك شۆھرەت قازانسا، بىز ئاجىزلىرىڭىزنىڭ ئارزۇيىمىز شۇ!

بابىر چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— مەن ئاۋۋال سەمەرقەند زىننەتلىرىنى بىر كۆرمەكچىمەن.

ئىبرەت ئالساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالارمىز.

قاسىمبەگ بابىرنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ:

— ئىلتىپات قىلدىڭىز، ئەمىرزادەم! — دەپ قويدى.

— لېكىن ئەمىرزادەم سەمەرقەندنى ياش ۋاقتىدا كۆرگەن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قۇتلۇق نىگارخانىم.

— بەش يېشىمدا كۆرگىنىم يادىمدا ئانچە قالماپتۇ.

خانزادە بېگىم كۈلدى:

— بۇلتۇر سەمەرقەند ئادەملىرى بىلەن كېتىپ بىزنى تازا سېغىندۇرغاندىڭىزغۇ؟

بابىر بۇلتۇرقى مۇۋەپپەقىيەتسىز يۈرۈشىنى ئەسلەپ جىددىيلەشتى:

— راست، بۇلتۇر تۆت ئاي سەمەرقەند ئەتراپىنى كەزدۇق. ئەمما شەھەر دەرۋازىلىرى بىز ئۈچۈن بىرەر قېتىم ئېچىلمىدى. بىز بوۋىلىرىمىزنىڭ پايتەختىنى كۆرۈشكە مۇناسىپ ئەمەس ئوخشايمىز!

بابىر بۇ سۆزلەرنى شۇنداق ئېچىنىپ، غەزەپ كەلگىنىنى يوشۇرالماي لەۋلىرى تىترەپ ئېيتتىكى، ئۇنىڭ تېخى ناھايىتى ياش ئىكەنلىكى بىردىنلا بىلىنىپ قالدى. ھالبۇكى، ئۇ سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ بارغان، ئەگەر شەھەرگە كىرسە تەختكە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. توغرا، بايسۇنقۇر مىرزىمۇ تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن ئىدى. يەنە شۇنداقلا بابىردىن بەش ياش چوڭ ئىدى، دېمەك، تەختتە ئولتۇرۇشى قانۇنىي ئىدى. بىراق ئەنجان بەگلىرى بايسۇنقۇر مىرزىدىن يۈز خىل كەمچىلىك تېپىپ، ئۇنى ھەمىشە يامانلاپ سۆزلىشەتتى ۋە سەمەرقەند تەختىگە پەقەت بابىرنى لايىق كۆرۈشەتتى. بايسۇنقۇر مىرزا بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بابىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمەرقەندكە يولاتمايتتى. مۇبادا بابىر شەھەرگە قوشۇنسىز پايتەختنى كۆرۈش ئۈچۈن مۇنداقلا كىرىدىغان بولسا، بايسۇنقۇر مىرزا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئوتتۇرىدىكى تەخت تالىشى ۋە بەگلەرنىڭ ئاداۋەتتى ئۇلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويغانىدى.

قۇتلۇق نىگارخانىم ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ بۇ تالاشلار ۋە ئاداۋەتلەرگە ئارىلاشماستىن ئۆز مەملىكىتىدە خاتىرجەم ھۆكۈم سۈرۈشىنى خالايتتى. ئۇ بابىرنىڭ غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئانىلارچە كۆيۈنۈپ قارىدى-دە، ئۇنىڭغا جان-دىلىنى بەرگۈسى كېلىپ سۆزلىدى:

— بابىرجان، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، بۇ بەش كۈنلۈك دۇنيا سىزنىڭ ئىچىنىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ!

ئانىسىنىڭ ئوغلىنى پادشاھ بولماستىن ئاۋۋالقى نامى بىلەن ئاتاپ، كۆيۈنۈپ سۆزلىگىنى بابىرغا ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. بىرپەس ئۇ ئۆزىنى مېھرىبان بىر ئانىنىڭ بىغەم، تەشۋىشسىز پاخلان ئوغلىدەك سەزدى-دە، يەلكىسىدىكى زور يۈك يەرگە چۈشكەندەك يېنىكلىك ھېس قىلدى.

— ۋاقتى سائىتى كېلەر، سەمەرقەند ئارزۇسىغىمۇ يېتىشەرسىز، — دەپ داۋام قىلدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — بىراق ھازىر خەلق خاتىرجەملىكتە ئۆمۈر كەچۈرۈشكە تەقەززا. قانىتىڭىز ئاستىدا قاسىمبەگدەك تەدبىرلىك ئەمىر-ئۆمەرالىرىڭىز بار. مانا مۇشۇ ئوشتىكى ھۇجرىنى قۇرغان مېماردەك ھۈنەرۋەنلەر سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە. ئەمدى ئانىڭىز سىزدىن ئىلتىماس قىلىدۇكى، سەمەرقەندكە بولغان ھەرىبىي يۈرۈشنى بەش-ئالتە يىلغا كېچىكتۈرسىڭىز. ھەممىمىزگە

باش بولۇپ، ۋادىنى ئاۋات قىلىسىز، ئەنجاندا، مەرغىلاندا، ئوشتا زور ئابىدىلەر قۇرسىز!

قۇتلۇق نىگارخانىم پادىشاھ ئوغلىغا ئۆزۈندىن بويان مۇنچىلىك جىددىي، مۇنچىلىك قەتئىي ئىلتىماس بىلەن مۇراجىئەت قىلمىغانىدى. قاسىمبەگ يەرگە قاراپ جىمىپ كەتتى. بابىرمۇ بىرمەھەل داستىخان چېتىدە ئالتۇن جامدا قىزغۇچ كۆرۈنۈۋاتقان قىمىزغا كۆز تىكىپ جىم بولدى. ئومۇمىي جىمجىتلىقتا خانزادە بېگىمنىڭ نەپىس، سۇزۇك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەمىرزادەم، سىز ناۋايىنىڭ داستانلىرىنى ياد بىلىسىز. پەرھاد قانداق ئاجايىپ بىنالار قۇرغانلىقىنى بىر ئەسلەڭ. مەن بىر مۆتىۋەر ئېگىچىڭىز دائىم شۇنى ئارزۇ قىلىمەنكى: سىزمۇ پەرھادتەك قۇرغۇچى بولۇڭ! دۇنيادا بۇنىڭدىن ئۇلۇغ، بۇنىڭدىن ساۋابلىق ئىش يوق!

بابىر ئوشتا ئۆزى قۇردۇرغان كىچىك بىر ھۇجرىدىن بۈگۈن قانچىلىك زوق ئالغىنىنى ئەسلىدى-دە، ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ تىلەكلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگۈسى كەلدى. ئەمما ئۇ مۇنداق مۇھىم دۆلەت ئىشلىرىنى بىر ئۆزى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بابىر قاسىمبەگكە ياردەم سورىغاندەك قاراپ:

— چارىسى تېپىلامدىكىن؟ — دېدى.

سۆز سەمەرقەند يۈرۈشىنى قالدۇرۇش ھەققىدە ئىكەنلىكىنى قاسىمبەگ سەزدى. ئەسلى ھەربىي ئادەم بولغان ۋە نۇرغۇن جەڭ جېدەللەرگە قاتناشقان قاسىمبەگ بابىر خالىغان چارىنىڭ تېپىلماسلىقىنى ئىچ-ئىچىدىن سېزىپ تۇراتتى. چۈنكى سەمەرقەند يۈرۈشى ھەممە نوپۇزلۇق بەگلەرنىڭ كېڭىشىدە ماقۇللانغان، تەييار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىق ئىشلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن. زور بىر توسالغۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن سەكرەۋاتقان ئاتنى بىردىنلا توختاتقىلى بولمايدۇ، مۇبادا زورغا توختىتىلغاندىمۇ ئات يىقىلىشى، چەۋەندازنى يەرگە تاشلىشى مۇمكىن. قاسىمبەگ بۇنى ئوچۇق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى-دە، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەمىرزادەم، قۇلىڭىز چارە تېپىشتىن ئاجىزمەن، — دېدى.

بۇ جاۋاپ بابۇرغا ئېغىر كەلدى:

— ئانامنىڭ ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلالايلىمۇ؟

بابۇر بۇ سۆزلەرنى شۇنداق زەردە بىلەن ئېيتتىكى، قاسىمبەگ ئۇنىڭ ھازىر ئانىسى ۋە ئاچىسى ئېيتقان ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق سەزدى. كېيىن ئۇ بابۇرنىڭ تونۇگۇنلا سەمەرقەند يۈرۈشىگە قوشۇلۇپ، جەڭلەرگە قاتنىشىش ئىشتىياقىدا قىزغىن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىدى-دە، كۆڭلى غەش بولدى. بابۇردىكى بۇ ئۆزگىرىشچانلىقنى قاسىمبەگ ياشلىقىدىن، خاملىقىدىن كۆرەتتى، خۇسۇسەن، مۇنداق مۇرەككەپ دۆلەت ئىشلىرىدا ئاياللارنىڭ سۆزىگە كىرىشنى زور بىر ئاجىزلىق بەلگىسى دەپ بىلەتتى. ئەمما قاسىمبەگ قۇتلۇق نىگارخانىم بىلەنمۇ ھېسابلاشمىسا بولمايدۇ، چۈنكى ياش پادىشاھقا ئانىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

— خانىم ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىماسلىرى ماڭا تاج بولسۇن، — دېدى قاسىمبەگ تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى باش ئېگىپ، — قۇلىڭىز ئېيتماقچىمەنكى، بۇنداق مۇھىم ئىشتا بارلىق نوپۇزلۇق بەگلەرنىڭ رازىلىقىنى ئالمىساق بولماس.

پادىشاھ ئائىلىسى قاسىمبەگكە ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرگىنىدە

ئۇنىڭ نامىغا "ئەمىرلەر ئەمىرى" دېگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ ئېيتاتتى. هازىرمۇ قۇتلۇق نىگارخانىم:

— جانابىي ئەمىرۇل ئۇمەرا، — دېدى ئۇنىڭغا، — سىز باشقا بەگلەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشتا بابىر مىرزىغا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

— جېنىم بىلەن! ئەمما بەگلەرنىڭ بەزى ئەندىشىلىرىدىن پېقىر خەۋەردارمەن... ئەدەبسىزلىك سانالمىسا ئېيتاي.

— ئېيتىڭ، — دېدى بابىر.

قاسىمبەگ يەرگە قاراپ، بىردەم ئويلاندى، تېخى ئاق چۈشمىگەن قارا قوڭۇرراق ساقىلىنىڭ ئۇچلىرى سەقارلات چەكمىنىڭ① زەر ياقىسىغا تېگىپ قايرىلدى. ئاخىرى قاسىمبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ بابىرغا قارىدى-دە، سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغ ئابىدىلەر زور بىر دۆلەتنىڭ كۈچى ۋە پۈتۈن ۋىلايەتلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن قۇرۇلغىنىنى، هازىر مۇشۇ يېگانە دۆلەت پارچىلىنىپ كەتكىنىنى، پەرغانە چوڭ ۋادى بولسىمۇ، ئەمما ماۋەرائۇننەھرنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزگەن خانزادە بېگىم كىنايىلىق كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— جانابىي ئەمىرۇل ئۇمەرا، ئەنجاندا ئابىدىلەر قۇرۇشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دېمەكچىمۇسىز؟

— ئالىي نەسەب بېگىم، سىز سەمەرقەندتەك ئۇلۇغ شەھەر قۇرۇش ھەققىدە سۆز ئاچتىڭىز. بەگلەر ئېيتىدۇكى، ئۇلۇغ شەھەر بەرپا قىلىش ئۈچۈن يەنە مۇشۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى تىكلەش كېرەك.

---

① سەقارلات چەكمەن — تۆگە يۇڭىدىن ياسالغان يەڭگىل قىممەت باھالىق چاپان.

پۈتۈن ۋىلايەتلەرنىڭ كۆچىنى بىر جايغا يىغىش لازىم. ھازىرقى پاراكەندىچىلىك ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلار قۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيدۇ.

قاسىمبەگنىڭ بۇ سۆزلىرى، بابىرغا تېخىمۇ مەنتىقلىق تۇيۇلدى. ئۇ ئانىسىغا قاراپ بۇنىڭدىنمۇ مەنتىقلىقراق بىر سۆز كۈتتى.

— جانابىي قاسىمبەگ، ئۇلۇغ ئابىدىلەرنى پەقەت ئەمىر تۆمۈردەك ساھىبقىرانلارلا قۇرغان ئەمەس، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — ھىراتتا ئەلىشىربەگ ئىخلاسىيە، ئۇنسىيە ئاتلىق بىنالارنى قۇرغان. بابىر مىرزىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەلىشىربەگنىڭ ھاكىمىيىتىچىلىك ئەمەسمۇ؟ ئاقۇەت ئەلىشىربەگ بىر تاجدارنىڭ سۆھبەتدىشى بولسا، بابىر مىرزا مۇستەقىل دۆلەتنىڭ پادىشاھىغۇ!

قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ بۇ سۆزلىرى بابىرنىڭ قەلبىدە چۆكۈپ ياتقان ئەڭ ئۇتلۇق ئارزۇلىرىنى لەيلىتىپ چىقارغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ياشلىق ھېس-تۇيغۇسى بىلەن قەلبىگە تۈگۈپ يۈرگەن ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى — جەڭلەردە زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ ياكى ئاجايىپ شېئىرلار، داستانلار يېزىپ ئەل ئاغزىغا چىقىش، ئاندىن ناۋايىدەك ئۇلۇغ ئادەملەرگە تونۇلۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇش ئىدى. يەتتە ئاي ئاۋارە بولۇپ سەمەرقەندنى ئالالماي كەلگەندىن كېيىن جەڭلەردە زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىش ھېلىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىرئارزۇ ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ كۆزى يېتىپ قالدى. ئۇلۇغ شائىر بولۇش ئارزۇسىمۇ قول يەتمەس بىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بەخت قۇشىغا ئوخشايتتى، بابىر ئۇنى تۇتۇشقا تېخى يەتمەسلىكىنى سەزدى. ئەمما ھازىر ئانىسى ناۋايى قۇرغان ئىمارەتلەرنى تىلغا ئېلىشى بىلەن بابىرنى مۇشۇ ئۇتلۇق ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغان باشقا بىر يول "يالت" قىلىپ كۆزىگە كۆرۈ-

نۇپ كەتتى. ناۋايى قۇرغان ئىخلاسىيە ۋە ئۇنسىيلەرنىڭ شۆھرىتى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەنىكەن، ئەمدى بۇ يەردە ئۇن بەش ياشلىق پادىشاھ مۇشۇنداق ئابىدىلەرنى قۇردۇرسا، داڭقى ھىراتقىمۇ يېتىپ بارماسمىكىن؟ كېيىن، ئېھتىمال، ناۋايىمۇ بۇنى ئاڭلار، بابىرنىڭ كىملىكىنى سوراپ ئۇقار، ئۇنى سىرتىدىن تونۇپ قالار. كېيىن بەلكى بابىر ھىراتقا بارار ياكى ناۋايى ئۆزى بۇ تەرەپلەرگە كېلىشنى ئىختىيار قىلار. ناۋايى ھۇسەين بايقارانىڭ سارىيىدىن بېزىپ يۈرگىنىنى بابىرمۇ ئاڭلىغانىدى. بەلكى ئۇلۇغ شائىر خۇراساندىن پەرغانە ۋادىسىغا كېلىپ، ياش بابىرغا مۇرەببىي بولار. خىيالى مۇشۇ يەرگە يەتكەندە بابىر تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. كۆزلىرى چاقناپ، قاسىمبەگكە قارىدى-دە:

— ئانام ھەقلىق، — دېدى، — بەگلەرنى كۆندۈرۈش كېرەك!

بابىرنىڭ ئاخىرقى سۆزى پەرمانەدەك ئاڭلاندى-دە، قۇتلۇق نىگارخانىم بىلەن خانزادە بېگىمنىڭ چىرايلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار، "قاسىمبەگ ئەمدى يېڭىلدى" دەپ ئويلاشتى. ئەمما زور گەۋدىلىك قاسىمبەگ ئۆزىنىڭ كەڭ يەلكىسىنىڭ ئارقىسىدا زور بەگلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك ھامان تەسلىم بولمايتتى.

— ئەمرزادەم، بۇيرۇقىڭىزنى ئادا قىلىشتىن ئاۋۋال بەگلەرنىڭ يەنە بىر ئەندىشىسىنى ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىڭ.

بابىر خالار-خالىماس بېشىنى لىڭشىتىپ، رۇخسەت بەرگەن بولدى. قاسىمبەگ لەۋلىرىنى يېيىپ تۇرغان ئۇزۇن قوڭۇر بۇرۇتىنى قولى بىلەن ئىككى يېنىغا سۇردى-دە، كۆلۈمسىرەپ خانزادە بېگىمگە قارىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بېگىم، سىز ئەمىرزادەمنى پەرھادقا ياخشى سېلىشتۇردىڭىز. بەگلىرىمىز زامان پەرھادىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتىن پەخىرلىنىدۇ. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز — پەرھادىمىزنى ئۆز شىرىنىگە يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما، — دەپ قاسىمبەگ بىردىن جىددىيلەشتى، — سىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ شىرىن بۈگۈن سەمەرقەندتە دۈشمەن قورشاۋىدا ئەسىرە سۈپتىدە ئازاب چەكمەكتە.

بابىرنىڭ يۈزى ۋىلىلىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇيالغانلىقىنى سەزدۈرگۈسى كەلمەي، بېشىنى ئەگدى-دە، ئۆز تىزلىرىغا قارىدى.

قاسىمبەگ تېخىمۇ مۈشكۈل ۋە نازۇك بىر سۆزنى قوزغىغانىدى. بابىر بەش يېشىدا ئۇنىڭغا سەمەرقەند پادىشاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئوتتۇرانچى قىزى ئايىشە بېگىمنى ماقۇللاشتۇرۇپ قويۇشقانىدى. ھازىر شۇ قىز ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن. بابىر ئۇنى يېقىنقى يىللاردا كۆرگەن ئەمەس. ئەمما كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئايىشە بېگىمنىڭ غۇنچىدەك گۈزەللىكىنى ماختاپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان. مۇشۇ گۈزەل قىزچاق بابىرنى ئۆز نىجاتكارىنى كۈتكەندەك كۈتىدۇ، بۇنىمۇ بابىرغا كېلىپ ئېيتقۇچىلار بار. بابىرمۇ ئۆزىنىڭ مەلىكىسىگە قەھرىمانلىقلار كۆرسىتىپ ئېرىشىشنى خالايدۇ. ئۇ ئايىشە بېگىمنىڭ ئۆزىنى ئەسلىيەلمىسىمۇ، بەش ياش ۋاقتىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئۆزىنى تىلىغان تېرمىزلىق گۈزەل بىر كېلىننى يېقىندىن كۆرگىنى يادىدا.

"يۈز ئاچار" دېگەن ئادەتكە بىنائەن، ياش كېلىننىڭ يۈزىدىكى پەردىسىنى پاك نەپەسلىك ياش بالا ئېچىش كېرەك ئىدى. شۇ كۈنلەردە قۇتلۇق نىگارخانىم بەش ياشلىق كىچىك ئوغلى بابىرنى سەمەرقەندكە تويغا ئېلىپ بارغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، بابىرغا پادىشاھ ئائىلىسى ھەۋەس بىلەن

قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىللار "يېڭى چۈشكەن كېلىنمۇ مانا شۇ شىردەك ئوغۇل كۆرسۇن"، دېيىشىپ، يۈز ئېچىشقا بابىرنى مۇناسىپ تېپىشتى. بۇ ھادىسىنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى بابىرنىڭ خاتىرىسىدە قالمىغان. ئەمما ئالتۇن قوشۇپ توقۇلغان ئاق يىپەك پەردىنى كېلىننىڭ يۈزىدىن ئالغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ناھايىتى يېقىملىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ ئالغىنى ھېچ ئېسىدىن چىقمايدۇ. بۇ — گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى بىلدى. تېرمىزلىق كېلىننىڭ ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەل بولغىنىغا بەش ياشلىق بالىنىڭ پەمى يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما گۆدەك قەلبى ئەپسانىۋى بىر جازىبىلىكتىن جۇش ئۇرغانلىقى يادىدا قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر باشقىلار ئۇنىڭ سەمەرقەنددىكى لايىقىنىڭ ھۆسنىنى ماختىغىنىدا شۇ كېلىن ئېسىگە چۈشەتتى. باشقا تەپسىلاتلار ئوقۇغان كىتابلىرىدىكى گۈزەللەر تەسۋىرىدىن كېلىپ قوشۇلاتتى. بابىر سەمەرقەنددىكى لايىقىنى ئۆسمۈرلەرچە بىر ساپلىق بىلەن غايىبانە سۆيەتتى. مانا شۇ سۆيۈملۈكى بۈگۈن بابىرنىڭ دۈشمەنلىرى ئاسارىتىدە تۇرسا، ئۇ ئەنجاندا ئەندىشە قىلماي يۈرەلەمدۇ؟

— جاناب قاسىمبەگ، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — كېلىنىمىزنىڭ تەقدىرى بىزنىمۇ سىقىلىشقا سالىدۇ. بىز ئانىسىدىن ئايىشە بېگىمنى تاشكەنتكە — ئاچىسى رابىيە بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتسە، دەپ ئىلتىماس قىلىپ خەت ئەۋەتكەنىدۇق. ئېھتىمال، شۇ ئىلتىماسىمىز بەجا كەلتۈرۈلگەندۇ؟

قاسىمبەگ مەيۈس باش ئېگىپ:

— ئەپسۇس، خانىم ھەزرەتلىرى، ئەپسۇس! — دېدى، — قۇلىڭىز سەمەرقەنددىكى مەخپىي خادىملاردىن كەلگەن بىر خەۋەرنى

ئەمىرزادەمگە كۆرسىتىشتىن تارتىنغانىدىم. سىلەرنىمۇ تەشۋىشكە سالماقچى ئەمەس ئىدىم.

— نېمە خەۋەر؟ تىنچلىقمۇ؟ — تەشۋىشلىنىپ سورىدى بابىرنىڭ ئانىسى.

— ئايشە بېگىم ئانىسى، ئاچىسى بىلەن بىللە تاشكەنتكە يوشۇرۇن كەتمەكچى بولغىنىدا بايسۇنقۇر مىرزا بىلىپ قېلىپ توسقۇنلۇق قىلىپتۇ. دۈشمەن ئورنىدا قوپال گەپلەرنى قىلىپتۇ. ئۆي ئەتراپىغا ئادەم قويۇپتۇ. ھويلىسىدىن چىقارمايدىكەن. ئەسىرەلەر ئەمدى پۈتۈن نىجاتلىقنى ئەنجاندىن كۈتىدىكەن.

ئاخىرقى سۆزلەر بابىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سېقىرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ لايىقىغا قوپال سۆزلەرنى قىلىپ، بىچارىنى ئەسىرەدەك ئازابلاۋاتقان بايسۇنقۇر مىرزا شۇنداق غەزىپىنى كەلتۈردىكى، ئەتىلا ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، باستۇرۇپ بېرىش ۋە سۆيگۈنىنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىيالى بابىرنىڭ قەلبىدىكى باشقا ھەممە خىياللىرىنى بېسىپ كېتىشكە باشلىدى.

خانزادە بېگىم ئۇكىسىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ:

— ئەمىرزادەم، خۇدا ئەسىرەلەرنى قۇتقۇزۇشنى سىزگە تېزرەك نېسىپ قىلسۇن! — دېدى، — ئەمما نىجاتلىقنى پەقەت قورال كۈچىلا كەلتۈرەمدۇ؟ زەئىپە ئېگىچىگىزنىڭ ئېتىقادى شۇكى، قان تۆكۈلسە، ئاداۋەت كۈچىيىدۇ. بايسۇنقۇر مىرزا ئەسىرەلەرگە تېخىمۇ ئۆچلىشىدۇ. نىجاتلىق ئۇرۇشتا ئەمەس، ئەمىرزادەم، نىجاتلىق سۇلھتە!

بېگىمنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى بابىرنىڭ كۆڭلىدە قوزغالغان بايىقى غەزەپنى سەل پەسەيتۇردى. "سۇلھ" سۆزى

قەلبىگە يىللىق تۇيۇلدى.
خانىم دەرھال قىزنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئوغلىغا قاردى:
— باسيۇنقۇر مىرزىغا ئەلچى ئەۋەتىڭ ئەمىرزادە! ئارىلىقتىكى ئاداۋەتنى يوقىتىڭ!
— بايسۇنقۇر مىرزا زوراۋانلىق قىلسۇن! مەن مۆمىنلەرگە باش ئېگىپ ئەلچى ئەۋەتەي!
بابىر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىش بىلەن، ئۇنىڭ زورلۇقىقا زورلۇق، زەربىگە زەربە بىلەن جاۋاب بېرىش ئويى قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭلاشتى. قاسىمبەگ ئۇنىڭدىكى بۇ ئارزۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە چۈشتى.
— خانىم ھەزرەتلىرى، ھازىرقى زاماندا زوراۋانلىققا ياۋاشلىق قىلىش مۇتلەق توغرا كەلمەس. زورلار ئارىسىدا زور بولۇش كېرەك! ھازىر شەيبانىخان سەمەرقەندكە شىمالدىن كۆز تىكتى، ھىسار ھۆكۈمدارى خىسراۋشاھ ئىلاجى تاپسا، سەمەرقەندكە جەنۇبتىن چاڭ سالىدۇ. بايسۇنقۇر مىرزا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تاجدار، پايتەختنى ئەتە-ئۆگۈن تارتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر بابىر مىرزا سەمەرقەندنى تېزرەك ئىگىلىمىسە، بۇۋىلىرىدىن قالغان سەلتەنەت ياتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر شەيبانىخانمۇ، خىسراۋشاھمۇ، — بىرەرسى سەمەرقەندنى بېسىۋالسا، كۈچ-قۇۋۋىتى ئېشىپ، پات ئارىدا ئەنجانغىمۇ قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ.
— بارلىق تۆمۈرىيلەر بىرلىشىپ ئىتتىپاق تۇرۇشسا بولماسمىدى؟ — دېدى نىگارخانىم كۆيۈنۈپ.
— بارلىق تۆمۈرىيلەرنىڭ پاراكەندە كۈچلىرىنى يىغىپ بىرلەش-

تۇرۇش ئۇچۇنمۇ قۇدرەت كېرەك، ئەقىل كېرەك! بايسۇنقۇر مىرزىغا ئوخشىغانلاردا نە ئۇبار نە بۇ؟ ماۋەرائۇننەھردىكى تۆمۈرىيلەر ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىقى، ئەڭ قۇدرەتلىكى بابىر مىرزا. شۇڭا ئۇچۇن بىز جىنەمىزنى ئەمىرزادەم كۆزلىگەن ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىغا تىككەنمىز. ئىنشائاللا، سەمەرقەندنى بۇ يىل ئىشغال قىلساق، خەۋپ-خەتەرلەر بىر تەرەپ بولغۇسى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھەققىي تىنچ دەۋر كېلىدۇ، ھەرقانچە بىنا قۇرساق ئاسان بولىدۇ.

خانزادە بېگىم قاسىمبەگكە تىكىلىپ سورىدى:

— دېمەك، مۇھتەرەم ۋالىدىمىزنىڭ ئىلتىماسى رەت قىلىنامدۇ؟

قاسىمبەگ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ باش ئەگدى:

— قۇلىڭىزنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى ئەپۇ قىلىڭ، بېگىم، مەن ئەمىرزادەمنىڭ ئىجازەتلىرى بىلەن كۆڭلىمدە بارىنى سۆزلىدىم.

بابىر ئالاقىلىقتا قېلىپ قىينىلاتتى. ئانىسىنىڭ شۇنچىلىك ئىشەندۈرۈپ ئىپتىقان ھەقلىق ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلىشقا ئۇنىڭ تىلىمۇ بارمايتتى، كۆڭلىمۇ سوقمايتتى. ئەمما قاسىمبەگ ئۇنىڭ قەلبىدە شۇنداق تاشقىنلىق ھېسلارنى قوزغىدىكى، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭمۇ ئىلاجى كۆرۈنمەي قالدى. ئەگەر ئۇ سەمەرقەندتىن ۋازكەچسە، نېرىقى زوراۋانلار پايتەختنى ئېلىشى، كېيىن ئەنجانغا باستۇرۇپ كېلىشى مۇقەررەر ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ھازىر تېخىمۇ ئېنىق سېزىلمەكتە ئىدى. پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردە ئۇرۇش گىردابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان بىرەر ۋىلايەت كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. بابىر بۆرىلەر قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئازابلىناتتى. ئانىسىنىڭ "سۈلھ تۈزۈڭ، بىناكار بولۇڭ!" دېگىنى "كېيىكتەك بېئازار ياشاڭ" دېگىنى ئىدى. لېكىن بابىر يىرتقۇچلار ئارىسىدا كېيىك بولۇپ كۈن كۆرەل-

مەسلىكىنى ئىچ-ئىچىدىن ھېس قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىنى قورشاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەر بىلەن شىر بولۇپ ئېلىشىشنى خالايتتى. بۇنى سېزىپ تۇرغان قاسىمبەگ مۇنازىرىنى ئارتۇق سوزۇپ ئولتۇر-غۇسى كەلمىدى.

— ئەمىرزادەم بۈگۈن ئاتلىق سەيلىگە چىقماقچىدىڭىز، خانىم ھەزرەتلىرىنىڭ تەكلىپىنى ھەممە بەگلەر بىلەن كېڭىشىپ كۆرەرمىز. كەچتە خىرگاھتا كېڭەش ئۆتكۈزەيلى.

خانزادە بېگىم ئانىسىغا: "يالت" قىلىپ قارىدى-دە، "ھازىر بىرلا قاسىمبەگكە ئۆتكۈزەلمىگەن تەكلىپلىرىمىزنى كېيىن بارلىق بەگلەرگە قانداق ئۆتكۈزەرمىز؟" دېمەكچى بولدى. قۇتلۇق نىگارخانىم بابۇرغا يەنە نېمىلەرنىدۇ ئېيتماقچى بولۇپ تەمشەلدى. ئەمما بابۇر قاسىمبەگكە قاراپ:

— كېڭەش ئەتىگە چاقىرىلسۇن، ياخشىراق ئويلاپ كۆرەيلى، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن قاسىمبەگ باشلىق مۇلازىم-لىرى بىلەن ئاتلىق سەيلىگە چىقىپ كەتتى.

## 5

ئوشنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكلەر، دولقۇنسىمان قىر ۋە ئېدىرلار، تۈرلۈك-تۈمەن دالا گۈللىرى — ساپسېرىق قاقىلەر، كۆك-قىزغۇچ نوقۇدىلار، بىنەپشە رەڭ ئەرباھالەر ئارىسىدا ئۇزاقتىن قىپقىزىل گىلەمگە ئوخشاپ كۆزگە تاشلىنىدىغان تەكتى ئېچىلغان لەيلىقازاقلار بىلەن بېزەلگەندى.

بابۇر يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ تىزغا چىقىدىغان يۇمشاق كۆكات ئۈستىدە ئاتلارنىڭمۇ مەيىن قەدەم تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېڭىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. باھار گۈزەللىكى ھازىر ئۇنىڭ كۆزىنى ئەركىلىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دىلىغا تەسىر قىلالمايتتى. بايىقى مۇشكۇل زىددىيەتلەر ھېلىمۇ خىيالىنى بەند قىلىپ، كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋېتتۇ. بابىر بۇ چىگىش تۈگۈنلەرنى ئۆزى يېشەلمەسلىكىنى سەزدى. بۇ تۈگۈنلەرنى ئۇ خالىغاندەك يېشىپ بېرەلەيدىغان دانا ئادەم بارمىكىن؟ ئۇنىڭ يادىغا ئۇستازى خوجائابدۇللا چۈشتى. بىتاب بولۇپ ئوشقا بىللە كېلەلمىگەن خوجائابدۇللامۇ بابىرنىڭ سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ بېرىشىغا تەرەپدار ئىدى.

"ماۋەرائۇننەھردىكى پاراكەندىلىكنى تۈگىتىپ، قۇدرەتلىك دۆلەت تۈزمىگۈچە چوڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!" دېگەن سۆزلەرنى بابىر ئۇستازىدىنمۇ كۆپ ئاڭلىغان. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۇرۇشۇش كېرەك. ئۇرۇشقا بولسا ئانىسى قارشى. كىمنىڭ ھەق؟ بابىر بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايدۇ.

ئاتلىقلار ئۆزۈن بىر تۆپىلىككە چىققىنىدا قاسىمبەگ تاغ تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— قوي-ئۆچكە پادىلىرى نېمىدېگەن كۆپ؟ — دەپ تەئەججۇپلەندى.

بابىر ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى. قىر ۋە ئېدىرلارنىڭ ھەربىرىدىن بىرقانچىلىغان پادىلار قاپلاپ چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. خوجاكالان دېگەن يىگىرمە بەش ياشلىق قاپقارا بەگ قولىنى پېشانىسىگە سايە قىلىپ كۆنپېتىش تەرىپىگە قارىدى-دە:

— ئوھوي! — دېدى، — بۇ تەرەپتە ئۇنىڭدىنمۇ جىق!

— كۈنچىقىش تەرەپتىمۇ بار!

پادىلارنىڭ غۇژمەك بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا يېيىلىپ

مەسىلىنى ئىچ-ئىچىدىن ھېس قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىنى قورشاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەر بىلەن شىر بولۇپ ئېلىشىشنى خالايتتى. بۇنى سېزىپ تۇرغان قاسىمبەگ مۇنازىرىنى ئارتۇق سوزۇپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى.

— ئەمىرزادەم بۈگۈن ئاتلىق سەيلىگە چىقماقچىدىڭىز، خانىم ھەزرەتلىرىنىڭ تەكلىپىنى ھەممە بەگلەر بىلەن كېڭىشىپ كۆرەرمىز. كەچتە خىرگاھتا كېڭەش ئۆتكۈزەيلى.

خانزادە بېگىم ئانىسىغا: "يالت" قىلىپ قارىدى-دە، "ھازىر بىرلا قاسىمبەگكە ئۆتكۈزەلمىگەن تەكلىپلىرىمىزنى كېيىن بارلىق بەگلەرگە قانداق ئۆتكۈزەرمىز؟" دېمەكچى بولدى. قۇتلۇق نىگارخانىم بابۇرغا يەنە نېمىلەرنىدۇ ئېيتماقچى بولۇپ تەمشەلدى. ئەمما بابۇر قاسىمبەگكە قاراپ:

— كېڭەش ئەتىگە چاقىرىلسۇن، ياخشىراق ئويلاپ كۆرەيلى، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن قاسىمبەگ باشلىق مۇلازىملىرى بىلەن ئاتلىق سەيلىگە چىقىپ كەتتى.

## 5

ئوشنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكلەر، دولقۇنسىمان قىر ۋە ئېدىرلار، تۈرلۈك-تۈمەن دالا گۈللىرى — ساپسېرىق قاقىلەر، كۆك-قىزغۇچ نوقۇدىلار، بىنەپشە رەڭ ئەرباھالەر ئارىسىدا ئۇزاقتىن قىپقىزىل گىلەمگە ئوخشاپ كۆزگە تاشلىنىدىغان تەكتى ئېچىلغان لەيلىقازاقلار بىلەن بېزەلگەنىدى.

بابۇر يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ تىزغا چىقىدىغان يۇمشاق كۆكات ئۈستىدە ئاتلارنىڭمۇ مەيىن قەدەم تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېڭىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. باھار گۈزەللىكى ھازىر ئۇنىڭ كۆزىنى ئەركىلىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دىلىغا تەسىر قىلالمايتتى. بايىقى مۇشكۇل زىددىيەتلەر ھېلىمۇ خىيالىنى بەند قىلىپ، كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بابىر بۇ چىگىش تۈگۈنلەرنى ئۆزى يېشەلمەسلىكىنى سەزدى. بۇ تۈگۈنلەرنى ئۇ خالىغاندەك يېشىپ بېرەلەيدىغان دانا ئادەم بارمىكىن؟ ئۇنىڭ يادىغا ئۇستازى خوجائابدۇللا چۈشتى. بىتاب بولۇپ ئۇشقا بىللە كېلەلمىگەن خوجائابدۇللامۇ بابىرنىڭ سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ بېرىشىغا تەرەپدار ئىدى.

"ماۋەرائۇننەھردىكى پاراكەندىلىكنى تۈگىتىپ، قۇدرەتلىك دۆلەت تۈزمىگۈچە چوڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!" دېگەن سۆزلەرنى بابىر ئۇستازىدىنمۇ كۆپ ئاڭلىغان. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۇرۇشۇش كېرەك. ئۇرۇشقا بولسا ئانىسى قارشى. كىمنىڭ ھەق؟ بابىر بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايدۇ.

ئاتلىقلار ئۇزۇن بىر تۆپىلىككە چىققىنىدا قاسىمبەگ تاغ تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— قوي-ئۆچكە پادىلىرى نېمىدېگەن كۆپ؟ — دەپ تەئەججۈپلەندى.

بابىر ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى. قىر ۋە ئېدىرلارنىڭ ھەربىرىدىن بىرقانچىلىغان پادىلار قاپلاپ چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. خوجاكالان دېگەن يىگىرمە بەش ياشلىق قاپقارا بەگ قولىنى پېشانىسىگە سايە قىلىپ كۈنپېتىش تەرىپىگە قارىدى-دە:

— ئوھوي! — دېدى، — بۇ تەرەپتە ئۇنىڭدىنمۇ جىق!

— كۈنچىقىش تەرەپتىمۇ بار!

پادىلارنىڭ غۇژمەك بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا يېيىلىپ

يۇرگەن قويلار ئەمەس. ئەنە ئۇدۇلدىكى قىرلار ئارقىسىدىن يەنە ئىككى
پادا چىقىپ كەلدى. ئاندىن يىراقتىكى ئېدىرلار ئارىسىدىن كەينى-
كەينىدىن ئۈچ تۆيۈر يىلقا ئېتىلىپ چىقتى-دە، بۇ ياققا قاراپ كەلگىنى-
دەك باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. سول تەرەپتىن يەنە ئۈچ-تۆت
تۆيۈر يىلقا كۆرۈندى. يىلقىلارمۇ، قوي پادىلىرىمۇ يىراقتىكى قارلىق
تاغلاردىن ئۇشىقا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئاخىرىدا، تاغ تەرەپتىن
تىزىلىپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر كۆرۈندى.
شۇ ۋاقىتتا بابىر تاغلارغا قوي ۋە يىلقا يىغىش ئۈچۈن ئۈچ يۈز
ئەسكەر بىلەن قورالىلىق چاپقۇن قىلىشقا كەتكەن ئەھمەد تەنبەلنى
ئەسلىدى. قاسىمبەگ خۇشاللىنىپ:
— ئەزمەتلەرنىڭ ئولجىسى ناھايىتى كۆپقۇ! — دېدى. خوجا-
كالانمۇ ھاياجانلىنىپ:
— ھەددى-ھېسابسىز! — دەپ خىتاپ قىلدى، — باتۇرلارچە
ئولجا! ئادەتكە بىنائەن، بۇ ھېسابسىز قوي ۋە يىلقىلارنىڭ بەشتىن
بىرى پادىشاھ ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ، قالغان تۆت قىسمى بارلىق بەگ
ۋە مۇلازىملارغا تەقسىملىنەتتى. شۇنى بىلگەن بەگلەر گويا ئاسماندىن
چۈشۈۋاتقان بۇ زور بايلىققا قاراپ خۇشاللىقىنى يوشۇرالمايتتى.
بابىر ئېتىنى تاغدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر تەرەپكە بۇراپ، تىز-
گىنىنى بوشاتتى. ئۇچقۇر ئات قۇشتەك ئۇچۇشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ
بابىرنىڭ كەينىدىن ئات چېپىشتى. بىر قىردىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى-
سىگە كۆتۈرۈلگەندە، نېرىقىلارمۇ بۇلارنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپ كېلىشكە
باشلىدى. بابىر ئېگىز بىر جايدا ئېتىنى توختاتتى.
ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئەھمەد تەنبەل قۇياق كىيگە-
نىدى، يەلكىسى ۋە كۆكسىنى يېپىپ تۇرغان قۇياقنىڭ تۆمۈرى

ئاپتاپتا پارقىرايتتى. ئۇنىڭ بويىنىغا يائۇقى تەگكەن، ياردار بولغان يېرىنى يېشىل رەخت بىلەن باغلىۋالغان-دى. ئۆزى ئۆزگىرىپ، موغۇلچە ياڭاقلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى يەنىمۇ بۆرتۈپ چىقىقاندى. ئۇ بابىردىن ئەللىك قەدەم نېرىراقتا ئېتىدىن چۈشۈپ، قول قوشتۇرۇپ كېلىپ يەر سۆيۈپ يۈكۈندى:

— مىرزا ھەزرەتلىرىگە دۈشمەن بولغان چەگرەكلەر ئۇلپان تۆلەشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئون ئالتە مىڭ قوي، ئىككى يېرىم مىڭ يىلقىسى جەرىمانە تەرىقىسىدە تارتىپ ئەكىلىندى!

— چاپقۇن چىقمىسىز بولدىمۇ؟

— مىرزا ھەزرەتلىرى، بىزنىڭ ئۈچ ئادىمىمىز ھالاك بولدى، ئون كىشى يارىلاندى. ئەمما بىز دۈشمەندىن بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق.

ئەھمەد تەنبەل ئالدىنقى سەپتە تۇرغان يىگىتلىرىدىن بىرسىگە ئىشارەت قىلدى. ئېيىقتەك، قوپال بىر يىگىت ئېگەرنىڭ تۆپىسىدە تومپىيىپ تۇرغان خۇرجۇننى ئالدى-دە، پادىشاھقا يېقىنلاشتى. پالاستىن تىكىلگەن خۇرجۇننىڭ ھەممە تەرىپى قان ئىدى. ئېيىقتەك يىگىت ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشارىتى بىلەن خۇرجۇننىڭ ھەر ئىككى بېشىغا تولغان نەرسىنى يەرگە تۆكتى. ئون-ئون بەشچە ئادەم كال-لىسى كۆكاتلار ۋە لەيلىقازاقلار ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى. بابىر كاللىلارنى كۆرگەن ھامان "چەگرەكلەرمۇ بىزنىڭ ئادەملەرگە ئوخ-شايدىكەنغۇ!" دېگەن خىيالدىن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. چارۋى-دار تۈركىي قەبىلە بولغان چەگرەكلەرمۇ بابىرنىڭ ۋەتەنداشلىرى ئىكەنلىكىگە، ھەممىسى بىر ئەل، بىر ئۇلۇستىنلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى چەگرەكلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمايتتى،

ئەۋەتكەن كىشىلىرىنى قىلىچ بىلەن قارشى ئېلىشاتتى. مانا ئەمدى ئۆزلىرى قىلىچىنىڭ تىغىدىن ئۆتۈپ، باشلىرى ئاياغ ئاستىدا دومىلاپ يېتىپتۇ. بۇ جانسىز باشلاردىن بىرسىنىڭ ساقىلى يوق، كۆك سارغۇچ يۈزى سىلىق، بۇرۇتى ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان. بابىر ئۇنىڭ ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى بايقىدى-دە، ئېگىكى ئاستىدىن كېسىلگەن گۆش ئارىلاش قانلىق بوينىغا قاراپ، كۆڭلى بىردىنلا ئېلىشقاندەك بولدى، ياردەم سورىغاندەك، ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان قاسىمبەگكە قارىدى.

سۇلتان ئەھمەد تەنبەلمۇ، ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ بابىردىن ماختاش ۋە مۇكاپات كۈتۈشمەكتە ئىدى. ئون ئالتە مىڭ قوي، ئىككى يېرىم مىڭ يىلقا ئاز بايلىق ئەمەس ئىدى. ئۈچ يىگىت ئۆلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بەدىلىگە ئون بەش-يىگىرمە دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىشمۇ شۇ تۇرغانلارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن مەردانە ئىش ھېسابلە-ناتتى، بۇنى ماختىماسلىق بولسا ئادالەتسىزلىك سانىلاتتى.

قاسىمبەگ بابىرنىڭ يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، كېسىلگەن باشلار بابىرغا مۇنچىۋالا تەسىر قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۆتكەن يىلقى سەمەرقەند ئۇرۇشىدا ياش پادىشاھ مۇنداق باشلارنى نۇرغۇن كۆرگەنىدى. ئادەتتە "پالانچى يۈز دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپتۇ" دەپ قۇرۇق ماختاشسا، ئانچىۋالا ئىشەنچلىك بولمايتتى، چۈنكى ئاز ئىشنى كۆپ قىلىپ كۆرسىتىپ، پوچىلىق قىلىدىغان بەگ ۋە نەۋكەرلەرمۇ بار. جەڭچىنىڭ خىزمىتى ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى كېسىپ ئەكېلىپ ھېساب بېرىش كونا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

— ئەمىرزادەم، — دەپ پىچىرلىدى قاسىمبەگ، — قۇلىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەيمۇ؟

بابىر تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. قاسىمبەگ يۈزىنى بابىرغا يېقىنراق كەلتۈرۈپ، يەنە ئاڭلىنار-ئاڭلانماس قىلىپ سورىدى:

— مۇكاپاتقا قىلىچ بەرسەك... رازىمۇسىز؟

بابىرنىڭ ياراقبەردارى ئېلىپ يۈرگەن تىغلار ئارىسىدا ئالتۇن دەستىلىك ناھايىتى قىممەتلىك باغدات قىلىچى بار ئىدى، بابىر بىر-ئىككى قېتىم ئاقۋاندا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلغاندى. بابىرنىڭ كۆزى شۇ قىلىچقا چۈشكىنىنى كۆرگەن قاسىمبەگ "چۈشەندىم" دېگەندەك باش لىڭشىتتى.

— سۇلتان ئەھمەد جانابلىرى، — دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى قاسىمبەگ، — سىزنىڭ باتۇرلارچە زەپەر بىلەن قايتقىنىڭىز مىرزا ھەزرەتلىرىنى چەكسىز خۇشال قىلدى. سىز بابىر مىرزىغا قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئىسپات قىلدىڭىز. پۈتۈن مەۋكەب① بۈگۈن سىلەرنى ئالقىشلايدۇ! ئۇشتىكى قارارگاھتا ئاخشاملىقتا سىلەرنىڭ شەرىپىڭلارغا تەنتەنىلىك زىياپەت بېرىلىدۇ، ھەممە يىگىتلىرىڭىز شاھانە ئىنئاملار ئالىدۇ. ھازىر مىرزا ھەزرەتلىرى سۇلتان ئەھمەد جانابلىرىغا ئالتۇن دەستىلىك خاس شەمشەرنى ئىنئام قىلدى!

قاسىمبەگ باغدات قىلىچىنى ياراغبەرداردىن ئالدى-دە، يەرگە تەزىم قىلىپ تۇرغان سۇلتان ئەھمەدكە سۇندى. سۇلتان ئەھمەد تىز پۈكۈپ قىلىچىنى غىلاپىدىن تۆت ئىلىكچە چىقاردى-دە، پولاتنى سۆيدى، ئاندىن ھاياجانلانغانلىقتىن تىترەپ دېدى:

— مىرزا ھەزرەتلىرى، ئۆلگۈچە بۇ مەرھەمىتىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن!

---

① مەۋكەب — پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بارلىق مۇلازىملىرى، يېقىنلىرى.

تا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىزگە سادىق خىزمەتتە بولىمەن!

* * *

شۇ كۈنى ئاخشام ئوش قەلئەسىنىڭ مۇنارلىرى ئۈستىدە، شەھەر ئەتراپىغا تىكىلگەن يۇزلەپ چېدىر ۋە ئوتاقلار ئالدىدا كانايلار، ناغرىلار چېلىندى، ئوتقاشلار يېقىلىپ، چوڭ تەنتەنىلەر باشلاندى. مىڭ-مىڭلاپ قوي ۋە يىلقىلارنى ئىنئام تەرىقىسىدە بىكارغا ئالىدىغان بارلىق بەگلەر، نەۋكەرلەر ۋە مۇلازىملار بۈگۈن ئەستايىدىل خۇشال-لانماقتا ئىدى. پادىشاھنىڭ ھەشەمەتلىك خىرگاھىدا كەچلىكى قوبۇل مۇراسىمى ۋە بەزمە بولدى. سازەندىلەر ئەڭ مۇڭلۇق كۈيلەرنى چېلىشتى، ھاپىزلار ياخشى ناخشىلارنى ئېيتىشتى.

بابىر خىرگاھ تۆرىدە تۆت ئالتۇن پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئېگىز شاھ سۇپا ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان ئەڭ نوپۇزلۇق بەگلىرى ئارىسىدا ئەھمەد تەنبەلمۇ پەيدا بولغان. ئۇ كۈندۈزكى قۇياق ئورنىغا زەرباپ تون ۋە كۈمۈش رەڭ سەللە كىيگەن، پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچنى كۈمۈش كەمەرگە تېقىۋالغانىدى. ھەممە ئۇنى مۇكاپات بىلەن مۇبارەكلەشتى. تەبرىكلەشلەرنىڭ ھەممىسىدىن يېقىملىقى — بايا خىرگاھقا كىرگەندە قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ مۇبارەكلىشى بولدى. پادىشاھنىڭ ئانىسى بىلەن ئېگىچىسى ھازىر چوڭ داستىخاننىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئەھمەد تەنبەلگە سىڭايان ئولتۇرۇپ، سازەندىلەرنىڭ كۈيىنى ئاڭلىماقتا. ئەھمەد تەنبەل ئارىلاپ ئۇلارغا كۆز قىرىنى سېلىپ قوياتتى. خانزادە بېگىمنىڭ نەپىس قەددى-قامەتى، ھەفتىكار① يىپەك رەختتىن كىيگەن ھەسەن-ھۈسەندەك تاۋلىنىپ

① ھەفتىكار — يەتتە خىل رەڭ.

تۇرغان كىيىمى ئەھمەد تەنبەلگە بوگۇن ھەرقاچانقىدىنمۇ جازىبىلىك كۆرۈنەتتى.

ياش پادىشاھنىڭ بەزمىلىرىدە ئىچىلىك ئىچىلمەيتتى، بابىرتىخى مەينى ئاغزىغىمۇ ئېلىپ باقمىغانىدى. قاسىمبەگمۇ ئىچكۈلۈكنى يامان كۆرەتتى ۋە ئۇنى بەزمىلەرگە يېقىن كەلتۇرمەيتتى. لېكىن ئۆمەرشەيخ مىرزا دەۋرىدە مەي ئىچىپ ئۆگەنگەن باشقا بەگلەر مانا مۇشۇنداق بەزمىلەردە بابىردىن يوشۇرۇن چەت ياقىدا ئىچىشۋالاتتى.

ئەلى دوستبەگ دېگەن قاتما، كوسىغا ئوخشاش بىر بەگ ئارقىدا شەربەت كۆتۈرۈپ تۇرغان شەربەتچىگە سىرلىق كۆز قىستى دە، ئەھمەد تەنبەلنى كۆرسەتتى. شەربەتچى مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ ئەھمەد تەنبەلگە يېقىنلاشتى ۋە كۈمۈش كوزىدىن چىن پىيالىسىگە توشقۇزۇپ كۆككۈش "شەربەت" قۇيۇپ بەردى. ئەھمەد تەنبەل پىيالىنى قولىغا ئالغاندا، دىمىقىغا ئۆتكۈر مەي پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— ئېلىڭ، بەگ، ئىلاھىم سەمەرقەندتە بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مۇيەسسەر بولۇڭ! — دېدى ئەلى دوستبەگ. ئەھمەد تەنبەل مىننەتدارلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، مەينى سۇمۇردى-دە، كېيىن داستىخاندىكى تونۇر كاۋىپىغا قول سوزدى.

— مانا ئەمدى سەمەرقەندنى، بۇخارانى ئېلىشقا يېتىدىغان زاپىسىمىز بار! — دېدى شىركەيىپ دوستبەگ، — ئۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇزۇن ھەسەن ئولتۇرغانىدى. تۇرۇپ يۇرگەندە ناھايىتى ئېگىز كۆرۈنىدىغان بۇ قاتاڭغۇر ئادەم ئولتۇرغاندا گويا قاتلىنىپ، كىچىككىنە بولۇپ قالاتتى.

— شەيبانىخان قىپچاق دەشتىدىن سەمەرقەندكە بويۇن

سوزىدىكەن، — دېدى ئۇزۇن ھەسەن.

— چۈشىنى سۆغا ئېيتسۇن! سەمەرقەند بىزنىڭ بولىدۇ! — دېدى مەيدىن بەدىنى قىزىشقا باشلىغان ئەھمەد تەنبەل ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بابىرنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلاندى. بۈگۈن تاغدىن ھەيدەپ كېلىنگەن ھېسابسىز قوي ۋە يىلقىلار ساراي ئەھلىنىڭ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىش ئىشتىياقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى بابىرغا بارغانسېرى ئېنىق سېزىلمەكتە ئىدى. ئاۋۋالمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىياقلىرىغا قارشى تۇرۇش قىيىن ئىدى. ئەمما ھازىر بەگ ۋە نەۋكەرلەرنىڭ سەمەرقەندكە ئىنتىلىشى تاغ دەرياسىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېتىلىشىغا ئوخشايتتى. بۇ دەريانى ئارقىسىغا قايتۇرۇش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

## 6

ئېقىن سۇلۇق جۇشقۇن بۇ راساي ئوش قەلئەسىنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان ئۇلىغا باش ئۇرۇپ، ئۆركەشلەپ ئۆتىدۇ. سايىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى دەرەخزار مەھەللىدە مەۋلانا پەزلىددىن بۇلتۇردىن بۇيان ئىستىقامەت قىلىۋاتقان پېشايۋانلىق ئاجايىپ بىر ئۆي بار. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بەش - ئالتە تۈپ ئامۇت ۋە بېھى دەرەخلىرى ھازىر ئاپئاق بولۇپ چېچەكلەپ تۇرۇپتۇ. ھويلىنىڭ چېتىدىكى لاپاسقا ئىككى ئات باغلاپ قويۇلغان. بۇ تەرەپتىكى پۈتلىرى ئۇزۇن تورۇق قاشقا ئاتنى جابدۇقلىرى بىلەن بابىر مىرزا ئىنئام قىلغاندى. مەۋلانا پەزلىددىن پادىشاھنىڭ خاس مېمارى قىلىپ بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭغا ياخشىراق مائاش ۋە تۇرار جاي بەلگىلەنگەنىدى. بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمسىدىن مەۋلانا پەزلىددىن پەۋقۇلئاددە خۇشال بولۇپ يۈركەندى. بىراق كېيىن بەزىبىر كۆڭۈلگە ياقمايدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

مەۋلانا پەزلىددىن ئەنجاندا قۇرماقچى بولغان زور ئىمارەتلىرىنى مۇشۇ يىل يازدىلا باشلاش ئارزۇسىدا ئىدى. بابىر مىرزا كۆرسەتكەن مەرھەمەتلەر بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول ئاچقاندەك بولغانىدى. ھەتتا بابىر مىرزىنىڭ ئۆزى ئۇنى بارگاھتا قوبۇل قىلىپ، قانداق مەدرىس، قانداق خانىقا ۋە كۇتۇپخانىلار قۇرۇش ھەققىدە سۆزلەشكەن، مەۋلانىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپلىرىنى ماقۇللىغان، "خانزادە بېگىم بىز يوق ۋاقىتتا ئىش باشلىقى بولىدۇ، پىلاننى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن تۈزۈپ بېگىمگە كۆرسىتەرسىز" دېگەنىدى. ئىش ئۈستىدە يەنە خانزادە بېگىم بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىغاندا مەۋلانىنىڭ قەلبىدە قورقۇش ئارىلاش شېرىن بىر ھاياجان قوزغىلاتتى.

بىراق بابىرنىڭ يېقىندا يەنە سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ بارماقچى ئىكەنلىكى، دۆلەتنىڭ پۈتۈن كۈچى شۇنىڭغا كېتىپ، قۇرۇلۇشلار بىرمەزگىل كېچىكتۈرۈلۈشى مەلۇم بولدى. ئەگەر بابىر سەمەرقەندنى ئالالماي، ئۇرۇشتا يېڭىلسە، ئۇنىڭدا مەۋلانىنىڭ بارلىق ئارزۇلىرى ئۆز-ئۆزىدىن بىكار بولىدۇ. ئەگەر بابىر سەمەرقەندنى ئالسا، تەبىئىي، مۇشۇ يەردە پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇ پەرغانە ۋادىسىدا زور قۇرۇلۇشلار قىلامدۇ، يوق؟ ئادەتتە، پادىشاھلار قەيەرنى پايتەخت قىلسا، شۇ يەر كۆپرەك ئاۋات بولىدۇ. ئەنجاننىڭ يەنە پايتەخت بولۇشى گۇمانلىق. دېمەك، مەۋلانىنىڭ بۇ يەردە قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، بارلىق پىلانلىرى قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغاندەك ئامانەت بىر گەپ.

ھازىرئايۋاندا كونا گىئومېترىيە، ئالگېبرا كىتابلىرىنى ئاختۇرۇپ، كېرەكلىك بىر جەدۋەلنى ئىزدەۋاتقاندا، مەۋلانا مانا شۇ نەرسىلەرنى ئويلاپ تىت-تىت بولماقتا ئىدى.

بىر چاغدا دەرۋازا كەينى-كەينىدىن تاقىلدىدى. لاپاستا ئاتلار-نىڭ ئاستىنى تازىلاۋاتقان قېرى خىزمەتچى ياغاچ كۈرىكنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. بىرپەستىن كېيىن خىزمەتچى ئايۋاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى-دە:

— مەۋلانا، بىرسى ھۇزۇرىڭىزغا كىرمەكچى، — دېدى.

— كىم؟

— كىيىمى ئەسكى، ئۆزى ئازادە بىر يىگىت. "جىيەنى بولىمەن" دېدى، ئەمما مەن سىزدىن رۇخسەتسىز كىرگۈزمىدىم.

— جىيەنىم؟ ئالدىرىماڭچۇ! — دەپ، مەۋلانا ئورنىدىن تۇردى. يالاڭ ئايىغىغا كۆن كەش كىيىپ، يېرىم ئوچۇق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا باردى.

يول-يول تونىمۇ، ئايىغىدىكى چاڭ باسقان چورۇقىمۇ يىرتىلىپ كەتكەن ئېگىز بىر يىگىت كۆزلىرى يالتىراپ، كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. قەدەم ئېلىشى، قارىشى ناھايىتى تونۇش. يىگىت:

— موللاتاغا! — دەپ قۇچاق ئاچقاندا مەۋلانا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى-دە:

— تاھىرجان! — دەپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى، — شۇنچە ئۆلۈملەردىن ئامان قالغان جىيەنىم، سېنى تەستە تونۇپتىمەن. شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىپسەن! يۈزۈڭگە نېمە بولدى؟

— ھە، سورىماڭ، موللاتاغا...

— مەيلى، ماڭ، ئاۋۋال دىمىڭنى ئال. كېيىن ئېيتىپ

بىر دىسەن...

ئۇلار ئايۋانغا چىقىۋاتقاندا، مەۋلانا پەزلىددىن بۇنىڭدىن سەل كەم ئۈچ يىل بۇرۇن قوۋۋا ساي بويىدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ۋەقەلەرنى يەنە بىر قۇر ئەسلىدى. شۇ ۋاقىتتا تاھىرغا نەيزە سانجىغان سەمەرقەندلىك باسقۇنچى ئۇنى ئۆلتۈرگىنىگە ئىشىنىپ كەتكەنىدى. ئانىسى يالغۇز ئوغلىنىڭ قېنىغا مىلىنىپ، جانسىزلىنىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى "ئۆلدى" دەپ ئويلىغان ۋە تىلىقىپ يىقىلىپ قالغانىدى. بىچارە ئانا شۇ ياتقىنىچە تۇرالماستىن، ئەتىسى كۈنى ۋاپات بولدى. تاھىر بولسا دادىسى تېپىپ كەلگەن تېۋىپلار ۋە دورا-دەرمانلار تەسىرىدە ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. نەيزە ئۆپكىنىڭ بىر چېتىنى كېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ يۈرەك ۋە جىگەردەك نازۇك ئەزالىرىغا تەگمىگەن، تاھىرنىڭ ياشلىقى ۋە قۇۋۋىتى ئۈستۈن كېلىپ ئاستا-ئاستا، تۈزىلىپ كەتكەنىدى. قولۇم-قوشنىلار "تاھىرغا كەلگەن ئۆلۈمنى ئانىسى ئۆزىگە ئالدى-دە، بۇ تىرىك قالدى" دېيىشەتتى. مەۋلانا پەزلىددىن شۇ چاغدا ئاچىسىنىڭ قىرقىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەندىن بۇيان قايتىپ قوۋۋاغا بارمىغانىدى.

— ئاتاڭ قانداق، تېتىكمۇ؟—سورىدى مەۋلانا پەزلىددىن تاھىرنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

تاھىر چاڭ باسقان چورۇقى بىلەن كۆرپىگە چىقىشتىن ئىزا تارتتى-دە، پەگادىكى پالاس ئۈستىگە ئولتۇردى.

— ئاتام سىزگە سالام ئېيتىپ ئەۋەتتى. مەن بىر يىلغىچە قىشلاقتا بولمىدىم... قېرىنداشلار "بوۋاينىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسۇن" دەپ بىر تۇل موماينى ئېلىپ بېرىشىپتۇ... ئانام رەھمەتلىك ئېسىمگە چۈشتى-دە، ئۆيدە تۇرغۇم كەلمىدى.

پەقەت ئانىسىنىڭ مۇسىبىتىلا ئەمەس، باسقۇنچىلار باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا تاھىردىن نىجاتلىق كۈتۈپ ۋارقىرىغان رابىيىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. قىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاۋازى ھېلىمۇ تاھىرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولاتتى. ئۇ ئالدىنقى يىلى سەمەرقەندكىچە پىيادە بېرىپ كەلدى. يوللاردا ئۇرمىچىلىق قىلىپ، كارۋانلارغا قوشۇلۇپ يۈرۈپ، ئىلاجى بولغان جايدىن رابىيىنى ئىزدىدى، "سىڭلىم ئىدى، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ نەۋكەرلىرى ئېلىپ قېچىپ كەتكەندى"، دەپ سوراشتۇردى، ئەمما ھېچنەدىن دېرىكىنى تاپالمىدى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا شۇ يىلىلا ئۆلۈپ، قوشۇنى تارقىلىپ كەتكەن، بىر يىل داۋامىدا سەمەرقەند تەختىدە ئىككى قېتىم پادىشاھ ئالماشقان، نۇرغۇن توپىلاڭلار بولۇپ، ئىت ئىگىسىنى تونۇمايدىغان ئەھۋالغا كەلگەندى. جىززەخلىق بىر كىشى تاشكەنت تەرەپلىرىدە چۆرىلەرنىڭ كۆپ سېتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇلتۇر كۈزدە تاھىر پىيادە تاشكەنتكىچە باردى، يەنە ھەر جايدا مەدىكارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ رابىيىنى سۈرۈشتۈردى، ئەمما ھېچ نەتىجە چىقمىدى. زامان تىنچسىز، يۇرت قالايمىقان، ھايات ھەممە جايدا لېيىغان دەريا سۈيىگە ئوخشاپ ئاقىدۇ. رابىيىنى تېپىش لېيىغان دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن گۆھەرنى تېپىشتەك قىيىن ئىكەنلىكىنى تاھىر ئىچ-ئىچىدىن سېزەتتى. لېكىن بەربىر ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيتتى. مەۋلانا پەزلىدىن تاھىرنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى بايقاپ:

— جىيەنىم، سېنىڭ مۇشۇ بىچارە قىزنى ھېلىغىچە ئۇنتۇماي ئىككى يىل ئىزدىگىنىڭ ناھايىتى ئاجايىپ بىر كۆڭلۈڭنىڭ بارلىقى-دىن دالالەت بېرىدۇ. مەن سېنىڭ ساداقىتىڭگە تەن بەردىم! ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن ئەمدى ئۆزۈڭگىمۇ جەبىر قىلماسلىقىڭ كېرەك. ئۇ قىز تەقدىردە بارىنى كۆرەر. ئەگەر تىرىك بولسا، بەلكى ... بىرسى ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەندۇ. بەلكى پەرزەنتلىكمۇ بولغاندۇ. ئاخىر ئۇنى ئۈچ يىل بوش قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ سەن ئۆزەڭ بىر ئويلاپ كۆرگىن...

— مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم، موللاتاغا... پەقەت مەن ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۆز گۇناھىمنى يۇماقچى، خالاس.

— قايسى گۇناھىڭنى؟

— مۇشۇ يەردە رابىيىنى ئەنجانغا قاچۇرماقچى بولغىنىدا مەن قوۋادا ئېلىپ قالغانىدىم. ئەگەر ئەنجانغا كەتكىنىدە بۇ پالاكەتلەر بولمايدىكەن.

— سەن نېمە بولۇشنى نەدىن بىلەتتىڭ، جىيەنىم؟

— قانداقلا بولسا، مەن ئۇنى تېپىپ، شۇ گۇناھىمنى يۇمىغۇچە تىنىم تاپمايمەن. رابىيە سىز ئېيتقاندەك، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، تىنچىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدا ... مەيلى ... تەقدىرگە تەن بېرەرمەن. ئەگەر ھېلىمۇ نىجات ئىزدەپ مېنى كۈتۈپ يۈرگەن بولسىچۇ؟ ھامان مەن ئۇنى ئۇنتۇيالماي يۈرۈپتىمەنغۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ مەن كېرەك بولسامچۇ؟

مەۋلانا پەزلىددىن باش چايقاپ:

— دىل دەردىگە داۋا يوق ئىكەن-دە، — دېدى ۋە ماۋزۇنى ئۆزگەرتتى، — يوقلاپ كەپسەن، ئەمدى مېھمان بولغىن. قېنى، داستىخانغا قارا...

تاغا-جىيەن بىللە ئولتۇرۇپ سۇتلۇك چاي ئىچىشتى. كېيىن

مولالاپەزلىددىن تاھىرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە:

— جىيەنىم، تاغاڭ ھازىرخېلىلا ھاللىق، — دېدى قوينىغا قول سېلىپ، پۈپۈكلۈك بېغى بار قارا كۆن قاپچۇق ئالدى. ئۇ قاپچۇقنى ئېچىپ، جىيەنىگە بىرقانچە ئالتۇن تەڭگە ئېلىپ بەرمەكچى ئىدى. قاپچۇق چاپسان ئېچىلمىغانلىقتىن، مەۋلانا ئۇنى ئاچماستىن جىيەنىگە ئۇزاتتى، — مە، ئوشنىڭ دۇكانلىرىغا چىق، بۈگۈن جۈمە، بال كۆپ، ئۆزەڭگە لازىملىق كىيىم-كېچەك ئالغىن.

تاھىرقاپچۇقنى ئالماستىن تۇرۇپ دېدى:

— ياق، موللاتاغا، ماڭا ئۆزىڭىز ساناپ، قەرز بېرىڭ.

— ھە، خوپ. قەرز! ئۆزەڭگە يەتكۈچە ئالغىن، پۇللۇق بولغىنىڭدا قايتۇرارسەن.

— ئۇنداق بولسا، مەيلى.

تاھىر قاپچۇقنى قوينىغا سېلىپ چىقىپ كەتكىنىچە چۈشتىن كېيىن پۇتىغا يېڭى ئەسكەرچە ئۆتۈك، بېشىغا موغۇلچە قالپاق كىيىپ، چەكمەنگە ئوخشىغان يىرىك يۇڭ پەشمەتنى يەلكىسىگە سېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا غىلاپى كونىراپ كەتكەن ئەرزان بىر قىلىچمۇ بار ئىدى. مەۋلانا پەزلىددىن ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىيىملەرنى ئالدىڭ؟— دېدى، — قىلىچنى نېمە قىلارسەن؟

— موللاتاغا، يالغۇز سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش مېنىڭ جېنىمغا تەگدى. ئەمدى سەمەرقەندكە بابىر مىرزىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە بارماقچىمەن.

— ئەسكەر بولۇپمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، تەۋاچىلار ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىۋاتقانىمىش...

جىيەنى ئوشقىمۇ شۇ نىيەت بىلەن كەلگەنلىكىنى مەۋلانا پەزلىددىن ئەمدى سەزدى - دە، ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى.

— ساراڭ بوپسەن، تاھىر! ھەممىسى ئۇرۇشتىن قېچىشسا، سەن بۇ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بارماقچىسەن! بىر قېتىم نەيزە يەپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىڭ ئازمىدى؟!

— موللاتاغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە نەچچە ئۆلۈملەردىن قالغىنىمنى سىز بىلمەيسىز. تاشكەنتتە بىر موغۇل بېگى بىچارە بىر كاسىپنىڭ قىزىنى زورلىۋالىدىغان بولغاندا مەن چىداپ تۇرالمىدىم. ئارىغا چۈشكەنلىكىم ئۈچۈن مانا، يۈزۈمدە شۇ بەگنىڭ خەنجىرىدىن تاتۇق قالدى.

— زامانە زورىنىڭلىقىنى تېخىچە بىلمەمسەن؟

— بىلگىنىم ئۈچۈن مەن مۇشۇنداق زومىگەرلەر بىلەن كۈچلۈك قوشۇننىڭ سېپىدە تۇرۇپ ئېلىشماقچىمەن، موللاتاغا. مەن كۆپ يۇرتلارنى كۆردۈم، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن بىللە ئىشلەپ، بىللە بولدۇم. بابىر مىرزىنىڭ پاك تەبىئەت، غەيرەتلىك ئىكەنلىكىنى نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىلىدىكەن. "ئەتراپتىكى پادىشاھلاردىن ياخشىلىق كەلمىسىمۇ بابىر مىرزىدىن بىر يورۇقلۇق چىقار"، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

مەۋلانا پەزلىددىن يەرگە قاراپ:

— بىلمىدىم — دېدى، — بابىر مىرزا تېخى ياش. مەنمۇ شۇ زاتقا ئۈمىد باغلىغانىدىم... لېكىن يەنە ئۇرۇش، قان... ھەممىمىز كېچىنىڭ زۇلمىتىدەك پايانسىز بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۈرمەكتىمىز. مەملىكەت پاراكەندە، زالىم تاجدارلار قان ئۈستىگە قان تۆكىدۇ. بابىر مىرزى-

نىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەرمۇ رەھىم-شەپقەتنى ئۇنتۇشتى، مۇھىت شۇنداق مەككار بولغاچقا، سەنمۇ يامان بەگلەر خىزمىتىدە يۈرۈپ ئۆزەڭگە ئوخشاش جاپا-مۇشەققەت چەككەنلەرنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلىنىپ قالامسەنكىن، جىيەنىم؟

— ئىشىنىڭ، موللاتاغا، مەن يامان بەگلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇلاچىمىنىڭ بارىچە قارشى تۇرىمەن!

— بابىر مىرزا ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرۇپ يوق قىلالمىغان ئادالەتسىزلىكلەرنى سەن قانداق يوق قىلارسەن؟

— بەلكى بابىر مىرزىنىڭ مەندەك نەۆكەرلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن يوق قىلالمىغاندۇ؟ بەلكى ئۇ زاتقا مەن كېرەكتۇرمەن، موللا تاغا! مەن ئۆزەم ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق يول تاپالمىدىم. يالغۇز ياشىشىمنىڭ مەنىسى قالمىدى. نېمە قىلاي؟

مەۋلانا پەزلىددىن جىيەنىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى-دە، ئۇنى نىيىتىدىن قايتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. تاھىر بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن قۇۋاساي كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ، دۈشمەن قوشۇنىغا زور تالاپەت كەلتۈرگەن چاغلاردا تارىخ دەرياسىنىڭ قۇدرەتلىك ئېقىنىغا تارتىلمىغانمىدى؟ ئەمدى ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ ئېقىندىن چىقالماستىن، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە يۈرۈشكە مەھكۇم قىلىنغانمىكىن؟ نېمە بولمىسۇن، جىيەنىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى مەۋلانىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ بىرپەس جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— تەۋاچىغا ئۇچراشتىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئۇچراشتىم. «ئېتىڭ يوق ئىكەن، پىيادە قوشۇنغا ئالىمىز»، دېدى. مەن پىيادە يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان، موللا تاغا.

— ئەمما جەڭدە ئەڭ كۆپ تالاپەت پىيادىلەر ئارىسىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنى بىلەمسەن؟

— مەيلى-دە؟ قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ ئەجىلى يەتكەن ئۆلىدۇ.

— بەس!

موللاپەزلىددىن بۇ ھەقتە باشقا گەپ قىلمىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن خىزمەتكارىغا ئېيتىپ، لاپاستا تۇرغان ھەر ئىككى ئېتىنى ئېگەرلەتتى، تاھىرغا ئاياغلىرى ئۆزۈن جىرەن ئاتنى كۆرسىتىپ:

— سەن مانا شۇنى مىن، — دېدى، — مەن سېنىڭ پىيادە ئەسكەر بولۇشۇڭنى ئۆزەمگە مۇناسىپ كۆرمەيمەن!

موللاپەزلىددىننىڭ ئۆزى بابىر ئىنئام قىلغان تورۇق قاشقىنى مىندى. ئاندىن ئىككىسى بابىرنىڭ قارارگاھىغا ئاتلىق يول ئېلىشتى.

ئادەتتىكىدەك، بابىر ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىشىك ئاغادىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك. تاغا-جىيەن سەككىز بۇرجەكلىك يوغان ئاق ئوتاقتىن بېرىراقتا ئاتلىق كېلىۋاتقان قاسىمبەگنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتتىن چۈشۈپ قول قوشتۇرۇشتى.

— جانابىي ئەمىرۇل ئۇمەرا، جىيەنىممۇ بابىر مىرزىغا سادىق خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا كەلدى، — دېدى مەۋلانا پەزلىددىن، — ئىجازەت بەرسىڭىز، ئەمىرزادىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا كىرسەك.

— ئەمىرزادەم ھازىر ناھايىتى ئالدىراش، مەۋلانا، بەلكى ئىلتىماسىڭىزنى ماڭا ئېيتارسىز؟...

— جىيەنىم تاھىرنىڭ...ئەمىرزادەمنىڭ خاس نەۋكەرلىرى قاتارىغا ئېلىنىشىنى ئۆتۈنۈپ سورىماقچى ئىدىم.

قاسىمبەگ تاھىرنىڭ بەستلىك گەۋدىسىگە ۋە يۈزىدىكى تاتۇقىغا قارىدى-دە:

— يىگىت، سەن ئەسكىرىي خىزمەتتە بولغانمۇ؟ — دېدى.

قاسىمبەگنىڭ "سەنلەپ" سۆزلىگىنى تاھىرغا ئانچە ياقمىدى.

— تېخى بولمىغان، — دېدى ياقتۇرمىغاندەك ئاھاڭدا.

مەۋلانا پەزلىددىن ئارىغا چۈشۈپ:

— جانابىي ئەمرۇل ئۆمەرا، جىيەنىمىز ئەسلى دېھقان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىتىدە جەڭگىۋارلىق بار. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، قوۋا-نىڭ كۆۋرۈكىدە دۈشمەنلىرىمىز ناھايىتى زور تالاپەت كۆرۈپ، ئۆزلىرى سۈلھ تەكلىپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا بىزگە غەلىبە كەلتۈر-گەن ئەزىمەت يىگىتلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ تاھىر!...

— غەلىبە كەلتۈرگەن؟! — ئىشەنمەي سورىدى. قاسىمبەگ، — قانداق قىلىپ؟

مەۋلانا پەزلىددىن قوۋادا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى قاسىمبەگكە قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ھېكايىسىگە ئاساسلان-غاندا، جەڭگىۋار بەگلەر ۋە نەۋكەرلەر ئەپلىيەلمىگەن دۈشمەننىڭ بېلىنى ئاددىي "يالاڭغىداقلار" سۇندۇرغان بولۇپ چىقاتتى. قاسىم-بەگ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

— قوۋادا غەلىبىنى تەگىرىم ئۆزى بىزگە ئىنئام قىلغان، مەۋلانا! — دېدى قاسىمبەگ.

بۇ سۆزگە قارشى چىققىلى بولمايتتى.

— ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ كۆڭلىگە شۇ ئىشنى خۇدا ئۆزى سالغان. لېكىن شۇ چاغدىكى جاسارىتى ئۈچۈن دۈشمەنلەر تاھىرغا نەيزە سانجىپ، ئۇنى ئېغىر يارىدار قىلىشتى. جىيەنىم نەق بىر ئۆلۈمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدى، جانابىي قاسىمبەگ!

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قاسىمبەگ ئەمدى تاھىرغا يىللىقراق نەزەر بىلەن قارىدى، — سەمەرقەندتىكى دۈشمەنلىرىمىزدە ئۆچمىگىز بارمۇ، يىگىت؟

— ھە، ئۆچۈم بار.

قاسىمبەگ كەينىدە جىم تۇرغان تەۋاچىغا ئۆرۈلۈپ:

— بۇ يىگىتنى چىلمەھرەم تېغى ئېتىگىدە ئەسكىرىي مەشىق ئۆتكۈزۈۋاتقان نەۋكەرلەر قاتارىغا قوشۇڭ! — ئاندىن ئۇ موللاپەزلىددىنگە ئىزاھ بەردى، — جىيەنىڭىزنىڭ مەشىق قىلىشى يېتىلسۇن، ھەربىي مۇئامىلىلەرنى ئۆگەنسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرزادەم مۇۋاپىق كۆرسە، خاس نەۋكەرلەر قاتارىغا ئالار.

تاھىر مەۋلانا پەزلىددىن بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى-دە، ئېتىغا مىندى ۋە تەۋاچىنىڭ كەينىدىن چىلمەھرەم تېغىغا قاراپ يولغا چۈشتى.

## 7

بەگلەرنىڭ كېڭىشىدە سەمەرقەند يۇرۇشىنى رامىزان ئېيىدا باشلاش، تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئوشىنىڭ ئۆزىدىلا تۈگىتىپ كېتىش قارار قىلىندى.

بابىر ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرغانلىقىغا خىجالەت بولۇپ، قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىققا تىرىشاتتى. سەپەر تەييارلىقلىرىدىن بوشىغان چاغلىرىدا ئۆز چېدىرىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى.

بۇگۈن نامازشامدىن كېيىنرەك بابىر «ۋەقەئىي»① ناملىق دەپ-تەرگە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە يېزىۋاتقانىدى، ياساۋۇل كىرىپ قۇتلۇق نىگارخانىم بىلەن ئەلى دوستبەگنىڭ چېدىرغا كىرىشكە ئىجا-زەت سوراۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بابىر دەپتىرىنى يېپىپ، ئانىسىنى ئىشىك ئالدىدا قارشى ئالدى ۋە تۆرگە ئۆتكۈزدى.

قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ رەڭگى سەل ئۆچكەن، ئۇنىڭ پېشانىسى-نىڭ يۇقىرىسىدا — چېچىنىڭ يامىسى ئېچىلغان جايىدا بابىر بىر تۇتام ئاقارغان چاچ تالالىرىنى كۆردى. ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەن بىچارە ئانا مومايلاردەك ئاددىي كىيىنەتتى ۋە قەددىنى ئېگىپرەك يۈرەتتى. بابىر ئانىسىغا نېمە ئۈچۈندۇر رەھىمى كېلىپ، پەس ئاۋۇش بىلەن سۆزلىدى:

— جېنىم ئانا، سۆزۈم يەردە قالدى دەپ رەنجىمەڭ. نېسىپ بولسا، سەمەرقەندتىن قايتقاندا بارلىق ئېيتقانلىرىڭىزنى قىلارمەن.

— خۇدانىڭ خاھىشى شۇنداق بولسا، بىز بەندىلەر قانائەت قىلىمىز، ئىلاھا ياخشى نىيەتلىرىڭىزگە يېتىڭ، شاھ ئوغلۇم!

ئەلى دوستبەگ قۇۋۋەتلىك قوللىرىنى پاتىھە ئۈچۈن ئېچىپ:

— ئىلاھا ئامىن! — دېدى.

ئاندىن چوڭ-چوڭ ئالىقانلىرى بىلەن قاپقارا سىلىق يۈزىنى، ساقالسىز ئۇزۇن ئېڭىكىنى سىلىدى.

يۈزى موغۇلچە بۆرتكەن بۇ قاتاڭغۇر كوسا ئادەم بابىرنىڭ مومىسى ئېسەن دۆلەت بېگىمگە بىر نەۋرە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇز

---

① «ۋەقەئىي» — "ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر" دېمەكتۇر. «بابىرنامە» ئەڭ ئاۋۋال شۇنداق دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامىغا "تاغايى"① دېگەن سۆزنى ئۇنۇۋاندەك قوشۇپ ئىپتاتتى ۋە قۇتلۇق نىگارخانىمغا ئاكىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ يۈرەتتى. ھازىرمۇ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەلى دوستبەگ قۇتلۇق نىگارخانىمغا "سۆز ئاچايمۇ؟" دېگەندەك بىر قارىۋالدى. خانىم تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئەلى دوستبەگ تامىقىنى قىرىپ، ئىلتىماس بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەمرزادەم، ۋالىدىڭىز ئىككىمىز نازۇك بىر مەسىلىدە سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالغىلى كەلدۇق، مۆھتەرەمە ئىگىچىڭىز خانزادە بېگىم ھازىر يىگىرمە ياشتا. نەق ئۇزىتىلىدىغان ۋاقتى. بېگىم ئاي دېسە ئايدەك، كۈن دېسە كۈندەك، ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىكتۇر. مۇشۇ ۋاقىتچە مۇناسىپ كۈيئوغۇل ئۇچرىماي غەمدە ئىدۇق. ۋالىدىڭىزمۇ، تاغىڭىزمۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىناتتۇق.

— يەنە بىر-ئىككى يىل ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا، "قېرى قىز" دەپ قالىدۇ، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم.

ئاچىسىنىڭ تەقدىرىگە ئائىت مۇنداق سۆزلەرنى بابىر ئاۋۋالمۇ ئاڭلىغانىدى. ئەمما بۈگۈن دوستبەگنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، قانداقتۇر كۈيئوغۇل تېپىلغانغا ئوخشايتتى. بابىرنىڭ شۇنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۆسمۈرلەرچە قىزىقىش بىلەن سورىدى:

— كىم بىزگە پاچچە بولماقچى؟

توغرىدىن-توغرا بېرىلگەن بۇ سوئال، دوستبەگنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ يەنە سۆزنى ئايلاندۇرۇپ:

— سىزدەك ئالىي زاتقا "مۇناسىپ پاچچە بولىمەن"، دەپ ھېچ-

---

① تاغايى — ئايالنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى. — تەرجىماندىن.

كىم جۇرئەت قىلىپ ئېيتالمايدۇ. ئەمما ئۈمەرالىرىڭىز ئارىسىدا ئېسىلـ
زادە بەگلەر بار. مەسىلەن، سۇلتان ئەھمەدبەگ يىگىرمە بەش
ياشقا كىرگەن كېلىشكەن يىگىت. چاپقۇنغا بېرىپ باتۇرلارچە غەلىبە
بىلەن قايتتى. بەگلەر ئارىسىدا ئابرويى زور. يېنىدا ئۈچ زەبەر-
دەست ئىنىسى بار، ئۈچ يۈز نەۋكەرى بىلەن ھەممىسى سىزگە تا
ئۆلگۈچە سادىق خىزمەت قىلماقچى.

بابىر تېخى ئائىلىنىڭ نېمىلىكىنى، كۆيئوغۇل، كېلىن قانداق
بولۇشنى بىلمىسمۇ، ئاچىسى خانزادە بېگىمنى ئەھمەد تەنبەلنىڭ
يېنىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلدى-دە، ئىككىسىنى بىر-بىرىسىگە توغرا
كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن ئانىسىغا قاراپ:

— سىز رازىمىسىز؟ — دېدى.

قۇتلۇق نىگارخانىم ئېغىر تىنىپ:

— نېمە چارە؟ — دېدى، — خانزادە بېگىم تاجدار، تەختدار
كۆيئوغۇلغا مۇناسىپ قىز. ئەمما ھازىرقى تىنچ بولمىغان زاماندا
قېنى بىز خالىغان كۆيئوغۇل؟ بىز تاغىڭىز بىلەن سۇرۇشتۇرۇپ ئۇقتۇق.
سۇلتان ئەھمەد بەگنىڭ ئەۋلادى ئېسىلزادىلەردىن ئىكەن. بوۋىلىرى
جۇجىخان، چىڭگىزخانلارغا قان قېرىنداش بولغان سۇلتانلار
ئىكەن. ھازىر تىلبە سۇلتان ناملىق ئاكىسى تاشكەنتتە تاغىڭىز
مەھمۇدخاندا ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئىشىك ئاغا ئىكەن. ئەمدى بۇ
ئەھمەد بەگ كۆيئوغۇل بولسا، ئارىلىققا ئاكىسى ئارىلىشىپ، تاغايىڭىز
مەھمۇدخان بىلەن سىزنى يېقىنلاشتۇرارمىكىن؟ شۇنداق نوپۇزلۇق
بەگ سىزگە كۆيئوغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۇرۇقلىرى، نەۋكەرلىرى
بىلەن قانىتىڭىز ئاستىغا كىرسە، ئىشىڭىزنىڭ راۋاجلىنىشى ياخشىراق
بولارمىكىن؟

www.uyghurkitap.com

ــ شۇبھىسىز، شۇنداق بولىدۇ! ــ دېدى دوستبەگ چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن.

بابىر نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەلكىسىنى قىستى. ياش ئۆسمۈر ئۆزىدىن چوڭ ئاچىسىنى كىمگە ئەرگە بېرىش ھەققىدە ئويلاشتىنمۇ تارتىناتتى. ئەمما ئانىسى ۋە تاغىسى بۇ ئىشنى ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھۆكۈمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالايتتى.

ــ بېگىمىنىڭ ئۆزى ئۇچۇنمۇ ياخشى بولىدۇ، ــ دەپ داۋام قىلدى دوستبەگ، ــ ئەگەر باشقا بىر يۇرتتىكى تاجدارغا چۇشسە، ئانىڭىزدىن يىراقتا بولىدۇ، ئەمىرزادەمدەك سۆيۈملۈك ئىنىسىنىڭ ھىمايىسىدىن يىراقلىشىدۇ.

ــ ھە، ئۇنىڭدىن كۆرە يېنىمىزدا بولغىنى ئەۋزەل، ــ دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، ــ خانزادە مېنىڭ تۇنجى قىزىم، مەسلىھەتدىشىم، ئەھمەدبەگكە بەرسەك، كۆز ئالدىمدا مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى بىلىندۇرمەي يۈرەر.

بابىر بۇ ساھەدە ئۆزى بىلمەيدىغان كۆپ نەرسىلەرنى ئانىسىنىڭ ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىدى-دە:

ــ ئانام رازى بولسا، بولدى، ــ دېدى.

دوستبەگ خۇش بولۇپ كەتتى:

ــ توغرا گەپ قىلدىڭىز، ئەمىرزادەم، ناھايىتى توغرا! ئانا رازى ــ خۇدا رازى، دەپ بىكار ئېيتمىغان!

قۇتلۇق نىگارخانىم ھامان خاموش ئىدى. بابىر بۇنىڭ سەۋەبىنى سەزگەندەك بولۇپ:

ــ بېگىمنىڭ ئۆزى قانداق؟ ــ دەپ سورىدى.

قۇتلۇق نىگارخانىم ئېغىر تىنىپ:

— بېگىم رازى ئەمەس، — دېدى، — ئاڭلاپ كۆپ يىغلىدى.

— بۇنداق چاغلاردا يىغلاش قىزلارنىڭ ئەسلى ئادىتى، — دەپ كۆلۈپ قويدى دوستبەگ.

— ئەمما خانزادە بېگىمنىڭ ئەھۋالىدىن مەن ئەنسىرەيمەن، ئەمىرزادەم، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — "ئۆزەمنى ئۆلتۈرىمەن" دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئەجەبا؟ — دېدى بابىرمۇ بىردىنلا ئەنسىرەپ.

— ئېگىچىڭىز سىزنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، مىرزا ھەزرەتلىرى، سۆزىڭىزنى قايتۇرماس، — دېدى دوستبەگ، — مۆھتەرەم ئانىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزدىن ئىلتىماس قىلغىلى كەلدۇق. خانزادە بېگىمنى ھوزۇرىڭىزغا قىچقىرىپ نەسىھەت قىلىڭ. دۆلىتىڭىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېگىچىڭىز رازىلىق بېرىشى كېرەك. سۇلتان ئەھمەدبەگ ئوتتۇرىغا ئادەم قويغان. پۈتۈن ئۇرۇقلىرى بىلەن سىزنىڭ مەرھەمەتىڭىزگە قاراشلىق. رەت جاۋابى ئۇلارنى سىزدىن...سوۋۇتۇپ قويۇشى مۇمكىن. كېيىن، ئەگەر خانزادە بېگىم رازى بولماي، يەنە ئۈچ-تۆت يىل ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا، "ئەر تېپىلماپتۇ، قېرى قىز بوپتۇ" دەپ دۈشمەنلىرىڭىز تەنە قىلىشىدۇ. مۇنداق سۆزلەر پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ شەنىگە مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ. ئەگەر خانزادە بېگىم سىزگە ياخشىلىقنى خالىسا، رازى بولۇشى كېرەك. بۇنى ئەمدى بېگىمگە پەقەتلا سىز چۈشەندۈرىسىز، مىرزا ھەزرەتلىرى!

بابىر بېشىنى چاڭگاللاپ بىرمەھەل جىم تۇردى. بۇنداق نازۇك، بۇنداق چىگىش ئىشقا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىشى ئىدى، يات بولسىمۇ بىر سېھرى ئىدى، سۆزلىشىش ئاسان بولاتتى. ئۆزىنىڭ جانجان ئاچىسى. بابىر خانزادە بېگىم بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كمۇ ئەيمىنەتتى. لېكىن بۇ تەرەپتە ئانىسى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ، ياردەم كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تەرەپتە ئاچىسى جېنىغا قەست قىلماقچىمىش.

— مەيلى، — دېدى بابىر ئانىسىغا مەيۈس كۆز تاشلاپ، — بېگىم كەلسۇن، ئۆزەم بىر سۆزلىشەي.

قۇتلۇق نىگارخانىم تېز ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— ھازىر...ھازىر بېرىپ چاقىرتىپ قوياي، — دېدى ۋە چېدىر ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

دوستبەگ يىرىك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مەمنۇن كۈلۈمسىرىدى-دە، چېدىردىن كەينىچە مېڭىپ چىقىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا تەزىم قىلدى-دە:

— ئەمىرزادەم، سىز شاھسىز، سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىز ۋاجىپ، — دەپ بابىرنى دادىلراق بولۇشقا ئۈندەپ كەتتى.

* * *

بابىر قاتار شاملىرى پىلىلداپ يېنىۋاتقان ئىككى ئالتۇن قەندەل ئارىلىقىدا سەدەپ بىلەن بېزەلگەن بېجىرىم مىزگە كۆكىسىنى تىرەپ كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرغىنىدا خانزادە بېگىم چېدىر ئىشىكىدىن ئاستا كىرىپ كەلدى. ئۈستىدە سىدام سېرىق ئەتلەس كۆڭلەك. ئۇ غەمكىن ئاۋاز بىلەن سالاملىشىپ، بابىر تەكلىپ قىلغان زەرباپ كۆرپە ئۈستىگە كېسەل تارتقاندەك بوشىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىغانلىقىنى كۆرگەن بابىر:

— نېمە مۇنچىۋالا غەمكىنسىز، بېگىم؟ — دېدى.

— ئەمىرزادەم، مەن ھۇزۇرىڭىزغا نىجاتلىق ئىزدەپ كەلدىم!

خانزادە بېگىمنىڭ سولغۇن يۈزىگە كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ

— بېگىم رازى ئەمەس، — دېدى، — ئاڭلاپ كۆپ يىغلىدى.
— بۇنداق چاغلاردا يىغلاش قىزلارنىڭ ئەسلى ئادىتى، — دەپ كۇلۇپ قويدى دوستبەگ.
— ئەمما خانزادە بېگىمنىڭ ئەھۋالىدىن مەن ئەنسىرەيمەن، ئەمىرزادەم، — دېدى قۇتلۇق نىگارخانىم، — "ئۆزەمنى ئۆلتۈرىمەن" دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.
— ئەجەبا؟ — دېدى بابىرمۇ بىردىنلا ئەنسىرەپ.
— ئېگىچىڭىز سىزنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، مىرزا ھەزرەتلىرى، سۆزىڭىزنى قايتۇرماس، — دېدى دوستبەگ، — مۆھتەرەم ئانىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزدىن ئىلتىماس قىلغىلى كەلدۇق. خانزادە بېگىمنى ھۇزۇرىڭىزغا قىچقىرىپ نەسىھەت قىلىڭ. دۆلىتىڭىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېگىچىڭىز رازىلىق بېرىشى كېرەك. سۇلتان ئەھمەدبەگ ئوتتۇرىغا ئادەم قويغان. پۈتۈن ئۇرۇقلىرى بىلەن سىزنىڭ مەرھەمەتىڭىزگە قاراشلىق. رەت جاۋابى ئۇلارنى سىزدىن...سوۋۇتۇپ قويۇشى مۇمكىن. كېيىن، ئەگەر خانزادە بېگىم رازى بولماي، يەنە ئۈچ-تۆت يىل ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا، "ئەر تېپىلماپتۇ، قېرى قىز بوپتۇ" دەپ دۈشمەنلىرىڭىز تەنە قىلىشىدۇ. مۇنداق سۆزلەر پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ شەنىگە مۇتلەق توغرا كەلمەيدۇ. ئەگەر خانزادە بېگىم سىزگە ياخشىلىقنى خالىسا، رازى بولۇشى كېرەك. بۇنى ئەمدى بېگىمگە پەقەتلا سىز چۈشەندۈرىسىز، مىرزا ھەزرەتلىرى!
بابىر بېشىنى چاڭگاللاپ بىرمەھەل جىم تۇردى. بۇنداق نازۇك، بۇنداق چىگىش ئىشقا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىشى ئىدى، يات بولسىمۇ بىر سېرى ئىدى، سۆزلىشىش ئاسان بولاتتى. ئۆزىنىڭ جانجان ئاچىسى. بابىر خانزادە بېگىم بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىمۇ ئەيمىنەتتى. لېكىن بۇ تەرەپتە ئانىسى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ، ياردەم كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تەرەپتە ئاچىسى جېنىغا قەست قىلماقچىمىش.

— مەيلى، — دېدى بابىر ئانىسىغا مەيۈس كۆز تاشلاپ، — بېگىم كەلسۇن، ئۆزەم بىر سۆزلىشەي.

قۇتلۇق نىگارخانىم تېز ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— ھازىر...ھازىر بېرىپ چاقىرتىپ قويايي، — دېدى ۋە چېدىر ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

دوستبەگ يىرىك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مەمنۇن كۈلۈمسىرىدى-دە، چېدىردىن كەينىچە مېڭىپ چىقىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا تەزىم قىلدى-دە:

— ئەمىرزادەم، سىز شاھسىز، سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىز ۋاجىپ، — دەپ بابىرنى دادىلىراق بولۇشقا ئۈندەپ كەتتى.

* * *

بابىر قاتار شاملىرى پىلىلداپ يېنىۋاتقان ئىككى ئالتۇن قەندەل ئارىلىقىدا سەدەپ بىلەن بېزەلگەن بېجىرىم مىزگە كۆكسىنى تىرەپ كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرغىنىدا خانزادە بىگىم چېدىر ئىشىكىدىن ئاستا كىرىپ كەلدى. ئۈستىدە سىدام سېرىق ئەتلەس كۆڭلەك. ئۇ غەمكىن ئاۋاز بىلەن سالاملىشىپ، بابىر تەكلىپ قىلغان زەرباپ كۆرپە ئۈستىگە كېسەل تارتقاندەك بوشىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىغانلىقىنى كۆرگەن بابىر:

— نېمە مۇنچىۋالا غەمكىنسىز، بېگىم؟ — دېدى.

— ئەمىرزادەم، مەن ھۇزۇرىڭىزغا نىجاتلىق ئىزدەپ كەلدىم!
خانزادە بېگىمنىڭ سولغۇن يۈزىگە كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ

چۈشتى. بابىر يېقىندىلا يايراپ-ياشناپ يۈرگەن ئاچىسىنى ھازىر بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، يۈرىكىنى بىرنەرسە تاتىلاپ ئۆتتى. ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ كەتكەن ۋەزىپىسىنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى ئەستايىدىل ھېس قىلدى. تەقدىر ئۇنىڭ بېشىغا سېلىۋاتقان مۇشكۈللۈكلەر ئازمىدى، ئۈستىگە بۇمۇ قېتىلدى!

بابىر كۆيۈنۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئۆزەم بۇ پالاكەتنىڭ دەستىدىن نىجاتلىق ئىزدەيمەن، بېگىم. يېشىلمەس تېپىشماقلار بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قىتىلىۋاتىدۇ. شۇ ئەھۋالدا سىزمۇ مېنىڭ مۇشكۈللۈكلىرىمنى كۆپەيتمەكچى بولامسىز؟

خانزادە بېگىم ئۇكىسىنىڭ ئۆزى راستتىن ياردەمگە موھتاجلىقىنى، يېشىغا مۇناسىپ ئىشلار ئۇنى ناھايىتى قىيناۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە، كۆزىنى چاپسان سۈرتتى. بايىقىدىن تېتىكرەك ئاھاڭ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمىرزادەم، مەن بىر گەپ ئاڭلىدىم. راستمىكىن؟

— قايسى گەپ؟

— ئەھمەد تەنبەل تاغدىن بىر خۇرجۇن ئادەم كاللىسىنى ئېلىپ چۈشكەنىمىش...

بابىر ئۆتكەن كۈنى كۆرگەن كېسىلگەن كاللىلارنى، بولۇپمۇ، تېخى ساقىلى ئۆسۈپ ئۈلگۈرمىگەن ياش يىگىتنىڭ گۆشى چىقىپ قالغان قانلىق بويىنىنى ئەسلىدى-دە، بىردىنلا سەسكىنىپ كەتتى.

— جەڭ ئۆلۈمسىز بولمايدۇ، — دەپ بابىر گويا ئۆزىنى ئۆزى باسماقچى بولدى، — دۈشمەنلەرمۇ بىزنىڭكىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ — كونا ئادەت. سىز بۇنى ئۇنتۇڭ، بېگىم.

— بۇنىسىنى ئۇنتۇسام، ساۋاتسىزلىقى گېرىلىكى بار، مەن ئۆمرۈمنى پەزىلەتلىك ئادەم بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىدا ئىدىم. ئەھمەد تەنبەل قولى قان، رەھىمسىز ئادەم. ئەمىرزادەم، سىز مېنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كۆرەمسىز؟

— سىزگە مۇناسىپ يىگىت، بەلكى يەتتە ئىقلىمدىمۇ يوقتۇر. ئەمما...سەۋەبلىرىنى ئانام ئېيتقاندۇ...مەنمۇ...مەجبۇرمەن!

خانزادە بېگىم قەندەلدە پىلىلداپ يېنىۋاتقان شاملارغا قاراپ تۇرۇپ، ئەھمەد تەنبەلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، مۇشۇ توڭقاپاق يىگىت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى ئويلاپ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— مەن بەگدىن قورقىمەن!

— بىز بار تۇرۇقلۇق، سىز ھېچكىمدىن قورقماڭ، بېگىم. مەن سىزگە قىلچىلىك زۇلۇم ئۆتكۈزۈشلەرگە يول قويمايمەن.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئەمىرزادەم. ئەمما ئېگىچىڭىزنى خالىمىغان ئادەمگە زورلاپ ئۇزاتساڭلار، شۇنىڭ ئۆزى چوڭ بىر زۇلۇم بولماسمۇ؟

بۇ مەنتىقلىق سۆزلەر بابىرنى گاڭگىرىتىپ قويدى:

— زورلۇق...ھە، پەلەكنىڭ ئۆزى زالىم! مەنمۇ ھەر كۆنى سۆيمىگەن ئادەملىرىم بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، خالىمىغان ئىشلىرىمغا مېنى ئارىلاشتۇرىدۇ. دۆلەت مەنپەئەتلىرىنى ئويلاپ ئۆزەمنى ئۆزەم مەجبۇر قىلىمەن. باشقا ئىلاجىم يوق!

بابىرنىڭ ئۆز يېشىغا ياراشمايدىغان بۇ سۆزلەرنى قانچىلىك قېينىلىپ ئېيتىۋاتقانلىقىدىن، كۆڭلىگە ياقمايدىغان، ئەمما مۇھىت، ۋەزىيەت تەلىپى بىلەن مەجبۇرەن ئادا قىلىدىغان ئىشلارنى

ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازابلار بىلەن قىلىشى سېزىلىپ تۇراتتى. بابىر بۇ مۇشكۇل ئەھۋالدىن چىقىشنىڭ يولىنى تاپالماي ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ يۈرگىنىنى خانزادە بېگىم ئەندى بايقىدى-دە، ئۇكىسىغا رەھمى كەلدى. بابىرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى كىچىكلىكىدە ئەركىلىتىپ سۆيگەن پەيتلىرىنى ئەسلىدى.

— بابىرجان، — دېدى، — سىز يالغۇز ئىنىم، پۇشتىپاناھىمسىز. مەن سىز ئۈچۈن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن! ئەگەر سىزگە راستتىن شۇ زۆرۈر دەپ ئىشەنسەم، ھازىرقى سۆزىڭىزگىمۇ رازى بولاتتىم. لېكىن مەن سىزنىڭ كۆيۈنگەن كۆڭلىڭىزنى بىلىمەن. ئەگەر مەن ئۆمۈرۋايەت بەختسىز بولۇپ قالسام، كېيىن سىز ھازىرقىدىن ئارتۇقراق ئازاب چېكەرسىز!

— خۇدا خالىسا، بەختسىز بولماسسىز.

— كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇپتۇ، ئەگەر شۇ ئادەمگە چىقسام بەختسىز ئۆتىمەن. بابىرجان، ئېگىچىڭىزنىڭ سۆزىگىمۇ ئىشىنىڭ. "دۆلەت مەنپەئەتلىرى" دەپ ئۆزىڭىزنى كۆپ ئەزمەڭ. سىز بىلەن بىز ئۈچۈنمۇ بۇ ئۆمۈر غەنىمەت. ئۆز كۆڭلىمىزگىمۇ ئىشىنىشىمىز كېرەك! كۆڭۈل تازا بولسا، كىشىنى ئالدىمايدۇ!

خانزادە بېگىم شۇنداق بىر سەممىيەت بىلەن قايناپ سۆزلىمەكتە ئىدىكى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى يالقۇن گويا بابىرنىڭ قەلبىگىمۇ ئۆتتى. شەپقەتسىز بەگلەر مۇھىتى ۋە پادىشاھلىق مەجبۇرىيەتلىرى ياش بابىرنىڭ قەلبىنى قەھرىتان قىشنىڭ مۇزلىرىدەك سىقۋاتاتتى. خانزادە بېگىم بولسا ئۆزىنىڭ ئوتلۇق نەپىسى بىلەن گويا شۇ مۇزلارنى ئېرىتەتتى، بابىرنىڭ قەلبىگە باھار مۇلايىملىقى، ياشلىق ئەركىنلىكى يەنە قايتىپ كېلىۋاتقاندەك، بەدىنى چىم-چىم قىلاتتى. خانزادە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېگىم يەنە كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

— بابىرجان سىزنىڭ دىلىڭىز ساپ، سىز نادىر ئىستېداتلىق پىداكار يىگىتسىز! بۇ بەگلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنىمۇ "دۆلەت مەنپەئەتلىرى" دەپ كۆرسىتىشكە ئۆگىنىپ قالغان. بۇلار سىزنىڭ ياشلىقىڭىزدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمما سىز خالىمىغان ئىشنى "دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن" دەپ قىلدۇرماقچى بولغىنىدا كۆڭلىڭىزگىمۇ بىر قۇلاق سېلىڭ. ئەڭ سىرداش دوستىڭىز — سىزنىڭ ساپ قەلبىڭىزدۇر. سىز بۇ دوستىڭىزغا ئىشىنىڭ، جېنىم!

خانزادە بېگىم ئولتۇرغان پېتىچە ئۇكىسىغا قول سوزۇپ، يىغا ئارىلاش ئىلتىجا قىلدى:

— مەن سىزنىڭ پاك قەلبىڭىزدىن ئادالەت ئىزدەيمەن! قەلبىڭىز نېمە بۇيرۇسا، سىز ماڭا شۇنى بۇيرۇڭ! مەن رازىمەن!

بابىر سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاچىسىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— يىغلىماڭ، بەس! — دېدى. ئەمما بابىرنىڭ ئۆزىمۇ، كۆڭلى ئېرىپ، كۆز يېشىنى تەسلىكتە تۇتۇپ تۇراتتى، — سىز ماڭا بارلىق بەگلىرىمدىن يېقىنىراقسىز. بىر تۇغقان يېگانە ئېگىچىمسىز. سىز ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىرلىق كەلسە مەيلى، كۆرەي! خاتىرجەم بولۇڭ! مەنلا بولسام، خالىمىغان ئادىمىڭىزگە ئۇزاتقۇزمايمەن!

خانزادە بېگىم خۇدا ھەققىدە خۇشاللىقىدىن ئۇكىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، پېشانىسىدىن، كۆزلىرىدىن سۆيدى.

# سەمەرقەند. زەپەر ۋە كۆلپەت

## 1

بابىرنىڭ قوشۇنى سەمەرقەندنى پۈتۈن ياز ۋە كۈز بويى قامال قىلدى. بايسۇنقۇر مىرزا يەتتە ئاي شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېتىۋېلىپ ياتتى-دە، ئاخىرى ئاچلىق ۋە قىسىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەستىن، سوغۇق قىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە يېقىن ئادەملىرى بىلەن سەمەر-قەندتىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ھىسار تەرەپكە قاچتى.

شەھەردە قالغان بەگلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قەلئە دەرۋازىلىرىنى ئاچقۇزدى. بابىرنىڭ ئۈچ مىڭغا يېقىن قوراللىق كىشىلىرى زەپەر سازىنى چېلىپ، قوش ناغرىلار ۋە كانايلار ساداسى ئاستىدا شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى.

بابىرنىڭ بەش يېشىدا كۆرگەنلىرى ئېسىدە ياخشى قالمىغاندى. سەمەرقەندنىڭ ھەر يەر-ھەر يېرىدىن كۆكۈچ تاغلارغا ئوخشاش ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئۇلۇغۋار گۈمبەزلەرنىڭ قايسىسى ئۇلۇغبەگ مەدرىسى ئىكەنلىكىنى، قايسىسى بىبى خانىم مەدرىسى ئىكەنلىكىنى يېنىدا كېتىۋاتقان قاسىمبەگدىن سوراپ ئۇقتى. پەقەت ئۇردىغا يېقىنلاشقاندا سول تەرەپتە كۆرۈنگەن چوڭ ئابىدىنىڭ گۆرى ئەمىر[1] ئىكەنلىكىنى جەگچىنىڭ دوبۇلغىسىغا ئوخشاش گۈمبەزىنىڭ ئەپسانە-ۋى گۈزەل يول-يول تالالىرىدىن تونۇدى. قانچە دەۋرلەر ئۆتسىمۇ، بوياقلىرى خۇددى بۈگۈن بېرىلگەندەك يېپيېڭى تۇرغان بۇ ئاجايىپ

---

① گۆرى ئەمىر — تۆمۈرلەڭنىڭ مازىرى.

بىنالار، ئۇلارنىڭ تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشى ۋە ئاپتاپتا غەلتە تاۋلىنىشى بابىرنىڭ قەلبىدىكى زەپەر زوقىغا يەنە زوق قوشاتتى.

ئوردا جايلاشقان ئېگىزلىككە چىقىۋاتقاندا بابىر ئوڭ-سولدا كۆرۈنۈۋاتقان ئايۋانلىق ئۆيلەرگە ۋە ھويلىلارغا كۆز تاشلىدى ۋە بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەسرە لايىقى ئايشە بېگىمنى ئەسلىدى. ئەجەب ئەمەس، بېگىم مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ دېرىزە يوچۇقىدىن غالىبلارغا قاراپ تۇرغان بولسا. ئۇ بىچارە ئەمدى بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇپ، سەمەرقەند قىزلىرى ئارىسىدا ئەڭ مۆتىۋەر بولۇشىنى، ھەممىسى ئۇنى "ياش پادىشاھىمىزنىڭ لايىقى" دەپ ئەزىزلىشىنى بىلەمدىكىن؟

بابىر ئېتىنى قاسىمبەگنىڭ ئېتىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئەسرلەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئادەم تەيىنلەندىمۇ؟

قاسىمبەگ بۇ سوئالنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىگە بىردىنلا چۈشىنەلمىدى:

— ئەمىرزادەم، قايسى ئەسرلەرنى دەيسىز؟

بابىر ئاتىسى قاتارلىق قاسىمبەگنىڭ ئالدىدا لايىقىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۇيىلاتتى. ئۇنىڭ قانداقتۇر ئەيمىنىپ قاپىقىنى سالغانلىقىدىن قاسىمبەگ سۆزنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى پەملىدى-دە:

— ھە، ئەسرلەرمۇ؟ — دەپ، بابىر ئېيتالمىغان سۆزنى ئۆزى ئېيتتى، — بۇ ئىشقا نويان كۆكەلداشنى تەيىنلىگەنىدىم. ئاۋۋال سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن خەۋەر ئېلىندۇ. قۇللىقىڭىز ئېيتقانىدىم، كەچقۇرۇن نويان سىزگە ئاخبارات بېرىدۇ.

ئوردا ئىچىگە كىرىشتى. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ۋە سالاپەتلىك



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىنا ــ تۆت قەۋەتلىك كۆك ساراي ئىدى. كۆك سارايدا نۇرغۇنلىغان پاجىئەلەر بولغان، نۇرغۇن شاھزادىلەر شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلـگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەندنىڭ كېيىنكى تاجدارلىرى كۆك سارايدا تۇرمايتتى، پەقەتلا مەشھۇر كۆكتاش ئۈستىگە چىقىپ، تەنتەنە بىلەن تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەتتى. بابىرمۇ ئوردىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان بوستان سارايغا چۈشتى.

ئاخشىمى بوستان سارايدا قەندەلـلەر ياندۇرۇلغانـدا بابىر ئولتۇرغان خاس خانىغا نويان كۆكەلـداش كىرىـپ كەلدى. زەر بىلەن نەقىشلەنگەن بۇ خانا ھازىر ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئۇلار ئىككىسى تون ۋە تۇماقلىرىنى يەشمەستىن كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىششقا باشلىدى.

نويان كۆكەلداشنىڭ ئاۋازىدا يىلـلىق بىر ھاياجان سېزىلـدى. بابىر پادىشاھ بولغاندىن بۇيان مەشھۇر بەگلەر ئەتراپىنى ئوراۋېلىپ، نويان كۆكەلداشتەك تەڭتۇشلىرى ئازراق چەتـلەپ قالغانـدى. بۈگۈن ئارىـلىقى يەنە بۇرۇنقىـدەك يېقىـن بولۇپ قالـغانلىقىدىن خۇشال بولغان نويان زوقلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئەمىرزادەمنىڭ نامىدىن ئالتۇن بىلەزۈكلەر، ئېسىل رەختلەر، خورمىلار، لاۋزىنىلەر① ئېلىـپ باردۇق. چوڭ ھامماڭچىز مېھر نىگارخانىم كۆتۈۋالدى...

بابىر ئۆز ئانىسىنى ئەسلىدى. مېھر نىگارخانىم قۇتلۇق نىگار-خانىمنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى ۋە سۇلتان ئەھـمەد مىرزىنىڭ چوڭ خوتۇنى ئىدى. ئايشە بېگىمنىڭ ئانىسى ياش چېغىـدا ئۆلۈپ

---

① لاۋزىنە ــ بادام قوشۇپ ئىشلەنگەن شېرىنلىك.

www.uyghurkitap.com

كەتكەن، ئۇنى پەرزەنتسىز مېھرىنىگارخانىم تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن، ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ئانا ئورنىدا غەمخورلۇق قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىنىگارخانىم بابۇرغا ھەم ھامما، ھەم كەلگۈسى قېيىن ئانا ئىدى.

— ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، — دەپ داۋام قىلدى نويان، — ئاشلىقتىن ناھايىتى قىينىلىپتۇ. "قەھەتچىلىك بولۇپ، پۇلغا ئاشلىق تېپىلماي قالدى" دېيىشىدۇ. "زاغرا نانغىمۇ زار بولدۇق" دەپ يىغلىۋەتتى. ئوتۇنلىرىمۇ يوق ئىكەن. "سوغۇقتا تىترىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز" دېيىشتى.

— بايسۇنقۇر مىرزا شۇنچىۋالا نائىنساپلىق قىلىپتۇمۇ، ھە؟!

— مىرزىنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرقى پەيتلەردە قورسىقى تويۇپ تاماق يېمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمىرزادەم. يەتتە ئاي قامالدا يېتىش ئاسانمۇ؟ كوچىلاردا ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرى يېتىپتۇ. پېقىر بىچارىلەر ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئېشەك گۆشى، ئىت گۆشى يېيىشكىچە يېتىپ بېرىپتۇ... بىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنمىز، دەرھال قايتىپ كېلىپ، قاسىمبەگ قاۋچىنغا ئۇچراشتىم. بىر ھارۋا ئۇن، گۈرۈچ، بىر ھارۋا ئوتۇن، ئون قوي ئالدۇق. كېيىن ھەممىسىنى ئۆزەم ئېلىپ بېرىپ تاپشۇردۇم. شۇ چاغدا مېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتى.

نويان كۆكەلداش سىرلىق كۈلۈمسىرەپ، بىرھازا تەرەددۇتلىنىپ تۇردى، بابۇر ئۇنىڭ ھازىر ئائىشە بېگىم ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ تاقەتسىزلەندى:

— سۆزلەڭ، نويان، سۆزلەڭ!

— ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۆيدە ئائىشە بېگىم يۈزىگە ئاق يىپەك چۈمبەل يېپىپ ئالدىمغا چىقتى...، — نويان بىر توختىۋالدى. ئائىشە

بېگىم ئۇنىڭ كۆزىگە ناھايىتى كىچىك نارەسىدە ئۆسمۈر قىزدەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇ بۇنى بابۇرغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، — ناھايىتمۇ نازۇك كۆرۈنىدى. خۇش كەيپسىز دېدى. ئاۋازلىرى شۇنداق مەيىن، شۇنداق ساپ.

بابۇر ئەنجاندىن ئايىشە بېگىمنى ئويلاپ كېلىپ، ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەسلىكى، كۆرۈشسە ئادەتكە خىلاپ ئىش قىلىپ، تەنگە قىلىشى، بەلكى سەۋرسىزلىك قىلغانغا ئوخشاش قىز تەرەپنىمۇ رەنجىتىشى ئۇنىڭغا راۋاسىز بىر دەرد بولۇپ تۇيۇلدى.

نويان كۆكەلداش بۇ دەردكە دورا تاپماقچى بولغاندەك قوينىغا قول سالدى-دە، كىچىككىنە ئاق يىپەك خالتىنى ئالدى.

— ئايىشە بېگىمنىڭ نامىدىن سىزگە بۇنى مېھر نىگارخانىم ئەۋەتتى.

بابۇر خالتىچاقنى قولىغا ئالغاندا ئىچىدە ھېچ نەرسە يوقتەك تۇيۇلدى. بوغقۇچنى يېشىپ خالتىچاقنى ئالىقىنىغا ئاستا تۆككەنىدى، ئىككى دانە گۆھەر چۈشتى. ھەربىرىسى گۈرۈچتىن سەل چوڭراق، ئەمما خېلىلا ئېغىر. ئۆزى نەپىس ۋە قالتىس پارقىرايتتى.

— تېشىغىمۇ قاراڭ، — دېدى نويان.

نازۇك مۇنچاقلار بىلەن بېزەلگەن خالتىچاقنىڭ تېشىغا كەشتىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن چىرايلىق يىپەك يېزىقنى بابۇر ئەمدى كۆردى. "نىجاتكارىمىزغا" دېگەن بىرلا سۆز ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر مۇھەببەتنامىدەك شېرىن تۇيۇلدى. ئايىشە بېگىم بۇ يىپەك يېزىقنى ئالدىن تىكىشكە باشلىغان بولسا كېرەك. بولمىسا نويان بارغاندا دەرھال تىكىپ ئۈلگۈرمەيتتى. دېمەك، ئۇ بابۇرنىڭ نىجاتلىق كەلتۈرۈشىگە ئىشەنگەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمىرزادەم، قولىڭىزدىكى گۆھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئاڭلاڭ، — دەپ داۋام قىلدى نويان، — بۇلار سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ سەللىسىگە قادالغان ئېسىل گۆھەرلەردىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئاجىزەلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ شۇ گۆھەرلىرى سىز بىلەن بىللە يەنە سەمەرقەند تەختىگە چىقسۇن، سىزنىڭ ئەزىز بېشىڭىزدا يۈز يىل ئۆچمەي نۇر چېچىپ تۇرسۇن دەپ ئۈمىد قىلىدۇ.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا تىلغا ئېلىنغاندا بابىرنىڭ كۆڭلى كىچىككىنە قاراڭغۇلاشتى. ئەمما ئۇنىڭ قولىدىكى گۆھەرلەر شۇنداق ئوچۇق تاۋلىناتتى، ئۇلاردىن چېچىلغان گۈزەل نۇر لايىقىنىڭ كۆزلىرىدىن نىشان بېرىپ تۇرغانغا ئوخشايتتى.

— مەيلى، ئاجىزەلەر تىلىگەندەك بولسۇن! — دېدى بابىر نويانغا.

كېيىن ئاستا چاۋاك چېلىپ، دەستار پېچنى① قىچقارتتى. دەستار پېچ بۇ گۆھەرلەرنى بابىرنىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا ئورايدىغان سەللىسىگە قاداپ قويدى.

شۇ ئاخشىمى بابىرغا غايىبانە مېھىر قويغان لايىقىنى كۆرگۈسى كېلىپ غەزەل يېزىشقا باشلىدى:

جەمالىڭ ۋەسپىنى، ئەي ئاي، نېچە ئېلدەن ئېشىتكەيمەن،
نې كۈن بولغاي ۋىسالىڭگە مېنى دىلخەستە يېتكەيمەن؟

## 2

قىشنىڭ چىللىسى ئەۋجىگە چىققان. ئىزغىرىن شاماللار چىقماقتا

① دەستارپېچ — پادشاھنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قارايدىغان خىزمەتكارى.

ئىدى. قول-پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان، كىيىملىرى يىرتىق مەھبۇسلار سەمەرقەندنىڭ رېگىستان مەيدانىدا سوغۇقتىن غالىلداپ، شەھەر قازىسىنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلىماقتا.

ئىشەنچلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېنقلاشلىرىغا قارىغاندا، بۇلار بابىر مىرزىغا خىيانەت قىلغانلار. قامال پەيتىدە ئۇنىڭغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، "كېچىسى كېلىڭلار، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمىز" دەپ بابىرنىڭ بىر تۈركۈم باتۇر نەۋكەرلىرى غارى ئاشقان ئالدىدىن قەلئەگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خىيانەتچىلەر ئۇلارنى دۈشمەنلەرگە تۇتۇپ بەرگەنىدى.

— بىز ئەمەس! تۇتۇپ بەرگەنلەر قېچىپ كېتىشتى! — يىغلا-سىراپ ۋارقىرىدى مەھبۇسلارنىڭ بىرى.

ئەمما ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئېتىبار بەرمىدى. ئالىي پەرمانغا بىنائەن جاللات ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، مەخسۇس چوڭقۇر ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ قويدى-دە، بوغۇزلىرىغا خەنجەر سۇردى. قەتل قىلىنغانلارنىڭ ئىسسىق قېنى مەيدانىنىڭ تاشلىرىغا چاچراپ سوغۇقتا ھور چىقىراتتى...

كېچىسى لەپىلدەپ ياغقان قار بۇنىڭ ھەممىسىنى يېپىپ، بارلىقنى ئاپئاق قىلىۋەتتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بوشاپ، گۈمبەز-لەرنىڭ قارلىرى ئېرىشكە باشلىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن بابىر مىرزا ئاتلىنىپ سەمەرقەند رەستىلىرىنى ئايلىنىشقا چىقتى. يېنىدا ئىشىك ئاغا قاسىمبەگ، ئەھمەد تەنبەل ۋە خانقۇلى دېگەن يەنە بىر بەگ ئارقىسىداراقتا نەۋكەرلەر بىلەن كېلىشمەكتە ئىدى. شەھەرنىڭ قەيىرىدە نېمە بارلىقىنى ياخشى بىلىدىغان سەمەرقەندلىك قېرى شائىر جەۋھەرىي ئۇلارغا يول

كۆرستىپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

ئۇلۇغبەگ قۇردۇرغان چوڭ گۇمبەزلىك خانىقادىن ئۆتكىنىدىن كېيىن جەۋھەرىي كۇنچىقىش تەرەپتىكى كوچىنى كۆرسەتتى.

— ئەمىر ئەلىشىر سەمەرقەندكە كەلگىنىدە مانا شۇ كوچىدىن كۆپ ئۆتەتتى. مەزكۇر كوچىنىڭ ئاخىرىدا ئەلىشىربەگنىڭ ئۇستازى فەقىھ ئابدۇللەيىس ئىستىقامەت قىلاتتى. ئۆيى ھازىرمۇ بار.

— سىزمۇ ئەلىشىرنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولغانمىدىڭىز؟ — سورىدى بابىر.

— ھە، يېشىمىز ئەلىشىربەگ بىلەن تەڭ ئىدى، ئەمما پېقىر ئۇ زاتنى ئۇستاز ئورنىدا كۆرەتتىم. دائىم شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بېرىپ، مەسلىھەت ئالاتتىم. ئۇنتۇمىغانىكەن، «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىدا پېقىرنىمۇ تىلغا ئاپتۇ.

ساقاللىرى ئاپئاق، قاشلىرىغىمۇ ئاق چۈشكەن جەۋھەرىي ھازىر بابىرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈردى. قېنى ئۇمۇ ناۋائىينىڭ نەزىرى چۈشكەن شائىرلاردىن بولسا! ئەمما بابىر تېخى مەشىق تەرىقىسىدە شېئىرلار يېزىشتىن نېرىغا ئۆتكەن ئەمەس، ئۇلارنى بىرسىگە كۆرسىتىشكە ئۇيىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چوڭ شائىر بولۇش ئارزۇسىدىن ھېچ ۋازكېچەلمەيتتى. مانا شۇ ئارزۇنىڭ تەسىرىدە بۈگۈن ئۆزىگە يول كۆرسىتىشكە سەمەرقەندنىڭ مەشھۇر بەگلىرىنى ئەمەس، ناۋائىينى كۆرگەن مۆتىۋەر شائىرنى تەكلىپ قىلغانىدى.

جەۋھەرىي ئۇلارنى ناۋايلار مەھەللىسىگە باشلىدى. كوچىلار غۇڭگىرە بولۇپ قالغان. بېسىلمىغان قار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە چىقاتتى. سايە جايلاردا ئىزغىرىن شامال يۈزنى يالاپ ئۆتسىمۇ، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان پاكار تاملار ۋە ئۆگزە گىرۋەكلىرى ئېرىگەن

قاردىن ھۆل بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

بابىر ئۆگزىلەرگە قارىدى، بىرەرسى كۆرۈنمىدى. ئۆگزىنى كۆرەۋاتقان بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ناۋايلىق رەستىسىگە كەلسە، قاتار دۇكانلارنىڭ ھەممىسى يېپىق. بابىرنىڭ تەئەججۇپى ئېشىپ، جەۋھەرىيگە قارىدى:

— مەۋلانا ناۋايلار كۆچۈپ كەتكەنمۇ؟

— مىرزا ھەزرەتلىرى، ئۈچ ئايدىن بۇيان، رەستىگە نان چىقمىدى. چۈنكى ئۇن يوق. قامالدا كۆپ ناۋايلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئادەملەر ھالسىدىن كەتكەن. ئۆگزىگە چىقىپ قار كۆرەشكىمۇ مادارى قالمىغان.

بابىر بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان ئادەمدەك ئوڭغايسىزلىنىپ قاسىمبەگكە قارىدى. قاسىمبەگ بولسا شائىرغا تەگكۈزۈپرەك سۆزلىدى:

— ناۋايلارنىڭ تىرىك قالغانلىرىمۇ باردۇ، مەۋلانا؟

— ئەلۋەتتە بار. لېكىن ياردەمگە موھتاج. قېنى ئەمدى ئەمىرزادەم بۇيرۇسىڭىز ناۋايلارغا ئۇن بېرىلسە. رەستىلەر يەنە ئېچىلسا، سەمەرقەندنىڭ مەشھۇر نانلىرىدىن ئادەملەر تويۇپ يېسە.

بابىر جەۋھەرىينىڭ ئېيتقىنىنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قاسىمبەگ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۈنتىلدى:

— ئەمىرزادەم، بىزدىمۇ ئاشلىق ئاز قالدى. قوشۇنغا ئوزۇق كېرەك. رەستىلەرگە ھازىر ئۇن بېرەلمەسمىز. بەلكى كېيىنرەك...

قېرى شائىر بابىرغا ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ... شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قارا مۇۋۇت تونىمۇ، بېلىنىر-بىلىنمەس سەل ئېگىك يەلكىسىمۇ، كالتە قىرقىلغان ساقىلىمۇ، نېمىسىدۇ بابىرغا ناۋاينىڭ

بېھزاد سىزغان رەسىمنى ئەسلەتتى. بابىر مەۋلانىنى نائۈمىد قىلما، ئاۋاينىڭ ئۈمىدىنىمۇ ئاقلىيالمايدىغاندەك بولدى.

ئۇ قاسىمبەگكە بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلىدى:

— بىز ئۇنى رەستىلەرگە ئەمەس، ناۋايلارغا بېرىشىمىز كېرەك. ئىشەنچلىك بىر كىشى نازارەت قىلسۇن، ناۋايلار نان يېقىپ، بىزنىڭ نامىمىزدىن ئاچلارغا تارقاتسۇن. بەش ئالتە تاغار ئۇن بىلەن قوشۇن ئۇزۇقسىز قالماس. جىززاخقا ئەۋەتىلگەن كارۋان ئەتە-ئۆگۈن ئاشلىق ئېلىپ قايتىدۇ!

— ساخاۋىتىڭىزگە رەھمەت، مىرزا ھەزرەتلىرى! — دەپ بابىرنىڭ سۆزلىرىگە پەقەتلا جەۋھەرىي خۇشاللىق بىلدۈردى.

سېمىز تورۇق ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان ئەھمەد تەنبەل مەۋلانىغا قاراپ غوڭشىدى:

— ئەمىرزادەم بايسۇنقۇردىن قالغان ئاچلارنىڭ قايسىبىرىگە ئاشلىق يەتكۈزەلەيدۇ؟ بىز بۇلارنى بېقىشقا كەلدۇقمۇ؟

ئەھمەد تەنبەل، "ئەمىرزادەم" دەپ، گويا بابىرغا جان كۆيدۈرۈپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەسلىدە بابىرنىڭ ھازىرقى بۇيرۇقىدىن نارازىلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

ئەھمەد تەنبەل ئۇشتا خانزادە بېگىمگە ئادەم قويۇپ نىيىتىگە يېتەلمىگەندىن بۇيان بابىرغا قارشى ئاداۋىتى ئاۋۋالقىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بىر كۈچ بىلەن ئاشماقتا ئىدى.

— جانابىي ئەھمەدبەگ، — دېدى بابىر، — بىز سەمەرقەندنى بېقىش ئۈچۈن كەلمىگەن بولساق، تالاش ئۈچۈنمۇ كەلگەن ئەمەس!

تەنبەل تۈنۈگۈن زەرگەرلەرنى تالاتقانلىقىنى ئەسلەپ، كۆزلىرى سەل ئالاقزادە بولدى. ئەمما ئۆزىنى خاتىرجەمرەك كۆرسىتىپ:

— سۆزىڭىز توغرا. مىرزا ھەزرەتلىرى، — دېدى، — بىراق شۇنچە ئۇرۇش-ماجىرا بىلەن ئالغان شەھىرىمىزدىن ئازغىنا ئولجىلىق بولۇشقىمۇ ھەققىمىز يوقمۇ؟ غالىبلارنىڭ ئولجا ئېلىشى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان قائىدىغۇ!

تەنبەلنىڭ سۆزى نەۋكەرلەر ئارىسىدا تۇرغان خانقۇلىبەگكە ناھايىتىمۇ يېقىپ كەتكىنى ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتقانلىقىدىن بىلىندى. كۆپچىلىك نەۋكەرلەرمۇ ئەھمەد تەنبەلنىڭ توغرا دەپ بىلىشەتتى. سەمەرقەندتىن راۋۇرۇس ئولجا ئالالمىغان بەگلەرنىڭ ھەممىسى نارازى بولۇپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى.

شۇ تاپتا بابىر ئۆزىنى ئىككى ئوت ئوتتۇرىسىدا قالغاندەك سەزدى. بەگلەر ۋە نەۋكەرنىڭ كۆڭلىگە قاراي دېسە، بۇ تەرەپتە خەلق ئاچارچىلىقتىن ئۆلمەكتە. خەلقنى ئاچلىق چاڭگىلىدىن قۇتقۇزاي دېسە، بەگلەر ۋە نەۋكەرلەر: "بۇلار نېمىشقا بىزنىڭ نېسۋىمىزگە شېرىك بولىدۇ" دەپ دادلىشىدۇ.

بابىر قاسىمبەگكە ئۈمىد بىلەن كۆز تىكتى-دە:

— ئاچارچىلىققا پەقەت بايسۇنقۇر مىرزا سەۋەبچىمۇ؟ — دېدى، — ئەگەر بىز شەھەرنى يەتتە ئاي قامال قىلمىساق، بۇ بەختسىزلىك بولماسلىقى مۇمكىن ئىدىغۇ!

قاسىمبەگ بابىرنىڭ تەنبەل ئالدىدا يالغۇزلۇق قىلىپ قېلىشىنى خالىمىدى-دە، مۇنازىرىنى چاپسانراق تۈگىتىشكە تىرىشتى:

— ئەمىرزادەمنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمىزغا تاج بولسۇن! ئەتىلا ناۋايلارغا ئۇن بېرىپ، ئاچلارغا نان ياقتۇرۇپ تارقىتىشنى مەن ئۆز زىممەمگە ئالىمەن!

بابىر قاسىمبەگكە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ:

— سۆز تۈگىدى، — دېدى، ئاندىن جەۋھەرىيگە قارىدى، — قېنى ئەمدى كىتابپۇرۇشلار رەستىسىگە ئۆتەيلى.

جەۋھەرىي ئۇلارنى قىڭغىر-قىيسىق بىر كوچىغا باشلىغاندى. ئەھمەد تەنبەل قاپىقى سېلىنغان ھالدا باپىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. كەڭ بىر مەيدانغا چىقىشتى. ئېتىك تۇرغان كىتابپۇرۇشلىق دۇكانلىرى كۆرۈندى. ئىككى دۇكان ئارىلىقىدىكى ئىككى قاناتلىق دەرۋازا ئىچىدىن ئاۋۋال قانداقتۇر كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. كېيىن يالاڭئاياق، يالاڭباش بىر موماي داد سېلىپ چىقتى.

— ۋاي بالامنى ئۆلتۈرگەن خۇدانىڭ ئۆزى ئۆلسۇن! ئاچ قېلىپ ئىششىپ ئۆلسۇن!

مومايىنىڭ كەينىدىن ئوتتۇرا ياشلىق ئورۇق بىر ئەر يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قورقىنىدىن بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. موماي داۋاملىق بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ خۇدانى قارغايتتى:

— خۇدانىڭ ئۆزى قامالدا قېلىپ ئۆلسۇن! ئىلاھىم مېنىڭ بالامدەك ئاچتىن ئۆلسۇن! ئۆلسۇن!

جەۋھەرىي ئېتىنى ئەر كىشى تەرەپكە بۇراپ:

— موللا قۇتبىدىن، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

موللا قۇتبىدىن ئەمدى ھوشىنى يىغىپ، مومايغا قاراپ يۈگۈردى. ئورۇقىنا ماغدۇرسىز مومايىنى سۆرەپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى-دە، ھاسىراپ قايتىپ چىقتى. قول قوشتۇرۇپ ئاتلىقلار تەرىپىگە كېلىۋېتىپ:

— ئەپۇ قىلىسىلا، — دېدى، — ئاكامنىڭ ئايالى پەرزەنت دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالدى. بىچارىنىڭ ئوغلى ئاچلىقتىن

كۇنجۇرە يەپتىكەن، ئىششىپ ئۆلۈپتۇ.

ئېغىر جىمجىتلىقتا بابىرنىڭ:

— يەنە بۇ بىچارىلەردىن ئۇلجا ئالماقچى بولۇشىدۇ! — دېگەن كىنايىلىك سۆزلىرى ئاڭلاندى-دە، ئەھمەد تەنبەل بىلەن خانقۇلى-بەگكە ئوقتەك تەگدى.

موللا قۇتبىدىن سەمەرقەندنىڭ داڭلىق كىتابپۇرۇشلىرىدىن ئىدى. مەۋلانا كىم كەلگەنلىكىنى كىتابپۇرۇشقا ئاستا ئېيتتى. موللا قۇتبىد-دىن ئۇزۇندىن بۇيان ئېچىلمىغان دۇكىنىنى ئالدىراپ-تېنەپ ئاچتى. بابىر ئاتتىن چۈشۈپ، مەۋلانا بىلەن بىللە دۇكانغا كىردى. موللا قۇتبىدىن بىساتىدا بار ئەڭ نادىر كىتابلارنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ، توپا-چاڭلىرىنى سۈرتۈپ، بابىرغا كۆرسىتىشكە باشلىدى. قىممەت باھالىق زەرھەل مۇقاۋىلار ئىچىدە مەھمۇد قەشقەرى، ئابدۇراھمان جامى...شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ بېھزاد سۈرەتلىرى بىلەن بېزەلگەن «زەپەرنامە»سى... ئابدۇررازاق سەمەرقەندى ...ھە، مانا، ناۋائىينىڭ «مىزانۇل ئەۋزانىي»، بۇ كىتابلارنى بابىر ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئالتۇنغا تېپىلمايدىغان ئاجايىپ كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئەپسانىۋى خەزىنىگە كىرىپ قالغاندەك ھاياجانلىنىپ، ئۈلاپلا:

— يەنە نىمە بار؟ يەنە؟ — دەپ سورىدى.

موللا قۇتبىدىنمۇ بىرى بىرىدىن كەم ئۇچرايدىغان كىتابلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەۋەتتى. مەشھۇر خەتتاتلار نۇرغۇن پۇل بەدىلىگە كۆچۈرگەن، ھەربىر ۋارىقىغا نەپىس بېزەكلەر ئىشلەنگەن بۇ قول يازما كىتابلارنىڭ ھەربىرى بىرنەچچە مىڭ دىنار تۇرىدىغانلىقىنى بابىرنىڭ يېنىدا تۇرغان قاسىمبەگمۇ بىلەتتى. ئۇ سەمەرقەند

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەزىنىسىنىڭ سىپىدام ئىكەنلىكىنى، ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلىرى بولسا ئۇزاققا يەتمەسلىكىنى ئويلاپ، بابىر تاللاۋاتقان كىتابلارغا تەشۋىشلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئاخىر، بابىر تاللىۋالغان كىتابلار ئوندىن ئاشقاندا، قاسىمبەگ ئاستا پىچىرلىدى:

— مىرزادەم، ھازىر خەزىنىچى يوق...

كىتابلاردىن باشقا نەرسىنى ئۇنتۇغان بابىر قاسىمبەگنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى.

— خەزىنىچىنى ئەۋەتەرمىز، — دېدى ۋە تاللانغان كىتابلارنى كىتابپۇرۇشقا كۆرسەتتى، — ھەممىسىنى ھېسابلاپ قويۇڭ. كىتابدار بىلەن خەزىنىچى پۇلىنى تۆلەپ ئېلىپ كېتىدۇ.

موللا قۇتبىدىن قول قوشتۇرۇپ:

— باش ئۈستىگە! — دېدى-دە، ئەمما ئۇنىڭ نېمىندۇ ئېيتال-ماي قىسىلىۋاتقانلىقى بابىرغا سېزىلدى.

— نېمە تىلىكىڭىز بار، موللا؟ ئېيتىڭ، تارتىنماڭ. كىتابلىرىڭىز بىباھا!

بابىر بۇ كىتابلار ئۈچۈن مال ۋە دۇنياسىنى ئايىمايدىغاندەك كۆرۈندى. كىتابپۇرۇش دادىلىشىپ:

— مىرزا ھەزرەتلىرى، — دېدى، — ھازىر پۇلغا ئاشلىق تېپىل-مايدۇ. بالىلىرىم "نان" دەپ يىغلاپ، ھەر كۈنى يۈرەك-باغرىمنى ئېزىدۇ. ئەگەر ئىلاجى بولسا، ئازراق ئۇن...

بابىرنىڭ كۆز ئالدىغا بايىقى ساراڭ موماي كەلدى-دە، كىتاب-پۇرۇشنىڭ موھتاجلىقىنى ئالدىنراق سەزمىگىنى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى كايىدى. قاسىمبەگنىڭ ناۋايلىق رەستىسىدىكى ئېتىرازلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. يەنە بەگلەرنىڭ جىنىنى

قوزغىماسلىق ئۈچۈن كىتابپۇرۇشقا كېرەكلىك نەرسىنى ساراي ئاشپىزىدىن بېرئۈيتىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە ئالدى. كىتابپۇرۇشقا پەس ئاۋاز بىلەن:

— غەم قىلماڭ — دېدى، — تىلىكىڭىز ھەل بولۇپ قالار، خەير!

بابىر تالاغا چىقتى. ئەھمەد تەنبەل ئېتىدىن چۈشمەي دومسىيىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى نامازشامدا كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن كىتابدار ۋە سەۋدەرلەر كىتابپۇرۇشقا سورىغان پۇلنى بەردى-دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر تاغار ئۇن ۋە بىر سېمىز قوي چۈشۈرۈپ كېتىشتى.

ئەتىسى كۈنى ناۋايلىق رەستىسىگە قاسىمبەگنىڭ نەۋكەرلىرى بىر ھارۋا ئۇن ئەكەلگەنلىكى، قار تەكتىدە سوۋۇپ ياتقان تونۇرلارغا ئوت قالىنىپ، ئىسسىق نان پۇرىقى ئەتراپقا تارقالغىنى، ئاتلىق جارچىلارنىڭ پادشاھ نامىدىن ئاچلارغا نان ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشىنى ئېلان قىلغانلىقى ھەممىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. ناۋايلىق رەستىگە كېلىپ، خۇش بۇي بۇغداي نېنىنىڭ تەمىدىن كۆزى ۋالىلداپ ئېچىلىۋاتقان ئاچلار بابىردىن شۇنچىۋالا مەمنۇن بولۇشسا، تەمەخور بەگ ۋە نەۋكەرلەر: "بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن ئېلىپ چاكىنىلارغا بەردى!" دەپ، ياش پادىشاھتىن شۇنچىلىك نارازى ئىدى. سەمەرقەندتىكى ئاچلىق ۋە قىسىنچىلىقتىن بەزگەن بىر قىسىم جەڭچىلەر ئەنجانغا قايتىپ كېتىشكە ئىنتىلىشكە باشلىدى.

## 3

تونۇردىن قومۇرۇلغان نانلارنى تاغارغا سېلىپ چىقىپ ئاچلارغا ئۈلەشتۈرۈۋاتقان نەۋكەرلەردىن بىرى تاھىر ئىدى. ئاۋۋال ئۇمۇ

"ماڭا نەيزەسانچىپ، ئانامنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان دۈشمەن-لەرگە خىزمەت قىلغىلى كەلگەنمىدىم؟!" دەپ ئاچچىقلانديۇ، لېكىن ئەسكى كېيىنگەن، بويۇنلىرى قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغان ئاچ ئۈسمۈرلەرگە، قىزلارغا، ئاياللارغا كۆزى چۈشكەندىن كېيىن ھورى بېسىلدى. ئىچكىرىدىن ئالا تاغاردا ئىسسىق نان كۆتۈرۈپ چىقىۋېتىپ: "بەلكى بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا رابىيەمۇ باردۇ؟ — دەپ ئويلىدى، — ياكى رابىيىنى كۆرگەن-بىلگەنلەر ئۇچراپ قالار؟"

تاھىرنىڭ بېشىدا تۈلكە تۇماق، ئۇچىسىدا تۈلكە پۈچقاق جۇۋا. كېيىنكى ئايلاردا داۋاملىق ئاتلىق يۈرۈپ، قەدەم ئېلىشى خېلى ئۆزگەرگەن. ئۇزەڭگىگە ئۆگىنىپ كەتكەن پۇتلىرى يەردە ئاۋۋال-قىدەك راۋان چامدىيالمايتتى. ئەمما قوللىرى چەۋاندازدەك بىر چاققانلىق بىلەن تاغارغا چاپسان چۈشۈپ چىقاتتى.

كۆزلىرى تىكىلىپ تۇرغان ئاچلار تاھىرنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، نان ئۆلەشتۈرۈۋاتقان قوللىرىنى كۆرۈشەتتى، خالاس. ئۇلارنىڭ تولىسى سۆرىلىپ، كىچىك-كىچىك قەدەم تاشلىشىپ ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىشاتتى. يوللىرىدا كىچىككىنە ئېرىق ياكى دۆڭلەر ئۇچراپ قالسا، ئۆتەلمەي توختاپ قېلىشاتتى. ئۇلارنى سەل ماغدۇرى بارلىرى يۆلەپ، ياردەملىشىپ ئۆتكۈزۈپ قويۇشاتتى.

تاھىر كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنى سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رابىيىنى كۆرگەن-بىلگەن بىرەر ئادەم يوقمىدۇ؟

ئەنە، بىر ئايال تون يېپىنىپ، يېرىم ئۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ، تاھىر ئۇنىڭ يېنىدىكى مومايغا قاراپ:

— ئاچلار، ئاراڭلاردا ئەنجانلىق ياكى قوۋالىق ئاياللار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

موماي تاجىكچە تەلەپپۇز بىلەن:
— ئۇنداقلار يوق، ئۆرگىلەي، — دېدى.
تاھىر يۈز قېتىملاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ:
— سىڭلىمنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى، — سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى قوۋادىن ئەپقېچىپ كەتكىنىگە تۆت يىل بولدى.
— بىچارە! — دەپ قويدى مومايىنىڭ يېنىدىكى ئايال.
ئېرىراقتا نانغا كۆز تىكىپ تۇرغان بىر كىشى سەۋرسىزلىنىپ يۆتەلدى. تاھىر نان ئۈلەشتۈرۈشنى داۋام قىلىۋېتىپ ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى شالاڭ مەللە بۇرۇتلۇق ئېگىز بىر كىشىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.
— سىز ئىلگىرى نەۋكەر بولغانمىدىڭىز؟
يۈزى ئىششىپراق قالغان بۇ ئادەم ئېھتىياتچان ئاۋاز بىلەن:
— ھە، — دېدى.
— قاچان؟
— كۆپ يىل بولدى.
— ئەنجانغا بارغانمىدىڭىز؟
— جوق... بىرىراقىدىن قايتقاندۇق.
بۇ ئادەمنىڭ تەلەپپۇزى شۇ چاغدا رابىينىي قاپقا سېلىپ ئېلىپ كەتكەن "جوق"چى يىگىتلەرنى ئەسلەتتى-دە، تاھىرنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئېھتىمال، بۇ شۇ باسقۇنچىلارنىڭ بىرىدۇ؟
تاھىر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ناۋايخانا تەرەپتە تۇرغان شېرىكىنى قىچقاردى. تاغارنىڭ تەكتىدە قالغان نانلارنى ئۇنىڭغا بەردى-دە، مەللە بۇرۇتلۇق كىشىنى بىلىكىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە تارتتى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم قورقىنىدىن بوشىشىپ، دەلدەڭشىپ توختاپ قالدى:

— ئۇكام، مەن بىچارە ئادەممەن! مېنى قويۇۋېتىڭ! نانغا كەلگەنىدىم... نانغا!...

تاھىر يىپ ئۇچىنى مۇشۇ ئادەم تېپىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى سېزىپ مۇلايىمراق سۆزلەشكە تىرىشتى:

— نان ئالىسىز، سىزگە كۆپرەك نان بېرىمەن. ماڭا راستىنى ئېيتىڭ. سۇلتان ئەھمەد مىرزىدا نەۋكەر بولغانمىدىڭىز؟

— بولغانمەن.

— ئەنجاننىڭ بىرىسىدىكى قوۋۇقنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەنمىدىڭىز؟

— قايسى كۆۋرۈك؟ سۇنۇپ كېتىپ، بىزنى خاراپ قىلغان كۆۋرۈكمۇ؟

— خۇددى ئۆزى! — دېدى تاھىر غەزەپ ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن. مانا ئاشۇ باسقۇنچى! تاھىر ئۇنىڭغا ھازىر خەنجەر ئۇرسا بىر ئەلەمدىن چىقاتتى. ئەمما رابىيە نېمە بولىدۇ؟ بۇنى ئۆلتۈرسە، رابىيىنى كىمدىن سۈرۈشتۈرۈپ تاپىدۇ؟ تاھىر مەللە بۇرۇتلۇق يىگىتنى ياقىسىدىن تۇتۇپ قەھرى بىلەن سىلكىدى، — رابىيە قېنى؟ ئېيت تېزرەك!

ئاچلىقتىن ھالى كېتىپ، ئارانلا يۈرگەن يىگىت تاھىرنىڭ سىلكىشىدىن پارچىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ:

— قا-قايسى راكىيە؟ — دېدى.

— راكىيە ئەمەس، رابىيە! ئۇ قىزنى قوۋۇادىن ئەپقېچىپ نەگە ئېلىپ باردىڭلار؟ ھازىر نەدە؟ راستىڭنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى

ئالىمەن! ئېيىت!

— ئۇكا! ئۇكام! مەن رابىيە دېگەن قىزنى كۆرگىنىم يوق. ئۆلتۈرسەڭ، مەيلى ئۆلتۈر، لېكىن مەندىن بىكارغا گۇمانسىرىما، شۇ ۋاقىتتا مەن قىز ئەپقاچىدىغان ئەھۋالدا ئەمەسىدىم. بىر تۇغقان ئۇكام كۆۋرۈكتىن يىقىلىپ، سۇدا ئېقىپ ئۆلدى. قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۈچ كۈن ئىزدەپ ئۆلۈكىنى تاپالمىدىم. پاتقاق يۇتۇپ كېتىپتۇ.

تاھىر شۇ كۆۋرۈكنى ئۆزى بۇزغانلىقىنى ئەسلىدى. مەللە بۇرۇتلۇق يىگىتنىڭ كۆزلىرى ياشلانغانلىقىنى كۆردى-دە، ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەردى.

رابىيىنى تاغارغا سېلىۋاتقان "جوق"چى يىگىتلەردىن بىرى ئىككىنچىسىنى "جۇمان" دەپ ئاتىغىنى تاھىرنىڭ يادىدا قالغانىدى. ئۇ قارشىسىدا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئادەمگە تىكىلىپ:

— ئېتىڭ نىمە؟ — دېدى.

— ئېتىم مەمەت.

— مەمەتمۇ ياكى جۇمانمۇ؟

— ئۇكا، ئىشەنمىسىڭىز مانا شۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنى قىچقىرىپ سوراڭ. ئېتىم مەمەتلىكىنى ھەممىسى بىلىدۇ، ئۆزەم كۈنچى كاسىپمەن.

تاھىر ئۆزىچە ئويلاندى: "ئەگەر ئۇكىسى قوۋادا پاتقاقتا پېتىپ ئۆلگەن بولسا، بۇمۇ مېنىڭ ياقامدىن ئېلىشقا ھەققى بار!" شۇ ئوي تەسىرىدە تاھىر ئاچچىقىدىن ياندى. مەمەتكە يەنە"سىز"لەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جۇماننى بىلەتتىڭىزمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەمەت پېشانىسىنى تۇتۇپ، نېمىنىدۇ ئەسلەشكە تىرىشتى:

— توختاڭ، توختاڭ جۇمان مايماق دېگىنىمىز بار ئىدى. شېرىكلىرى بىلەن شۇ تەرەپتىن ئىككى قىز ئەپقېچىپ كەلگەن دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلگەنمۇ؟

— قىزلارنىمۇ؟ بۇنىسىنى بىلمىدىم. ئۆرەتۆپىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئاقسۇ دېگەن ساي بار. ئاقسۇغا يەتكىنىمىزدە پادىشاھىمىز ئۆلۈپ قالدى. شۇ ۋاقىتدا ئالتوپىلاڭ باشلاندى، مانا، ھازىرغىچە بېسىلمايدۇ. نەۋكەرلىكمۇ جېنىمغا تەگدى، بوشىنىپ كەتتىم.

— جۇمان مايماق ھازىر نەدە؟

— بىلەلمىدىم. ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان كۆرمىدىم. ئەسكى يىگىت ئىدى، ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى باشقا پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ پادىشاھمۇ كۆپقۇ؟ تاشكەنتتە مەھمۇدخان دېگىنى، تۈركىستاندا شەيبانىخان دېگىنى، ھىساردا يەنە بىرسى.

— بۇ پادىشاھلارنىڭ ئۇرۇش-جاڭجاللىرى ئۆز بېشى بىلەن كەتسۇن! — دېدى تاھىر غەزەپلىنىپ، — سىز بىر كاسىپ بولسىڭىز. مەن بىر دېھقان ئىدىم. كېلىپ-كېلىپ بىزدەك جاپاكەشلەرنى بىر-بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ قويغان زاماننىڭ ئۆيى كۆيسۇن!

مەمەت تاھىرنىڭ خەنجەر ئىزى قالغان يۈزىگە ئەمدى پېتىنىپراق قارىدى:

— ئۇ قىز نېمىڭىز بولاتتى، ئۇكا؟ سىڭلىڭىزمىدى؟

— كۆزۈمنىڭ ئېقى ھەم قارىسىدى!

مەمەت سۆزىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ، تاھىرغا ئازراق ئەجەبلىنىپ تىكىلدى. كېيىن ئۇنىڭ ئارمان بىلەن تولغان كۆزلىرىنى

كۆرۈپ، بۇ يىگىتكە ئۆزىنى ئاللىقانداق يېقىن سەزدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى كەلدى:

— خۇدا خالىسا تېپىلىدۇ! مېنىڭ تونۇش-بىلىشلىرىم كۆپ، ئۇكا. سۈرۈشتۈرىمەن، خوتۇنىمغا ئېيتىمەن، ئاياللاردىن سۈرۈشتۈرىدۇ.

مەمەتنىڭ ئەستايىدىل ياردەم بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزگەن تاھىر ئۇنىڭ يىگىدىن ئالدى-دە:

— بۇ تەرەپكە يۈرۈڭ،—دېدى. مەمەتنى ناۋايخانىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ كىردى-دە، ئىچكىرىدىن تۆت نان ئېلىپ چىقتى.

— ئېلىڭ! سىز بۇ يەرگە نانغا كەلگەنىدىڭىز.

مەمەت نانلارنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئېلىپ، قوينىغا تىقتى. ئىسسىق بۇغداي نېنىنىڭ ھىدى ۋە تەپتىدىن ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئۆستى-ئۆستىگە يۇتۇندى. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ تاھىرنىڭ ئالدىدا دەرھال نان يېيىشتىن ئۆزىنى تارتتى. پەقەت ناننىڭ ھىدىدىن مەس بولغاندەك ئېزىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ناندەك ئەزىز بولۇڭ، ئۇكا. بىز كۆرگەن كۈنلەرنى زادى كۆرمەڭ. قولدىن بەرگەننگە قوش تويماس. يېتىپ يېسەڭ بۇ نان ئىككى كۈنگىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن مەن شۇنىڭ كۈچى بىلەن قىشلىقىمغا يېتىۋالمەن. ئەنە ئۇ تاغنىڭ كەينىدە ئاكا-ئۇكىلىرىم بار. بىز ئۆز-بېكنىڭ قويانقولاق ئۇرۇقىدىنمىز. قىشلىقىمغا يېتىپ بارسام بىر-ئىككى تاغار ئاش تېپىپ كېلىمەن. لېكىن بوش تاغار تىك تۇرمايدىكەن، ئۇكا. بىر چىپار ئېتىم بار ئىدى، كۈزدە سويۇپ يەپ قويدۇق. پىيادە كېتەي دېسەم، ئاچ ئادەم تاغدا يىقىلىپ سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلىمەن دەپ قورقتۇم، مانا ئەمدى قورقمسام بولىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن سىزنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى تاھىر ئۇنىڭغا ئاۋۋالقى ۋەدىسىنى ئەسلىتىپ.

— كۆنچىلىك گۇزىرىدە ئۆيۈم بار. مەمەت پالۋان دېسىڭىز، ھەممىسى بىلىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا پالۋان ئىدۇق، ئۇكا. مانا ئەمدى گەۋدىمىزنى ئەسلىكتە كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمىز.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، قىزنىڭ ئېتى رابىيە.

مەمەت پالۋان بۇ نامنى بىر-ئىككى تەكرارلاپ خاتىرىسىگە پۈكۈپ:

— ئەگەر خەۋىرى چىقسا، سىزنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى.

— قاسىمبەگنىڭ نەۋكىرىمەن. ئىسمىم تاھىر.

— خوپ، تاھىربەگ، مەن سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن. بىزنىڭ ئادەملەر سىزگە يامانلىق قىلغان بولسا، سىز ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭىز. بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئەلۋەتتە قايتۇرىمەن. خەير!

تاھىر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. «قوۋادا ئۇكىسىنىڭ پاتقاققا پېتىپ ئۆلگىنىگە مەن سەۋەبچى بولغىنىمنى بىلسە نېمە قىلار ئىكەن؟» دەپ ئويلاندى.

مەمەت بولسا نېرىراققا بېرىپ ئالدىراپ-تېنەپ قوينىغا قول تىقتى-دە، ئىسسىق ناندىن بىر بۇردا ئۈزۈپ ئېلىپ، چاپسان ئاغزىغا سالدى.

## 4

ئەنجانلىق بەگ ۋە نەۋكەرلەر «سەمەرقەندنى ئالساق ھەممە مۈشكۈللۈكلىرىمىز ئاسان بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئەڭ زور مۈشكۈللۈك سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن باشلاندى.

ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ بەش-ئالتە مىڭ ئات-ئۇلىغى بار. قەھرىتان قىشتا قامالدىن ئەبگار لاشقان شەھەردە نە ئاچلارنى تويدۇرغىلى بولسۇن، نە قوشۇنغا ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزگىلى بولسۇن، نە ئاتلارنى يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلىگىلى بولسۇن. شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلغان، بۇ تەرىپى ئۆرەتۆپىگىچە، بۇ تەرىپى قارشىغىچە ھەممە تەرەپلەرگە تۆگە كارۋانلىرى ئەۋەتىلگەن، بازار ۋە رەستىلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلەر كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ پايتەختتە ھايات يېقىن ئارىدا بىر ئىزغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سەمەرقەند كېيىنكى يىللاردا نۇرغۇن قېتىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ، دەھشەتلىك تالان-تاراجلاردىن قاشاقلىشىپ قالغانىدى.

— بۇ مۇشكۈللۈكلەر كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپ، كېڭەشلەردە بابۇرنىڭ ئۇستازى خوجائابدۇللا ئەنجانلىق بەگلەرنى سەۋر-قانائەتكە چاقىراتتى، — باھار يېقىن، يىغىم-تېرىمغا ئۇلاشاق ئېغىر كۈنلەرنى كۆرمىگەندەك بولۇپ قالىمىز. تەڭقىسلىقلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما بۇ تەرىپى قارشى، شەھرىسەبزگىچە، ئۇ تەرىپى ئوش، ئۆزگەنتكىچە شۇنداق ئۇلۇغ مەملىكەت قالدۇ. تەڭرىم بىزگە شۇنداق چوڭ مەملىكەتنى ئىلتىپات قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز سەمەرقەندتەك ئالەمشۇمۇل سەلتەنەت ئورنىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك. بابۇر مىرزىنىڭ ئارزۇلىرى شۇكى، ماۋەرائۇننەھر يەنە ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بىرلەشسە، پايتەخت ئەسلىگە قايتسا، ھەممە ۋىلايەتلەر تەڭ ئاۋات بولسا. ئەمىرزادەمنىڭ بۇ ئارزۇلىرى سىز ۋە بىزنىڭ مۇقەددەس مەقسىدىمىزدۇر. ئىلاھا ئامىن پەرۋەردىگارى ئالەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنى بۇ مەقسىتىمىزگىمۇ يەتكۈزسۇن!

بۇ سۆزلەر خانقۇلبەگ ۋە ئەھمەد تەنبەلگە ئوخشىغان بەگلەرنىڭ زىتىغا تەگسىمۇ ئۇلار كېچەشكە يىغىلغان باشقا بەگلەر قاتارىدا:

— ئىلاھا ئامىن! — دېيىشىپ پاتىھە قىلىشتى. ياندىن قارىغان ئادەم بۇنى يەكدىللىك بەلگىسى دەپ ئويلايتتى.

ئەمما بەگلەر كېچەشتىن يېڭى بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقالغاندىن كېيىن بۇلۇڭ-پۇچقاقتا ئىككى-ئۈچتىن بولۇۋېلىپ، غەيۋەتكە چۈشۈپ كېتىشەتتى.

— گەپنىڭ قىسقىسى، بابىر مىرزىنىڭىز ئۇلۇغبەگدەك ئۇلۇغ ئادەم بولماقچى ئىكەن-دە، ئەھمەدبەگ؟ — سورىدى خانقۇلبەگ مەسخىرە قىلىپ.

ئۇلار مەخمەل كۆرپە يېيىلغان ئىسسىق سەندەلنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماقنى بىللە يېمەكتە ئىدى. ئەھمەد تەنبەل قېزىدىن بىر پارچە ئېلىپ، كىنايە بىلەن كۈلدى:

— ھە، بابىر مىرزىنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىرلا نەرسە يەتمەي تۇرغانىمىش.

— خوش؟

— بۇگۈن كېچەشتە ئېيتتىغۇ! سەمەرقەند دېھقانلىرى ئاچارچە-لىقتىن ئۇرۇقلۇق ئاشلىقلىرىنى يەپ قويغانىمىش. بىز قارشىغا كارۋان ئەۋەتىپ ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقلىرىمىزنى دېھقانلارغا قەرز بېرىدىكەنمىز.

— كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتۋال!

— ئىلاج قانچە، خانقۇلبەگ! ياش پادىشاھىمىزنىڭ ئۇلۇغ

بولۇشى ئۈچۈن ھەممىسگە چىدايسىز. يەنە بۇ كىشىم سەمەرقەندكە كۈيئوغۇل، لايىقى بار. كۈيئوغۇل پۇقراغا ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىشى زۆرۈر. بۇمۇ يەتمىگەندەك، ياش پادىشاھىمىز ھەر ھەپتىدە شائىرلارنى يىغىپ مۇشائىرە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

— شائىر بولماقچىمۇ ئوخشايدۇ-دە!

— ھە، بىزنىڭ نىسىۋىمىزگە نە-نەلەردىكى شائىرلارنى شېرىك قىلغانلىقى مانا شۇ سەۋەبتىن! خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى سۇغۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن قىممەت باھالىق كىتابلارنى ئېلىشىمۇ مانا شۇنىڭدىن!

خانقۇلبەگ ساقىلىنى تۇتاملاپ:

— پەش قىقىپ ئەنجانغا كېتەي دېسەم رۇخسەت بەرمەيدۇ، — دېدى، — تەگرى ھەققى، بابىرنىڭىزدىن تويدۇم، ئەھمەدبەگ!

ئەھمەد تەنبەل زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ھىم ياپتى. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— خانقۇلبەگ، — دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بەگلەر بولمىسا، پادىشاھلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. نەۋكەرنىڭ كۆپچىلىكى بىزنىڭ. جەڭنى بىز قىلدۇق، جاپانى بىز تارتتۇق. ئەمدى بۇنداق بېقىندى بولۇپ، ياش يىگىتتىن رۇخسەت سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— سۆزىڭىز راست! — پىچىرلىدى خانقۇلبەگ، — پادىشاھ بولسا ئۆزىگە! رۇخسەت بەرمىسە بەرمىسۇن، مەن بەرىبىر كېتىمەن!

— مەنمۇ بۇ يەردە خار بولۇپ يۈرمەكچى ئەمەسمەن، ئامان بولسام، پادىشاھ تېپىلار، ئاخسىدا جاھانگىر مىرزا بار. بۇخارادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئەلى مىرزا بار. بۇلارنىڭ ئۇرۇقى كۆپ. ھەممىسىگە سىزدەك بىزدەك بەگلەر كېرەك. سىزگە مېنىڭ مەسلىھەتىم، ئەنجاندا كۆپ تۇرماڭ. قولغا چۈشۈپ قالىسىز.

— ئاخسىغا بارايمۇ؟

— ھە، ئاخسىدا ئۇزۇن ھەسەنگە يولۇقۇڭ. سىزنى جاھانگىر مىرزىنىڭ خىزمىتىگە ئالار.

— ئالامدىكىن؟ بەلكى جاھانگىر مىرزا بابىرغا قارشى چىقالماس.

— سىز ۋە بىزدەك بەگلەرى كۆپەيسە قارشى چىقالايدۇ! جاھانگىر مىرزا ئەنجان تەختىگە ھېرىس...

...ئىككى بەگ شۇ كۈنى گەپنى بىر قىلىپ ئەتىسى كەچتە ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى پىروزە دەرۋازىسىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقاندا خانقۇلىبەگ ئەللىكچە نەۋكىرى بىلەن ئاستا شۇ دەرۋازىدىن چىقىپ قاچتى. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئۆزى زامىنغا كارۋانلارنى كۆزىتىپ بېرىش باھانىسى بىلەن نەۋكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەتتى-دە، سەمەرقەندكە قايتماي، توغرا ئاخسىغا يول ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەردىن سىرتقا زۆرۈر ئىش بىلەن ئەۋەتىلگەن بەگ ۋە نەۋكەرلەرنىڭ قايتىپ كەلمەسلىك ئەھۋاللىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كېچىلىرى قەلئە دەرۋازىلىرىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قېچىۋاتقانلار بۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇلدى. قىشنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا سەمەرقەندكە بابىر بىلەن كەلگەن بەگ ۋە نەۋكەرلەرنىڭ يېرىمىمۇ قالمىدى. ئادىمى ناھايىتى ئازىيىپ قالغان بابىر كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەڭ سادىق بەگلىرىدىن بىرىنى ئەنجانغا ئەۋەتتى. بىراق ئاردىن يىگىرمە كۈن ئۆتۈپ، بۇ بەگنى

ئەھمەد تەنبەل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئەنجان بىلەن ئاخسى ئارد-
لىقىدا تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. پەرغانە
ۋادىسىدا يامان بىر پىتنە باشلانغىنىغا ئەمدى شۈبھە يوق ئىدى.

پىتنىچى بەگلەرنىڭ بىرقانچىسى خوجائابدۇللاغا قول بېرىپ،
ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانلىقى مەلۇم ئىدى. بابىر قاسىمبەگ بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر خوجائابدۇللانى ئەنجانغا ئەۋەتتى. بابىر
تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا خوجائابدۇللانىڭ سۆزىگە كىرگەن
ئۇزۇن ھەسەن ۋە باشقا پىتنىچى بەگلەر بۇ قېتىم ئۇنىڭ نەسىھەت-
لىرىگە، ۋەدىلىرىگە مۇتلەق قۇلاق سالمىدى. ئاخىر، پىتنىچىلەر
ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىشتى. خوجائابدۇللا باشلىق سادىق بەگلەر
شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېتىۋېلىپ، قامالدا قېلىشتى.

* * *

بۇ مۇدھىش خەۋەر سەمەرقەندكە كەلگەندە بابىر قاتتىق بىتاب
بولۇپ، بوستان سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى خابگاھىدا
قىزىتمىسى ئۆرلەپ ياتقانىدى. ئەنجاندىن كەلگەن خەۋەرچى
يۈگەم قىلىپ سۇرغۇچلانغان مەكتۇپنى ياساۋۇلغا كۆرسەتتى،
ئەمما بەرمىدى:

— ھەزرىتى خانىم "ئەمىرزادىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىڭلار"
دەپ بۇيرۇغانىدى!

بابىر ھەركۈنى نەچچە قېتىم "ئەنجاندىن خەۋەرچى بارمۇ" دەپ
سورايتتى. ياساۋۇل خەۋەرچىنى دەرھال يۇقىرىغا باشلىدى.

خابگاھ ئىشىكى ئالدىدا ئۇلارنى بابىرنىڭ شەخسى تېۋىپى
بولغان، ۋىجىك كەلگەن مويسىپىت توختاتتى:

— بۇ خەتنى ئاۋۋال قاسىمبەگ ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر خۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەۋەر بولسا، كېيىن ئەمىرزادەمگە بېرەرسىز.
— ئانىسى تاپشۇرغانىدى، ئۇستازى خوجائابدۇللاھمۇ تاپشۇرغانىدى. ئەمىرزادەمنىڭ ئۆزى ئوقۇشى كېرەك.
— يامان خەۋەر مىرزا ھەزرەتلىرىنى خاراپ قىلىشى مۇمكىن! — دېدى تېۋىپ كۆيۈنۈپ، — ئەسلى ئۆزى زۇكام تېگىپ تۇزىلەي دەپ قالغانىدى. تەشۋىش ئۇستىگە ھاياجانلىق، ھاياجانلىق ئۇستىگە كۈلپەت، ھەممىسى قوشۇلدى-دە، داۋالىنىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ كەتتى. مانا بۈگۈن ئۆزۈلۈپ قېلىپ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ يېتىپتۇ!
— ئەنجان خەۋپ ئاستىدا. ئەگەر تېزرەك ئۇقتۇرمىساق، كېيىن كېچىكىدۇ، بىزدىن نارازى بولىدۇ!
— ياق، مەن ھازىر ئىجازەت بېرەلمەيمەن!
— جانابىي تېۋىپ...
— ياق، ياق!
بۇ تالىشىش ئىچكىرىدە ياتقان بابىرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:
— خەۋەرچى بولسا كىرسۇن! — دەپ بۇيرۇغاندىن كېيىن، تېۋىپ خەۋەرچىگە يول بەردى.
بابىر چوڭ ئۇزۇنچاق خانىنىڭ تۆرىدە يەردىن بىرگەزچە ئېگىز قىلىپ سېلىنغان ماموق تۆشەكتە ياتقانىدى. خەۋەرچى تۆشەكتىن خېلى بېرىدا يۈكۈندى-دە، تىزى بىلەن سۈرۈلۈپ بېرىپ، مەكتۇپنى بابىرغا ئىككى قوللاپ سۇندى.
قىزىتما تەسىرىدىن ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتقان بابىر سىڭايان تۇرۇپ، مەكتۇپنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئاچتى. قاتمۇقات ئىككى

خەت. بىرىدە خوجائابىدۇللانىڭ ئىمزاسى. بىرىنى قۇتلۇق نىگار-خانىم يازغان. ئۇلار ئىككىلىسىمۇ ئەنجاننىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالى، قامال تەپسىلاتلىرى ھەققىدە يېزىشقان، بابىردىن باشقا نىجاتكارلىرى يوقلۇقىنى ئېيتىشىپ، تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ئىلتىجا قىلىشقانىدى.

ئەنجان قورشاۋدا! پىتنىچى بەگلەر ئەنجان تەختىگە جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزماقچى. ئەھمەد تەنبەلنى لەشكەر بېشى قىلىشىپ، بابىردىن ئاتا يۇرتىنى تارتىۋالماقچى! بابىر ئۇلارنى بۇنچىۋالا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان. توساتتىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى-دە، ئەزايى بەدىنى مۇزلاپ، بوشىشىپ، بېشى ياستۇققا "لەسسىدە" چۈشتى.

تەنبەل بىلەن جاھانگىر غەلىبە قىلسا، ئۇلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتكۈچىلەر يەنە كۆپىيىدۇ. بابىركىم بىلەن قالىدۇ؟ بەلكى ھازىرمۇ تەنبەل تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈۋاتقانلار باردۇ؟ بەلكى قاسىمبەگنىڭ ئۆزىمۇ... كۆتۈلمىگەندە خىيالىغا كەلگەن بۇ ئويدىن بابىر شۇنداق دەھشەتكە چۈشتىكى، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى:

— قاسىمبەگ قېنى؟!

— ھازىر كېلىدۇ، ئادەم ئەۋەتتۇق، — دېدى تېۋىپ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — ئەمرزادەم، يېتىڭ، سىزگە ئارام ئېلىش كېرەك!

كېسەلچان بابىرنىڭ خىيالىدا بىردىنلا قىلىچ تۇتقان تەنبەل گەۋدىلەندى. بابىر بۇ قىلىچنى تونۇدى. ئوشتا تەنبەل شۇ قىلىچنى سۆيۈپ "تا ئۆلگۈچە سادىق قۇلىڭىزمەن" دېگەنىدى. تەنبەل ئاشۇ قىلىچنى ھازىر گويا بابىرنىڭ بېشى ئۈستىدە ئوينىتىشقا باشلىدى... تەنبەلنىڭ پۇتى ئاستىدا تاغدىن خورجۇنغا سېلىپ كېلىنگەن كالللار يۇمىلاپ يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تونۇش ئوخشايدۇ. قۇتلۇق نىگار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانىمنىڭ بېشى... بابىرنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بۇ قورقۇنچلۇق ئوي ئۇنى گويا تۆشەكتىن ئىتتىرۋەتتى. ئۇ كىلەم ئۈستىدە ئىچكى كىيىم بىلەن يالاڭئاياغ تۇرغىنىچە:

— شەمشەرنى بېرىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى، — ماڭا شەمشىرىمنى بېرىڭ!

تېۋىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى:

— ئەمىرزادەم، كېسەلسىز، يېتىشىڭىز كېرەك... ئەمىرزادەم! — تېۋىپ بابىرنى تەنبەلنىڭ قىلىچىغا تۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بابىر ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئىشىككە ئىنتىلدى:

— ئات كەلتۈرۈڭ! مەن ئەنجانغا بارىمەن! شەمشەر قېنى؟ بەگلەرگە خەۋەر قىلىڭ! تېزرەك تەييارلانسۇن!

تېۋىپ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. دەستارپېچ بابىرنىڭ كىمخاپ تونىنى ئېلىپ بىرىپ ئۇچىسىغا ياپتى، پۇتىغا كەشىنى بەردى. بابىر كەشنىڭ بىر پېيىنى كىيدى-دە، ئىككىنچىسىنى كىيىشكە مادارى يەتمىدى. ئۇنىڭ بېشى پىر-پىر پىرقىرايتتى، ھاۋا يېتىشمەي، نەپىسى قىسىلاتتى. كۆز ئالدىدا ھامان شۇ قانلىق قىلىچ ۋە كېسىلگەن كاللىلار.

— خائىن! — دېدى ئۇ تەنبەلگە قارىتىپ، — قانخور!

بابىر ئايۋان ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن ئىشىك ئالدىدا دەلدەڭشىپ يىقىلدى. تېۋىپ بىلەن دەستارپېچ ئۇنى بىھوش ھالدا تۆشەككە كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ياتقۇزدى.

كېيىن يېرىم كېچىدە سەل ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئېچىپ، ئاغزىغا پاختىدىن سۇ تېمىتىۋاتقان تېۋىپنى كۆردى. تىلى ئىششىپ، شۇنداق چوڭىيىپ كەتكەندەك، پۈتۈن تېنىنى تاغ بېسىۋالغاندەك

بولۇپ ياتاتتى. بابىر كۆزىنى ئاچقىنىنى سېزىپ، قاسىمبەگ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى:

— خۇداغا شۈكۈر!... ئەمىرزادەم، بىزنى شۇنچىۋالا قورقۇتتىڭىز؟

بابىر كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدى، ئەمما تولىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تىلىنى قىمىرلىتالمىدى!

— ئەمدى ئوڭشالدىڭىزمۇ، ئەمىرزادەم؟

بابىر جىم قارايتتى، لېكىن سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ تىلدىن قالغانلىقىنى سەزگەن قاسىمبەگ كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈدى.

## ئەنجان. ئۇۋال بولغان ئارزۇلار

### 1

كېچىنىڭ قاراڭغۇسى ئۈستىگە ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىدى-دە، قەلئەنىڭ ئىچىنى زۇلمەت بېسىۋالدى. ئەنجان كوچىلىرى قورقۇنچلۇق سىر جىملىققا چۆكتى. جىمجىت كېچىدە ئوردا دەرۋازىسىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغىنى يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. دەرۋازىخانىدىن چۈشكەن خىرە يورۇقتا ئوردىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر توپ قوراللىقلار كۆرۈندى. ئالدىدا ئەرەنچە تون ۋە بۆك كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلاپ، خەنجەر ئاسقان خانزادە بېگىم. ئۇنىڭ نەۋكەرلىرى ئارىسىدا كېلىۋاتقان مەۋلانا پەزلىددىنمۇ تونىنىڭ ئۈستىدىن نەۋكەرچە كەمەر باغلاپ، بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغان.

سەمەرقەندتىن قايتقان چاپارمەن بابىرنىڭ هايات بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدا بىهوش بولۇپ ياتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەلئە ھىمايىچىلىرىنىڭ بىر قىسمى پىتنىچىلەر تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. قورغان تاملىرىنىڭ ھەربىر گەز ئارىلىقىنى قوغداپ تۇرۇشقا ئادەم يېتىشمەي قالدى. قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەنىنىڭ تامغا شوتا قويۇپ، ئارتىلىپ چۈشۈش خەۋپى كۈچەيدى. ئون ئالتە يېشىدا شوخلۇق بىلەن يىگىتچە كىيىنىپ، چەۋگان ئويناپ يۈرگەن خانزادە بېگىم ئەمدى راستىنىلا قورالىنىپ، ھايات-ماماتى قىل ئۈستىدە تۇرغان قەلئە ھىمايىچىلىرىگە ياردەمگە كېتىۋاتاتتى.

تۈم قاراڭغۇلۇقتا ئاتلارنىڭ تاقىلىرى كوچا تاشلىرىغا ئۇرۇلۇپ ئۇچقۇن چىقىراتتى. ھاۋادىن يامغۇر پۇرىقى كېلەتتى. مەيىن شامال چىقىۋاتاتتى. مەۋلانا پەزلىددىن باھار كەلگەنلىكىنى، قەلئە ئىچىدىكى باغچىلاردا ئۆرۈك ۋە بادام چېچەكلىگىنىنى ئەسلىدى ۋە ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما بىرەرمۇ ئاقارغان نەرسە كۆزىگە چېلىقمىدى، كېچە ھەممىگە قاپقارا پەردە تارتىپ قويغانىدى.

مەۋلانا پەزلىددىن مانا مۇشۇ شەھەردە قۇرماقچى بولغان مەدرىس ۋە ساراي لايىھىسىنى خانزادە بېگىمگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىغان يورۇق كۈنلەرنى ئەسلىدى-دە، يۈرىكىنى ئارمان مىجىپ ئۆتتى. بابىرنىڭ سەمەرقەندنى ئالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەندىن كېيىن مەۋلانا پەزلىددىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمدى ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەستايىدىل ئىشەنگەنىدى. خانزادە بېگىممۇ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، بولغۇسى قۇرۇلۇشلارغا نەدىن ئورۇن تاللاش ۋە تەييارلىق ئىشلىرىنى قانداق باشلاش ھەققىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەشكەنىدى.

ئوردىدىن چىققان ئاتلىقلار قاراڭغۇدا تەخمىنەن قەلئەنىڭ مىرزا دەرۋازىسى تەرەپكە بارماقتا، مەۋلانا پەزلىددىن ئالدىدا خامۇش

كېتۋاتقان خانزادە بېگىمنىڭ مۇشۇ سۆھبەتلەر ۋاقتىدىكى پاك ۋە خۇشال قىياپىتىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

ئادەتتە خانزادە بېگىم ئۇنى كېنىزەكلىرى بىلەن ئىستىقامەت قىلىدىغان ئالتەخانىلىق سىرلانغان ئۆينىڭ تاشقى بۆلمىسىدە قوبۇل قىلاتتى. بېگىم ئەرلەر بىلەن سۆزلەشكەندە مەخسۇس ئىشلەنگەن يىپەك پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇراتتى. لايىھىنىڭ بەزى جايلىرىنى سۆز بىلەن ئىزاھلاش مۇشكۇل بولۇپ قالسا، خانزادە بېگىم ئارىلىقتىكى پەردىنى ئېچىپ:

— قېنى، گۈمبەز بىلەن مۇنارلەر ئارىسىدا نېمىلەر بولىدۇ؟ — دەپ سورايتتى.

ئۇلار ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن قەغەز ئۈستىگە ئېڭىشكەندە گاھى نەپەسلىرى بىر-بىرىنىڭكىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك بولاتتى. مەۋلانا پەزلىددىن ئۇشتا، قىيا تاش ئۈستىدە بىرىنچى قېتىم باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ تۇيغۇ يەنە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەس قىلاتتى. ئۇ ئىشتىن باشقا نەرسە ھەققىدە سۆز ئېچىشقا قورقاتتى، ئەتراپىدا يۈرىدىغان كېنىزەكلەرگە ھاياجىنىنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى، قوتلۇق نىگارخانىم ئۇچراپ قالسا، ئېگىلىپ تەزىم قىلىش بىلەن كۆزىنى ئۇنىڭدىن يوشۇراتتى. بىراق ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقىنىدا خانزادە بېگىمنىڭ ئۆزى توساتتىن:

— مەۋلانا، نېمە ئۈچۈن شۇ ياشقىچە ئۆيلەنمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

قىز ئېسىلزادىلەرگە خاس بىر نازاكەت بىلەن ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ كۈلۈمسىرەۋاتقان بولسىمۇ، كۆزىنىڭ ھايادىن پارقىراپ كەتكەنلىكىنى مەۋلانا پەزلىددىن بايقىدى. مەۋلانا سىرى ئېچىلىپ

قېلىشىدىن قورقۇپ، چاقچاق بىلەن قۇتۇلماقچى بولدى:
— بېگىم. پېقىر دۇنيادىن تاق ئۆتمەكچىمەن.
— ماڭا ئوخشاشمۇ؟
— ياق. بېگىمنىڭ تاق ئۆتۈشىگە ئەقلىم ئىشەنمەيدۇ.
— نېمە سەۋەبتىن؟
— سىز دېگەن... بۇ دۇنيادا... نى-نى شاھزادىلەر، ئېسىلزادىلەر بار.
— بولسا باردۇ. ئەمما مەۋلانا ئۆزلىرى بىلگەن شاھزادىلەر ئېسىلزادىلەرنىڭ قايسىبىرىگە... مېنى مۇناسىپ كۆرۈشىدىلا؟
— ئەگەر بولسا، پەقەت پەرھادنى سىزگە مۇناسىپ كۆرەتتىم.
— نېمە ئۈچۈن پەقەت پەرھادنى؟
مەۋلانا جاۋاپ تاپالماي جىددىيلەشكەندى، خانزادە بېگىم يەنە سوئال بەردى:
— پەرھادمۇ سىزدەك مېمار ۋە بىناكار بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟
— بۇنداق دېيىشكە پېقىرنىڭ ھەددى يوقتۇر.
مەۋلانا مەيۈسلىنىپ ئېيتقان بۇ سۆزلەر خانزادە بېگىمنىمۇ مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالدى-دە،
— خۇدايىم مېنى نېمىشقا شاھ قىزى قىلىپ ياراتتىكىن؟ — دېدى، مەنمۇ پېقىر قىز بولسام، بەختىمنى تېپىشىم بەلكىم ئاسانراق بولاتتى...
مەۋلانا پەزلىدىن بېگىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھەر ئەسلىگەندە كۆڭلى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلەتتى. دېمەك، خانزادە بېگىم ئۇنىڭ مۇھەببەت دەردىنى بىلەتتى. بىلەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز قەلبىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىقنىمۇ سېزەتتى. شاھ قىزى بىلەن ئاددىي مېمار

ئوتتۇرىسىدىكى تاغدەك پەرقلەر بېگىمنىمۇ ئېزەتتى. ئەگەر خانزادە بېگىم ئۇنىڭغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلسە، مەۋلانا بۇ توسقۇنلارنى يېڭىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەسمىكىن؟ ئۇشتا قۇرغان كىچىك بىر ھۇجرىسى ئۈچۈن بابىر مىرزا ئۇنى شۇنچىلىك ئېززەتلىگەندى. ئەمدى ئەگەر بۇ ۋادىدا زور ئابىدىلەر قۇرسا، مەۋلانىنىڭ ئابرويى بەزى ئېسىلزادىلەرنىڭكىدىن كەم بولماسلىقى مۇمكىن. بابىر مەرد يىگىت، ئاچىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەلكى ئۇلارغا شەپقەت كۆرسىتەر. بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، مەۋلانىنىڭ مېھرىگە خانزادە بېگىمنىڭ قارشى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا مەيلى بارلىقى — مانا شۇنىڭ ئۆزىمۇ مەۋلانىنىڭ قەلبىنى ئىسسىق، يورۇق تۇيغۇلارغا تولدۇرۇپ يۈرەتتى.

بىراق ئەنجان قامالدا قالغاندىن كېيىن مەۋلانىنىڭ ئارزۇ-ئۇمىدلىرىنى مانا شۇ كېچە ئوخشاش قاراڭغۇ-زۇلمەت ئۆز قەھرىگە تارتىپ كەتتى. بارلىق لايىھىلىرى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندى. مەۋلانا پەزىلىدىن ئۇرۇشنىمۇ، نەۋكەرلىكنىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يامان كۆرەتتى. بىراق بۈگۈن ئوردىغا بېرىپ سەمەرقەندتىن كەلگەن يامان خەۋەرنى ئاڭلىدى ۋە خانزادە بېگىمنىڭ قورال ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، پەرۋاسىز قاراپ تۇرالمىدى. بۇ مۇشكۈل ۋەزىيەتتە تىترەپ-لاغىلداپ، تەقدىرنىڭ زەربىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، قورال بىلەن مۇداپىئەگە چىقىش ياخشىراق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم بېلىگە قىلىچ ئاستى. مانا، ھازىر ۋەھىملىك قاراڭغۇلۇقتا سۇ قۇيغاندەك جىم ياتقان شەھەرنى ئارىلاپ بېرىۋاتقىنىدا بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا خانزادە بېگىمنىڭمۇ كېتىۋاتقىنى، مەۋلانا ئۇنى شۇ نەۋكەرلەر قاتارىدا ھىمايە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشى مۇمكىنلىكى كۆڭلىگە بىرقەدەر تەسەللى بېرەتتى.

ئۇلار مىرزا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا قەلئەنىڭ تاشقىرىسىدىن بىردىنلا كاناي ۋە ناغرا چېلىنغىنى، يۈزلەپ نەۋكەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى، خانزادە بېگىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— دۈشمەن دەرۋازىنى ئاچماقچى! — دېدى-دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇشتى.

دۈشمەننىڭ بىر قىسىم كۈچلىرى مىرزا دەرۋازىسى ئۇدۇلىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، قەلئەگە يېنىپ تۇرغان ئوقلار ئېتىۋاتقان چاغدا باشقا بىر گۇرۇھ نەۋكەرلەر قەلئەنىڭ دالدا تەرىپىگە شوتا قويۇپ، ئاستا چىقىپ كېلىۋاتاتتى. تامنىڭ تۆشۈكلىرىنىڭ بىرسىدە تۇرغان قاراۋۇل يىگىت بۇنى سېزىپ، دەرۋازىخانىنىڭ ئۈستىدە ئوتقاش يورۇقىدا ئادەملەرگە ئىش بۇيرۇپ تۇرغان خوجائابدۇللاغا ۋارقىرىدى.

— پىرىم، دۈشمەنلەر بۇ تەرەپتىن شوتا قويۇپ چىقىشماقتا! شوتا!!

خانزادە بېگىم نەۋكەرلىرى بىلەن مۇشۇ قاراۋۇل تۇرغان جايغا بېرىپ ئېتىدىن چۈشتى. نەۋكەرلەردىن بىرى ئوتقاش ياقتى. ئۇنىڭ يورۇقىدا تامغا چىقىدىغان پەلەمپەي كۆرۈندى. موللاپەزلىدىن تام ئۈستىدىكى خەتەرگە خانزادە بېگىمنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال دىۋ كېلىپ قېلىشىدىن قورقتى-دە، پەلەمپەيگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم قويدى. قاراۋۇلخانىغا يەتكىنىدە بېگىمنىڭ قولىدىكى ئوتقاشنى ئالدى:

— ئېھتىيات قىلىڭ، بېگىم، دۈشمەنگە كۆرۈنمەڭ!

تامغا سىرتىدىن قويۇلغان كەڭ شوتىلارنىڭ ئۇچلىرى ئازراق

چىقىپ تۇراتتى. ياردەمچىلەر يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دادىللانغان بايىقى قاراۋۇل يىگىت شوتىلارنىڭ بىرسىنى ئىككى قوللاپ ئىتتىرىپ، ئاغدۇرۇۋاتقان چاغدا تۆۋەندىن زەربە بىلەن ئېتىلغان يا ئوقى ئۇنىڭ كۆكسىگە قادالدى. بىچارە يىگىت ئۆتتۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، شوتا بىلەن بىللە قەلئەدىن سىرتقا ئۇچۇپ كەتتى.

قاراۋۇلخانا ئەتراپىغا قىرلىق تاشلار تەييارلىنىپ قويۇلغانىدى. خانزادە بېگىم شۇ تاشلارنىڭ بىرسىنى ئىككى قوللاپ ئالدى-دە، پەسكە ئاتتى. باشقا نەۋكەرلەرمۇ شوتا قويۇلغان جاينىڭ تېگىنى مۆلچەرلەپ تاش ئېتىشقا باشلىدى. تۆۋەندە ئاڭلانغان داد-پەرياد ۋە ئىڭراشلارغا قارىغاندا، بۇ تاشلار مۆلچەرگە تەگمەكتە ئىدى.

شۇ چاغدا قەلئەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە — خاقان دەرۋازىسى تەرەپتە قوش كانايلارنىڭ غات-غۇتى، دۇمباق ۋە ناغرا ئاۋازلىرى، كىملەرنىڭدۇ غالىبانە ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. مەۋلانا پەزلىددىن شاۋقۇن كېلىۋاتقان تەرەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قورقۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى غوۋغا شەھەر ئىچىدە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— بېگىم، قۇلاق سېلىڭ! دۈشمەن قەلئەگە كىرگەنمۇ، نېمە؟

شەھەر ئىچىدىن بۇ تەرەپكە يامراپ كېلىۋاتقان شاۋقۇندىن خانزادە بېگىممۇ سەسكىنىپ كەتتى. تۆۋەندىن نويان كۆكەلداش جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بېگىم، خىيانەتچىلەر خاقان دەرۋازىسىنى دۈشمەنگە ئېچىپ بېرىشىپتۇ. تېزرەك ئوردىغا قايتىڭ! ئوردىغا!

نويان ئات چاپتۇرغىنىچە مىرزا دەرۋازىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. خانزادە بېگىم پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، مەۋلانا پەزلىددىن قولىدىكى ئوتقاش بىلەن ئۇنىڭ ئىزىدىن

يۈگۈردى. ئاتقا مىنگەندىن كېيىن خانزادە بېگىم:

— ئوتقاشنى تاشلاڭ! — دەپ بۇيرۇدى.

ئوتقاش مەۋلانىنى دۈشمەن ئوقىغا نىشان قىلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. مەۋلانا پەزلىددىن يېنىپ تۇرغان ئوتقاشنى يەرگە تاشلىدى-دە، بېگىم بىلەن بىللە ئوردىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئەمما ئۇلار ئوردىغا يېقىنلاشقاندا بىرنەچچە يۈز ئاتلىقلار ئالدىدىن توغرا چىقتى ۋە دەرۋازا يولىنى توسۇپ قويدى. قوراللىق ئاتلىقلار ئارىسىدا ئوتقاش كۆتۈرگەن نەۋكەرلەرمۇ بار ئىدى. ئوتقاش يورۇقىدا بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان، دوبۇلغا ۋە قۇياق كىيگەن ئەھمەد تەنبەل كۆرۈنۈش بىلەن مەۋلاناپەزلىددىنىنىڭ تېنى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. تەنبەلنىڭ قوشۇنى خانزادە بېگىمنى ۋە ئۇنىڭ نەۋكەرلىرىنى دەرھال قورشاۋغا ئالدى. ئەھمەد تەنبەل يېنىدىكى نەۋكەرگە شوخ ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— ئوتقاشنى يېقىنراق تۇت! ھە، خانزادە بېگىملەرمۇ؟ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيمەن! بېگىم، بۇ نېمە ئىش؟ نېمە ئۈچۈن مەردانە كىيىم كىيدىڭىز؟

— نامەردلەر كۆپىيىپ كەتكىنى ئۈچۈن مەردانە كىيىندىم!

تەنبەل بۇ كىنايىنى ئۆزىگە ئالغۇسى كەلمەي كۈلدى:

— قورغاندا مەردلەر قالمىغان بولسا، مانا، بىز كەلدۇق بېگىم!

تەنبەلنىڭ كەينىدە تۇرغان ئۈزۈن ھەسەن بۇ سۆزنى ياقتۇرۇپ قاقاقلىدى. ئوتقاش يورۇقى بەگلەر ئارىسىدا ئېچىنىشلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كوسا ساقال ئەلى دوستبەگكە چۈشتى. بابىر ئەنجاننى مانا شۇ ئادەمگە ئىشىنىپ تاپشۇرۇپ كەتكەندى. ئەلى دوستبەگ بولسا بابىرنى ئۆلەر ھالەتتە يېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى

ئۈزگەنىدى. بايا تەنبەلنىڭ قوشۇنى مىرزا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قەستەن غوۋغا كۆتۈرگەن، تامغا شوتا قويۇپ چىقماقچى بولغانلارمۇ ھىمايىچىلارنى ئاتايىن قايمۇقتۇرغانىدى. ئەھمەد تەنبەل بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئەلى دوستبەگ بۈگۈن مانا شۇ توپىلاڭ پەيتىدە قەلئەنىڭ ئىرىقى چېتىدىكى خاقان دەرۋازىسىنى دۈشمەنگە ئاستالا ئېچىپ بەرگەنىدى. خانزادە بېگىم بۇنى ئەمدى پەملىدى-دە، دوستبەگ بىلەن ئەھمەد تەنبەلگە نەپرەتى ئارتىپ، يىرگىنىپ كۆز يۈگۈرتتى.

— سىلەرمۇ مەردمۇ؟! سىلەر ئۈچۈن مەردلىك بىلەن خائىنلىقنىڭ پەرقى قالمىدىمۇ؟! كىچىلا بابىر مىرزىغا سادىقمىز، دەپ قەسەم قىلغانلار بۈگۈن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يامانلىق قىلىۋاتىسىلەر! مەن ئىشىنىمەنكى ئەتىگە سىلەر جاھانگىر مىرزىغىمۇ خىيانەت قىلىسىلەر!

ئەھمەد تەنبەل قىلىچىنىڭ سېپىنى چاڭگاللاپ:

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، بېگىم! — دېدى، — بابىر مىرزا ئادالەتسىزلىك قىلدى. سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىن ئەنجان جاھانگىرمىرزىغا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بابىر مىرزا بەرمىدى! بىز ئادالەت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، مانا بۈگۈن غەلىبىگە ئېرىشتۇق! ئەمما سىز شەرم-ھايانى ئۇنتۇپ، نېمە ئۈچۈن بىزنى مۇنچىۋالا ھاقارەتلەيسىز؟ شاھ قىزىغا ياراشمايدىغان بۇ قىلىقنى سىزگە كىم ئۆگەتتى؟ يېنىڭىزدىكى موللىچاق ئۆگەتتىمۇ؟!

ئەھمەد تەنبەلنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى مەۋلانا پەزلىددىنگە قادالدى. مەۋلانا پەزلىددىنمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆزىنى تىكىپ سۆزلىدى:

— بېگىم شەرم-ھايادىن سىز ۋە بىزگە تەلىم بېرىشكە قادىردۇر! بېگىمنىڭ ھەق سۆزلىرىنى پەقەت ئالدامچىلار ھاقارەت دەپ چۈشىنىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— كىم ئالدامچى؟ — ئەھمەد تەنبەل قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، مەۋلانىغا قاراپ ئات چاپتۇردى. شۇ چاغدا خانزادە بېگىم ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى:

— ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلىگە تىغ چىقىرىش ئۇيات!

ئىككىسىنىڭ ئېتى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، گىرەلىشىپ كەتتى. ئەھمەد تەنبەل قىلىچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ:

— بېگىم، بۇ موللىچاقنى مەشۇقىڭىزدەك ھىمايە قىلىشىڭىز ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دېدى، — بىز مەخپىي خادىملاردىن ئاڭلىغانىدۇق، ئاما لايىھە سىزنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇ موللىچاقنىڭ بېگىمنى مۇنچىۋالا رام قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز!

كۆپچىلىك ئالدىدا ئەھمەد تەنبەلنىڭ خانزادە بېگىمنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرمەكچى بولغىنى خانزادە بېگىمنى شۇنچىلىك غەزەپلەندۈردىكى، ئۇ بېلىدىن خەنجىرىنى سۇغاردى:

— ماڭا بەتنام چاپلىيالمايسەن، قىساسچى خائىن! — دەپ باركۈچى بىلەن تەنبەلنىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇردى. خەنجەر ئەھمەد تەنبەلنىڭ تونى ئىچىدىن كىيگەن قۇياققا تەگدى - دە، جاراڭلاپ، تېيىلىپ كەتتى. ئەھمەد تەنبەل قىلىچ بىلەن خانزادە بېگىمنىڭ بېشىغا نوقۇدى. قىلىچ زەربىدىن خانزادە بېگىمنىڭ بېشىدىكى بۆكى ئۇچۇپ كەتتى - دە، ئۇزۇن چاچلىرى يېيىلىپ يەلكىسىگە چۈشتى.

شۇ چاغدا ئارقىدىن ئون تۆت ياشلىق جاھانگىر مىرزا بىر توپ مۇلازىملىرى بىلەن كېلىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن دوستبەگ ئەھمەد تەنبەلنى ئاگاھلاندۇردى:

— ئەھمەدبەگ جانابلىرى، بەس بولدى!

خانزادە بېگىم ئۆگەي بولسىمۇ، ھەر ھالدا جاھانگىر مىرزىنىڭ

ئاچىسى ئىدى، شاھ قىزنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىشقا يول قويمايتتى. ئەھمەد تەنبەل جاھانگىر مىرزا تەرەپكە ئېتىنى بۇرىدى ۋە ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولۇپ سۆزلىدى:

— بۇ قانداق گەپ، ئەمىرزادەم؟ ھالبۇكى ئېگىچىڭىز سىزگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقسا؟ يېنىدىكى پىتنىچى مىمار ئېگىچىڭىزنى يولدىن ئازدۇرغان، ئەمىرزادەم!

— مەۋلانا پەزلىددىن سىزدەك خىيانەتچى بەگدىن مىڭ ھەسسە ساپ دىل، مىڭ ھەسسە ئالىيجاناب! — دېدى خانزادە بېگىم، — مەۋلانىنىڭ مىمارلىق سەنئىتى ئەنجاننىڭ ئىپتىخارى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سىزدەك قانخورلار ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى يوققا چىقاردى! ئىلاھىم شۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئۇۋالى تۇتسۇن سىزنى!!

خانزادە بېگىم كېيىنكى سۆزلىرىنى يىغلاپ ئېيتتى-دە، ئېتىنى قامچىلاپ، ئوردا دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. بىراق دەرۋازىنى تامدەك توسۇپ تۇرغان نەۋكەرلەر ئۇنىڭغا يول بەرمىدى. بېگىم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئارقىسىغا — مەۋلانا پەزلىددىنگە ئۆرۈلۈپ قارىدى.

مەۋلانا پەزلىددىن بېلىنى سىيپاشتۇرۇپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى تاپتى-دە، ئۇنى غىلاپىدىن ئاگىسىز ھالدا سۇغۇرۇۋېلىپ خانزادە بېگىمنىڭ يولىنى توسقان نەۋكەرلەرگە قاراپ ئېتىلدى. ئەمما ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئاتلىق نەۋكەرلىرى مەۋلانا پەزلىددىننىڭ يولىنى توسۇپ چىقىشتى. ئىككىسى مەۋلانا مىنگەن ئاتنى چۇلغۇۋېلىپ دىن تۇتۇپ توختاتتى. بىرى ئېغىر چوقماق بىلەن مەۋلانىنىڭ بىلىكىگە ئۇرۇپ، قىلىچنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

بۇ ئارىدا جاھانگىر مىرزىنىڭ ئىشارىسى بىلەن نېرىقى نەۋكەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانزادە بېگىمگە يول بەرگەندى. بېگىم يالغۇز ئۆزى ئوردا دەرۋازىسىدىن ئات سېلىپ ئۆتتۈۋېتىپ، يەنە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. نەۋكەرلەر يەنە تامدەك بولۇپ، دەرۋازا يولىنى توسۇپ ئالغانىدى. مەۋلانا پەزلىددىن دۈشمەن قولىدا قالغىنىنى سەزگەن بېگىم ھۆركىرەپ يىغلىدى.

ئۇنىڭ يىغىسىغا پەقەت دەرۋازىخانىنىڭ تورۇسى بوغۇق بىر سادا بىلەن جاۋاب بەردى، خالاس.

تەنبەلنىڭ ئادەملىرى مەۋلانا پەزلىددىننى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ، پىيادە ھەيدەپ كېتىشتى.

## 2

چوماق زەربىدىن جاراھەتلەنگەن بىلىكى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى مەۋلانا پەزلىددىن قاراڭغۇ بىر ھەپسىخانىدا يالغۇز ئۆزى قالغاندا سەزدى. ئۇنى ئەنجانىنىڭ چاقارىدىكى تاش ئۇستىھكام ئىچىگە، ئۆلۈم جازاسىنى كۈتىدىغان مەھبۇسلار ھۇجرىسىغا قاماپ ئىشكىنى تېشىدىن قولۇپلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەتلەنمەي، ئىشىك ئالدىغا ئىككى ساقچى قويۇپ قويۇشتى. بايىقى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئەھمەد تەنبەل بىلەن جاھانگىر مىرزىنىڭ ئۆزئارا سۆزلە-رىدىن مەۋلانا پەزلىددىن شۇنى ئېنىق سەزدىكى، ئۇنى شاھ قىزىنى تەمە قىلىشتا ۋە ئالىي زاتلارغا ئەدەبسىزلەرچە مۇناسىۋەتتە بولۇشتا ئەيىبلەپ ئەتىسى تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد تەنبەل خانزادە بېگىمگىمۇ بەتنام چاپلاپ، بىر ئەلەمدىن چىقسا كېرەك. بابىر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا يامان ئاتلىق بولۇشىدىن جاھانگىر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى

پاتىمە سۇلتان بېگىممۇ مەنپەئەتدار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنجان تەختىنى ئېرىقلاردىن تارتىۋېلىپ توغرا ئىش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك بولاتتى.

زەي ھۇجرىدا قاراڭغۇلۇققا تىكىلىپ ئولتۇرغان مەۋلاناپەزلىدىن ئارقىسىغا باغلانغان قوللىرىنى بېلىگە بېسىپ، بىلىكىنىڭ ئاغرىقىنى توختاتماقچى بولاتتى، لېكىن ئاغرىق پەسىيىش ئورنىغا بارغانسېرى كۈچىيەتتى. بۇ تېخى بىرلا چوقماقنىڭ زەربىسى ... ئەتىگە ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈردەك ياغىدىغان تاشلارنىڭ ئاغرىقى قانچىلىك دەھشەتلىك بولىدىكىن؟ مەۋلانا بۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە بەدىنى جۇغۇلداپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گويا ئۇ ھازىر ھەپىسخانىدا ئەمەس، بىر-بىرىگە قاراپ ئۆرۈلۈۋاتقان ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپتۇ-دە، ئەمدى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىيا تاشلار ئۇنى ئېزىپ مىجىقلاۋېتىدۇ. مەۋلانا بۇ بالادىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئىشىك تەرەپكە تەمشەلدى. يەلكىسىنى يېپىق ئىشىككە ئۇرۇپ، قەھر-غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئېچىڭ! ئېچىڭ دەيمەن! ئېچىڭ!

كۈتۈلمىگەن بۇ ۋارقىراشتىن چۆچۈپ كەتكەن بىر ساقچى قەھرى بىلەن سورىدى.

— جىن ئۇردىمۇ؟ نېمە گەپ؟

— قولۇمنى يېشىڭلار! جېنىم كېرەك بولسا، ئەتە ئالارسىلەر! قولۇم جاراھەتلەنگەن! يېشىپ قويۇڭلار!

ساقچىلار بۇ يەردە پايلاقچى بولۇپ تۇرغىنىغا ناھايىتى ئېرىكىپ تۇراتتى. چۈنكى ھازىر باشقا غالىبلار بابىر تەرەپدارلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ بېيىۋاتاتتى. ئۇن يېرىمدىن ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ ئەنجاننىڭ كوچىلىرى ۋە ھويلىلىرىدىن ئاتلارنىڭ دۈپۈر-لەشلىرى، ئىتلارنىڭ ۋاڭشىشى، ئاياللارنىڭ داد-پەريادى، بىمەھەل قوزغىتىلغان كالا ۋە قويلارنىڭ مەرىشى ئاڭلانماقتا ئىدى. بۇ يەردە قالغان ساقچىلار قانچىلىك كۆپ ئۇلىجىلاردىن مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقىنى مانا شۇ ئاۋازلاردىن بايقاپ، ئۆز كۈشىنى ئۆزى يەپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە مەھبۇسنىڭ ئاچچىق گەپلىرى قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. خىرىلدىغان ئاۋازغا قارىغاندا ياشىنىپ قالغان بىر ساقچى:

— قولى چاراھەتلەنگەنىمىش-ھە! — دېدى، — ئەتىگە جەھەننەمگە كېتىدىغان ھارامى بۇگۈن قولۇڭنى ئويلاپ نېمە قىلىسەن؟

ئىشىك كەينىدىكى مەھبۇسنىڭ نەپرەت بىلەن:

— جاللاتلار! — دېگىنى ئاڭلاندى.

خىر-خىر ساقچى ئورنىدىن چاپچىپ تۇرۇپ دوق قىلدى:

— جىم يات، ئۆلۈمتۈك! ھازىر كىرىپ، بىر جاراھەتىڭنى ئونغا يەتكۈزىمەن!

"قانداق كۆنلەرگە قالدىم؟ — دېدى مەۋلانا ئۆزىگە ئۆزى، — ئادىمزات شۇنچىلىك شەپقەتسىزمۇ؟" ئۆلۈم شۇنچىلىك تەييار ئىكەن. بۈگۈن مانا بۇ مەخلۇقلاردىن گەپ ئاڭلاپ، ئەتىگە تاشبوراندا خار بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە تەنبەل بىلەن ئېلىشىپ، قولىدا قىلىچى بىلەن جان بەرگىنى ياخشى ئەمەسمىدى؟ بابا خانزادە بېگىمنىڭ ئالدىدا مەۋلانا شۇنىڭغا قادىر ئىدىغۇ! نېمىشقا تەقدىر ئۇنى شۇنىڭدىنمۇ مەھرۇم قىلدى؟

تالادا ئات تاقىسىنىڭ ھويلىدىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ قارسىلدىغىنى ئاڭلاندى.

— كىم كەلدى، توختا!

هويلىغا كىرىپ كەلگەن ئۈچ ئاتلىقتىن بىرى:

— خوجائابدۇللا مەۋلانا قازى ياش پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدى! — دېدى.

كەلگەنلەر كەينى-كەينىدىن ئاتتىن چۈشۈشتى. ئىككى ساقچى ئۇزۇن نەيزىلىرىنى ئۇلارغا توغرىلاشتى:

— بۇيرۇقنى ئاۋۋال ئۇن بېشىغا كۆرسىتىش كېرەك! — دېدى خىرىلداق ساقچى.

ئۇنىڭ ئۈستىدە خىرە پانۇس يېنىپ تۇراتتى. مەللە تون كىيگەن خوجائابدۇللا ساقچىلارنىڭ نەيزىسىگە قاراپ كېلىۋېتىپ:

— ئۇن بېشىنى تاپالمىدۇق! — دېدى، — نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە سىزلەردىن باشقا ھېچكىم يوق؟

ياشراق ساقچى ئەلەملىك ئاۋاز بىلەن:

— باشقىلار ئۇلجىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ كەتكەندۇ، — دېدى.

خوجائابدۇللا قولىدا يوگەم قىلىنغان قەغەز بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— ئۇنداق بولسا بۇيرۇقنى سىز بېجىرىشىڭىز كېرەك، — دېدى، — ئېلىڭ، ئوقۇڭ!

نېرىقى ئىككى نەۋكەر ئاتلىرىنى تام تۈۋىدىكى تىرەك ياغاچقا باغلاپ، ئۆزلىرى خوجائابدۇللانىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى.

— سىزلەر مۇشۇ جايدا توختاڭلار! — دېدى خىر-خىر ساقچى.

نەۋكەرلەر توختاشتى. خىر-خىر ساقچى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، خوجائابدۇللاغا يول بەردى. كېيىن ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئېچىپ كۆردى. قىممەت باھا قەغەزدىكى قىسقىلا يېزىق تەكتىگە شاھانە مۆھۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېسىلغان-دى. خىر-خىر ساقچى مۆھۈرنى چىراغ يورۇقىغا ئاپىرىپ كۆردى، ئەمما ئوقۇيالمىدى. ئۇ چالاساۋات ئىدى.

— قېنى، سەن ئوقۇغىنا، — دەپ ياشراق ساقچىغا بەردى. بىراق ئۇ پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئىدى. قەغەزنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ، خوجائابدۇللاغا قارىدى:

— پىرىم، بۇ قانداق بۇيرۇق؟

— بۇ يەردە ياتقان ئەبلەخ ناھايىتى خەتەرلىك مەھبۇس، ئۇنى ئوردىغا ئەكىتىشىمىز كېرەك.

كەينىدە تۇرغان نەۋكەرلەردىن بىرى قوشۇمچە قىلدى:

— مەۋلانا قازى ئوردىدا ئۇ ھارامزادىنى سوراق قىلىشى زۆرۈر!

خوجائابدۇللا ئەنجاننىڭ ئەڭ مەشھۇر قازىسى ۋە ناھايىتى كۆپ مۆتىۋەر ئادەملەرنىڭ پىرى ئىكەنلىكىنى ساقچىلارمۇ بىلەتتى. ئۇلار خوجائابدۇللانى بىر قاراپلا تونۇغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ بابىرتەرىپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئىككىلەنگەنىدى.

— بۇ ئۆزى جاھانگىرمىززىنىڭ بۇيرۇقىمۇ؟ — سورىدى خىر-خىر ساقچى.

— شۇبھىلەنسىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ!

— مەھكەم ساقلاڭلار، دەپ ئەۋەتكەنىدى پىرىم.

— مەھكەم ساقلىغانلىرىڭ شۇمۇ؟ يۈزبېشى قېنى؟ نېمە ئۈچۈن پەقەت ئىككىڭلار قالدىڭلار؟ بۇ ئەبلەخنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆلتۈرۈپ ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلىشىسىلەر؟ ياق، بۇنى چاپسانراق ئوردىغا ئېلىپ كېتىش زۆرۈر! ئىشىكنى ئېچىڭلار!

ياش ساقچى قېرىسىغا قاراپ: «بۇ قازىمۇ ئەمدى جاھانگىر مىرزا تەرەپكە ئۆتۈپتۇ-دە، بولمىسا مۇنچىلىك جان كۆيدۈرەتتىمۇ؟»

دېمەكچى بولدى. بىراق يەنە بىرسى هامان ئىككىلىنەتتى:

— بىز كېيىن نېمە دەيمىز؟

— سىلەر ئىككىڭلار هازىر بىز بىلەن بىللە كېتىسلەر! — دېدى خوجائابدۇللا، — بۇنى كۆپ ئادەم قوغداپ بارمساق، تارتقۇزۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن!

شۇنىڭدىن كېيىن خىر-خىر ساقچىمۇ بوشاشتى. ئەيزىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئىچكىرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن خوجائابدۇللانىڭ هەمراهلىرىدىن بىرى ياش ساقچىنىڭ بېشىغا قارا بىرنەرسىنى يېپىپ، ئۆزىنى يەرگە دومىلاتتى. ئىككىنچى ھەۋكەرخىر-خىر ساقچىنىڭ بېشىدىكى دوبۇلغىسىغا چوقماق بىلەن ئارىسىلىدىتىپ ئۇرۇپ، ئۇنى ئىچكىرىگە يىقىتتى-دە، ئۈستىدىن بېسىۋالدى.

خوجائابدۇللا هەمراهلىرىغا پىچىرلىدى:

— ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇۋالىغا قالمايلى!

— ئۆلتۈرمىسەك كېيىن بۇلار سىزنى تۇتۇپ بېرىشىدۇ!

مەۋلانا پەزلىددىن جىيەنى تاهىرنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ:

— جىيەنىم! تاهىرجان! — دەپ قىچقاردى.

قارا پەردە ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان ياش يىگىت بولسا:

— پىرىم، شەپقەت قىلىڭ!، — دېدى، — پىرىم! سىزگە زىنهار يامانلىق قىلمايمىز! قۇتقۇزۇڭ، پىرىم!

— بەس! — دەپ پىچىرلىدى خوجائابدۇللا تاهىرغا، — پۇت-قوللىرىنى باغلىساڭلار بولدى!

مەۋلانا پەزلىددىن تاهىر بىلەن خوجائابدۇللاغا قاراپ ئېتىلدى:

— ئۇستاز!... جىيەنىم!... نىجاتكارلىرىم!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاھىر ئىرىقلارنىڭ قول-پۇتىنى باغلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— مەۋلانا پەزلىدىن نەدە سىز؟ — دېدى خوجائابدۇللا.

خوجائابدۇللا مەۋلانىنى باغرىغا بېسۋېلىپ، ئۇنىڭ قولى باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى سەزدى-دە، قوچاقلىغان پېتى ئىشكتىن تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. پانۇس يورۇقىدا بېلىدىن خەنجەرنى ئېلىپ، مەۋلانىنىڭ قولى باغلانغان ئالا ئارغامچىنى كېسىۋەتتى.

تاھىر شېرىكى بىلەن ئىرىقى ئىككى ساقچىنى ئىچكىرىگە قاماپ، ئىشىكنى قولۇپلىدى-دە، تاغىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى.

— جىيەنىم، خۇدا سېنى نەدىن يەتكۈزدى؟

بايا سەمەرقەندتىن چاپارمەن بولۇپ كەلدىم!

— بابىر مىرزا ساقمۇ؟

— ھە، ئۇتتۇرۇپ قالدى. ياردەمگە يېتىپ كەلمەكچى!

— ئەنجان قولدىن كەتكىنىنى بىلەمدۇ؟

— تېخى بىلمەيدۇ!...

خوجائابدۇللا ئۇلارغا پىچىرلىدى:

— ئەمدى جىم!

تاھىر تاغىسىنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى. چاقاردىن ئاستا چىقىپ، قەلئەنىڭ يىراقراق بىر چېتىگە قاراپ كېتىشتى. غالىبلار ھويلىلاردا ھامان تالان-تاراج بىلەن بەند ئىدى. تۆتەيلەن ئۈچ ئاتتا قەلئە تاملىرىنىڭ تېگىگە كېلىشتى. ئەمدى ھەممە ھىمايەچىلەر تارقاپ كېتىپ، تام ئەتراپىدا ئىنس-جىن قالمىغانىدى.

— مانا شۇ يەردە ئارتىلىپ چۈشۈشكە ئەپلىك جاي بار، — دېدى خوجائابدۇللا.

ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. تاھىرنىڭ شېرىكى خۇرجۇندىن

يۈگەم قىلىنغان ئارغامچا ئالدى. تۆتەيلەن مەخسۇس پەلەمپەيدىن تام ئۈستىگە چىققاندا خوجائابدۇللا مەۋلانا پەزلىددىنگە ياندىشتى:

— مەۋلانا سىزنى دەرۋازىدىن ئاتلىق چىقىرىش خەتەرلىك. تونۇپ قالىدۇ.

— مىننەتدارمەن، ئۇستازىم!

خوجائابدۇللا قويىنىدىن بىرنەرسە ئېلىپ، مەۋلانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ — ئىچى ئالتۇنغا تولغان ئېغىر كۆن قاپچۇق ئىدى.

— بۇنى سىزگە خانىم ھەزرەتلىرى ئەۋەتكەنىدى، — دېدى خوجائابدۇللا.

— ۋەقەدىن خانىم ھەزرەتلىرىمۇ خەۋەر تاپتىمۇ؟

— ھەزرەت خانىم يىغلاپ مەندىن ئىلتىماس قىلدى. ئەھمەد تەنبەل سىز ئارقىلىق بېگىم ۋە خانىملارنى شەرمەندە قىلماقچىكەن. ئەمما بىز تىرىك بولساق، بابىر مىرزىنىڭ ئائىلىسىگىمۇ، مۇبارەك نامىغىمۇ داغ چۈشۈرمەيمىز!

مەۋلانا قاپچۇقنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ:

— مەن توغرا بابىر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا يول ئالىمەن! — دېدى.

— مەۋلانا، — دېدى خوجائابدۇللا مەيۇس ئاۋاز بىلەن، — بىز خانىم ھەزرەتلىرى بىلەن سىزگە باشقا بىر مەسلىھەت بەرمەكچىدۇق.

ئەنجاندا ئەرەب تىلىنى خوجا ئابدۇللاچىلىك ياخشى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بىر چاغلاردا مەۋلانا پەزلىددىنمۇ شۇ ئادەمدىن ئەرەب تىلىدىن ساۋاق ئالغانىدى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنى ئۇستاز دەپ ئاتايتتى:

— قانداق مەسلىھەت بولسا باش ئۈستىگە، ئۇستازىم!

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

— سەمەرقەندكە تاھىربەگ باردۇ.

— مەن تاغامنى بىللە ئېلىپ كەتسەمچۇ؟ — دېدى تاھىر.

— ياق، تاھىربەگ، سىز چاپارمەنسىز، بەلكى بابىر مىرزا سەمەرقەندنى تاشلاپ چىققاندۇ... مەۋلانا، سىزنىڭ ئالاھىدە ئۇستىدا-تىڭىز بار. سىز ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەك. ماۋەرائۇننەھردىكى بۇ پاتىپاراقچىلىق يېقىن ئارىدا بېسىلماسلىقى مۇمكىن. مەۋلانا، سىز بىرۋاقىتلاردا ھىراتقا كېتىش پىكرىڭىز بارلىقىنى ئېيتقاندىڭىز. ئەمدى شۇ پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت كەلدى.

ھىراتقا بىر قېتىم بېرىپ كەلگەن مەۋلانا پەزلىددىن تىنچىمىغان ئۆلكىلەردىن ئايلار داۋامىدا مېڭىپ ئۆتىدىغان چەكسىز مۇشەققەتلىك يوللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، يۈرىكىنى غەم باستى. جاراھەتلەنگەن قولىنىڭ ئاغرىقى بايا ئېسىدىن چىققانىدى، ئەمدى بۇ ئاغرىق يېڭى بىر كۈچ بىلەن قايتىپ كەلدى. مەۋلانا ئاغرىۋاتقان بېلىكىنى چاڭگاللاپ:

— مەن ۋەتەننى قانداق تەرك ئېتەي، پىرىم؟ — دېدى.

— ھازىر ئەلشىر ناۋايى ياشاپ تۇرغان خۇراسانمۇ بىزگە ۋەتەن ئەمەسمۇ، مەۋلانا؟

— ۋەتەن، ئەلۋەتتە...ئەمما مەن...بەلكى قايتىپ كېلەلمەسمەن. ئۆيۈمدە كىتابلىرىم، لايىھىلىرىم قالغان. تاھىر جىيەن!...

— ھازىرلا قايتىپ بېرىپ، ھەممىسىنى تىقىپ قويىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، موللا ئاغا!

مەۋلانەپەزلىددىن خانزادە بېگىمنى ئەمدى ئۆمۈرۋايەت كۆرەلمەسلىكىنى ئالدىن سېزىۋاتقاندەك يۈرىكى ئۆيۈشتى. خوجائابدۇللا بىلەن قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ ئۇنى ھىراتقا كەتكۈزۈۋات-

قانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى مەۋلانا بىلەن خانزادە بېگىم ئارىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا ئائىت يوقىرى-تۆۋەن سۆزلەر ئىدى.
مەۋلانا ھىراتقا كېتىشى بىلەن خانزادە بېگىمنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەر چاپسانراق بېسىلىشى مۇمكىن ئىدى.
مەۋلانا شۇنى ئويلىدى-دە:
— مەيلى، ئۇستازىم، — دېدى، — مەن بابىر مىرزىنىڭ نامىنى پاك تۇتۇش ئۈچۈن ھەر ئىشقا تەييارمەن. ئەمما بىر ئىلتىماس: خانىم ھەزرەتلىرىگە ئېيتسىلا، يالغان گەپ-سۆزلەرگە ئىشەنمىسۇن. خانزادە بېگىم ھالال ۋە پاكىزلىكتە تەڭدىشى يوقتۇر!
— سىزمۇ شۇنداقسىز، مەۋلانا، مەن بىلىمەن. بىز بۇنىڭغا ئىشەنىمىسەك چېنىمىزنى گۆرۈگە قويۇپ، بايىقى ساقچىلارنى ئالداپ يۈرمەيتتۇق. مەن ئۆمرۈمدە شۇنداق ئىشلارنى قىلارمەن، دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدىم. مانا تاھىربەگ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بەردى. ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ پىتنىخورلۇقىمۇ كىشىنى مەجبۇر قىلىدىكەن!
— سىلەر ماڭا يېڭىدىن جان ئاتا قىلدىڭلار، ئۇستازىم! ئەمدى ئۆزىڭىزمۇ ئېھتىيات قىلىڭ! جىيەنىم سەنمۇ!...
— راست، پىرىممۇ ئەنجاندىن ئۇزاقراققا كەتسە، خاتىرجەم بولاتتۇق! — دېدى تاھىر.
— ھەممىمىز كەتسەك، خانىم ۋە بېگىملەرگە كىم مەدەت بولىدۇ؟ — دېدى خوجائابدۇللا، — شورلۇق ئاجىزەلەر ھازىر مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.
ئاسماننىڭ شەرق تەرىپىدىن بىر پارچىسى سەل ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. مەۋلانا پەزلىددىن شۇنى كۆرۈپ ئارغامچىنى بېلىگە باغلاشقا باشلىدى.

— نېسىپ بولسا تېخى يەنە كۆرۈشەرمىز، موللاتاغا!

— تاھىر چېيەنىم، مېنىڭ لايىھىلىرىم... سىزغان سۈرەتلىرىم يوقىلىپ كەتمىسۇن. سەن نەۋكەر ئادەمسەن، ئاسىرىشىڭ قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجى بولسا ھەممىسىنى خانزادە بېگىمگە بەرگىن

— بەجانىدىل!

— مەن بۇ ئاتىماسىڭىزنى خانزادە بېگىمگىمۇ يەتكۈزىمەن! — دېدى خوجائابدۇللا.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خەيرلەشتى. كېيىن مەۋلانىنى بېلىگە باغلىغان ئارغامچا ياردىمىدە ئۇ ئون بىر گەز ئېگىز تامدىن تۆۋەنگە چۈشۈردى.

مەۋلانا تاڭ يورۇغاندا قوۋانىڭ يولىغا چىقىۋالدى.

ئەمما قورغان ئىچىدە قالغان خوجائابدۇللا ئەتىسى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا خاقان دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بىر مۇرىدىنىڭ ھويلىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغاندا ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئادەملىرى ئۇنى قولغا چۈشۈردى. چاقاردا قولى باغلاقلىق ياتقان ساقچىلار قاتتىق قىستاق ئاستىدا مەۋلانا پەزلىددىننى كىم ئازاد قىلغىنىنى ئەھمەد تەنبەلگە ئېيتقانىدى.

ئەھمەد تەنبەل خوجائابدۇللا تۇتۇلغان جايغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندە كوچىغا ئادەملەر توشۇپ كەتكەنىدى. قولى كەينىگە باغلانغان كۆڭلەكچان خوجائابدۇللا قورallıق نەۋكەرلەر قورشاۋىدا ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى قالمىغان، رەڭگى ئۆچكەن ئاق سەللىسى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئاقلىقى ئۆسكەن ساقىلىنى ئادەتتىكىدىن قاراراق كۆرسىتەتتى.

خەلق ئەھمەد تەنبەلگە يول بېرىپ چەتلەندى. خوجائابدۇللانى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلار توختىدى. ئەھمەد تەنبەلمۇ ئېتىنى تىزگىنىدىن

تارتىپ توختاتتى:

— ھە، ئالدامچى پىر! — دېدى، — بىزگە شۇنچە دۈشمەنلىكلەر قىلغىنىڭىز ئازمىدى؟ ئەمدى ساقچىلارنى ئالداپ، ھارىمى موللىچاقنىمۇ قاچۇرۇپسىز!

— مەن بىر بىگۇناھ ھۇنەرۋەننى ئادالەتسىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇم، خالاس!

— ساقچىلارغا يالغان مۆھۈرلەر كۆرسىتىشكە ئۇيالمىدىڭىزمۇ، ئالدامچى پىر؟

ئۇنلاپ كۆزلەر خوجائابدۇللاغا تىكىلدى، ئەگەر خوجائابدۇللا تەنبەلدىن قورقۇپ ھودۇقسا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، گۇناھى بويىنىغا چۈشكەندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى، شۇنى ئويلاپ خوجائابدۇللا ئىلاجىنىڭ بارىچە دادىل سۆزلەشكە تىرىشتى:

— مەن ساقچىلارغا بابىر مىرزىنىڭ مۆھۈرىنى كۆرسەتتىم. چۈنكى بابىر مىرزىنى ئەنجاننىڭ يېگانە پادىشاھى دەپ بىلىمەن!

— سەن، ئىمانسىز، مۇرىدلىرىڭنى يەنە ئالداۋاتسەن! بابىر مىرزا سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان. ھازىر تاجۇتەخت جاھانگىر مىرزىنىڭكى!

— مۇسۇلمانلار، بۇ گەپكە ئىشەنمەڭلار! ئەلھەمدۇلىللاھ، بابىر مىرزا تىرىك! ئەنجانغا يەنە كېلىدۇ!

— يالغان! خالايىق، سىلەرگە ئوخشاش مۇرىدلىرىنى ئالداپ يۈرگەن ئەيىبىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىپلاس بىر ھارامدىن بولغانىنى بىزدىن قاچۇرغان بۇ ئىمانسىز پىر تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك! تاش ئېتىڭلار بۇنىڭغا! ساۋاب تىلىسەڭلار تاش ئېتىڭلار!

ئەھمەد تەنبەل ئېگەر ئۈستىدىن ئوغلاقچىلارغا ئوخشاپ

پەسگە ئېڭىشتى-دە، ئۇزۇن قولى بىلەن يەردىن مۇشتەك بىر تاشنى ئالدى. كېيىن قەددىنى ئوڭشاپ، تاشنى خوجائابدۇللاغا قارىتىپ ئاتتى. خوجائابدۇللانىڭ كەڭ كۆكسىگە "گۈپ" قىلىپ تەگكەن تاش ئاق كۆڭلەكتە چاڭ-توپا ئىزى قالدۇرۇپ، يەرگە يۇمىلاپ چۈشتى. ئاغرىقتىن خوجائابدۇللانىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، نەپىسى سىقىلدى. نەۋكەرلەردىنمۇ بەزىلىرىنىڭ يەرگە ئېڭىشىپ تاش ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوجائابدۇللا ئاۋازى تىترەپ:

— مۇسۇلمانلار! — دېدى ۋە هامان جىم تۇرۇشقان خالايىققا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يىگىرمە ياشلاردىكى بويىنى يوغان بىر يىگىتنى كۆردى-دە، بىر چاغلاردا يالغان پىتنە-پاسات تارقاتتى دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن مىراب دەرۋىش كالىنى ئەسلىدى. بۇ يىگىت ئاشۇ مىرابنىڭ ئوغلى ئىدى. خوجائابدۇللا شۇ چاغدا ياش بابىرغا بىر ئېغىز: "بۇنى قەتل قىلدۇرماڭ" دېسە، ئېھتىمال مىراب هازىرغىچە تىرىك يۈرەتتى. شۇ چاغدا ئەھمەد تەنبەلگە ئوخشاش بەگلەرنىڭ كۆڭلىگە قاراپ دەرۋىش كالىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمىغىنى ئۈچۈن ئەمدى خوجائابدۇللانىڭ قەلبىدە ئارمان قوزغالدى. هازىر ئۆزىمۇ ئاشۇ مىرابنىڭ ئەھۋالىغا چۈشتىغۇ! نېمە ئۈچۈن پەرۋاسىزلىق قىلدى؟ مىرابنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ قەستى ئۈچۈن خوجائابدۇللاغا تاش ئاتسا، بەلكى ھەقلىق بولار!...لېكىن بىگۇناھ مېھمارنى قۇتقۇزۇپ، ئۆزى بالاغا قېلىۋات-قان خوجائابدۇللاغا ھېچكىم تاش ئاتمىدى، — مۇسۇلمانلار! — يالۋۇ-رۇپ تەكرارلىدى خوجائابدۇللا، — مەن ئادالەت يولىدا جان بېرىشتىن قورقمايمەن! ئادالەت كىم تەرەپتە، شۇنى بىر ئويلاپ كۆرۈڭلار. ئىنىنى ئاكىسىغا دۈشمەن قىلغانلار كىملەر؟ ياخشىلارغا

ھەسەت قىلىپ، پىيىگە پالتا چېپىۋاتقانلار كىملەر؟! بۇ قارا كۆڭۈللەرنى بىشىمىزغا سالغانلار كىملەر؟!

— سەن ئۆزەڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەھمەد تەنبەل.

— مەن بابىر مىرزىنىغا كىچىكىدىن ئىلىم ئۆگەتتىم. لىسان ئۆگەتتىم. مەن ئۇنى ئادىل پادىشاھ بولۇشقا ئۈندىدىم. ماۋەرائۇننەھر يەنە بىرلەشسۇن ۋە يۇرت ئىچكى ئۇرۇشلاردىن قۇتۇلسۇن، دىدىم. بابىر مىرزا مەردانە ئىشلارنى قىلىپ، سەمەرقەند بىلەن ئەنجاننى بىرلەشتۈرگەندە مەن ياخشى ئارزۇلىرىمغا يەتكەندەك خۇشاللانغاندىم. ھالبۇكى، مەملىكەت يەنە پارچىلاندى، يۇرت ۋەيران بولدى! خالايىق، ئەگەر مىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مۇشكۇلۇڭلار ئاسان بولسا، مەيلى، ئۆلتۈرۈڭلار!

— تاشبوران قىلىڭلار! — بۇيرۇدى ئەھمەد تەنبەل خالايىققا.

ئادەملەر توپىنىڭ كەينىدەرەك يىغلامسىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— شەيخۇلئىسلام پەتىۋا بەرمىگۈچە تاشبوران قىلىشقا ھەققىمىز يوق!

قىرى بىر كىشى:

— پىرنىڭ قارغىشىدىن قورقىمىز! — دىدى.

نەۋكەرلەرمۇ قوللىرىدىكى تاشلىرىنى خوجائابدۇللاغا ئېتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەھمەد تەنبەلگە قاراشتى. ئەھمەد تەنبەل يۈز بىشىغا بۇيرۇدى:

— ئۇنداق بولسا قىلىچىڭنى ئال، كاللىسىنى كەس! بويىنىغا تىغ ئۇر!

زەڭگىدەك قاپقارا ئۇتتۇرا ياشلىق يۈز بېشى كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى غىلاپىدىن ئېرىنىپرەك سۇغۇردى. خوجائابدۇللا ئۇنىڭغا

تىكىلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— مىربەدەلبەگ، ھوشيار بولۇڭ، مېنىڭ قېنىم يەتتە پۇشتىڭىزغا چاچرايدۇ!

خالايىق ئارىسىدىن قورقۇش ئارىلاش سادا ئاڭلاندى:

— پىرنىڭ قېنى تۆتىدۇ ھەممىمىزنى!

يۈزبېشىنىڭ قولىدىكى قىلىچى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئەھمەد تەنبەلگە قاراپ يىلىندى:

— ئۆتۈنىمەن، بۇ ئىشتىن مېنى ئازاد قىلىڭ!

ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىپ يەلكىسىگە قامچا ئۇردى.

— سېنى يۈز بېشىلىقتىن قالدۇرىمەن، قورقۇنچاق!

ئەھمەد تەنبەل باشقا نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇدى:

— بۇ ئىمانسىزنى دەرۋازىخانىغا ھەيدەڭلار! خالايىق شۇ يەردە قالسۇن! كىم بىزگە ئەگەشسە قىلىچ بىلەن چېپىڭلار! ئايىماڭلار!

نەۋكەرلەرنىڭ بىر قىسمى خوجائابدۇللانى دەرۋازىخانىغا ھەيدەپ كەتتى. قالغان نەۋكەرلەر خالايىقنىڭ يولىنى توسۇپ، خوجائابدۇللانىڭ كەينىدىن بارغىلى قويمىدى.

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەھمەد تەنبەل ئادەملىرى بىلەن ئوردا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىخانىغا بارغان ئادەملەر خوجائابدۇللانىڭ تورۇستىكى يوغان لىم ياغىچىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى كۆرۈشتى. مەرھۇمنىڭ ئاق سەللىسى ئايىغى تېگىدە چۇۋۇلۇپ ياتاتتى. بوينى بولسا تىرىك ۋاقتىدىكىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇزارغانىدى. ئادەملەر ئۇنى داردىن ئاستا چۇشۇرۇپ ئېلىشتى. كېيەن ئورنىغا سەللىسىگە ئوراپ، شېھىتلەردەك كۆمۈشتى.

## 3

ئۈستى-ئۈستىگە ياغقان باھار يامغۇرى يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەن. ئەنجاندا يۈز بەرگەن پاجىئەلەر خەۋىرىنى تېزرەك سەمەرقەندكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن لاي چاچرىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان تاھىر ئەمدى قوۋاغا يېقىنلاشتى. ئەگەر بابىر مىرزا ئوڭشالغان بولسا ۋە ئەنجانغا ئىشىنىپ، سەمەرقەندنى تاشلاپ چىقسا، ئەھۋال ھازىرقىدىن يامان بولۇشى مۇمكىن. تاھىر شۇنى ئويلاپ، ئاستىدىكى ئۇچقۇر ئېتىنى دېۋىتەتتى. ئەمما ئات قانچىلىك زور ۋە ئۇچقۇر بولمىسۇن، تىزغا چىقىدىغان پاتقاق ئۇنىڭ يولىنى ئاينىتمايتتى، ھالىنى كەتكۈزەتتى. چېپىپ كېلىۋاتقان ئات پاتقاققا يىقىلىپ چۈشتى-دە، قايتىدىن تۇرالماستىن، بۇرنىدىن قان كېلىپ، جان بەردى. تاھىر ئۇنى يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ، ئېگەر، يۈگەنلىرىنى ئالدى-دە، قوۋادىن باشقا ئات تاپتى ئەمما بىر كۈن ماڭماستىن بۇ ئاتمۇ ھالىدىن كېتىپ يىقىلدى. نېرى تەرەپتە خوجەند، جىززاخ يەنە ئۈن كۈنلۈك يول... تاھىر ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا ھەۋەس ۋە ئارمان بىلەن قارىدى.

* * *

بىراق تاھىر قۇش بولۇپ ئۇچقاندىمۇ ئەمدى بابىرنى سەمەرقەندتىن تاپالمايتتى. بابىر كېسەلدىن تۇرغان پېتى ئانىسى ۋە ئۇستازىنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ، سەمەرقەندنى ئاللىقاچان تاشلاپ چىققاندى. ئۇنىڭغا كەلگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەنجان قامالى تېخى ئۇزۇن داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەنجاندا بىر يىلغا يېتەرلىك زاپاس بار ئىدى. شۇنچىلىك ئەبگارلىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمەرقەند يەتتە ئايلىق قامالغا چىدىغاندا ئون ئىككى مىڭ قويى
بار ئەنجان قورغىنى خوجائابدۇللادەك يۈرەكلىك ئادەم رەھبەرلى-
كىدە تېخى بەش-ئالتە ئاي "غىڭ" قىلماي تۇرۇشى شۈبھىسىز سىزد-
لەتتى. شۇ تۇيغۇ بىلەن مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ ھەممىسىنى
سەمەرقەندتىن ئېلىپ چىقىپ كېلىۋاتقان بابىر بۇلۇڭغۇر، خالى-
لىيە① قىشلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، سەنگزار دەرياسىغا يېقىنلىشىپ
قالغانىدى.

ئېغىر كېسەللىكتىن يېقىندا تۇرغان بابىر يەنە ئۆزۈلۈپ قالماس-
لىقى ئۈچۈن ئۇنى تۆت ئاتلىق مەپىگە ئولتۇرغۇزغانىدى،
تەكتىگە يۇمشاق مامۇق سالغانىدى. مەپىنىڭ ئىشىك ۋە دېرىزىلە-
رىگە ئېسىلغان قىزغۇچ يىپەك پەردىلەر يولنىڭ ئويمان-چوڭقۇرلىرىدا
ئۆزلۈكسىز سىلكىنىپ ئويناپ باراتتى. پەرىياستۇققا يانباشلاپ
ئولتۇرغان بابىر ئارىلاپ-ئارىلاپ ئورنىدىن قوزغىلىپ، مەپىنىڭ
ئارقا تەرىپىدىكى پەردىنى قايرىپ يىراقلارغا تىكىلىپ قارايتتى.

ئۇنىڭ قوشۇنىدىن بەش-ئالتە چاقىرىم يىراقلىقتا يەنە بىر
مەپە كېلىۋاتاتتى بىرمۇنچە ئاتلىقلار قوغداپ كېلىۋاتقان بۇ چىرايلىق
مەپىدە بابىرنىڭ ھاماچىسى مېھرنىگارخانىم ۋە لايىقى ئايىشە بېگىم
سەپەر قىلماقتا ئىدى. بابىر سەمەرقەندنى تاشلاپ كەتمەكچى
ئىكەنلىكىدىن بۇخارادىكى سۇلتان ئەلى مىرزا ئاللىقاچان خەۋەر-
تاپقان ۋە پايتەختنى دەرھال ئىگىلەش ئۈچۈن شەھرىسەبزگە كېلىپ
تەييارلىنىپ تۇراتتى. بابىر ئۆز رەقىبى سۇلتان ئەلى مىرزىدىن
ياخشىلىق كۈتمەيتتى ۋە لايىقىنى ئۇنىڭ قولى ئاستىدا قالدۇرغۇسى
كەلمەيتتى. بىرچاغلاردا بايسۇنقۇر مىرزىدىن قاتتىق جەبىر

---

① خالىلىيە — ھازىرقى غەللە ئارال يېنىدىكى قەدىمكى قىشلاق.

كۆرگەن مېھر نىگارخانىم ۋە ئايىشە بېگىملەرمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى خەۋپ-خەتەرلەردىن تېزرەك قۇتۇلغۇسى كېلەتتى. ھازىر ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر جاي تاشكەنت ئىدى. تاشكەنت خانى مەھمۇدخان مېھر نىگارخانىمنىڭ ئاكىسى، ئايىشە بېگىمنىڭ ئاچىسى رازىيە سۇلتان بېگىممۇ تاشكەنتكە، مەھمۇدخانغا ياتلىق قىلىنغان. تاشكەنت يولى جىززاخقىچە ئەنجان يولى بىلەن بىر. مانا شۇ سەۋەبلەرگە، ئاساسەن، بابىر ھامماچىسى ۋە لايىقىنى پۈتۈن ئادەملىرى، كۆچ ۋە يۈك-تاقلىرى بىلەن بىللە قوغداپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت ئۆرپ-ئادەتنى بۇزماسلىق ئۈچۈن كۈيئوغۇل بىلەن بولغۇسى كېلىن ئارىلىقىدا بەش-ئالتە چاقىرىملىق مۇساپە قالدۇرۇلۇپ، ئىككى توپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كەچقۇرۇن سەنگزاردىن ئۆتۈپ كۆپكۆك ئېدىرلاردا تۈنەش ئۈچۈن توختىغاندىمۇ شۇ مۇساپىنى ساقلاپ، ئىككى جايغا چېدىر ۋە ئۇتاق تىكىشتى.

يانبېغىرلاردا لالىلەر ئېچىلغان، ھاۋا ناھايىتى يېقىملىق، بابىر يۇمران كۆكات ئۈستىگە قەدەم قويغاندا ئۆزىنى خېلى يەڭگىل سەزدى.

سەمەرقەندتىن چىقىۋاتقاندا ۋۇجۇدىنى بېسىپ ياتقان ئېغىر غەم-غۇسسىلار ئەمدى ئاستا-ئاستا تارقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. پايتەختنى شۇنچە مۇشەققەتلەر بىلەن ئېلىپ، ئاخىر ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقىغا قالدۇرۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا كېيىنكى يىللاردا قىلغان بارچە ھەرىكەتلىرىنى بىھۇدە كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلغانىدى. ھازىر مانا بۇ كۆكلەم ئېدىرلاردا يايراپ نەپەس ئېلىۋېتىپ، ئانىسى ۋە ئۇستازىنى قۇتقۇزۇش نىيىتىدە كېتىۋاتقىنىنى، بۇنىڭدا بىر ئالىيجانابلىق بارلىقىنى، لايىقىنى ئاسارەتتىن قوغداپ

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭمۇ مەردلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئويلىدى-دە، كۆڭلى بىرقەدەر ئارام تاپتى.

تۆمۈر دارۋازىسى دەپ ئاتالغان داڭلىق دارادىن ئۆتكەندىن كېيىن بابۇر مەپىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مىراخورنى① قىچقارتتى.

مىراخور مەپىگە يېقىن كەلگەندە:

— ب-ب. بوز ئا-ئا-ئېتىمنى كەل-ت-ت-تۈرۈڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ ساقىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما تېخى تىلىدا ئاشۇ كېسەلنىڭ ئاسارىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ دۇدۇقلىنىپ سۆزلىشىدىن ئەنسىرىگەن قاسىمبەگ:

— ئەمىرزادەم، ئات نېمىگە كېرەك؟ — دېدى، — مىنمەكچىمۇسىز؟

بابۇر يەنە تىلى تۇتۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى سېزىپ، تەستىق مەنىسىدە سۆزسىز بېشىنى لىڭشىتتى-دە، مىراخورغا "ئېيتقىنىمنى قىلىڭ!" دېگەندەك قارىدى.

مەپە يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مىراخور:

— باش ئۈستىگە! — دەپ ئاتقا كەتتى.

قاسىمبەگ ئارقىداراق كېلىۋاتقان تېۋىپنى قىچقارتتى، كالتە ئاق ساقاللىق ۋىجىك تېۋىپ مەپىگە يانداشىپ، بابۇردىن يەنە ئۈچ تۆت كۈن ئات مىنمەسلىكىنى ئىلتىماس قىلدى. ئەمما بابۇر ئۆزىنى ياخشى ھېس قىلماقتا ئىدى:

— ب.ب بىر-پەس ئات-لىق يۈرەي!

---

① مىراخور — "ئەمىرى ئاخور" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ پادىشاھ ئات باققۇچىلىرىنىڭ باشلىقى، دېگەنلىك بولىدۇ.

— تىلىڭىزدىكى دۇدۇقلۇق كەتمىگۈچە سەۋر قىلىڭ، ئەمزادەم!

ئېگەر-جابدۇقلىرىدىكى ئالتۇن بېزەكلەر قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىۋاتقان بوز ئاتنى ئات باقار يېتىلەپ كەلدى.

قاسىمبەگ ئۇنىڭغا:

— قايت! — دېدى-دە، بابىرغا مەپىدە تىنچراق كېتىۋېرىشنى مەسلىھەت بەردى.

ئۇنىڭ بىلەن تېۋىپ بابىرنىڭ يەنە ئۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ئەستايىدىل قورقماقتا ئىدى. ئەمما بابىر ئاتنى ئارقىغا يېتەكلەپ كېتىۋاتقان ئات باقارغا كۈلۈپ قارىدى-دە:

— يا-ياق، ئاتنى كە-كەل-تۈرۈڭ! — دېدى. كېيىن قاسىمبەگكىمۇ كۈلۈمسىرەپ سۆزلىدى، — ئە-ئە-ئەنسىرىمەڭ!

ئات باقار ئاتنى يەنە مەپە ئالدىغا يېتەكلەپ كەلدى، مەپە توختىدى، بابىر ئۇنىڭ باسقۇچىغا دەسسەپ، بوز ئاتنىڭ ئېگىرىدىن تۇتتى-دە، بىر سەكرەپ ئاتقا مىندى. ئات باقار بۇنىڭدىن زوقى كېلىپ ھىجايدى ۋە تىزگىنىنىڭ ئۇچىنى بابىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

قاسىمبەگ بابىرنى كەينىدىن ئاستا كۆزىتىپ باردى، ئەگەر ئۇنىڭ ھالسىزلانغىنىنى سېزىلسە دەرھال ياردەم قىلماقچى بولدى.

ئەمما جىززاخقا يېتىپ بارغاندىمۇ ئات ئۈستىدىكى بابىرنىڭ ھالسىزلانغانلىقى سېزىلمەدى.

كىچىكىدىن ئات مىنىپ سۆڭىكى قاتقان چەۋانداز كېيىنكى كۈنلەردە ئاتقا مىنىشنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. مەپىنىڭ يۇمشاق ماموقلىرى ئۇنىڭغا كېسەل ياتىدىغان تۆشەكنى ئەسلەتتى. تەكىتىدىكى بوز ئاتنىڭ شوخ قەدەم ئېلىشى ۋە ساغلام بىر قۇدرەت بىلەن

ئويناقلىشى بولسا بابىرنىڭ ئەزالىرىدا خېلىدىن بېرى ئۆگدەپ
ياتقان ياشلىق كۈچلىرىنى ئويغاتقاندەك بولاتتى. ئۇ ئاتلىق يۈر-
گەنسېرى بەدىنى يايراپ، كۆڭلى-كۆكسى ئېچىلىپ باراتتى.

چىرزاختىن نېرىراقتىكى يېشىل ئېدىرلارغا بېرىپ تۈنەش ئۈچۈن
توختىدى ۋە ئىككى جايغا چېدىر تىكتى. بابىرنىڭ بۈگۈن ئاتلىق
يۈرگىنى ۋە ئۆزىنى ناھايىتى ساغلام سېزىۋاتقىنى ھەققىدىكى خەۋەر
ھامماچىسى بىلەن لايىقىغىمۇ يېتىپ بارغانىدى.

مېھرى نىگارخانىمنىڭ كۈيئوغۇلىغا ھامما، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
قىزغا ئانا ئىكەنلىكى سوۋغا-سالام ئەۋەتىش ۋە باردى-كەلدى
قىلىش ئۈچۈن قولايلىق ئىدى. نامازشام پەيتىدە مېھرى نىگارخانىم-
نىڭ ئىشىك ئاغىسى بابىر مىرزىغا سوۋغا ئېلىپ كەلدى: چىرايلىق
زەرباپ تون، ئالتۇن كەمەر، كۈمۈش دەستىلىك قىممەت باھا قامچا.
تون — بابىرنىڭ ساقايغانلىقىغا خۇشال بولغانلىق ئىپادىسى، كەمەر-
"كۈيئوغۇلنىڭ بېلى يەنىمۇ چىڭ بولسۇن" دېگەن تىلەكنى بىلدۈ-
رەتتى. قامچا — بۈگۈن بابىر ئاتلىق يۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىنمىكىن؟
ياكى "پادىشاھ ئېتىنى قامچىلاپ، تېزرەك ئەنجانغا يەتسۇن ۋە
دۈشمەنلەرنى ساۋىسۇن!" دېگەن مەنەسىمۇ بارمىكىن؟ ھەر ھالدا
بابىر بۇ سوۋغىلاردىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇلار خوشلىشىشى كېرەك. تاشكەنت يولى شىمالغا
بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بابىر تەرەپتىنمۇ سوۋغا ئەۋەتىلىشى لازىم. بىراق
ئاياللارغا ياقىدىغان قىممەت باھا رەختلەر ۋە بېزەكلەرنى ئۇلار قەيە،-
دىن تاپىدۇ؟ ھەممىسى ئەرلەر. قونغان يەرلىرىمۇ چۆل. قاسىمبەگ
شۇنى بابىرغا ئېيتىپ:

— كۈمۈش لېگەنلەردە ئالتۇن پۇل ئەۋەتىپ باقساقمىكى؟ —

دېدى.

بابىر بولسا شۇ لېگەن ۋە ئالتۇنلارنى بوگون بوش قالغان مەيگە سېلىپ ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى.

— مەيمۇ سوۋغا بولسۇنمۇ؟ بەلكى ئەتىلەرتىن ئۆزىڭىز مەيدە يۈرەرسىز، ئەمىرزادەم؟

— خۇ-خۇدا خاھ-لا سا، يـۈر-مەسـمەن. ئا-ئاجىزەلەر يۈرس-سۇن.

ئاخىرقى سۆزىنى بابىر بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن قاسىمبەگ باشقا ئېتىراز بىلدۈرمىدى.

ئەتىسى كۈنى ئەتىگەندە ئىككى ھەشەمەتلىك مەپە كۆچ ئارتىلغان تۆگىلەر ۋە ھارۋىلىرى بىلەن بىللە شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ، مىرزاچۆل ئارقىلىق تاشكەنتكە يول ئالدى.

بابىر ئۆز قوشۇنىدىن يۈز كىشىنى قوغداشقا ئاجراتقانىدى، ئۇلارمۇ مەپىلەر بىلەن بىللە يىراقلىشىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئەنجان يولىدىن چەترەكتە چوڭ بىر قاراۋۇل دۆڭ كۆرۈندى. بابىر يالغۇز ئۆزى شۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ چىقتى-دە، ئېگەردىن چۈشتى. ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتقىنىچە چەكسىز چۆلدە بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان مەپىلەرگە ئاز ۋاقىت تىكىلىپ تۇردى. گويا ئۇ شۇ تۇرۇشىدا لايىقى بىلەن خوشلاشتى، ئۇنىڭغا ئۆز ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈپ، ئاق يول تىلىگەن بولدى.

بابىر يۈز كۈن سەمەرقەندتە تۇرۇپ ئايىشە بېگىم بىلەن بىرەر قېتىم يۈزمۇيۈز كۆرۈشكەن ئەمەس. بۇنىڭغا ئۆرپ-ئادەتمۇ يول بەرمىدى، ياشلىق ھاياسىمۇ توسالغۇ بولدى. كۆك سارايدا يېزىشقا باشلىغان غەزىلىنىڭ "نە كۈن بولغاي ۋىسالىڭگە مېنى دىلخەستە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەتكەيمەن" دېگەن قۇرى ئېسىگە چۈشتى. كېيىن ئات ئۈستىدە كۈن بويى يول يۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆيىدا مۇشۇ غەزەلنى داۋام ئەتكۈزدى:

مۇيەسسەر بولماسە باشمنى قويماقلىك ئاياغىگە،

باشمنى ئالىپ، ئەي بابىر، ئاياغ يېتگۈنچە كېتكەيمەن.

كەچقۇرۇن تۈنەش ئۈچۈن قوشتۇگمەن دېگەن جايدا توختىغاندا بابىر بۇ قۇرلارنى قەغەزگە يېزىپ قويدى. شېئىر شۇ قۇرلار بىلەن تاماملىنىشى كېرەك. لېكىن ئوتتۇرىدا يەنە ئۈچ-تۆتچە بېيىت بولۇشى كېرەك. ئۇلارنى كېيىنرەك، خاتىرجەمرەك پەيتتە تاپماقچى بولدى.

* * *

ئەنجاندا بولغان ۋەقەلەرنىڭ دەھشىتى تاھىرنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، بابىرغا بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

بابىر ئادەملىرى بىلەن ناۋدىن ئۆتكەندە تاھىر قوقاندىن ئۆتۈپ، خادەرۋىش چۆلىگە كىردى. بابىر چۆللەردە ئالتە قېتىم تۈنەپ، يەتتىنچى كۈنى كەچتە خوجەندكە يەتكەندە قارا ئېتى لايىغا مىلەنگەن، ئۆزى تونۇغۇسىز دەرىجىدە قارىيىپ، جۇدەپ كەتكەن تاھىر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقتى.

بابىرنىڭ ھەممە بەگ، نەۋكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن تاھىر ئاتتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، داد سېلىپ يىغلاپ سۆزلىدى:

— نېمە ئۈچۈن سەمەرقەندنى تاشلاپ كەلدىڭىز، ئەمىرزادەم؟!

بابىر ئەنجان قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى-دە، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالەم زىلزىلە ئىچىدە قالغاندەك، يەر ۋە ئاسمان چايقىلىپ، سىلكىنىپ كەتكەندەك، سولدا پارقىراپ كۆرۈنگەن سىر دەريا قىرغاق-

لىرىدىن تېشىپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

دەريانىڭ نېرىسىدا خوجەنىد تاغلىرى. بۇ يەردىن ئەنجان قانچىلىك يىراق! سەمەرقەندمۇ قانچىلىك يىراق! ئۆگەي تەقدىر بابىرنى بۇ يەرگە گويا ئالداپ ئېلىپ كەلگەن ۋە بىراقلا سەمەر-قەندتىنمۇ، ئەنجاندىنمۇ مەھرۇم قىلغان! ئەمدى ئۇنىڭ ئارا يولدا مۇئەللەق بولۇپ قالغىنىنى ئەنجاندىكى ئەھمەد تەنبەلمۇ، سەمەر-قەندتىكى سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ، تۈركىستاندىكى شەيبانىخانمۇ گويا يىراقتىن كۆرۈپ تۇراتتى ۋە "بالىدەك ئالدىنىپتۇ" دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلگەنلىرى ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

تاھىر ئەلى دوستبەگنىڭ خىيانەت قىلىپ، دەرۋازىنى كېچىسى ئېچىپ بەرگىنىنى خوجائابدۇللانىڭ بولسا بابىرغا ساداقەتتە سەۋەبىدىن شۇ دەرۋازىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقاندا بابىر ئارتۇق بەرداش بېرەلمەي ئېتىغا قامچا سالدى. قاياققا كېتىۋاتقاند-لىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. چاڭقىغان ئات ئۇنى دەريانىڭ يار بولۇپ كەتكەن ئېگىز قىرغىقىغا ئېلىپ كەلدى. بىردىنلا بابىر ئاخسىدا يارنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن ھالاك بولغان ئاتىسىنى ئەسلىدى. ئۇ تۇرغان زېمىنمۇ ھازىر ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك بىلىندى. بابىر ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى. لېكىن ئارقىدىكى پەس ۋە ئېگىز يەرلەرمۇ جەھەن-نەمنىڭ قەھرىگە غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندەك پۇلاڭلاپ كۆرۈندى.

بابىر ئاتىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى-دە، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

قاسىمبەگ بىلەن تېۋىپ چال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. قاسىمبەگ قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن يىغلامسىراپ سۆزلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىرزادەم، ھەممىمىزلا خانىۋەيران بولدۇق. مېنىڭ مال-مۈلكۈمنى تالاتقۇزۇپتۇ. ئوغلۇم ئېغىر يارىدار ئىمىش...

بابىر بېشىنى كۆتۈردى، كۆز يېشىدىن يۈزى نەم تېگىپ ئۇنىڭ يەلكىسىنى سىلىدى.

— ئەمىرزادەم، شۈكۈر، ئانىڭىز، ئېگىچىڭىز سالامەت ئىكەن. كۆپ ئېچىنماڭ، بېشىڭىز ئامان بولسا، دۆلەت تېپىلىدۇ... ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، يەنە ئاغرىپ قالماڭ!

بابىر دەرۋازىخانىغا ئېسىلغان ئۇستازىنى ئەسلىدى-دە، كۆزىگە يەنە ياش قۇيۇلۇپ كەلدى:

— پىرىم، مېنى كىملەرگە تاشلاپ كەتتىڭىز؟ شۇنداق ئادەمنى ئېسىپ ئۆلتۈرسە؟! مەن ئۇستازىم ئۈچۈن قىساس ئېلىشىم كېرەك! قىساس!

ئەلەم بىلەن سۆزلەۋاتقان بابىرنىڭ تىلى تۇتۇلمىغانلىقىدىن تېۋىپ چال ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— ئاخىرقى نەپىسىم قالغۇچە ئېلىشىمەن!

بابىرنىڭ يۈزى قەھر-غەزەپتىن بىر ئاقىرىپ، بىر قىزىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ سۆزلىرى راۋان ئىدى. سەمەرقەندتە بابىرنى تىلدىن قالدۇرغان كېسەللىك-غايەت كۈچلۈك بىر روھىي زەربىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك زەربە بابىرنىڭ تىلىدا قالغان دۇدۇقلۇقنى بىردىنلا يوق قىلىۋەتتى. دۈشمەنلىرىگە قارشى چەكسىز بىر نەپرەت ۋە غەزەپ ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت بەرمەكتە ئىدى.

— خائىنلار جازاسىنى ئالىدۇ! چېكىنىش يوق! ئادەملەرنى يىغىڭ! ھەممىگە ئېيتىڭ! ئەنجانغا بارىمىز!

بابىر ئۆزىنى كەسكىن بۇرىدى-دە، پەرىشان بولۇپ تارقىلىۋاتقان ئادەملىرىگە قاراپ كەتتى.

## 4

شۇ يىلى بابىر ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ، مەرغىلان ۋە ئوشنى قولغا كەلتۈردى، ئەنجان يېنىدا دۈشمەننىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قورغان ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

بىراق، بابىرنىڭ بەگلىرى دەسلەپكى غەلىبىلەردىن مەغرۇرلىنىپ، يەنە بىپەرۋالىق قىلىشتى. بىر كۈنى ئەنجان يېنىدىكى خاق ئېرىق بويىدا ئوچۇق جايدا قاراۋۇل قويماي ئۇخلاپ قېلىشتى. تاڭ ئاتقاندا كىمدۇ: "دۈشمەن باستى!" دەپ ۋارقىرىدى-دە، ئويغۇسىرىغان ئادەملەر ۋەھىمە ئىچىدە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بابىر ئۇ يان-بۇ يېنىغا قارىسا ئونچە نەۋكىرى قاپتۇ. نېرىراقتا دۈشمەننىڭ بەش-ئونچە چارلىغۇچىسى قاچقانلارنىڭ كەينىدىن ئوق ئېتىۋېتىپتۇ. بابىرغا دۈشمەن ئاز كۆرۈندى. ئۇ چاپسان ئاتلىنىپ قالغان نەۋكەر-لىرى بىلەن دۈشمەن چارلىغۇچىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. بابىر ئۇلارنى قوغلاش بىلەن بولۇپ، دەرەخلەر-دالدىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان يۈزچە ئاتلىقنى كېيىنرەك كۆردى.

تاڭ يورۇپ قالغانىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا باشتىن ئاياغ زېرىھلىق كىيىم كىيىپ، قولىدا قالقان تۇتقان ئەھمەد تەنبەل كېلىۋاتاتتى. بابىر ئۇنى تونۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئارقىسىغا قارىدى. يىگىت-لىرىدىن پەقەت ئۈچى قاپتۇ، باشقىلىرى قېچىپ بوپتۇ. ئەگەر بابىرمۇ شۇ تاپتا ئارقىغا قاراپ قاچسا، بەلكى ساق قالماس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇنىڭغا شۇنچە ئەلەملەرنى كەلتۈرگەن، شۇنچە خىيانەتلەرنى قىلغان ئەھمەد تەنبەل ئەمدى بىرىنچى قېتىم جەڭ مەيدانىدا يۈزمۇيۈز دۈچ كەلدى. بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ دەرھال تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئوقياغا ئوق سالدى. ئەھمەد تەنبەل قىلىچىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ياڭىقى دومسىيىپ چىققان يۈزىنى ۋە قىيسىق كۆزلىرىنى مۆلچەرگە ئېلىپ ئوق ئاتتى، ئوق تەنبەل كىيگەن دوبۇلغىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ سۈرۈپ ئۆتتى. بابىر ئىككىنچى ئوقنى ئۇنىڭ بوينىغا توغرىلاپ ئاتتى. دوبۇلغا ۋە قۇياق كىيگەن ئادەمنىڭ يۈزى بىلەن بوينىلا سەل ئوچۇق قالاتتى. لېكىن تەنبەل قالقىنى بىلەن بوينىنى توسۇشقا ئۈلگۈردى. بابىر ئاتقان ئىككىنچى ئوق قالقانغا ئۇرۇلۇپ قاڭقىپ كەتتى. بۇ ئارىدا تەنبەلنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر بابىرغىمۇ ئوق ياغدۇردى. بىر ئوق ئۇنىڭ تىزىدىن پەسرەك پاقالچىقىغا كىرىپ كەتتى. ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئۆزى ئېتىنى "چۇ-چۇ" دەپ قولىدا قىلىچ بابىرغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلدى. بابىر يارىدار پۇتىنىڭ زىڭىلداپ كۆيۈپ ئاغرىغىنىنى ۋە ئەھمەد تەنبەلنىڭ قولىدىكى قىلىچىنىڭ قانداقتۇر تونۇش ئىكەنلىكىنى تەڭلا ھېس قىلدى. بۇ بابىرنىڭ نامىدىن ئەھمەد تەنبەلگە ئوشتا ئىنئام قىلىنغان ئالتۇن ساپلىق باغدات قىلىچى ئىدى. بۇ قىلىچنى سۆيۈپ، بابىرغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەمياد قىلغان ئەھمەد تەنبەل ئەجەبا ئەمدى ئۇنى ئېگىسىگە قارشى كۆتۈرسە؟ بابىر بۇنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئالتۇن ساپلىق قىلىچ ئۇنىڭ بېشىدىكى دوبۇلغىغا كېلىپ چۈشتى. بابىرنىڭ كۆزلىرىدىن گويا ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى، بېشى باشقا ئادەمنىڭ بېشىدەك سەزمەس بولۇپ قالدى. قىلىچنىڭ تىغى دوبۇلغا كىگىزىنى كېسىپ ئۆتەلمە-

گەن بولسمۇ باش يارىلانغانىدى. بابىرنىڭ بويىنغا دوبۇلغا چىتىدىن قان سىرقىپ چۈشتى. پاچاقتىكى ياردىن ئۆتۈكى ئىسسىق قانغا تولماقتا ئىدى.

ئەھمەد تەنبەل غالىبانە ھۆركىرەپ قىلىچىنى يەنە كۆتۈردى. ئۇ ئەمدى ئۆتكۈر قىلىچىنى بابىرنىڭ زىرىھلىق كىيىملىرى ئارىسىدىن سەل-پەل كۆرۈنۈپ تۇرغان بويىنغا ئۇرماقچى ۋە بېشىنى كېسىپ چۈشۈرمەكچى ئىدى.

شۇ پەيتتە ئارقىدىن تاھىر يېتىپ كەلدى-دە، بابىر مىنگەن بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ تارتتى. ئۇچقۇر ئات سەكرەپ چاپچىدى، ئەھمەد تەنبەل بويىنىنى مۆلچەرلەپ ئۇرغان قىلىچ بابىرنىڭ يايى ئوقلىرى سېلىنغان سادىقىغا تېگىپ، شارت قىلىپ كېسىپ چۈشتى.

— ئەمىرزادەم! تىزگىنىنى تۇتۇڭ! — ۋارقىرىدى تاھىر ۋە ئۆزى بابىرنىڭ ئېتىغا قامچا ئۇردى.

قامچا يەپ ئۈگەنمىگەن ئۇچقۇر ئات ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ، ئېگىسىنى بالا-قازادىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ياردار بابىر ئوشقا قايتتى، خېلى كۈنگىچە بېشى گۆگۈلداپ، پۇتى ئاقساپ يۈردى.

ئۇنى يارا ئاغرىقىدىنمۇ ئارتۇق قىينىغان دەرد ئەھمەد تەنبەلگە بەرگەن قىلىچىنىڭ ئايلىنىپ كېلىپ ئۆز بېشىغا چۈشكىنى ئىدى. قاتىلغا كىم قىلىچ بەرسە، بۇ قىلىچ ئاخىرى كېلىپ ئۆز ئېگىسىنى چاپامدىكىنە؟ بىراق دۇنيادا ئادالەت بولسا، شۇنچە يامانلىقلار قىلغان ئەھمەد تەنبەلدىن ھايات نېمە ئۈچۈن ئۆچ ئالمايدۇ؟ شۇنداق رەزىللىكلەرنى قىلغان ئادەم... بابىر بىلەن يۈزمۇيۈز توقۇنۇشقاندا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قولى غالىب كەلدى؟

قۇتلۇق نىگارخانىم ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ:

— ئامان قالغىنىڭىزغا مىڭ شۈكۈر! — دېدى، — سىز تېخى ئۇن ئالتە ياشتا جېنىم. تەنبەلنىڭ يېشىغا يەتكۈچە كۆپ غەلىبىلەرنى كۆرەرسىز. ھالبۇكى بۇ ئۇرۇشلاردىن ئەل-ئۇلۇس ناھايىتى زېرىكتى، تاشكەنتلىك تاغىڭىز مەھمۇدخان ئارىغا چۈشۈپ، سىزنى جاھانگىر مىرزا بىلەن ياراشتۇرۇپ قويماقچى. مەيلى، ئاخىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ بولسۇن. ئەنجان سىزگە قالدۇ.

— ئەمدى پەرغانە ۋادىسىدىكى بىرلا كىچىك دۆلەتمۇ ئىككىگە ئاجرىلىپ، پارچىلىنىپ كەتسۇنمۇ، ھە؟ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئورنىغا تېخىمۇ پارچىلىنىپ، زەئىپلىشىش!... تەقدىرنىڭ كىنايىسى شۇنچە ئاچچىق؟!

— ھازىر بۇ كىنايىگە چىداشتىن باشقا چارە قالمىدى، جېنىم! تاشكەنتتە لايىقىڭىز بىرگە ئىنتىزار ئىكەن... ماڭا خەۋىرى كەلدى. ئېگىچىسى "كېلىنىڭلارنى تېزرەك يۆتكىۋېلىڭلار" دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتىپتۇ.

بابىر تېخى ئۆزى كۆرمىگەن، لېكىن خىيالىدا ئەپسانىۋى گۈزەل قىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرگەن لايىقىنىڭ ئەمدى ئون تۆتكە توشۇپ، ئون بەشكە قەدەم قويغانلىقىنى ئەسلىدى. ئانىسىغا: "تېخى بىز ياشقۇ!" دەپ ئېتىراز بىلدۈرگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن بۇنداق دېيىشكە تىلى بارمىدى. ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بىر كۆرۈشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن قىزىغا يېتىشىشنى ئىچ-ئىچىدىن خالايتتى... ئانىسىمۇ بابىرنى سۆيگىنىگە ئۆيلەپ سەل خاتىرجەم بولماقچى ئىدى.

* * *

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتى.

جەۋزا ئېيىنىڭ يىللىق ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، ئەنجان ئوردىسىدىكى ھەرەمدە ئىككى ئايلىق كېلىنچەك ئايشە بېگىمنىڭ خابگاھىدا كېنىزەكلەر شاھانە داستىخان سېلىشتى. ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار ۋە يىپەك گىلەملەر بىلەن بېزىتىلگەن ئۇزۇنچاق ئۆينىڭ دەھلىزىگە گۈلدار پاياندار سېلىندى. ئايشە بېگىمنىڭ قېشىغا قويۇلغان ئوسما تېخى قۇرۇپ ئۈلگۈرمەستىن كىمدۇ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى:

— كېلىشتى.

ئايۋاندا بېشىغا ئالتۇن ئوتىغات تاقىغان بابىر كۆرۈندى.

كېيىنكى يىللاردىكى تىنىمسىز ئېلىشىشلار ئۇنى خېلىلا چېنىقتۇرغان. يەلكىلىرى توشۇپ ئون سەككىز ياشلىق بېجىرىم يىگىتكە ئايلانغان.

خابگاھ ئالدىدا بابىرنى تەزىم بىلەن كۈتۈۋالغان ئون ئالتە ياشلىق ئايشە بېگىم كۈيۈگە نىسبەتەن كىچىككىنە، ئىنچىكىلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن، بېزەكلەر بىلەن تولغان ئېگىز دوپپىسى، بويىنىغا ئېسىلغان بويۇن بېزەك ۋە مارجانلار نازۇك قامىتىگە ئېغىرلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

كېنىزەكلەر تەزىم قىلا-قىلا چىقىشىپ كەتتى. بابىر ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى شوخ چاقنىغىنىنى بايقاپ ئوڭايسىزلاندى. كۈيۈ ھەرەمدە تونەيدىغان كېچىنى كېنىزەكلەر ۋە سەۋدەرلەر ئالدىن بىلىشىپ، مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈشتى، ياتاقىقا شۇنچە ئادەمنىڭ كىرىپ چىقىشى ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە ئايشە بېگىم ھەددىدىن ئارتۇق ئۇياتچان. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بابىرنى:

— مەرھەبا، ھەزرىتىم! — دەپ تۆرگە تەكلىپ قىلغىنىدا ئاۋازى ھاياجىن تىترەپ تەسلىكتە ئاڭلاندى.

ئۆينىڭ تۆرىدە — يىپەك پەردە ئارقىسىدا ئىككى كىشىلىك ئېگىز تۆشەك بار. ئايىشە بېگىمنىڭ ئۇياتچانلىقى بابىرنى تېخىمۇ ئوڭاي-سىزلاندۇردى. ئۇ يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋاتقاندا تۆردىكى تۆشەككە قارىماسلىققا تىرىشتى. كۆزىنى داستىخانغا تىكىپ:

— خۇشال-خۇرام يۈرەمسىز، بېگىم؟ — دەپ ھال سورىدى.

— شۈكۈر.

ئايىشە بېگىم تارتىنغىنىدىن داستىخاننىڭ بابىردىن ئەڭ يىراق چېتىگە ئولتۇردى. كېيىن ئارىغا كىشىنى خىجالەت قىلىدىغان جىمجىتلىق چۈشتى.

ئايىشە بېگىم چىرايلىق بولسىمۇ تېخى يېتىلمىگەن نارەسىدە قىز ئىدى. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغان بۇ قىز كۆپ كېسەل تارتىپ ياداپ كەتكەن.

بىر چاغلاردا ئۇنى كۆرمەستىن بۇرۇن بابىر تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرگەن ئەپسانىۋى پەرىزات پۈتۈنلەي باشقا ئىدى. خىيال بىلەن ھايات ئارىسىدىكى پەرق قانچىلىك چوڭ بولۇشىنى بابىر ئەمدى بىلدى.

ئۆرپ-ئادەتكە بىنائەن ئۇلار بىر-بىرىنى تويدىن كېيىن كۆشۈ-گىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشتى. ئۇلار تېخى بىرەر قېتىم ھەمسۆھ-بەت بولمىغانلىقى ۋە روھىي جەھەتتىن يېقىنلىششقا ئۇلگۈرمەستىن ئالدىن باشلانغان جىسمانىي يېقىنلىق بابىرغا ئۇيات ئىشتەك تۇيۇ-لاتتى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساپ تۇيغۇلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتـ

قاندەك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىلىرى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ خابگاھىدا قونۇپ قالاتتى... ھۆكۈمدار-لىق ئەنئەنىسىگە بىنائەن ئۇنىڭ پەقەت بەزى كېچىلەرنى ئايالى بىلەن ئۆتكۈزۈشى رەسىم-قائىدىگە خىلاپ ھېسابلانمايتتى. بابۇرنىڭ ئاتىسى ئۆمەرشەيخ مىرزىمۇ شۇنداق قىلاتتى. لېكىن ياش كېلىن بىلەن كۈيۈ ئارىسىدا ئاۋۋالقى خىيالىي ئارزۇ بىلەن ھازىرقى ئەھۋالنىڭ كەسكىن پەرقىدىن كېلىپ چىققان يېقىمسىز بىر مۇرەك-كەپلىك بارلىقىنى ئايشە بېگىممۇ بايقايتتى ۋە ئۆزىنى بابۇرغا نامۇناسىپ سېزىپ، ئىچ-ئىچىدىن قىينىلاتتى.

ئايشە بېگىم ئارىغا چۈشكەن كىشىنى خىجىل قىلىدىغان جىملىقتا قىزغۇچ چەينەكتىن ئالتۇن پىيالىگە چاي قۇيۇپ ھۆرمەت بىلەن بابۇرغا سۇندى.

بابۇر پىيالىنى ئېلىۋاتقاندا ئايشە بېگىمنىڭ تېخى ئانچە تولمىغان ياداڭغۇ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— رەھمەت، — دېگەندە، ئۇنىڭغا ئۆز ئاۋازىمۇ گۇناھكارنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.

بابۇر بىر چاغلاردا خىيالىدا ئەتىۋارلاپ، پۇتىغا باش قويغۇسى كېلىپ شېئىر يازغان لايىقىنى ئەمدى مۇنچىۋالا ئۇيالدۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ گۇناھكار سېزەتتى.

چاشنەگىر① ئايال ئالتۇن لېگەندە زىرە پۇرىقى كېلىۋاتقان كاۋاپ كۆتۈرۈپ كىردى. يېشى ئەللىككە بارغان بولسىمۇ يېپەك ياغلىقىنى چېككىسىگە تىك قىلىپ ئورىغان بۇ شەددات ئايال كۈيۈ

---

① چاشنەگىر — پادىشاھنىڭ تاماق باشقۇرغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كېلىن ئارىسىدىكى ئارتىنچاقلىقنى سېزىپ چاقچاق قىلدى:

— ئەمىرزادەم، يىگىت كىشى ياش كېلىنچەكنى سۆزگە سېلىپ ئولتۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ قىزىق-قىزىق پاراڭلاردىن سۆزلەپ بېرىڭ. سەمەرقەندتىن ئەلچىلەر كەلگەننىمىش. قانداق خۇش خەۋەرلەر بار؟

چاشنەگىر ئايال لېگەننى كۆيۈ بىلەن كېلىننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، كۈمۈش ساۋرىنى① ئاچتى. ئاق كېيىكنىڭ گۆشىدىن قىلىنغان يېڭى كاۋاپنىڭ پۇرىقى زىرە پۇرىقىغا قوشۇلۇپ ئەتراپقا تارالدى.

— بېگىم، سىزمۇ ئېچىلىپقىنا ئولتۇرۇڭ. بۇنداق بەختلىك ياشلىق بىر قېتىم كېلىدۇ. زوقىنى سۈرۈپ قېلىڭ، ئايلىناي بېگىم، بىزگە ئوخشاش قېرىغىنىڭىزدا ئەسلەپ يۈرىسىز!

چاشنەگىر كۈلۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ "زوقىنى سۈرۈپ قېلىڭ" دېگەن سۆزلىرى ئايشە بېگىمدىكى ئۇياتچانلىقنى كەمەيتىش ئورنىغا تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. بابىر بولسا بىرئاز دادىللىنىپ:

— قېنى، بېگىم، — دېدى ۋە لېگەن ئۇستىگە قول سوزدى-دە، لېكىن ئايشە بېگىمنىڭ كاۋاپقا قول ئۇزىتىشىنى كۈتتى.

— سىز باشلاڭ، — پىچىرلىدى كېلىنچەك.

— خوپ، مانا، قېنى، ئەمدى، سىز...

شۇ تەرىقىدە بىرئاز كاۋاپ يېگەندىن كېيىن يەنە چايغا ئۆتۈشتى.

— بېگىم، شەھرىڭىزنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟

---

① ساۋرى — تاماق سوۋۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈستى يېپىلىدىغان مەخسۇس ئىدىش.

ئايشە بېگىم ئەمدى بابۇرنىڭ يۈزىگە پىتىنىپراق قارىدى:
— سەمەرقەندىمۇ؟... سېغىندىم.
— ئەگەر نېسىپ قىلسا، يازدا سەمەرقەندكە قايتارسىز.
— شۇنداق بولسىچۇ... بىراق مەن... ئۆزەم كېتىمەنمۇ؟
— ياق، سەمەرقەند نېسىپ بولسا، بۇ يەردىن ھەممىمىز كۆچۈپ كېتىمىز.
— كۆچۈپ؟... ئەنجان كىمگە قالىدۇ؟
بابۇر ھارغىن ئاۋاز بىلەن:
— ھازىرچە ئەھمەد تەنبەل بىلەن جاھانگىر مىرزىغا، — دېدى.
ئايشە بېگىم ھېچنىمىگە چۈشىنەلمەي تەئەججۈپلىنىپ قالدى. بابۇر ئەنجاننى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرگىچە ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئەنجاننى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاشلاپ كەتمەكچى؟
— مەن سەمەرقەندنى سېغىنغان بولسامۇ، — دېدى ئايشە بېگىم، — لېكىن سىزنىڭ ئاتا يۇرتىڭىزدا خاتىرجەم ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىمەن!
ئايشە بېگىم بايىقى ئوياتچانلىقنى ئۇنتۇپ، ئېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا بابۇرغا ئۇنىڭ يۈزى ئاۋۋالقىدىن جازىبىلىكرەك كۆرۈندى.
— سىز دېنىمۇ ئۆتۈنىمەن، ھەزرىتىم، — داۋاملاشتۇردى ئايشە بېگىم، — كۆپ ئازاب تارتتىڭىز. سەمەرقەند سىزگە جەڭسىز دەرۋازا ئاچماس. ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئاياڭ. ئۇرۇشقا بارماڭ، ئۆتۈنىمەن!
— بېگىم، بۇ يەردىكى ھازىرقى ئەھۋالىمىز سىزگىمۇ مۇناسىپ ئەمەس، ماڭىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟ سىز يەنىلا ئۆز يۇرتىڭىزدا پادىشاھسىزغۇ.

بابىر كىنايىلىق كۈلۈمسىرەپ، باش چايقىدى:

— ھازىر پەقەت نامىم پادىشاھ، — دەپ قوينىدىن بىر ۋاراق قاتلانغان قەغەزنى ئالدى-دە، ئايشە بېگىمگە سۇندى.

كېيىنكى ئايلاردا بابىر كۆڭۈل دەردلىرىنى قەغەزگە چۈشۈرۈشكە كۆپ موھتاج بولاتتى ۋە ھەر كۈنى دېگۈدەك شېئىر مەشىق قىلاتتى. بۇ قەغەزدە ئۇنىڭ مانا بۇگۈن يازغان بىر قىتئەسى بار ئىدى.

ئايشە بېگىم قەغەزنى ئېچىپ قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتى:

قالمەدى ھۆرمەت ئەھلى ئالەمدە،
ئالەمۇ ئالەم ئەھلىدەن يوۋ ئىلىك.
بابىرا ئىككى پادىشاھلىغدىن
ياخشىراق بۇ زاماندا بىر بېكلىك.

— ھەزرىتىم، شېئىرىڭىز مۇبارەك بولسۇن!

— قۇللۇق. ئەمدى مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەندىم. سىز جاھانگىر مىرزىنىڭ ئاخسىدا ئىككىنچى پادىشاھ بولۇۋالغانلىقىدىن دەرد تارتىۋاتىسىز. ئاۋۋالقى يېگانە دۆلەت ئىككىگە بۆلۈنگەن...

— بېگىم، گەپ پەقەت جاھانگىردا ئەمەس. جاھانگىر مىرزا تېخى بالا. گەپ ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئەلى دوستبەگدە.

بابىر شۇنداق دەپ، ئەلى دوستبەگ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇردىسىدىكى چىگىش ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى.

بابىر بۇلتۇرقى بىر توپ نەۋكىرى بىلەن ئۆرەتۆپىنىڭ جەنۇبى-

دىكى تاغلار ئارىسىدا ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا يۈرگەندە ئەلى دوستبەگدىن چاپارمەن بېرىپ قالدى. شۇ چاغدا ئەلى دوستبەگ مەرغىلان ھاكىمى ئىدى ۋە ئەھمەد تەنبەل بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانىدى. "ئەگەر بابىر مىرزا ئەنجان دەرۋازىسىنى ئەھمەد تەنبەلگە ئېچىپ بەرگەن گۇناھىنى كەچۈرسە، بۇرۇنقىدەك ياخشى مۇئامىلىدە بولسا، مەرغىلانغا كەلسۇن، شەھەرنى بېرىمەن"، دېدى. بابىر دەرھال مەرغىلانغا يېتىپ كەلدى. ئەلى دوستبەگمۇ ئۆز سۆزىدە تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بابىر ئەنجاننىمۇ ئالدى.

كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان بابىر ئەلى دوستبەگنىڭ بۇ ياردىمىنى مەردلىك دەپ بىلىپ، ئۆزى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر مەردلىك قىلدى: ئەلى دوستبەگنىڭ گۇناھىدىن كېچىپلا قالماي، ئۇنى قاسىمبەگنىڭ ئورنىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىشىك ئاغا قىلىپ كۆتۈردى.

لېكىن ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەلى دوستبەگ بارلىق بەگلەرنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىۋېلىپ، بابىردىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭغا قارشىلىق قىلماقچى بولغان قاسىمبەگنى ئەلى دوستبەگنىڭ تەرەپدارلىرى تۆھمەتچىلىكتە ئەيىبلىدى. ھازىر ئەگەر بابىر ئەلى دوستبەگكە قارشى كەسكىن بىر چارە كۆرىدىغان بولسا، ئىچكى جەھەتتە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى باش كۆتۈرىدۇ. سىرتىدا ئەھمەد تەنبەل قىلىچىنى بىلەپ تۇرۇپتۇ. ئەنجانغا باستۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋېتىپتۇ. ئەگەر شۇنداق باھانە تېپىلسا، ئىچكى-تاشقى كۈچلەر بىرلىشىپ، بابىرنىڭ بېشىغا يەنە قارا كۈنلەرنى سالىدۇ. شۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن بابىر چىشىنى-چىشىغا چىشلەپ، ھەممىسىگە چىداشقا مەجبۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھازىر ئەلى دوستبەگ بىلەن ئەھمەد تەنبەل بىزنى ئۈمۈچۈك توردەك چىرماپ كەلمەكتە، — دېدى بابىر ئايىشە بېگىمگە، — ئەگەر بىز شۇ ئۈمۈچۈك تورنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمىسەك، كېيىن بولارغا يەم بولىمىز!

— ھەزرىتىم، سەمەرقەندتىمۇ دۈشمەنلىرىڭىز بىھېساب. يەنە ئۇرۇش باشلانسا...

— سەمەرقەندتە ھازىر دوستلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس.

— كەلگەن ئەلچى سىزنى پايتەختكە تەكلىپ قىلدىمۇ؟

بابىر ئەلچى بىلەن بولغان سۆزلىرىنى ھازىرچە ناھايىتى مەخپىي تۇتۇشى زۆرۈر ئىدى.

سەمەرقەند بەگلىرى بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۈچەيگەن. مەزىد تارخان باشلىق بەگلەر مىڭدىن ئارتۇق نەۋكەرلىرى بىلەن شەھەرنى تاشلاپ چىققان. ئۇلار ئۇرگۇتتە بابىرغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىمىش. يېقىندا بۇخارنى ئىگىلىگەن شەيبانىخان ئەمدى سەمەرقەندكە كۆز تىككەنىمىش. ئەگەر بابىر تېزدىن يېتىپ بارمىسا، سۇلتان ئەلى مىرزا پايتەختنى شەيبانىخانغا بېرىپ قويۇشى ئېنىق. شەيبانىخاننىڭ رەھىمسىزلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئەمدى شەھەر دەرۋازىلىرىنى بابىرغا يوشۇرۇنچە ئېچىپ بەرمەكچىمىش. بابىر مانا شۇ قولاي پەيتتىن پايدىلىنىپ قېلىشنى خالايتتى.

— ئەلچى بىزنى تەكلىپ قىلغىنى راست، — دەپ، ئۇ ئايىشە بېگىمگە ئومۇمىيراق جاۋاب بەردى، — ئەمما سۇلتان ئەلى مىرزا تەختنى بىزگە ئاسانلىقچە بەرمەس.

— دېمەك، يەنە ئۇرۇش! يەنە خەۋپ-خەتەر!...

— بېگىم، تاغنىڭ بېشى قارسىز بولمايدۇ، يىگىتنىڭ بېشى خەتەرسىز.

— ھەزرىتىم بايا ئۆمۈچۈك توردىن سۆز ئاچقاندىڭىز. ئەگەر سىز كەتسىڭىز، ئۆمۈچۈك توردا بىز قانداق قالىمىز؟

— خالىسىڭىز سىزنى بىللە ئالغاچ كېتىمەن!

— جەڭ مەيدانىغىمۇ؟

ئايشە بېگىمنىڭ سوئالىدا ئازراق كىنايىمۇ بار ئىدى. بۇنى سەزگەن بابىر خىجالەتچىلىكتە بىلىنەر-بىلىنمەس قىزاردى.

— ئۇرۇش تۈگىگۈچە ئانام بىلەن خانزادە بېگىم ئۇچۇقلار ئۆرە-تۆپىدە تۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ھاۋالىق يەر. شەھەر ھاكىمىنىڭ ئائىلى ئانامنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى، ئۇ يەردىن سەمەرقەندكە بېرىشىڭلارمۇ ئاسان.

— ئۆرەتۆپە تاغلىق يەرمۇ؟ يوللىرى ناھايىتى ياماندۇ؟ مەن ئاتلىق يۈرەلمەيمەن.

— مەپىدە بېرىشىڭىز مۇمكىن.

شەھەر قىزى بولغان ئايشە بېگىم بىر يەردە مۇقىم ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى، يول ئازابىنى كۆتۈرەلمەيتتى.

بابىرنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە باش چايقاپ:

— مەپىدىن قورقىمەن، — دېدى.

"ئۆگەي تەقدىر ماڭا بۇ جەھەتتىمۇ كىنايە قىلدى! — دېدى بابىر ئىچىدە، — مەندەك بىر يەردە مۇقىم تۇرالمايدىغان سەيياھ مىجەز كىشىگە بۇنىڭدەك نازۇك ۋە مۇقىم تەبىئەت رەپىقە بېرىپتۇ!"

ئايشە بېگىم ھازىر ھىمايىگە موھتاج بىر ئاجىز قىز بولۇپ كۆرۈندى. بابىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈسى كېلىپ مۇلايىم

ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— ئاتتا يۇرەلمىسڭىز، بېگىم، مەيدىن قورقسڭىز، ئۇنىڭدا مەن سىزنى... ئالقىنىمدا ئېلىپ يۇرىمەن!

— زاڭلىق قىلماڭ، مىرزا ھەزرەتلىرى! مەن ئالقىنىڭىزدا يۇرۇشكە مۇناسىپ ئەمەسمەن...

ئايشە بېگىمنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بابىرغا ئالىلقاندىق شېرىن تۇيۇلدى. ئۇنىڭ يىگىتلىك قېنى كۆپچىگەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— ياق، مۇناسىپسىز! — دېدى.

— زاڭلىق قىلماڭ...

— مۇناسىپلىقىڭىزنى ئىسپاتلايمۇ؟

ئايشە بېگىم ئۇركۈگەندەك كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە قېچىشقا ھازىرلاندى. بابىر توي كېچىسى ئۇنى مەيدىن قانداق ئەركىن كۆتۈرۈپ چۇشۇرگەن بولسا، ھازىرمۇ ئاشۇنداق كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنى تۆردىكى تۆشەك تەرەپكە ئېلىپ ئۆتۈۋېتىپ، پەستىكى قەندەلدە يېنىپ تۇرغان شاملارنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى.

ھازىر شۇ دەقىقىلەردە ئايشە بېگىم بابىرنىڭ كۆزىگە ئوتلۇق جازىبىگە تولۇپ كۆرۈندى. ئۆزىنىڭ بۇ خابگاھتا ئۈچ-تۆت كۈندە بىر قېتىم قونۇشى ئەمدى چۇشىنىپ بولمايدىغان ئوقۇشۇلماسلىقتەك تۇيۇلدى. "بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى شۇ خابگاھقا كېلىمەن! — دەپ ئۆزىچە ئەھدە قىلدى. — مەن سەمەرقەندكە كەتسەم، نەچچە ئاي، نەچچە ھەپتىلەر ئايرىلىشتا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئەنجاندا مۇرەسسەلىشىپ قانائەت بىلەن ياشاۋەرسەممىكىن؟"

* * *

تاڭ ئاتتى. كېچىسى بابۇرنىڭ پىلانلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان سېھىرلىك تۈيغۇلار ئەتىگەنلىكى قۇياشتىن قاچقان يۇلتۇزدەك قەيەرگىدۇ يوشۇرۇندى. ئەر-خوتۇن ناشتا قىلىپ ئولتۇرغىنىدا ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئەلى دوستبەگنىڭ ئۇمۇچۇك تورلىرى يەنە ئۇنىڭ خىيالىنى چىرمىۋالدى. بابۇر تۈنۈگۈن ئەلچىگە "سەمەرقەندكە ئەلۋەتتە بارىمىز"، دەپ ۋەدە بەرگەن، قاسىمبەگ باشلىق سادىق كىشىلەر يېڭى يۈرۈش تەييارلىقىنى باشلىۋەتكەندى. بابۇرنىڭ ۋەدىسىدىن قايتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئەتىگەندىكى يورۇقلۇقتا ئېنىقراق كۆرۈنۈۋاتقانغا ئوخشايتتى.

ئايشە بېگىم ئۇنىڭدىكى خامۇشلۇقنى سېزىپ، جىم ئولتۇرۇپتۇ. بابۇر ئۇنىڭ يۈزىگە پېتىنىپ قارىيالماي كۆكسىدىكى ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالدى:

— بېگىم، ئۆرەتۆپىگە بارىدىغان بولدىڭىزمۇ؟

بابۇرنىڭ سەمەرقەندكە يەنە يۈرۈش قىلىشى قەتئىي ئىكەنلىكى ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدىن سېزىلدى. ئالدىدىكى بىرنەچچە ئايلىق ھىجران ئايشە بېگىم ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بۇ ئېغىرلىقنى بابۇرنىڭ ئانچە سەزمەيۋاتقانلىقى ئايشە بېگىمگە خۇددى مېھىرسىزلىك نىشانىسىدەك تۇيۇلدى-دە، بىردىنلا كۆڭلى غەش بولدى.

— ھەزرىتىم، ئاۋۋال سەمەرقەند سىزگە مۇيەسسەر بولسۇن. كېيىن بارسام بىراقلا شەھىرىمگە بارارمەن. ئۆرەتۆپىگە ئەمەس!

بابۇرنىڭ نەزىرىدە، ئايشە بېگىم ئۇنىڭ سەمەرقەندنى يېڭىباشتىن ئېلىشىغا ئانچە ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆرۈندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇر ھەرەمدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— مەيلى، بېگىم، — دېدى سوغۇق ئاھاڭدا، — خۇدا خالىسا،

شەھەرىمىزدە كۆرۈشكەندە بۇ سۆزلەرنى يەنە داۋاملاشتۇرارمىز.

## سەمەرقەند. ھەل قىلغۇچى ئېلىشىش

### 1

بوستان سارايىنىڭ بىر چېتىدە رەڭمۇرەڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان مەرمەر كۆلچەكلىك ھاممام بار ئىدى. كەچتە شۇ ھاممامغا سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ھەرەمىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار چۆمۈلۈشكە كەلدى. ھاممامنىڭ ئىچىدە گىلەملەر ۋە كۆرپىلەر سېلىنغان، شاھانە داستىخان راستلاپ قويۇلغان مەخسۇس بىر خانە بار ئىدى. بىر چاغلاردا سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھايات چېغىدا شۇ خانىدىن قىزلار چۆمۈلۈدىغان بۆلمىگە مەخپىي بىر تۆشۈك ئېچىلغانىدى. شەھۋانىيپەرەسلىك بىلەن داڭ چىقارغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئاشۇ تۆشۈكتىن قىزلارنىڭ چۆمۈلۈشىنى تاماشا قىلاتتى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەش يىل بولدى. ھاممامدا مەخپىي تۆشۈك بارلىقىنى ئۇنىڭ ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى — ھازىر سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان ئەلى مىرزا يېقىندا بىلىپ قالدى. ئۇنى بۇ سىردىن ۋاقىپ قىلغان ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن ھەرەمگە بىرقانچە چىرايلىق قىزلارنى كەلتۈرۈپ بېرىپ، ياش پادىشاھنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق، سىرداش بېگىگە ئايلاندى.

ھازىر سۇلتان ئەلى مىرزا قولىدا مەي تولدۇرۇلغان بىللۇر قەدەھ بىلەن مەخپىي تۆشۈك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. مەرمەر كۆلچەكتە قىيا-چىيا قىلىپ چۆمۈلۈۋاتقان يالىڭاچ قىزلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياندۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى مۇجۇۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇ گېلى قۇرۇغاندا

مەي ئۇتلاپ قوياتتى-دە، ئەمما كۆزىنى تۆشۈكتىن ئالمايتتى.
بىر قېتىم ئۇنىڭ بۇ تاماشاسىغا كىمدۇ پۇتلىكاشاڭ بولدى.
— مىرزا ھەزرەتلىرى، مەخپىي ئادەملىرىمىز پەۋقۇلئاددە خەۋەر كەلتۈردى.
سۇلتان ئەلى مىرزا ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇنىنىڭ سىلىق ئاۋازىنى تونۇدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىغۇسى كەلمىدى:
— نېمە خەۋەر بولسا ئانامغا ئېيتىۋېرىڭ.
— بېگىم ھەزرەتلىرى مېنى سىزگە ئەۋەتتى، ئەمىرزادەم!
سۇلتان ئەلى مىرزا ئەمدى ئەبۇ يۇسۇپكە ئۆرۈلۈپ قارىدى.
ئۇنىڭ تەكرار تەزىمىمۇ، پەستىكى چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن كەمشۈك ئاغزىنىڭ تەبەسسۇمىمۇ كۆزىگە ناھايىتى يامان كۆرۈندى:
— جانابىي بەگ، ئۆزىڭىزغۇ بىزگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ گۈزەل قىزلارنى سوۋغا قىلدىڭىز... ئەمدى نېمىشقا ئارام ئالغىلى قويمايسىز؟
— مىرزا ھەزرەتلىرى، سەلتەنەتىڭىز خەۋپ ئاستىدا! مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئارامىڭىزنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلدىم!
— يەنە قانداق خەۋپ؟ ئانام قەيەردە؟
— دىۋانى خاستا سىزگە قاراپ ئولتۇرىدۇ.
سۇلتان ئەلى مىرزا كەيپىنى بۇزغانلىقىدىن ئاچچىقى كېلىپ قولىدىكى قەدەھنى مەيى بىلەن مەرمەر تامغا ئېتىپ ئۇرۇپ چۇل-چۇل قىلىۋەتتى.
كېيىن ۋاقىتسىز سەمرىگەن يوغان گەۋدىسى كەيپچىلىكتىن سەل چايقىلىپ، تاشقىرىغا چىقتى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىۋانى خاسىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئەللىك ياشلاردىكى دۈگ-قاپاق، بۇدرە ساقاللىق بىر بەگ قول قوشتۇرۇپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. ئۆيىنىڭ تۆرىدە تىك تۇرغان زۆھرە بېگىمنىڭ يۈزى غەزەپتىنمۇ ياكى قورققانلىقتىنمۇ تاتىرىپ كەتكەن:

— ئەمىرزادەم، سىز ئەيش-ئىشرەت بىلەن بەندىسىز. خىيانەتچىلەر پايتەختنى دۈشمەنگە يوشۇرۇنچە تاپشۇرماقچى بولغانلىقىدىن بىخەۋەرسىز!

سۇلتان ئەلى مىرزىدىن نارازى بولۇپ شەھەرنى تاشلاپ چىققان مىڭدىن ئارتۇق بەگ ۋە نەۋكەرلەر ئەنجاندىن قوشۇن تارتىپ كەلگەن بابىر بىلەن بىللە دەرغام بويلىرىدا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنلىكى مەلۇم ئىدى. ئەمما سۇلتان ئەلى مىرزا پۈتۈن دەرۋازىلارغا ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى قويۇپ، شەھەرنى مەھكەم ئېتىپ ياتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسىغا زەردە قىلىپ:

— يەنە نېمە ۋەھىمە؟ — دېدى.

— ماڭا ئىشەنمىسەڭ، مانا مۇھەممەد سۇلتان جانابلىرىدىن سورا. بۇ بەگ ھازىرلا بابىرنىڭ قارارگاھىدىن قېچىپ كەپتۇ. شەھەر ئىچىدىكى پىتنىچىلەر بۈگۈن كېچىدە سوزەنگەران دەرۋازىسىنى بابىرغا يوشۇرۇن ئېچىپ بەرمەكچىمىش. پىرىڭىز خوجا يەھيامۇ سىزدىن يۈز ئۆرۈپ، بابىر تەرەپدارى بولغانىمىش.

— ئىشەنمەيمەن! — دەپ سۇلتان ئەلى مىرزا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان مۇھەممەد سۇلتانغا تىكىلدى.

— ئەمىرزادەم، سۆزۈم يالغان بولسا بۈگۈن كېچىسى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ! مەن دۈشمەنلىرىڭىز بىلەن دەرغام بويىدا ئىككى ھەپتە يۈردۈم. خوجايەھيانىڭ رازىلىقىنى بابىر توغرا ئۇن بىر كۈن

كۆتتى. ئاخىر، بۇگۈن ئەتىگەندە مەمەدەلى كىتابدار خوجانىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. "تۈن يېرىمىدا كېلىڭلار، شەھەرگە كىرگۈزىمىز" دېگەنىمىش. بابىر بۇگۈن سېپىلدا ئىشەنچلىك بەگلەرىنى يىغىپ، كېڭەش ئۆتكۈزگەن. شەھەرگە كىرگەندە كىم قانداق ئىش قىلىشىنى چۈشەندۈرگەن. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ ئىشەنگەن بەگلىرىدىن بىرى مەن — سىزنىڭ سادىق قۇلىڭىز ئىدىم!...

سۇلتان ئەلى مىرزا دۆڭقاپاقبەگكە مەمنۇن نەزەر سالدى-دە:

— ئوغرىنى قاراقچى ئۇرغاندەك بولۇپتۇ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

ئۇنىڭ كەيپ بىلەن بېسپەرۋا كۈلۈشى زۆھرە بېگىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى:

— ئەمىرزادەم، ھەربىر دەقىقە غەنىمەت. خاس نۆكەرلىرىڭىز ئاتلانغان. ھەممىسى بۇيرۇقىڭىزغا قاراشلىق.

— بۇيرۇقمۇ؟ — دەپ سۇلتان ئەلى مىرزا بىرپەس ئويلىنىۋالدى، — مەيلى، بابىر دەرۋازىدىن كىرسۇن. كېيىن تۇتۇۋېلىپ كۆزىگە مىل تارتىش كېرەك! بىزگە قەست قىلغىنى ئۈچۈن ئەبەدىي كور بولۇپ قالسۇن!

ئەبۇ يۇسۇپبەگ ئاق كىرگەن قېلىن ساقىلىنىڭ ئۇچىنى تۇتاملاپ بېشىنى چايقىدى:

— تۇتۇۋالالىساق ياخشى ئىدىغۇ، ئەمما بۇ پىلان دېگەندەك ئوبدان ئەمەس ئەمىرزادەم. دەرۋازىنى ئاچساق كېيىن يېپىشقا بولمايدۇ. بابىرنىڭ زور قوشۇنى بار. قەلئە ئىچىدىمۇ تەرەپدارلىرى كۆپ. ئۆتكەن قېتىم سەمەرقەندكە كىرگىنىدە ئاچلارغا نان ئۈلەشتۈرۈپ، دېھقانلارغا ئۇرۇقلۇق قەرز بېرىپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى

ئالغانىكەن. بىر تەرەپتىن خوجايەھىيانىڭ پەتىۋاسى بىلەن پۇقرالار كۆتۈرۈلسە، سىرتتىن قوشۇن كىرسە...

— ياق، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك! — دېدى زۆھرە بېگىم.

— ھە، ئۇنىڭدىن كۆرە تېزرەك سۆزەنگەران دەرۋازىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ساقچىلارنى ئالماشتۇرۇش لازىم، — دېدى ئەبۇ يۇسۇپ ۋە زەرھەل جىلدغا سېلىنغان بىر قەغەزنى ئالدى، — ئەمرزادەم، مانا بۇ — سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزدىن يېزىلغان بۇيرۇق. بۇنىڭدا پىتنىچى بەگلەرنىڭ ناملىرىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇلار بۇگۈن كېچىسى قولغا ئېلىنىشى لازىم.

— پىتنىچىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى مانا بۇ مۇھەممەد سۇلتان ئوخشاش ساداقەتلىك بەگلەرگە ئېلىپ بېرىلسۇن! — دەپ قوشۇمچە قىلدى سۇلتان ئەلى مىرزا.

دۆڭقاپابەگنىڭ جاسۇسلۇق قىلىشىدىن مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ سۇلتان ئەلى مىرزىغا ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى:

— ئۆلگۈچە خىزمىتىڭىزدىمەن، ئەمرزادەم. ئىجازەت قىلىڭ، مانا بۇ مۇبارەك بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشتە يىقىرمۇ نەۋكەرلىرىم بىلەن قاتنىشاي.

بۇ بەگ پىتنىچىلارنىڭ ھويلىلىرىنى بۇلاشتا بىۋاستە قاتناشسا كۆپرەك ئولجا ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى سېزىپ شۇنداق دېمەكچى ئىدى.

— ئىجازەت بەردۇق.

مۆھۈردار چاقىرتىلدى ۋە قەغەزدىكى بۇيرۇققا پادىشاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلدى.

— قالغان ئىشنى بىز بەجا قىلىمىز؟ — دېدى ئەبۇ يۇسۇپ.

سۇلتان ئەلى مىرزا تىل ئۇچىدا:

— مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى.

— ياق، ياق! — دېدى زۆھرە بېگىم ئالدىراپ. ئۇ يالغۇز پەرزەنتىنى قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەن كۆپىيىپ كەتكەن شەھەرگە چىقىرىشنى خالىمايتتى. مىرزا ئانىسىغا يۈز كېلەلمىگەندەك بولۇپ سارايدا قالدى.

كېيىن ئانا-بالا بوستان سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۇچۇق ئايۋانغا چىقىپ، سۆزەنگەران دەرۋازىسى تەرەپكە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى قۇلاققا ئېنىق ئاڭلىناتتى. گۆرى ئەمىردىن سەل نېرىراقتا جايلاشقان سۆزەنگەران دەرۋازىسى بوستان سارايغا ئانچىۋالا يىراق ئەمەس ئىدى.

يېرىم كېچىدە بابۇرنىڭ ئاۋانگارتلىرى دەرۋازىغا ئاستا يېقىنلاشقاندا، ئەبۇ يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى دەرۋازىخانا ئۈستىدىن ئۇلارغا ئوقيادىن ئوق ئېتىپ بىرقانچە كىشىنى يارىدار قىلدى.

قاراڭغۇدا تام ئۈستىدىن قارىسىغا ئېتىلغان بەزى ئوقلار ئاتلارغىمۇ تەگكەندى، ئاغرىقتىن ئەسەبىيلەشكەن ئاتلارنىڭ قاتتىق كىشنىگىنى بوستان سارايغىمۇ ئاڭلاندى.

دەرۋازىخانا ئۈستىدىكى قوغدىغۇچىلار بابۇرنىڭ ئادەملىرىنى زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشەتتى:

— مىرزىڭىز چۈچۈرىنى خام ساناپتۇ!

— ھا-ھا-ھا!

— سەمەرقەندنى ئەمدى چۈشۈڭلاردا كۆرۈڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كېيىن چۇشۇڭلارنى سوغا ئېيتارسىلەر!
— ھا — ھا — ھا!
بابىرنىڭ قوشۇنى كەينىگە قايتىپ كېتىشى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا شاۋقۇن تۇگىدى — دە، كېيىن شەھەرنىڭ ئۇ يەر — بۇ يېرىدە ئېتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى، ئادەملەرنىڭ قاتتىق پەريادى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەبۇ يۇسۇپ باشلىق خاس نەۋكەرلەر دەرۋازىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئەمدى پىتنىچىلەرنى ئوۋلاشقا كىرىشكىنىنى ئايۋاندا ئولتۇرغان سۇلتان ئەلى مىرزا ئۇ يەر — بۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان داد — پەريادلاردىن سەزدى.
— ئەمدى تىنچ ئۇخلىساق بولار، — دەپ خابگاھىغا كىرىپ كەتتى.
ئەمما زۆھرە بېگىم قەندەللەر يېنىپ تۇرغان ئۆز خانىسىغا كىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئولتۇردى.
ھازىرلا بىر پالاكەتنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاما كېلەچەكتىكى مۇشكۇللۇكلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرماقتا ئىدى. بابىر سەمەرقەندنى يەنە قامال قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۆتكەن نۆۋەتتىكى قامالى ئېخى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى. ئىچكى تەرەپتە زۆھرە بېگىم ئىشىنىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كەمىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈن پىتنىچى بەگلەر جازالانسا ۋە بولانسا، سۇلتان ئەلى مىرزىدىن نارازى بولغۇچىلار يەنە كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلامچىسى خوجايەھيا ناھايىتى نوپۇزلۇق روھانىي. سۇلتان ئەلى مىرزا خوجايەھياغا قارشى كەسكىن چارە كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى پۈتۈن دىندارلار خوجىنىڭ تەرىپىدە. ئەگەر خوجا ئومۇمىي خەلققە پەتىۋا بېرىپ، پۈتۈن موللىلارنى ئىشقا سالسا، غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى

مۇمكىن.

زۆھرە بېگىم خىيالىدا ئۆزىگە تايانچ ئىزدەۋېتىپ يېقىندا بۇخارانى ئالغان، ئەمدى سەمەرقەندكە قوشۇن تارتىپ كېلىشى كۆتۈلۈۋاتقان شەيبانىخاننى ئەسلىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن نەقشبەندى دەرۋىشلەردىن بىرى زۆھرە بېگىمگە شەيبانىخاندىن مەخپىي بىر خەت ئەكىلىپ بەرگەنىدى. بېگىم پەردىلىك مەخسۇس تەكچىدە تۇرىدىغان ئالتۇن ساندۇقچىسىغا ئاچقۇچ سېلىپ ئاچتى-دە، ئاشۇ خەتنى ئېلىپ، قەندەل يورۇقىدا قايتا ئوقۇشقا باشلىدى.

زەر ۋاراققا يېزىلغان چىرايلىق يېزىقتا زۆھرە بېگىمنىڭ ئەقلى ۋە ھۆسنى ئۇستىلىق بىلەن تەرىپلەنگەن، ياش ئۆمرىنى ئوغلىغا پىدا قىلىپ ئەرسىز يۈرگىنى ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنغا-نىدى. خەتنىڭ ئەڭ غەلىتە جايى — شەيبانىخاننىڭ زۆھرە بېگىمگە غايىبانە كۆڭۈل قويۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى شېئىر بىلەن ئېيتقىنى ئىدى:

ئوغلىڭىز ئوغلۇمۇ ئۆزىڭىز يارىم،
دىلبەرۇ ھەمنەپەسۇ دىلدارىم.

ھازىر شۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا زۆھرە بېگىم قۇۋۋەتلىك بىر ئەرنىڭ ئۇتلۇق تىنىقىنى ئۆز يۈزىدە ھېس قىلغاندەك بولدى. زۆھرە بېگىم ئالتە يىلدىن بۇيان مانا بۇ تۆشەكتە يالغۇز ياتاتتى. ئۇنىڭ گۈلدەك ئۆمرى تۇللۇقتا سولۇپ كېتىۋاتىدۇ. زۆھرە بېگىم تېگىمەن دېسە ئۇنى ئالىدىغان ئېسىلزادىلەر تېپىلاتتى. ئاخىر ئۇ داڭقى چىققان گۈزەل قىز بولغىنى ئۈچۈن سۇلتان مەھمۇد خاندەك پادىشاھنىڭ قەدىرلىك خوتۇنىغا ئايلانغانىدى. بىراق غلى تەختتە ئولتۇرغان زۆھرە بېگىم پەقەت ئۆزىگە مۇناسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پادىشاھقا تېگىشى مۇمكىن، ئۇدۇم شۇنداق.

مانا ئەمدى ئۇنىڭغا خېرىدار پادىشاھمۇ تېپىلدى. بېگىم شەيبانىخانىنىڭ شېئىرىدىكى ئىككىنچى قۇرنى يەنە بىر ئوقۇغاندا غايىبانە بىر ئەر ئۇنى قۇچاقلاپ، "دىلبەر يارىم، دىلدارىم!" دەپ ئەركىلىتىۋاتقاندەك بولدى-دە، بەدىنى قىزىپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ تاشئەينەك ئالدىغا باردى-دە، ئۆزىنىڭ ئەكسىگە تىكىلىپ قاردى. ئۇيقۇسىز كېچىدىن كۆزلىرىنىڭ تېگى ئازراق كۆكىرىپ ياتقان. ئەمما قاشلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتى. قارا كۆزلىرى ئۇچقۇن چېچىپ چاقنايدۇ. كۆكرەكلىرى كۆتۈرەڭگۈ، بوينى ئاق مەرمەردەك سىلىق، لەۋلىرى ئاتەشتەك.

شەيبانىخانىنىڭ يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقان، خوتۇنلىرى ۋە باللىرى بار، زۆھرە بېگىم بۇنى بىلەتتى. ئەمما بېگىم ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە مەمنۇن تىكىلىپ تۇرغان شۇ دەقىقىلەردە "شەيبانىخانىنىڭ سەھرالىق خوتۇنلىرى نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ئويلاندى، — مەن خاننى ئۆزەمگە شۇنداق رام قىلايكى، ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىپ قالسۇن!"

ئەتە ئاشۇ دەرۋىش كېلىپ، بېگىمنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېتىشى كېرەك. بېگىم شەيبانىخانغا خەت يېزىش ئۈچۈن قەغەز، قەلەم ئالدى.

بىراق قەندىللەردە خېلىدىن بۇيان يېنىۋاتقان شاملارنىڭ ئىسىدىن ئۆي سەل خىرەلىشىپ قالغانىدى. زۆھرە بېگىم ھاۋا رەڭ بەرقۇت ئىشىك پەردىسىنى ئاچتى-دە، سەھەر سالقىنىغا يۈزىنى تۇتۇپ، ئايۋان ئىشىكى ئالدىدا بىرپەس تۇردى.

شۇ چاغدا ئوردىغا يېقىن بىر مەھەللىدىن ئەر كىشىنىڭ جان

ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. ئايال كىشىنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغىنى ئۇنىڭغا جور بولدى.

ئەبۇ يۇسۇپ بىلەن مۇھەممەد سۇلتان ھامان پىتىنچىلەرنى ئوۋلاپ يۈرگىنى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ بېيىۋاتقىنى، كىملەرنىڭدۇر ئوق ياكى تىغ زەربىدىن جان بېرىۋاتقىنى زۆھرە بېگىمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ ۋاقىتتا خىيالى بىردىنلا باشقا ياققا بۇرۇلدى.

شەيبانىخان سەمەرقەندنى جەڭسىز ئېلىش ئۈچۈن زۆھرە بېگىمگە يالغاندىن ئىشق ئىزھار قىلىۋاتقان بولسىچۇ؟ سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن سۆزىدىن قايتسا ۋە زۆھرە بېگىمنى مانا شۇ قاراڭغۇ كېچىدە ھۆركىرەپ يىغلىغان ئايالنىڭ ئەھۋالىغا سالسىچۇ؟

بۇ شۆبھىدىن بېگىمنىڭ پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا قايتىپ شەيبانىخاننىڭ مەكتۇپىنى يەنە قولىغا ئالدى. خان ئۇنىڭ شۇنداق شۈبھىلەردە بولۇشىنى ئالدىن سەزگەندەك، مەكتۇپنىڭ يەنە بىر يېرىگە شېئىر يازغانىدى.

مېن سەمەرقەندنى سېنسىز نېتەيىن،
جەسەدى تىيرەنى جانسىز نېتەيىن؟

بۇ قۇرلارنىڭ تەپتىدىن زۆھرە بېگىمنىڭ قەلبىگە يەنە يىللىقلىق سېزىم يۈگۈردى. شۇ تاپتا بېگىمنىڭ ئۆزىگىمۇ يارسىز سەمەرقەند جانسىز تەندەك سوغۇق تۇيۇلاتتى. شەيبانىخان ئۇنىڭ تۇللۇق ھاياتىغا ئىسسىق جان بولۇپ كىرىپ كېلىشى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى-دە، قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، خانغا جاۋاپ يېزىشقا كىرىشتى. قۇر بېشىدىن خاننىڭ تەرىپىنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈپ:

"ھەزرىتى ئىمامى زامان، خەلىفەئى رەھمان"، دەپ يېزىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىدى...

## 2

سەمەرقەند قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى باغ كوچىلار، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىنىڭ ئەتراپلىرى، ئابىرەھمەت ئېرىقىنىڭ بويلىرى ھېسابسىز قوشۇنغا تولۇپ كەتكەن. چوپان ئاتا تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە، ئېرىقى تەرىپى زەرەپشان ساھىلىدا يۈزلەپ ئۇتاقلار ۋە چېدىرلار پەيدا بولغان.

بۇ قوشۇننىڭ سەركەردىسى شەيبانىخان باغى مەيدانىغا، ئۇلۇغبەگ قۇردۇرغان مەشھۇر چىلسۇتۇن سارىيىغا كېلىپ چۈشكەندى. شەيبانىخان سارايىنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىدە تۆت تەرىپى ئايۋانلىق چوڭ ئۆيدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغانىدى، ياساۋۇل كىرىپ، سۇلتان ئەلى مىرزا بىرنەچچە ساراي خىزمەتچىلىرى بىلەن قەلئەدىن خان ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

شەيبانىخانىنىڭ كىچىك-كىچىك كۆزلىرى خۇشاللىقىدىن پاللىداپ كەتتى.

— سولتانلارنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىڭ، كېيىن مىرزىنى باشلاپ كىرىڭ.

— ھەزرىتىم، تەختىڭىز پەستىكى قەۋەتتە.

— جايىمازىم تەختىمدىن ئۈستۈن!

— ئىلتىپات قىلدىڭىز، ھەزرىتىم!

ياساۋۇل ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شەيبانىخان بوتىلاق يۇڭىدىن توقۇلغان مەيىن مەللە جايىناماز

چېتىگە قايتىپ ئولتۇردى.

ياساۋۇل پەگادىكى ئىشكتىن سولتان ئەلى مىرزىنى باشلاپ كىرگەندە شەيبانىخان تېخىچە شاھنىشىندا ئاشۇ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. شاھنىشىندىن تۆۋەندە ئۇنىڭ ئونغا يېقىن سۇلتانلىرى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

شەيبانىخان بېزەكسىز، ئاددىي كىيىنگەنىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا ئىشكتىن كىرىش بىلەن ئۇنىڭ سەللىسىگە قادالغان دۇر ۋە گۆھەرلەر، تونىغا تىكىلگەن ئالتۇن، مەرۋايىتلار ھەيۋەتلىك يالتىراپ كۆزگە تاشلاندى. ئەمما مىرزىنىڭ كۆزلىرى بىسەرەمجان، سىمىز گەۋدىسى بوشاشقان. ئۇ ئانىسىنىڭ ۋە ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇنىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، قەلئەدىن قوشۇنسىز چىقىپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە خاننىڭ بىھېساب قوشۇننى كۆرۈپ، يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى.

شەيبانىخان بىلەن بۇرۇندىن تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگەن ئەبۇ يۇسۇپ سولتان ئەلى مىرزىنى خان ھۇزۇرىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بايا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مىرزىغا ياخشى كۆرگەن مەيلىردىن خېلى ئىچكۈزگەنىدى. ھازىر سۇلتان ئەلى مىرزا شەيبانىخانغا قاراپ تەزىم بىلەن كېتىۋاتقىنىدا پۇتلىرى گىلەمگە پۇتلىشىپ، گەۋدىسى سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەبۇ يۇسۇپ يۆلىۋالمىغىنىدا يىقىلىپ چۈشەتتى.

شەيبانىخان ئورنىدىن تۇرۇپ، مىرزا بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا خۇش بۇي مەي پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ مىرزىنىڭ كەيپ ئىسكەنلىكىنى دەرھال سەزدى-دە، ئۇنى ئوغلى تۆمۈر سۇلتان ۋە كۆيئوغلى جانىبەگ سۇلتاندىن تۆۋەنگە ئولتكۇزۇشنى ياساۋۇلغا شەرەت قىلىپ بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەيبانىخان بىشىغا قىزىل بۆك ئۈستىدىن ئاق سەللە ئورىغان، كۆك موۋۇتتىن تون كىيگەن. ئالتۇن تۇگمىلىك تون تىگىدىن كىيگەن يىشىل كۆڭلىكى مۇسۇلمان بايرىقىنىڭ رەڭگىنى ئەسلىتەتتى. جايىناماز ئۈستىدە ئولتۇرغىنىمۇ ئۇنى خۇداگويي بىر ئادەمگە ئوخشىتىپ كۆرستەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ۋەھىمىسىنى سەل باستى-دە، ئەمما تۆۋەندىن ئورۇن كۆرستىلگىنى ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تەگدى. باشقا سۇلتانلار شەيبانىخانىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا، سۇلتان ئەلى مىرزا ئاتايىن چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. شەيبانىخانىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ قاراپ قويدى.

— سىز ماڭا پەرزەنتتەك يىقىن بولماقچىمۇسىز، مىرزا؟ — سورىدى شەيبانىخان مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

— خان ھەزرەتلىرى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن چاقىرىپسىز...

— مۆھتەرەم ۋالىدىڭىز كەلمىدىمۇ؟

— ئانام مىنى ئەۋەتتى.

— ئاما، ئۆزىمۇ كەلمەكچى ئىدى.

— ئايال كىشى، تارتىنىدۇ.

— ئادەم ئەۋەتىڭ، مىرزا، ئانىڭىزمۇ كەلسۇن.

سۇلتان ئەلى مىرزا يىنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئەبۇ يۇسۇپبەگكە قارىدى. ئەبۇ يۇسۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، شەيبانىخانغا تەزىم قىلدى:

— ئىجازەت قىلىڭ، خان ھەزرەتلىرى، مەن ھازىر بىرىپ زۆھرە بىگىمنى قىچقىرىپ كىلەي.

بۇ نازۇك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇ يۇسۇپنىڭ ھەرىكەتلىرى

بىلەن پۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان شەيبانىخان ياساۋۇلغا بۇيرۇدى:

— ئەبۇ يۇسۇپكە مېنىڭ ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىمدىن بىرىنى ئىنئام قىلىڭ!

— مىننەتدارمەن ھەزرىتىم!

— بەگ، قايتىشتا خوجايەھياغىمۇ خەۋەر قىلىڭ. سۇلتان ئەلى مىرزا كەلگەن يەرگە خوجا كەلمىسە ئىش قاملاشمايدۇ.

— ھەق سۆزنى ئېيتتىڭىز خان ھەزرەتلىرى!

ئەبۇ يۇسۇپ بۇ تاپشۇرۇقنى بېجىرىش ئۈچۈن كەتكەندىن كېيىن شەيبانىخان ئورنىدىن تۇردى-دە، سۇلتانلارغا قاراپ:

— مىرزا بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى. ئۆزى بولسا ئارقا ئىشكتىن ئايۋانغا چىقىپ، پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

سۇلتان ئەلى مىرزا ئەتراپىدىكى سۇلتانلارنىڭ ئاداۋەتلىك چىرايىغا قاراپ، ئۇلار ئارىسىدا يالغۇز قېلىشقا قورقتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، يان ئىشىككە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدا تۈركىستانلىق سۇلتانلاردىن بىرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— ئەمىرزادە، بۇيرۇق بولدى، ئەمدى بىزنىڭ يېنىمىزدىن كەتمەيسىز!

بەستلىك بىر نەۋكەر قولىنى خەنجىرىنىڭ سېپىغا ئاپىرىپ، ئىشىككە توغرىسىغا بولۇۋالدى. سۇلتان ئەلى مىرزا قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ئەمدى سەزدى-دە، كەينى بىردىنلا تارقاپ كەتتى. يۈزى بەزدەك بولۇپ، بايىقى جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئارىدىن بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن زۆھرە بېگىممۇ تۆت كېنىزىكى بىلەن باغى مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىنچەكلەرنى ئەسلەتكۈچى ئاق يىپەك رومال، پېشانىسىگە بولسا تىللاقاش تېقىلغان. ئۇچىسىدا ئىنچىكە بەللىك گۈلدار تون، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىيگەن ئاق ئەتلەس كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى شۇنچىلىك ئۇزۇنكى، ئىككى كېنىزەك ئىككى تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

زۆھرە بېگىمنى چىلسۇتۇنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىدىكى مەخسۇس بېزىتىلگەن خاس خانىغا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى شەيبانىخانىنىڭ قىرىق ياشلاردىن ئاشقان چوڭ خوتۇنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇ نېمىدېگەن يۈزسىز خوتۇن؟ — دەپ يېنىدىكى ئايالغا پىچىرلىدى ئۇ، — ئەرسىرىگەن مېكىجىن ئىززىتىنى بىلىپ ئۆيىدە ئولتۇرمامدۇ؟ ئەلچى بېرىپ ئىشنى تۈگەتكۈچە ئالدىرىماي تۇرمامدۇ؟ ئىلاھىم كاساپىتى ئۆزىدىن باشقىغا تەگمىسۇن!

زۆھرە بېگىم خاس خانىغا كىرگەندە شەيبانىخان تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. زۆھرە بېگىم ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىۋىدى، شەيبانىخان ئۇنىڭ بىلەن تەخت ئۈستىدىن چۈشمەستىن ئەھۋال سوراشتى.

— خۇش كەلدىڭىز، بېگىم.

خاندىن باشقىچە مۇئامىلە كۈتكەن زۆھرە بېگىم تۇساتتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— خان ھەزرەتلىرى، مەن ئۆزەمنى سىزگە قۇربان قىلدىم. پەرزەنتىمنى، مال-مۈلكۈمنى، ھەممىسىنى مەرھەمەتىڭىزگە ئىشىنىپ تاپشۇردۇم!

زۆھرە بېگىمنىڭ يۈزى ئاق يىپەك تورنىڭ كەينىدىن ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. خان ئۇنىڭ گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان قوللىرىغا قاردى. تومۇرلىرى بۆرتۈپ تۇرغان بۇ تىترەك

قوللار بېگىمنىڭ خېلى ياشقا كەلگەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى. شەيبانىخان يېقىندا بۇخارادا نىكاھلاپ ئالغان ئون توققۇز ياشلىق كىچىك خوتۇننى ئەسلىدى. كېيىن زۆھرە بېگىمنىڭ چوڭلا ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزا كۆز ئالدىدىن ئۆتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بېگىم. سىزنىڭ مەقسىتىڭىز بىزگە مەلۇم. خۇدا! خالىسا مۇرادىڭىز ھاسىل بولماي قالماس.

شەيبانىخان باشقا ھېچ نەرسە دېمىدى. ياساۋۇل زۆھرە بېگىمنى خاس خانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى كېنىزەكلىرى بىلەن باشقا بىر كىچىكرەك خانىغا كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى سىرتىدىن ئېتىۋالدى.

* * *

شەيبانىخاننىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، ئەمما بۇگۈن باغى مەيداندا پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بارلىق لەشكەر باشلىقلىرى ۋە مۆتىۋەرلەر چىلسۇتۇن بىناسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شائىر مۇھەممەد سالىھمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يىپەك سەللىسى سېپتا ئورالغان، كالتە يەڭلىك يىپەك چاپىنى ئۆزىگە ناھايىتى يېپىشىپ تۇراتتى. يازدىمۇ تەلپەك كىيىپ يۈرىدىغان، ئورۇشتىن باشقا نەرسىنى بىلمەي قوپاللىشىپ كەتكەن كۆچمەنچى سۇلتانلار ئۇنىڭ تالىپلارچە سېپتا كىيىنىشىنى ياقتۇرمايتتى، تۆمۈرىيلەر كەچۈرگەن ئېغىر ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

نايمان ئورۇقىنىڭ باشلىقى قەمبەربىي باغدا مۇھەممەد سالىھقا تەگدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، جانابىي شائىر، سەمەرقەندتىن مىرزىڭىز بىلەن يەڭگىڭىز كېلىپ، خۇش بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— قەمبەربىي جانابلىرى، زوھرە بېگىم ئەسلى ئۆزبېكنىڭ ئايمان ئۇرۇقىدىن بولىدۇ. بېگىمنى مەندىن بۇرۇن سىز يەڭگە دېيىشىڭىز لازىم.

مانىغىت، دورمان ۋە قۇشچى ئۇرۇقىنىڭ سۇلتانلىرى بۇ سۆزنى ياقتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قەمبەربىينىڭ ئاچچىقى كەلدى. مۇھەممەد سالىھقا دوق قىلىپ:

— سىزچۇ؟ — دېدى، — سىز بارلاس تۈركلىرىدىنمۇ؟!

تۆمۈر ۋە تۆمۈرىيلەر چىققان بارلاسلار شەيبانىخاننىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئۇرۇقى ئىدى. مۇھەممەد سالىھ ھۈسەيىن بايقارا سارىيىدا خىزمەت قىلغان، سۇلتان ئەلى مىرزىغىمۇ مۇلازىم بولغان. ئاخىردا مىرزىلاردىن يۈز ئۆرۈپ، شەيبانىخان تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى شەيبانىخانغا ئېيتىپ بېرىپ بۇخارا ۋە دەبۇسىيە قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشىغا ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن خان ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەمما قەمبەربىي ئىچىدىن ئۇنى "خىيانەت يولى بىلەن ئابروي تاپقان بىقارار تۈرك!" دەپ يامان كۆرەتتى.

مۇھەممەد سالىھ قەمبەربىينىڭ بۇ ھاقارىتىنى ئۆزىگە ئالغۇسى كەلمەي، سۆزنى چاقچاققا ئايلاندۇردى:

— جانابى قەمبەربىي، مەن ھازىر ئۆزبېك تۈركلىرىدىنمەن!

— مۇغەمبەرلىك قىلماڭ، ئۆزبېك باشقا، تۈرك باشقا!

— لېكىن ئۆزبېكتە "ئاتا يۇرتۇم تۈركىستان" دېگەن نەقىل بارغۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— ۋاي-ۋوي، — دېدى كۆپەكبىي، — ماۋۇ شائىرىڭ بىزنىڭ تۈركىستانىنىمۇ تۈركلەرگە بېرىۋەتمەكچىغۇ!

دەشتى قىپچاقتىن چىققان ساۋاتسىز كۆپەكبىينىڭ تۈركىستاندەك مەدەنىي شەھەرنى ئۆزىنىڭ قىلىپ سۆزلىگەنلىكىدىن مۇھەممەد سالىھنىڭ كۈلگۈسى كەلدى:

— جانابىي كۆپەكبىي، سىز ئاۋۋال تۈركىستان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىڭ! تۈركىستان — تۈركلەر ماكانى دېگىنىغۇ!

— نېمە دېمەكچىسەن؟ بىز رۇم① تۈركلىرىدىن تارقالغانمۇ؟

— ياق، رۇم تۈركلىرى باشقا، بىز باشقىمىز! چۈنكى ماۋەرا-ئۇننەھر خەلقى رۇم تۈركلىرىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئاۋۋال مانا بۇ ۋادىلارنى ئاۋات قىلغان. سەمەرقەند قورغانىنىڭ بېرىسىدا تۇرغان ئەنە ئاۋۇ دۆڭلەرگە بىر قاراڭ. مانا ئاشۇ يەردە بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئەفراسىياب دېگەن چوڭ شەھەر بولغان. ئەفراسىياب ماۋەرائۇننەھر تۈركلىرىنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى ئىدى. "ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالىپ ئەرتۇڭا بولغان" دەپ، «قۇتادغۇبىلىك»دە يۈسۈپ خاس ھاجىب يازغان.

— بۇ شائىر ئۆزبېكنىڭ نېمىنى يەپ، نوقۇل تۈركنى ماختايدىغۇ!

— جانابىي قەمبەربىي، ئۆزبېك، قازاق، تۈركمەن، قىرغىز — ھەممىسى تۈركىي ئۇلۇسلاردۇر. بىر ئاتىنىڭ بالىلىرىدەك يېرىمىز بىر، تارىخىمىز بىر. سىلەر ئۆزبېك ئۇرۇقلىرىنىڭ تارىخىنى

---

① رۇم — تۈركىيە.

ئۆزبېك خاندىن① باشلايسىلەر، بۇ توغرا ئەمەس.
— نېمىشقا توغرا بولمايدىكەن؟ — زەردە قىلدى كۆپەكبىي، — بىز ئۆزبېك خاندىن تارقىغان ئەمەسمىزما؟
— جانابىي كۆپەكبىي، سىزنىڭ قىپچاق ئۇرۇقىڭىز ئۆزبېك خاندىن بەش يۈز يىل بۇرۇن مەشھۇر بولغان. قوڭغۇرئات ئۇرۇقىنىڭ تارىخىمۇ ئالتە-يەتتە ئەسىرگە بارىدۇ. مانغىت، نايمان، دورمان، قۇشچى ئۇرۇقلىرىمۇ قەدىمدىن تارتىپ بار. بۇ ئۇرۇقلار ھەممىسى ھازىر ئانەزرەتىم شەيبانىخان قول ئاستىغا بىرلىشىپ، "ئۆزبېك ئۇلۇسى" دېگەن ئومۇمىي نام ئالغان، سىلەر بۇ ئۇلۇسنىڭ تارىخىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئۆزبېك دېگەن ئىسىم تۈركىي خەلقلەردە ئۆزبېك خاندىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنمۇ مەۋجۇت بولغان. مەن خارەزمدە ئۆسكەن، مەن قەدىمكى كىتابلاردىن ئوقۇدۇم، چىڭگىزخاندىن بۇرۇن شاھ بولغان خارەزم شاھ مۇھەممەد ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىگە ئۆزبېك دەپ ئات قويغان. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇنام يۇرتىمىزدا چىڭگىزخان كەلمەستىن بۇرۇنمۇ مەشھۇر بولغان. ئۆزبېك دېگەن نامنى بىزنىڭ ئۇلۇسىمىز ئۆزبېك خاندىن ئالغان ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ قەدىمىي نامنى ئۆزبېك خان بىزنىڭ تۈركىي ئۇلۇسلاردىن ئالغان!
— يەنە تۈركىي دېدى-ھە! ئاپلا، سارتنىڭ بالىسىيەي!
— تارىخ شۇنداق تۇرسا مەن قانداق قىلاي، جانابىي قەمبەر-

① ئۆزبېك خان — ئالتۇن ئوردا خانى، 1312 — 1342 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇنىڭ پايتەختى — سارايىبېركې ۋولگا بويىدا، ھازىرقى ۋولگاگراد يېنىدا بولغان.

بىي؟ مىڭ يىللاردىن بۇيان خۇراساندىن نېرىسى ئىران، بېرىقى تەرىپى تۇران دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ... خان ھەزرەتلىرى بۇنى ياخشى بىلىدۇ. ئىمامى زامان بۇخارا مەدرىسىدە تەھسىل كۆرگىنىدە ناھايىتى نۇرغۇن تۈركىي شېئىرلارنى يادقا ئالغانىكەن. ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلدا غەزەللەر يازغان. مەن ئانھەزرەتنىڭ غەزەللىرىدىن بىر بېيىت كەلتۈرەي، ئاڭلاڭ:

"فىرقەت ئاتىدىن يىقىلدىم، يار كېلدى سورغالى،
ئەي شەيبانىي يار دەردىڭگە دەۋا قىلدى يەنە"

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ شېئىرى تۈركىيچە ئەمەس، ئۆزبېكچە! — دېدى قەمبەربىي.

— لېكىن ھەممە تۈركىي تىللىق شائىرلار خۇددى شۇ تىلدا شېئىر يازغانغۇ! ئەگەر بۇ — ئۆزبېك تىلدا بولسا، دېمەك، ناۋايىمۇ ئۆزبېك تىلدا يازغان. دېمەك، كەمىنىمۇ ھازىر سىلەر بىلەن ئۆزبېك تىلدا سۆزلىشىۋاتىمەن. دېمەك، ماۋەرائۇننەھرنىڭ تۈركىي تىلىمۇ، ئۆزبېك تىلىمۇ ئەسلىدە بىر تىل. جانابلىرى، ئەمدى دىلىمىزمۇ بىر بولۇشى كېرەك. تۆمۈرىيلەر تۈرك ۋە ئۆزبېك دەپ ئۇلۇسنى ئۇلۇستىن ئاجرىتىپ، خەلقنى پاراكەندە قىلدى، مەملىكەت پارچىلىنىپ، خاراب بولدى. ئەمدى ئىمامى زامان، ئىسكەندەرىي سانىي① يەنە شۇ ئۇلۇسنى بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتكە يىگانە جان ئاتا قىلماقچى. ئىلاھىم، ھەزرەت خانىمىز شۇ مەقسىتىگە يەتسۇن!

مۇھەممەد سالىھنىڭ بۇ سۆزىگە ئەمدى ھېچكىم ئېتىراز قىلا-

---

① ئىسكەندەرىي سانىي — ئىككىنچى ئىسكەندەر، شەيبانىيخانغا بېرىلگەن يۈكسەك تەرىپلەردىن بىرى.

مدى. مۇنازىرىدە ئۇستىلىق بىلەن غالىب بولغان شائىر سارايغا قاراپ كەتتى.

كۆپەكبىي قەمبەربىيگە قاراپ:

— سارتنىڭ بالىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى، — بۇلارنى سۆز بىلەن يېڭىشكە بولمايدۇ!

— سۆز بىلەن يەڭمىسەك قىلىچ بىلەن يېڭىمىز! — دېدى قەمبەربىي. ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلدى.

* * *

سارايغا ياساۋۇل چىقىپ، باغدا قاراپ تۇرغان لەشكەربېشى ۋە مەنسەپدارلارنى خان يۇقىرىقى قەۋەتكە كېڭەشكە چاقىرغىنىنى ئېيتتى.

باغدىكى دۆلەت ئەمەلدارلىرى سارايىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە مۇنارىغا ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن ۋە تار يول ئىچىدىن ئۆتكەن پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى.

خاننىڭ ئۆزى تېخىچە خاس خانىدا يەنە نېمىنىدۇ كۈتمەكتە ئىدى.

كەچلىكى سەمەرقەندتىن بەش-ئالتە مۇرىتىنى ئەگەشتۈرۈپ، خوجايەھيامۇ چىقىپ كەلدى. ئۇ باغى مەيدانىغا كىرىپ ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا ھودۇقۇپ، پۇتى ئۈزەنگە قىيىشىغا ئورۇلۇپ قالدى. مۇرىتلىرى ئۇنى يۆلەپ چۈشۈردى.

چوڭ ئاق سەللە ۋە مەللە سەقەرلات پەشمەت كىيگەن خوجا يەھيا شەيبانىخان ئولتۇرغان تەختنىڭ ئالدىغىچە تەزىم قىلىپ باردى. قىرائەتتە ئۆگەنگەن جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ھەزرەتلىرى، — دېدى، —

سەمەرقەند دەرۋازىلىرى سىز ئۇلۇغ زات ئۈچۈن ئوچۇقتۇر!

شەيبانىخان خوجايەھيا بىلەن ئورنىدىن تۇرماي تىنچلىق سوراشتى-دە، كىنايە قىلىپ دېدى:

— سەمەرقەند قاپقىلىرىنى بىز ئۈچۈن سىز ئېچىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەزرىتىم، ھەر ئىش خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

— بىراق سىزنىڭ خاھىشىڭىز سەمەرقەندنى بابىرغا بېرىش ئىدىغۇ؟

— ئاسىي بەندىلەر بىز، خان ھەزرەتلىرى، خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ، ھۇزۇرىڭىزغا باش ئېگىپ كەلدىم... — خوجايەھيا كۆزىگە ياش ئالدى.

شەيبانىخان ياساۋۇلغا بۇيرۇدى:

— يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپ مىرزىسىنىڭ سايىسىگە ئولتۇرغۇزۇڭ!

خوجايەھيانى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەيبانىخان ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولغان ئاتمىش ياشلىق مويسىپىت موللا ئابدۇرەھىمنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن نېمە توغرىسىدىدۇ يەككە-يېگانە سۆزلىشىشكە باشلىدى.

خاننىڭ ئالدىرىماسلىقى بەزى سۇلتانلارنى تەئەججۇپقا سالماقتا ئىدى. سەمەرقەند دەرۋازىلىرى ئوچۇق ۋاقىتتا نېمىشقا پايتەختكە ئات سېلىپ كىرمەستىن، بۇ يەردە ئېزىلىپ يۈرىدۇ؟

3

شەيبانىخان تۆردىكى ئىشىكتىن كىرگەندە بارلىق ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى. خان شاھنىشىنغا سېلىنغان كىمخاپ كۆرپە ئۈستىگە چازا قۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان موللا ئابدۇرەھىم قورئاندىن قىسقا بىر ئايەت ئوقۇپ، خان ھەزرەتلىرىگە ئەڭ ئالىي تىلەكلەر بىلدۈردى-دە، ئاندىن مەقسەتكە ئۆتتى:

— ئىمامى زامان، خەلىفەئى رەھمانىنىڭ نىيىتى پەقەت شەھەر ئېلىش ئەمەس، دىن ۋە مىللەت دۈشمەنلىرىنى پاش قىلىپ، سىز ۋە بىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈرگەن مۇقەددەس يولغا يېتەكلەشتۇر. ئەگەر پەقەت مال-مۈلۈكنى ئويلايدىغان پادىشاھ بولسا، سەمەرقەندنى قاپقىلىرى ئېچىلغان ھامان چۇقان سېلىپ قەلئەگە ئات چاپتۇرۇپ، كىرەتتى. كاناي-سۇناي چالدۇرۇپ، ئۆز غەلىبىسىنى تېزرەك خەلققە ئاشكارا قىلاتتى. ئەمما بىزنىڭ ئۇلۇغ خانىمىز — دانالىقتا ئىسكەندەرىي زامان. شەيبانىخان مال-مۈلۈكتىن ئاۋۋال ئىنساپ ۋە ئىماننى ئويلايدۇ.

— بەرھەق! — دەپ قويدى موللا ئابدۇرەھىمدىن تۆۋەنرەك ئولتۇرغان مۇھەممەد سالىھ.

— پادىشاھ ئىنساپ ۋە ئىماننى ئۇنتۇسا قانچىلىك ئېپلاسلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى، مەملىكەتنىڭ قانچىلىك خاراب بولۇشى تۆمۈرىيلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىزگە مەلۇم، ئابدۇللەتىپ مىرزا ئۆز ئاتىسى ئۇلۇغبەگ مىرزىنى ئۆلتۈرگۈزدى. ھىراتتا ھۈسەيىن بايقارا ئۆز نەۋرىسى مۆمىن مىرزىنى ئۆلتۈردى. مانا ھازىر بىز بىلەن ئولتۇرغان سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆزىنىڭ ئاكىسى بايسۇنقۇر مىرزىنى تۇتقۇزۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا ئاكىسى قېچىپ قۇتۇلدى. كېيىن بايسۇنقۇر مىرزا بۇ ئىنىسىنى تۇتقۇزغاندا كۆزىنى كور قىلماقچى بولدى. ئەمما جاللاتنى ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ، بۇ مىرزىمۇ قېچىپ قۇتۇلدى. مىرزىلارنىڭ سارىيىدا ساتقۇنلۇق، خىيانەت، بۇزۇقلۇق

ئەۋج ئالدى. قۇرئانى شەرىف مەينى مەكرۇھ دەپ قەتئىي چەكلىگەن، ئەمما سورۇنىمىزدا ئولتۇرغان مانا بۇ ياش مىرزا جايىنامازئۇستىدە ئولتۇرغان ئىمامى زامان ھۆززۇرىغا مەي ئىچىپ شىركەيىپ كەپتۇ! بۇ مىرزىنىڭ شەھۋانىيپەرەسلىكى، شۇ يېشىدىن تارتىپ ھارام يولغا يۈرگەنلىكى ئىمامى زامان خانىمىزغا ئەزەلدىن مەلۇم ئىدى!

كۆپەكبىي غەزەپلىنىپ سۆز قاتتى:

— ئىسىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك مۇنداق مىرزىنى!

— ئەيىب پەقەت بۇ ياش مىرزىدا ئەمەس، — دەپ مۇھەممەد سالىھ ئۇنىڭغا ئېتىراز قىلدى، — بۇنىڭ ئاتىسى مەھمۇد مىرزا ناھايىتمۇ ئىمانسىز بۇزۇق ئادەم ئىدى. سەمەرقەندتە پادىشاھلىق قىلغاندا خوتۇنپەرەسلىككە قانائەت قىلماي، بەچچىۋازلىقنىمۇ ئەۋجگە چىقارغانىدى. بىچارە خەلق چىرايلىق ياش ئوغۇللىرىنىمۇ كوچىغا چىقىرىشقا قورقۇپ، قىزلارنى يوشۇرغاندەك ئىچكىرىگە يوشۇراتتى.

— ئوغلى ئاتىسىغا تارتىپتۇ-دە؟

— ئاتىسىچۇ؟ مىرزىنىڭ ئاتىسى قانداق؟

بۇ قالتىس سوئالدىن ھەممە بىردەم جىم بولۇپ قالدى. چۈنكى "شەيبانىخان زۆھرە بېگىمنى نىكاھلاپ ئالماقچىمىش" دېگەن گەپ-چۆچەك كۆپچىلىكنىڭ ئېسىگە چۈشتى. خان بۇ ئايالغا ئۆيلەنسە ئابرويى چۈشۈشىنى بۇرۇنلا سەزگەن ۋە ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى موللا ئابدۇرەھىمگە ئېيتقانىدى. ھازىر موللا ئابدۇرەھىم مىش-مىش گەپ-سۆزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىدى:

— مىرزىلارنىڭ كاساپىتى خوتۇنلىرىغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ مىرزىنىڭ ئانىسى ئۆز نەپسى ئۈچۈن يالغۇز ئوغلىنى قۇربان قىلىدىغانغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ!

موللا ئابدۇرەھىمنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن خاننىڭ زۆھرە بېگىمگە بولغان مۇناسىۋىتىمۇ كۆپچىلىككە مەلۇم بولدى. سۇلتانلاردىن بىرى:

— قۇتقۇرغان بايتالغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك ئۇنداق خوتۇننى! — دېدى.

يەنە بىرى:

— تاغارغا سېلىپ ئەڭ ئېگىز مۇناردىن تاشلاش كېرەك! — دېدى.

شەيبانىخان مۇنازىرىگە يول قويۇپ، ئۆزى ھەممىنىڭ سۆزىگە ئاستىرتىن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق تەكلىپلەر كۆپىيىپ كەتكەندىن كېيىن شەيبانىخاننىڭ ئىشارىتى بىلەن موللا ئابدۇرەھىم ھەممىنى جىمىتتى.

خان سۆزلىگەندە ئونلاپ كىشىلەر ئۇنىڭ سالماقلىق، ۋەزمىن ئاۋازىدىن، دانە-دانە قىلىپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن سېھىرلەنگەن-دەك قېتىپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. شەيبانىخان مىرزىلارنىڭ ئىنسابىنى، ئىمانىنى ئۇنتۇغانلىقى، ئەل-ئۇلۇسنى ۋەيران قىلغانلىقىغا يەنە بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈردى-دە، بىردىنلا خوجايەھياغا قارىدى:

— بۇ مىرزىلارنىڭ پىرى سىزنىڭ ئاتىڭىز خوجائەھرار ئىدى. "مەن ئەۋلىيا" دەپ، پادىشاھلارغا ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى زور بايلىققا ئىگە بولغانىدى. بىزنىڭ خەۋىرىمىز بار، ئاتىڭىزدىن سىزگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن قالغان. ئاتىڭىز ئۆلگەندىن كېيىن، مانا، ئون بىر يىلدىن بۇيان سىز سەمەرقەندكە روھانىي ئاتا بولۇپ

يۇرۇپسىز. سىزمۇ نەپسىڭىزگە بېرىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئالتۇن-كۈمۈش توپلىدىڭىز. بېلىق بېشىدىن بۇزۇلىدۇ، پىر قانداق بولسا مۇرىتمۇ شۇنداق بولىدۇ. كەينىڭىزدە ئولتۇرغان مانا شۇ شەھۋانىيپەرەس ياش مىرزا سىزنىڭ مۇرىتىڭىز، خۇدا ئالدىدا سىز شۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن دەپ قولىنى ئالغان!

شەيبانىخان بېگىز بارمىقى بىلەن، ئاۋۋال مىرزىنى، كېيىن خوجايەھيانى كۆرسەتتى-دە، ئاندىن شۇ بارمىقىنى پەسكە قارىتىپ سىلكىتتى:

— سىزنىڭ يەنە بىر مۇرىتىڭىز ئايال تۇرۇقلۇق ئەر ئىزدەپ كېلىپ پەستە ئولتۇرۇپتۇ. سىزنىڭ قانداق پىرلىكىڭىزنى مانا شۇلار كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ! سىز ئاۋۋال مۇرىتلىرىڭىزغا خىيانەت قىلىپ، سەمەرقەندنى بابۇرغا بەرمەكچى بولدىڭىز. كېيىن بۇلار پىرىغا خىيانەت قىلىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. خىيانەت ئۈستىگە خىيانەت! بىرى ئۇ ياققا تارتسا، بىرى بۇ ياققا تارتىدۇ! پادىشاھ ئۆزىچە، دىنىي يېتەكچى ئۆزىچە! بىرى بىرىنى ئالدايدۇ. بىرى بىرىنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولىدۇ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم پەيغەمبەر ئىدى، ھەم پادىشاھ ئىدى، ھەم لەشكەربېشى ئىدى. كىم شۇنىڭغا قادىر بولمىسا، كىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس يولىدىن يۈرمىسە، مانا شۇ پىر بىلەن مۇرىتقا ئوخشاش كاپىرلىق يارىغا غۇلايدۇ!

شەيبانىخان بۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى مەنسەپدارلىرىغىمۇ تەگكۈزۈپ سۆزلىمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىسى "خانىمىز تەختۇتاجغا قانائەت قىلماي ئىمامى زامان، خەلىفەئىي رەھمانمۇ بولۇۋالدى" دەپ پىچىرلىشاتتى، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئىشىنى خېلىدىن بۇيان كۆزىتىپ يۈرگەن شەيبانىخان ئۇلارنىڭ سەلتەنە-

www.uyghurkitap.com

لىرىدە خوجائەھراردەك دىنىي رەھبەرلەر ئۆزلىرىچە مۇستەقىل ھۆكۈمدار بولۇۋېلىپ، مىرزىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىچىدىن زەئىپلەشتۈرگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، شەيبانىخان خانلىق ھاكىمىيىتى بىلەن دىنىي ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا بىرلەشتۈرۈپ تۆمۈرىيلەرگە نىسبەتەن زور بىر ئۈستۈنلۈككە ئېرىشمەكتە ئىدى. ئۇ بۇخارادا مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگىنىدە شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئىلمىنى ياخشى ئۆگەنگەن، قۇرئاننى يادا بىلەتتى. ھازىر شەيبانىخاننىڭ قارارگاھىدا ئىسلام دىنىنى ئۇنىڭدىن ياخشى بىلىدىغان، قۇرئاننى قىرائەت بىلەن ئوقۇشتا ئۇنىڭدىن ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىمامىلىق ۋە خەلىفىلىك ئۇنۋانلىرى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىدى. شەيبانىخان مەركەزلەشكەن ئۇلۇغ بىر دۆلەت تۈزۈشكە ئىنتىلگىنىدە، بۇ مەقسەتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنىمۇ قازىنىشقا، ئۇلارنىڭ مەپكۇرىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ھەممىسىنى بىر داھىي ئەتراپىغا جىپسىلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ زور مەپكۇرىسى — دىنىي مەپكۇرە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئۆزى ئېرىشۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ دىنغا ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە باغلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنىڭ سەمەرقەندتىكى دۈشمەنلىرىمىز يەتتە باشلىق ئەجدىھادەك زور ئىدى. بۇ ئەجدىھا نى-نى قوشۇنلارنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتكەن. ئەمما بىزنىڭ ئىمانىمىز پاك، نىيىتىمىز خالىس. ئاللاتائالا ئاشۇ ئەجدىھانى ئىنىدىن تارتىپ چىقىرىپ، بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ئېلىپ كەلدى، "ئېمە قىلساڭ قىل!" دەپ قولىمىزغا بەردى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن سەمەرقەندتەك شەھەرنىڭ قاپقىلىرى

بىزگە جەڭسىز ئېچىلدى!

سەمەرقەندنىڭ ئۇرۇش ـ سىز تەسلىم بولۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ پادىشاھى ۋە دىنىي رەھبىرى ئۆز پۇتى بىلەن شەيبانىخان ھوزۇرىغا كىرىپ كەلگەنلىكى نەقەدەر چوڭ بىر زەپەر ئىكەنلىكىنى بارلىق ئەمەلدارلار گويا ئەمدى ئەستايىدىل ھېس قىلىشتى. بۇ زەپەرنىڭ خۇدا تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى بولسا شەيبانىخاننى ئۇلارنىڭ كۆزىگە خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن بىر ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتەتتى. شەيبانىخان دۇئاسى ئۆتكۈر ئەۋلىيا بولمىسا، بۇنچىلىك مۆرەككەپ، بۇنچىلىك قىيىن ئىشنى شۇنچىلىك دانالىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالايتتىمۇ؟

موللا ئابدۇرەھىم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ئىمامى زامانىمىز مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسۇن! — دەپ ئالقىشلىدى.

باشقىلارمۇ ئۆرە تۇرۇشۇپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە چاۋاك چېلىشتى:

— ئىسكەندەرىي سانىيغا ئاپىرىن!

— ھەزرىتى ئەۋلىياغا مىڭ رەھمەت!

— خەلىفەئىي رەھمان، دۇنيا تۇغىچە ھايات تۇرسۇن!

بارلىق ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندىن كېيىن سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن خوجايەھيامۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەمما ئۇلار تىرىك مۇردىدەك تەستە ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئەگەر ھازىر شەيبانىخان مانا بۇ ئالقىش ئېيتىۋاتقانلارغا بىر ئېغىز بۇيرۇسا، ئۇلار مىرزا بىلەن خوجانى تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىشى ئېنىق ئىدى.

خاننىڭ ئىشارىسى بىلەن ئالقىشلار توختىدى، ھەممە جايغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتىدىن ئۆلتۈردى.

— ماۋۇ خوجا بىلەن مىرزىنى، — دېدى شەيبانىخان، — مېنىڭ ئازاپ بېرىپ ئۆلتۈرسەك ھەققىمىز بار. بىراق ئىنساپ ۋە ئىمانىڭ قانچىلىك بولۇشىنى بۇلارغا يەنە بىر كۆرسىتىپ قويايلى. مەيلى، قانلىرىدىن كېچەيلى، جانلىرى ئامان قالسۇن!

باياتىن بېرى ئۆلۈمنى بويۇنلىرىغا ئېلىپ، جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئولتۇرغان مىرزا بىلەن خوجا ئەمدى بىردىنلا ئېگىلىپ، خانغا مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈشتى. خوجايەھيانىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، كۆزىگە ھەتتا ياش كەلدى:

— خۇدا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن، خان ھەزرەتلىرى!...

— بىراق، — دېدى خان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — جانابىي خوجايەھيا مال ۋە دۇنياغا ھېرىس بولۇپ، تەۋپىقنى ئۇنتۇغان. ئىمانىنى پاكلاش ئۈچۈن مەككەئى مۇكەررەمەگە سەپەر قىلسۇن. خوجىغا ئەتىگەنگىچە مۆھلەت بېرىمىز. كېرەكلىك نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە ھەجگە ماڭسۇن. كۆپەكبىي!

— لەببەي، خان ھەزرەتلىرى!

— خوجايەھيانى ئوغۇللىرى بىلەن ئەتە ئەتىگەندە سەمەرقەندتىن چىقىرىپ قويۇشنى سىزگە تاپشۇردۇق!

— باش ئۈستىگە، خان ھەزرەتلىرى!

— مانا بۇ ياش مىرزا، — دەپ شەيبانىخان سۇلتان ئەلى مىرزىغا قاراپ داۋاملاشتۇردى، — بىزگە ئوغۇل بولغۇسى كەپتۇ. مەيلى، دىندىن چىققانىنى يەنە دىنغا كىرگۈزۈش ساۋاب ئىش. شاھزادە تۆمۈرخان ئۇنى ئۆز ئادەملىرى قاتارىغا ئالسۇن.

ئاتىسىغا يېقىن ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلىق كېلىشكەن تۆمۈرخان

سېمىز مىرزىىغا نەپرەت بىلەن بىر نەزەر سالـدىيۇ، ئەمـما خانغا تازىم قىلىپ، بۇيرۇقنى بىجىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، — قوشۇپ قويدى شەيبانىخان، — يامان بولسا بېشىنى!

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ۋاقتىنىچە تىرىك قېلىۋاتقانلىقـىنى كۆپ ئادەم شۇ سۆزلەردىن سەزدى. ئەمدى پەستىكى قەۋەتـتە ئولتۇرغان زۆھرە بېگىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى.

شەيبانىخان بىرۋاقىتـلاردا زۆھرە بېگىمنى ناھايىتى گۈزەل دەپ ئاڭلاپ، "ئۆزەمگە غۇنچەچى① قىلىـۋالارمەن" دەپ ئويـلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بېگىمگە يازغان خېتىگە بىرنەچچە قۇر شېئىر قوشقا- نىدى. ئەمما ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بېگىمدىن ئىخلاسى قايتتى. توغرا، شېئىر يېزىپ بېگىمنى ئالدىغىنى كۆڭلىنىڭ بىر چېتىنى خىرە قىلىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ يەردە زۆھرە بېگىمدىن نەپرەتلىنىپ سۆزلىگەن ئەمەلـدارلار ئۇ خوتۇنـنىڭ بۇزۇقلۇقىغا خانىنمۇ ئىشەندۈردى-دە، كۆڭلىدىكى بۇ خىرەلىكنى تارقىتىۋەتتى. "ئۆزى شۇنداق ئالـدىنىشقا مۇناسىپ خوتۇن ئىكەن، — دەپ ئويلانـدى خان، — ئەگەر ھازىر قويۇپ بەرسەم، سۇلـتانـلار ئۇنى قوتـرىغان بايتالغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرىدۇ، لېكىن مەن مۇرادىڭىزغا يېتىسىز! دېدىم. مۇرادى ئەرگە تېگىش ئىكەن. زور بىر ئەر تېپىپ بېرىپ، سۆزۈمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاي!"

خاننىڭ كـۆزلىرى سورۇنـدا ئولـتۇرغان سۇلتانـلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، پەگاداراق ئولـتۇرغان يوغان گەۋدىلىك چوقۇر قارا كىشىگە

---

① غۇنچەچى — ۋاقىتلىق خوتۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ توختىدى. مەنسۇر باخشى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئادەم نېۋىپىلىك قىلاتتى. ئۇ داپ چېلىپ سۆپكۆچلۈك قىلىشنىمۇ بىلەتتى. "كۆتۈرگۈچى" دېگەن لەقىمى بار ئىدى. ئۇنىڭدا خوتۇن توختىمايتتى. ئالغان خوتۇنلىرى يا بىر-ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرمەي ئۆلەتتى، ياكى قېچىپ كېتەتتى.

— مەنسۇر باخشى، سىز خوتۇنغا قانماي يۈرۈپسىز، — دېدى شەيبانىخان، — پەستىكى بېگىم كېلىنچەكتەك ياسىنىپ كەپتۇ. شۇنى سىزگە ئۆزىتايلىمۇ؟

مەنسۇر باخشى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ، كۈلۈپ تەزىم قىلدى:

— مەرھەمەتىڭىزدىن ئايلىناي، ھەزرىتىم، جان دەيمەن!

ھەممىسى كۈلۈۋەتتى. شەيبانىخان بۇ توگۈننىمۇ سۇلتان ۋە ئەمەلدارلارغا ياقىدىغان بىر ئۇستىلىق بىلەن يەشكەندەك كۆپچىلىك ئەمنۇن ئىدى:

— خان ھەزرەتلىرى دانا يول تاپتى!

— مەنسۇر كۆتۈرگۈچى ئەمدى بېگىمنى قۇچىقىدىن قويماي راسا كۆتۈرىدۇ.

— بىرى بىرىگە مۇناسىپ!

— بىراق، — شەيبانىخان يەنە سۆز باشلىغانىدى، ئۆزئارا سۆزلەر ۋە كۈلكىلەر دەرھال بېسىلدى، — باخشىنىڭ تويىنى سەمەرقەندتە قىلىمىز. ھەممىمىز شەھەرگە تەرتىپ بىلەن كىرىمىز...

سەمەرقەندتە بىرنەچچە قېتىم بولغان ۋە قەيەردە نېمە بارلىقىنى ياخشى بىلىدىغان خان ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىش ۋە جايلىشىش تەرتىپىنى ئالدىن ئويلاپ قويغانىدى. ھازىر شۇنى بۇيرۇق

شەكىلگە كەلتۈرۈپ، لەشكەر باشلىرىغا ئېنىق يوليورۇق بېرىشكە باشلىدى.

شەيبانىخاننىڭ بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇنى چاررەھە دەرۋازىسىدىن سەمەرقەندكە كىرىپ كەلگەندە شەھەرنىڭ نېرىقى تەرپىدىكى سۆزەنگەران دەرۋازىسىدىن يۈزلەپ ئادەملەر قېچىپ چىقىپ كەتمەكتە ئىدى. بابىر ھازىر شەھرىسەبزدە ئىدى. سەمەرقەندتىن قېچىپ چىققان ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى شەھرىسەبزگە قاراپ ئالدىراشماقتا ئىدى.

ئەمما شەيبانىخاننىڭ قۇيۇندەك يۈگۈرۈك ئاتلىقلىرى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى قوغلاپ يېتىپ، كۆچلەرنى بۇلاشتى، كۆپىنى رەھىمسىز ئۆلتۈردى.

كېچىسى شەھەردە بۇلاڭچىلىق ئەۋج ئالدى. پەقەت خوجايەھيانىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىگە ۋە كەڭ ھويلىسىغا بۇلاڭچىلار كىرگۈزۈلمىدى. كۆپەكبىينىڭ يۈزچە نەۋكىرى خوجايەھيانىڭ ھويلىسىنى قوغداپ تۇردى. بىراق كۆپەكبىي قويغان مەخسۇس ئادەملەر خوجا ئەھراردىن قالغان بايلىقلار، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنىڭ قايسى ساندۇقلارغا جايلاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ كۆرۈپ قويۇشتى.

خوجايەھيا ئىككى ئوغلى، ئۈچ خوتۇنى، ئون بەشچە خىزمەتكارىنىڭ ياردىمىدە كېچىچە يۈك-تاقىنى يىغىشتۇردى. تاڭ ئاتقاندا بارلىق ساندۇق ۋە بوخچىلىرىنى، يۈك-تاقلىرىنى تۆت ھارۋىغا ۋە ئون ئىككى تۆگىگە ئارتتى. ئاياللارنى سايىۋەنلىك ھارۋىغا چىقاردى. خوجايەھيانىڭ ئۆزى، ئىككى ئوغلى ۋە ئونچە قوغدىغۇچى خىزمەتكار يىگىتى ئەڭ ياخشى ئاتلىرىنى مىنىشتى، سەمەرقەند بىلەن

غەمكىن خوشلىشىپ، قەلئەدىن چىقىشتى. كۆپەكبىي ئۆز نەۋكەرلىرى بىلەن بىللە خوجايەھيانى ئاھاكىلىق تېغىغىچە قوغداپ باردى. تېرمىز يولىغا تاغ ئېشىپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى. بىر تاغ ئارىسىدىكى ساي ئىچىدە كۆپەكبىي خوجايەھياغا قاراپ:

— بىز ئانھەزرىتىمنىڭ بۇيرۇقىنى بېجىردۇق، ئەمدى ئۇ تەرىپىگە ئۆزىڭىز كېتىۋېرىڭ! — دېدى-دە، نەۋكەرلىرى بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى.

ئۇ كۆرۈنۈشىدىن سەمەرقەندكە قايتماقچى بولغاندەك قىلاتتى. سايدىن چىققاندىن كېيىن يولىنى ئوڭغا بۇرىدى، باشقا بىر ساي ئارقىلىق خوجايەھيانىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى.

خىرە قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ، ئادەم ئادەمنى ياخشى تونۇيالمايدىغان ۋاقىت بولغاندا كۆپەكبىي بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن يۇقىرىدىن كۆچكۈندەك يامرىشىپ چۈشتى. قىيا-چىيا، داد-پەريادلارغا قارىماي، خوجايەھيانىڭ ئۆزىنىمۇ، ئىككى ئوغلىنىمۇ، قوغدىغۇچى يىگىتلىرىنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. تىرىك قالغان ئاياللار كۆپەكبىينىڭ ئونبېشىلىرىغا باشقا ئولجىلار قاتارىدا ئۈلەشتۈرۈلدى. ساندۇقتىكى گۆھەرلەر ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنىڭ يېرىمى كېچىسى خانىنىڭ خەزىنىسىگە ئەكىلىپ تاپشۇرۇلدى. چۈنكى كۆپەكبىينىڭ خوجايەھيانى ھەجگە يولغا سېلىش باھانىسى بىلەن تاغ ئىچىدە ئۆلتۈرۈشى ۋە بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىشى شەيبانىخانىنىڭ ئىما-ئىشارىسى بىلەن قىلىنغانىدى.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆلۈم خەۋپىنىڭ ئۆزىگىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە، قانداق قىلىپ بولمىسۇن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ پېيىگە چۈشتى. قويۇق تۇمان چۈش-

كەن كۈنى ئەزان ۋاقتىدا ئىككى نەۋكىرى بىلەن فىرۇزە دەرۋازىسى-
دىن يوشۇرۇن چىقىپ، پەنجەكەنت تەرىپكە قاچتى. بىراق تۆمۈر
سۇلتان ئۇنىڭ كەينىگە قويغان پايلاقچىلار بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار
ئىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا قەلئەدىن چىقىپ چىققۇچە ئۇنى
ئاتايىن قويۇۋەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەيىبىنى بوينىغا قويۇپ
چىقىپ كېتىۋاتقان پەيتتە تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. سۇلتان ئەلى
مىرزا سىياب بويلىرىغا بارماستىنلا كەينىدىن تۆمۈر سۇلتان ئىككى
يۈز نەۋكىرى بىلەن ئۇنى قوغلاپ يەتتى ۋە دەرھال ئوراپ ئېلىپ،
بىر قىلىچ زەربى بىلەن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

مەنسۇر باخشىغا ئىكاھلاپ بېرىلگەن زۆھرە بېگىم يالغۇز ئوغلى-
نىڭ تاۋۇتتا باشسىز ياتقان بەدىنىنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ بېشىغا
مۇشتلاپ داد سالدى، يۈزىنى قولى بىلەن تاتىلاپ قانىتىۋەتتى،
كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ چىرقىرىدى. لېكىن غالىبلار بۇنىڭ
ھەممىسىگە: "خوپ بولدى، ئۆزەڭ سەۋەبچىسەن" دېگەندەك بىر
زەھەرخەندە كۆز بىلەن قاراشتى.

## 4

سۇلارنىڭ يۈزىنى غازاڭلار قاپلاپ ئاقىدىغان شامالىق كۈز كۈن-
لىرى باشلاندى. سەمەرقەندتىن ئوتتۇز چاقىرىمچە شەرقىي جەنۇب
تەرەپتە، پەنجەكەنتتىن تۆۋەندە زەرەپشان دەرياسىنى كېچىپ
ئۆتكەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قورالىق ئاتلىقلار قاراڭغۇ چۈشكەندە
سىياب بويىغا يېقىنلاشتى. ئۇلار يولدا ئۇچرىغان قىشلاقلارنى يانداپ
ئۆتۈپ، ھېچقانداق يەردە توختىماستىن، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈر-
مەستىن مۇمكىنقەدەر جىمجىت كېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا ئاندا-ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۈچ كېلىپ قالغان دېھقانلار قورقۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى. شەيبانىخاننىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى.

ھازىر سەمەرقەند ئەتراپلىرىدا خاننىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى بار ئىدى. ئادەملەر مانا بۇ ئاتلىقلارنىمۇ شۇ قوشۇننىڭ بىر بۆلۈكى دەپ ئويلاپ ئۇلاردىن بالادىن قاچقاندەك قاچاتتى.

بىراق ئاتلىقلارنىڭ ئۆزلىرى بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك ئېھ-تىيات بىلەن كېتىپ باراتتى. قاراڭغۇدا سىيابتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئات-لىرىنىڭ بەش-ئالتىسى پاتقاقتا تىقىلىپ قالدى. ئۇلارنى پاتقاقتىن چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىمۇ لايغا پاتقان، يۈزلىرىنى قومۇشلار تاتىلىغان نەۋكەرلەر ئاچچىقىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەنىدى، تونۇش ئاۋاز ئۇلارغا كايىدى:

— مۇنچىۋالا دادلايسىلەر؟ دۈشمەنگە خەۋەر بەرمەكچىمۇ؟

بابۇرنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان بىر نەۋكەر:

— كەچۈرۈڭ، ئەمىرزادەم، — دېدى، — ھارام ئۆلىدىغان ئات يامان پېتىپ قالدى!

بۇلاق سۇلىرىدىن يىغىلغان سىياب سوغۇق كۈز كېچىسىدە ھور-لىنىپ ئاقماقتا ئىدى. تۈن قاراڭغۇسى ئۈستىگە سۇ ھورلىرىمۇ قوشۇ-لۇپ، پاتقاقنى قۇرۇق يەردىن ئاجراتقىلى بولمايتتى. لايغا پاتقان ئاتلار خېلى ئادەمنى يولدىن تۇتۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بابۇر:

— بولدى، چىقىرىشقا بولمىسا، قالسۇن! — دېدى.

قاسىمبەگ دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— پىيادە قالغانلار مېنىڭ ئاتلىرىمدىن ئالسۇن!

ئۇ تېتى لايغا پاتقان نەۋكەرلەردىن بىرى تاھىر ئىدى.

— تاغلاردا قانچە ئات ۋە تۆگىلەر قالدى، تىك قىيالاردىن ئۆتۈپ كەلگەن ئىتىم ئەمدى مۇشۇ پاتقاقتا قالامدۇ-ھە؟ — دېدى تاھىر ئىتىغا ئىچىنىپ.

— ئۆزىمىزنىڭ جېنىمۇ قىل ئۇستىدە! — دېدى بابىر.

تاھىر قاسىمبەگ ئۇچۇن يېتەكلەپ كېلىنىۋاتقان ئاتلاردىن بىرىگە مىندى. يەنە ئىككى نەۋكەر پىيادە قالغانىدى. ئۇلارغا بابىر ئۆزىنىڭ تۆت ئىتىدىن ئىككىسىنى بەردى.

ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە ئات-ئۇلاغ كۆرۈنمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ سەمەرقەندكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى شەيبانىخان مۇتلەق سەزمەسلىكى كېرەك.

بابىر يېرىمچە تاغلاردا يۈردى، شەھرىسەبزدىن ھىسارغا، ئۇنىڭدىن پان دەريا بويلىرىغا ئېشىپ ئۆتتى. سەمەرقەند بەگلىرى پۈتۈن نەۋكەرلىرى بىلەن ھىسار ھاكىمى خىسراۋشاھ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئەنجاندىن بابىر بىلەن كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسكەندەركۆل بويلىرىدىن ئۆرەتۆپە ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىغا قايتتى.

جەڭ بورانلىرى بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان شەيبانىخانغا يەتكۈزگەنىدى. بابىرنىڭ بىرنەچچە يۈز كىشى بىلەن تاغ ئارىسىدا قىينىلىپ يۈرگىنىنى ئېنىق بىلىدىغان شەيبانىخان ئەمدى ئۇنىڭ ئەنجانغا كېتىشىگە ياكى ئۆزگەنتتىن نېرىدا خانلىق قىلىۋاتقان تاغىسى ئالچىخان ئالدىغا بېرىشىغا شۇبھە قىلمايتتى. شەيبانىخان دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى ئويلىمايتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن شەھەردە بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاساسىي لەشكىرى بىلەن شەھەرنىڭ نېرىسىدىكى خوجادىدار دېگەن جاينى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قارارگاھ قىلغانىدى.

شەيبانىخاننىڭ خاتىرجەم يۈرگىنىدىن خەۋەر تېپىپ، سەمەرقەندكە تەۋەككۇل قىلىپ كېتىۋاتقان بابىر ناھايىتى قالتىس بىر ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى سېزەتتى. شەيبانىخاننىڭ جاسۇسلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. خان ئۆزىنى سەزمىگەنگە سېلىپ، بابىرنى شەھەرگە يېقىن كەلگۈچە قويۇپ بېرىشى، كېيىن قورشاۋغا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى قوشۇنمۇ بابىرنىڭ ئادەملىرىدىن ئىككى-ئۈچ باراۋەر كۆپ. بابىر شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشسە تىرىك قۇتۇلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. نەۋكەرلەر، بەگلەر ئامان قېلىشى ۋە خان ئەسكەرلىرى سېپىدە خىزمەت قىلىپ كېتىشى مۇمكىن، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلىرىنى خان ئۆز لەشكەرلىرىگە قوشۇۋالغىنى ھەممىگە مەلۇم. ئەمما يېڭى بىر سۇلالىگە ئاساس سالماقچى بولغان شەيبانىخان تۆمۈرىيلەرنى رەھىمسىز ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلغانلىقىنى بابىر بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىرەر پالاكەت بولۇشى بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە، ئاخىرقى نەپەسىگىچە جەڭ قىلىشقا، خاننىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىككە ئەھدە قىلىپ كېتىپ باراتتى.

قاراڭغۇدا يەنە بىرمۇنچە ئېرىقلاردىن ئۆتتى، كۆز كىرىپ، ئىگىلىرى كۆچۈپ كېتىپ كىشىسىز قالغان باغۇبوستانلارنى ئارىلاپ بېرىپ، سەمەرقەندتىن بېرىراقتىكى گۈلساغاتى كۆۋرۈكى ئالدىدا توختاشتى. بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن تۆت ئىشەنچلىك نەۋكەر دېھقان كىيىمدە شۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن، ئۇلار قەلئە تېمىغا قويۇپ چىقىش ئۈچۈن چوڭ شوتىلار تەييارلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەزىيەتنى ئۆگەنگەنىدى. ئالدىن تۈزۈلگەن پىلانىغا ئاساسەن، نەۋ-

كەرلەردىن يەتمىش ـ سەكسىنى شۇ يەردە ئاتتىن چۈشتى ۋە شوتى-لاردا كۆتۈرۈشۈپ، غارىئاشقان دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز يارلىققا ئاستا پىيادە كېتىشتى.

بابىر قالغان نەۋكەرلەر بىلەن فىرۇزە دەرۋازىسىغا يېقىن بېرىپ، دەرەخزار دۆڭنىڭ دالدىسىدا توختىدى.

ئەتراپ جىمجىت. يىراقتا خورازنىڭ بىرىنچى چىللىشى ئاڭ-لاندى. ئاسمان ئالا بۇلۇت. قارىيىپ تۇرغان ئېگىز قورغان كۆزگە ئارانلا كۆرۈندۇ. بابىر يېنىدىكى قاسىمبەگنىڭ ئۇسساپ، تىترەپ نەپەس ئالغىنىنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بەدىنى تىترەشكە باشلىدى.

قەلئەدىن ئەجەل سوغۇقى چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن مانا مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە خوجايەھيانىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى يوشۇرۇن ئېچىپ بېرىشىگە ئىشىنىپ بارغان بابىرنىڭ سىرى پاش بولغىنى، يىگىتلىرى ئوق يەپ، دۈشمەننىڭ زاڭلىق قىلغىنىنى ئاڭلاپ يانغىنى ئېسىگە چۈشتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن غارىئاشقانغا كېچىسى بارغان يىگىتلەرنىڭ ئالدىنىپ، قولغا چۈشۈپ هالاك بولغىنى كۆز ئالدىغا كېلىپ، كۆڭلىگە قورقۇنچ سىلىپ ئۆتتى. بابىر بۇ قېتىم يەنە ئالدانماسلىق ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىكى تەرەپدارلىرىنىڭ ھېچقايسىغا خەۋەر قىلماستىن، پەقەت ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ، تەۋەككۇل قىلىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى يۈز قىرىق كىشىلىك بىر قوشۇنى شەيبانىخاننىڭ بەش ـ ئالتە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىگە قانداق تەڭ كېلىشى مۇمكىن؟ يەنە كېلىپ خان قوشۇنى مۇستەھكەم قەلئە ئىچىدە. تارىختا بۇنچىلىك تەۋەككۇلچىلىك بولغانمىكىن؟

قورغانغا يوشۇرۇنچە يېتىۋالدى. ئەگەر شەيبانىخان ئىچكىرىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

"قاپقان" قۇرغان بولسىچۇ؟ بابىر بۇ "قاپقان"غا ئۆز پۇتى بىلەن چۈشەمدۇ؟

بەزى بەگلەر مانا شۇ ئەندىشىلەرنى ئېيتىپ، بابىرنى قالتىس نىيىتىدىن قايتۇرماقچىمۇ بولدى.

ئەمما بۇ نىيىتىدىن قايتىش يا ئەنجانغا دۈگدىيىپ بېرىپ، يەنە ئەلى دوستبەگكە قارام بولۇش، ياكى ئۆيسىز، ماكانسىز، كۆزنىڭ شۈبرغانلىرى، قىش سوغۇقلىرىدا خار-زار بولۇپ يۈرۈش كېرەك دېگەن سۆز ئىدى. بابىر قارام بولۇش ۋە خار-زارلىقتىن كۆرە بىر ئۆلۈمنى ئۈستىگە ئېلىپ شەيبانىخانغا يولۋاستەك دادىل ئېتىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن ۋە بەگلەرنىمۇ شۇنىڭغا كۆندۈرگەنىدى. ئەگەر ئىشى تەتۈرىدىن كەلسە، شەيبانىخاننىڭ قاپقىنىغا چۈشسە، ئەجەل سىرتمىقى ئەڭ ئاۋۋال بابىرنىڭ بويىنىغا چۈشۈشىنى ھەممىسى بىلەتتى. بابىرنىڭ ھەممە ھەرىكىتى — دۈشمەن "قاپقىنى"نىڭ قىسىۋالىدىغان جايىغا تەگمەستىن ئۆتۈشكە قارىتىلغانىدى. شۇ يەرگىچە شەپىسىنى دۈشمەنگە سەزدۈرمەستىن كەلدى. ئەمدى بۇ تەرىپى قانداق بولىدىكىن؟

بابىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەتراپقا قۇلاق سېلىۋېتىپ كېچە جىمجىتلىقىدا ئۆز يۈرىكىنىڭ دۈكۈلدەپ ئۇرۇشىنى ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ دۈكۈلدەشتە گويا تەقدىر ئېتىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىمۇ بار ئىدى.

* * *

ئېغىر شوتىلارنى ئاستا كۆتۈرۈپ، قەدىمكى چەقەردىزە① قەبرىستانىنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقان نەۋكەرلەرنىڭ بىرى تاھىر ئىدى. ئۇلار

① چەقەردىزە — كېيىنرەك "شەكەرجىزا" دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

قاراڭغۇدا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ شاھى زىنندەنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يوغان بىر ئۆڭكۈرگە يېقىنلاشتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئۇستى ئېگىز يار، ئۇنىڭ ئېتىكىدە غارمۇ بار. بۇ ۋەھىمىلىك جايلارغا كۈندۈزىمۇ ھېچكىم كەلمەيتتى. ئاياغ ئاستى چاتقاللىق، قورغاننىڭ تېمى مانا مۇشۇ يار ئۇستىدىن ئۆتىدۇ. شوتىلارنى تام تۈۋىگە كۆتۈرۈپ بارغۇچە يىگىتلەر قارا تەرگە پېتىپ كەتتى.

ئۇلارغا باشچىلىق قىلىۋاتقان نويان كۆكەلداش تام ئۇستىگە تىكىلىپ بىرپەس ساقلىدى. تېرەك بويى كېلىدىغان خىش تام ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىرنەچچە كىشى بىمالال يۈرۈپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. بىراق يۇقىرىدا ھېچبىر شەپە سېزىلمەيتتى، قاراۋۇللار سوغۇقتىن توڭۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەندەك تۇراتتى.

شوتىلارنى ئاستا تىكلىدى، ئۇچىنى تامنىڭ قىرىغا تىرەپ قويدى.

ـ قېنى، چىقىڭلار! ـ پىچىرلىدى نويان كۆكەلداش غوجەك بولۇپ تۇرغان نەۋكەرلەرگە. ئەمما ئون ئۇچ گەز ئېگىزلىكتىكى تام ناھايىتىخەتەرلىك، ئۇنىڭدىن يىقىلغان ئادەم تىرىك قالماسلىقى ئېنىق ئىدى. ئېھتىمال، قاراۋۇللار سېزىپ قېلىپ چىقىۋاتقانلارغا تاش ئاتار، ئوق ياغدۇرار؟ سەل ئىتتىرىۋەتسىلا بولىدى. شۇنى سەزگەن نەۋكەرلەرگە ئەڭ ئالدىدا چىقىش ناھايىتى دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى.

ئاخىر نويان كۆكەلداش ئۆزى شوتىنىڭ بالدىقىغا پۇتىنى قويۇپ:

ـ بىر ئۆلۈم ھامان بار، مەردانە بولۇڭلار، قېنى! ـ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

تاھىر ئىككىنچى شوتىدىن چىقىشقا باشلىدى. شوتىلاركەڭ، مۇستەھكەم قىلىپ ئىشلەنگەن، ھەربىرى ئالتە-يەتتە كىشىنى بىمالال كۆتۈرەتتى. يىگىتلەر ئىلگىرى كېيىن يۇقىرىغا چىقىۋاتاتتى، نويان ھەممىدىن ئاۋۋال تام ئۈستىگە چىقتى. تامنىڭ ئۈستى پىيادىلەر يولىچىلىك كەڭ، ئاتلىق يۈرسىمۇ بولىدۇ. يېقىن ئارىدا ھېچكىم يوق.

تاھىرمۇ چىقىپ، ئۆزىنى ئۆگەكنىڭ① دالدىسىغا ئالدى ۋە تۆۋەندىن چىققان نەۋكەرلەرنى قولىدىن تارتىپ پىچىرلىدى:

— پالتا قېنى؟

— مانا.

ئىككىنچى نەۋكەر بېلىگە قىستۇرۇلغان پالتىنى تاھىرغا ئېلىپ بەردى.

— قاراۋۇل ئۆيىگە يوشۇرۇن! — كىمگىدۇ پىچىرلىدى نويان.

ئۆگەك ۋە قاراۋۇل ئۆيى بولمىسا، تام ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ قارىسى تۆۋەندىن كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىن چىققان نەۋكەرلەر قاراۋۇل ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشتى. ھەممىسى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا مېڭىپ، ئېڭىشىپ، تام ئۈستى بىلەن فىرۇزە دەرۋازىسى تەرەپكە بېرىشقا باشلىدى.

تامنىڭ مەلۇم جايلىرىدا قاراۋۇلخانىلار بار ئىدى. بىر قاراۋۇلخانىغا يېقىن كەلگەندە ئىچكىرىسىدىن كىمدۇ نايمان تەلەپپۇزى بىلەن ئۇيقۇ ئارىلاش:

---

① ئۆگەك — سېپىل ئۈستىگە ئارىلىق قويۇپ ياسالغان كىچىك تام.

— ئىرىسباي، كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

تام ئۈستىدە كېلىۋاتقانلار دەرھال توختىدى. تاھىر قولىدىكى پالتىنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ سىقتى-دە:

— ھە، — دېدى.

ئەمما ئىچكىرىدىكى قاراۋۇل ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇماي خۇدۇك-سىنىپ، ئۇيقۇسى بىردىنلا قېچىپ:

— كىمسەن؟ — دېدى.

نويان كۆكەلداش قاراۋۇلخانىغا قاراپ ئېتىلدى. قاراۋۇل ئىچى-دىن ئالدىراپ چىقىۋاتقىنىدا كۆكسىگە غاچىلدىتىپ خەنجەر سانجىدى. قاراۋۇل جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى، تۆۋەندىكى قاراۋۇللارمۇ ئويغىنىپ كەتتى.

— تاھىر توختىماستىن دەرۋازىغا يۈگۈر! — دېدى نويان كۆكەلداش. ئۇ يىگىتلەرنىڭ بەش-ئونىنى پەستە ئويغانغان قاراۋۇل-لارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قالدۇردى-دە، ئۆزى باشقا نەۋكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، فىرۇزە دەرۋازىسىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

شەيبانىخان بۇ دەرۋازىنى قوغداشنى پازىل تارخان بىلەن ئۇنىڭ بىر يۈز ئەللىك يىگىتىگە تاپشۇرغانىدى. ھازىر بۇ يىگىتلەر-نىڭ كۆپچىلىكى ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتكەن، دەرۋازا قاراۋۇل-خانىسىدا يىگىرمىچە ئادەم ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇلار ئويغىنىپ، قورال-ياراغلىرىنى قوللىرىغا ئالغۇچە پالتا كۆتۈرگەن تاھىر دەرۋازا قولۇپىغا يېقىنلاشتى. ئاتىنىڭ كاللىسىدەك كېلىدىغان قۇلۇپ بىر ئىككى زەربىگە پەسەنت قىلمىدى. ئۆيى بۇ يەرگە يېقىن بولغان پازىل تارخان ئوتقاش كۆتۈرگەن يىگىتلەر بىلەن دەرۋازىخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى دەرۋازا قولۇپىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاھىرغا قاراپ نەيزە ئاتتى. نەيزە تاھىرنىڭ دوبۇلغىسىغا يېنىچە تېگىپ تېيىلىپ ئۆتتى-دە، دەرۋازا ياغىچىغا قادالدى. دەرۋازىخا-نىدا نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋازلىق باشلاندى. نويان كۆكەلداش باشلىق يىگىتلەر كۆپرەك ئىدى. پازىل تارخان بويىنىدىن قىلىچ يەپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

تاھىر پالتىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، گاھ قۇلۇپقا، گاھ دەرۋازا زەنجىرىنىڭ قاغىتۇمشۇقىغا ئۇراتتى، تۆمۈردىن ئۇچقۇن چاچرايتتى، ئەمما چوڭ قۇلۇپ، "مىت" قىلمايتتى. ئاخىرى قاغىتۇمشۇق سۇندى-دە، زەنجىر شالاقلاپ چۈشتى.

قورغان ئەتراپىدا سۇ تولتۇرۇپ قويۇلغان چوڭقۇر ئورەك بار ئىدى. ئورەكتىن دەرۋازىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈكمۇ مەخسۇس زەنجىر بىلەن دەرۋازا تەرەپكە كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى. تاھىر دەرۋازىنى ئېچىۋاتقاندا يىگىتلەردىن بىرى كۆۋرۈكنىڭ زەنجىرىنىمۇ بوشاتتى.

بابىر ۋە قاسىمبەگلەر ئىچكىرىدىكى ئېلىشىش شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ، ئورەك لېۋىگە كېلىپ تۇرغانىدى. دەرۋازا ئېچىلىپ، كۆۋرۈك چۈشۈش بىلەن ئۇلار ئىچكىرىگە ئات سېلىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ كىرىشتى. پازىل تارخاننىڭ تىرىك قالغان نەۋكەرلىرى شەھەر ئىچىگە قاراپ قاچتى.

قاسىمبەگ باشلىق ئاتلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. نويان كۆكەلداشقا ئېتىنى ئەكىلىپ بەردى. تاھىرمۇ، باشقا پىيادىلەرمۇ يەنە ئاتلاندى. بابىر نەۋكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى نويان كۆكەلداش بىلەن بىللە چاررەھە دەرۋازىسىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. ئۆزى قال-غان نەۋكەرلىرى بىلەن سوزەنگەران دەرۋازىسىغا قاراپ ئات

چاپتۇرۇپ كەتتى. ئەگەر دەرۋازىلار تېزرەك ئېگىلەنمىسە، تاشقىرى-دىن شەيبانىخان پۈتۈن قوشۇنى بىلەن كىرىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

فىرۇزە دەرۋازىسى ئالدىدىن باشلانغان جەڭ شاۋقۇنى بىردەم-دىلا پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتتى. شەھەر ھاكىمى جانئاپا شەيخ-زادە دەرۋازىسى تەرىپىدە ــ خوجايەھيادىن تارتىۋېلىنغان ھەشە-مەتلىك ھويلىدا ئۇخلاپ ياتقانىدى. توپىلاڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بارلىق نەۋكەرلىرى بىلەن ھويلىدىن ئاتلىنىپ چىققۇچە، قاسىمبەگ-نىڭ يىگىتلىرى پازىل تارخاننىڭ ئادەملىرىنى قوغلاپ كەلدى. چاررەھە دەرۋازىسىدىن قوغلانغان كۆپەكبىينىڭ نەۋكەرلىرىمۇ ھاكىم ياتقان جايغا قېچىپ كېلىۋاتاتتى. قاراڭغۇدا دۈشمەن قايسى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرى قايسى، ھاكىم ئاجرىتالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بارلىق يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلار دۈشمەن بولۇپ كۆرۈندى. سەمەرقەندكە بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالدى.

ھاكىم "بىھساب دۈشمەنگە تاقابىل كېلەلمەيمەن"، دەپ ئويلاپ، ئېتىنى شاھزادە دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى. بابىرنىڭ ئادەملىرى تېخى بۇ دەرۋازىغا يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. ھاكىم ئۆز نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇپ، دەرۋازىنى ئاچقۇزدى-دە، يۈزچە ئادىمى بىلەن خان قارارگاھىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

سەھەركى غەرق ئۇيقۇدىن قورقۇپ ئويغانغان كۆپچىلىك سەمەر-قەندلىكلەر خان نەۋكەرلىرىنى بابىرنىڭ ئادەملىرى قوغلاپ يۈرگە-نىنى تاڭ يورۇغاندا بايقىدى. شەيبانىخاندىن نارازى كىشىلەر ناھايىتى ئۇرغۇن ئىدى. ھۈنەرۋەنلەر بولغان، دېھقانلارنىڭ ئېتىز-

لىرىنى كۆچمەنچى قوشۇنىنىڭ بىھېساب ماللىرى چەيلىۋەتكەن. ھەج يولىدا ئىككى بىگۇناھ ئوغلى بىلەن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن خوجا-يەھيانىڭ تەرەپدارلىرى قاتىللاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن كاسىپ ۋە دېھقانلارنى قوزغاتتى. ھاكىمىيەت ئۆزگەرگەندىن كېيىن مەنسەپ-دىن ئاجرىغان ئىلگىرىكى ئەمەلدارلار شەيبانىيخاننىڭ ئادەملىرى سۇلتان ئەلى مىرزىنىمۇ نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈشتى، دەپ خۇن تەلەپ قىلىپ چىقىشتى. بابىرنىڭ ئىككى يۈز قىرىق كىشىسى يېنىغا بەش-ئالتە مىڭ كىشىلىك قىساسكار خالايىق قوشۇلدى. كەلكۈندەك دەھشەتلىك خالايىق خاننىڭ ئادەملىرىنى يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن تېپىپ چىقاتتى، كوچىدا قېچىپ يۈرگەنلىرىنىڭ ئالدىنى توساپ قورشىۋالاتتى، پىچاقمۇ، پالتىمۇ، تاياقمۇ، تاشمۇ، خىشمۇ، قوللىرىغا نېمىلا چىقسا شۇنىڭ بىلەن زالىملارنى ئۇرا-ئۇرا ئۆلتۈرۈپ، يەنچىپ تاشلايتتى. قوزغالغان خەلق ئارىسىدا ئاۋۋالقى مىرزىلار ۋە بەگلەردىن جەبىر كۆرگەن ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى، ئۇلار بەش-ئون يىل بۇرۇنقى قىساسلىرىنىمۇ ئەمدى مانا بۇ زالىملاردىن ئالماقتا ئىدى.

كۈن چىقىۋاتقاندا شەھەر سىرتىدا بىر قىسىم قوشۇن بىلەن شەيبانىيخان پەيدا بولدى، ئەمما سۇ تولغان ئورەكتىن بېرىگە ئۆتەلمىدى. بارلىق دەرۋازىلار بابىرنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئېتىۋېلىنغان، ئورەكلەرنىڭ كۆۋرۈكلىرى تارتىۋېتىلگەن، ئىچكىرىدە ئىنتىقام داۋام قىلماقتا ئىدى.

5

تاھىر كېچىچە ئۇخلىماي سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ

غەلىبىنىڭ شادلىقىدىن چارچىغىنىنى سەزمەيتتى، پەقەت قورسىقى ئېچىپ، سەمەرقەندنىڭ ناۋايلىق ۋە ئاشپەزلىك رەستىلىرى ھېلىدىن ھېلىغا ئېسىگە چۈشەتتى. ئەتىگەندە ھەممە دەرۋازىغا قاراۋۇللار قويۇلغاندىن كېيىن قاسىمبەگ تاھىرغا رۇخسەت بەردى. تاھىر ئېتىغا مىنىپ، يەنە ئاتلىق ئىككى دوستى بىلەن ناۋايلىق رەستىسىگە كەلدى. بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە يۈز كىشىلىك ئادەملەر توپى بەش-ئالتە خان نەۋكىرىنى ئورنۇۋىلىپ، تاشبوران قىلىشماقتا ئىدى. نەۋكەرلەرنىڭ بەزىلىرى يىقىلىپ، تاش كېسەكلەر ئاستىدا جان بەرگەندى، بىر-ئىككىسى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ داد سالاتتى، ئىڭرايتتى. يالاڭباش بېشىدىن قان ئېقىۋاتقان، يىرتىلغان كۆڭلىكى ئارىسىدىن كۆكىرىپ كەتكەن بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئۆزى تىزلىنىپ، ئادەملەردىن شەپقەت سوراۋاتقان يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىتكە تاھىرنىڭ رەھمى كەلدى. ئۇ خەلق توپى ئارىسىغا ئاتلىق كىرىپ:

— خالايىق، بابىر مىرزا پەرمان بەردى! — دەپ ۋارقىرىدى، — تەسلىم بولغانلارنى ئەسىر ئېلىش كېرەك! بۇلارمۇ مۇسۇلمان! خالايىق، بولدى قىلىڭلار! بىزمۇ نەۋكەرمىز! نەۋكەر ئەيىبدار بولماسلىقى مۇمكىن! ھەممە ئەيىب بۇلارنىڭ خانلىرىدا! خالايىق، توختاڭلار! بابىر مىرزىنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداڭلار!

ئادەملەر بابىرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئاتلىق يىگىتنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا نېرىقى ئىككى ئاتلىق خەلق توپى ئارىسىغا يېرىپ كىردى. ئۇچەيلەن بولۇپ تاشبورانىنى توختاتتى.

تاھىر بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇدى. چالا ئۆلۈك

يىگىتلەردىن ئۈچىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلىتىپ، ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى.

شۇ ۋاقىتتا خەلق توپى ئارىسىدا تۇرغان سېرىق بۇرۇتلۇق، ئېگىز بويلۇق بىر كىشى:

— توختا، يىگىت سەن... تاھىر ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپ قالدى.

تاھىر ئۇزۇن كالتەك كۆتۈرۈۋالغان بۇ ئادەمگە تىكىلىپ قارىدى-دە، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن مانا شۇ كوچىدا ئاچلارغا نان تارقاتقان پەيتىنى ئەسلىدى.

— مەمەت ئاكا! سىز نېمىشقا كالتەك كۆتۈرۈپ يۈرسىز؟ ئۆزدى-گىزمۇ ئۆزبېك ئۇرۇقىدىن ئەمەسمىسىز؟

— ھە ئۇكا، بۇلار ئۆزبېككە كۆپ يامانلىق قىلدى. مېنىڭ بىچارە خوتۇنۇم شۇلارنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى!

مەمەتنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىرايتتى. تاھىر بۇ ئادەم بىلەن رابىيە ھەققىدە سۆزلەشكىنىنى ئەسلىدى-دە، ئۇنتۇلغان ئەلەملىرى بىردىنلا يېڭىلاندى. ئۇ ئەسىرلەرنى نېرىقى ئىككى شېرىكىگە ھەيدى-تىۋېتىپ، ئۆزى ئېتىنى يېتەكلەپ، مەمەتنى چەتكە باشلاپ چىقتى.

— مەمەت ئاكا، مەن تاپشۇرۇپ كەتكەن گەپ ئېسىڭىزدىمۇ؟

— قايسى؟... ھە، ھە... ئېيتماقچى، بىچارە خوتۇنۇم ھايات چېغىدا بىر سۆز ئاڭلاپ كەلگەنىكەن... سىز ئېيتقان قىز ئەنجانلىقمىدى؟

— قوۋالىق.

— بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، شۇ تەرەپتىن ئەپقېچىپ كەلگەنىكەن. كېيىن تۈركىستانلىق بىر سودىگەر تارخان سېتىۋېلىپ ئەكەتكە-نىكەن.

— تۈركستانغىمۇ؟

— ھە، كېيىن شۇ تارخان شەيبانىخان بىلەن سەمەرقەندكە كۆچۈپ كەپتۇ.

— قىز بىلەنمۇ؟ قىز تىرىكمۇ، يوق؟

— تىرىك!

تاھىر مەمەتنىڭ كالتەك تۇتقان قوللىرىدىن مەھكەم تۇتتى-دە، ئالدىراپ سورىدى.

— ئىسمى رابىيەمۇ، ھە، رابىيەمۇ؟

— رەھمەتلىك خوتۇنۇم ئىسمىنى بىلمەيتتى.

— ئۆزىنى كۆرۈپتىمۇ؟ قەيەردە كۆرۈپتۇ؟

— پازىل تارخاننىڭ ئۆيىدە.

— قايسى پازىل تارخان؟

— بۈگۈن كېچىدە ئۇنى ئۆزەڭلەر ئۆلتۈرۈپسىلەرغۇ؟.

— ئۆيى قەيەردە، ئۆيى؟

— يۈرۈڭ، مەن كۆرسىتىپ قوياي!

تاھىر بىر سەكرەپ ئېتىغا مىندى-دە، مەمەتنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈردى. مەمەت كالتىكىنى تاشلىدى، تاھىرنىڭ قولتۇقى تېگىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قىڭغىر-قىيسىق كوچىلاردىن باشلاپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئېتىنى يۈرۈتۈپ كېتىۋاتقان تاھىر: "ئىلاھىم نائۈمىد قىلمىغىن پەرۋەردىگارىم! — دەيتتى ئىچىدە، — ئىلاھىم رابىيە بولسۇن-دە!".

ئۇ ئالتە يىلدىن بۇيان رابىيىنى ئىزدەپ-ئىزدەپ، ئاخىرى، ئەمدى تېپىلمايدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلگەن ۋە بۇ پىكىرگە كۆنۈكۈپ قالغانىدى. ھازىر چاقماقتەك چاقنىغان ئۈمىد ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا گۈلدۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مامەدەك تەسىر قىلىۋاتاتتى. بۇ ئۈمىدنىڭ چاقماقتەك تېز ئۆچۈشى مۆمكىنلىكى يۈرىكىنى دەككە-دۈككىگە سالاتتى، ئەزايى بەدىنى زىر-زىر تىترەتتى.

— ئەنە مۇشۇ ئۆي! — دەپ مەمەت ئارقىسىدا چوڭ بېغى بار ئىككى قەۋەتلىك خىش ئىمارەتنى كۆرسەتتى.

دەرۋازا ھاللاڭ ئوچۇق، قوراللىق يىگىتلەر ئىچكىرىسىدىن نەقىشلىك ساندۇقلارنى ۋە چوغدەك گىلەملەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. يېقىنراق بېرىپ، تاھىر قاسىمبەگنىڭ نەۋكەرلىرىنى تونۇدى. ئۇلارغا چوڭ سودىگەر باي ۋە شەيبانىخاننىڭ يېقىن كىشىسى پازىل تارخاننىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش تاپشۇرۇلغانىدى.

تاھىر دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى-دە، تونۇش نەۋكەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ئىتىبار بەرمەي، توغرا ئىچكىرى ھويلىغا ماڭدى. ئايۋاننىڭ يولىدا پازىل تارخاننىڭ قانغا مىلەنگەن مۈردىسى يېتىپتۇ. يۇقىرىقى قەۋەتتىن ئاياللارنىڭ يىغا-زارى ئاڭلاندى. پازىل تارخاننىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرى ئۈچۈن ھازا ئاچقان، بەزىلىرى بايلىققا تولغان ساندۇقلاردىن ئايرىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ دادلىشاتتى، بەزىلىرى بولسا دۈشمەندىن قورقۇپ يىغلىشاتتى.

تاھىر تۆۋەن قەۋەتتىكى ئوچۇق ئىشىكلەرگە باش تىقىپ قارىدى، ھېچكىم يوق. پەقەت ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ۋە بېزەكلىرى تۇرۇپتۇ. بۇ تارخاننىڭ نەچچە خوتۇنى بولغانىكىن؟ رابىيە شۇنىڭغا چۈشكەن بولسا، ئۇنىمۇ خوتۇن قىلىپ ئالغانمىكىن؟ تاھىرنىڭ خىيالىغا توساتتىن كەلگەن بۇ پىكىر قەلبىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ ئايۋاندىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى-دە، يۇقىرىدا يىغلاۋاتقان ئاياللارغا قارىتىپ ۋارقىرىدى:

— هەي، رابىيە بارمۇ؟ رابىيە! قوۋالىق رابىيە مۇشۇ يەردە بارمۇ؟

خوتۇنلارنىڭ يىغىسى بىردىنلا توختىدى. يۇقىرىقى قەۋەتنىڭ ئايۋىنىدىن يېشىل رومال ئارتقان بىر چوكاننىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ قاش-كۆزى رابىيەنىڭكىگە ئوخشايتتى. تاھىر يۇقىرىغا تەلپۈنۈپ، غالىلداپ:

— رابىيە — دېدى، — رابىيە!

يېشىل رومالىق چوكان ئۇنى كۆردى-دە، ئۆزىنى ئارقىغا ئالدى، كېيىن يەنە ئايۋان چېتىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. تاھىر ئەمدى ئۇنىڭ مەخمەل نىمچىسىنى، بوينىدىكى مارجانلىرىنىمۇ كۆردى. چوكانغا يىگىتنىڭ تاۋۇشى تونۇش تۇيۇلاتتى، ئەمما قىلىچ ۋە خەنجەر تاقىغان، يۈزىدە چوڭ تاتۇقى بار، ساقال بۇرۇتى ئۆسكەن ھەيۋەتلىك نەۋكەر ئۇنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈردى. چوكان ئالدىنىشتىن قورقۇپ يەنە ئارقىغا قاچتى. تاھىر يۇقىرىقى قەۋەتكە قاراپ يۈگۈردى، ئەمما تەمتىرەپ قالغانلىقىدىن ئايۋان چېتىدىكى پەلەمپەينى تاپالمىدى. نېمىشقىدۇ ئۆپكىسى تىقىلىپ كۆزىگە ياش كەلدى:

— رابىيە، مەن تاھىرمەن! تاھىر!

يۇقىرىدىن چوكاننىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— تاھىر ئاكا!!

كېيىن يېشىل رومالىق چوكان چاچ پۆپۈكلىرىنى شىلدىرلىتىپ، پەلەمپەيدىن ئۆزى يۈگۈرۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. يۈز-كۆزى رابىيەنىڭكى، ئەمما مارجانلىرى، كىيىملىرى، يەنە نېمىسىدۇ باشقىچە. تاھىر ئۇنى كۆرۈپ جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. رابىيەمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

پەلەمپەي ئالدىدا توختىدى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قورقۇش ئارىلاش پىچىرلىدى:

— سىز تاھىر ئاكامنىڭ ئەرۋاھىسىز!

رابىيە تاھىرنى ئاشۇ نەيزە زەربىسىدىن ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئويلايتتى، ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا بېغىشلاپ دۇئالار ئوقۇيتتى. "ئەمدى تىرىك كۆرمەيمەن، ئەرۋاھىنى كۆرسەممۇ رازى ئىدىم" دەپ خۇدادىن ئەستايىدىل سورىغان پەيتلىرى كۆپ بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ ئىلتىماسىغا پەرىشتىلەر ئامىن دېگەنمىكىن؟

— ئەرۋاھىڭىزمۇ جېنىمدىن ئەزىز، تاھىر ئاكا!

— مەن تىرىكمەن رابىيە! سېنى ئالتە يىلدىن بۇيان ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن!

— تىرىكسىز؟! — دەپ رابىيە تاھىرغا يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ چاپىنىنى، قىلىچىنى، قوللىرىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ كۆردى. تاھىر ئۇنى يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باسقانىدى. رابىيە ئۇنىڭ ئەرۋاھ ئەمەسلىكىگە ئەمدى ئىشىنىپ يىغلىۋەتتى:

— تىرىك! تىرىك! خۇداغا شۈكۈر، تىرىك!

تاھىر ئۇنىڭ سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكى ئۈستىدىن يەلكىسىنى سىلاپ:

— رابىيەم، جېنىم! — دېدى، — خۇداغا شۈكۈر، ئۆزەڭمۇ تىرىك ئىكەنسەن! مەن سېنى ئالتە يىل ئىزدىدىم، نە-نەلەردە يۈردۈڭ؟ نېمە بولدى؟

رابىيە پازىل تارخاننىڭ يەتتىنچى خوتۇنى بولۇپ ئۆتكۈزگەن يىللىرىنى ئەسلىدى-دە، بىردىنلا ئارقىغا سىلكىنىپ، تاھىرنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى:

— مېنى قۇچاقلىماڭ، تاھىر ئاكا! مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەسمەن!

رابىيە ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن ئايۋاندا ياتقان ئۆلۈككە قاراپ قويدى. پازىل تارخان ئۇنى باسقۇنچىلاردىن بىر قاپچۇق ئالتۇنغا سېتىۋالغانىدى. رابىيە ئەللىكتىن ئاشقان بۇ قېرىدىن ھەزەر قىلاتتى. پازىل تارخان تۈركىستاننىڭ يەسسى شەھىرىدە ئۇنى نىكاھلاپ ئالغاندىن كېيىن بەش-ئون كۈن تۇرار-تۇرماس، سودا ئىشى بىلەن بۇخاراغا كەتتى، ئۇ يەردىن باشقا بىر چىرايلىق قىزنى ئېلىپ قايتىپ، كېيىن ئاشۇنىڭ بىلەن بولۇپ كەتتى. رابىيە ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ھەرەمدە تۇل ياشىغان. لېكىن بۇنى ئەمدى تاھىرغا قانداق تونۇشتۇرىدۇ؟ تاھىرغا پاتىھە قىلىنغان رابىيە كېيىن بىرسىگە خوتۇن بولغان، بۇنىڭ دېغىنى قانداق يۇيۇش مۇمكىن؟

رابىيە يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ مۆل-مۆل يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بويىندىكى مارجانلىرى، چېچىغا تېقىلغان چىرايلىق كۈمۈش چاچ پۆپۈكلىرى، ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلىكى — ھەممىسى مۇشۇ باي سودىگەرنىڭ پۇلىغا كەلگەن. تاھىر شۇنى ئويلىدى-دە، ئۇنىڭ نەزىرىدە، رابىيە ئۆلگەن ئېرىگە كۆيۈنۈپ يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— رابىيە، راستىنى ئېيت، سەن ئېرىڭگە... سادىقمىسەن؟!

— مېنى پۇلغا ساتتى! زورلاپ نىكاھلىدى!

— بولمىسا نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا ئېچىنىپ يىغلايسەن؟

— مەن سىزگە ۋاپا قىلالمىغىنىمغا ئېچىنىمەن! سىزنى ئۇنتۇغىنىم يوق، تاھىرجان ئاكا! مانا، ئۈستىمىزدە خۇدا تۇرۇپتۇ! بۇ سودىگەر سىزنىڭ تىرىنقىڭىزغىمۇ ئەرزىمەيتتى! لېكىن مېنى. ئۇنىڭغا قول

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېرىشتى.

تاھىر چىشىنى-چىشىغا چىشلەپ سورىدى:

— بالاڭ بارمۇ؟

رابىيە يىغا ئارىلاش بېشىنى چايقىدى:

— مەن نامىغا خوتۇن ئىدىم... ئەسلىدە تۇل...

بىر چاغلاردا گۈلدەك قىز بولغان رابىيىنىڭ ئۆزىنى "خوتۇن"، "تۇل"، دەپ ئاتىشى تاھىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاقشىتىۋەتتى. رابىيەدەك قىزغا ئالتە يىلدىن بۇيان "چۈشىنى قونماي" يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇ ئىلگىرىمۇ خىيالىدىن نۇرغۇن ئۆتكۈزەتتى، "پەقەت تىرىك تاپسام بولدى!" دەپ ئىزدەيتتى. بىراق رابىيىنى تاپقىنى بىلەن ياشلىقتىكى ساپ، ساددا بەختى ئەمدى ئەبەدىي تېپىلماسلىقىنى ئۇ ئىلگىرى بىلمەيتتى. بەدەنىدىكى ئېغىر جاراھەت ئۆزەلگەندىمۇ تاتۇقى ئۆمۈرۋايەت قالغىنىدەك، باشلىرىغا چۈشكەن سەۋدانىڭ دەھشەتلىك ئىزى كۆڭلىدىن ئاسانلىقچە كەتمەسلىكىنى تاھىر ئەمدى سەزمەكتە ئىدى. رابىيەمۇ ئەبەدىي يوقالغان غۇبارسىز ياشلىقىغا ئېچىنىپ يىغلىماقتا ئىدى.

— رابىيە، بولدى! ئامان قالغانلىقىمىزغا شۈكۈر قىل، قېنى يۈر!

تاھىر رابىيىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا باشلىدى. قىز يىغىدىن توختاپ:

— قاياققا؟ — دېدى.

— سەن ھېلىمۇ مېنىڭ لايىقىمسەن. يۈر، چاپسان!

— ئاخىر مەن... مەن... نەرسىلىرىمنى ئالاي!

— ھېچ نەرسە ئالمايسەن. ھەممىسىنى ئۇنتۇغىن. ئىككىنچى يادىڭغا سالما!

تاشقىرىقى ھويلىغا چىققاندا رابىيە يۈك توشۇۋاتقان نەۋكەرلەرنى كۆردى-دە:

— كوچىدا... ئۈيلىمەن! — دېدى، — پۈركەنچەم يوق.

تاھىر چاپىنىنى يېشىپ بەردى. رابىيە تاپىنىغا چۈشىدىغان ئۇزۇن كۆمۈش رەڭگىدىكى چاپاننى بېشىغا يېپىندى-دە، تاھىرنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ چىقىپ كەتتى.

كېيىن تاھىر قاسىمبەگكە ئەرز قىلىپ فەقىھ ئابدۇللەيس مەھەللىسىدىن شەيبانىخانىنىڭ ئادەملىرى تاشلاپ كەتكەن يامان ئەمەس بىر ھويلىنى ئالدى. رابىيەنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، مەھەللە ئىمامى ئۇنى تاھىرغا نىكاھلاپ قويدى.

6

كېچىسى ياغقان قېلىن قار ئۆگزىلەرنى، تاملارنى، دەرەخ ۋە گۈمبەزلەرنى مەيىن ئاق رەڭ بىلەن بېزەپ چىققانىدى.

بابىر بوستان سارايىنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىدىن شەھەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. پاكىز قار ئارىسىدىن ئۇيما گۈلدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان دەرەخ شاخلىرى ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇددى ئاق قەغەزگە يېزىلغان نەستەئلىق① خېتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۈگۈن ھىراتتىن، ئەلىشىر ناۋايىدىن كەلگەن خەتمۇ نەستەئلىق بىلەن يېزىلغىنى ئېسىگە چۈشتى-دە، قەلبىدىكى خۇشاللىق ۋە پەخىرلىنىش يېڭى بىر كۈچ بىلەن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

---

① نەستەئلىق — ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەتنىڭ كەڭ تارقالغان بىر تۈرى.

بابىر سەمەرقەندنى شەيبانىخاندىن تارتىۋالغاندىن بۇيان ئۇنىڭ جاسارىتىگە تەن بېرىپ شېئىر يازغانلار، قۇرلاردىن ئەبجەد ھېسابى بىلەن غەلىبىنىڭ ئېنىق يىل ھېسابىنى چىقارغان تارىخ يازغۇچىلار نۇرغۇن ئىدى. ئەلىشىر ناۋايىدىن بابىرغا كەلگەن تەبرىك بولسا ھەممىسىنىڭ گۈلتاجى بولدى. ھىرات سەمەرقەندتىن قانچىلىك يىراق. ناۋايىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى بەند قىلىدىغان مەشھۇر ئادەملەر ۋە مۇھىم ئىشلار قانچىلىك كۆپ! شۇنىڭغا قارىماي، ناۋايى بابىرنىمۇ بىلىدىكەن، ئۇنىڭ تەقدىرىگە يىراقتىن قىزىقىپ قارايدىكەن. سەمەرقەندنى ئاۋۋال بىر قېتىم ئالغانلىقىدىن خەۋەردار ئىكەن. "بۇ نۆۋەت سەمەرقەندنى ئۆز نامىڭىزغا مۇناسىپ ھۇجۇم بىلەن ئاپسىز"، دەپ، بابىرنىڭ نامى يولۋاس سۆزىدىن ئېلىنغىنىغا ئىشارە قىلىپتۇ. بەلكى بۇ سۆزلەردە باشقا بىر ئىشارىمۇ باردۇ؟ ناۋايىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى مەلۇم. بابىر ئۆتكەن نۆۋەت سەمەرقەندنى يەتتە ئاي قامال قىلغاندا، شەھەر خەلقى ئاچلىقتىن قانچىلىك ئازاپ تارتقىنىنى ناۋايىمۇ ئاڭلىغان بولسا كېرەك. بۇنداق قاماللارنى ئۇ بابىرغا مۇناسىپ كۆرمىگىنى ئۈچۈن شۇنداق دەپ يازغانمىكىن؟

بابىر قىممەت باھا جاۋھىرلىرىگە كىتابلار تىزىپ قويۇلغان خاس خانىنىڭ تۆرىگە ئۆتتى. خۇش بۇي سەندەل دەرىخىدىن ئىشلەنگەن مىز ئۈستىدە ناۋايىدىن كەلگەن ئالتۇن بوغقۇچلۇق خەت تۇرۇپتۇ، بابىر مىز ئالدىغا سېلىنغان زەر باپ كۆرپىگە ئولتۇرۇپ، خەتنى پاشقىدىن ئوقۇشقا باشلىدى.

ھەربىر قۇر تۈركىي تىلنىڭ گۈزەل جىلۋىلىرى بىلەن تولغان. بابىر بىرىنچى ئوقۇشىدا ئانچە ئېتىبار بەرمەي ئۆتكۈزۈۋەتكەن

بىرقانچە جۈملىگە بۇ نۇۋۋەت قايتا-قايتا تىكىلدى. ناۋايى بابىرنىڭ شائىرلىق ئارزۇسى بارلىقىنى ئەنجانلىق بىر مىماردىن ئاڭلاپ، ئۇنى دادىللىراق يېزىشقا ئۈندىگەنىدى. بۇ مىمار مەۋلانا پەزلىددىن بولسا كېرەك. ئەگەر مەۋلانا ھىراتقا يېتىپ بېرىپ، ناۋايىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن بولسا، باشقا كۆپ نەرسىلەرنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بابىر ناۋايىغا يوللىماقچى بولغان جاۋاب مەكتۇپىغا ياخشى بىر شېئىرنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتمەكچى بولدى-دە، مەشغۇلىرى يېزىلغان قېلىن دەپتىرىنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.

كۆپچىلىكى يولدا، ئات ئۈستىدە خىيالىغا كەلگەن ئورۇش ۋە جەڭلەر ئارىسىدا دەپتەرگە چالا-بۇلا يېزىپ قويۇلغان، ئەمما تېخى تولۇقلانمىغان شېئىرلار. خىيانەت ئۈستىگە خىيانەت بولغان، بابىر مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان، ئەتراپىدا بىرەر سىرداش دوست تاپالماي ئۆزىنى ناھايىتى يالغۇز سەزگەن ئېغىر كۈنلەردە بىر غەزەل باشلىغانىدى.

"جانىمدەن ئۆزگە يارى ۋاپادار تاپمادىم،

كۆڭلىمدەن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمادىم"

ئەمما بۇ غەزەل چالا يېتىپتۇ. بەلكى شۇنى تۈگىتىپ ئەۋەتىش كېرەكتۇر؟ ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن كۆپ بىۋاپالىق كۆرگىنىنى ھەتتا يېقىن دوستى ھۈسەيىن بايقارانىڭمۇ ئۇنىڭ سىرلىرىغا سىرداش بولالمايۋاتقانلىقىنى بابىر ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىغانىدى. قېنى بابىر ناۋايىنىڭمۇ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئېيتالىسا!

بۇ غەزەل ناۋايىغا يېقىشى مۇمكىن. ئۇنى چاپسانراق تولۇقلاش كېرەك. بابىر قەغەز قەلەم ئالدى.

شۇ چاغدا سەۋدەرىبېشى ئىشىكتىن ھودۇقۇپ كىرىپ، تەزىم

www.uyghurkitap.com

قىلدى:

— مىرزا ھەزرەتلىرى، قۇلىڭىزنى كەچۈرۈڭ.

— خوش؟ — دېدى بابىر نارازى بولۇپ.

— خانىم ھەزرەتلىرى قوبۇل قىلىشىڭىزغا ئىنتىزار.

— ئاناممۇ؟ — دەپ بابىر سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، — كەلدىمۇ؟

— بېگىملەرمۇ كەلدى!

— ۋاي، ئەجەب! — دەپ بابىر خۇشاللىنىپ ئىشىك تەرەپكە ئالدىرىدى.

* * *

ئۇلار ئاز كەم ئالتە ئايدىن بۇيان كۆرۈشمىگەنىدى. قۇتلۇق نىگارخانىم ئايشە بېگىم ۋە خانزادە بېگىملەر بىلەن ئۆرەتۆپىدە قالغانىدى. كېيىن سەمەرقەندتىن بابىر ئەۋەتكەن ئىشەنچلىك ئادەملەر ئۇلارنى ئۆرەتۆپىدىن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىشتى.

بابىر ئۇلار بىلەن بوستان سارايىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى چوڭ ئۇزۇنجاق ئۆيدە كۆرۈشتى. ئانىسى ئۇنى باغرىغا باسقاندا، بابىر ئانىسىنىڭ ياداپ، قوللىرى يەڭگىللىشىپ قالغىنىنى سەزدى. ئاچىسى خانزادە بېگىم بولسا سوغۇقتىن كىرگىنى ئۈچۈنمۇ، يۈزلىرى چوغدەك يېنىپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرۇپتۇ. يىراق يول ئۇنى ھېچقانداق قىينىمىغاندەك ئۇچۇق چىراي. ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق. بابىر ئۇنىڭغا ئوڭ يەلكىسىنى قىلىپ ئەھۋال سوراشتى:

— نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا ھايال بولۇپ قالدىڭلار؟ — دېدى، — ئەنچە ھەپتىدىن بۇيان كۆزىمىز سىلەردە!

— ھە، سورىماڭ، ئەمىرزادەم، ئۆزرىلىك سەۋەبلىرىمىز بار، —

خانزادە بېگىم ئېرىراقتا ئىسسىق يۇڭ رومالغا ئورىنىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان ئايشە بېگىمگە قاراپ قويدى.

بىر چاغلاردا ئايشە بېگىمنى كۆرمەستىن ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئۇنىڭ يۈتىغا باش قويغۇسى كېلىپ غەزەل يازغىنى ئەمدى بابىرغا تەبىرى خاتا چىققان بىر چۈشتەك تۇيۇلاتتى... ئۇ ئايشە بېگىمنى ئايلار داۋامىدا كۆرمىسىمۇ سېغىنمايتتى... شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئايشە بېگىمگە ئىلاجى بارىچە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ھازىرمۇ جۇغى كىچىك قاتما كېلىنچەككە يېقىنلىشىپ:

— ياخشى كۆرۈشتۇق، بېگىم! — دېدى-دە، ئۇنىڭغا ئوڭ يەلكە-سىنى تۇتتى.

ئايشە بېگىم يادىكىغۇ قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ كۆرۈشۈۋېتىپ:

— ھەزرىتىم، غەلىبىڭىز مۇبارەك! — دېدى.

ھەممىسى بابىرنى "ئەمرزادەم" دېسە، ئايشە بېگىم ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ "ھەزرىتىم" دەيتتى.

— سىزگە ئانا شەھىرىڭىز مۇبارەك بولسۇن، بېگىم!

— قۇللۇق، — دەپ ئايشە بېگىم تەزىمگە باش ئەگدى.

— كېلىنىمىز يولدا كۆپ ئازاب چەكتى، — دېدى خانزادە بېگىم.

بابىر خوتۇنىنىڭ بېلى يوغىناپ، قورسىقى تومپىيىپ قالغىنىنى كۆردى. ئەجەبا، بابىر ئاتا بولامدىغاندۇ؟ كۆرۈشمىگىنىگە ئالتە ئاي بولدى. دېمەك، ئاز بولغاندا ئالتە ئايلىق.

ئايشە بېگىمنىڭ يادىكىغۇ يۈزىدە ھامىلدار خوتۇنلاردا بولىدىغان داغلار پەيدا بولغانىدى. ئىلگىرىمۇ ئاتتا يۈرەلمەيدىغان، مەيدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشى ئايلىنىدىغان بېگىم ئەمدى ئېغىرئاياغلىقىدا قانچىلىك قىينالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قاراپ قانچىلىك ئاستا يول يۈرگەنلىكىنى بابىر ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلدى.

— خۇدا خالىسا، ئەمدى بارلىق مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلدۇڭلار، — دېدى، — ھەممىڭلار ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن ۋە جاھازلار تەييارلاندى. يەنە نېمىلەر لازىم بولسا بۇيرۇرسىز. بوستان سارايدا كىملا بولساق، ھەممىمىز خىزمىتىڭلاردا بولىمىز!

خانزادە بېگىم خۇش خۇي كۈلۈپ:

— مىننەتدارمىز! — دېدى، — ئەمىرزادەم بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى. ئەمدى شۇ ئاسماندا سۆھبىتىڭىزدىن بەھرىمەن قىلسىڭىز بولدى.

— كەمىنىمۇ سۆھبىتىڭىزنى سېغىندىم. سىلەر جايلاشقۇچە ئاسماندا داستىخان ھازىرلىنىدۇ، — دەپ بابىر قولى بىلەن يۇقىرى قەۋەتكە ئىشارە قىلدى.

ئۇنىڭ ئاسمانغا يۆلەپ چاقچاق قىلغىنىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈۋالدى.

بابىر يۇقىرىقى قەۋەتكە يېنىپ چىقىۋېتىپ، قەلبىنى تولدۇرغان شادلىقلار ئارىسىدا سۇناي ئاۋازىدەك جاراڭلىق ۋە يېقىملىق بىر تۇيغۇ ياڭراپ ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، بۇ ئۇنىڭ دىلىدا بىردىن ئويغىنىپ كەتكەن ئاتىلىق تۇيغۇسى ئىدى. ئۇنىڭ بولغۇسى پەرزەنتىنى باغرىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئائىشە بېگىم يۈزىدىكى قوڭۇر داغلىرى بىلەن بابىرغا ئاۋۋالقىدىن قەدىردانىراق تۇيۇلاتتى.

بۇنى سەزگەن ئائىشە بېگىم ئاۋۋالقىدىن دادىلىراق مۇئامىلە قىلاتتى. ئەر-خوتۇن خابگاھتا چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتقاندا بېگىم

كۆزىنى يۇزىگە تارتىپ:
— مەن پەخىرلىنىمەن، — دەپ پىچىرلىدى.
بابىر ئۇز سۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقى ئۇچۇن، "ئەمدى سەمەرقەندتە ئۇچرىشىمىز" دەپ كېتىپ، ئاخىرى شۇ ئېيتقىنىنى قىلغىنى ئۇچۇن خوتۇنى ئۇنىڭدىن پەخىرلەنمەكتە ئىدى.
ئۇ بابىرنىڭ بولغۇسى پەرزەنتىگە ئانا بولۇش بىلەن پەخىرلىنىشىنىمۇ ئېيتماقچى ئىدى. بابىر بۇنى چۈشەنىدى-دە، ھامىلىنىڭ نەچچە ئايلىق بولغىنىنى بىلگۈسى كەلدى، ئەمما توپتوغرا سوراشقا تىلى بارماي سۆزنى ئەگىتتى:
— ئەمدى... تەنتەنىسى قاچان؟
— سەل كەم ئۇچ ئاي بار... ئويلىسام، قورققۇم كېلىدۇ.
— قورقۇشنى قويۇپ تۇرۇڭ. ھازىر پەخىردىن گەپ ئاچىمىزغۇ؟
— ھە، ئەگەر خۇدا ئوغۇل بەرسە، ئىسمىنى پەخىردىن قويىمىزمۇ؟
ئايشە بېگىم بابىرنىڭ نامى زاھىرىددىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، شۇنىڭغا ئاھاڭداش نام تاپقانىدى. بابىر مەمنۇن ئاۋاز بىلەن:
— خوپ، ئوغۇل بولسا، پەخىرىددىن، — دېدى، — ئەگەر قىز بولسا، پەخرىنىسامۇ؟
ئايشە بېگىم قىز بولۇشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئوغۇل تۇغۇپ، تەخت ۋارىسىغا ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بابىرغا:
— مەيلى، — دېدى، — لېكىن مەن خۇدادىن ئوغۇل تىلىگەنمەن.
— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەخرىدىن... پەخرىنىسا... شۇ كۈنلەردە بابىرنىڭ كۆڭلىدىكى تولۇپ تاشقان ئېھتىخار تۇيغۇسىغا بۇ ئىسىملار ناھايىتى ماس ئىدى.

* * *

ئامەتمۇ بىر كەلسە قوشلاپ كېلىشىنى بابىر ئەمدى بىلمەكتە ئىدى. سەمەرقەند ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تەرىپى ئۇرگۈت، ئۇ تەرىپى سوغد ۋە دەبۇسىيە قەلئەسى كەينى-كەينىدىن شەيبانىخاننىڭ ئىختىيارىدىن چىقىپ، بابىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەن ئالدى. مانا بۈگۈن قارشى ۋە غۇزاردىن خۇش خەۋەر كەلدى. بۇ شەھەرلەر شەيبانىخان قويغان ھاكىملارنى قوغلاپتۇ، بابىرغا سوۋغا-سالاملار ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بىرنەچچە يۈز نەۋكەرمۇ يوللاپتۇ. بابىر بۇ نەۋكەرلەرنى باشلاپ كەلگەن بەگلەرنى خاس دىۋاندا قوبۇل قىلىپ، ھەممىسىگە سەرپاي كىيدۈردى ۋە تەمنات بەلگىلىدى.

كېيىن تونۇگۈن تۈگمەي قالغان مەكتۇپىنىڭ داۋامىنى يېزىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىۋاتقاندا، كەڭ مەرمەر پەلەمپەيدە ھەدىسى خانزادە بېگىمگە دۈچ كەلدى.

— ئەمىرزادەم، ھىراتتىن خەت كەلگىنى راستمۇ؟

بابىر توختاپ، ھەدىسىنىڭ يۈزىگە سىناش كۆزى بىلەن قارىدى-دە:

— راست، ھەزرەت ئەلىشىر بەگدىن، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن!

— قۇللۇق.

خانزادە بېگىم ئىنىسىدىن يەنە قانداقتۇر مۇرەككەپ، بىر خەۋەر كۈتۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. بابىر ھەدىسىنىڭ كۆڭلىدىكى دەردنى سېزىپ، بىردەم ئوڭايسىزلاندى. كېيىن راست گەپنى

يوشۇرسا يالغان سۆزلىگەندەك بولۇشنى ئويلىدى-دە:
— يۈرۈڭ، خەتنى كۆرستەي، — دېدى.
خانزادە بېگىم خاس خانىدا بابىرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇۋېتىپ، ئەنجانلىق مېمار تىلغا ئېلىنغان يېرىگە يەتكەندە كۆزىدە ياش يالتىرىدى.
— نېمە ئۈچۈن كۆزىڭىز ياشلاندى بېگىم؟ مەن سىزنى خۇشاللاندۇرماقچى ئىدىمغۇ!
— قانداق قىلاي، كاج تەلەي ئىكەنمەن.
— ئۇكىڭىز پادىشاھ بولۇپ تۇرۇپ، ئەجەبا سىزگە ياردەم بېرەلمىسە؟
— سىز ھېلىغىچە مېنى دەپ كۆپ جاپا چەكتىڭىز. ئەگەر ئاشۇ يىلى... ئۇشتا مەن رازى بولسام، ئېھتىمال كېيىن ئەھمەد تەنبەل سىزگە مۇنچىۋالا دۈشمەنلىك قىلماس ئىدى.
ھەدىسىنىڭ بۇنچىلىك مەردلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى گويا بابىرنى يەنىمۇ مەرد بولۇشقا ئۈندەيتتى. كۆڭلى ياخشى تۇيغۇلارغا تولۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ئەجەبا بىر تۇغقان ئېگىچىسىگە چوڭ بىر ياخشىلىق قىلالمىسا؟
مانا، ھازىر ئۇلار سەمەرقەندنىڭ ھەشەمەتلىك بىر بىناسىغا كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ يەردە قانچىلىغان ئېسىلزادىلەر ۋە شاھزادىلەر ياشىغان. ئەمما كۆپچىلىكى ئىز قالدۇرماي كەتكەن. پەقەت مېمارلار ياراتقان گۈزەللىكلەر تېخىچە كۆرگەن كۆزنى قوۋاندۇرۇپ، پال-پۇل قىلىپ يېنىپ تۇرۇپتۇ. ياخشى بىر مېمار ھۈنەرسىز ئېسىلزادىنىڭ يۈزىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟
— بېگىم، سىز تەنبەلنىڭ دۈشمەنلىكى ئۈچۈن خىجالەت بولماڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

يىلان بەرىبىر يىلانلىقىنى قىلاتتى.

— مىننەتدارمەن، ئەمىرزادەم.

— ھەزرىتى ئەلىشىر بەگمۇ بىزدىن ئۇلۇغ ئىشلارنى كۈتۈپ خەت ئەۋەتىپتۇ. نېسىپ قىلسا، بىزمۇ ئۆمۈر باقى ئابىدىلەر قۇرار-مىز، ھۈنەرۋەنلەر يەنە يىغىلىپ كېلەر. مەن بۇ مۇبارەك خەتنىڭ جاۋابىنى مەخسۇس ئەلچىدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئەگەر ھىراتقا بارغان ئاشۇ ئەنجانلىق مېمار — مەۋلانا پەزلىددىن بولسىلا، ئەلچى ئۇنى تېپىپ، سەمەرقەندكە تەكلىپ قىلىدۇ.

خانزادە بېگىمنىڭ تېخى يېشى قۇرۇمىغان كۆزلىرىدە ئەمدى شادلىق ئۇچقۇنلىرى. ئۇ ئۇكىسىغا زوق بىلەن تىكىلىپ پىچىرلىدى:

— سىز ماۋەرائۇننەھر ئاسمىنىدا بىزنىڭ يېگانە ئۈمىد يۇلتۇزىمىز!

— ئەمدى پەرۋەردىگار شەيبانىخاننى چاپسانراق يوق قىلسۇن، يۇرت تىنچىسۇن، دەڭ. شۇ چاغدا دېمىمىزنى روسلاپ، ئۇشتا قىلغان ئارزۇلىرىمىزنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىرمىز.

مەۋلاناپەزلىددىن ئەنجاندا قۇرماقچى بولغان مېمارلىق ئابىدە-لىرىنىڭ پىلانلىرىنى، لايىھىلىرىنى خانزادە بېگىم ئانىسىدىن ئېلىپ، دائىم ساقلاپ يۈرەتتى. ھازىر بۇنى بابىرغا ئېيتىشتىن ئەيمەندى-دە:

— ئەمىرزادەم، مەن ئەمدى كېچە-كۈندۈز خۇداغا ئىلتىجا قىلىمەن، — دېدى، — ئىلاھىم شۇ ئارزۇلىرىمىز ئەمەلگە ئاشسۇن!

خانزادە بېگىم روھى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بابىر ساندۇقچىدىن شېئىر دەپتىرىنى ئالدى-دە، تۈنۈگۈنكى مەشقىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. دەپتىرىدىكى بىر بېيىت ئۇنىڭ

ھازىرقى روھىغا ماسراق ئىدى:

"ھەركىمكى ۋاپا قىلسا ۋاپا تاپقۇسىدۇر،
ھەركىمكى جاپا قىلسا، جاپا تاپقۇسىدۇر..."

ئەلىشىر ناۋايىغا شۇ شېئىرنى تۈگىتىپ ئەۋەتسە ياخشىراق بولاتتىمىكىن؟ ئۇ يەنە بىر قۇر يازدى، ئۆزىگە ياقمىغانىدىن كېيىن ئۆچۈرۈپ، يەنە يازدى، يەنە ئۆچۈردى، ئاخىرى ئۇچىنچى ئۇرۇنۇشىدا:

"ياخشى كىشى كۆرمىسىگەي يامانلىق ھەرگىز"

دېگەن مىسرانى تاپتى-دە، ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن ياقتۇرۇپ، ئىلھام ھاياجىنىدىن ۋۇجۇدىدا تىترەك پەيدا بولدى. نەزىرىدە، ناۋايى ئۇنىڭ مۇرىسى ئۈستىدىن قاراپ بۇ يېڭى مىسرانى ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئادەملەرگە ناۋايىدەك كۆپ ياخشىلىق قىلغان قىياپەتنىڭ ھېچقاچان يامانلىق كۆرمەسلىكىنى خالايتتى، ئەمدى شۇ خاھىشنى شېئىرنىمۇ سىڭدۈرمەكچى بولاتتى.

بابىر تۈگىتىلمىگەن مىسرانى باشلىغاندا سەۋدەربېشى ئىشىكتىن باش تىقىپ كىرىپ، قورقۇپراق:

— مىرزا ھەزرەتلىرى، — دېدى.

— مېنى تىنچ قويۇڭلار دېمىگەنمىدىم؟

— قۇللىقىمىزنى ئەپۇ قىلىڭ...

— يەنە نېمە تەشۋىش؟

— ئەمىرزادەم، ئەگەر موللابىنائىينى ئەكەلسە، دەرھال خەۋەر قىل، دەپ بۇيرۇغانىدىڭىز.

— شائىر بىنائىي شەھرىسەبزدىن كەپتىمۇ؟

— قاسىمبەگ جانابلىرى چاقىرتىپتۇ.

بابۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى-دە، يېزىشنى توختىتىپ قەلەمنى مىز چېتىگە قويدى. تۆۋەندىكى قوبۇلخانىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقۇچە بىنائىينىڭ تەقدىرىگە ئائىت مۇرەككەپ ۋەقەلەر خىيالىدىن تەكرار ئۆتۈشكە باشلىدى.

* * *

بابۇر ھىراتلىق مەشھۇر شائىر كامالىدىن بىنائىي بىلەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن سەمەرقەندكە بىرىنچى قېتىم كەلگەن مەزگىللىرىدە تونۇشقانىدى. بىنائىينىڭ سەنئەتكار خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ئالاھىدە بىر قول يازما كىتابى بار ئىكەن. كىتاب يىغىشقا ھەۋەسمەن بابۇرنىڭ بۇ كىتابقا ناھايىتى ھەۋىسى كەلدى. بىنائىي كىتابىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلماقچى بولدى. بابۇر بىنائىينىڭ سەمەرقەندتە مۇساپىر ئىكەنلىكىنى، يوقسۇزلۇق تارتىپ قىينالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇر كىتابپۇرۇشلارنى چاقىرىپ، بۇ كىتابنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى قانچە بولۇشىنى سورىدى، كىتابپۇرۇشلار "ئەڭ يۇقىرى باھاسى بەش مىڭ دەرھەم" دېيىشتى. بابۇر بۇ پۇلنى بىنائىيغا ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرمەي قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى.

كېيىن ئۇ كېسەللىكتىن تۇرۇپ، ئەنجانغا بېرىش ئۈچۈن يول ھازىرلىقىنى كۆرۈۋاتقاندا «مەجمۇئەتى رەشىدى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ كىتابنى كۆردى-دە، بىنائىيغا تېخى ھەققىنى بەرمىگەنلىكى ئېسىگە چۈشتى. دەرھال خەزىنىچىنى چاقىرىپ، بەش مىڭ دەرھەم ئالتۇننى ساناتتى. كېيىن پۇلنى كىتابدارغا بېرىپ، بىنائىيغا ئەۋەتتى.

بىر چاغدا كىتابدار بىنائىينى تاپالماي قايتىپ كەلدى. مۇساپىر شائىرنىڭ سەمەرقەندتە مۇقىم تۇرىدىغان ئۆيى يوق، ئۇ بۈگۈن،

ئەگىدۇ مېھمانغا كەتكەنىدى. بابىرنىڭ ئادەملىرى ئەنجانغا پاتراق مېڭىش ۋە كۆچ يىغىش ئالاقىچىلىقى بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر بىنائىينى ئىزدەپ يۈرۈش ئۇلارغا ئىنتايىن تەس كەلدى. لېكىن بابىر:

— شۇ قىيامەتلىك قەرزنى تۆلىمگۈچە سەمەرقەندتىن قوزغالماي-مەن! — دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەۋدەر ۋە نەۋكەرلەر شەھەرنىڭ تەرەپ تەرىپىگە ئات چاپتۇرۇشۇپ، ئاخىر بىنائىينى تېپىشتى، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ، بەش مىڭ دەرھەم پۇلنى تاپشۇردى.

كىشى مېلىغا ئاچكۆز پادىشاھلارنى كۆپ كۆرگەن بىنائىي ئون ئالتە ياشلىق بابىر مىرزىنىڭ مۇنچىۋالا ھالاللىقىدىن ناھايىتى قاتتىق تەسىرلەنىدى-دە، ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر شېئىر يازدى. بۇ شېئىردىن بىر نۇسخىسىنى خەتتاتقا كۆچۈرتۈپ، بابىر مېڭىۋاتقاندا ئۇنىڭغا خاتىرە قىلىپ ئەۋەتتى. قىرىق تۆت قۇرلۇق بۇ شېئىردا ئۇ بابىرنى كۆپ ماختىغان:

"شاھ سۇلتانى زاھىرىددىن بابىر،

كى جاھان شۇد زى ستى ئەدلەش پۇر!"

دەپ، گويا جاھان بابىرنىڭ ئادالەت بابىدىكى شۆھرىتىگە تولغىنىنى ئېيتقانىدى. بابىر، "جاھان نەدە، مېنىڭ شۆھرىتىم نەدە!" دەپ، بۇ قۇرلاردىكى مۇبالىغىدىن كۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن زاماندىن كۆپ جەبىر كۆرگەن بىنائىيغا شۇ كىچىككىنە ياخشىلىق سەۋەبىدىن ئېھتىمال، پۈتۈن جاھان ئادالەتكە تولۇپ كۆرۈنگەندۇ، دەپ ئويلىدى.

بىراق كېيىنچىرەك سەمەرقەندگە شەيبانىخان خان بولدى ۋە شەھەر

شائىرلىرىنى يىغىپ بىر مۇشائىرە① ئۆتكۈزدى. بۇ مەجلىسكە بىنائىيمۇ قاتنىشىپ شېئىر ئوقۇدى. خان ئۇنىڭ شېئىرىنى ياقتۇردى-دە، بىنائىينى ئۆزىگە مۇلازىم قىلىۋالدى ۋە ئېرىشكەن غەلىبىلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا تاپشۇردى. بىنائىي «شەيبانىينامە» دېگەن ئەسىرىنى ئەمدى يېزىشقا باشلىغان پەيتتە سەمەرقەند يەنە بابىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. شەيبانىخان ئەتراپتىكى جايلاردىنمۇ قوغلىنىپ، بۇخاراغا قاراپ چېكىنگەن كۈنلەردە بىنائىي ئۇنىڭ قارارگاھىدىن قېچىپ، سەمەرقەندكە كەلدى. ئۇ بابىر بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى، لېكىن قاسىمبەگ ئۇنى شەيبانىخان تەرەپدارى دەپ، بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزمەي، شەھرىسەبزگە ماڭدۇرۇۋەتتى. بابىر بۇ ھادىسىدىن يېقىندا خەۋەر تېپىپ، قاسىمبەگكە:

— ئورۇنسىز ئىش قىلىپسىز، — دېدى، — موللا بىنائىي چوڭ شائىر. ئۆزى كەلگەن بولسا رۇخسەت قىلىش كېرەك ئىدى.

قاسىمبەگ سەۋەپ كۆرسىتىپ:

— چوڭ شائىرىڭىز شەيبانىخاننى ماختاپ شېئىر يازغان.

بابىر كۈلدى:

— بىزنى ماختاپ شېئىر يازغىنىنى بىلمەمسىز؟ تاجدارلار ماختاشنى خالىسا، شائىر نېمە قىلسۇن!

قاسىمبەگ جىددى تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈرگەندى:

— ئەمىرزادەم، بۇ ئادەم شەيبانىخاننىڭ مەخپىي كىشىسى بولۇشى مۇمكىن.

بابىر ئويلاپ تۇرۇپ:

---

① مۇشائىرە — شېئىر ئېيتىشىش مۇسابىقىسى.

— ياق، — دېدى، — ھېراتتا ھۇسەيىن بايقارادەك شاھقا مەخپىي خادىم بولمىغان كىشى شەيبانىخانغا مەخپىي خادىم بولماس.

— ئەمما بۇ شائىر خوجايەھيانىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇزىنى يېگەن، كېيىن خوجايەھيانى ئىناپسىزلارچە ئۆلتۈرگەن شەيبانىخانغا مۇلازىم بولغان. شۇ ياخشىمۇ؟

— بۇ ياخشى بولمىسا، ياخشىلىق قانداق بولۇشىنى بىز كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئادەم ئەۋەتىڭ، موللابىنائىينى سەمەرقەندكە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي ئېلىپ كەلسۇن.

ئاخىرقى سۆز بۇيرۇق تېرىقىسىدا ئېيتىلغىنى ئۈچۈن قاسىمبەگ ئۇنى بېجىرىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

...بابىر پەسكە چۈشۈپ دىۋانى ئامغا تۆردىكى ئىشىكتىن كىردى. كۆپ ئۆتمەي پەگادىكى ئىشىكتىن قاسىمبەگ بىنائىينى باشلاپ كىردى.

بىنائىينى بابىر بۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇنمۇ بىر كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا ناھايىتى سالاپەتلىك ئىدى. ھازىر بولسا ناھايىتى ياداپ، گەۋدىسى ئاللىقانداق كىچىكلەپ قالغان، تونىمۇ، سەللىسىمۇ كونىراپ كەتكەنىدى، پەقەت چوڭ-چوڭ كۆزلىرى ئاۋۋالقىدەك مەغرۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. بابىر ئۇنى قارشى ئېلىپ، تۆي ئوتتۇرىسىدا قول بېرىپ كۆرۈشتى. ئوڭ يېنىغا قاسىمبەگنى، سول تەرىپىگە بىنائىينى ئولتۇرغۇزۇپ ھال-ئەھۋال سورىدى. شۇ ۋاقىتتا بىنائىي يادقا بىر رۇبائىي ئېيتىپ، يېگۈدەك ئاشلىقى يوقلۇقىنى، كىيەي دېسە تاغارمۇ تېپىلماسلىقىنى ئېيتتى:

نې غەللە مەرا كەز تەۋانەم نوشد،
نې مۇھمەلى غەللە تاتەۋانەم پوشد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن قۇرلاردىكى ئازۇك سۆز ئويۇننى سېزىپ، بابىر ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. "مۇھمەل" ئەسلىدە "ئېنىق ئەمەس" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆز بىلەن موللابىنائىي ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئىشارە قىلماقچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە "مۇھمەلى غەللە" يەنى تاغار كىيىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ، ئۆز ئەھۋالىنى پۈراتماقتا ئىدى، "خان ھوزۇرىدا تاپقان مەرتىۋىمىز شۇ بولدى!" دېمەكچى ئىدى.

بابىر بۇنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگەن مەندە بېشىنى لىڭشىتتى-دە، بارماقلىرىنى پېشانىسىگە تىرەپ، بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن شېئىرگە شېئىر بىلەن جاۋاب پەرمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزگەن قاسىمبەگ بىنائىيغا "ئالدىماي تۇرۇڭ" دېگەندەك شەرەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا بابىر قولىنى پېشانىسىدىن ئالدى-دە، بىنائىيگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

ئىنئامۇ ۋەزىپە بارى بۇيرۇلغۇسىدۇر،
مۇھمەلگە بويۇ، غەللەگە ئۆي تولغۇسىدۇر.

بابىردا بۇنچىلىك شېئىرىي ئىستىبداد بار دەپ ئويلىمىغان بىنائىي بىردەم ھەيران بولۇپ تۇردى-دە، كېيىن تاجىكچە تەلەپپۇز بىلەن:

— يەنە بىر تەكرارلاڭ ئەمىرزادەم، پېقىر رادىفىنى ئۇقۇۋالماقچىمەن! — دېدى.

بابىر شېئىرنى ئىككىنچى ئېيتىشىدا بەزى جايلىرىنى سىلىقلاپ، "غەللىگە ئۆي" جۈملىسىنى "غەللىدىن ئۆي تولغۇسىدۇر"، دەپ توغرىلىدى. "بوي" ۋە "ئۆي" دېگەن ئىچكى قاپىيىلەر ئۆزىگىمۇ يېقىملىق تۇيۇلۇپ، زوقىنى كەلتۈردى.

— شېئىرنى تالانتىڭىزغا تەن بەردىم، ئەمىرزادەم! — دېدى بىنائىي. كېيىن ئۇ ئاق چۈشكەن قويۇق ساقىلىنىڭ ئۇچلىرىنى تۇتاملاپ بىرمەھەل جاۋاب ئىزدىدى. تاپقاندەك قىلىپ، بېشىنى چاپسان كۆتۈرۈپ قەددىنى تىكلەپ:

بىر مۇھمەل ئۇچۇن مۇنچە ئىنايەت بولدى،

مۇستەئمەل ئەگەر دېسەم نېلەر بولغۇسىدۇر.

بىنائىينىڭ تۈركىي شېئىرغىمۇ مۇنچىۋالا ئۇستىلىقى ئەمدى بابىرنى ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردە "مۇھمەل" سۆزى ئۇچىنچى بىرمەنىدە ئىشلىتىلگىنى، يەنى بىنائىينىڭ ئاۋۋالقى رۇبائىيسىغا كەمتىرانە باھا بېرىپ، ئۇنى "مۇھمەل"، يەنى "خام" دەپ ئاتىغىنىمۇ ئاجايىپ ئىدى. "مۇھمەل"گە "مۇستەئمەل"، يەئنى "پىششىق"، "مۇكەممەل" سۆزىنىڭ ئېچكىي قاپىيە قىلىنغىنىمۇ بابىرغا ناھايىتى ياقتى. ئۇ كاتىپنى چاقىرىپ، موللابىنائىي ئېيتقان رۇبائىيلارنى يېزىۋېلىشقا بۇيرۇدى.

ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇشائىرەدىن قاسىمبەگمۇ خېلى تەسىرلەنگەنىدى. شۇ كۈنىلا بىنائىينى ياخشى بىر ھويلىغا ئورۇنلاشتۇردى، بابىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھارۋىدا ئۇن، گۈرۈچ، بىر قوي، ئىسسىق سەنسەن جۇۋا ئەۋەتىپ بەردى. بىنائىي پادىشاھ مۇلازىملىرى قاتارىدا تەمىنات ئېلىشقا باشلىدى.

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى سۇر بەقەسەم تون ئۈستىگە سەنسەن جۇۋا كىيگەن بىنائىي يەنە بوستان سارايغا كەلدى. بابىر بۇ نۆۋەت ئۇنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىدا قوبۇل قىلدى.

بۇ نۆۋەت ئۇلار داستىخان ئەتراپىدا يالغۇز سۆزلەشتى. بىنائىي

بابىرنىڭ شەيبانىخان ھەققىدە سوئال سورىشىنى كۈتۈپ، خان سارىيىدا كۆرگەنلىرىنى مەسخىرە بىلەن سۆزلەپ بېرىشكە تەييارلىنىپ كەلگەنىدى.

لېكىن بابىر بىنائىينى خىجالەت قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆتكەن قېتىممۇ، بۈگۈنكى سۆھبىتىدىمۇ شەيبانىخاننى ئاتايىن تىلغا ئالمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاۋايىدىن كەلگەن خەتنىڭ تەسىرىدە يۈرگەن بابىر ھىراتتىن سۆز ئاچتى. ئۇ ئاۋايى بىلەن بىنائىينىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە بەزىبىر سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئەمدى بۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلگۈسى كېلەتتى.

شەيبانىخان تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىن يېنىكلەشكەن بىنائىي كۈلۈپ گەپ باشلىدى:

— ئەلىشىربەگنىڭ قۇلاقلىرى ئاغرىغاندا كۆك قىيىق باغلىغانىكەن. بۇنى گەزلىمچىلەر ئاڭلاپ، كۆك رومالغا "نازى ئەلىشىري" دەپ نام قويۇپ ساتىدىغان بولۇشتى. ئەلىشىربەگ ئۇلۇغ سىيما، نامىغا يارىشىدىغان ئۇلۇغ ئىختىرالارنى قىلغان. يەڭگىلتەك كىشىلەرنىڭ ئەرزىمىگەن نەرسىلەرگىمۇ "ئەلىشىري" دەپ نام قويۇپ، پۇل تېپىشلىرى پېقىرنىڭ دىتىغا ياقمىدى. ئېشىكمىگە غارايىپ ئېگەر ياساتتىم-دە، بۇنىڭغىمۇ "ئەلىشىري" دەپ ئات قويدۇم. كېيىن شۇ ئېگەرمۇ مەشھۇر بولدى! مەن بۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەرنىڭ قاملاشمىغان سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغانىدىم. ئەمما ئىغۋاگەرلەر بۇنى "ئەلىشىربەگكە ھۆرمەتسىزلىك" دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشتى، ئىككى ئوتتۇرىغا داغ چۈشۈرۈشتى.

موللابىنائىي چاقچاق ئارىلاش باشلىغان سۆزىنى ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن تۈگەتتى:

— ئەمىرزادەم، مېنىڭ ئەلىشىر ناۋايىغا ئېھتىرامىم چەكسىز! پېقىر ئۇزاتنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغان چاغلىرىمنى ئەسلىسەم يۈرىكىم ئېزىلىدۇ.

— يامان ئادەملەر چۈشۈرگەن داغنى ئۇنتۇرىدىن ئېلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەسمىكىن؟

— مەن ھازىر شۇ داغنى تارقىتىش ھەرىكىتىدىمەن: مۇساپىر-چىلىقتا يۈرۈپ، ئەلىشىر ناۋايىغا ئاتاپ بىر قەسىدە يازدىم. رۇخسەت قىلىنسا، بەزى جايلىرىنى ئەمىرزادەمگە ئوقۇپ بېرەي.

— مەرھەمەت!

موللا بىنائىي ئۆزى يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يادا بىلەتتى. ھازىرمۇ بىر بۇلۇڭغا تىكىلىپ، «مەجمەئۇل غەرايىب» دېگەن قەسىدىسىنى يادقا ئېيتىشقا باشلىدى. موللا بىنائىي ناۋايىدىن يىراقتا ئۇنىڭ سۆھبىتىنى سېغىنىپ:

بې تۇچۇن ئابى دەرغەمەم دەرغەم،
بې تۇچۇن رۇدى كوھەكەم گىريان①.

دېگەندە بابىر زوقلىنىپ بېشىنى سىلكىپ:

— ئۇھ، — دەپ قويدى.

قەسىدە ئوقۇلۇپ توختىلغاندا بابىر تەسىرلەنگەنلىكىدىن قەسىردە ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇغاندى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، گويا مېھمانخانىغا يىراقلاردىن قايتىپ كەلگەندەك بولدى.

— مەۋلانا، بۇ قەسىدىنى ئەلىشىر بەگكە نېمىشقا ئەۋەتمەيسىز؟

---

① سەنسىز دەرغەم سۇيىدەك دەردۇ غەمدىمەن،
سەنسىز كوھەك (زەرەپشان) دەرياسىدەك يىغلىدامەن.

— ھىراتقا بارىدىغان تەييار ئادەم يوق، ئەمىرزادەم.

— بىز يېقىندا ھىراتقا ئەلچى ئەۋەتمەكچىمىز. كەمىنىگە ئەلىشىر-بەگدىن مەكتۇپ كەلگەنىدى. جاۋابىنى يېزىپ ئەۋەتمەكچىمەن.

— ئەمىرزادەم، قېنى، قولىڭىزنىڭ بۇ قەسىدىسىنىمۇ...

— مەرھەمەت، خەتتاتقا بېرىپ كۆچۈرتۈش زۆرۈر بولسا، مەن بۇيرۇيمەن. كېيىن ئەلچىدىن بېرىۋېتىمىز.

سۆز شۇنىڭغا قارار تاپتى-دە، موللا بىنائىي خۇرسەن بولۇپ چىقىپ كەتتى.

بابىر يەنە خاس خانىغا كىرىپ، چالا قالغان شېئىرىنى قولىغا ئالدى. بىراق ئەمدى چوڭ شائىر بىلەن بولغان ئۇزاق سۆھبەتتىن كېيىن، ئاۋۋالقى شېئىرلىرى ناۋائىيغا ئەۋەتىشكە مۇناسىپ ئەمەستەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئاددىي تۇيۇلىدىغان نەرسىلەرمۇ ئەسلىدە ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكى ھازىر ناھايىتى ئېنىق سېزىلىۋاتقان-دەك بولاتتى. ھەممە نەرسىنى مۇھىت، دۇنيا ئەھلى مۇرەككەپلەش-تۈرىدۇ. ھىراتتا ياشاۋاتقان ئەلىشىر ناۋائىينىڭمۇ، ھازىر بابىرغا كۆپ نەرسىلەرنى كۆيۈنۈپ ئېيتىپ بەرگەن بىنائىينىڭمۇ مۇھىتتىن، زامانە ئەھلىدىن نارازى بولغىنى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. بابىرنىڭ ئۆزى بۇ زاماندىن ئاز جاپا تارتتىمۇ؟

كىم كۆرۈپتۇر، ئەي كۆڭۈل، ئەھلى جاھاندىن ياخشىلىق!

بۇ ئوتلۇق قۇر قەغەزگە تېز ۋە راۋان چۈشتى. بابىر ئۆز زېھنى-نىڭ گويا بىلىنىپ، ئۆتكۈرلىشىپ قالغىنىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر خىيال كۆزى بىلەن ھىراتتىكى ئەلىشىر ناۋائىينى ئېنىق كۆرۈۋاتقانغا ئوخشايتتى. بابىر مۇھىتتىن، زاماندىن، پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان جاھان ئەھلىدىن ياخشىلىق كۈتكەن ئادەمنىڭ ئالدى-

نىشى مۇقەررەرلىكىنى ناۋايىغا ئېيتىپ دەردلەشكۈسى كېلەتتى:

كىمكى ئاندىن ياخشى يوق، كۆز تۇتما ئاندىن ياخشىلىق.

يەنى، ئۆز مۇھىتىدىن يۇقىرى تۇرالمايدىغان ئادەم بىرسىگە ياخشىلىق قىلالمايدۇ. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئادەملەرگە شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلىۋاتقىنى — بابىرغا ئۇنىڭ جاھان ئەھلىدىن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە يۈكسەك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىنىمۇ مانا شۇ يۈكسەكلىككە ئۈندەپ يەنە بىر بېيت يازدى.

بارى ئەلگە ياخشىلىق قىلغىلكى، مۇندىن ياخشى يوق،

كىم دېگەيلەر دەھر ئارا قالدى فەلاندەن ياخشىلىق.

شۇ كۈنى كېچىسى بابىر ناۋايىغا ئاتالغان مەكتۇپىنىمۇ، شېئىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، بۇ مەكتۇپ مەخسۇس ئەلچى بىلەن سەمەرقەندتىن ھىراتقا يوللاندى. بابىر ناۋايىدىن قىش چىققۇچە جاۋاب ئېلىش ئۈمىدىدە ئىدى. بىراق قىش چىقىپ، سىرنىقچېچەك ئەمدى ئېچىلغان كۈنلەردە ھىراتتىن مۇسىبەتلىك خەۋەر كەلدى: قىش چىللىسى پەيتىدە تېخى بابىر ئەۋەتكەن ئەلچى يولدا چېغىدا ئەلىشىر ناۋايى ۋاپات بولغانىدى. بابىر ئۆزىگە ئۇلۇغ بىر مۇرەببى تاپتىم، دەپ خۇشاللىنىپ يۈرگەندە كاج پەلەك ئۇنى بۇ مەدەتكارىدىنمو جۇدا قىلغانىدى.

7

دۆڭگە ئۇچقاندەك چىقىۋاتقان ئۇچقۇر ئاتنىڭ تۇيىقى يەردىن باش كۆتۈرۈپ، بۈگۈن-ئەتە ئېچىلاي دەپ تۇرغان لالە غۇنچىسىنى ئېزىپ-يەنچىپ ئۆتتى. بۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان شەيبانىخاننىڭ

كۆزلىرى بولسا تۆۋەندىكى كەڭ تۈزلەڭلىكتە قارا قۇشقاچتەك دۈكۈ-رۈشۈپ بەيگە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاتلىقلاردا ئىدى.

ئىلىق باھار ئاسمىنىنىڭ بىر چېتىدە سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى ئەڭ مەشھۇر قورغان بولغان دەبۇسىيە① قەلئەسى سۆلەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. كەچ كۈزدە بۇ قەلئەمۇ شەيبانىخان-نىڭ قولىدىن چىقىپ، بابىرغا ئۆتۈپ كەتكەندە خان قوشۇنى بۇخاراغا چېكىنىپ، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. روھى چۈشكەن بەزى سەركەردىلەر "ئېسىمىزنىڭ بارىدا كۈدە-كۆرپىنى يىغىشتۇرۇپ، تۈركىستانغا قايتىۋالايلى!" دېيىشكەنىدى. ئەمما شەيبانىخانىنىڭ سەمەرقەندتىكى مەخپىي خادىملىرى بابىرنىڭ شائىرلار ۋە ئالىملار سۆھبىتىگە بېرىلىپ، يېڭى جەڭلەرگە تەييارلىنىشى سۇس بولۇۋاتقان-لىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. قولىدىن قولغا ئۆتۈپ، ناھايىتى كۆپ بۇلانغان سەمەرقەند باھارغا كېلىپ يەنە ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بالاسىغا يولۇققانىدى. بۇنىڭ ھەممىسى شەيبانىخانىنى دادىللاشتۇردى. يېقىندا ئۇ بۇخارادىن دەبۇسىيەگە① قوشۇن تارتىپ كەلدى. قەلئە-نىڭ ئېگىز تاملىرىغا ئۇلاردىنمۇ ئېگىز شوتىلارنى قويدۇردى. قەلئە ھىمايىچىلىرى يۇقىرىدىن ئوق ۋە تاش ياغدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ خان ئۆز ئەسكەرلىرىگە تەپ تارتماي چىقىۋېرىشنى بۇيرۇدى. ئادەم-لەرنىڭ ئۆلگەن-تىرىلگىنىگە قارىماي چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھىمايىچىلار يۇقىرىدىن چوڭ لىم ياغاچلارنى ئېتىشتى، كۆيۈپ تۇرغان ياغلارنى چىقىۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن قۇيۇشتى. تام

---

① دەبۇسىيە — "تۆمۈر قورغان" دېمەكتۇر. زىياۋۇددىن دېگەن جايدا ھازىر بۇ قەلئەنىڭ خارابىلىرى بار.

تۇۋى ئۈلۈكلەرگە توشۇپ كەتتى. خان نەۋكەرلىرى قورقۇپ چېكى-
نىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا شەيبانىخان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىسى
مەھمۇدخاننى ۋە قەدىرلىك ئوغلى تۆمۈرخاننى پۈتۈن نەۋكەرلىرى
بىلەن جەڭگە سالدى. خاننىڭ ئۇكىسى ۋە ئوغلىنىمۇ ئايىماي ۋاتقان-
لىقىنى كۆرگەن جەڭچىلەر يەنە شوتىلارغا ئېسىلدى. يۇقىرىدىن
يېغىۋاتقان ئەجەل شوتىغا چىقىۋاتقانلارنى ئۇچمىدەك تۆكۈۋاتقان
بولسىمۇ بىرنەچچە يۈز كىشى شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن تام ئۈستىگە
چىقىپ كەلدى. تام ئۈستىدىكى جەڭدە ئىككىلا تەرەپتىن ناھايىتى
كۆپ ئادەم قىرىلدى، ئۈلۈكلەر تۆشۈكلەرنى ئېتىپ قويغانلىقىدىن
تۆۋەنگە ئوق ئېتىش مۇمكىن بولماي قالدى. خان قوشۇنى سان
جەھەتتىن بىرنەچچە باراۋەر كۆپ ئىدى ۋە شوتىلاردىن ئارقىمۇ
ئارقا چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

بابىردىن ياردەم سوراپ كەتكەن چاپارمەن سەمەرقەندكە يېتىپ
بارغۇچە شەيبانىخان دەبۇسىينى قانغا مىلەپ ئاخىرى ئالدى-دە،
ھىمايىچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

بۇ زەپەر خان قوشۇنىنىڭ روھىنى كۆتۈردى.

ئەمدى شەيبانىخان دەبۇسىينى تاغدەك بىر تايانچقا ئايلان-
دۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سەمەرقەند ئۈستىگە سەكرەش تەييارلىقىنى
كۆرمەكتە ئىدى.

ھازىر تۆۋەندە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بەيگىمۇ ئاددىي كۆڭۈل ئېچىش
ئەمەس. بابىر بىلەن بولىدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە شەيبانىخانغا
ئەڭ زور، ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلار كېرەك.

تۈنۈگۈن سەمەرقەندتىن كەلگەن دەرۋىش كىيىمىدىكى بىر
جاسۇس بابىرنىڭ خوتۇنى قىز تۇغقانلىقىنى، ئىسمىنى پەخرىنىسا

www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندى.

شەيبانىخان بەيگىدە بىر-بىرىدىن ئۆزۈپ، سار بۇركۇتلەردەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يىگىتلىرىگە زوق بىلەن تىكىلدى-دە، ئۆزىچە دېدى: "مەيلى، بابىر كۆزدىكى غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىپ، قىزىغا پەخىرىنسا دەپ ئات قويسۇن، كېرىلىپ شېئىرىنى يېزىپ يۈرۈۋەر-سۇن! ئۇنىڭغىچە مەن بۇركۇتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوۋغا ئۆگىتىمەن".

شەيبانىخان تېخى ھېچقايسى جەڭگە مۇنچىلىك جان-جەھلى بىلەن تەييارلانغان ئەمەس. ئۇ بابىرنى يېڭىش ئاسان ئەمەسلىكىنى سېزەتتى. بابىر ئەمدى ئون توققۇزغا كىرگەن ياش يىگىت بولسىمۇ ناھايىتىمۇ ئىستېپدادلىق، ناھايىتىمۇ باتۇر سەركەردە ئىكەنلىكىنى شەيبانىخان ئەمەلىيەتتە كۆردى. ھازىر بۇ ئەتراپتىكى شەھەر ۋە قىشلاقلارنىڭ كۆپچىلىكى بابىرغا يان باستى. شەيبانىخاننىڭ دۈشمەنلىرى بولسا بېھساب. سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلىرى بۇلتۇر شەيبانىخانغا قوشۇلغانىدى. بابىر سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن ھەممىسى ئۇنىڭ تەرىپىگە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. بابىرنىڭ قوشۇنى كونىسىرى كۆپىيىپ كەتمەكتە. ھەتتا ئەنجاندىكى ئەھمەد تەنبەلمۇ ئۇكىسى سۇلتان خەلىلنى ئىككى يۈز نەۋكىرى بىلەن بابىرنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپتۇ. شەيبانىخان شۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھازىر بابىرنىڭ ئابرويى ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھەتتا ئەھمەد تەنبەلمۇ قورقۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

موشۇنداق كېتىۋەرسە، يازغىچە بابىرنىڭ قوشۇنى يەنىمۇ كۆپە-يىدۇ. شەيبانىخان ھەل قىلغۇچ جەڭنى تېزلەتمىسە، كېيىن

ئۈتقۈزىدۇ.

* * *

شەيبانىخان سۇلتانلىرى بىلەن كېڭىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇخارا ۋە دەبۇسىيە قەلئەسىنى ئىشەنچلىك ئادەملىرىگە قالدۇردى-دە، ئۆزى سەمەرقەند تەرەپكە قوشۇن تارتىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن سەل ئاۋۋال شەيبانىخان بابىرغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى مەساپ ئۇرۇشقا① چاقىرغان، "مەردلەر مەيداندا سىنالسۇن، قەلئەدە بېكىنىپ يېتىش ياش بالىنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ!" دېگەن مەزمۇندا ئاچچىق كىنايىلەر قىلغانىدى.

ئاخىر، بابىرمۇ سەمەرقەندتىن قوشۇن بىلەن كەلدى-دە، سەرىپۇلدا② شەيبانىخان ئەسكەرلىرىدىن بىر تاش بېرىرەكتە توختاپ، جەڭگە تەييارلىنىشقا باشلىدى. بابىر زەرەپشان دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جايىنى ئوردا قىلىپ ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەكلەر قازدۇردى، شاخ-شۇمبىلاردىن ئوق ئۆتمەيدىغان ئېھاتىلەر ياساتتى.

شۇنىڭغا قارىغاندا بابىر مەساپ ئۇرۇشقا ئانچە تېز كىرىشمەكچى ئەمەس ئىدى، كەينىدىن يەنە يېڭى كۈچلەر يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكچى ئىدى.

بىراق شەيبانىخانىنىڭ يىغىلىدىغان ئەسكەرلىرى يىغىلىپ بولغان. ئەمدى يىراق تۈركىستاندىن يېڭى كۈچ يېتىپ كېلەلمەسلىكى ئېنىق. شەھرىسەبزدىن كەلگەن مەخپىي خەۋەر خانىنى دەككە-دۈككىگە

---

① مەساپ ئۇرۇش — ئوچۇق جايدا يۈزمۇيۈز ئېلىشىش.

② سەرىپۇل — ھازىرقى كاتتا قورغان شەھرى يېنىدىكى بىر قىشلاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلىپ قويىدى. ئاشۇ تەرەپتە باقى تارخان ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغانىمىش، يەنە مىڭچە ئەسكەر يىغىپ، كېيىن ھەممىسىنى بابىرغا ياردەم قىلىشقا ئېلىپ كەلمەكچىمىش. ئەگەر بۇ قوشۇنمۇ بابىرغا كېلىپ قوشۇلسا، شەيبانىخان يېڭىلىشى مۇمكىن. خان ئۇرۇشنى چاپسانراق باشلاشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، بابىرنىڭ قارارگاھىدا مۇنەججىملىك قىلىپ يۈرگەن مەخپىي خادىمىغا خەۋەر ئەۋەتتى. "ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ، بابىرنى چاپسانراق جەڭ قىلىشقا كۆندۈرسۇن، ئەگەر ئىشنى سوزسا، جاسۇسلۇقىنى پاش قىلىپ كاللىسىنى ئالدۇرىمەن!" دەپ مۇنەججىمگە تەھدىت قىلدى.

بۇ مۇنەججىممۇ شائىر بىنائىيغا ئوخشاش، خان قارارگاھىدىن بابىر ھۇزۇرىغا قېچىپ بارغانىدى. بابىرنىڭ رەھمىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنەججىمنى بابىر ھۇزۇرىغا قاچۇرۇشتىن بۇرۇن كالتەكلەپ ئېغىز-بۇرنىنى قان قىلغان، كىيىملىرىنى تىتماتاڭ قىلغانىدى. مەۋلانا شەھابىددىن ئىسىملىك بۇ مۇنەججىمنىڭ ھازىر بابىر سارىيىدا ئىززەت-ھۆرمەتتە ئىكەنلىكىمۇ شەيبانىخانغا مەلۇم ئىدى. خاننىڭ مەخپىي تاپشۇرۇقى قەلەندەر قىياپىتىدىكى كىشىسى ئارقىلىق مۇنەججىمگە يەتكۈزۈلگەن كۈنى كېچىسى شەيبانىخان ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بابىر ئوردىسىغا باستۇرۇپ باردى. ناغرىلار، كانايلار چالدۇرۇپ، ئىستىھكام تاملىرى ئارقىلىق ئوق ياغدۇردى.

ئاتلار خەندەكلەردىن ئۆتەلمەيتتى، ئەمما خان ئەسكەرلىرىنىڭ ھاقارەت ئارىلاش ۋارقىراپ-جارقىراشلىرى ئوردىدا ئولتۇرغان بابىرغا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— چېنىڭ بولسا مەيدانغا چىق!

— قورقۇنچاقلار، كۈرۈك توخۇدەك تۇخۇم بېسىپ

يېتەۋېرەمسەن؟

— بابىرنىڭدا يۈرەك بولسا ئۇلۇغ خانغا ئۆزىنى كۆرسەتسۇن!

— مەرد بولسا مەيدانغا چىقسۇن!

مۇداپىئەدە ياتقان ئادەملەرگە كېچىدىكى ھۇجۇم ۋە شاۋقۇن-سۈرەن ئېغىر تەسىر قىلىشىنى شەيبانىخان ياخشى بىلەتتى. بابىرنىڭ ئوردىسى ئەتراپىدا ئۇنىڭ يۈزلەپ ئاتلىقلىرى ئۇرە-ئۇر دېيىشىپ، ھەممىنى لەرزىگە كەلتۈرۈشتى، دالىدا قىلىنغان شاخ-پاخاللارغا يېقىپ تۇرغان ياغ ئوقلىرىنى ئېتىشىپ، بىر-ئىككى ئورۇنغا ئوت قويۇۋەتتى. ئىچكىرىدىنمۇ ئوقلار ئېتىلدى، غەزەپلەنگەن نەۋكەرلەرنىڭ ھاقارەتلىرى ئاڭلاندى، ئەمما خان قوشۇنى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ھېچكىم يۈرەك توختىتىپ چىقالمىدى.

شەيبانىخان بابىرنىڭ كېچىسى تۇيۇقسىزدىن مەيدانغا قوشۇن تارتىپ چىقماسلىقىنى ئالدىن بىلەتتى. چۈنكى ھېچقانداق ئەقلى-ھوشى بار سەركەردە بۇ قاراڭغۇ كېچىدە كەلكۈندەك يامراپ كەلگەن لەشكەر ئالدىغا تەييارلىقسىز، تەرتىپسىز ئېتىلىپ چىقماسلىقى ئۆز-ئۆزىدىن ئايدىڭ ئىدى. بۇ كېچىدىكى شاۋقۇن-سۈرەن شەيبانىخانغا ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقىنى، بابىرنىڭ بولسا گويا تىزى غالىلداپ، ئىستىھكامدىن بېرىغا چىقالمايۋاتقانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپكە نامايىش قىلماقچى، شۇنىڭ بىلەن ياش دۈشمەنىنىڭ ئىززەت-نەپسىنى قوزغاتماقچى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ كېچىدىكى ھۇجۇم — بابىر قارارگاھىدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇنەججىمنىمۇ دادىللاشتۇرۇشقا قارىتىلغانىدى.

راستىنىمۇ بۇ كېچىدىكى ھۇجۇم بابىرنىڭ ئىززەت-نەپسىگە

قاتتىق تەگدى. مۇنەججىم بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تەركىبىنى مۇرەككەپ بىر تەرزدە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: "ھازىر سەككىز يۇلتۇز سىز تەرەپتە توغرا تۇرۇپتۇ، — دېدى، — يەنە ئىككى كۈن ئۆتسە، بۇ سەككىز يۇلتۇز دۈشمىنىڭىز تەرەپكە ئېغىپ كەتكۈسى، ئەگەر ئەتە - ئۆگۈن جەڭگە ئاتلانسىڭىز، غەلبە سىزنىڭ بولۇشىدىن پۈتۈن ئاسمان جىسىملىرى دالالەت بەرمەكتە!"

ئاخىرى شۇ سەۋەبلەر بىر بولۇپ، بابىر شەھرىسەبز ۋە تاشكەنتتىن كېلىدىغان چوڭ ياردەمنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، ئۆگۈنلۈككە — چارشەنبە كۈنى جەڭ مەيدانىغا چىقىشقا قارار قىلدى. مۇنەججىم بۇنى ئاشۇ ئالاقچى قەلەندەر ئارقىلىق شەيبانىخانغا يەتكۈزدى.

شەيبانىخان چارشەنبە كۈنى ھايات - ماماتى ھەل بولۇشىنى سېزىپ، بارلىق ئىستېداتىنى، پۈتۈن تەجرىبىسىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. كۈن بويى بولغۇسى جەڭ مەيدانىنىڭ ھەربىر ئېگىز - پەس جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، قۇياش قاياقتىن چىقىپ، شامال قايسى تەرەپتىن سوقۇشىغا ئېتىبار بەردى. كېچىسى بولسا ئاتلىرىنى ئېگەرلىتىپ، ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ يېتىشنى بۇيرۇدى، دۈشمەن مەيدانغا چىققان ھامان دەرھال قولايلىق تەرەپنى ئىگىلەشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ قويدى، ئىككى كېچە دېگۈدەك ئۇخلىمىدى. يېرىم كېچىدىمۇ، سەھەر مەزگىلىدىمۇ ئۇنىڭ ئاق چېدىرىدىن كۈچلۈك ئاۋاز ۋە چوڭ ئىخلاس بىلەن يادقا قىرائەت قىلىنىۋاتقان قۇرئان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەيبانىخان جايناماز ئۈستىدە سەجدىگە باش قويۇپ، خۇدادىن نىجات تىلەيتتى. كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ "شەرمەندە قىلما، پەرۋەردىگار!" دەپ پىچىرلايتتى.

چارلىغۇچىلار ئەزان ۋاقتىدا بابىر قوشۇنىنىڭ ئالدىراش سەپلە-
نىۋالىقىنى ۋە بايراق تىكلەۋاتقىنىنى ئېيتىپ كەلگەن ھامان شەيبا-
نىخانمۇ بارلىق ئەسكەرلىرىنى سەپكە تۇرغۇزدى. قارا ئالا ئاتتا
سەپلەرنى ئايلىنىپ چىقتى.

— شۇڭقارلىرىم! — دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن قوشۇنىغا
مۇراجىئەت قىلدى، — بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ خۇدادىن باشقا تايانچىمىز
يوق. ئاتا يۇرتىمىز يىراق، يېڭىلسەك يېتەلمەيمىز. بىردىنبىر نىجات —
يېڭىش! مېنىڭ پەرۋەردىگاردىن ئۈمىدىم چوڭ. چۈشۈمدە ئايان
بولدى، نېسىپ قىلسا، غەلىبە بىزنىڭكى!

— ئىنشائاللا! — دېدى ئۈنلاپ ئاۋاز بىراقلا.

شەيبانىخان قورئاندىن قىسقا بىر سۈرىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن
تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇدى-دە، دىنىي رەھبەرلەرگە خاس سىرلىق
ۋە سالاپەتلىك تەرزدە پەتىۋا بەردى:

— ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر!

مىڭلىغان ئادەملەر تەڭلا:

— ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ تەكبىر ئېيتقاندا ئاسمان تىترەپ
كەتكەندەك بولدى. شەيبانىخاننىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭ
پەتىۋاسىدىن روھلانغان قوشۇن بۇرۇندىن ئويلانغان ئېنىق پىلان
بىلەن دۈشمەن تەرەپكە ماڭدى.

ئۇزاق قىلىنغان مەشقلەر بىكارغا كەتمىگەنىدى. خاننىڭ
قوشۇنى گويا بىر تەن-بىر جان بولۇپ ھەرىكەت قىلاتتى، خۇددى
چىڭ تارتىلغان يادەك ئوتتۇرىسى ئازىراق ئالدىغا چىقىپ باراتتى.

سول تەرىپى دەريا. شەيبانىخان قوشۇنىنى ئوڭ تەرەپتىكى
كەڭلىكلەردىن دەريا تەرەپكە يانداشتۇرۇپ ماڭدۇردى. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريا تەرەپ يانتۇراق ئىدى، بۈگۈن شامالمۇ جەنۇبتىن چىقماقتا ئىدى. يول يانتۇ بولسا ۋە شامال كەينىدىن چىقسا، ئۇچقۇر ئاتلار يەنىمۇ چاپسانراق چېپىشى مۇمكىن. شەيبانىخان بۈگۈن قوللانماقچى بولغان تولغىما ئۇسۇلى — چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتلارنىڭ ئۇچقۇرلىرىنى بۇرۇنلا بەلگىلەپ قويغان. بۈگۈن بولسا شامالنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ، يەرنىڭ يانتۇلۇقىنىمۇ ھېسابقا ئالغانىدى.

شەيبانىخان قوشۇنىنىڭ جەنۇبتىن يانچە يېقىنلىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن بابىر قوشۇنى دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئوڭ قانىتىنى ئالدىغاراق چىقىرىپ، دەرياغا كەينىنى قىلدى-دە، جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئوتتۇرىلىقتا ئىككى-ئۈچ چاقىرىمچە ئارىلىق قالغاندا شەيبانىخان خاس نەۋكەرلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە بايراقدارى بىلەن بىللە ئېگىز بىر دۆڭدە توختىدى. بابىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دۆڭلۈكتە ئاتلىق تۇراتتى، ئۇنىڭ كەينىدىكى دەريانىڭ سۈيى ئەتىگەندىكى قۇياش نۇرىدىن تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى.

بابىرنىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا تۇرا① كۆتۈرگەن، دەستىسى ئۇزۇن نەيزىلەر ۋە ئاي پالتىلار بىلەن قوراللانغان پىيادىلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. ئەگەر ئاتلىقلار ئۇلارغا توغرىدىن-توغرا دۇچ كەلسە ئۇزۇن نەيزىلەر ئاتقا ياكى ئاتلىققا سانجىلىدۇ. شەيبانىخان پىيادىلەرنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا دۈشمەن مەركىزىنى ئوچۇق قالدۇرۇشنى، دۈشمەننىڭ

---

① تۇرا — قالقاننىڭ بىر تۈرى. ئاتلىقلارنىڭ قالقىنىدىن چوڭراق بولىدۇ.

ئىككى قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىككى بىقىندىن ۋە كەينىدىن زەربە بېرىشنى بۇيرۇغانىدى.

ئوڭ قاناتتىكى مەھمۇد سۇلتان، جانىبەگ سۇلتان ۋە تۆمۈر سۇلتان خاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، دۈشمەنگە بىر چاقىرىم قالغاندا ئاتلىرىنى توساتتىن ئوڭ تەرەپكە بۇراشتى ۋە بابىر قوشۇنىنىڭ سول قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. شەيبانىخان قوشۇنىنىڭ سول قانىتىدىكى مەشھۇر لەشكەر بېشىلەر ھەمزە سۇلتان ۋە مەدھى سۇلتانمۇ مەركەزگە تەگمەي، بابىرنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئايلىنىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەڭ زور كۈچلىرىنى مەركەزگە قويغان بابىر ئاۋۋال تۈزگەن لانىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. بابىر مەركەزگە يىغان قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى ئوڭ قاناتقا قوشۇلۇپ، شەيبانىخاننىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلدى.

تولغىمانىڭ بىر نازۇك جايى شۇنىڭدىكى، مەركەزگە تەگمەي ئۆتكەن ئىككى قانات بىر-بىرىدىن ئاجرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دۈشمەن ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىشى، كېيىن كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ تولغىما ئىشلەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تولغاپ، قورشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھازىر شەيبانىخان قوشۇنىنىڭ سول قانىتى خۇددى مانا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈشكە باشلىدى.

ئەمما مانا شۇ يەردە ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلارنىڭ تاللانغىنى ئەسقاتتى. بابىرنىڭ ئاتلىقلىرى ئالدىدىن كېسىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەھمۇد سۇلتان باشلىق ئۈچ-تۆت يۈز چەۋەنداز دۈشمەن قوشۇنى-نىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئوڭ قاناتتىن ھەمزە سۇلتاننىڭ ئىككى يۈز ئاتلىقمۇ ئۇچقۇر ئاتلاردا دۈشمەننى ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كېلىپ، مەھمۇد سۇلتاننىڭ يىگىتلىرىگە قوشۇلدى. بابىر قوشۇنى كۆتۈلمىگەندە ھەم ئىككى ياندىن، ھەم كەينىدىن زەربە يەپ، ھودۇقۇپ قالدى. جان ئاچچىقىدا ۋارقىراۋاتقان، قىلىچ ۋە ئوق زەربىسىدىن يىقىلىۋاتقان، ئاياغ ئاستىدا مىجىقلىنىپ چىرقىراۋاتقان ۋەھىملىك ئاۋازلار، تىغ، نەيزە زەربىلىرى، "ئۇر، ھە ئۇر!" دېگەن ۋارقىراشلار ئاتلارنىمۇ قۇترىتىۋەتكەنىدى. بابىر قوشۇنىنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بۇزۇلۇپ كەتتى، ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، پىيادىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى. پىيادىلەرنى ئەمدى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاتلىقلىرىمۇ بېسىپ، يەنجىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئوچۇق قالغان مەركەزدىن بابىر ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوتنىڭ يالقۇنىدەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، شەيبانىخان تۇرغان دۆڭلۈككە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئوڭ قاناتتىكى تۆمۈر سۇلتان بىلەن جانىبەگ سۇلتاننىڭ يىگىتلىرى تېخىچە قورشاۋدىن چىقالمايتتى. شەيبانىخان تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىقنىڭ ئۇزايى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. كۆپەكبىينىڭ ئۈچ-تۆت يۈز يىگىتى قىرغىن بولۇۋاتقان جايدىن چىقىپ، دۈشمەن ئاتلىقلىرىنىڭ كەينىگە چۈشتى، ئەمما ئوتتۇرىدىكى مۇساپە خېلى يىراق. كۆپەكبىي يېتىپ كەلگۈچە بۇ ياقتىكىلەر شەيبانىخاننى پۈتۈن خىزمەتچىلىرى بىلەن يانجىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى سەزگەن خاننىڭ خىزمەتچىلىرى ھودۇقۇپ قېلىشتى. ياۋاشراق ئات مىنىپ چىققان موللا ئابدۇرەھىم:

— ھەزرىتى ئىمامى زامان، ۋاقىت ئۆتتى، بىخەتەر جايغا چېكىنەيلى! — دېدى.

شەيبانىخاننىڭ رەڭگىدە قان قالمىغان. ئۇ بىخەتەر جايغا كېتىشنىمۇ خالايتتى، ئەمما بۇ دۆڭلۈكتە ئۇ بايراقلار بىلەن تۇرۇپتۇ. ئەگەر تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتسىلا، ئەسكەرلىرى قايرىلىپ قاراپ، ئۇنى ۋە بايراقلارنى كۆرمىسە "يېڭىلىپتىمىز!" دەپ ئويلىشىدۇ. خاننىڭ چېكىنىشى يېڭىلىش ئالامىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيبانىخان تىترەپ-قاقشاپ:

— ئۆلۈم بار، چېكىنىش يوق! — دەپ ۋارقىرىدى. كېيىن ئۇ يۈز قەدەمچە نېرىدا تۇرغان خاس نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇدى، — چىق ھەممىڭ! ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ يولىنى توس!

بۇ خاس نەۋكەرلەر خاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچى ھېسابلىناتتى، ئۇلار ئادەتتە يېڭىلىپ قېچىش كېرەك بولغاندا خاننى قوغداپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ساقلىناتتى. خان بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن ئۇلار قاپلاپ كېلىۋاتقان نېرىقى دۈشمەننىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ، يالاردىن ئوق ئاتا-ئاتا ئۇلارغا يېقىنلاشتى. خاس نەۋكەرلەر نېرىقىلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئاز بولسىمۇ دادىل ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. نېرىقى تەرەپتىن كۆپەكبىيمۇ ئۈچ-تۆت يۈز ئاتلىقى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەمدى دۈشمەن ئاۋانگارتلىرى قورشاۋدا قالدى. بىر چاغدا شۇ قورشاۋنى ئونچە ئاتلىق بىگىت يېرىپ چىقتى. خۇددى ئوغلاق تارتقاندا، ئوغلاق تالىشىپ توساتتىن تاماشىبىن ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ قالىدىغان ئوغلاقچىلارغا ئوخشاش شەيبانىخان تۇرغان دۆڭلۈككە چىقىپ كەلدى. مۇلازىملاردىن بىرنەچچىسى "گۇر" قىلىپ كەينىگە قاچتى. ئەمما شەيبانىخان ئۆز نەۋكەرلىرىنىڭ قولى ئۈستۈن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئوقياغا ئوق ئورنىتىپ، دۆڭنى ياقىلاپ قېچىپ ئۆتۈۋاتقان دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا

قاراپ ئاتتى. ئوق ھېچقايسىسىغا تەگمىگەن بولسىمۇ خاننىڭ شەخسەن ئۆزى جەڭگە قول سالغىنىنى كۆرگەن نەۋكەرلەر ئاۋۋال- قىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىشىپ دۈشمەن ئاۋانگارتلىرىنى بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىدى.

ئىرى تەرەپتە دۈشمەن قوشۇنىنى ئوراپ، يۆگەپ، تولغىما ئۇسۇلىنى خان ئىبتىقاندەك ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان سۇلتانلار مىڭغا يېقىن يىگىتلىرى بىلەن بابىر تۇرغان دۆڭلۈككە يېتىپ باردى. پىيادىلەر بابىرغا ئەسقاتمىدى. يېقىندا تاشكەنتتىن كېلىپ قوشۇلغان موغۇل ئاتلىقلىرى بابىرنىڭ جەڭدە يېڭىلىۋاتقانلىقىنى سېزىشتى-دە، ئولجىسىز كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىگىسىز قالغان ئاتلارنى چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ يېتەكلەپ، جەڭ مەيدانىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بەزى موغۇللار بولسا ئۆزلىرى بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ئەنجانلىق ۋە سەمەرقەندلىك يىگىتلەرنى ئىگەرلىرىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاتلىرىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كېتىشكە چۈشتى.

بىر چاغدا شەيبانىخان بابىرنىڭ ئون-ئون بەش خىزمەتچىلىرى بىلەن دۆڭدىن چۈشۈپ، دەريا تەرەپكە قاراپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ بىر ھىيلە ئەمەسمىكىن، دەپ تىكىلىپ قارىسا، بابىر تولۇپ-تېشىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئات سېلىپ كىردى. قىرغاقتا قالغان ئۇنىڭ بىرنەچچە يۈز نەۋكىرى بابىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن دۈشمەننىڭ يولىنى تامدەك توسۇۋالدى. بابىرنىڭ سەمەرقەندكە قاراپ قېچىۋاتقىنىغا ئەمدى ئەستايىدىل ئىشەنگەن شەيبانىخان قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ ھاياجان بىلەن:

— خۇدايا ئۆزەڭگە شۈكۈر، ئۆزەڭگە شۈكۈر! — دېدى.

ئەمما دۈشمىنىنىڭ قېچىۋاتقانلىقى ئەمدى ئۇنىڭغا ئازلىق قىلد-

دىغانداك تۇيۇلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز غەلىبىسىنىڭ يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى بولۇشىنى خالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارقىدا تۇرغان چاپارمەن تەرەپكە ئۆرۈلدى:

— چاپسان بېرىپ شۇڭقارلىرىمغا ئېيت، بابىرنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلگەن ئادەمگە بېشى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن!

چاپارمەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىپ ئورنىدىن ئەمدىلا قوزغالغاندا شەيبانىخان:

— توختا! — دېدى. ئۇ مەغلۇپ بولغان بابىرنى ئەسىر ئېلىپ، ئاللا-تۇۋىسىنى كۆرسەتسە، غەلىبىسىنىڭ شۆھرىتى يەنە بىر دەرىجە ئېشىشىنى سەزدى، — شۇڭقارلىرىمغا يەنە بىر بۇيرۇقىمىزنى يەتكۈز! بابىرنى تىرىك تۇتۇپ كەلگىنىگە بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن! يا تىرىك، يا ئۆلۈك، ئەلۋەتتە، ئېلىپ كېلىڭلار!

چاپارمەن دۈگدىن ئات چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا شەيبانىخان كۆزلىرىنىڭ نەم ئىسكەنلىكىنى سەزدى. غەلىبە زوقىدىن كۆزىگە ياش كەلگىنىنى ئەمدى بايقىدى-دە، كۈلۈمسىرەپ، ئالقىنى بىلەن كۆز يېشىنى ئاستا ئېرتىپ قويدى.

## 8

سەرەتان ئۆتتۈپ، ئەسەد ئېيى كىردى: سەمەرقەند ئەتراپىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يېتىلگەن ھوسۇلدىن ئېگىلىپ، يەرگە سالام بېرىشكە باشلىدى. شەھەر ئىچىدىمۇ مېۋىلىك دەرەخلەر، تەكلەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئۇلار ھەممىسى ھېلىتىن سىپسىدام بولۇپ قالغان. تېخى سارغايمىغان كۆپكۆك شاخلار ئارىسىدا بىرەر ئالما، بىرەر شاپتۇل، بىرەر شىڭگىل ئۈزۈم قالمىغان،

www.uyghurkitap.com

بەش ئايدىن بۇيان قامال ئازابىنى تارتقان شەھەر خەلقى بارلىق مېۋىلەرنى پىشار-پىشماي يەپ تۈگەتكەن. قورغاننىڭ ھەممە دەرۋازىلىرى ئېتىك، شەھەر ئەتراپىنى شەيبانىخاننىڭ قوشۇنى قورشاپ يېتىپتۇ. ئىچكىرىدىنمۇ ھېچكىمنى چىقارمايدۇ، سىرتتىن ياردەم بەرمەكچى بولغانلارنىڭمۇ يولىنى توسىدۇ.

ئۇلۇغبەگ مەدرىسىنىڭ ئېگىز تېمى ئۈستىدىكى تەكشى مەيدانغا بابىرنىڭ ئاق چېدىرى ئورنىتىلغان. بۇ يەردىن قورغان تاملىرى، ئەتراپ مەھەللىلەر، شەھەر دەرۋازىلىرى ياخشى كۆرۈنىدۇ. بابىر گاھى ئاچ ئادەملەرنىڭ لەمپىلەرگە ئۇۋا سالغان پاختەكلەرنى تۇۋلاپ يۈرگىنىنى كۆردى. قاناتلىق قۇشلار ماغدۇرى قالمىغان ئاچلارغا تۇتۇلمايتتى. شەھەر ئىچىدە قۇشلار يەيدىغان دان-پان، تاماق قالدۇقلىرىمۇ تېپىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن قۇشلارمۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. گاھى ئەتراپ كوچىلاردا بىرەر كىشى ئىت ياكى مۈشۈك تۇتۇۋالسا، ئېچىرقىغانلار شۇنىمۇ تالىشىپ، غىژىلدىشىپ قالاتتى.

مەدرىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە پادىشاھنىڭ چوڭ ئاتخانىسى بار. ئىلگىرى بۇ يەردە سارايىنىڭ يەتمىش-سەكسەن ئېتى بېقىلاتتى. ھازىر شۇلاردىن تۆتىلا قالغان. بىر قىسمى سەرپۇلدا قولدىن كەتتى. كۆپچىلىكى سويۇپ يېيىلدى. بىراق شۇ تۆت ئاتقىمۇ يەيدىغان تېپىلمايتتى، دان دىدارىنى كۆرمىگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى، ئوت-بېدىلەر ئاللىقاچان تۈگىگەن، ئەتراپتىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ يۇلۇپ، قېقىپ ئات ۋە تۆگىلەرگە يېگۈزۈشكەن، ھازىر يوپۇرماقسىز دەرەخلەر يازدىمۇ خۇددى قىشتىكىدەك يالىڭاچلىنىپ، كۆزگە ناھايىتى خۇنۇك كۆرۈنەتتى.

ئات-ئۇلاغلارغا يوپۇرماقمۇ تېپىلماي قالغاندىن كېيىن دەرەخلەرنىڭ قۇرۇغان ياغاچلىرىنى رەندىلەپ بېرىدىغان بولۇشقان.

بابىر ئاتخانا هويلىسىدا ياغاچ رەندىلەۋاتقان تاهىرنى كۆردى. سەرپۇلدا بۇ يىگىت بابىرنىڭ خاس نەۋكەرلىرى ئارىسىدا ئىدى. دەريادىن ئۆتۈشتىمۇ، ئارقىدىن هۇجۇم قىلغان دۈشمەن ئاۋانگارتلىرىنىڭ هۇجۇمىنى قايتۇرۇشتىمۇ جانپىدالىق كۆرسەتكەنىدى. بابىر يېقىندا ئۇنىڭ ئۆيلىنىش تارىخىنى ئاڭلىدى. شۇنچە ئازابلار بىلەن قايتا تېپىپ ئالغان خوتۇنى ئاچارچىلىقتا نابۇت بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، رابىيىنى ئانىسى قۇتلۇق نىگارخانىمغا كېنىزەك قىلىپ قويىدى.

تاهىر ئۇششاق رەندىلىگەن ياغاچنى سارغۇچ بۇرۇتلۇق مەمەت سۇدا ئۆۋىتىپ يۇمشاتماقتا ئىدى. شۇنداق قىلمىسا ئۇنى ئات يېيەلمەيتتى.

سەرپۇل جېڭىگە مەمەتمۇ نەۋكەر بولۇپ قاتناشقانىدى. ئاشۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان-ئېسەن قايتقان بۇ يىگىت ئۆتكەن هەپتە قورغان سىرتىغا مېۋە ئوغرىلاشقا چىقىپ، بىر قولىقىدىن ئايرىلىپ قايتتى.

قورغان تېمىدىن بوي سوزۇپ، تاشقىرىغا قارىغان ئاچلار سىرتقى باغلاردا پىشىپ، شاخلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان، يەرلەرگە تۆكۈلۈپ ياتقان ئالمىلار، ناكىلار، شاپتۇلىلارنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمايتتى. كېچىسى ئەل ئۇخلىغاندا مەمەت ئۈچ-تۆتچە كونا كاسىپ دوستلىرى بىلەن قەلئە تېمى تېگىدىكى سۈڭگۈچتىن تاشقىرىغا چىقىدۇ. چوڭقۇر خەندەكتىنمۇ ئەپلەپ ئۆتۈپ، پىشقان

مېۋىلەرنى تويغۇچە يېيىشىدۇ. كېيىن قولىلىرىدىكى خالتا ۋە خۇرجۇنلىرىنىمۇ مېۋىگە تولدۇرۇشىدۇ. ئەمما قورغانغا قاراپ كېلىۋاتقاندا شەپقەتسىز كۆپەكبېينىڭ يىگىتلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋالىدۇ. مەمەتمۇ ئۆزىنى گاسىپ دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئەگەر "بابىرنىڭ نەۋكىرىمەن" دېسە تىرىك قالمايتتى. كۆپەكبېي "مېۋە ئوغرىلىغۇسى كەلگەنلەرگە ئىبرەت بولسۇن"، دەپ تۇتۇلغانلاردىن ئۈچىنىڭ بۇرنىنى، ئىككىسىنىڭ قۇلىقىنى كەستۇرىدۇ-دە، قويۇۋېتىدۇ. بىر سىقىم مېۋە ئۈچۈن قىلىنغان بۇ ۋەھشىلىك سەۋەبىدىن مەمەت ئەمدى يازدىمۇ تۇمىقىنى كېيىپ قۇلىقىدىن پەسكىچە باستۇرۇپ كىيىدىغان بولغان. بەزىدە ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىدۇ: "قۇلاقنىغۇ يوشۇرسا بولىدۇ، بۇرنۇم كېسىلسە قانداق قىلاتتىم؟"

بابىر كوچىدىن ئۆتۈۋېتىپ گاھى بۇرنى كېسىلگەن بىچارىلەرنىمۇ كۆرۈپ قالاتتى.

ئۇ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى سەمەرقەندنى يەتتە ئاي قامال قىلىپ ياتقاندا ئادەملەرنىڭ بېشىغا قانچىلىك ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكىنىنى مانا ئەمدى راستىنلا بىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئاچارچىلىقتا كىتابپۇرۇشلۇق رەستىسىگە بارغىنىدا ئوغلى كۈنجۈرە يەپ ئىششىپ ئۆلگەن، ئۆزى ساراڭ بولۇپ قالغان بىر موماي خۇدانى قاغاپ، "ئىلاھىم ئۆزىمۇ شۇ كۈنگە قالسۇن!" دېگىنىنى بابىر ئەمدى قىساسكار تەقدىرنىڭ ھۆكمىدەك ئەسلىدى...

كەمبەغەللەر ئۆيىدىن باشلانغان ئاچارچىلىق ئاستا-ئاستا نەۋكەرلەر، بەگلەر قارارگاھىغىمۇ، پادىشاھ سارىيىغىمۇ ئۆمىلەپ كەلدى. مانا، ئۇن كۈن بولدى. بابىر نان دىدارىنى كۆرمىدى.

ئۇن ئاللىقاچان تۈگىگەن. ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردا ئەتىگەندە بىر سىقىم كىشمىش بىلەن چاي، كەچتە بىر چىنە تۆگە گۆشى شورپىسى ياكى ئۈچ - تۆت زىخ كاۋاپ بېرەتتى . بابىر ئالتۇنلىرى پارقىرىغان شاھانە قاچا - تاۋاقلارغا تەلمۈرۈپ قارايتتى - دە، ھازىر شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر پارچە ناننى ئەۋزەل كۆرەتتى. لېكىن نان ئالتۇنغىمۇ تېپىلمايتتى.

ئايشە بېگىمنىڭ ئالتە ئايلىق ئەمچەكتىكى قىزى بۇقۇلداپ يىغلايتتى. چۈنكى ياداپ، مادارىدىن كېتىپ قالغان ئايشە بېگىمنىڭ ئەمچىكىگە سۈت كەلمەيتتى. يېقىندا يەڭگىگەن باشقا بىر ئانىنى تېپىپ پەخرىنىسانى بەش - ئۇن كۈن ئەمگۈزگەنىدى، پالاكەت يۈز بەردى. ئۇ ئانا ۋاباغا ئۇچرىغان ئائىلىدىن ئىكەن. دەھشەتلىك كېسەللىك پەخرىنىساغا يۇقتى - دە، ئىككى كۈن ئىچىدە بالا مومدەك ئېرىپ جان بەردى.

بابىر كېيىنگە ئۇرالغان بوۋاقنى يىڭى قېزىلغان قەبرە ئالدىغىچە كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قورۇلغان يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. "مەيلى، شۇ ۋابا ماڭىمۇ يۇقسۇن، بۇ ئازابلاردىن بىر يولى خالاس بولاي!" دېگەن ئەلەملىك ئوي بىلەن بوۋاقنىڭ سوغۇق لەۋلىرىدىن سۆيدى.

غەلبە كۈنلىرى دۇنياغا كېلىپ پەخرىنىسا نامىنى ئالغان قىزچاقنى قەبرىگە قويۇپ، ئۈستىگە توپا تاشلىغاندا بابىر بىرمەھەل ئۆزىنى ئۇنىڭ ئورنىدا كۆردى، تېخى تىرىك بولسىمۇ ھاياتىنىڭ بىر بۆلۈكى ئاۋۋالقى غەلبىلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى بىلەن بىللە ئۇمۇرۋايەت تۇپراق تېگىدە قالغىنىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدى.

ئىچكىرىدە بابىر كۆلپەت چېكىپ غەم - قايغۇغا پاتقانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشقىرىدا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. بابىر ھىراتتىكى تاغىسى ھۈسەيىن بايقارادىن، تاشكەنتتىكى تاغىسى مەھمۇد خاندىن بەش ئاي داۋامىدا ياردەم كۈتتى، كەلمىدى. ئەمدى كەلمەسلىكى ئېنىق. شۇنى بايقىغان شەيبانىخان ھەر كۈنى كېچىسى دەرۋازا سىرتىدا ناغرا چالدۇراتتى، كاناي-سۇنايلار بىلەن شەھەر ئاھالىسىنى ئويغىتاتتى. كېيىن خان جارچىلىرى قورغان سىرتىدىكى تۆپىلىكلەرگە چىقىپ، شەھەردىكىلەرنى خان تەرەپكە ئۆتۈشكە چاقىراتتى، ئاچ ئادەملەرگە تۇرلۇك يېمەك-ئىچمەكلەر ۋەدە قىلاتتى. بابىرنىڭ ئەمدى ئۇرۇشتىن يېڭىلگەنلىكىنى سەزگەن بەگ ۋە نەۋكەرلەر تامدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، سۈڭگۈچلەردىن ئۆتۈپ، قامال بالاسىدىن قاچاتتى.

بىر كۈنى كېچىسى بابىرنى قوغداپ يۈرىدىغان قورچى بېگىمۇ قەلئەدىن يوشۇرۇن چىقىپ قاچتى. خاس قوغدىغۇچىلار ئارىسىدا تاھىر بار ئىدى. ئەتىسى كۈنى كېچىدە بابىر ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىۋالدى.

تاھىر ياداپ كەتكەنلىكىدىن يەلكىلىرى مۈكچىيىپ قالغان، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، يۈزىدىكى تاتۇقى بولسا بۆرتۈپ گويا ئاۋۋالقىدىن خېلى چوڭىيىپ كەتكەن.

— تاھىربەگ، — دېدى بابىر، — گۆرى ئەمىر مەقبەرەسىنىڭ گىرۋىكىگە ئەرەب تىلىدا بىر ھېكمەتلىك سۆز يېزىلغان. بۇنىڭدا "جاھان سەندىن يۈز ئۆرۈمەستىن بۇرۇن سەن جاھاندىن كۆڭۈل ئۈزۈشنى بىلگىن" دېيىلگەن. مەن ئەمدى جاھاندىن كۆڭۈل ئۈزمەكچىمەن. ۋابا مېنى ئېلىپ كەتسە بەلكى تېز قۇتۇلاتتىم. لېكىن مېنى ۋابامۇ يانداپ ئۆتتى...

— خۇدا ساقلىسۇن ئەمىرزادەم بىزنىڭ تايانغان تېغىمىز ئۆزىڭىز سىز!

— تايانغان تېغىڭىز ھازىر يەر بىلەن يەكسان بولدى، تاھىر-بەگ! تۈنۈگۈن بىر بېيىت يازدىم:

"ئەي كۆڭۈل، گەرباىبىر ئۇل ئالەمنى ئىستەر، قىلما ئەيىب،
تەگرى ئۇچۇن دې، بۇ ئالەمنىڭ سەپاسى قالدىمۇ؟!"

تاھىر شېئىردىن تەسىرلىنىپ:

— راست، ھازىرقى كۈنلىرىمىزدە ساپا قالمىدى. ئەمىرزادەم! — دېدى، — لېكىن ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق. شۈكۈر، تېخى تەندە جان، بەلدە شەمشىرىمىز بار!

بابىر ئويلىنىپ تۇردى-دە:

— ئەمدى كېيىنكى گەپ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك! — دېدى، — بار كۈچلەرنى توپلاپ، قولاي بىر پەيىتتە قەلئەدىن چىقايلى ۋە دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا تېگەيلى! كۈنىمىز پۈتمىگەن بولسا يېرىپ ئۆتەرمىز، پۈتكەن بولسا قىلىچ بىلەن جان بېرەرمىز!...

— خۇدا خالىسا يېرىپ ئۆتۈرمىز، ئەمىرزادەم!

— بۇسىرنى ھازىرچە پەقەت قاسىمبەگ بىلىدۇ، سىزمۇ سىر ساقلاڭ، تەييارلىق كۆرۈڭ!

— جېنىم بىلەن!

تاھىر شۇ كۈنى كېچىسى قاسىمبەگ بىلەن ئۇچراشتى. ئىككىسى قەلئە تېمىنىڭ كۈنگۈرىلىرى ئارقىلىق تاشقىرىنى كۆزىتىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ئاھەنىن، فىرۇزە ۋە چاررەھە دەرۋازىلىرى تەرەپتە جايلاشقىنىنى، شەيخزادە دەرۋازى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئەتراپلىرىدا بولسا دۈشمەن ھالقىسى ئاجىزراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. نەۋكەرلەر ۋە ئاتلىقلارنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىكلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى ھۇجۇمغا تەييارلاشقا باشلىدى.

بابىر بوستان سارايدا خاس خانىدا كىتابلىرى ۋە قەغەزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كېرەكلىكلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ خىللاۋاتقاندا ئىشكتىن قۇتلۇق نىگارخانىم، ئېسەن دۆلەت بېگىم ۋە قاسىمبەگ كىرىپ كېلىشتى. كۆرۈنۈشلىرىدىن پەۋقۇلئاددە بىر گەپ بولغان.

* * *

— ئەمىرزادەم، — دەپ بابىرنىڭ مومىسى كېيىنكى يىللاردا ئازراق مۈكچىيىپ قالغان ئېسەن دۆلەت بېگىم گەپ باشلىدى، — شەيبانىخان سۈلھ تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ!

سۈلھ سۆزى بابىرنىڭ قۇلىقىغا نىجات ئاھاڭىدەك ئاڭلاندى. ئەمما نىجاتلىقنى ھېچقاچان شەيبانىخاندىن كۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، كۆزلىرىنى مومىسى بىلەن ئانىسىغا تىكتى. قۇتلۇق نىگارخانىم نېمىشقىدۇر قاتتىق تاقەتسىزلەنگەنىدى! ئېسەن دۆلەت بېگىمنىڭ قولىدا زەرھەل قىرغاقلىق قەغەز. موماي قانداقتۇر بىرنەرسىدىن خىجالەت بولغاندەك بولۇپ:

— خانىنىڭ نامىسى، — دېدى-دە، قولىدىكى قەغەزگە خالار-خالىماس قاراپ قويدى.

خانىنىڭ نامىسى نېمىشقا ئەڭ ئاۋۋال مومىسىنىڭ قولىغا كېلىپ چۈشكەنلىكىدىن بابىر ناھايىتى ھەيران بولدى:

— نامىنى كىم ئەكەلدى؟

— نوپۇزلۇق بىر دەرۋىش. نەقشبەندىلەردىن رەھمەتلىك

خوجايەھياغا قول بەرگەن مويسىپىت ئىكەن.
بابىر ئانىسىغا قارىدى:
— سىزگە ئەكىلىپ بەردىمۇ؟
— ياق، — دەپ قۇتلۇق نىگارخانىم مەيۈس باش چايقىدى.
ئېسەن دۆلەت بېگىم نامىنى بابىرغا سۇنۇۋېتىپ خىجىل بولۇپراق قوشۇپ قويدى:
— ئەسلىدە بۇ نامە خانزادە بېگىمنىڭ نامىغا كەلگەنىكەن.
— ئەجەبا! — دەپ بابىر خەتنى يىرگىنىپرەك قولىغا ئالدى.
— ئەمىرزادەم، — دېدى مومىسى، — سىزگە ئېيتىشقىمۇ ئۇيىلىمەن... شەيبانىخان خانزادە بېگىمنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئەرد چېكەر ئىمىش. نامىسىدا بىر پارچە شېئىرمۇ بار.
بابىر شەيبانىخاننىڭ بۇ يىل ئەللىك ياشقا كىرگىنىنى، ئوغۇللىرىنى ئاللىقاچان ئۆيلەپ، نەۋرىلىكمۇ بولغىنىنى بىلەتتى. زەردە بىلەن نامىنى ئېچىۋېتىپ ئەڭ ئاۋۋال شېئىرىي قۇرلارغا كۆزى چۈشتى:
"سىفاتىڭنى ئېشىتىپ زار ئولدىم،
ئىشقىڭ ئىلكىگە گىرىپتار ئولدىم".
بابىرنىڭ غەزىپى كېلىپ، نامىنى گىلەم ئۈستىگە ئاتتى:
— بۇ خان بولتۇر سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئانىسى زۆھرە بېگىمگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ نامە ئەۋەتكىنىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇدۇڭلار؟ بۇ نامىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟!
قۇتلۇق نىگارخانىم ئۇھ تارتتى. ئېسەن دۆلەت بېگىم بولسا ئىلاجىنىڭ بارىچە سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئەمىرزادەم، باشقا ۋاقىت بولسا دۈشمىنىڭىزنىڭ بۇ نامىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوقۇشقىمۇ ھەزەر قىلاتتۇق. لېكىن ھازىر جېنىمىز قىل ئۈستىدە. مەنىڭمۇ يېشىمنى ياشاپ، يەيدىغىنىمنى يەپ بولدۇم، بەش كۈن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ، بەرىبىر كېتىمەن. لېكىن سىز پەرزەنتىمىنىڭ يالغۇز ئوغلى، كۆزىمىزنىڭ ئېقى ھەم قارىسى...

— مەنمۇ تەقدىرىمدە بارىنى كۆرەرمەن. نېسىپ قىلسا، دۈشمەن قورشاۋىنى يېرىپ چىقارمىز!

بابىرنىڭ ھەل قىلغۇچى قارارىنى قۇتلۇق نىگارخانىم قاسىمبەگدىن ئاڭلىغاندەك، ئەندىشىگە تولغان ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— تەقدىر دەپ ئۆزىڭىزنى ئوتقا ئاتماڭ، ئەمىرزادەم! بىزنىمۇ ئويلاڭ! سىز دۈشمەن تىغىغا ئۆزىڭىزنى ئۇرسىڭىز، بىز قانداق قىلارمىز؟ ئۆمۈرلۈك يولدىشىڭىز ئايشە بېگىم قانداق قىلىدۇ؟

بابىر مۇنداق خەتەرلىك جەڭگە ئاياللارنى ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەمدى ئويلىدى-دە، ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب تاپالماي قالدى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئېسەن دۆلەت بېگىم گىلەم ئۈستىدە ياتقان نامىگە ئىشارەت قىلىپ، كىنايىلىك كۈلۈمسىرىدى:

— بۇنىڭ كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولدى. مېنى بىلىسىز، ئەمىرزادەم. كۆپ بالىلارنى كۆرۈپ پىشقان تەدبىرلىك مومايمەن. نامە ئەكەلگەن دەرۋىشنى گەپكە سالدىم. گۇمانلىرىمىزنى ئېيتتىم. دەرۋىش قەسەم ئىچتى. "خان ئەستايىدىل سۇلھ تۈزمەكچى"، دەپ بىرمۇنچە دەلىل-ئىسپات كۆرسەتتى. بەرىبىر ئىشەنمىدىم. "بولمىسا ۋەكىل ئەۋەتىڭ، خان ئۆز نىيىتىنى قولىدا قۇرئان بىلەن تەستىقلىسۇن!" دېدى. بىز بۇنى سىزگە ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىز تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدۇق. رەھمەتلىك خوجايەھياغا قول

بەرگەن ھالال ۋە پاكىز بىر مويسىپىت بار ئىدى. شۇنى دەرۋىش بىللە بىللە خان ئوردىسىغا ئەۋەتتۇق. بۇگۈن ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى. خان بارلىق سۇلتانلىرىنىڭ ئالدىدا قولىغا قۇرئان ئېلىپ ئېيتىپتۇ: "شۇنچە قان تۆكۈلگىنى يېتەر، ئەمدى خانزادە بېگىم رازى بولسۇن، ئىنىسىغا، ئانىسىغا باشقا ئادەملەرگە تەگمەيمىز، قەلئەدىن بىخەتەر چىقىپ كەتسۇن." دەپتۇ. چوڭ توي-تاماشا بىلەن ئۆيلەندى-مەكچىمىش. سەمەرقەندە خەلقىغىمۇ ئومۇمىي كەچۈرۈم بەرمەكچى-مىش! بىرقانچە مويسىپىتلەر بۇنى ئاڭلاپ بىزدىن ئىلتىماس قىلىشتى. نىمە ئامال؟

بابىر چېكىسىنى ئىككى قولى بىلەن قىسىپ، بىردەم جىم تۇردى-دە، كېيىن بىردىن غەزىپى كېلىپ سۆزلىدى:

— گۈلدەك خانزادە بېگىم نەۋرىلىك خانىنىڭ ھەرىمىدە... ياق، ياق! بۇ ئىنساپسىزلىق!

— ئەمىرزادەم، — دەپ ئەمدى قاسىمبەگ سۆزگە ئارىلاشتى، — مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەيبانىخان سەمەرقەندنى بەرىبىر ئالىدۇ. ئاندىن زورلۇق بىلەن بولسىمۇ ئۆز نىيىتىگە يېتىدۇ.

بابىر ئانىسىدىن مەدەت كۈتۈپ، قۇتلۇق نىگارخانىمغا قارىدى:

— ئانىجان، خانزادە بېگىممۇ سىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەن-دىڭىزغۇ. شۇنداق جىگەر پارىمىزنى قايسى ۋىجدان بىلەن ئوتقا سالىمىز؟

ئۆزى ئاران تۇرغان قۇتلۇق نىگارخانىم ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئېزىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— خۇدا مېنىڭ بېشىمغا بۇ قارا كۈنلەرنى سالغۇچە جېنىمنى ئالسا بولماسمىدى؟! خانزادە بېگىم مېنىڭ تۇنجى بالام! يالغۇزلۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇمنى بىلدۇرمەي يۈرگەن سىردىشىم، مېھرىبانىم! مەن ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلىمەن، ئەي، پەرۋەردىگار؟ مەن شۇنداق قىزىمنى دۈشمەن قولىغا قانداق تاپشۇرىمەن؟!

ئېسەن دۆلەت بېگىم قىزىنىڭ يەلكىسىدىن سىلاپ، ئۇنىڭدىكى ئەنسىرەشنى بېسىشقا تىرىشتى:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بالام! — دېدى، — سىزگە قارىغاندا قىزىڭىز ئەقىللىقراق. خانزادە بېگىم ھەممە نەرسىنى چۈشىنىدۇ. مۇشكۇللۇكلەرگە پەمى يېتىدۇ. يىغلاپ-قاقشاپ ئاخىر ئۇنىدى.

بابىر ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاسىمبەگكە قارىدى:

— شۇ گەپ راستمىدۇ؟ خانزادە بېگىم رازى بولدىمۇ؟

— ھە، ئەمىرزادەم!

— ئىشەنمەيمەن! — دېدى بابىر. كېيىن ئالىقىنىنى-ئالىقىنىغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇپ سەۋدەرىبېشىنى چاقىردى-دە، — خانزادە بېگىمنى چاقىرىڭ! — دەپ بۇيرۇدى. كېيىن ئانىسى، مومىسى ۋە قاسىمبەگكە قارىتىپ دېدى، — مېنى كەچۈرۈڭلار، بېگىم بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچىمەن.

ئۇچەيلەن گەپ قىلماستىن چىقىپ كېتىشتى. بىرئازدىن كېيىن يېشىل چاپان كىيگەن خانزادە بېگىم ئىشىكتىن ماتەمدار بىر قىياپەتتە ئاستا كىرىپ كەلدى.

بابىر ئۇنى ئۇدۇلىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىرھازا يۈزىگە تىكىلىپ تۇردى. ئىلگىرىكى گۈلدەك ياڭاقلىرى ئەمدى سارغىيىپ ئىچىگە پاتقان، لەۋلىرى سولغۇن. پەقەت چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر قەتئىيەت ئالامىتى بار.

— بېگىم، سىز... شەيبانىخاننىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بەرگەن

ئوخشايسىز. شۇ راستمۇ؟

— رازى بولماي نېمە ئىلاجىم بار؟

— مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم سىزنى ئىلاجسىز قالدۇرغىنى راست. لېكىن ئىنىڭىز تېخى تىرىك. مەن ئەسىر چۈشمەكچى ئەمەسمەن. بىر ئۆلۈم ھامان بار. ئەجەل يەتمىگەن بولسا، سىزلەرنى ئەپچىقىپ كېتەرمىز. كۈنۈم توگىگەن بولسا قولۇمدا قىلىچ بىلەن جان بېرەرمەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن رازىلىق بەرسىڭىز مەيلى. ئۇنىڭدا ھېچكىم "ئۆزى ئامان قېلىپ، ئېگىچىسىنى قۇربان قىلدى" دېيەلـمەيدۇ. ماڭا بۇنداق تەنە-مالامەتلەردىن ئۆلۈم ئەۋزەل. رازى بولماڭ!

خانزادە بېگىمنىڭ كۆزىگە ياش قۇيۇلۇپ كەلدى. ئۇ بابىرنىڭ دۈشمەن قورشاۋىنى جەڭ بىلەن يېرىپ چىقىپ كېتەلمەسلىكىنى بىلەتتى. بابىر بىر ئۆلۈمنى ئەستايىدىل بويىنغا ئېلىپ شۇنداق دېگەنلىكىنى سېزەتتى. ئۇ بابىرنى مانا شۇ مەردلىكى ۋە باتۇرلۇقى ئۈچۈنمۇ جېنىدىن ئارتۇق كۆرەتتى، ئۆزىنى دۈشمەن قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇكىسىنى نەق ئۆلۈمدىن ئەپقېلىشنى خالايتتى.

لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نىيىتىنى بابىردىن يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى بابىر ھازىر ئۆزى ئېيتقاندەك، ئاچىسىنى قۇربان قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىپ تاپا-تەنىگە قالغاندىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئەگەر ئۇ خانزادە بېگىمنىڭ ئەسلى نىيىتىنى بىلىپ قالسا، ھەرقانداق يول بىلەن بولسىمۇ ئاچىسىنى نىيىتىدىن قايتۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىجات يولى پۈتۈنلەي ئېتىلىدۇ!

— بابىرجان، سىز مېنى دەپ ۋاقىتسىز ئۆلۈمنى بويىنىڭىزغا ئالماڭ. مەن سىزنىڭ ئۇلۇغ ئىستىقبالىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىزدەك ئاز

كۆرۈلىدىغان تالانت دۇنياغا كەم كېلىشىنى باشقىلار بىلمىسىمۇ مەن بىلىمەن. ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ! تەقدىرىڭىزنى تەلەيسىز ئىگىچىڭىزنىڭ تەقدىرى بىلەن تەڭلەشتۈرمەڭ!

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟ ھەممىمىزمۇ بۇ ئۆتكۈنچى دۇنياغا مېھمانمىز! سىز بىلەن مەن بىر ئانىنىڭ پەرزەنتىمىز!

— لېكىن مەن قىز تۇغۇلغانمەن، پەرقىمىز شۇنىڭدا! يېشىم يىگىرمە بەشكە كەلدى، لېكىن ھامان يالغۇزمەن. مەن كۆڭۈل بەرگەن ئادەمنى تەقدىر ماڭا راۋا كۆرمىدى! ئامستىڭىز كېلىپ شەيبانىخاننى يەڭگىنىڭىزدە، بەلكى مېنىڭ ئارزۇلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى! شۇ چاغدا بەلكى مېنىڭمۇ بەختىم ئېچىلاتتىمىكىن؟ ياق. ھەممە ئۈمىدلىرىم تارىخنىڭ چاقى ئاستىدا يانجىلدى! قاچان-غىچە دەرگاھىڭىزدا قېرى قىز بولۇپ يۈرىمەن، ئەمىرزادەم؟ شۇنچىلىك قارىدىڭلار، بولدى، ئەمدى ئىززىتىمنى بىلىشىم كېرەك!

— شۇنداق قىلىپ، سىز نەۋرىلىك چالىنى ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ئۆزەمگە مۇناسىپنى تېپىشتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن! ئەمدى قېرىمۇ، ياشمۇ ماڭا بەرىبىر!

— بىر چاغدا ئوشتا سىز ماڭا نېمىلەرنى دېگەنىدىڭىز؟ "كۆڭ-لىڭىزگە ئىشىنىڭ"، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ ھالبۇكى، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز شۇ رەھىمسىز خانغا مايىل بولۇپ قالدىمۇ؟ بولتۇر بۇ ئادەم زۆھرە بېگىمگە قانچىلىك نائىنساپلىق قىلغىنىنى بىر ئەسلەڭ. ۋەھالەنكى، سىز شۇنداق ئادەمنى دەپ بىزدىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولدىڭىزمۇ؟!

خانزادە بېگىم ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى:

— قانداق قىلىمەن؟! باشقا ئىلاج يوق! يوق!!

— بىر ئانىدىن تۇغۇلدۇق، ئەمدى تەقدىرىمىزدە نېمە بولسا بىللە كۆرەرمىز! بىزدىن ئايرىلماڭ! كېچىدە دۈشمەن قورشاۋىغا ھۇجۇم قىلىمىز! تەييار تۇرۇڭ!

خانزادە بېگىممۇ يەنە ئەرەنچە كىيىنىپ، ئوكىسى بىلەن جەڭگە كىرىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خالايتتى. ھازىر ئۇنىڭغىمۇ دۈشمەن ئاسارىتىدىن كۆرە قولىدا قورال بىلەن ئۆلۈش ئەۋزەل تۇيۇلاتتى. خانزادە بېگىم توساتتىن شۇ تۇيغۇغا بېرىلىپ:

— قاچان؟ — دەپ سورىدى.

بابىر ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— مۇشۇ بۈگۈن كەچتە! — دېدى.

خانزادە بېگىم بۈگۈن كېچە قەدىرلىك ئوكىسىنىڭ دۈشمەن قورشاۋىدا ھالاك بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى گويا ئالدىن سەزدى-دە، سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

— بۈگۈن ئەمەس! ياق، ياق!

بابىرمۇ ئورنىدىن تۇردى:

— بېگىم، مېنىڭ ئىنىلارچە ئېيتقان سۆزۈم ئىناۋەتكە ئۆتمىسە، بۇنى پادىشاھلىق پەرمانى دەپ بىلىڭ!

خانزادە بېگىم ئۇنچىقماي بابىرغا يېقىنلاشتى. يۈزىنى ئوكىسىنىڭ كۆكسىگە بېسىپ، ھۆڭگرەك ئېتىپ يىغلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بابىر بىلەن سۆزسىز ۋىدالاشتى، ئاندىن گويا ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغاندەك باش ئېگىپ چىقىپ كەتتى.

* * *

يېرىم كېچىدە بابىر، قاسىمبەگ، قۇتلۇق نىگارخانىم، ئايشە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېگىم، تاھىر خوتۇنى رابىيە بىلەن بىللە، يەنە ئوتتۇز-قىرىقچە بەگ ۋە نەۋكەرلەر شەيخزادە دەرۋازىسىغا يىغىلىشتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خانزادە بېگىم يوق. بابىر خانزادە بېگىمنى بىللە ئەپچىقىشنى ئانىسىغا تاپشۇرغانىدى.

قۇتلۇق نىگارخانىم يىغلاۋېرىپ ئاۋازى پۈتۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن بەرگەن چالا-پۇلا ئىزاھىدىن بابىر شۇنى بىلدىكى، خانزادە بېگىم مومىسى بىلەن بىللە چاررەھە دەرۋازىسىغا قاراپ كەتكەن.

شەيبانىخاننىڭ قارارگاھى ئاشۇ تەرەپتە. دېمەك خانزادە بېگىم ئاشۇ نىيەتتىن قايتمىغان ئوخشايدۇ؟!

بابىر ئارقىسىداراق تۇرغان نەۋكەرلەرگە ئۆرۈلدى-دە، كۆزى تاھىرغا چۈشتى:

— چاپسان چاررەھە دەرۋازىسىغا بېرىڭ! خانزادە بېگىمنى تېپىپ، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈزۈڭ! دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلسۇن! بېگىم كەلمىگۈچە بىز قوزغالمايمىز! شۇنى بېرىپ ئېيتىڭ!

— ئەمىرزادەم!... — دەپ قاسىمبەگ بابىرغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغانىدى. بابىر ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي يەنە تاھىرغا بۇيرۇدى:

— چاپسان بېرىڭ!

شىددەت بىلەن چېپىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياقلىرى تاشلارغا قارسىلداپ ئۇرۇلۇپ، كوچىلارنىڭ كېچىدىكى تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتتى. تاھىر چاررەھە دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا خانزادە بېگىم چۈشكەن مەپە ئوتقاش كۆتۈرگەن ئاتلىقلار قورشاۋىدا قورغاندىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇزاقتىن بويان داۋام قىلىۋاتقان قامال دۈشمەن قوشۇنىنىمۇ

چارچاتقان، ھەممە ئادەم ئۇرۇش توختىتىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى، ئەگەر بابىرنىڭ ئاچىسى خانىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلسا، سۇلھ تۈزۈلۈشىنى نۇرغۇن ئادەم بىلەتتى. ئەمدى شەھەردىن ئوتقاشلارنى يېقىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ چىققان شاھانە مەپە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان خانزادە بېگىم خان قوشۇنىغا تىنچلىق ئالامىتى بولۇپ كۆرۈندى-دە، ھەممىنى ئويغىتىۋەتتى. سۇلھ ئەكىلىۋاتقان مەلىكە شەرىپىگە ناغرىلار ۋە كاناي-سۇنايلار چېلىندى.

مەپە ئەتراپىغا چۈمۈلدەك قوشۇن يېپىلىپ كېتىۋاتقىنىنى تاھىر ئوچۇق دەرۋازا ئارقىلىق كۆردى-دە، ئېتىنى تېز ئارقىسىغا بۇردى. شەيخزادە دەرۋازىسى ئالدىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ھەممە كۆرگەنلىرىنى بابىرغا ئېيتىپ بەردى.

شادلىققا تولۇپ ياڭراۋاتقان ناغرا سادالىرى، كانايىنىڭ غا-غۇسى، سۇناي ناۋاسى بۇ يەرلەرگىمۇ ئاڭلانماقتا ئىدى. بابىرنىڭ نەزىرىدە، خانزادە بېگىم قېرى قىز بولۇشتىن قورقۇپ ۋە ئۇكىسىنىڭ دەرگاھىدا تارتقان كۈلپەتلىرىدىن قېچىپ، شەيبانىخان ھوزۇرىغا راھەت-پاراغەت ئىزدەپ كەتكەنىدى.

— دۇنيادا ساداقەت يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىدى، — دەرۋازىنى ئېچىڭ!

دەرۋازە ئاستا ئېچىلدى. خەندەك كۆۋرۈكى چۈشۈرۈلدى. ئالتە ئايدىن بۇيان قورغاندىن چىقمىغان بىر توپ ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر قاراڭغۇ كېچىدە يۈرەكلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، خەندەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۈشتى. ئەتراپ ۋەھىمىگە تولغان. گويا ھەر بىر دەرەخ ئارقىسىدا بىر ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى. يوللاردا دۈشمەن چارلىغۇچىلىرى ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يولسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرلەردىن يۇرۇشتى. چوڭقۇر ئېرىقلاردىن ئۆتتۈشتى. لېكىن بىرەر جايدا دۈشمەنگە دۈچ كەلمىدى.

سەمەرقەند قورغىنىغا يۆگىلىپ، ئۇنىڭ ئالتە دەرۋازىسىنى ئالتە باشلىق ئەجدىھادەك قوغداپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارى خان قارارگاھىدىن كېلىۋاتقان كاناي-سۇناي ئاۋازىغا ۋە قەلئەدىن گويا سۇلھ دەللىلى بولۇپ چىققان مەلىكىگە جەلپ بولغانىدى. خانزادە بېگىم خاننىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بابىرنى تەقىب قىلماسلىق ھەققىدە پۈتۈن قوشۇنغا پەرمان بېرىلگەنىدى.

خانزادە بېگىم ھەممە بالاغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇكىسىنى دۈشمەن قورشاۋىدىن خالاس قىلغىنىنى بابىر بىلمىگەن بىلەن قۇتلۇق نىگارخانىم ياخشى بىلەتتى. يىراقتىكى ناغرا ۋە كاناي-سۇنايلار توي شادىيانىسىنى ئەسلىتىدىغان شاد كۈيلەرگە چېلىنغانسېرى قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ يۈرىكى قان بولۇپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلەتتى.

## تاشكەنت. ئۆرەتۆپە. ئىسپەرە. كۆچكۈن باسقان بۇلاق

### 1

تاشكەنت...ئون بەش-يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۇرۇشنىڭ سوغۇق شاملى تەگمىگەن بۇ شەھەر سەمەرقەندكە نىسبەتەن تىنچ ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى. تاشكەنت قورغىنىنىڭ ھەر ئون ئىككى دەرۋازىسىدىن ئادەملەر بىمالال كىرىپ-چىقىپ تۇرۇۋېتتۇ. بوزسۇ ۋە سالار ئېرىقىنىڭ بويلىرىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر كۆز يامغۇرىدىن

يۇيۇنغان. ئۇرۇك، ئالۇچا يوپۇرماقلىرى ئۆز پۇتاقلىرى بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدىن شەپەقتەك قىزىل رەڭ ئالغان. ئۇزاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چاتقال تاغلىرىغا قار ياغقان.

قامال دەھشەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بابۇرغا تاشكەنتنىڭ نەرسىلەر تۆكمە-چاچما بولغان كوزى، باغرى كەڭلىكى، تاغدىن چىققان سالقىن شامىلى بەختلىك ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئون ئالتە يېشىغا كەلگەندە خەدرەنىڭ تۆۋىنىدىكى ھەزرىتى ئوككاشە بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن، ئۇقچى مەھەللىسىدە تاشكەنتنىڭ جاھانغا مەشھۇر ئوقيالىرىنى ياسىغان ئۇستىلارغا ئالتۇن بىزەكلىك "كامانى شاشى"نى بۇيرۇتقان؛ شەيھەنتەھۇرغا كۆمۈلگەن بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلغانىدى.

ھازىر ئۇ ئەللىكچە بەگ ۋە نەۆكرى بىلەن (قالغانلىرى ئۇنى ئۆرەتۆپىدە كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇشتى) بەش ياغاچ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، قاراتاش مەھەللىسى ئارقىلىق خان سارىيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. يېنىدىكى قاسىمبەگ بىردىنلا ھەيران بولۇپ قالدى.

— نېمە ئۈچۈن ھاكىم قارشى ئېلىشقا چىقمىدى؟

بابۇر تاشكەنت خانىنىڭ جىيەنى ئىدى، ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىدە شەھەر ھاكىمى ئۇلارنى قورغاندىن تاشقىرىدا ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، سارايغا باشلاپ بارغانىدى.

— بۇ قېتىم بىز مال-مۈلۈكتىن ئايرىلىپ، مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتىمىز، جانابىي قاسىمبەگ! — دېدى بابۇر مەيۈس كۈلۈمسىرەپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە ھۆرمەت كۈتمەڭ.

ھەقىقەتەن مەھمۇدخان سارىيىدا بابۇرنى ناھايىتى سوغۇق قارشى ئېلىشتى. ئۇنىڭ نەۆكەرلىرىنى ھەتتا ئوردىغا كىرگۈزۈشمىدى. بابۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قاسىمبەگنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى دەپ غەزەپتىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە:

— سىز بىلەن بىز سەمەرقەندتە نەق ئۆلۈمنى زىممىمىزگە ئالغاندۇق، ھەتتا ئۆلۈمدىن نىجاتلىق ئىزدىگەندۇق! — دېدى، — ئاشۇ دەھشەتلىك ئىشلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئازغىنا بىھۆرمەتلىكلەر ھېچ گەپ ئەمەس. تۈنۈگۈن ئۆرەتۆپىدە بىر بېيت توقۇغانىم، ئېيتايمۇ؟

— بەجاندىل!

— ئاڭلاڭ:

دەۋلەت ئۈچۈن كۆڭۈلنى زار ئەتمە،

ئىززەت ئۈچۈن ئۆزنگنى خار ئەتمە!

— ھەق گەپنى يېزىپسىز، ئەمىرزادەم، بۇ بىۋاپا دۇنيا غەم يېيىشكە ئەرزىمەيدۇ!

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر-بىرلىرىگە سەل تەسەللى بەرگەن بولۇشتى-دە، بابىرخانىنىڭ قوبۇلخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

قولىغا ئالتۇن دەستىلىك ھاسا تۇتقان، زەرباپ تون كىيگەن شىغاۋۇل① مەھمۇدخانىنىڭ شەيبانىخان ئەلچىسى بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا بابىرنىڭ قەلبىدە بىردىن غەزەپ تۇيغۇلىرى قوزغالدى. ئۇ قامالدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى ئايچە ئۆرەتۆپىدە كىچىك ئانىسىنىڭكىدە تۇرغان، شەيبانىخان مەھمۇدخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ماۋەرائۇننەھرنى بۆلۈۋېلىش ھەققىدە پۈتۈم تۈزۈشكە ئۇنتىلىۋاتقانلىقىنى ئاشۇ يەردە ئاڭلىغانىدى. مىش-مىش گەپلەرگە قارىغاندا، شەيبانىخان پەرغانە ۋادىسىنى تاشكەنت خانىغا بېرىپ،

---

① شىغاۋۇل — مۇراسىم بېگى.

ئۆرەتۆپىنى ئۆزى ئىشغال قىلماقچىمىش. ئەگەر شۇ گەپ راست بولسا، بابىرنىڭ بۇ ئەتراپتا جان ساقلايدىغان يېرى قالمايدۇ، ماۋەرائۇننەھردىن بىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش كېرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ بۈگۈن تاشكەنتكە كېلىشتىكى مەقسىتى تاغىسىنى شەيبانىيخانىنىڭ ھىيلە-مىكرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنى باسقۇنچىلارغا قارشى مۇداپىئەگە چاقىرىش...

بابىر قوبۇلخانىدا بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن شىغاۋۇل چىقىپ، ئۇنى خانىنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىردى. تۆردە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەتىلگەن شەترەنج① ئورۇقلىرى كۆرۈندى. شەيبانىيخانىنىڭ ئەلچىسى يوغان گەۋدىلىك، ھەيۋەتلىك جانىبەگ سۇلتان خانغا تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. سارغۇچ يۈزلۈك، خۇش پىچىم مەھمۇدخان ئالتۇن رەڭ بۇرۇتىنى دىڭگايتىپ مەمنۇن كۈلۈمسىرەۋاتقىنىغا قارىغاندا، ھازىر جانىبەگ سۇلتاننى شەترەنجتە ئۇتقانىدى. تۆت يىلدىن بۇيان جىيەنىنى كۆرمىگەن تاغىسى شۇنچە يىراقتىن بېشىغا كۈلپەت چۈشۈپ كەلگەن بابىرنى ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزى شەيبانىيخانىنىڭ ئەلچىسى بىلەن شەترەنج ئويناپ ئولتۇرغىنىدا قانداقتۇر يوشۇرۇن مەنە بار ئىدى. مەھمۇدخان مەغلۇپ بولغان جىيەنىدىن كۆرە غالىب شەيبانىيخاننى ئارتۇقراق ھۆرمەت قىلىشنى ئەلچىگە ئازراق سەزدۈرۈپ قويماقچى ئىدى.

بۇنى بايقىغان بابىر جانىبەگ سۇلتانغا ئاتايىن سالام بەرمىدى، ئۇنىڭغا خۇددى تامغا قارىغاندەك بىپەرۋا بىر نەزەر تاشلىدى-دە، تاغىسىغا قارىدى:

---

① شەترەنج — شاھمات.

— خان ھەزرەتلىرى، مەن سىزنى دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغىلى كەلدىم!

ئۇ جانىبەگ سۇلتاننىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ، بىرئاز جىم تۇردى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن ناقولايلىقنى تارقىتىش ئۈچۈن مەھمۇد-خان ئەلچىگە مەخسۇس ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى بوسۇغىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. كېيىن بابىرنى زەرباپ كۆرپە ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ، ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— خۇش كېلىپسىز، مىرزام! كۆپ چېچىلماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز تېخى ياشسىز، ئون گۈلىڭىزدىن بىرىمۇ ئېچىلغان ئەمەس.

— مېنىڭ كۆپ گۈللىرىم ئېچىلماي غازاڭ بولدى، ھەزرىتىم. مېنىڭ بىر قانىتىم ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئوتىدا كۆيدى، ئىككىنچى قانىتىمنى شەيبانىخان كۆيدۈردى. ئىلاھىم ئەمدى سىز شۇ پالاكەت ئوتلىرىنىڭ ئارىسىدا قالماڭ!

مەھمۇدخان بۇ سۆزنى سەل باشقىچە چۈشەندى:

— توغرا، بىردىن ئىككى تەرەپ بىلەن دۈشمەنلىشىش ياخشى ئەمەس. شۇڭا ئۈچۈن بىز تەنبەل ئەلچىسىنى ئەمەس، شەيبانىخان ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدۇق.

— ئەمما سىز ئۈچۈن تەنبەلدىن كۆرە شەيبانىخان يۈز ھەسسە خەتەرلىك، ھەزرىتىم! چۈنكى تەنبەلگە پەرغانە ۋادىسى يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما شەيبانىخان پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلىمەكچى. خۇراسان بىلەن ئىراننىمۇ ئالماقچى. دىققەت قىلغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇنۋانى "خەلىفەئى رەھمان، ئىسكەندەرىي سانىي"! شەيبا-نىخان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك بارلىق مەملىكەتلەرنى ئىشغال

قىلماقچى، يەنە بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىمىنىڭ دىنىي رەھبىرى — خەلىپەئى زامان بولماقچى!

شەيبانىخانىنىڭ نىيىتى ئۇنىڭ ئۇنىۋانىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇشىغا ئىلگىرى مەھمۇدخان ئانچە ئېتىبار بەرمىگەنىدى. ھازىر بابىرنىڭ سۆزلىرى تەسىرىدە بىردەم ئويلىنىۋالدى. كېيىن بايىنقى خان ئەلچىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

— قارشىمچە شەيبانىخان بىزگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى ئەمەس. ئەلچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ھىسارنى، كېيىن خۇراسان بىلەن ئىراننى ئىگىلىمەكچى.

— خان ھەزرەتلىرى، بۇنىڭ ھەممىسى سىزنى غەپلەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن يالغان دەلىللەردۇر! تارىخنى بىر ئەسلەڭ! قايسى غالىب ئاۋۋال تاشكەنت بىلەن پەرغانىنى ئالماي تۇرۇپ، خۇراسان ۋە ئىرانغا يۈرۈش قىلغان؟ چىڭگىزخانمۇ؟ ياق! ئەمىر تۆمۈرمۇ؟ ياق! ئاخىرى پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى، سەمەرقەند، تاشكەنت ۋە پەرغانىنى ئىگىلىمەستىن، ئۇلارنىڭ كۈچىگە تايانماستىن تۇرۇپ، خۇراسان ۋە ئىرانغا يۈرۈش قىلىش ئەخمەقلىق بولىدىغۇ! بۇنى شەيبانىخان بىلمەيدۇ دەمسىز؟

شەيبانىخانىنىڭ تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى مەھمۇدخاننى خېلىدىن بۇيان تەھلىكىگە سېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىسسىق كۆلنىڭ نېرىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرگەن ئۆكىسى ئالىچەخاننى ئون بەش مىڭ قوشۇنى بىلەن ياردەمگە چاقىرغان. بۇ قوشۇن ھازىر يولدا، بىرەر ئاي ئىچىدە تاشكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. شەيبانىخاننىڭ ئادەملىرى بۇنىڭدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان بولۇشلىرى مۇمكىن، شۇڭا تاشكەنتكە ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇرەسسە

يولنى ئىزدەپ قىلىشتى. مەھمۇدخان شەيبانىخاننىڭ سەركەردىلىك قابىلىيىتىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدۇ. جىيەنى بابىر بولسا ئۇرۇش بولۇشىنىڭ ناھايىتى ئېنىقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. نېمىشقا؟ مەھمۇدخان جىيەنىنىڭ نىيىتىنى ئېنىقراق بىلمەكچى بولدى:

— خوش، مىرزام، شەيبانىخاننىڭ ئۇرۇشۇشى ئېنىق بولسا، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

— شەيبانىخانغا قارشى تۇرغان بارلىق كۈچلەر توپلىنىپ ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز لازىم!

مەھمۇدخان قوڭۇر كۆزلىرىنى بابىرغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكتى.

— سىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزەيلىمۇ، مىرزام؟

— پەقەت بىز ئەمەس، كىچىك خان ئاتام ئالىچەخان ھەزرەتلىرى بارغۇ؟

— ھە، ئالىچەخاننىڭ قوشۇنى بىلەن مېنىڭ قوشۇنۇم بىرلەشسە، ئوتتۇز مىڭ بولىدۇ. كېيىن بىز سىزنىڭ قوشۇنىڭىز بىلەن بىرلىشەرمىز. شۇ ۋاقىتتا قانچە بولىدۇ؟

بابىرنىڭ ئىككى يۈز ئەللىكچە ئادىمى قالغانىدى. بۇنى ياخشى بىلىدىغان مەھمۇدخان بابىرنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ شۇ سوئالنى بېرىۋاتاتتى. ھەقىقەتەن ئوتتۇز مىڭ قوشۇنى بار خانلار بىر توپ ئەسكىرى قالغان، مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان بابىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئولتۇراتتىمۇ؟ بابىر مەھمۇدخاننى ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ، شۇ سۆزنى ئېيتقىنىغا خىجالەت بولدى.

— ھەزرىتىم، كاج پەلەك ھازىر مېنى شۇ ھالغا سالدى. ئەمما

بىز مەغلۇبىيەت زەھرىنى ئىچىشتىن ئاۋۋال غەلىبە شارابىنىمۇ تېتىپ كۆرگەنىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدىم!

— ئۇچۇق سۆزلىگىنىڭىز توغرا، — ئەلۋەتتە. قانداق، ئىلاج بولسا شەيبانىخان بىلەن يەنە ئېلىشماقچىمۇسىز؟

مەھمۇدخاننىڭ سوئالىدا: "يىقىلغان چېلىشقا تويمايدۇ، دېگەندەك-ھە!" دېگەن كىنايىلىك مەنە بار ئىدى.

— ئېلىششقا مېنىڭ ھەققىم بار، — دېدى بابىر، — چۈنكى بىردە يىقىلغان بولسام، بىردە يىقىتقانمەن.

— بۇ راست، راست! — دېدى مەھمۇدخان. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە "ئەگەر ئاكا-ئۇكا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇز مىڭ قوشۇنىمىزغا بابىرنى سەركەردە قىلىپ قويساق، جىيەنىمىز شەيبانىخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، خېلى تەجرىبە ئالغان، ئۆزىمۇ يۈرەكلىك يىگىت، يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن" دېگەن پىكىر كەلدى.

مەھمۇدخاننىڭ ئۆزىدە سەركەردىلىك ئىستېداتى يوق ئىدى. ئەگەر بابىر ئۇنىڭ قوشۇنىغا باش بولۇپ شەيبانىخاننى يەڭسە، كېيىن ئادەملەر مەھمۇدخان ئەمەس، بابىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىستېداتىنى ئۇلۇغلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بابىر تاشكەنتنىمۇ تاغىسىدىن تارتىۋېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەزەلدىن مەلۇم: قوشۇن كىمنىڭ قولىدا بولسا، ھاكىمىيەت شۇنىڭكى.

مەھمۇدخان شۇنى ئويلىدى-دە، ئۆز قوشۇنىغا بابىرنى سەركەردە قىلىش پىكرىدىن دەرھال قايتتى. گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ:

— شورلۇق خانزادە بېگىم... قانداق ئەھۋالغا چۈشتى-ھە؟ —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى، — شەيبانىخان مەككار تۈلكە-دە، خانزادە بېگىم ئانا تەرەپتىن بىزگە ئەۋلاد، ئاتا تەرەپتىن تۆمۈرىيلەرگە مەنسۇپ. بېگىمنى ئالسا ئابرويى ئېشىشنى بىلگەن. سەمەرقەندتە داغدۇغىلىق توي بېرىپ ئۆيلەنگەنمىش.

مەھمۇدخاننىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدا، بابىر گويا ئاچىسىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزى قۇتۇلۇپ چىققاندەك. بابىر ۋەقەنىڭ باشقىچە بولغىنىنى ئېيتىشقا باشلىغاندا، مەھمۇدخان ئېشەنگۈسى كەلمەي باش چايقىدى:

— ناھايىتى ئۇيات بولدى-دە، مىرزام، ھەممىمىز تاپا-تەنىگە قالدۇق.

— دەۋران مېنىڭ بېشىمغا تاج كىيدۈرگەندى، — دېدى بابىر يەنە چېچىلىپ، — ئەمدى شۇ تاج ئورنىدا تەنە تېشى!... ھەممىسىدىن تويدۇم، خان ھەزرەتلىرى! ئەمدى بارسا-كەلمەس بولۇپ بېشىمنى ئېلىپ كېتىشتىن باشقا ئىلاجىم قالمىدى!

— ئۇنداق دېمەڭ، مىرزام! مۇندىن كېيىن سىز بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز سىز. ئېگىچەم قۇتلۇق نىگارخانىم سىزگە مۇنتەزىر ئىدى. ئاجىزىڭىز ئايىشە بېگىممۇ مۇشۇ يەردە. بىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈڭ، دەم ئېلىڭ. ئەتە شەيبانىخان ئەلچىسى شەرىپىگە قوبۇل مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچىمىز. سىزمۇ قاتنىشىڭ!

بابىر خان ھۇزۇرىدىن چىقىۋېتىپ، ھەممە سۆزى بىكار كەتكىنىنى، مەھمۇدخان شەيبانىخاندىن قورقۇنچقا چۈشۈپ قالغىنىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دادىل ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، خۇشامەت يولىغا ئۆتكەنلىكىنى ئەمدى ئېنىق سەزدى. ئوردا ھويلىسىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتقاندا تاشكەنتتىكى خاتىرجەملىك ھازىر ئۇنىڭغا قارا بوران ئالدىدىن بولىدىغان خەتەرلىك تىنجىقتەك تۇيۇلدى. يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قارا بوراندىن ئانىسى ۋە خوتۇنىنى ئەپچىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن ئۇردىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاياللار تۇرىدىغان ئىچكىرىكى ھويلىغا قاراپ كەتتى.

* * *

ئايشە بېگىم تاشكەنتكە بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن كەلگەنىدى. سەمەرقەندتە تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىگە قامال ئازابلىرى قوشۇلۇپ، ياش چوكان كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى. مەھمۇدخاننىڭ ئەتىۋارلىق خوتۇنى رازىيە سۇلتان سىڭلىسىغا ئۆزى تۇرغان قەسىردىن ئورۇن بېرىپ، ئۇنى ئەڭ ياخشى تېۋىپلەرگە قاراتقان ۋە ياخشى بېقىپ ئورنىدىن تۇرغۇزغانىدى.

بابىر شۇنىڭ ھۇرمىتىنى قىلىپ، ئاۋۋال رازىيە سۇلتان بېگىم ھۇزۇرىغا كىردى. ئايشە بېگىمگە قىلغان پەرۋىشلىرى ئۈچۈن قېيىن ئىگىچىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى-دە، ئەمدى خوتۇنىنى ئۆرەتۆپىگە ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لەقىمى "قارا كۆز بېگىم" بولغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بۇ چىرايلىق جۇۋان شەھلا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چېچىپ:

— ئەمىرزادەم، ئايشە بېگىم سەرگەردانلىقتىن تويغان، ئەمدى ئۇنى چەت يەرگە ئەۋەتمەيمىز! — دېدى.

— پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا نېمە ئامال، ھەزرىتى بېگىم؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئەمىرزادەم، ئەمما ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆز پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ.

— بىراق... كېمىگە چۈشكەننىڭ جېنى بىر بولمامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— "جېنىمىز بىر" دەپ بىچارە سىڭلىمغا شۇنچە ئازاپ چەك-تۈرگىنىڭىز يېتەر. ياداپ قوراي بولۇپ كەلدى. ئەمدى ساقايغاندا يەنە سەرسانلىق، يەنە ماكانسىزلىق!

بابىر بۇگۈن ئۇششاق-چۈششەك ھۆرمەتسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى زىممىسىگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانىنىڭ بايقى كىنايىلىرى ئۈستىگە قېيىن ئېگىچىسىنىڭ ھېيقىماي قىلغان بۇ گەپلىرى قوشۇلۇپ، جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەزرىتى بېگىم، مەقسىتىڭىزنى ئوچۇق ئېيتىڭ. ئەمدى سىڭلىڭىزنى مەندىن ئاجرىتىپ ئالماقچىمۇسىز؟!

— مەن ئۇنداق دېگىنىم يوق! سىزمۇ سەرگەردانلىقنى بولدى قىلىڭ، ئەمىرزادەم. ئەمدى تاشكەنتتە مۇقىم تۇرۇڭلار!

بابىر: "سىزگە بېقىندى بولۇپمۇ؟" دېگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇپ:

— تەكلىپىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر! — دېدى ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئايىشە بېگىم بىلەن يالغۇز قالغاندا رازىيە سۇلتان بېگىمنىڭ گەپلىرىدىن نارازى بولغانلىقىنى ئېيتتى، — تون ئىسسىقىنى ئېگىسى بىلىدۇ، دەيدۇ. رازىيە سۇلتان بېگىم بىزنى ئۆزىمىزچىلىك بىلمەسلىكى مۇمكىن. كۆپ ئارىلاشمىسا ياخشى بولاتتى.

— ئەمما مەن ئاچامغا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەرگەنمەن، مىرزام.

— ئەر-خوتۇننىڭ ھېچكىمگە ئېيتمايدىغان سىرلىرى بولمامدۇ؟

ئايىشە بېگىمنىڭ دەسلەپكى ئۇياتچانلىقى ئەمدى قەيەرگىدۇ يوقالغانىدى. ئۇمۇ ئاچىسىغا ئوخشاش، بابىرغا توغرىدىن توغرا

سۆزلىدى:

— مېنىڭ ئاچامدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق، مىرزام!

بىرچاغـلاردا بابىرنى ئۇلۇغلاپ، "ھەزرىتىم" دەيـدىغان ئايىشە بېگىم ئەمدى خانغا ئوخشاش، ئېگىزرەك تۇرۇپ "مىرزام" دېيىشىمۇ غەلىتە ئىدى.

بابىر كىنايە بىلەن سورىدى:

— دېمەك، ئەمدى سىزگە مەن كېرەك ئەمەسمەن، پەقەت ئاچىڭىز كېرەك؟

— نېمە ئۈچۈن ئۇنـداق دەيسىز؟ مەن تېخىچە سىزنىڭ نىكاھىڭىزدىمەن!

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىمەن، سەپەر تەييارلىقىنى كۆرۈڭ!

يول ئازابىغا چىدامسىز ئايىشە بېگىم نارازى بولۇپ سورىدى:

— يەنە ئۆرەتۆپىگىمۇ؟ مەن ئاشۇ يوللارنى ئەسلىسەم، كۆڭلۈم بىئارام بولىدۇ. ھەزرىتىم، مېنىڭ جېنىمنى يول ئالدى! سەمەرقەندكە ھالسىراپ بارمىغان بولسام، جىگەر پارەم ئۆلمەيتتى. مانا ھازىر بىر ياشقا كىرىپ تەم-تەم مېڭىپ قالاتتى!

ئايىشە بېگىم گۆدەك ئۆلگەن قىزچىقىنى ئەسلەپ، كۆزلىرى لىق ياشقا توشتى. شۇ چاغدىكى ئۆلۈمنىڭ سوغۇق تىنىقى بابىرنىڭمۇ يۈزىگە تېگىپ ئۆتكەندەك بەدىنى ئۈيۈشتى.

— ئەجەلگە داۋا يوق ئىكەن، بېگىم. لېكىن ئۇنىڭ بېرىسىدە بىر ياشقا نەچچە قېتىم ئاپتاپ تېگىپ، نەچچە نۆۋەت كۆلپەت چۈشىدىكەن. ياش بولساقمۇ بۇنى كۆپ كۆردۇق، ئۆلمىسەك، تېخى يەنە يورۇق كۈنلەرگە يېتىشەرمىز، پەرزەنتلىكمۇ بولارمىز. مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشكۈل مەزگىللەردە بىر-بىرىمىزدىن كېچىپ كەتمەيلى. مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ.

— بىللە ماڭغان چاغلىرىمىزدا سىز ماڭا قارىدىڭىزمۇ، مىرزام؟ ھەمىشە سەلتەنەت تەشۋىشى ۋە ئۇرۇش، يۈرۈشلەر... مەن سىزنى دەپ شۇنچىۋالا سەرگەردان بولدۇم. سىز مېنى ئايلار داۋامىدا كۆرمىسىڭىزمۇ سېغىنمايتتىڭىز... بەلكى مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەس-تۇرمەن؟... سۆيمىگەن خوتۇنىڭىزنىڭ سىزگە نېمە لازىمى بار؟!

بابىر خوتۇنىغا كۆڭۈلسىزرەك بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەس-لىدى. ھازىرمۇ ئايشە بېگىمنى بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقىنى ئۇنى ئارتۇق دەرىجىدە سۆيگەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭسىز ياشىيال-مايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئايشە بېگىمنى يېقىنلىشىپ كېلىۋات-قان خەۋپ-خەتەر گىردابىغا تاشلاپ كېتىشنى ئۆز شەنىگە مۇناسىپ كۆرمەسلىكىدىن ئىدى.

— خانزادە بېگىمنى دۈشمەنگە ئالدۇرغىنىمىز ئازمۇ؟ — دېدى بابىر، — شۇنىڭ تاپا-تەنىسىمۇ ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ، بېگىم! ئەمدى سىزنى مۇنداق بالالاردىن يىراققا ئېلىپ كەتمەكچىمەن!

— ھازىر مەن ئۈچۈن تاشكەنتتىن تىنچ جاي يوق!

— بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق تىنچلىق، ئىشىنىڭ! كۆپ ئۆتمەي شەيبانىخان بۇ يەرگىمۇ باستۇرۇپ كېلىدۇ!

— مەن ئاچامنىڭ قانىتى ئاستىدا ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن! دەرگاھىڭىزدىن ئادا-جۇدا بولۇپ كېلىپ، ئاچامنىڭ يېنىدا يەنە تىرىلدىم!

— مېنىڭ دەرگاھىمدا قىينالغانلىقىڭىز راست. لېكىن... ياخشى كۈنلىرىمىزمۇ بولغان ئىدىغۇ!... ئىنساپ بىلەن بىر ئەسلەپ بېقىڭ!...

ئايشه بېگىمنىڭ بارلىق ئەلەملىرى يېنىكلەپ، خاتىرىسى خۇنۇكـ.لىشىپ تۇرغان شۇ دەقىقىلەردە بىرەرمۇ ياخشى كۈن ئېسىگە چۈشمىدى.

— دەرگاھىڭىزدا قاچان ياخشى كۈن كۆرۈپتىمەن، مىرزام؟! داۋاملىق سەپەر! داۋاملىق تەھلىكە! داۋاملىق سەرسانلىق! داۋاملىق مېھرسىزلىك!

بابىر ئايشە بېگىمدىن بۇنچىلىك ئاداللەتسىز گەپ كۈتمىگەنىدى. ئۇ سەمەرقەندنى بىرىنچى قېتىم ئالغىنىدا ئايشە بېگىم "نىجاتكارىمىزغا" دەپ سوۋغا ئەۋەتمىگەنمىدى؟ كېيىنكى غەلبىسىدە "پەخىرلىنىمەن" دەپ پىچىرلىغان كىم ئىدى؟ بابىر بۇلارنى ئەسلەپ ئۇلتۇرۇشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمىدى-دە، خوتۇنىغا ھەيرانلىق بىلەن ىكىلىپ:

— ئەجەبا ھەممىسنى ئۇنتۇدىڭىز؟! — دېدى.

— ياق، كۆرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن!

— پەقەت ئازاب-ئوقۇبەتنى؟!

— بۇ ئازمۇ؟ ئاز بولسا، خورلىنىپ يىغلىغانلىرىمنىمۇ ئۇنتۇمايمەن! ئەمدى قالغان ئۆمرۈمنى ئاچامنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ ئۆتكۈزىمەن. سەرگەردانلىق يېتەر! خورلۇق يېتەر! مەنمۇ شاھ قىزىمەن!

بابىر ئالتۇن كەمەرگە ئېسىلغان بۇلغارى قاپچۇغىنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئېچىپ، نېمىنىدۇ ئاختۇردى، ئەمما تاپالمىدى. كېيىن زوۋان سۈرمەي تاشقىرىغا چىقتى-دە، مۇلازىملىرى تۇرىدىغان خانىغا چىقتى.

دەستارپېچ ئەتىسى بولىدىغان قوبۇل مۇراسىمى ئۈچۈن بابىرنىڭ شاھانە كىيىملىرىنى ساندۇقتىن ئېلىپ، دەرمالـلاۋاتاتتى. ئالتۇنلار، قىممەت باھالىق گـۆھەرلەر بىلەن بېزەتىلـگەن يىپەك كىيىملەر، ھازىرلا خوتۇنى ۋە قىزىنى ئىگىچىسىدىن ئاڭلىغان تەكەللۇپسىز گەپلەر بابىرنىڭ ئەلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ كۆرسەتكەندەك بولدى. شۇنىڭ ئۈستىگە قاسىمبەگ بابىرغا ئۇدۇل كېلىپ شىكايەت قىلدى:

— خان شىغاۋۇلـى ئەتىكى قوبۇل مۇراسىمىدا جانىبەگ سۇلتاننى سىزدىن يۇقىرىراقـقا ئولتۇرغۇزماقـچىمىش! بۇ نېمە دېگەن قارا يۈزلۈك! سىز دېگەن پادىشاھ ـ دە! ئەجەبا چۆلدە ياشايدىغان بىر بەگنى سىزدىن ئارتۇقراق ئىززەتلەشسە؟

قاسىمبەگ ھېلىمۇ ئۆزىنى بابىرنىڭ ئىشىك ئاغاسىدەك تۇتاتتى ۋە ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى. خان بۈگۈن بابىرنى قوبۇلخانىسىدا ساقلىتىپ قويۇپ، شەيبانىخاننىڭ ئەلچىسى بىلەن شەترەنج ئويناپ ئولتۇرغاندىمۇ؟ چۆلدە ياشايدىغان سۇلتاننى جىيەنىدىن يۇقىرى قويغان ئەمەسمىدى؟ بىر كۈندە شۇنچە كەمسىتىش! ئەتىگە مۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك كەمسىتىشلەر يەنىمۇ كۆپىيىشى ئېنىق. بۇنىڭ ھەممىسىگە چىداپ، بېقىندى بولۇپ يۈرۈشكە چىدىغۇچىلىكى قالمىغانلىقىنى ئەمدى ئېنىق سەزگەن بابىر:

— ياق! — دېدى، — ھەممىسىدىن كەچتىم! جانابىي قاسىمبەگ، مەن ئەمدى شاھ ئەمەسمەن! كېرەك ئەمەس ماڭا خان قوبۇلـى! بەس! تاشلاڭلار ھەممىسىنى!

بابىر دەستارپېچنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بېزەكلىك تونىنى يۇلۇۋې-لىپ يەرگە ئاتتى. نېرىراقتا گۆھەر ۋە ياقۇتلار بىلەن بېزەلـگەن

شاھانە سەللە تۇرغاندى، بابىر سەللىگە قادالغان ئىككى گۆھەر دانىسىنى — بىر چاغلاردا ئايىشە بېگىم بەرگەن سوۋغىنى تارتىپ يۇلۇۋالدى. كېيىن سەللىنى ئىشىككە قارىتىپ ئاتتى. سەللە چۇۋۇلۇپ كېتىپ، بىر ئۇچى بوسۇغىغا بېرىپ چۈشتى.

قاسىمبەگ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بابىرنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى:

— ئەمىرزادەم، سىزگە نېمە بولدى؟ ئەمىرزادەم!

رەڭگىدە قان قالمىغان بابىر ھاسىراپ خىتاپ قىلدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر دەرۋىش بولۇپ كۆن كۆرمەكچىمەن! جانابىي قاسىمبەگ، ئانامغا ئېيتىڭ! مەن ھازىر ئۇرەتۆپىگە كېتىمەن! يۈز قوشقاچقا بىر چالما! تاجۇتەخت دەۋاسىدىن ۋازكەچتىم! كىم شۇنىڭغا قوشۇلسا، مەن بىلەن ماڭسۇن! قالغانلارغا رۇخسەت!

بابىر سەللىدىن يولۇپ ئالغان ئىككى تال گۆھەرنى سىقىملىغىنىچە ئۇردا ھويلىسىغا چىقتى. "سۆيمىگەن خوتۇنىڭىز سىزگە نېمىگە لازىم" دېگەن سۆزلەر يېڭىباشتىن قۇلىقىغا ئاڭلاندى. راستتىنلا يۇلتۇزى يۇلتۇزىغا توغرا كەلمىگەن بېگىمنى ئەمدى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشى مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟ ئەمما بۇ بېگىم ئەمدى تىل چىقىرىپ، شۇنچىۋالا ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتىشى، ئېرىدىن بىرمۇ ياخشىلىق كۆرمىدىم دېيىشى، بابىرنىڭ يۈرەك يارىلىرىغا سېپىلگەن تۇزدەك ۋۇجۇدىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز خانىسىغا كىرىپ قەغەز ۋە دەپتەرلىرى ساقلىنىدىغان ساندۇق تەكتىدىن ئايىشە بېگىم بىر چاغلاردا يىپەك بىلەن تىككەن كىچىك خالتىنى ئىزدەپ تاپتى. يىللار داۋامىدا خالتىنىڭ ئاق رەختى سارغىيىپ، خىرەلەشكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمما قىزىل يىپەك بىلەن تىكىلگەن "نىجاتكارىمىزغا" دېگەن كەشتىلەنگەن خەت ئەسلىدىكى پېتى تۇرغانىدى. بابىر گۆھەرلەرنى خالتىغا سېلىپ، ئايشە بېگىمنىڭ ئالدىغا باردى:

— بېگىم، سىز مېنى نىجاتكار بىلىپ، بۇ گۆھەرلەرنى "تەختكە چىققاندا تاجىغا قاداپ چىقسۇن" دەپ ئەۋەتكەنىدىڭىز، ھازىر مېنىڭ تاجۇتەختىم يوق... شاھلىق دەۋاسىدىنمۇ پۇتۇنلەي ۋازكەچتىم. دەرۋىش بولۇپ تاغلارغا چىقىپ كەتمەكچىمەن. سىز بولسىڭىز شاھ قىزىسىز... ئېلىڭ گۆھەرلىرىڭىزنى!...بەلكى يەنە باشقا بىرەر نىجاتكارىڭىزغا سوۋغا قىلۇرسىز!

ئايشە بېگىم خالتىنى ئېلىۋېتىپ، ئاچچىق بىلەن جاۋۇلداپ دېدى:

— مېنى يەنە تاشلاپ كېتىدىغان بولسىڭىز جاۋابىمنى بېرىپ كېتىڭ!

— شۇنداقمۇ؟ ئاجراشماقچىمۇسىز؟

— ھە! ئاجرىشىمەن!

— بولمىسا...بۇگۇندىن باشلاپ ماڭا خوتۇن ئەمەسسىز! بېشىڭىز ئۈچۈق! شەرىئەت بويىچە ئۈچ تالاقسىز!

2

ئۆرەتۆپەنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركىستان تىزما تاغ ئېتەكلىرىگە باھار خېلى كېچىكىپ كەلدى. ھەمەل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا دالىلارغا قوش چىقتى. قارلىق پىرياخ چوققىسىنىڭ تەكتىدە تۆت تەرىپى ئېگىز دۆڭلۈكلەر بىلەن ئورالغان شامال تەگمەيدىغان دەھكەت قىشلىقىدا ئۆرۈكلەر سەۋر ئېيىغا بېرىپ ئاندىن چېچەكلىدى.

قشلاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىدىغان تىك يول-بورۇز بار. بورۇز شۇنچىلىك ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەھكەتكە قارىسا قشلاق تېرەن بىر چوڭقۇرلۇقنىڭ تۈۋىگە جايلاشقاندەك كۆرۈنەتتى.

بورۇزدىن يۇقىرىدىكى تۈزلەڭ دالىدا تاھىر يالىڭا ياغ بولۇپ، ئۈكۈز بىلەن يەر ھەيدىمەكتە. سەمەرقەندتىن تاھىرغا قوشۇلۇپ نەۋكەر بولۇپ كەلگەن بىر قۇلىقى كېسىك مەمەت بولسا تېخى ھەيدەلمىگەن بوز يەرگە غۇلاچلاپ ئۇرۇق چاچماتتا. ئۇمۇ يالىڭاياغ بولۇپ ئىشتان پۇشقىقىنى تۇرۇۋالغان. ئۇلاردىن نېرىراقتا ئۈچ-تۆتچە دەھكەتلىك تاجىك دېھقانلارمۇ يەر ھەيدەپ ئاشلىق تېرىۋاتىدۇ. يەر يۇمشاق، ھاۋا يېقىملىق، ئىشنىڭ ئۇنۇمى ياخشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسىنىڭ روھلىرى كۆتۈرەڭگۈ. شۇنچە ۋاقىت ئۇرۇش-جېدەل ئىچىدە يۈرۈپ، دېھقانچىلىق كەسپىنى سېغىنغان تاھىر ئەمدى يايراپ يەر ھەيدەيتتى ۋە ئانچە-مۇنچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قوياتتى.

بورۇزدىن پىيادە چىقىپ كەلگەن بابىر تاغدا قوي بېقىپ يۈرگەن، دالىدا قوش ھەيدەۋاتقان ياش يىبلىك-يالىڭاچلارغا قاراپ بىرنەرسىدىن تەئەججۈپلەندى. تاغۇتاشقا ئاياغ كىيمى چىدىمىغىنى ئۈچۈن كەمبەغەللەرنىڭ كۆپچىلىكى يالىڭاياغ يۈرەتتى. ئۈستىباشلىرىمۇ يىبلىك، لېكىن روھلىرى تېتىك، قورسىقى تويۇپ تاماق يېيىشسە كەيپى خۇش.

بابىر ئۆزىنى شۇ ياشلارغا سېلىشتۇراتتى: ئۇنىڭمۇ تۆت ئەزاسى ساق، ئۆزى كۈچكە تولغان يىگىرمە ياشلىق يىگىت، قشلاق يىگىتلىرىدىن كەملىكى يوق. لېكىن نېمىشقا ئۇ بۇنچىلىك غەمكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مانا بۇ ئۇلۇغۋار تاغلار باغرىدا نېمشقا ئۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ تىرىك بىر بۆلۈكىدەك ياپرىيالمايدۇ؟

ھەممە گەپ يالىڭاياغ يۈرۈشتە بولغىنىدەك، بابىر ئۆرۈپ تىكىلگەن ئۆتۈكىنى يېشىپ ئېتىز قىرغىقىغا قويدى ـ دە، ھەيدەلگەن يەر ئۈستىدە يالىڭاياغ يۈرۈپ كۆردى.

تۇپراق مەخمەلدەك يۇمشاق، ئۇنىڭدىن باھار ۋە ياشلىقنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ئەسكە چۈشەتتى.

نەۋكەرلەر ۋە دېھقانلار بابىرنىڭ يالىڭاياغ يۈرگىنىنى ئاۋۋال چاقچاقتا يۇلەپ كۈلۈشتى. كېيىن بابىر ئۆتۈكىنى ئېتىز قىرغىقىدا قالدۇرۇپ دەھكەتنىڭ بورۇزىدىن يالاڭغىداق چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈشتى ـ دە، ھەيران بولۇشتى.

بورۇزنىڭ ئۇششاق تاشلىرى بابىرنىڭ تاپانلىرىغا پاتاتتى، تىك جايلىرىدىن چۈشۈۋاتقاندا قىرلىق تاشلار پۇتىغا تىكەن بولۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ئاغرىتاتتى. لېكىن بابىر چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئاغرىققا چىداپ كېتىۋاتاتتى.

بورۇزنىڭ يېرىمىغا چۈشكەندە كەينىدىن ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ، سەكرەپ ـ سەكرەپ تاھىر يېتىپ كەلدى:

— ئەمىرزادەم، ئۆتۈكنى كىيىڭ! توختاڭ. بۇ تاشلار پۇتىڭىزنى يارا قىلمىسۇن!

بابىر توختاپ، تاھىرنىڭ تاپانلىرى قارايغان چوڭ ـ چوڭ پۇتلىرىغا قارىدى:

— سىزنىڭ پۇتىڭىز جاراھەتسىزغۇ؟

— ھە، ئەمىرزادەم، بىز ئۆگىنىپ كەتكەن.

— مەنمۇ ئۆگىنىشنى خالايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىلەرگە ھەۋەسىم كېلىدۇ، — دېدى بابىر يولىنى داۋام قىلىپ. تاھىر ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك كېتىپ بېرىپ كۈلدى:

— ئەمىرزادەم، پادىشاھنىڭ نەۋكەرگە ھەۋەسى كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بابىر تاھىردىن سەل رەنجىپ:

— سىزمۇ ماڭا ئىشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى، — تاشكەنتتە پادىشاھلىق دەۋاسىدىن ۋازكەچكىنىمنى ئېيتقانىدىمغۇ!

بۇ ھادىسىگە قاسىمبەگمۇ، باشقا كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلەرمۇ ئاچچىق بىلەن مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ" دەپ قاراشقان ۋە شۇنىڭكى يۈز ئەللىك كىشىنىڭ ھەممىسى قۇتلۇق نىگارخانىم بىلەن بىللە بابىرنىڭ كەينىدىن دەھكەتكە كېلىشكەنىدى.

تاھىر ئېغىر نەپەس ئالدى-دە:

— ئەمىرزادەم، مەن سىزگە ئۆزەمدىنمۇ ئارتۇق ئىشىنىمەن — دېدى، — ئەمما سىزنىڭ شاھلىق تەشۋىشىدىن قۇتۇلۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن؟ شاھزادىلەرنىڭ تاجۇتەختسىز ئۆتكەنلىرى يوقمۇ؟

— بار. ئەمما سىز ئۇنداقلاردىن ئەمەسسىز.

— ئەمما مەن تاجۇتەختنىڭ بىۋاپالىقىنى بىلگەنلەردىنمەن. شاھ جەمشىدتەك، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك تاجدارلارمۇ يىغقان دۆلەت، مال ۋە دۇنيالىرىنى تاشلاپ، قەبرىگە بىرلا كېپەن بىلەن كەتكەن ئەمەسمۇ؟

تاھىر يېقىندا تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئاببۇردان قىشلىقىغا بارغانلىقىنى ئەسلىدى.

بابۇرنىڭ تاجىۋەختتىن ئىخلاسى قايتقانلىقى چاقچاق ئەمەس بولسا كېرەك، چۈنكى شاھ جەمشىدنىڭ تىلىدىن تاجىكچە شېئىر يېزىپ، ئۇنى چاشما بويىدىكى تاشقا ئويدۇردى. تۆت قۇرلۇق شېئىرنىڭ ئىككى قۇرى تاھىرنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ:

گىرىفتىم ئالەم بە مەرددىيۇ زور،
ۋە لېكىن نەبۇردىم باخۇد بەگور[1].

ئالەمنى بېسىۋالغان جاھانگىرلارنىڭ سەلتەنىتىمۇ ئامانەت، ئۆزلىرى دۇنيادىن كېتىشى بىلەن تۈگەيدۇ. لېكىن شائىرنىڭ ياخشى سۆزلىرى تاشقا پۈتۈلگەن ھەرپلەردەك ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆچمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بابۇر قالغان ئۆمرىنى شائىرلىققا بېغىشلىسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

— مەن جان دەيتتىم، لېكىن بەگلەر سىزنى قويۇۋەتمەيدۇ، — دېدى تاھىر.

— بەگلەرگە ئىجازەت بېرەرمىز، كېتىشەر.

بابۇر شۇ سۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىنى يالغۇز يۈرۈش بىلەن ئىسپات قىلماقچى بولغاندەك، يەنە ئۇششاق تاشلار ئۈستىدىن

---

[1] "ئالەمنى مەردلىك ۋە زورلۇق بىلەن ئالدۇق، لېكىن ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كەتمىدۇق". بابۇر 1502 ـ يىلدا تاشقا ئويدۇرغان بۇ قۇرلارنى ئارىدىن 452 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1954 ـ يىلدا تاجىك ئالىمى ئا. مۇختاروۋ ئاببۇردان قىشلىقىدىكى بىر قۇدۇقتىن تېپىپ ئالدۇ. تاشقا ئويۇلغان بۇ شېئىر ھازىر دۈشەنبەدە مۇزېيدا ساقلانماقتا.

يالـڭاياغ يـۈرۈپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقى پۇكۇلۇپ مېڭىشىدىن سېزىلەتتى. تاھىر ئۇنى قوغلاپ يەتتى-دە:

— ئەمىرزادەم، ئۆتـۈكـنى كىيىڭ، — دېدى، — يالڭاياغلىقنى ھەۋەس قىلماڭ. خۇدا سىزنى ھېچ ۋاقىت بۇ ھاللارغا سالمىسۇن.

— قايسى ھاللارغا؟

— يالڭاياغلارنىڭ ئەھۋالىغا چۈشمەڭ!

— ئەجەبا! يالڭاياغلار ئادەم ئەمەسمىدى؟

— ئادەم، لېكىن سىز شاھ بولۇپ تۇغۇلغانسىز!

— ئۇ ھالدا، شاھ ئادەم ئەمەسمۇ؟

تاھىر جاۋاب تاپالـماي قالـدى. ئۇ شاھ بىلەن نەۋكەرلەر ئارىسىدا تاغدەك ئېگىز تام بارلىقىنى بىلەتتى، بابىرنىڭ بۇ تامدىن بىر سەكرەپ ئېشىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقىنى غەلىتە تۇيۇلاتتى.

تاھىرنىڭ نەزىرىدە، بابىر قايتا شاھ بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكى ۋە چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتىدۇ.

— ئەمىرزادەم، ئەگەر سىز شاھلىقتىن شائىرلىقنى ئەۋزەل كۆرسىڭىز، ئۇنىڭدا مەنمۇ...ئەھلى ئايالىم بىلەن تىنچ بىر بۇلۇڭدا دېھقانچىلىق قىلىپ، سىزگە ساداقەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بولاتتىم...لېكىن، بۇنىڭ ئىلاجى بولماس...

بابىر ئۆتۈكنى تاھىرنىڭ قولىدىن ئالدى.

— سىز قايتىڭ، — دېدى تاھىرغا، — ئەمما بۇ سۆزلەر ئارىمىزدا قالسۇن. كېيىن يەنە مەسلىھەت قىلارمىز. مېڭىڭ!

تاھىر بورۇزدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، بابىرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ شۇنچە غەلىتە سۆزلەرنى ئېيتقىنىدىن كۆڭلى

كۆتۈرۈلۈپ كۆلۈپ قويدى. بىراق بابىر بىر بۆلۈكىدا تىنچقىنا ياشايدىغان مىسكىن تەبىئەتلىك ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يالىڭاياغ مېڭىشقا ئۆگەنمەكچى بولغىنى بولسا تاھىرغا شائىرانە بىر شوخلۇق بولۇپ كۆرۈنەتتى.

تاھىر بورۇزنىڭ ئۈستىگە چىققاندا كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى. بابىر ھامان ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ تۆۋەنلەپ كېتىپ باراتتى. تاھىر ئۇنىڭ چىداملىقلىقىغا تەن بېرىپ: "لېكىن سۆزىدىن قايتمايدىغان ئادىتىمۇ بار!" دەپ قويدى.

بابىر پۇتىنىڭ بىر-ئىككى جايى قاپىرىپ سويۇلغىنىنى سەزسىمۇ ئاغرىقىغا چىداپ، قىشلاقنىڭ بىرىقى چېتىدىكى بۇلاق بويىغىچە يالىڭاياغ ماڭدى. ئۇنىڭدىن نېرىراقتا يۇمشاق تۇپراقلىق چىغىر يول بار ئىدى. لېكىن قىشلاق ئادەملىرى ئۇنىڭ يالىڭاياغ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ئېغىز-پەس سۆز قىلىشلىرى مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭغا ئۆيىنى بەرگەن قىشلاقنىڭ ئاقساقىلىمۇ، بەگ ۋە مۇلازىملىرىمۇ "مىرزا ھەزرەتلىرى" دەپ، بابىرغا ھەمىشە تەزىم قىلىشاتتى. ئەگەر بابىر كەمبەغەل دېھقانغا ئوخشاپ يالىڭاياغ يۈرسە، ئۇلار ئاددىي يالىڭاياغقا تەزىم قىلغاندەك كۆرۈلۈپ، ئىززەت-ھۆرمىتىگە تاقىلىشى ۋە خاپا بولۇشلىرى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابىر مەنسەپدارلار ئۇچرايدىغان جايلاردىن ئادەتتىكىدەك ئۆتۈك كىيىپ ئۆتەتتى-دە، دەھكەتنىڭ ئەتراپىدىكى يانبېغىرلارغا بارغاندا، يەنە يالىڭاياغ بولۇۋالاتتى. پۇتىغا پېتىپ ئازار بېرىدىغان بۇدۇر-چوقۇر تاشلار، چاتقاللار دىلىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئەلەملىك ئويلارنىڭ تەپتىنى ئالدىغاندەك بولاتتى. كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تاپانلىرى كۆن چەمدەك قېلىنلىشىپ، تاش-

پاشلار، يامغۇر-يېشنلار كار قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى.

* * *

دەھكەتتىن ئۈچ-تۆت چاقىرىم تۆۋەندە قارەزاۋ دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز يارلار تەكتىدىن ئادەمنى ئاققۇزىدىغان چوڭ ئاقسۇ ئېقىپ ئۆتتدۇ. بۇ سۇنىڭ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، يېيىلىپ ئاقىدىغان ئاستاراق بىر جايىدا كېچىك بار.

تاغ باغرىنى بويلاپ ئۆتكەن چىغىر يول بىلەن ئارچىلار ئارىسىدىن مېڭىپ كېلىۋاتقان بابىر چۈشكە يېقىن ئاقسۇنىڭ شۇ كېچىكى ئالدىدىن چىقتى ۋە دەريادىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان يىگىرمىچە قوراللىق ئاتلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئالدىدا نەيزە چەكمەن ۋە قىزىل بۆك كىيگەن قاسىمبەگ، ئۇنىڭ ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن نەۋكەرلىرىمۇ نونۇش.

بابىر ئۇلارغا يالغۇز يۇرگىنىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىدى-دە، يولدىن چەتكە چىقىپراق، ئېگىز بىر ئارچىنىڭ سايىسىگە بېرىپ ئولتۇردى.

لېكىن بۇ ئارىدا قاسىمبەگمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى. كېچىكتە قارىغىچە ھۆل بولغان ئېتىنى بابىردىن ئازراق نېرىدا توختىتىپ، چاپسان يەرگە چۈشتى. نەۋكەرلەرمۇ بابىرنى ھۆرمەت قىلىپ توپ-توپ ئاتتىن چۈشۈشتى. قاسىمبەگ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى نەۋكەرلىرىگە بېرىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغان پېتى بابىرغا يېقىنلاشتى. مۇسىبەتلىك ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئەمىرزادەم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ! يەنە بىر شۇم خەۋەر!...

بابىرنىڭ خىيالى تاشكەنتكە كەتتى. قاسىمبەگ ئۈچ ئايدىن

بۇيان ئاشۇ تەرەپلەردە يۈرگەندى. بابىرنىڭ تاغىسى مەھمۇدخان شەيبانىخاننىڭ ئەلچىسى شەرىپىگە زىياپەتلەر بېرىپ يۈرۈپ، ئاخىرى خان بىلەن پۈتۈم تۈزگەندى. بۇ پۈتۈمگە بىنائەن شەيبانىخان ئۆرەتۆپىنى مەھمۇدخانغا بېرىپ، ئۆزى ھىسارغا قوشۇن تارتىپ كەلگەندى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان مەھمۇدخان نۆكىسى ئالىچەخان بىلەن بىللە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەھمەد تەنبەلگە قارشى ئۇرۇش ئاچقاندى. ئۇلار ۋادىنى ئەھمەد تەنبەلدىن تارتىۋېلىپ، تاشكەنت خانلىقىغا قوشماقچى ئىدى. شەيبانىخان دەسلەپ بۇ نىيەتكە قوشۇلغاندى. ئەمدى سۆزىدىن يېنىۋالغانمىدۇ؟!

— نېمە بولدى؟ سۆزلەڭ!

— شەيبانىخان نومۇسسىزلىق بىلەن سۆزىدىن يېنىۋاپتۇ، ئەمىر-زادەم! تاغىلىرىڭىز پەرغانە ۋادىسىدا ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئالتە ئاي ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭەلمەي، نۇرغۇن تالاپەت بېرىپ، ئاجىزلىشىپ قالغان پەيتتە شەيبانىخان پۈتۈمنى بۇزۇپ، كۈتۈلمىگەندە كەينىدىن باستۇرۇپ كېلىپتۇ! ئالدىدا ئەھمەد تەنبەل قوشۇنى، كەينىدە يالغان ئىتتىپاقچى شەيبانىخان قوشۇنى! تاغىڭىز بۇ ئىككى بالانىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ تارمار بولۇپتۇ! شەيبانىخان ئۇنى ئەسىر ئالغانمىش!

بابىر جايىدا ئولتۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— يا ئەلھەزەر! تاشكەنتمۇ كەتتىمۇ-ھە؟

— ھەي، سورىماڭ، ئەمىرزادەم! تاشكەنتتە ئىككى مىڭ قوغدىغۇچى ئەسكەر بار ئىدى. ئالتە ئايغا يەتكۈدەك زاپاس بار ئىدى! قورغاننى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلسا بولاتتى. بىراق ئەسىر چۈشكەن مەھمۇدخان ناھايىتى ئۇياتلىق بىر ئىش قىپتۇ.

شەيبانىخان ئۇنى قەتل قىلدۇرماقچى بولغاندا، مەھمۇدخان: "قىنىمدىن كېچىڭ، نېمە تەلەپىڭىز بولسا بەجىرەي" دەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەيبانىخان، تاشكەنتتىكى قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرىڭىزگە بۇيرۇق يېزىپ ئەۋەتىڭ، قورغاننى جەڭسىز تاشلاپ چىقىپ كەتسۇن، ئەمما خەزىنە بىلەن ھەرەم قورغاندا قالسۇن، دەپ شەرت قويۇپتۇ. جان تاتلىق كېلىپ، مەھمۇدخان بۇ شەرتنى قوبۇل قىپتۇ.

— پۈتۈن ھەرەم شەيبانىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇمۇ؟!

— ھە، ئەمىرزادەم، غالىبلار قوغدىغۇچىسىز قالغان تاشكەنتتە ئۈچ كۈن خەلقنى بۇلاپتۇ! تاغىڭىز مەھمۇدخاننىڭ ئەڭ چىرايلىق سىڭلىسى دۆلەت بېگىم شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان ھەردەمگە ئۈچىنچى خوتۇنى بولۇپ كىرىپتۇ. ئەللىك ئۈچ ياشلىق شەيبانىخاننىڭ ئۆزى مەھمۇدخاننىڭ ئون ئالتە ياشلىق گۈزەل قىزى موغۇل خانىمنى نىكاھلاپ ئېلىپتۇ! مەھمۇدخاننىڭ ئەتىۋارلىق خوتۇنى رازىيە سۇلتان بېگىم ئېلگىرىكى ئەلچى جانىبەگ سۇلتانغا غۇنچەچى قىلىپ نىكاھ قىلىنىپتۇ! بۇلتۇر خانزادە بېگىم ئۈچۈن بىزگە شۇنچە تەنە-مالامەت قىلغان مەھمۇدخان ئەمدى ئەتىۋارلىق خوتۇنىنى، قىزىنى، سىڭلىسىنى ئۆز جېنى ئۈچۈن مۇنچىلىك شەرمەندىلىك ئەھۋالغا سالغىنى پۈتۈن ئەل-ئۇلۇسنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپتۇ!

بابۇرنىڭ خىيالى ئايشە بېگىمگە كەتتى. ئۇنىڭدىن كۆڭلى قېلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر چاغلاردا تۇنجى ياشلىق مېھرى بىلەن سۆيگەن خوتۇنىنىڭ شەيبانىخاننىڭ ھەرەمگە چۈشۈش ئېھتىمالى ئۇنى دەھشەتكە سالدى. ئاچىسى خانزادە بېگىمنىڭ شەيبانىخان ھەرەمگە چۈشكىنى ئازمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بابىر قاسىمبەگكە دەھشەتكە تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ سورىدى:

— ئايىشە بېگىم...ئېگچەم خانزادە بېگىمنىڭ كۈندىشىگە ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟!

— ياق، ئەمىرزادەم! قايسى تىل بىلەن ئېيتاي، ئايىشە بېگىمنى خاننىڭ تاغىسى — ئەللىك بەش ياشلىق كۆچكىنچى خانغا توقال خوتۇن قىلىپ نىكاھلاندۇرۇپتۇ!

بابىر يۈزىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ ۋارقىراۋەتتى:

— ۋاي، بۇ نېمىدېگەن رەزىللىك؟ نېمىدېگەن شەرمەندىلىك؟!

قارا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چېچىپ بابىرغا ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتقان ئاشۇ رازىيە سۇلتان بېگىم بۇگۈن جانىبەگ سۇلتاننىڭ قوچىقىدا! بۇ يوغان گەۋدىلىك مەككار بەگ مەھمۇدخان سارىيىدا ئەلچى بولۇپ، خان بىلەن شەترەنج ئويناپ، ئاتايىن ئۇتتۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق خوتۇنىنى كۆزلەپ قويغان بولسا ئېھتىمال. ئايىشە بېگىمچۇ؟

قاسىمبەگ ھەسرەتكە تولغان ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كاشكى مەھمۇدخان شۇنچە ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلىپ تىرىك قالغان بولسىچۇ!

— تاغام ئۆلتۈرۈلۈپتىمۇ؟

— شەيبانىخان بىرىنچى قېتىمدا ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن. لېكىن ھېلىقى شەرمەندىلىكلەر بىلەن روھىي جەھەتتىن ئۆلتۈرۈلگەندىن بەتتەر قىلىپ ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىدىن شەرقە — ئالتاي تەرەپكە قوغلىۋەتكەن. بۇنىڭغا غەزىپى كەلگەن مەھمۇدخان شۇ تەرەپلەردە

ئۆزگە تەرەپدار تېپىپ، قوشۇن توپلاپ شەيبانىخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يەنە سىر دەريا بويىغا كېلىدۇ. خوجەنىد يېنىدا ئىككىنچى قېتىم جەڭ بولۇپ، مەھمۇدخان يەنە يېڭىلىدۇ-دە، ئىككى ياش ئوغلى بىلەن ئەسىر چۈشىدۇ. بۇ قېتىم شەيبانىخان مەھمۇدخاننىڭ ئۆزىنىمۇ، ياش ئوغۇللىرىنىمۇ ئايىماي قەتل قىلدۇرۇپتۇ!

— يا ئەلھەزەر! يارەببي!...

بىرۋاقىتلار بابىرغا مېھىرسىزلىك قىلىپ، ئەلەم قىلغان يېقىنلىرىنىڭ تەقدىر تەرىپىدىن بۇنچىلىك شەپقەتسىزلەرچە جازالىنىشى بابىرنى قارا باسقاندەك ئېزىپ، گەرەخ قىلىپ قويدى. بابىر ئۆلاردىن ھەرقانچە رەنجىگەندىمۇ بۇنداق ئېغىر جازالارنى ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە راۋا كۆرمەيتتى.

بابىرنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، يۈز مۇسكۇللىرى تىترەۋاتقىنىنى كۆرگەن قاسىمبەگ شۇم خەۋەر يەتكۈزگىنى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇۆزرە سورىدى. بابىرنىڭ سەل ئوغىسىنى پەسەيتىدىغان چارە ئىزدەپ:

— ئەمىرزادەم، قېنى، ئولتۇرۇڭ، مەرھۇملارنىڭ ئەرۋاھىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلايلى، — دېدى.

تىزلىرى بوشىشىپ زورغا ئۆرە تۇرغان بابىر ئارچا تېگىدىكى بايىقى جايىغا يېنىپ بېرىپ ئولتۇردى. قاسىمبەگ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا تىز چۆكتى. نەۋكەرلەرمۇ كەينى-كەينىدىن يۈكۈنۈشتى. قاسىمبەگ يېقىملىق يوغان ئاۋاز بىلەن قۇرئان سۈرىلىرىنى ئاھاڭلىق قىلىپ ئوقۇپ، ئۇزاق تىلاۋەت قىلدى. دەريادەك بىر ھالەتتە ئاقىدىغان بۇ ئاھاڭلار بابىرغا دۇنيانىڭ باقى ئەمەسلىكىنى، ئۆتۈپ تۇرغان ھەربىر دەقىقە ئۆمۈرنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغان نېمەت ئىكەنلىكىنى،

هاياتىنىڭ غەنىمەتلىكىنى ئەسلەتتى-دە، ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىپ، يالڭاياغلىرىنى تونىنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىپ قويدى. تىلاۋەت تۈگەپ، يۈزلىرىگە پاتىھە قىلغاندىن كېيىن قاسىمبەگ نەۋكەرلىرىگە قولى بىلەن نېرىراق مېڭىپ تۇرۇش ئىشارىتىنى قىلدى. ئۇلار يىراقلىغاندىن كېيىن، بابىرغا يەنىمۇ يېقىنراق كېلىپ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن دېدى:

— شەيبانىيزادىلەر بۇ غەلىبىلىرىدىن قۇتراپ، ئەنجانغا كۆز تىكتۈپتىپتۇ. باسقۇنچىلار ئەتە-ئۆگۈن ئۆرەتۆپىگىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئەمدى بۇ يەرلەردە يۈرۈش خەتەرلىك، ئەمىرزادەم. تاغ ئېشىپ ھىسارغا كېتىش كېرەك.

ھىسار ھۆكۈمدارى خىسراۋشاھ تەختىنى بابىرنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى بايسۇنقۇر مىرزىدىن تارتىۋېلىپ، باشقا بىر تۆمۈرىيزادىنى تەختكە دەۋاگەر بولمىسۇن، دەپ، كۆزىگە مىل تارتىپ كور قىلىۋەتكەنىدى. بابىر شۇنى ئەسلىدى-دە:

— مېنىڭ قاردىن قېچىپ مۆلدۈرگە تۇتۇلۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى بار، جانابىي قاسىمبەگ؟ — دېدى.

— مېنىڭ مەقسىتىم باشقا، ئەمىرزادەم. كەمىنىلىرى ھىسار بەگلىرى بىلەن بۇلتۇردىن بۇيان مەخپىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خىسراۋشاھتىن نارازى ئىكەن. ئۆزى بىر نەۋكەردىن چىققان تېگى پەس ھۆكۈمدار تەختكە ئولتۇرۇشقا ھەققى يوق. بارساق، ياخشى بەگلىرى سىزگە يان باسىدۇ.

— يەنە تەخت تالىشىشمۇ؟ ياق، جانابىي قاسىمبەگ! مەن بۇ تالىشىشلاردىن ناھايىتى تويدۇم! ھازىر ماڭا تىنچ بىر بۇلۇڭ بولسا، دەرۋىشلەرچە ھايات كەچۈرسەم، شېئىرلار يازسام، شۇنىڭ ئۆزى



www.uyghurkitap.com

بەس!...

قاسىمبەگ باياتىندىن بېرى كۆزىنى بابىرنىڭ يالىڭاياغلىرىدىن ئېلىپ قاچماقتا ئىدى. شاھزادىنىڭ بۇنداق يۇرۇشى ئۇنىڭغا ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلاتتى.

— ئەمىرزادەم، سىز بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىمۇ ئويلاڭ! ئىككى يۈز ئەللىك سادىق ئادىمىڭىز — بەگ، مۇلازىم ۋە نەۋكەرلىرىڭىز سىزگە ئامەت تىلەپ، ئاۋۋالقىدىنىمۇ زور مەرتىۋىلەرگە يېتىشىڭىزگە ئىشىنىپ، تاغۇتاشتا سەرگەردان بولۇپ يۇرۇشى نېمە ئۈچۈن؟

قاسىمبەگنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە "راستىنىلا دەرۋىش بولماقچى بولساڭىز سىزگە مۇنچىۋالا بەگ نەۋكەرلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ نېمە ئۈچۈن رۇخسەت بەرمەيسىز؟" دېگەن مەنە ياتاتتى.

— سىز يەتكۈزگەن مۇدھىش خەۋەرلەردىن كۆڭلۈم ۋەيران بولۇپ تۇرغان پەيتتە يەنە بىر مۇشكۇل گەپنى قوزغىدىڭىز، جانابىي قاسىمبەگ!

— ئەدەبىسىزلىكىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ!

— ئەمما سىز ھەقلىقسىز. مەن سىزدەك سادىق كىشىلىرىمنىڭ تەقدىرىنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىم كېرەك. راستىنى ئېيتىڭ، جانابىي قاسىمبەگ، خىسراۋشاھنىڭ ئۆزىمۇ سىزنى خىزمەتكە چاقىرغانمۇ؟

— چاقىرغان. ئىككى نۆۋەت مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەن.

بابىر قاسىمبەگنىڭ مەردانە يۈزىگە، قىرىق ياشقا بارماستىن ئاق چۈشكە باشلىغان كالتە ساقال-بۇرۇتلىرىغا مەيۇس بىر نەزەر سالدى.

— سىزدىن مەھرۇم بولۇش مەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇشكۇل! — دېدى ئۇ، — ئاتام ئۆلگەندىن بۇيان ماڭا ئاتىدەك غەمخورلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدىڭىز. مەن سىزدىن كۆرگەن ساداقەت ۋە ياخشىلىقلارنى تېخى باشقا ھېچقايسى بەگدىن كۆرمىدىم!

— مىننەتدارمەن، ئەمىرزادەم!

— ئەمدى شۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەن سىزگە رۇخسەت بېرەي. مەيلى، ھىسارغا كېتىڭ!

— سىزنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ئەمىرزادەم! بىللە كېتەيلى!

— مەن ئۆزەممۇ شاھلىق زەنجىرىدىن پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشقا ئىنتىلمەكتىمەن، جانابىي قاسىمبەگ. بۇ زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى تەۋە ئادەملەرگە باغلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇچى شاھنىڭ ئۆزىگە باغلىنىدىكەن! شۇ سەۋەبلىك، تەۋە ئادەملەرنى زەنجىردىن بوشاتمىغۇچە پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ زەنجىرگە بەند بولىدىكەن. مەن ئەمدى مانا شۇ تەبىئەت باغرىدا زەنجىرسىز ياشاشنى مەقسەت قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رۇخسەت! باشقا بەگ، مۇلازىم ۋە نەۋكەرلەرمۇ ۋاقتى-سائىتى بىلەن رۇخسەت ئالىدۇ!

بابىر قاسىمبەگ بىلەن خەيرلەشمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. سەمەرقەندتە سۆيۈملۈك ئاچىسىدىن، تاشكەنتتە خوتۇنىدىن ئايرىلغان، بۈگۈن بولسا شۇنچە پالاكەتلىك خەۋەرلەر ئاڭلاپ، يەنە ئەڭ ئىشەنگەن بېگىدىنمۇ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بابىر ئۆزىنى ھەرقانچە تېتىك تۇتۇشقا ئۇرۇنسىمۇ تىزلىرى پۈكۈلۈپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. قاسىمبەگ ئۇنى قۇچاغلاپ خەيرلىشىۋاتقاندا، كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى.

## 3

بابىر ئۆزىگە ئازاب بېرىدىغان ئېغىر تۇيغۇلارنى تاغلاردىن كۆرۈنىدىغان كەڭلىكلەرگە چېچىۋېتەلىسە ياكى گۈزەل شېئىرىي قۇرلارغا جايلاشتۇرالىسا بىرقەدەر يەڭگىللىك ھېس قىلاتتى.

نې يېردە ساكىن ئولاي؟ نې قىلاي؟ قايان كېتەيىن؟
نې دەيردىن ئىشكىم ئاچىلۇر، نې مەسجىددىن.
نېچە ئېشىكدەن ئىشكگە گەدا كەبى يېتەيىن؟!

كۆيۈپ-پۇچۇلۇنۇپ يازغان بۇ قۇرلىرى قەلبىنىڭ تەپتىنى ئالاتتى، دۇنيادا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشىكلەر ئېتىلگەندىمۇ بىر مۇقەددەس ئىشىك — شېئىرىيەت ئىشىكى دائىم ئۇچۇق ئىكەنلىكىنى ئىچ-ئىچىدىن سېزىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ ئۆز قەلبىدە تېخى سەرپ قىلىنمىغان قۇدرەتلىك كۈچلەر بارلىقىنى، ئاچىسى خانزادە بېگىم بابىر بىلەن ۋىدالاشقان چاغدا: "سىزنىڭ نادىر ئىستېدادىڭىز بار، بۇ بۇيۈك نېمەتنى ھەش قىلىۋەتمەڭ!" دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كۆپ چۈشەتتى. تۈنۈگۈن مانا شۇ ئاقسۇ بويىدىكى بىر قىشلاقتا توي بولغان، شۇنىڭدا ياش بىر غەزەلخان سېھىرلىك تاۋۇش بىلەن بابىرنىڭ "كۆڭلۈمدىن ئۆزگە يارى ۋاپادار تاپمىدىم" دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىنى ناخشا قىلىپ ئېيتقىنىنى ئۇ ئۆزى كوچىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئاڭلىغانىدى. ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ زور كۈچ ھەرىكەتكە كېلىپ، مەيدانغا چىقىش ئۈچۈن يول ئىزدەۋاتقانىدى. بۇ ئىچكى كۈچ ئۇنىڭغا دەھكەتنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئۈچ مىڭ گەز ئېگىزلىكتىكى ئاسمان يايلاق تېغىنىڭ ئۈچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان مۆجىزىلىك بۇلاقنى ئەسلەتتى. جىلغىلار

بويىدىن، تاغ باغرىنىڭ تېگىدىن كۆز ئاچقان بۇلاقلار كۆپ. لېكىن شۇنداق يۈكسەك تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز بىر چوققىسىدىن يېرىپ چىققان بۇنداق غەلىتە بۇلاقنى بابىر بىرىنچى قېتىم شۇ يەردە ئۇچراتتى.

جەنۇبتا مەڭگۈ قارغا پۈركەنگەن ئۇلۇغۋار پىرياخ چوققىسى يالتىراپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇ چوققا بىلەن ئاسمان يايلاق تېغىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر جىلغىلار، چوڭ-چوڭ ئېگىزلىكلەر بار. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئاشۇ چوققىدىن چۈشۈپ، يەنە ئاسمان يايلىقىغا چىقىپ كەلگۈچە ئىككى ئارىدىكى چوڭقۇرلۇقلاردىنمۇ تېرەنرەك جايغا چۈشۈپ، كېيىن يەنە ئېگىز تاغقا كۆتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك. بۇلاق مۇنچە كۈچنى قەيەردىن ئالغاندىكىن؟ ئۇنى شۇنچىلىك ئېگىز جايغا چىقىشقا، شۇنداق تاشلار ئارىسىدىن كۆز ئېچىشقا نېمە مەجبۇر قىلغان ئىكەن؟ ئېھتىمال، ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆزى پەستىكى تاغ كامارلىرىدا بولغاندۇ؟ بەلكى بۇلاقنىڭ ئۈستىگە تاغ كۆچۈپ چۈشۈپ، ئاۋۋالقى كۆزىنى ئېتىپ قويغاندۇ؟

بابىرغا بىردىنلا ئۆز ھاياتىمۇ كۆچكۈن باسقان بۇلاققا ئوخشاپ كۆرۈندى. ئاخىردا غۇلىغان يارمۇ شۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈشكەن. كۆچمەنچى سۇلتانلارنىڭ سەمەرقەندتىكى غەلىبىسىمۇ... ئىچكى بىر كۈچ بىلەن قايناپ چىقىۋاتقان بۇلاق كۆچكۈننىڭ تۇپىلىرىنى يۇيۇپ، تاشلار ئارىسىدىن يول تېپىپ ئۆتۈشكە باشلىغاندا ماۋەرائۇننەھردىكى ئىجتىمائىي زىلزىلىلەر زەربىسىدىن يېڭى-يېڭى يارلار غۇلايدۇ، قىيالار كۆچىدۇ-دە، يەنە شۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ.

بۇلاق ھامان تۇغۇلغان زېمىنىنىڭ باشقا جايلىرىغا باش ئۇرۇپ، يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىدىغان يېڭى يوللارنى ئىزدەيدۇ.

ئەگەر ئاسمان يايلاق بۇلىقى تاشلار ئارىسىدىن يول تېپىپ، مانا شۇنداق ئېگىز قىيانى يېرىپ چىققان بولسا، بابىر ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك. ئېھتىمال، ئۇنىڭ تەلىيىمۇ مانا شۇ بۇلاققا ئوخشاش، ئېگىز بىر چوققىدا قايتىدىن كۆز ئاچار. بەلكى بۇ ئېگىز چوققا شېئىرىيەتتىندۇر؟

بىر كۈنى كەچ پېشىن بىلەن بابىر ئاسمان يايلاق بۇلىقى بويىدا مانا شۇ خىياللارغا غەرق بولۇپ يالغۇز ئولتۇرغىنىدا چوڭ-چوڭ ئىككى بۆرەباسار ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ بىر پادىچى يىگىت كېلىپ قالدى. پۇتىدا چورۇق، بېشىدا قىزىل قىرغاقلىق ئاق قالپاق، بېلىگە چوڭ پىچاق ئېسىۋالغان، قولىدا قىزىل ئىرغاي تاياق. ئۇ تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان بابىرغا سالام بەردى-دە، ئىتلىرىنى ئارقىدىراق قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇلاقتىن ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. كېيىن ھۆل قوللىرىنى يوللۇق ماتا كۆڭلىكىنىڭ قولتۇقلىرىغا سۈرتۈۋېتىپ، بابىرغا سۆز قىلدى:

— ھە، ئاغىنە، پادىشاھنىڭ بېخىللىق قىلىدىمۇ، تاغقا يالغۇز چىقىپسەنغۇ؟

پادىچىنىڭ سەنلەپ سۆزلىگىنى بابىرنىڭ قۇلىقىنى تاتىلاپ ئۆتكەندەك بولدى. ئەمما ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇپ:

— قايسى پادىشاھىم؟ — دەپ سورىدى.

— بابىر دېگەن بىر پادىشاھ دەھكەتتە يۈرگەنمىش. سەن شۇنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ؟

بابىر ئەسكى كىيىملىرىنى كىيىپ چىققان؛ ئۆزى تاغ ئاپتىپىدا كۆيۈپ قارايغان، ئەمما ئۇنىڭ يۈزىدە، قوللىرىدا ئېسىلزادىلەرگە خاس بىر نازۇكلۇق بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. پادىچى ئۇنى

پادىشاھنىڭ مۆلازىملىرىدىن دەپ ئويلىماقتا ئىدى. بابىر ئۆزىنى تونۇتقۇسى كەلمەي:

— ھە، — دېدى.

پادىچى ئىرغاي تايىقىغا كەڭ كۆكرىكىنى تىرەپ، بابىرغا سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى:

— پادىشاھىڭغا ناھايىتى سادىقمۇسەن؟

بابىر مىيىقىدا كۈلۈپ:

— مەن ئۆزەمگە سادىق بولسام بولدى، — دېدى.

— پادىشاھىڭمۇ سېنى يامان كۆرىدىغان ئوخشايدۇ-دە، خار قىلىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى بابىر پادىچىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى. يۈزىگە تېخى ئۈستىرا تەگمىگەن يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىت. لېكىن چوڭقۇر كۆزلىرى قىرىق-ئەللىك ياشقا كىرگەن ۋە كۆپ غەم چەككەن ئادەمنىڭكىدەك سولاشقان، قېرى چىراي.

— پادىشاھىمنى مۇنچە جىق سورىدىڭ، بىرەر ئەرزىڭ بارمۇ؟ — دېدى بابىر كۈلۈمسىرەپ.

پادىچى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— مەن ئۇنى مانا شۇ تاغدا يەككە-يېگانە ئۇچراتماقچىمەن، — دېدى.

— ئەگەر ئۇچراتساڭ... نېمە گېپىڭ بار؟

پادىچى يىگىتنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن قىسىلدى:

— ئاتام بىلەن ئاكامنىڭ بېشىنى نېمە قىلغان، شۇنى سوراپ بىلمەكچىمەن.

— بېشىنى؟ — ،دېدى بابىر، — ھە؟! سەن... سەن كىمسەن

ئۆزەڭ؟

— چەگرەكلەردىنمەن!

بابىر ئەنجان تاغلىرىدا ياشايدىغان چارۋىچى تۈركىي قەبىلە — چەگرەكلەرنى ئەسلەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— بۇ يەردىمۇ چەگرەكلەر بارمۇ؟

— بىز بۇ يەرگە ئۇش تەرەپلىرىدىن قېچىپ كەلگەنىدۇق. مەن شۇ چاغدا ئون تۆت ياشلىق بالا ئىدىم. بابىر كېلىپ ئاتام بىلەن ئاكامنىڭ قويلىرىنى، يىلقىلىرىنى تارتىۋالماقچى بولغان. پادىچىلار "بەرمەيمىز!" دەپ نارازىلىق قىلغان. كېيىن بابىر ھەممىسىنى ئۆل. تۈرۈپ، باشلىرىنى كېسىپ كەتكەن. ئاتام بىلەن بارساق، ئون بەش-يىگىرمىچە ئۆلۈك يېتىپتۇ، باشلىرى يوق. بەدىنىدىن تونۇپ ئېلىش قىيىن بولىدىكەن. ئاتام بىردەم ئۇ جەسەتنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ، بىر دەم بۇ جەسەتنى ...

بابىر ئۇشنىڭ جەنۇبىدا بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئاۋۋال ئەھمەد تەنبەلنىڭ قانلىق خورجۇنىدىن لەيلى قازاقلار ئۇستىگە يۇملاپ چۈشكەن كاللىلارنى يەنە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى سەسكەندۈرۈۋەتكەن ياشقىنا يىگىتنىڭ كاللىسى ۋە ئۇستىرا تەگمىگەن يۈزى كۆز ئالدىدا قايتىدىن گەۋدىلەندى. مانا بۇ تۇرغان پادىچى. نىڭ يۈزى بابىرغا بىردىنلا ئاشۇ يۈزنى ئەسلەتتى-دە، كېسىك بويۇننىڭ قان ئارىلاش گۆشلىرى خىيالىدا تەكرار پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەتكە كەلتۈردى. ئۇ پادىچىغا ھودۇققان ھالدا قاراپ:

— ئەھمەد تەنبەل ئۆلتۈرگەن! — دېدى، — سۇلتان ئەھمەد تەنبەل!

پادىچى ئايىقنى كۆكرىكىدىن ئىلىپ، بابىرغا يېقىنراق كەلدى:
— سەن ئاشۇ باشلارنى كۆرگەنمىدىڭ؟
— ھە، يايلاقتا...ئۇشىنىڭ يايلىقىدا ئەھمەد تەنبەل شۇ باشلارنى ئەكىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئالتە يىل بولدى...پادىچىلار جىدەل چىقىرىپ، نەۋكەرلەردىن ئۈچ-تۆتىنى ئۆلتۈرۈپتىكەن، تەنبەل شۇنىڭ ئىنتىقامىغا باش كېسىپ كەلگەندى!
— تەنبەل ئەمەس! ماڭا كۆرگەن ئادەملەر ئېيتقان! ئاتامنىڭ بېشىنى بابىر كېسىپ كەتكەن!
— ئادەملەر يالغان ئېيتىشپتۇ! مەن...ئېنىق بىلىمەن. بابىر نارەسىدە ئۆسمۈر ئىدى. ئاغىقا سۇلتان ئەھمەد تەنبەل بارغان!
بابىر ئۆزىنى ئاقلاۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ ئالدىراپ-تېنەپ سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن پادىچى يىگىت ئەمدى ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. غەزەپ بىلەن:
— سەن ئۆزەڭ كىمسەن؟ — دېدى، — بابىر سېنىڭ نېمەڭ؟
بۇ سوئال بابىرنىڭ بەدىنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. گويا پادىچى ھازىر ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدىغاندەك تۇيۇلدى.
ئىگىسىنىڭ ئاۋازىدىكى غەزەپ ۋە تەھدىتنى بايقىغان ئىتلار بىردىنلا خىرىلداپ، بابىرغا ئېتىلىشقا تەييارلىنىشتى. بابىر ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. قولى ئىختىيارسىز بېلىدىكى خەنجىرىنىڭ سېپىغا باردى.
لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئىدى. ئىتلار ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ پۇتىدىن ئالىدىغاندەك كۆرۈندى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ يالىڭاياغ يۈرگىنىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى.
— نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن؟ — دېدى پادىچى يەنە تەھدىت

بىلەن.

بابىر ئۆزىنى ئىلاجى بارىچە ۋەزمىن تۇتۇپ:

— نېمە دەي؟ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ! — دېدى.

پادىچى ئىتلىرىغا ئۆرۈلۈپ:

— تۆتكۆز، بويىناق، يېتىگلار! — دېدى. كېيىن يەنە بابىرغا قارىدى، — خوش، گېپىڭ راست بولسا، مېنىڭ ئاتامنى بابىرنىڭ ئۆزى ئەمەس، تەنبەل دېگەن بىر بېگى ئۆلتۈرگەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئاشۇ بەگكە كىم پەرمان بەرگەن؟ بابىرمۇ؟

— بابىر بۇنداق بولۇشنى بىلمىگەن... ياشلىق قىلغان!

— يەنە پادىشاھىڭغا يان باسسەنا! ئەگەر مەن ھازىر مانا بۇ ئىتلىرىمغا "ئال" دېسەم، سېنى تىتى-ماتاڭ قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدا پەقەت ئىتلار ئەيىبدار بولامدۇ؟ بۇلارنى ئال كۇش-كۇش دېگىنىم ئۈچۈن مەن گۇناھكار بولمايمەنمۇ؟

بابىر پادىچىنىڭ بۇ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى:

— بەلكى سەن ھەقلىقتۇرسەن...

— كىمسەن ئۆزەڭ؟ ئېيت راستىنى!

پادىچىنىڭ ئاۋازىدىكى تەھدىتنى سېزىشىپ، ئىتلار يەنە خىرىلداشتى. بابىرنىڭ قورقىنىنى سەزسە ئىتلار ئۇنىڭغا ئېتىلىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ باركۈچىنى گويا كۆزلىرىگە يىغىپ، پادىچىغا تىك قارىدى-دە، دادىل تۇرۇپ:

— مەن بابىرمەن! — دېدى.

پادىچى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ يالىڭاياغلىرىغا يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com

بىر قارىدى:

— ھە، تېخى پادىشاھ بابىر سەنمىدىڭ؟!

— ھە، مەن پادىشاھ ئىدىم!

— ھازىرچۇ؟

— ھازىر... تاجۇتەخت دەۋاسىدىن ۋازكەچتىم. ئەمدى پەقەت شائىرانە ھايات كەچۈرمەكچىمەن.

— ئالدىرىما، ئالدىرىما!

ئاقسۇ بويىدا بولغان تونۇگۇنكى تويدا پادىچىمۇ بار ئىدى. ئۇ خۇش ئاۋاز ياش ھاپىزنىڭ بابىر غەزىلى بىلەن ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى. ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى:

بابىر، ئۆزەڭنى ئۇرگەتەكۆر يارسىزكى، مېن
ئىستەپ جەھاننى، مۇنچە قىلىپ يار تاپمەدىم!

دېگەن قۇرلار ئۇنىڭ ئېسىدە قالغانىدى.

ھازىر بابىرنىڭ بىر ئۆزى تاغۇتاشتا يالغۇز يۈرگىنىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ بېيىتنى تەستىقلىغىنىدەك كۆرۈندى-دە، چارۋىچى ئېتلىرىغا قاراپ:

— يات! بويناق، يات! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىتلار تىنچلانغاندىن كېيىن، يەنە بابىرغا كۆز تىكىپ سورىدى، — شائىرلىقىڭ راست بولسا، شۇ يەردە يازغان شېئىرلىرىڭدىن بىرىنى ئېيتقىنا؟

بابىر يەرگە قاراپ ئويلاندى-دە، بېشىنى كۆتەردى:

— ئاڭلا:

نې خېش مېنى خۇشلا رۇنې بېگانە،
نې غەير رىزا مېندىنۇنې جانانە.

هەر نېچەكى ياخشىلىكتە قىلسام ئەفسۇن،
خەلق ئۇنى ئېچرە يامانلىق بىلەمېن ئەفسانە.

ئۇچكى قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن ئېچىنىپ ئېيتىلغان بۇ قۇرلارنىڭ تەپتى پادىشاھنىڭ بىردىنلا پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئەكس ئەتتى.

ــ سەنمۇ كۈيگەنلەردىن ئىكەنسەن، شائىرلىقىڭغا تەن بەردىم! ئەگەر شۇ شائىرلىقىڭ بولمىسا، سېنى رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئىتلىرىمغا تالىتىۋېتەتتىم! خەير، شائىر، ئامان بول!

پادىشاھ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئوتلاقتا يېيىلىپ يۈرگەن قويلىرى تەرەپكە كەتتى.

بابىر شۇ كۈنى ئاسمان يايلاقتىن دەھكەتكە قانداق چۈشۈپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ بەختسىز ئۆتمۈشىدىن ئاسانلىقچە قېچىپ قۇتۇلالماسلىقىنى، يامان بەگلەر بابىرنىڭ نامىدىن قىلغان زالىملىقلارنى ئادەملەر ئۇنىڭدىن كۆرۈشىنى ئويلاپ، ۋۇجۇدىنى يېڭى بىر بىئاراملىق ئورىۋالدى. ياشلىقتا بەگلەرنىڭ رايىغا قاراپ قىلغان خاتالىقلىرى بايىقى ئىككى ۋەھىملىك ئىتنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئېغىنچە كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

دەھكەتتە بولسا ئۇنى يەنە بىر تەھلىكىلىك خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى ئۆرەتۆپىگە يېتىپ كەلگەن، شەھەرگە سودا ـ سېتىق ئۈچۈن بارغان دەھكەتلىك يېزا ئاقساقلىنى خان كىشىلىرى تۇتىۋېلىپ كالتەكلىگەن:

ــ بابىر يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن جاينى كۆرسىتىسەن! ــ دەپ تەلەپ قىلىشقانىدى. يۈزلىرى قامچا ئىزىدىن قانتالاش بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن ئەللىك ياشلاردىكى ئاقساقال تاجىكچىلاپ:

— مەن مېھمىنىمنى تۇتۇپ بېرىدىغان ئەبلەخ ئەمەس! — دېدى بابىرغا، — دۈشمەنلىرىڭىزنى ئاق تەنگى دېگەن سايغا باشلاپ بېرىپ، ئاداشتۇرۇپ، ئۆزەم تاغمۇتاغ قېچىپ كەلدىم!

ئاق تەڭگى دەھكەتتىن ئۇتتۇز چاقىرىم غەربتە ئىدى. خاننىڭ يۇراپ تاپىدىغانلىرى بۈگۈن بولمىسا ئەتىگە بۇ يەرلەرگە يېتىپ كېلىشى مۇقەررەر. شەيبانىخان بابىرنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلگەن-لەرگە زور ئالتۇن ۋەدە قىلغان.

ئىچكىرىكى ھويلىدىن قۇتلۇق نىگارخانىم چىقتى:

— بابىرجان، ھەممىمىز نىجاتلىقنى سىزدىن كۈتمەكتىمىز! دەرۋىشلەرچە يۈرۈشنى ئەمدى بەس قىلىڭ. ھەممە ئادەم سىزنى قوغلاندى شاھ دەپ بىلىدۇ، باشقا سۆزگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. خان كىشىلىرىمۇ سىزنى تەختكە دەۋا قىلىشى مۇمكىن بولغان بىر شاھزادە دەپ ئىزدەپ يۈرىدۇ. دەھكەتلىكلەرمۇ شۇنچە ۋاقىت بىزگە نان-تۇز بەردى. ئەمدى بۇ قىشلاقنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇشمۇ سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر، جېنىم!

بابىر ئەگەر دۈشمەن بىلەن بۇ يەردە توقۇنۇشسا، قىشلاق ئاياغ ئاستى بولۇشىنى ئويلىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرگەن ئانىسىنى، بەگ ۋە نەۋكەرلىرىنى دۈشمەندىن ئامان ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئۆزى بايىقى پادىچىغا ئوخشاش قىساسكارلارنىڭ تاسادىپىي قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈنمۇ، دەھكەتلىك ئاقساقالنىڭ تۇزىنى ئاقلاش ئۈچۈنمۇ، بابىر يەنە قايتىدىن قورال-ياراغ ئىشقا ۋە ئادەم-لىرىگە باشچىلىق قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى، ھازىر شۇنىڭدىن باشقا ئىلاجى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى-دە، ئېغىر "ئۇھ" تارتتى:

— شاھلىق تەقدىرىمدىن يالىڭاياغ قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن-

مەن! جانابىي شېرىمبەگ! سىز ئەمدى قاسىمبەگنىڭ ئورنىدا ئەمىرۇل ئۇمەراسىز!

بابىرنى ئون ئىككى يېشىدا ئالاتاغ تەرەپلىرىگە ئېلىپ قېچىپ كېتىپ قۇتقۇزماقچى بولغان قېرى شېرىمبەگ تاغىسى خۇشاللىنىپ تەزىم قىلدى:

— ئىنايىتىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ئەمىرزادەم! — دېدى، — بۇيرۇڭ!

— ئادەملىرىمىزنىڭ بارلىقىغا ئەمرىمىزنى يەتكۈزۈڭ. يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرسۇن! مانا بۈگۈن كېچىسى دەھكەتتىن چىقىپ كېتىمىز!

— مۇبارەك بۇيرۇقىڭىز دەرھال ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەمىرزادەم!

يەنە زېرىكىشلىك كىيىملەر كىيگەن، قورال-ياراغ ئاسقان بابىر شۇ كېچىسى تاغدىن تاغقا ئېشىپ كۆنچىقىش تەرەپكە-ئىسپەرەگە قاراپ كەتتى.

## 4

پەستە ئىسپەرە سېپىنىڭ سۈيى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ شارقىرايتتى. ئېگىز بىر قىياتاش ئۈستىدە ئولتۇرغان بابىر ئۇزاقلارغا — خوجەندتىن نېرىراقتىكى موغۇلتاغ ئۈستىگە سايىسى چۈشۈۋاتقان ئېقىش بۇلۇتلارغا قارايتتى. كەينىدىكى قارلىق تاغلاردىن سوغۇق شامال كېلەتتى. ۋادىلار بولسا ياپيېشىل باھار تونىنى كىيگەن.

ئۇپۇقنىڭ يۇپقا پەردىسى ئارقىسىدا — كۆز پەرق قىلالمايدىغان يىراقلاردا چاتقال تاغلىرى ۋە تاشكەنت بوستانلىقى بار. جىززەخ ۋە سەمەرقەندنى، مەرغىلان ۋە ئەنجاننى بابىر ھازىر گويا خىيال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

كۆزى بىلەن كۆردى-دە، بىر چاغلاردا شۇنداق كەڭ دۇنيادا خاتىرجەم، ئەركىن يۈرگەن پەيتلىرىنى ئەسلەپ، يۈرىكىنى ئارمان تاتىلدى.

ھازىر مانا شۇ كەڭ ۋەتەندە ئۇنىڭ ئارامخۇدا ياشايدىغان ماكانى، تۇراقلىق بىر ئۆيى يوق ئىدى. ھەممىسى تەنبەل بىلەن شەيبانىخانىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئىشىك ئاغا شىرىم تاغا بابىرنى خۇراسانغا كېتىشكە ئۈندەيدۇ.

بىراق بابىر كەتسە ۋەتىنىدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلىشى مۇمكىنلىكىنى گويا ئالدىن سېزەتتى. ئىلگىرى تۇغۇلغان يۇرتىدا بىمالال يۈرگەندە ئۇنچىلىك بىلىنمەيدىغان ۋەتەن تۇيغۇسى ئەمدى ۋەتىنىدىن ئايرىلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان. ئۇ مانا شۇ ئۆلكىنى ئۇ چېتىدىن-بۇ چېتىگىچە نەچچە نۆۋەت كېزىپ چىققان، ئۇنىڭ ھەربىر چاقىرىمىغا كۆز نۇرىنى تۆكۈپ، ياشلىقىنى ئۇرۇقتەك چېچىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى، پۈتۈن بارلىقى مانا شۇ ئۇلۇغۋار زېمىنغا يىلتىز تارتقان. ئەمدى بۇ يىلتىزلارنىڭ ھەممىسىنى قانداق يۇلۇپ ئېلىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ ئاغرىقىغا قانداق چىداش مۇمكىن؟

ئەھمەد تەنبەل بىلەن شەيبانىخان ئاۋۋال بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھازىر بىر-بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىشقا چۈشكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىۋاتقىنىنى بابىر ئېنىق بىلەتتى. قېنى ئەمدى بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ بېشىنى يېسە، بابىرنىڭ ئېتىلگەن يوللىرى ئېچىلسا...

بابىر شۇ ئۈمىد بىلەن ئەنجان تەرەپكە مەخسۇس ئادەملەر ئەۋەتكەن. ئۇ ئەتىگىنى، ئاخشىمى شۇ ئادەملەرنىڭ خۇش خەۋەر بىلەن

قايتىشىنى كۈتەتتى.

لېكىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر بىر يېرىم ئايدىن بۇيان قايتمايۋاتىدۇ. نېمە بولدىكىن؟ كۈتۈش ئېغىر. كۈنلەر ناھايىتى ئاستا ئۆتەتتى. بابىر نېمە قىلىشىنى بىلمەي تاغ باغرىدا يالغۇز ماڭغىنى ماڭغان. تەدبىرلىك قاسىمبەگ كېتىپ قالمىغاندا بەلكى ئۇنىڭدىن ياخشى بىر مەسلىھەت چىقاتتىمىكىن؟ جان كۆيەر سەپدىشى نويان كۆكەلداشمۇ يوق، بۇلتۇر تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئاھەنگەراندا بىر نامەرد ئۇنى ئېگىز ياردىن تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. بىر-بىرىدىن كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر بابىرنىڭ خىيالىدا داۋاملىق چۆگىلەپ يۈرەتتى، ئۇ پۈتمەس-تۈگىمەس غەم-غۇسسەلەرنىڭ قورشاۋىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىنتىلىپ، خىيالىدا شېئىر مەشىق قىلىپ كۆردى. ئەمما ئۇنى بۇ كويلارغا سالغان دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى قاپىيىگە سېلىپ، ئاھاڭلىق قىلىپ ئېيتىشقا كۆڭلى تارتمىدى.

* * *

كەچتە تاغلارغا تۇمان چۈشتى. ئارچىزارلىق يېنىدا خىيال سۈرۈپ يۈرگەن بابىر پەستىكى ۋادى يوللىرىنىمۇ تۇمان توسۇپ قويغىنىنى كۆردى-دە، ساي بويىغا كەلدى.

قويۇق تۇمان دۇنيانى ئالىلقانداق تار ۋە سوغۇق قىلىپ قويدى. ئىسپەرە سېپىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىرىمۇ كۆزدىن يوقالدى. شوخ تاغ دەرياسىنىڭ قاياقتىن كېلىپ، قاياققا كېتىۋاتقىنى ئەمدى پەقەت ئۇنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ شارقىرىغىنىدىن بىلىنەتتى، خالاس.

بابىرنىڭ ھازىرقى قارارگاھى يەنە شۇ ساينىڭ يېنىدىكى كەڭ بىر تۈزلەڭلىكتە ئىدى. ئېگىزرەك بىر جايدا ئۇنىڭ قىزىل مەۋۋەت چېدىرى بار. چېدىرنىڭ ئوڭ يېنىدا قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەككىز بۇرجەكلىك ئاق ئوتىقى تۇرۇپتۇ. قالغان يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ئوتاق ۋە چېدىرلار ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سوغۇق تۇمان ئىچىدە چېدىر ۋە ئوتاقلار گويا بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك ۋە ھەممىسى پاختىلىشىپ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

بابىر يولدا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ تەزىملىرىگە ئۇنچىقماي بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆتتى ـ دە، مەمەدەلى كىتابدارنىڭ ئوتىقى تەرەپكە بۇرۇلدى. بۇ يەردە بابىرنىڭ دائىم ئۆز كۆچى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كىتابلىرى ساقلىناتتى. بەش ـ ئالتە تۆگىگە يۈك بولىدىغان نادىر كىتابلار قېلىن چەم بىلەن قاپلانغان مەخسۇس ساندۇق ۋە قۇتىلارغا يامغۇر ـ يېشىن ئۆتمەيدىغان قىلىپ قاچىلانغانىدى. قېرىپ قالغان بولسىمۇ ھەممە سەپەرلەردە بابىر بىلەن بىللە يۈرىدىغان تاتىراڭغۇ يۈزلۈك، ئەللىك بەش ياشلىق مەمەدەلى كىتابدار كىتابلارنى خۇددى بوۋىقىنى ئاۋايلايدىغان ئانىدەك ئاۋايلاپ ئاسرايتتى. ئۇ بابىرغا تەزىم قىلىپ:

— بۇيرۇڭ ئەمىرزادەم! — دېدى.

بابىر تارىخىي كىتابلاردىن بىر ـ ئىككىسىنىڭ نامىنى ئېيتتى.

مەمەدەلى كىتابدار كىتابلارغا قول سوزۇشتىن ئاۋۋال قولىنى ياخشىلاپ يۇيىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— سىز مۇنتەزىر بولماڭ، قولىڭىز ئەكىرىپ بېرىمەن!

بابىر ئوتاقتىن چىقىپ ئۆز چېدىرىغا كىردى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەمەدەلى كىتابدار ئېيتىلغان كىتابلارنى يىپەك رەختكە ئورىغان ھالدا ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، تۆردىكى مىز ئۈستىگە ئاستا قويۇپ ئارقىچىلاپ يۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بابىر مەشھۇر سەركەردىلەر ۋە شاھلارنىڭ ھاياتلىرى ھەققىدىكى تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاۋېتىپ، مۇرەككەپ جۈملىلەر، ئاجايىپ ئوخشىتىشلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئارىسىدىن ھەقىقەتەن بولغان ۋە ئادەمنى ئىشەندۈرىدىغان ۋەقەلەرنى ئىزدەيتتى. لېكىن كۆپچىلىك كىتابلاردا غەلىبىلەر دائىم داغدۇغىلىق ئۇسلۇب بىلەن كۈيلىنەتتى.

ئېھتىمال، ھازىر شەيبانىخان ھەققىدىمۇ مانا شۇنداق داغدۇغىلىق كىتابلار يېزىلىۋاتقاندۇ. بابىر بىنائىيىنىڭ يەنە شەيبانىخان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكىنىدىن، مۇھەممەد سالىھنىڭ بولسا «شەيبانىينامە» دېگەن شېئىرىي كىتاب يېزىۋاتقىنىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار شەيبانىخاننىڭ بابىر بىلەن ئېلىشقىنىنى قانداق يېزىشىدىكىن؟ مانا بۇ كىتابلاردىكىدەك غەلىبىنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختاشسا، بابىرغا قاملاشمىغان ئەيىبلەرنى توقۇپ، ئۇنى يامانلاشسا، كېيىن ئادەملەر ھەقىقەتنى قەيەردىن بىلىدۇ؟

بابىر زەپەر تەنتەنەلىرىنى كۈيلىگەن جەڭنامىلەرنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «ۋەقەئىي» دەپ ئاتالغان خاتىرە دەپتەرلىرىنى ساندۇقتىن ئالدى.

قىزىق: كېيىنكى دەپتىرىگە بابىر ئۆزىنىڭ سەمەرقەندنى شەيبانىخاندىن قانداق تارتىۋالغىنىنى يازغان، لېكىن كېيىن ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمىگەنىدى. دېمەك، كېيىنكى مەغلۇبىيەت ۋە سەرگەردانلىقلارنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يېزىشنى خالىمىغانىكەن! ئەمما بۇلار دەپتەرگە يېزىلمىغان بىلەن بابىرنىڭ خاتىرىسىدە داۋاملىق تەكرارلىنىپ يۈرۈپتۇغۇ؟ "قىزىتمىنى يوشۇرساڭ ئىچكە تېپىدۇ"، دېيىشىدۇ. بابىر قىلغان خاتالىرىنى دەپتىرىدىن يوشۇرغىنى بىلەن ئۇلار ھەر كۈنى نەچچە قېتىم يېڭى-يېڭى تەپسىلاتلىرى بىلەن خىيالىدىن ئۆتۈپ،

يۈرەك يارىسىنى تاتىلغىنى تاتىلغان. بۇنىڭدىن كۆرە ھەممە ۋەقە-لەرنى راستچىللىق بىلەن مانا بۇ دەپتەرگە يازسا، بەلكى شۇ چاغدا قىزىتمىسى سىرتىغا تېپىپ، كۆڭلى سەل يەڭگىللىشەر؟

بابىر دەپتەرگە سەرپۇلدا قانداق مەغلۇپ بولغىنىنى، كېيىن قانداق خورلۇقلار كۆرگىنىنى يېزىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ ئىشنى گويا ئۆزى ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانى ئالدىدا ھېساب بەرگۈسى كېلىپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بايىقى ئوقۇغان كىتابلىرى-دىكى ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق ئۇسلۇبنىڭ بۇ يېزىشلارغا مۇتلەق ياراشمايدىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن ھادىسىلەرنى ئەڭ ئىشەنگەن سىرداشىغا ئېيتىپ دەردلىشىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ يازاتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئەمدىكى سىرداشى — ئۆزى ۋە مانا شۇ دەپتىرى ئىدى. قوشاق بولۇپ كەتكەن غەزىلىدە "كۆڭلۈمدىن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمادىم" دېگەن بابىر ئەمدى ئۆزىنىڭ مانا شۇ ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىپ، گويا ئۆزىگە-ئۆزى سىر ئېيتاتتى.

ئۇ چەگرەكلەرگە قارشى بۇلاڭچىلىق بولغىنىنىمۇ، ئەھمەد تەنبەلگە ئىنئام قىلغان قىلچى ئاخىرى ئۆز بېشىغا كېلىپ چۈشكىنىنىمۇ، ھەتتا يالىڭاياغ يۈرگىنىدىن پۇتلىرى تاغۇ تاشنى سەزمەيدىغان بولۇپ كەتكىنىنىمۇ ساددا، راۋان، ھەققانىي تىل بىلەن يازغانسېرى قەلبىنى شىپىئىر يازغان ۋاقىتتىكىدەك جۇشقۇن بىر ئىلھام ئورنىۋالدى.

شاھلىق تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدىن كېيىن ئەمدى بۇنىڭ ھەممە دەھشەتلىرىنى ئوچۇق‌راق يازىدۇ! بابىر بىلگەن تاجدارلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ئەمەس. لېكىن ئادەملەر دائىم

ھەقىقەتنى بىلىشكە تەشنا. بابىر مانا شۇ تەشنالىقنى ئازغىنا بولسىمۇ قاندۇرالىسا، ئۇنىڭغا بىرىلىگەن ئىستېداتىنى بىكار كەتمەيدۇ. بېشىغا چۈشكەن مۇشەققەتلەر بولسا باشقىلارغا ساۋاق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇپ كۆرگەن ـ كەچۈرگەنلىرى ھەققانىي كىتابقا ئايلانسا، قىلىچ بىلەن مەملىكەت ئالالمىغان بابىر بەلكى قەلەم بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىشغال قىلالار؟ بۇمۇ بىر بەخت ئەمەسمۇ؟

شۇ ئويلار بىلەن خاتىرە يېزىشقا بىرىلىپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. بابىرغا كەچكى تاماق كەلتۈرۈشتى. ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. خاتىرە يازغاندا ئۇنىڭغا ئۆز ھاياتى ئاۋۋالقىدىن يىللىقراق ۋە مەنىلىكرەك تۇيۇلغاندى. بىكار ئولتۇرغاندا بولسا يەنە ئاشۇ ئېغىر ئويلار، سوغۇق پۇشايمانلار خىيالىغا بېسىپ كېلىشكە باشلىدى. بابىر ئۇلاردىن چاپسانراق قۇتۇلۇشنى كېلىپ، يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى.

كېيىن يېرىم كېچىگىچە دەپتىردىن باش كۆتۈرمەي كېيىنكى يىلنىڭ ۋەقەلىرىنى يازدى.

* * *

ئەتراپىدىكى ئوتاقلار جىم، ھەممە ئۇيقۇدا.

كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئاتنىڭ دۈپۈرى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلىناتتى. قارارگاھنىڭ چېتىگە قويۇلغان قاراۋۇل ئاچچىق ئاۋازدا:

— توختا! كىمسەن؟ — دېدى، — ئوراننى① ئېيت!

— ئوران — ئەنجان.

---

① ئوران — پارول.

قاراۋۇلنىڭ ئاۋازى يۇمشىدى:
— ئەنجان بولسا كېلىۋەر. ئاۋازىڭدىن تاھىر چاپارمەنگە ئوخشايسەنغۇ؟
— ھە، تاھىرمەن.
— نىمەھەل يالغۇز يۈرۈپسەن؟
— مېنى گەپكە تۇتما. مىرزا ھەزرەتلىرىگە ئالدىراش خەۋەر ئەكەلدىم.
تاھىر قاراڭغۇدا بابىرنىڭ چېدىرىنى ئىزدەشتۈرۈپ تاپتى-دە، ئېتىنى بىرىرەكتىكى قوزۇققا باغلىدى. ئۇ ئاۋۋال ساقچىلارنى ياكى مۇلازىملارنى ئويغاتماقچى بولۇپ، چېدىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتاققا قاراپ ئۆتتۇشكە باشلىدى. شۇ چاغدا چېدىرنىڭ ئىچى يورۇق ئىكەنلىكىنى، ئىشىك ئورنىغا تۇتۇلغان پەردە ئېچىلىپ، بابىرنىڭ چىققىنىنى كۆردى. تاھىر بابىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يۈكۈندى. پەست ئاۋاز بىلەن:
— ئەمىرزادەم، مۇنتەزىر قىلغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى، — دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ئۇرۇشى ئەمدى توگىدى.
بابىر سەۋرسىزلىنىپ سورىدى:
— خۇش خەۋەر بارمۇ؟ نىمە ئۈچۈن يالغۇز قايتتىڭىز؟
تاھىر بېشىنى ساڭگىلىتىپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن دېدى:
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، ئەمىرزادەم!...
بابىر سوغۇق خەۋەرلەرنىڭ شۇۋىرغىنىنى ئالدىن سەزگەندەك بەدىنى ئۇيۇشتى:
— قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭ.
سەۋدەرلەر ئۇخلاپ قالغان. بابىرنىڭ ھېچكىمنى ئويغاتقۇسى

كەلمىدى. ئېگىز، كەڭ چېدىرنىڭ تۆرىدە تۆت-بەش شام پىلىلداپ يېنىپ تۇرۇپتۇ.

بابىر شام يورۇقىدا تاھىرغا ئەمدى زەن سىلىپ قارىدى. چاپاد-لىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە لاي چاپلىشىپ، يادا پ كەتكەنلىكىدىن يەلكە-لىرى چوقچىيىپ قالغان، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىشكەن، يۈزىدىكى تارتۇقى بولسا بۆرتۈپ، گويا ئاۋۋالقىدىن خېلىلا چوڭىيىپ كەتكەن. ئۇ لەۋلىرىنى تىترىتىپ، ئۆپكىسىنى باسالماي سۆزلىدى:

— ئەمىرزادەم، ئەنجانمۇ شەيبانىخانىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بىھېساب كۆپ ئادەم قىرىلدى. ھەمراھىم قىرغىندا ھالاك بولدى.

تاھىر شۇنچىلىك چارچىغانىدىكى، گەۋدىسى چايقىلىپ، ئاران ئۆرە تۇراتتى. كېيىنكى ئۇمىدىدىنمۇ ئايرىلىپ بوشاشقان بابىر كۆرپە ئۈستىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى-دە، تاھىرنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

تاھىر گىلەم ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇش بىلەن، بابىر ئۇنىڭ-دىن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ئەھمەد تەنبەلنىڭ نېمە بولغىنىنى سورىدى.

تاھىر ئەنجان يېنىدىكى خوجاكاتتا دېگەن قىشلاقتا باي بىر ئادەمگە ھارۋىكەش بولۇپ ياللانغان، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈر-مەي، پۈتۈن ھادىسىلەرنى ئادەملەردىن سوراپ بىلگەن، باينىڭ شەھەردىكى دۇكىنىغا مال ئېلىپ بارغاندا كۆپ نەرسىنى ئۆزىمۇ كۆرگەنىدى.

ئەھمەد تەنبەل ئەنجان ئېتىكىدە بولغان جەڭدە زەربە يېگەندىن كېيىن قورغانغا كىرىپ بېكىنىدۇ، قامال باشلىنىدۇ. قورغان ئىچىدە ئاچارچىلىق، كېسەللىك ۋە تەپرىقىچىلىق كۈچىيىدۇ. بىرچاغلاردا

سەمەرقەندتە بابىرنى تاشلاپ، ئەھمەد تەنبەلگە ئەگىشىپ كەتكەن بەگ ۋە نەۋكەرلەر ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ، شەيبانىخان تەرەپكە قېچىپ ئۆتتىدۇ. خاننىڭ قوشۇنى تامغا شوتا قويۇپ چىقىپ قورغاننى بېسىۋالدۇ. ئەھمەد تەنبەل ئاكىسى بېك تىلبە، ئۇكىلىرى ۋە باشقا ئادەملىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ بېكىنىدۇ. بىراق ئوردىنىڭ ئەتراپىدا ئۆيلەر كۆپ، ئۇلارغا كەينىدىن شوتا قويۇپ تېمغا چىقىش ئاسان. ئەھمەد تەنبەل ئوردىدا جان ساقلىيالمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ-دە، شەيبانىخاندىن شەپقەت سوراشقا قارار قىلىدۇ. "يىغقان بارلىق ئالتۇنلىرىمنى ھەزرىتى خانغا جان ھەققى تەرىقىسىدە تۆلەمەكچىمەن، ئۇمۇرۋايەت خىزمەتلىرىدە بولماقچىمەن، قېنىمدىن كەچسۇن!" دەپ ئوردىدىن بىر مۆيسىپىتنى ۋەكىل قىلىپ چىقىرىدۇ. ئەمما مۆيسىپىت ئوردىغا قايتىپ كەلمەي يوقىلىدۇ. خان ئەسكەرلىرى ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە شوتا قويۇپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئەندىشىگە چۈشكەن ئەھمەد تەنبەل ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن بىللە ئوردىنىڭ دەرۋازىخانىسىغا بارىدۇ. تەسلىم بولغانلىقلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىچلىرىنى بوينىغا ئېسىپ، دەرۋازىدىن تاشقىرىغا شەپقەت سوراپ چىقىشىدۇ.

ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان تۇرغانىكەن. نەۋكەرلىرىگە: "ئەسىر ئالما، ئەرزىمەيدۇ، قىر ھەممىسىنى!" دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئەھمەد تەنبەلنى ئاكا-ئۇكىلىرىغا قوشۇپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ، پارچىلاپ تاشلايدۇ. كېيىن باشلىرىنى كېسىپ بىر تاغارغا تىقىدۇ-دە شەيبانىخانغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ كېتىدۇ.

تاھىرنىڭ ھېكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە بابىر:

— ياخۇدايا توۋا! — دەپ ئىختىيارسىز ياقىسىنى تۇتتى.

كېيىنكى مەزگىللەردە بابىرنى ئېزىپ يۈرگەن جاۋابسىز سوئاللار-دىن بىرىگە ھازىر گويا گۈلدۈرمامىدەك ۋەھىملىك جاۋاب كەلگە-نىدى. خوجائابدۇللادەك مەرد، پىداكار ئادەمنى قورغان دەرۋا-زىسىغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئۆزى ئەمدى شۇ قور-غاندىكى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئىتتەك خار بولۇپ ئۆلگەنىدى! بابىر ئىنئام قىلغان قىلىچىنى ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا رەزىللىك بىلەن ئۇرغان تەنبەل ئەمدى باشقا قىلىچلار زەربىسىدىن پارچىلانغانىدى! تاغدىكى چەگرەكلەرنىڭ بېشىنى ۋەھشىلەرچە كېسىپ، خۇر-جۇنغا سېلىپ كەلگەن تەنبەلنىڭ ئۆز بېشىنى يەنىمۇ ۋەھشىيرەك بىر يوسۇندا كېسىپ، تاغارغا سېلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى، ئەلۋەتتە خانغا ئەكىرىپ كۆرسىتىدۇ.

بابىر تاغاردىن شەيبانىخاننىڭ ئايىغى ئاستىغا يۇمىلاپ چۈشكەن تونۇش كاللىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مەھمۇدخاندا ئىشىك ئاغا بولۇپ يۈرگەن تىلبە سۇلتاننىڭ يوغان بويۇنلۇق سېمىز بېشىنى شەيبانىخان تونۇغان بولسا كېرەك. ئەمما خان ئەھمەد تەنبەلنىڭ كاللىسىنى تونۇمايدۇ. شەيبانىخاننىڭ ئۆزىنى شۇنچە ئاۋارە قىلغان ئەھمەد تەنبەلنىڭ بەشەرىسىنى كۆرۈپ قويغۇسى كەلدى، ئەمما دۈم چۈشكەن قانلىق كاللىغا قول تەگكۈزگۈسى كەلمىدى. ئەھمەد تەنبەلنىڭ قانلىق كاللىسىنى ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۇمىلىتىپ ئۆڭلاپ، شالاڭ ساقىلىغا، سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان كەڭ يۈزىگە قارايدۇ.

بابىر ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلغان بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ:

— ئاپلا! ئاپلا! — دەپ بىرنەچچە نۆۋەت تەكرارلاپ قويدى.

بۇ ھادىسىلەردە قانداقتۇر ئۆزگىچە بىر ئادالەت بارلىقىنى سەزگەن بابىر باشقا ۋەقەلەرنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي تېڭىرقاپ قالدى. شەيبانىخان رەھىمسىزلىكتە ئەھمەد تەنبەلدىنمۇ ئۆتۈپ چۈشكەنغۇ. ئەجەبا پەلەك ئىنتىقام قىلىچىنى شۇنداق شەپقەتسىز خاننىڭ قولىغا بېرىپ قويسا؟ بىرچاغلار بابىر ئارزۇ قىلغان، ئەمما يېتىشەلمىگەن زور مەقسەتكە — ماۋەرائۇننەھردىكى پاراكەندە ۋىلايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېگانە كۈچلۈك دۆلەت بەرپا قىلىش مەقسىتىگە — ئەمدى شەيبانىخان يېتىشىۋاتامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن شەيبانىخاندەك مەككار، زالىم ۋە شەپقەتسىز بولۇش كېرەكمىدى؟ تاھىر ئەنجاندا خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان قىرغىنچىلىقنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بەرگەندە بابىرنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. مىڭلىغان ئاياللار، ئۆسمۈرلەر، قېرىلار ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئادەملىرى قاتارىدا بىكاردىن-بىكارغا نابۇت قىلىنغانىدى. ئەجەبا ھازىرقى زورلار زامانىسىدا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن شەيبانىخاندەك زوراۋانلىقلارنى قىلىش شەرت بولسا؟!

بابىر مەرىپەتلىك شاھ بولۇشقا ئۇرۇنۇپ، شېئىر ۋە سەنئەتكە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئىنساپ ۋە دىيانەتنى ئويلاپ، شۇ سەۋەبتىن شەيبانىخانغا ئۇتقۇزۇپ قويدىمۇ؟!

— ئەمىرزادەم، خان كىشىلىرىنىڭ سىزنى ئىزدەپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. ئايغاقچىلىرى پۇراپ يۈرۈپ ئىسپەرەگە كېلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس!

بابىر ئاتا يۇرتىدىن تامامەن ئاجرالغىنىنى ئەمدى ئەستايىدىل ھېس قىلدى. ئەھمەد تەنبەلنىڭ مەغلۇبىيىتى بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈشكەن يېڭى بىر كۆچكۈن ئىدى. تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە بۇلاق يېڭىباشتىن كۆز ئېچىشى مۇمكىن بولغان يوللارنىڭ ھەممىسى

ئېتىلدى. ئەگەر بابىر تېزرەك تاغ ئېشىپ خۇراسانغا كەتمەسە، شەيبانىخان ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئاخىرقى يولىنىمۇ ئېتىدۇ!
بابىر تاقەتسىزلىك ئىچىدە تاھىرنىڭ ئاددىي بىر نەۋكەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇدى-دە، ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلەن سۆزلىدى:
— مال-مۈلۈكتىن ئايرىلغىنىمىز ئازمىدى؟ ئەمدى ۋەتەنىدىنمۇ جۇدا بولارمىزمۇ؟!
بابىرنىڭ كۆزى ياشلانغىنىنى كۆرگەن تاھىرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى:
— ئەمىرزادەم، مۇساپىرلىق غېمى مېنىڭمۇ يۈرەك-باغرىمنى كۆيدۈرىدۇ. بىزنىڭ قۇۋالارمۇ خاننىڭ پاشىنىسى تەكتىدە مىجىقلاندى. ئەگەر بارسام مېنىڭدىن پازىل تارخاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشى ئېنىق. بىزمۇ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن جايدىن ئايرىلدۇق، ئەمىر زادەم. مۇساپىرلىق پېشانىمىزدە بار ئىكەن. ئىسپەرەدىمۇ مۇساپىرمىز. ھىسارغا بارساقمۇ، ئۇنىڭدىن نېرىسىغا كەتسەكمۇ شۇ مۇساپىرلىق... يولدا كېلۋېتىپ ئويلىنىپ كەلدىم. مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن، ئەمىرزادەم!
تاھىرنىڭ پۈتۈن نىجاتلىقنى ئادىل پادىشاھتىن ئىزدەيدىغان دېھقان تەبىئەت يىگىت ئىكەنلىكىنى بابىر بىلەتتى.
— لېكىن مەن سىز كۈتكەندەك ئادىل پادىشاھ بولالمىدىم! — دېدى بابىر، — كەلگۈسىدە بولامدىمەن، يوقمۇ، تېخى نامەلۇم...
ئارىغا بىرمەھەل جىمجىتلىق چۈشتى. تاشقىرىدا ئىسپەرە سېيى گويا كېچە جىمجىتلىقىدىن پىغانى ئۆرلەپ شارقىرايتتى.
چېدىر ئىچىدە قوغلاندى شاھ بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي نەۋكىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپتۇ. ۋەتەندىن ئايرىلىش مۇسىبىتى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرق گويا كىچىكلەپ، ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغان. باشلىرىغا چۈشكەن كۆرگۈلۈكلەر ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بىر-بىرىگە ئوخشاش قىلىپ قويغان. شۇنچە يىل ئۇرۇش-جېدەللەردە بىللە يۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ئۆلۈم خەۋپلىرىنى بىللە كەچۈرگەن بۇ ئىككى يىگىت بۈگۈن بىرىنچى نۆۋەت سىرداشلارچە ئوچۇق سۆزلەشمەكتە ئىدى. تاھىر باشقا ۋاقىتتا بابۇرغا ئېيتالمايدىغان سۆزلىرىنى ھازىر كۆڭلى يۇمشاپ، ئېرىپ تۇرغان پەيتتە ئېيتتى:

— ئەمىرزادەم، مەن بىر نەۋكىرىڭىز بولساممۇ سىزگە ئۆز تۇغقىنىمدەك مۇھەببەت باغلىغانمەن. باتۇرلۇقىڭىزغىمۇ، شائىرلىقىڭىزغىمۇ ئادەمگەرچىلىكىڭىزگىمۇ، ئىشقىلىپ، مېنىڭ...سىزگە ئىخلاسىم زور! سىزگە يامانلىق قىلغانلارنىڭ كەينى-كەينىدىن يوق بولۇپ كەتكىنى سەۋەبسىز ئەمەس! سىزنىڭ شۇنچە-خەۋپ خەتەرلەردىن ئامان قالغانلىقىڭىزمۇ چوڭ بىر دۆلەت!

شۇ تاپتا تاھىر قەدىرلىك ئىنىسىغا مۇھەببىتى ئۇرغۇپ ئېغىر پەيتتە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋاتقان جان كۆيەر ئاكىغا ئوخشايتتى. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇ بابۇردىن يەتتە ياش چوڭ ئىدى. بابۇرمۇ بۇ چاغدا شاھلىقىنى ئۇنتۇپ، تاھىرغا خۇددى ئاكىسىغا قارىغاندەك قارىدى:

— مېنى تولىمۇ كۆپ خەتەرلەردىن سىز ئېلىپ قالدىڭىز. مەن سىزدىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرىمنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ قايتۇرالمىدىم. سىز ماڭا بىر تۇغقان ئاكامدەك قەدىردانسىز.

— رەھمەت سىزگە.

— لېكىن ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم يەر بىلەن يەكسان. تەقدىر

ماڭا ئىستىبدات بەرگەن، كۈچ بەرگەن، غەيرەت بەرگەن. ئەمما نېمە ئۈچۈن بەخت بەرمىگەن؟!

— بۇ زاماندا بەخت ئۆزى يوق، ئەمىرزادەم! ئاخىر سىزدەك نادىر ئىستىبدات ئىگىلىرى دۇنياغا ھەر كۈنى كەلمەيدۇغۇ. نادان تاجدارلاردىن قان يىغلىغان ئەل-يۇرتىمىز سىزدەك مەرىپەتلىك سەركەردىگە تەشنا. لېكىن بېخىل زامان غەلىبىنى زالىم خانغا بېرىپ، بىزنى، مانا ۋەتىنىمىزدىنمۇ جۇدا قىلماقچى. ئىلاھىم بۇ بېخىل زامانىنىڭ باغلىرى قۇرۇپ كەتسۇن، سىز ۋە بىزنىڭ قەدرىمىزگە يېتىدىغان ياخشى زامانلارمۇ كەلسۇن! ئەمدى...ئەمىرزادەم، بۇ ەردىن چاپسانراق كېتىش كېرەك. ھىراتمۇ بىزگە يات يۇرت ەمەس. پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز. مېنىڭ اغام مەۋلانا پەزلىددىنمۇ ھىراتتا ئىكەن...

بابىر خۇراسانغا كەتمەي ئىلاجى يوقلۇقىنى ئويلىدى-دە، ئېشىپ ئۆتۈشى كېرەك بولغان تاغلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يىراقتىن ئاچ كۆك رەڭگە كىرىپ ناھايىتى جازىبىلىك كۆرۈنىدىغان بۇ تاغلار تىك داۋانلاردىن، خەتەرلىك ھاڭلاردىن ئۆتۈشى كېرەك بولغان ئادەمگە شۇنچىلىك سۇرلۇك ۋە رەھىمسىز كۆرۈنەتتى! ھازىر بابىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئېگىز چوققىلارغا ئەسىرلەر بويى چۈشكەن قارلار خۇددى كېپەندەك ھەرىكەتسىز ۋە سوغۇق، خۇددى ئۆلۈمدەك ئەبەدىي بولۇپ گەۋدىلەندى.

— خەتەرلىك يوللاردا مەن ئۆز جېنىمنى ئاۋۋال خۇداغا ئاندىن سىزگە ئىشىنىپ تاپشۇرماقچىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ قورچى باشلىقىمسىز. ئىچكى بەگلىرىم قاتارىدا بولىسىز.

— ئىنايىتىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ئەمىرزادەم!

— ھازىر بۇ ئىنايەتنىڭ شەرىپىدىن ئازابى كۆپرەك. يولدا چارچىغانسىز، بېرىپ دەم ئېلىڭ. ئەتە سەپەر تەييارلىقى باشلىنىدۇ.
تاھىر تەزىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.
بابىرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ئۇ يەنە چېدىردىن چىقتى. كۈندۈزدىكى تۇمان تارقىلىپ كەتكەن، لېكىن ئاسماندا بۇلۇت بار. يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىسپەرە سېيى ئاسماننى بېشىغا كىيىپ شارقىرايتتى. كېچىدە تاغلارنىڭ قارىسى كۈندۈزدىكىدىن ھەيۋەتلىكرەك كۆرۈنەتتى.
بابىر قاپقارا تاغلارغا تىكىلىپ تۇرغاندا يەنە كۆچكۈن باسقان بۇلاق ئېسىگە چۈشتى. تاغلارنىڭ بۇ تەرىپىدە ھەممە يوللىرى ئېتىلگەن بۇلاق ئەمدى تاغلارنىڭ نېرىسىدىن كۆز ئېچىپ چىقالامدىكىن؟ ئۇلۇغ تاغدىن نېرىدا ھەيۋەتلىك پامىر. ئۇنىڭ نېرىسىدا ھىمالاي ۋە ھىندىقۇش...
بۇلاق بۇ تاغلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ بېرىپ، نېرىقى تەرەپلەردە قايتىدىن كۆز ئېچىشى ئۈچۈن قانچىلىك زور كۈچ-قۇۋۋەت كېرەك؟

# ئىككىنچى قىسىم

## پەلەكنىڭ گەردىشى

### ھىرات. تولغان پەيمانىلەر

1

غازاڭ تۆكۈلگەن چاغ. ھىرات باغلىرىغا سۇ بېرىدىغان ھىرىيرۇد دەرياسى ۋە ئىنجىل ئەنھارىنىڭ قىرغاقلىرىغا زەپىرەڭ يوپۇرماقلار تۆكۈلگەن. قەلئە سىرتىدىكى مەشھۇر باغى جاھانئارا، باغى مۇختار، باغى زۇبەيدە، باغى چەمەنلەردىكى ئۈزۈمزار ۋە ئانارزارلىقلار ياز بويى كۆتۈرۈپ تۇرغان مېۋىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاندا-مۇندا قۇرۇق يوپۇرماقلىرى بىلەن شۈمشىيىپ قالغان.

بىراق بۇ جەنۇبىي شەھەردە كۈزنىڭ غازاڭ تۆكۈلىدىغان ئادىتىگە سۇنمايدىغان دەرەخلەرمۇ كۆپ. ھىراتقا كەندەھار تەرىپىدىن كىلىشتە يول بويىدىكى چوڭ كوچا ۋە سەيلىخانىلاردا ئۆسكەن مىڭلىغان سەرۋىلەر، سەنابەر① دەرەخلىرى كۈزدىمۇ باھاردىكىدەك ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. "ھۈسەين بايقارا كۆلى" دەپ ئاتالغان چوڭ

---

① سەنابەر — يىڭنە يوپۇرماقلىق، ئاچ ھاۋا رەڭ تۈستىكى گۈزەل قارىغاي-سىمان دەرەخ.

www.uyghurkitap.com

تاش كۆل بويىدا كۈمۈش رەڭ كىچىككىنە يوپۇرماقلىرى قۇش
تىلىنى ئەسلىتىدىغان ئىگىز ۋە گۈزەل لىسانىتتەير دەرەخلىرى
بار — بۇلارمۇ غازاڭنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيدۇ.

لىسانىتتەيرنىڭ يوپۇرماقلىرى يارا-شىرىقىقا دورا ئىكەنلىكىنى
ئاڭلىغان تاھىر كۆلدىن بىرىراقتا ئاتتىن چۈشتى-دە چۆللۈۋۈرنى
ياشقىنا نەۋكەرگە تۇتقۇزدى. كېيىن ئۆزى كۆلنىڭ خالىراق
تەرىپىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ دورىلىق يوپۇرماقلاردىن يۇلۇۋېلىپ
كەتمەكچى بولۇپ، يۇقىرىدىكى شاخلارغا تىكىلىپ كېتىۋاتقاندا
ئۇدۇلىدىن كىمدۇ:

— ماڭا قاراڭ، بەگ يىگىت! — دەپ قالدى.

تاھىر دەرەخنىڭ يوغان غولى كەينىدىن چىقىپ كەلگەن
موللاسىمان كىشىنى كۆردى، ئۇ كىشىنىڭ نىمىسىدۇ پەزلىدىن
تاغىسىنى ئەسلىتىپ، يۈرىكىنى دۈپۈلدەتتى. ئەمما ساقىلىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى ۋە يۈزىنىڭ قىرى چىراي كۆرۈنۈشى تاھىرنى شۈبھىگە
سالدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن:

— لەببەي، — دەپ سالام بەردى.

تاھىرنىڭ يۈزىدىكى خەنجەر ئىزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھېلىقى
كىشى ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ تونۇدى-دە:

— تاھىر! جىيەنىم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

تاھىرمۇ ئەمدى تاغىسىنى تونۇپ قۇچاق ئاچقان پېتى ئۇنىڭغا
قاراپ ئېتىلدى. كۆلنىڭ شىشىدەك سۈزۈك سۈيىدە ئۇلارنىڭ
شولىلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

— ۋەتىنىمنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن جىيەنىم! خۇداغا
شۈكۈر، ئامان-ئېسەن ئىكەنسەن!

مەۋلانا پەزلىددىن جىيەننى قۇچىقىدىن قويۇپ بەردى-دە، كۆزىدىن يۇزىگە ئېقىپ چۈشكەن خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېرتىپ، تاھىرنىڭ كۈمۈش كەمىرىگە، بەگلەر تاقايدىغان قىممەت باھالىق خەنجەرگە ۋە سەقارلات پەشمىتىگە ئەمدى دىققەت قىلىپ قارىدى. تاھىرنىڭ بېشىدىكى دوبۇلغىنىڭ ئۈستىدىمۇ بەگلەرگە خاس كىچىك-كىنە بايراقچە بار ئىدى.

— جىيەنىم، مەنسىپىڭ ئۆستىمۇ؟

— ھە، تاغا، قورچى بېگىمەن.

— مۇبارەك بولسۇن. ئىلاھىم ساڭا يامان بەگلەرنىڭ تەسىرى تەگمىسۇن!

— بابىر مىرزىمۇ يامان بەگلەردىن بەزگەندىن كېيىن بىرسىنىڭ ئورنىغا مېنى قويدى... خوش، ئۆزىڭىز قانداقسىز، موللاتاغا؟ كەلگىنىمدىن بۇيان ئىزدەيمەن. سوراپ-سۈرۈشتۈرەي دېسەم، تونۇش-بىلىش يوق.

يېشى قىرىققا كىرەر-كىرمەي يۈزىگە قورۇق چۈشكەن مەۋلانا پەزلىددىن مەيۈس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— يۇرۇپتىمىز... يۇرتىمىزنىڭ سىرتىدا. خۇدا بىزنى ئامەتسىز ياراتقان ئىكەن-دە جىيەنىم. بۇ يەرگە كېلىپ، ئەمدى ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ مەرھەمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولاي دېگىنىمدە، ئۇ ئالىي زات ۋاپات بولدى. چوڭ قۇرۇلۇشلار ھۇسەيىن بايقارا زامانىدىمۇ ئانچە-مۇنچە بولۇپ تۇرغانىدى. مانا بۇ يىل ھۇسەيىن بايقارا ئالەمدىن ئۆتتى. قۇرۇلۇشلار پۈتۈنلەي توختىغان. بىزگە ئوخشىغانلارغا يەنە ئىش يوق!

— ئۇنداق بولسا، بابىر مىرزىغا بىر يولۇقۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بابىر مىرزىمۇ بۇ يەردە مېھمان... مېنى قوبۇل قىلامدۇ، يوق؟ ئوتتۇرىدىلىقتا نازۇك گەپلەر ئۆتكەن.

تاھىر مەۋلانا پەزلىددىن بىلەن خانزادە بېگىم ئارىسىدا بولغان مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ چەت-ياقىسىنى ئاڭلىغانىدى.

— بولمىسا ئاۋۋال مەن ئۇ كىشىنىڭ خالىي ۋاقتىدا سىز توغرىڭىزدا سۆز ئېچىپ كۆرەيمۇ، موللاتاغا؟

— مەيلى، بۇنى كېيىن يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز. ئاپلا جېنىم-ھەي! مەن بابىر مىرزىنىڭ ھىراتقا كەلگىنىنى ئاڭلىغىنىمدىن بۇيان "سېنىمۇ بارمىكىن، يوقمىكىن" دەپ ھەربىر نەۋكەرگە كۆز سېلىپ يۈرگەنىدىم...قېنى ئەمدى، ماڭ، ئۆيگە بارايلى! ئەگەر ساڭا بۇ دورىلىق بوپۇرماقلار كېرەك بولسا، ئۆيدىن تېپىپ بېرىمەن. بىزنىڭ باغچىدىمۇ شۇ دەرەختىن بار.

— باغچىدا...بىر ئۆزىڭىزمۇ ياكى ئۆيلەندىڭىزمۇ، موللاتاغا؟

— ئۆيلەنگەن، جېنىم. ناۋايى ھەزرەتلىرى مەسلىھەت بەردى. ئۇ كىشىدە باغۇەن بولغان ئوبدان بىر ئادەمنىڭ قىزى بار ئىكەن...

— مۇبارەك بولسۇن! پەرزەنتلەرمۇ بارمۇ؟

— ھە، بىر ئوغۇل، بىر قىز.

— ھە، قالتىسقۇ! ئۇنداق بولسا، مەن ئۆيىڭىزگە سوۋغا ئېلىپ بارىمەن!

— ئۆزەڭنى كۆرگىنىم مىڭ سوۋغاڭدىن ئەۋزەل، جېنىم! قېنى ماڭ!

تاھىرنەچچە قەدەم ماڭدى-دە، كېيىن نېمىنىدۇ ئەسلەپ، ئاسمانغا قارىدى، كۆن قايرىلىپ كېتىپ باراتتى.

— موللاتاغا، ئۆيىڭىز يىقىنمۇ؟

— ياق، يىراقراق. شەھەر چېتىدىكى نەزەرگاھ مەھەللىسىدە. نېمە قىلاتتىڭ؟

مەن ھازىر بىر سائەتتىن كېيىن خىزمەتتە بولۇشۇم كېرەك ئىدى. پادىشاھ بۇيرۇغانىدى.

— ئاپلا!...ئۇنداق بولسا...مۇشۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى، مەن سەل دىدارىڭغا تويايى! ئۆزەڭ قانداقراق، جىيەنىم، ئۆيلەندىڭمۇ؟

تاغا-جىيەن كۆلدىن نېرىراقتىكى تاش ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇشتى، تاھىر رابىيىنى قانداق تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى-دە:

— كابۇلغا كېلىپ بىر ئوغۇل كۆردۇق! — دېدى، — ئېتىنى سەپەربەگ قويدۇق.

— ھە، خۇداغا شۈكۈر! مەن بىرچاغلاردا ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن ئىدىم. سېنىمۇ قايتا كۆرەلمەسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. باش ئامان بولسا ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدىكەن...سەن بىلەن بىزغۇ، قوتۇلۇپ كەلدۇق-ھە! ئەنجاندىكىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

— بۇنى سورىماڭ، موللاتاغا! شەيبانىخاننىڭ قىرغىنى كېچىلىرى چۈشۈمگە كىرسە، قارا بېسىپ چىقىمەن!...ئۇ تەرەپتە راسا ھالسىراپ، ئىككى يۈز قىرىقتەك ئادەم بىلەن خۇراسانغا قاراپ ماڭدۇق، ھىسار تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا راسا قىينالدۇق. ئات-ئۇلاغلار ئۆلۈپ-سويۇلۇپ تامام بولغان. بابىر مىرزىمۇ ئېتىنى ئانىسىغا بېرىپ، ئۆزى پىيادە ماڭاتتى. ئاياغلىرىمىزدا چورۇق، قوللىرىمىزدا تاياق، تۇرىدىغان جاينىڭ تايىنى يوق. بىرسى بېرى كەل، دېمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پارچە-پۇرات ئەمەلدارلار بابىر مىرزىدەك ئادەمگە ھۇرمەتسىزلىك قىلىپ "يولۇڭلاردىن قالماڭلار، ھىساردىن تېزرەك ئۆتۈڭلار"، دەيتتى. بىزنىڭ غەزىپىمىز كېلىپ، قوپال سۆزلىگەن ئەمەلدارلارنى چېپىپ تاشلىساق دەيتتۇق. لېكىن بابىر مىرزا: "بەرداشلىق بېرىڭلار"، "تېزرەك ئامۇ دەرىيادىن ئۆتۈپ ئالايلى" دەپ ئالدىراتاتتى.

— لېكىن ئالدىراتقۇچىلىكى بار ئىكەن-دە، جىيەن. سىزلەردىن سەل كېيىن شەيبانىخان ھىسارنىمۇ ئىشغال قىلىپتۇغۇ؟

— ھە، كېيىن ئۇقساق، بابىر مىرزا ئۇزاقنى ئويلاپ شۇنداق قىلغان ئىكەن. ھىسار پادىشاھى خىسراۋشاھ ئۆمرىدە بىر مۈشۈك بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپ كۆرمىگەن قورقۇنچاق ئادەم ئىكەن. بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭدىن نارازى ئىكەن. بابىر مىرزىغا مەخپىي ئادەملەر ئەۋەتىپ، "كېلىڭ، ھىسارنى سىزگە بېرەيلى" دەپتىكەن، لېكىن بابىر مىرزا پىتنىگە ئارىلاشمىدى. "كېلىڭ"، دېگەن ھېلىقى بەگلەرگە "خاقان بولساڭلار ئۆزەڭلار كېلىڭلار"، دەپ ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتتى. بىز ئامۇ دەرىيادىن بۇ تەرەپكە ئۆتكەندە شەيبانىخان ھىسارغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ، قورقۇنچاق خىسراۋشاھ خان بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي، پايتەختنى تاشلاپ قېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تارقاپ كېتىپتۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، موللا تاغا، بۇنداق پەيتتە بەگلەر نامى ئۇلۇغراق بىر پادىشاھنى ئىزدەپ قېلىشىدۇ. بابىر مىرزىنىڭ شەيبانىخان بىلەن دادىل جەڭ قىلغىنى، بىردە يېڭىلگەن بولسا، بىردە ئۇنى يەڭگىنى ئېسىگە چۈشىدۇ. ئىلگىرىكى ئىشىك ئاغا قاسىمبەگ ئاشۇ پەيتتە ھىسار قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ بابىر مىرزىغا ئىخلاسمەنلىكىنى بىلىسىز. ئاخىر، ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىگە ئوخشاپ

پىتراپ كەتكەن ھىسار قوشۇنى ئامۇ دەريا بويىدا بىزگە كېلىپ قوشۇلۇۋەردى. ئەڭ ئاۋۋال باقىبەگ چەغانىيانىي دېگىنى تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن كەلدى. بابىر مىرزا ئۇنىڭغا كۈتكىنىدىن زىيادە ھۆرمەت كۆرسەتتى. باقىبەگنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىشىك ئاغا قىلىپ قويدى. كېيىن خىسراۋشاھنىڭ باشقا بەگلىرى ۋە نەۋكەرلىرى كەينى-كەينىدىن كېلىپ قوشۇلۇۋەردى. ئۆزدىمىز دەريادىن ئىككى يۈز قىرىقچە ئادەم ئۆتكەندۇق. بىر ئاي ئىچىدە تۆت مىڭغا يەتتۇق...

مەۋلانا پەزلىدىن جىيەنىنىڭ كېيىنكى يىللاردا بىرقەدەر ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئەمدى ئېنىقراق سەزدى. تاھىر ئىلگىرى ۋىنچىلىك سىلىق سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇ گەپدان ئېسىلزادىلەر ئارىسىدا كۆپ يۈرۈپ، مۇلازىملارغا خاس مۇرەككەپ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە ئۆگەنگەندى.

— بىز كابۇلغا كەلسەك، ئارغىن دېگەن ئۇرۇقتىن مۇقىمبەگ ھاكىم بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. تەخت دەۋاسىي قىلىشقا ھەققىمۇ يوق، بىز بىلەن ئېلىشىدىغان كۈچىمۇ يوق. كابۇلنى بىزگە جەڭسىز بەردى. كېيىن ھۆسەين بايقارادىن بابىر مىرزىغا خەت باردى. "چېرىگ بىلەن كېلىڭ، شەيبانىخانغا ئىتتىپاقلىشىپ قارشى چىقايلى"، دەپتۇ. ئاتلىق قىرىق كۈن يۈرۈپ شۇنچە يەردىن كەلسەك، ھۆسەين بايقارا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

— بىر جەھەتتىن كابۇلنى پايتەخت قىلىپ، بۇ يەرگە ئابروي بىلەن كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، جىيەنىم. ئۇنداق بولمىسا، ھۆسەين بايقارانىڭ دىمىقى ئۇستۇن ئوغۇللىرى بابىر مىرزىنى پىسەنت قىلمىغان بولاتتى.

— لېكىن ھازىر ھۆرمىتىمىز تولىمۇ جايىدا. شەھەر ھاكىمىنى بىزگە قوشۇپ قويۇشتى. ھىراتنى ئايلاندۇرۇپ راسا تاماشا قىلدۇردى. كاتتا سارايلاردا ھەر كۈن زىياپەت. بۈگۈن كەچتە بابىر مىرزا يەنە سارايغا بېرىشنى كېرەك ئىدى...

تاھىر ئاسمانغا كۆز يۈگۈرتۈپ كۈننىڭ ئازراق ئېگىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى-دە، ئەنسىرەپ ئورنىدىن قوزغالدى:

— موللا تاغا، مەن كەچ قالسام بولماس. سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئەتىگە بارسام، ماقۇلمۇ؟ قانداق تېپىپ بارىمەن؟ شۇنى ئېيتىڭ.

ئۇلار تاھىرنىڭ ئېتىنى چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرغان نەۋكەرنىڭ ئالدىغا بارغۇچە مەۋلانا پەزلىددىن ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى تاھىرغا تەپسىلىيرەك چۈشەندۈردى. تاھىر ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى نەۋكىرىنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ:

— موللا تاغا، ئېتىڭىز قېنى؟ — دېدى.

— جىيەنىم، مەن پىيادە يۈرىمەن.

— ئۆيىڭىز يىراق بولسىمۇ-ھە؟

— ئۆگىنىپ كەتتىم.

تاھىر تاغىسىنىڭ كەمبەغەللىشىپ قالغانلىقىنى ئەمدى سەزدى-دە، ئېتىنىڭ كۈمۈش بېزەكلىك يۈگىنىنى مەۋلانا پەزلىددىنگە تۇتقۇزدى:

— بولمىسا مانا شۇ ئات سىزنىڭكى.

— ئۆزەڭچۇ، جىيەنىم؟

— ئاتخانىدا مېنىڭ يەنە ئىككى ئېتىم تۇرۇپتۇ!

تاھىر تاغىسىنى ئۇنىمىغانىغا قويماستىن ئاتقا مىندۈردى-دە، بېلىگە قىستۇرۇلغان قىممەت باھالىق قامچىنىمۇ تاغىسىغا بەردى.

— سىز ئۇستا ماڭا مىندۇرۇپ قويغان ئاتنىڭ قۇلۇنى بۇ، موللاتاغا. شۇ چاغدا مېنى باشتىن ئاياغ كىيىندۇرگەن ئىدىڭىز-ھە، ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ھە، باش ئامان بولسا دوپپا تېپىلىدۇ، جىيەن! بۇنى ئەسلىتىپ ئولتۇرما.

"ئەمما ئەتىگە يەڭگەمگىمۇ، باللارغىمۇ كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىپ، تاغامنى يەنە بىر خوشاللاندۇرۇشۇم كېرەك!" دېدى تاھىر ئۆزىچە.

ئىككىنچى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ياشقىنا نەۋكەر نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئانچىلىك چۈشەنمىسىمۇ تاغا ۋە جىيەنگە ھاڭقىيىپ قاراپ تۇراتتى.

مەۋلانا پەزلىددىن خوشلىشىپ كېتىشكە باشلىدى. تاھىر نەۋكەرگە قاراپ پىچىرلىدى:

— دېتىڭ بارمۇ؟

بەگنى پىيادە قالدۇرۇپ، نەۋكەرنىڭ ئاتلىق تۇرۇشى ھەقىقەتەن ئەدەبكە توغرا كەلمەيتتى. ياش نەۋكەر بۇنى بالدۇرراق سەزمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىزا تارتىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە چۇلۋۇرىنى تاھىرغا سۇندى:

— ئەپۇ قىلىڭ، بەگ جانابلىرى.

مەۋلانا پەزلىددىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى-دە، تاھىرنىڭ نەۋكەرنىڭ ئېتىدا بەگلەرچە سۆلەت بىلەن كېتىۋاتقىنىنى، نەۋكەر بولسا ئۇنىڭ يېنىدا يورغىلاپ پىيادە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەۋكەردىن چىققان بەزى بەگلەرنىڭ ئابرويپەرەس بولۇشى مەۋلانىنىڭ ئېسىگە چۈشتى. "ئىشقىلىپ، تاھىر ئۇلارغا ئوخشىما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇن!" دەپ قويدى ئىچىدە.

2

بابىرنىڭ ھىراتتا ئەلىشىر ناۋايى ئىستىقامەت قىلغان ئۇلۇغۋار ئۇنسىيەدە① تۇرغىنىغا بۈگۈن ئون يەتتە كۈن بولدى. ئۇنسىيەنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرى، نىل رەڭلىك گۈمبىزى، ئاپتاپتا جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭ-مۇرەڭ كاشىنلىرى بابىرغا سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ مەدرىسىنى ئەسلەتتى. لېكىن ئۇنسىيەنىڭ تۆت تەرىپىدىكى تۆت مۇنارى ئۇلۇغبەگ مەدرىسىنىڭكىدىن ئېگىزرەك، بىنانىڭ ھەجمىمۇ چوڭراق ئىدى. ئۆزى بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇنراق قۇرۇلغان، تېخى ھەممە پەدەزلىرى يېپيېڭى ئىدى.

ئۇنسىيەنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەردىن بىرقانچىسىنى ناۋايىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسى ئىگىلىگەن. بابىر كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنى ۋاراقلىغاندا، ئۇلارنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆز قولىدا يازغان خېتىنى كۆردى-دە، سەمەرقەندتە ئۇنىڭدىن ئالغان مەكتۇپنى ئەسلىدى. ناۋايىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغىنى ئۈچۈن يۈرىكىنى مەيۈس تۇيغۇلار ئورىۋالدى.

كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىغا چىرايلىق جاۋەنگە ئوخشاش بىر چوڭ سائەت قويۇلغان. بەلگىلىك ۋاقىتلاردا بۇ سائەتنىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە ھەيكەل ھەرىكەتكە كېلىدۇ-دە، ئالتۇن بولقىچاقلار بىلەن ئاھاڭلىق قىلىپ جاڭ چالىدۇ. بۇنداق سائەت ياساش غايىسىنى سائەتچىگە ناۋايىنىڭ ئۆزى ئېيتىپ، مەخسۇس بۇيرۇتقانىدى. كېيىن

---

① ئۇنسىيە — "دوستلۇق ئۆيى" مەنىسىدە

ھىراتتا "ئەلىشىر ناۋايى" دەپ ئاتىلىدىغان جاڭ چالغۇچى سائەتلەر ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

بابىر كۇتۇپخانىدىن چىقىۋېتىپ كەينى-كەينىدىن جاڭ چېلىۋاتقان سائەتكە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىچە ئويلاندى: "ئەجەب! ئەلىشىربەگنىڭ ئۆزى ۋاپات بولغان بولسىمۇ ئىختىراسى تىرىك، ئىككىنچى ئۆمۈر دېگەن مۇشۇمىكىن؟ بۇ سائەت ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىككىنچى ئۆمرىنى ئۆلچەپ جاڭ چېلىۋاتامدىكىن؟"

ئۇنسىيەنىڭ ئىچى-تېشىدا بۇ بىنانى قۇرغان ۋە ئۇنىڭدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە ياشىغان، دۇنياغا ئاز كېلىدىغان ئىنسانىنىڭ روھى كېزىپ يۈرگەنىگە ئوخشايتتى. بابىر ناۋايىنىڭ قولى تەگكەن ئىشكلەرنى ئېھتىيات بىلەن ئاچاتتى، مەرمەر پەلەمپەيلەردە ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئىزلىرىنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ، مۇمكىنقەدەر ئاستا قەدەم تاشلايتتى.

ھويلىدا تاش كۆلچەك بويىدىكى چىنارلار تەكتىدە ھويلا تازىلاي-دىغان يىگىت غازاڭ سۈپۈرمەكتە ئىدى. بابىر ئىككى تەرىپىدە توق يېشىل شەمشاد دەرەخلىرى قاتار تۇرغان چىرايلىق تار يولغا بۇرۇلدى. بۇ يەردە ئۇنى ناۋايىنىڭ شاگىرتى خاندەمىر ۋە ئۇنىڭ يېقىن سۆھ-بەتداشلىرىدىن ساھىب دارا كۈتۈپ تۇراتتى. ھاسا تايانغان قېرى ساھىب دارا بابىر بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ:

— ئەمىرزادەم، — دېدى، — ھەزرەت مىرنىڭ ۋاپاتىدىن بېرى ئۇنسىيە روھسىز تەندەك ئىدى. سىز كەلگەندىن كېيىن بۇ تەندە يېڭى جان، يېڭى روھ پەيدا بولدى!

يېشى ئوتتۇزلارغا بارغان ئۆتكۈر كۆزلۈك خاندەمىر بابىرغا سىناق نەزىرى بىلەن كۆلۈمسىرەپ تىكىلدى. ئەنجاندىن كەلگەن يىگىرمە

بەش ياشلىق شاھزادە بۇ مۇبالىغىلىق گەپكە پادشا كەمتەرانە جاۋاب تاپارمىكىن؟

قەلبىنى ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى ئوراپ تۇرغان بابىر شائىرانە ئوخشىتىشلارنى دەپ ئولتۇرغۇسى كەلمەي ئاددىي جاۋاب بەردى:

— مەۋلانا، ھەزرەت ئەلىشىرنىڭ ماكانى مېنىڭ ئۆزەمدە يېڭى بىر روھ پەيدا قىلدى. بۇ يەردە مەن سەنئەت ۋە مەرىپەتنىڭ تېخى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن كامالىتىنى كۆرمەكتىمەن.

خاندەمىر بابىرنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنگەندەك مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ساھىب دارامۇ:

— سىز ھەقلىق، ئەمىرزادەم، — دېدى، — ھەزرىتى مىر نېمە ياراتقان بولسا، ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئالىي روھىدىن بىر نىشانە قالدۇرغان. مانا بۇ مۇنارلارغا بىر نەزەر سېلىڭ!

بابىر ئۈچى ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارغا تېگەي دەپ تۇرغان ئېگىز كاشىنلىق مۇنارلارغا تىكىلدى.

ئادەتتە، ئېگىز مۇنارلارنىڭ ئادەم چىقىپ ئەتراپقا قارايدىغان ئۈستى يېپىق، يەنى راۋاقچىسى ئەڭ ئۈستىدە بولاتتى. ئۇنسىيە مۇنارلىرىدا بولسا ئۈستىدىكى ھالقىدىن تاشقىرى ئوتتۇرا بېلىدىمۇ مەخسۇس ھالقىلار بار ئىدى. ساھىب دارا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى:

— ھەزرەت مىرات مەنزىرىلىرىگە ئېگىز بىر جايدىن قاراپ ئولتۇرۇپ ھاردۇق چىقىراتتى. قىرىغان پەيتلىرىدە مۇنارا ئۈستىدىكى ھالقىغا چىقىشى مۇمكىن بولماي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېمارغا ئۆزى ئېيتىپ، پەسرەككىمۇ ھالقا قۇردۇردى.

— ئىلاج بولسا، شۇ ھالقىلاردىن بىرىگە بىزمۇ چىقساق، — دېدى،

بابىر.

— بەجانىدىل!

ساھىب دارا بابىرنى خاندەمىر بىلەن بىللە غەربىي مۇنار تەرەپكە باشلىدى. ئەمما مۇنار ئىچىدىكى تىك، ئايلانما پەلەمپەيلەردىن چىقالماسلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزى پەستە قالدى. مۇنارنىڭ ئوتتۇرا ھالقىسىغا بابىرنى خاندەمىر باشلاپ چىقتى.

ئۇلار ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتۈشتى. يىراقتا قارلىق مۇختار ۋە ئىسكەلجە تاغلىرى، پەستە كۆز كىرىپ، سۈيى ئازىيىپ قالغان ئىنجىل ئەنھارى. ئۇنىڭ سول ساھىلىدا مەشھۇر گۆھەرشاد بېگىم مەدرىسى سۈلەت بىلەن تۇرۇپتۇ. ناۋايى قۇردۇرغان ئىخلاسىيە مەدرىسى ئىنجىلنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا — گۆھەرشاد بېگىمنىڭ مەدرىسىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سېلىنغانىدى. ئىخلاسىيەدىن نېرىدا بىمارلار داۋالىنىدىغان، ئەينى ۋاقىتتا، مۇدەررىسلەر ياشلارغا تېۋىپلىك ئىلمىنى ئۆگىتىدىغان شىغائىيە ناملىق شىپاخانا — مەدرىس. ئۇنىڭ نېرىسىدا چوڭ گۈمبەزلىك خالاسىيە خانىقاسى. چوڭ بىر مەھەللىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان جاي ئەلىشىر ناۋايى قۇردۇرغان نادىر ئابىدىلەر بىلەن تولۇپ، ھىراتنىڭ سۈلىتىگە سۈلەت قوشقانىدى.

شەھەرنىڭ نېرىقى تەرەپلىرىدىمۇ كۆكۈش تاغلارغا ئوخشاش يۈكسىلىپ تۇرغان مۇنار ۋە گۈمبەزلەرنىڭ كۆپلۈكى بابىرغا بىردىنلا سەمەرقەندنى ئەسلەتتى-دە، يۈرىكىنى دەرد ئارىلاش سېغىنىش تۇيغۇسى ئورىۋالدى.

— مەۋلانا، — دەپ بابىر خاندەمىرگە قارىدى، — ھىرات ئابىدىلىرىنى قۇرغان مېمارلار ئارىسىدا ماۋەرائۇننەھىردىن كەلگەنلىرىمۇ بارمىدى؟

— ئەمىرزادە، سىز ھىراتتا سەمەرقەنتتە پەرداززلىرىمۇ بارلىقىنى سېزىپ تۇرغانغا ئوخشايسىز.

— ھە، سوئالىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

— ھىراتنىڭ كۆپ ئۇلۇغ زاتلىرى سەمەرقەندتە بىلىم ئالغان. ئۇلار سەمەرقەند پەرداززلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن. يەنە ماۋەرائۇننەھرىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن تويۇپ قاچقان نۇرغۇن ئىستىبداتلىق كىشىلەر ھىراتقا كېلىپ ھەزرەت ئەلىشىردىن پانا تېپىشقان. ئۇ ئالىي زاتنىڭ پەزىلىتى بىھېساب ئىدى. لېكىن پېقىرگە ئەڭ ئۇلۇغ تۇيۇلغان پەزىلىتى ھەزرەت مىرنىڭ ئىستىبدات ئىگىلىرىنى بىلىشى ۋە ئەقىل ئىدراكلىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشى ئىدى. ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىسىز قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەزرەت ئەلىشىر ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە ئەل-ئۇلۇس ئارىسىدىن نادىر ئىستىبداتلىق كىشىلەرنى ئىزدەپ ئۆتتى. يېنىدا يۈرگەن يېقىنلىرىغا، سۆھبەتداشلىرىغا، بىزدەك شاگىرتلىرىغا بېخىللىق دائىم نۇرسىز، لاياقەتسىز، ئىستىبداتسىز ئادەملەردىن چىقىدۇ، خۇسۇسەن، يۇقىرى قاتلامدا لاياقەتسىز ھەسەتخورلار دائىم ئىستىبداتلارنىڭ يولىنى توسىدۇ، بەرگەن ئەقىل-پاراسەتلىرىنى مەيدانغا چىقارماي زايە قىلىۋېتىدۇ، بۇنىڭدىن پۈتۈن خەلق زىيان كۆرىدۇ، دۇنيادىكى ئەڭ يامان كۆرەلمەسلىك تالانت ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسىدىغان كۆرەلمەسلىكتۇر. دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي ساخاۋەت بولسا نادىر تالانت ئىگىلىرىنى مەيدانغا چىقارغۇچى ساخاۋەتتۇر، دەيتتى.

— ئەينى ھەقىقەت! — زوقلىنىپ خىتاب قىلدى بابىر. خاندەمىر بۇ خىتابتىن روھلىنىپ ئاۋازىنى بىرئاز كۆتۈرۈپ داۋاملاشتۇردى:

— بىز بىرەر سەپەردىن قايتساق ياكى ھەزرەت ئەلىشىرگە بىر-

ئىككى كۈن كۆرۈنمەي يۈرۈپ، كېيىن ھۇزۇرىغا كىرسەك، "قېنى، خوش، يەنە قانداق ئاجايىپ تالانتلىق كىشىلەرنى ئۇچراتتىڭىز؟" دەپ سورايتتى. بىز ئۇچراتقان نادىر ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئون بەش-ئون ئالتە ياشلىق ئۆسمۈرلەر بولاتتى. ھەزرەت ئەلىشىر "بولىدىغان بالا ئون بەش يېشىدا باش بولار، بولمايدىغان ئادەم قىرىق ياشتىمۇ ياش بولار" دەيتتى ۋە تېپىلغان تالانت ئىگىسى ئۆسمۈر بولسىمۇ ھۇزۇرىغا چاقىراتتى. ساھىب دارا ئىستېداتلىق شائىر زەيىنىدىن ۋاسفىينى ئون بەش يېشىدا ھەزرەت مىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەكەلگەنىدى. ھەزرەتنىڭ ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولغان بۇ ياش شائىر ناھايىتى چاپسان ئۆسۈپ، پۈتۈن ھىراتقا مەشھۇر بولدى. ئۇلۇغ رەسسام كامالىددىن بېھزادمۇ ياشلىقىدىن ھەزرەت مىرنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئۆستى. شائىر ھىلالىي، خەتتات سۇلتان ئەلى مەشھەدىمۇ ھەزرەت ئەلىشىر تېپىپ، تەربىيىلىگەن تالانت ئىگىلىرىدىندۇر، كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان ھىرات كېيىنكى ئوتتۇز-قىرىق يىل مابەينىدە ئاۋۋالقىدىن ئون ھەسسە گۈزەلرەك ۋە ھەشەمەتلىكرەك بولۇپ كەتكىنىنى بارلىق ئالىم كىشىلەر ئېيتىشىدۇ.

— سۆزىڭىز راست، مەۋلانا. مەن كۆرگەن رۇبئى مەسكۇندە①
ھىراتتەك شەھەر يوق!

— ئەمىرزادەم، بۈگۈنكى ھىراتنى شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك ئۇلۇغ قىلغانلار — ئەل-ئۇلۇس ئارىسىدىن چىققان تالانتلىق كىشىلەر ئەمەسمۇ؟

— راست! كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بارلىق نادىر ئابىدىلەر ئۇلۇغ

---

① رۇبئى مەسكۇن — دۇنيانىڭ ئىنسانلار ئاۋات قىلغان قىسمى.

ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ خەزىنىسىدىن چىققان گۆھەرلەردۇر.

— ئىلتىپات قىلدىڭىز، ئەمىرزادەم. ھەزرەت ئەلىشىر گۆھەردەك بىباھا ئىستىبداتلار خەزىنىسىنى ئاچقان ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئىدى. بۇنى سۇلتان ساھىب قىران ھۇسەيىن بايقاراموتەن ئالغاندى.

ئاڭلىغانسىز، ئەمىرزادەم، ھەزرەت ئەلىشىر بىلەن ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالغان كۆرەلمەسلەر كۆپ ئىدى. سىزگە مەلۇمكى، سۇلتان ھۇسەيىن مەسىلىكتە كۆپ يامان ئىشلارنىمۇ قىلغانىدى... ئەمما ئىچمەي يۈرگەن مىجەزى ئۇچۇق كۆڭلەردە ھەزرەت ئەلىشىرگە شۇنداق ھۆرمەت كۆرسىتەتتىكى، ھەممىمىز ھەيران قالاتتۇق.

بابىر خاندەمىرنىڭ زوقلۇق بىر ۋەقەنى ئەسلىگەندەك مەمنۇن كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆردى-دە، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى كۈتۈپ، يۈزىگە تىكىلدى.

خاندەمىر تېخى ياش يىگىت بولسىمۇ كۆپ ئولتۇرۇپ ئىشلەش نەتىجىسىدە بىرئاز سەمرىپ قالغان تولۇق گەۋدىلىك ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ گۆشلۈك بارماقلىرى بىلەن قېشىنىڭ ئۈستىنى سىلاپ قويدى-دە:

— ھەزرەت ئەلىشىر «خەمسە»سىنى تۈگىتىپ، سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا ئوقۇشقا بېرىدۇ، — دەپ ھېكايە قىلىشقا باشلىدى، — سۇلتان ھۇسەيىن شېئىرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان زات ئىدى. «خەمسە»نى ئوقۇپ ھەزرىتى ئەلىشىرنى سارىيىغا چاقىرتىپتۇ، پۈتۈن مەنسەپدارلىرى ئالدىدا تەبرىكلەپتۇ. سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ياخشى كۆرگەن بىباھا بىر ئاق ئېتى بار ئىدى. مىراخورغا① "ئاشۇ ئاتنى

① مىراخور — ئات باققۇچىلار باشلىقى.

ئەكىلىڭ" دەپ بۇيرۇپتۇ. مىر ھەزرەتلىرى ھەيران بولۇپ، "ماڭا ئات ئىنئام قىلماقچىمۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. ئاتنى ئەكەلگۈچە پادىشاھ مىر ئەلىشىرگە قاراپ: "ئەمدى سىز شېئىرىيەتتە ماڭا ئۇستاز پىرسىز، مەن سىزگە مۇرىت بولماقچىمەن"، دېگەنىكەن. مىر ئەلىشىر ھاياجان بىلەن، "ھەزرىتىم، سىز پادىشاھ، سىزگە مەن مۇرىت بولۇشۇم كېرەك" دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. شۇ ئەسنادا ئاق ئاتنى ئالتۇن جابدۇقلىرى بىلەن كەلتۈرۈپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ: "مۇرىت پىرنىڭ ئەمرىنى بەجىرىشى كېرەكمۇ؟" مىر ئەلىشىر، ئەلۋەتتە شۇنداق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇ ئالىي زاتقا ئېيتىپتۇكى، "ئۇنداق بولسا، مانا مۇشۇ ئاتقا مىنىڭ!" شاھنىڭ ئەمرى ۋاجىب. مىر ئەلىشىر ئاتقا يېقىنلىشىپتۇ. ئاق ئاتنىڭ بىر خۇيى بار ئىكەن: سۇلتان ھۈسەيىندىن باشقا ئادەم مىنمەكچى بولسا، ئۈركۈپ مىنگۈزمەيدىكەن. مىر ئەلىشىر يېقىنلاشقاندا ئات ئۈركۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا سۇلتان ھۈسەيىن ئاتنى چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ "تىنچ تۇر" دەپ ۋارقىراپتۇ. ئات تىنچىپ، ھەزرەت مىر ئۇنىڭغا مىنىپتۇ. ساراي ئەھلىنىڭ ئەمدى نېمە بولاركىن؟ دەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇ-ۋەتمەي ھويلا بويلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ھەممە ھەيران. شۇ چاغدا پادىشاھ ئات ئۈستىدىكى ھەزرەت ئەلىشىرگە "تۈركىي تىلدا بىرىنچى بولۇپ يازغان ئۇلۇغ «خەمسە»ڭىز ئۈچۈن مەندەك سۇلتان ساھىب قىران سىزگە ئات يېتەكلىگۈچى مۇرىت بولسىمۇ ئەزىيدۇ!" دەپتۇ. ساراي ئەھلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ قاپتۇ. ھەزرەت ئەلىشىرنىڭ ئۆزى شۇنچىلىك تەسىرلەنگەنىكى، ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. كېيىن مۇلازىملار يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ھەزرەتنى ئاتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈۋاپتۇ ... ئەنە، ئەمىرزادەم...

— پىكىرىڭىزگە چۈشەندىم، مەۋلانا، — دېدى بابىر ئويچان ئاۋاز بىلەن، — قەيەردە تالانت ئىگىلىرىگە ھەسەتخورلار زاۋاللىق كەلتۈرەلمىسە ۋە سېخىلار يول ئاچالىسا، شۇ جاي بۈگۈنكى ھىراتقا ئوخشاش كامالەت چوققىسىغا چىقىدىكەن.

خاندەمىرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى بابىرنىڭ بۇنچىلىك ياخشى تېپىپ ئېيتقىنى مەۋلاناغا غەلىتە تەسىر كۆرسەتتى. خاندەمىر بابىردا ئۆزىنىڭ مەسلەكدىشىنى تاپقاندەك خۇش بولۇپ:

— تەسەددۇق، ئەمىرزادەم! — دېدى، — ئاشۇ ئۇلۇغ زاتلار دەۋرىدە ھىراتنىڭ كامالەت قۇياشى ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىغا چىققىنى راست! لېكىن... ئەپسۇسكى، قۇياش ئەڭ ئېگىز نۇقتىدىن كېيىن پەسكە چۈشىدىكەن. كېيىنكى يىللارنىڭ مۇدھىش ۋەقەلىرىنى كۆرۈپ، قەلبىمنى بىر ۋەھىمە تىترىتىدۇ: ھىراتنىڭ تەلەي قۇياشى ئاستا پەسلەپ چۈشمەستىن، بىردىنلا زۇلمەتنىڭ قەھرىگە غۇلاپ كەتسە... ئۇنىڭدا نېمە قىلىمىز؟

خاندەمىر ماۋەرائۇننەھردىكى توپىلاڭلار ۋە قىرغىنچىلىقلارنىڭ شەيبانىخاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە ھىراتقىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى سەزگىنى ئۈچۈن، شۇ ئىزتىراپلىق سوئالنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ سوئالغا شەيبانىخان بىلەن ئۇدۇلمۇدۇل ئېلىشقان بابىرلا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

— بىتاقەت بولۇشىڭىز سەۋەبسىز ئەمەس، مەۋلانا، — دېدى بابىر، — ھىراتتىكى بۈگۈنكى خاتىرجەملىك دەھشەتلىك بوران ئالدىدىن بولىدىغان ۋاقىتلىق جىمجىتلىقنى ئەسلىتىدۇ، تاشكەنتمۇ مەن كېيىنكى نۆۋەت بارغىنىمدا، خۇددى ھازىرقى ھىراتقا ئوخشايتـ

تى. مەن مىڭ بالالارنى باشتىن كەچۇرۇپ، جەھەننەم قەھرىدىن چىقىپ بارغانىدىم. مەرھۇم تاغام مەھمۇدخانغا "بۇ بالالار سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا چۈشمىسۇن، بىللە چارە تاپايلى"، دېگىنىمدە زاڭلىق قىلىپ كۈلگەنىدى. رەھمەتلىك سىز ئېيتقان ئىستېداتسىز، لاياقەتسىز تاجدارلاردىن ئىدى... ئازراق ھەسەتخورلۇقى بار ئىدى... مەھمۇدخان ئاخىرى شەيبانىخاننىڭ ئايىغى ئاستىدا قانداق دەسسەلگىنى سىزگە مەلۇم.

— شۇ ھادىسىلەر ھىراتتا يەنە تەكرارلىنارمۇ، ئەمىرزادەم؟

بابىر ھىراتنىڭ شىمال — غەربىدە توپا- چاڭ ئىچىدە كۆرۈنۈۋاتقان ساقى سالمان چۆلىنىڭ خىرە ئۇپۇقىغا تىكىلىپ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ھىراتقا تۆمۈرىيلەرنىڭ بېشىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەيبانىخانغا قارشى مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن كەلگىنى، بۇ ماۋزۇدا تەخمىنەن يىگىرمە كۈندىن بۇيان مۇزاكىرە بولۇۋاتقىنى خاندەمىرگە مەلۇم ئىدى. بابىر چاپسانلا جاۋاب بېرتۆەتمىگەچكە، خاندەمىر ئەندىشە قىلىپ دېدى:

— ئەمىرزادەم، مۇزاكىرىلەر مەخپىي بولسا، پېقىرنىڭ دۆلەت سىرلىرىنى بىلىشكە ھەققىم يوق. پەقەت...

— مەۋلانا، مۇنار ئۈستىدە بىز پەقەت ئىككىمىز تۇرۇپتىمىز. مېنىڭ سىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق. ھىرات تەختىدە ئىككى ئاكا- ئۇكا بىللە پادىشاھلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلىسىز.

— ھە، ئەسلىدە تەخت بەدىئۇز زامان مىرزىنىڭكى ئىدى، لېكىن خەدىچە بېگىمنىڭ تەرەپدارلىرى مۇزەپپەر مىرزىنى ئىككىنچى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھادىسە.

خاندەمىرنىڭ بۇ ھادىسىدىن نارازى ئىكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بابىر سالماقلىق ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەر ئىككى پادىشاھىمىزمۇ مېھماندوستلۇقتا، سۆھبەتداشلىقتا، ئازادە بەزمە ئۆتكۈزۈشتە تەڭداشسىزدۇر. ئەمما ئۇرۇش-تالاشنى ياخشى كۆرمەمدۇ، ھەر ھالدا، مۇرغاب بويىدا ئۇچراشقىنىمىزدا غەلىتە بىر ھادىسە بولدى. خاننىڭ بىر قىسىم قوشۇنىنىڭ خۇراساننىڭ چىچېكتۇ ناھىيىسىنى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. خاننىڭ ئۆزى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىسىدا ئىدى. خاندىن كۆرە بىز تۇرغان جاي چىچېكتۇغا يېقىنراق ئىدى. مەن چىچېكتۇنى بەش-ئالتە يۈز كىشىلىك دۈشمەن بېسىۋالغان بولسا، دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىش كېرەك، خان قوشۇنى خۇراسانغا ئاسانلىقچە كېلەلمەيدىغان بولسۇن دەپ تەكلىپ قىلدىم. بەدىئۇز-زامان مىرزا ئۆكسى مۇزەپپەر مىرزىنى چىچېكتۇغا ئەۋەتمەكچى بولدى. سىزگە مەلۇمكى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئىشىك ئاغالىرى، ئۆز مۇلازىملىرى، ئۆز چېرىكلىرى ۋە ئالاھىدە سەركەردىلىرى بار. مۇزەپپەر مىرزا جەڭ كۆرمىگەن يىگىت، چىچېكتۇغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. "ھەزرەت ئاكام بارسا، بىز باشقا چېگرىلارنى مۇداپىئە قىلساق"، دېدى. بەدىئۇز زامان مىرزا: "مەن جەڭدە نابۇد بولسام، بۇ تەختنى يالغۇز ئۆزى ئىگىلەمدۇ؟" دەپ ئويلىدى، قارىشىمچە، چىچېكتۇغا بارغۇسى كەلمىدى. كۆپ سەن سالا-مەن سالا بولغاندىن كېيىن مەن "ئىجازەت بەرسەڭلار، مەن يىگىتلىرىم بىلەن بېرىپ، چىچېكتۇنى يېڭىدىن ئازاد قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەي" دېدىم. ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىگە قاراشتى-دە، ئەل-ئۇلۇستىن نومۇس قىلىشتى. "سىز مېھمانسىز" دەپ، مېنى بۇ نىيىتىمدىن قايتۇردى. ئۇنىماستىن ھىراتقا باشلاپ كېلىشتى. چىچېكتۇ دۈشمەن قولىدا

قالدى.

خاندەمر ئېچىنىپ ئۇھ تارتتى:

— بۇنىڭ ھەممىسى خۇراساندىن تەلەي يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقىنىڭ نىشانىسى! ئەمىرزادەم، بېشىمىز ئۈستىدە قانداق بالالار توپلىنىۋاتقانلىقىنى بىزنىڭ پادىشاھىمىزدىن كۆرە سىز ياخشى بىلىسىز، چۈنكى ھەممىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن. بىز بۇ ھەقتە مەۋلانا بېھزاد بىلەنمۇ كۆپ سۆزلەشتۇق. ھىراتنىڭ بارلىق جان كۆيەر ئالىم كىشىلىرى ئۈمىد كۆزىنى سىزگە تىككەن. خەتەرنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە پادىشاھلىرىمىزنى ئىشەندۈرگەن بولسىڭىز بولاتتى. بارلىق ياخشى كۈچلەر بىرلەشسە ۋە پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولسا بولاتتى.

بابىر مۇناردىن پەسكە تىكىلىپ:

— بىلمىدىم، مەۋلانا، — دېدى، — بۈگۈن - ئەتە پادىشاھلار بىلەن يەنە شۇ ھەقتە سۆزلەشمەكچىمەن.

— ئىلاھىم ئىشىڭىزغا ئاسانلىق بەرسۇن، مۇزاكىرىڭىز بىز خالىغاندەك تۈگىسۇن، ئەمىرزادەم!

بابىر تەشەككۈر ئېيتىپ، مۇنار پەلەمپىيىگە قاراپ ماڭدى. تۆۋەنگە چۈشۈۋېتىپ، ھىرات قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئېگىز دۆڭلۈك ئۈستىدە تۇرغان چوڭ ئوردىغا خالار - خالىماس نەزەر تاشلىدى.

## 3

كۈز ياخشى كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ھىرات تاجدارلىرى تېخىچە قەلئە سىرتىدىكى باغلاردا ياشىماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىپچاق دەرۋازىسىدىن نېرىدا شاھرۇھ مىرزا دەۋرىدە مەشھۇر بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باغى سەيىدتە مۇزەپپەر مىرزا بابىرنىڭ شەرىپىگە چوڭ زىياپەت بەردى. ھىراتنىڭ ئەڭ زور ئاشپەزلىرى تەييارلىغان غىزال① كاۋاپلىرى، ئىشتىھا ئاچقۇچى چۇچۇمەل ئاچارلار②. ماھىچە دەپ مەشھۇر بولغان تولىمۇ ئىنچىكە كېسىلگەن تەملىك سۇيۇقئاشلار مۇزەپپەر مىرزا ئۆز مېھمىنى بىلەن ئولتۇرغان، ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن بېزەكلەنگەن ھاۋالىق ئىمارەتنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىگە كەينى-كەينىدىن ئېلىپ چىقىلماقتا ئىدى. سازەندىلەر پەگادارلىق ئولتۇرۇپ، قالۇن ۋە ئۇد بىلەن، غىجەك ۋە نەي بىلەن كۆڭۈلنى غىدىقلايدىغان كۈيلەرگە چېلىشاتتى. ھىراتنىڭ مەشھۇر ھاپىزلىرى ئاۋازلىرىنى بەك كۆتۈر-مەستىن، يۇرەكنىڭ قات-قېتىغا سىڭىدىغان ئاستا ۋە مەيىن ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى بابىرغا ناھايىتى ئۇلۇغۋار بىر سەنئەتنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

بەزمە ئەۋجىگە چىققاندا ساقى بابىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، بىر تىزىنى گىلەمگە قويۇپ تىزلاندى، كېيىن يىگىرمە يىلدىن بۇيان كۆپتە كۆچىيىپ تۇرغان ۋە بوگۈنكى زىياپەت ئۈچۈن ئېچىلغان تىنىق، خۇش بۇي ساپ مەيدىن سۇراھىغا قۇيدى-دە، بابىرغا سۇندى. بابىر تېخى مەي ئىچمىگەنىدى. ئەمما ھازىر ئاڭلىغان مۇزىكا ۋە ناخشىلارنىڭ تەسىرىدە بىردىنلا ئۇنىڭ مەي ئىچكۇسى كەلدى-دە، ئۇڭ يېنىدىكى قاسىمبەگكە قارىدى.

ئاببۇردا ندا بابىردىن ئايرىلىپ ھىسارغا كەتكەن قاسىمبەگ قاۋچىن بۇلتۇر كابۇلدا بارلىق نەۋكەرلىرى بىلەن بابىرنىڭ خىزمە-

---

① غىزال — كېيىكنىڭ بىر تۈرى.

② ئاچار — زىرە، ئاچچىقسۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان گۆشلۈك تاماق.

تىگە قايتىپ كەلگەن، يەنە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسىگە ئاي-لانغانىدى. قاسىمبەگنىڭ ئۆزى ئۆمرىدە مەي ئىچمىگەن، خۇدادىن قورقىدىغان كىشى بولغىنى ئۈچۈن بابىرنىمۇ ئىچىملىككە يولاتقۇسى كەلمەيتتى.

— ئەمىرزادەم، — پىچىرلىدى قاسىمبەگ، — بەدىئۇز زامان مىرزىنىڭ ئىچكۈلۈك زىياپىتىدە مەي تەكلىپ قىلغىنىدا ئىچمىگەنىدى-ڭىز، بۇ يەردە ئىچسىڭىز، نېرىقى مىرزا ئاڭلاپ كۆڭلىگە ئالماسمىكىن؟

بۇ سۆزلەر بابىرنى سەگەكلەشتۇردى. ئۇ تۇگىسەيۋاتقان مۇرەككەپ ۋە چېگىش ئىشلارنى ئەسلىدى-دە، مۇزەپپەر مىرزىغا قاراپ:

— پېقىرنى كەچۈرۈڭ، مىرزا ھەزرەتلىرى، — دېدى، — مەن ئۆمرۈمدە مەي ئىچمىگەن!

مۇزەپپەر مىرزا بابىرنىڭ مەي ئىچىشتىن قورقۇۋاتقىنىنى سېزىپ، قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ خېلىلا كەيىپ بولغانلىقى شۇ يەڭگىلتەك كۈلكىسىدىن بىلىندى:

— ئەمىرزادەم، ئەجەبا، پۈتۈن ئەنجان ۋە سەمەرقەند مەي زوقىدىن خەۋەرسىزمۇ؟

— مىرزا ھەزرەتلىرى، مەي زوقى سەمەرقەند ۋە ئەنجاندىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق. ئەمما پېقىر باشقا زوقلاردىن ئېشىنالمايتتىم. ئۆزرەمنى ھەزرەت ئاكىڭىز بەدىئۇز زامان مىرزا قوبۇل قىلغانىدى... پېقىر ئەندىشە قىلىۋاتىمەن...

بەدىئۇز زامان مىرزا ئېغىزغا ئېلىنىشى بىلەن مۇزەپپەر مىرزىمۇ جىددىيلەشتى. بابىرنىڭ ئەندىشىسى ئۇنىڭغا ئاساسلىق تۇيۇلدى-دە، ساقىيغا: "بەس، زورلىماڭ!" دېگەندەك ئىشارە قىلدى. بەزىدە بەدىئۇز زامان مىرزىنىڭ ئىشىك ئاغاسى زۇنۇنبەگ ئارغۇنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. ساقىي پادىشاھىنىڭ ئىشارىتى بىلەن بابىرغا قويۇلغان مەيىنى ئاشۇ زۇنۇنبەگكە بەردى.

ئادەملەرنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەنسېرى بەزمە قىزىپ كېتىۋاتاتتى، بەزى بەگلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشاتتى، مىر سەربەرەھنە، بۇرھان گۇڭ دېگەن مەشھۇر قىزىقچىلارنىڭ ئېيتىشىشىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكىلەر تورۇستىكى نەقىشلەرنىمۇ تىترەتكەندەك بولاتتى.

ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئۆلۈمىگە تېخى ئۇزۇن بولمىغان، ھىرات خەۋپ ئاستىدا تۇرغان ئېغىر بىر ۋەزىيەتتە شۇنچىلىك خۇش چاقچاق بەزمە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنى بابىرغا قارىغاندا تولاراق قاسىمبەگنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. قاسىمبەگ كۈلكە شاۋقۇنلىرى ئارىسىدا بابىرغا پىچىرلىدى:

— بۇ شىركەيپ شاھ بىلەن ئەمدى مۇزاكىرە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىختىيارى ئانىسى خەدىچە بېگىمدە ئىمىش. ھازىر بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا چىقايلى، ئەمىرزادەم.

— زىياپەت تۈگىمەستىن چىقىپ كەتسەك، ھۆرمەتسىزلىك بولماسمۇ؟

— قۇلىڭىز كېلىشىپ قويغانمەن، بېگىم ئۆز قەسرىدە بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئېيتىشىش مۇسابىقىسى تۈگەپ، كۈلكىلەر بېسىلغاندىن كېيىن، بابىر مۇزەپپەر مىرزىدىن ھەزرەت بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئالدى.

* * *

ئاق مەرمەردىن قۇرۇلغان ئۈچ قەۋەتلىك چوڭ قەسردە ئورنىتىلغان ئالتۇن قەندىللەر يانماقتا ئىدى. بابىر، قاسىمبەگ، زۇنۇنبەگ

ۋە ئۇلارنى باشلاپ كېتىۋاتقان بۇرۇندۇقبەگ پەلەمپەيلەرگە سېلىنغان يۇمشاق، گۈللۈك پاياندازلاردىن ئاۋاز چىقارماي قەدەم تاشلاپ، ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. قەسىرنىڭ تاملىرىغا شاھرۇھ مىرزا ئۆزىنىڭ سەنئەتكار ئوغلى بايسۇنقۇر مىرزا ئۈچۈن ئىشلەتكەن گۈزەل رەسىملەر تېخى پېتى چۈشمەي يېپيېڭى تۇراتتى.

خەدىچە بېگىم بابىرنى قەسىرنىڭ ھەشەمەتلىك قوبۇلخانىسىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئالتە پۇتمۇ قويما ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، ئۈستى پۈتۈنلەي سەدەپ بىلەن قاپلانغان مىز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

سالاپەتلىك، قامىتى كېلىشكەن بېگىمنىڭ ئارقىسىداراق — قوبۇلخانىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايىدا بىر تۈپ ئەتىرگۈل چوغدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى: غولى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى زۇمرەدتىن، توق قىزىل گۈللىرى ياقۇتتىن. گۈل شېخىغا قونۇپ تۇرغان كىچىككىنە ئالتۇن بۇلبۇلنىڭ تۇمشۇقىدا دان ئورنىدا ساپ گۆھەر نۇر چېچىپ تۇراتتى. قوبۇلخانىنىڭ ئىشىك ۋە تاملىرىغا ئىسىلغان شايى پەردىلەرگىمۇ دۇرلار، لەئلەر ۋە باشقا قىممەت باھالىق تاشلار قادالغانىدى.

پەقەت خەدىچە بېگىمنىڭ ئۆزى قارامتۇل كۈمۈش رەڭ كىمخابدىن چاپان كىيگەن، ئۇنىڭ بېشىدىكى كۆكۈش دوپپىسىدا كۆزگە ئانچە تاشلانمايدىغان شالاڭ مەرۋايىت دانىلىرى كۆرۈنەتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق جاۋاھىراتلار ئارىسىدا گۈزەل قىزجۇۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئەللىك ياشلىق چوڭ سۈپەت مەلىكە بابىرنىمۇ، قاسىمبەگنىمۇ ئازراق ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

بابىر كۆڭلىگە تۈگۈپ كەلگەن مۇرەككەپ سۆزلىرىنى بېگىمنىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە كېلىنلىرى ئالدىدا قانداق ئېيتىشنى بىلمەي

ئوڭۋايسىزلاندى. خەدىچە بېگىم بۇنى سېزىپ خاتىرجەم كۈلۈمسىرىدى:

— ئەمرزادەم، سىز بىزگە قېرىنداشسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كېلىنلىرىم، سۆھبەتداشلىرىم سىزنىمۇ ئۆز مىرزىلىرىدەك ئىززەتلەپ، سۆھبىتىڭىزگە ئىشتىراك قىلماقچى. تارتىنماي ئەركىن ئولتۇرۇڭ.

— تەشەككۈر ئېيتىمەن!

يۈزلىرىدە يۇپقا ئاق پەردىلىرى بار قىز-جۇۋانلارنىڭ يۈز-كۆز-لىرى شام يورۇقىدا ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. ئەمما خېنە قويۇلغان نەپىس قوللار، يىپەك كىيىملەر ئورىۋالغان ئىنچىكە بەللەر ۋە كۆتۈرەڭگۈ كۆكرەكلەر كۆپچىلىك ئايالالارنىڭ ياش چوكانلار ئىكەن-لىكىدىن دالالەت بېرەتتى. مۇزەپپەر مىرزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق خوتۇنلىرىدىن قارا كۆز بېگىم دېگىنى قېيىن ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا لېۋىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، يېنىك بىر كۈلكە بىلەن بىرنېمە دېدى. خەدىچە بېگىممۇ شوخ كۈلكە بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى-دە، بابىرغا قارىدى:

— ئەمىرزادەم، ھىراتنىڭ ئېسىلزادە قىزلىرى سىزگە ئىشتىياق بىلەن كۆز تىكىۋېتىپتۇ. شۇنداق باتۇر شاھ، شۇنداق چىرايلىق يىگىت، شۇنداق ئىستىبداتلىق شائىر ھەرەمسىز، بويتاق ياشايدى-كەنسىز، راستمۇ؟

بابىر قىپقىزىل قىزىرىپ يەرگە قارىدى-دە، بۇ توغرىدا گەپ ئېچىلغىنىدىن بىئارام بولۇپ:

— ھەزرەت بېگىم، راست، — دېدى، — تەقدىر ۋە نېسىۋەم شۇنداق بولدى.

— تەقدىرىڭىز ئەمدى ئۆزگەرسۇن، ئەمرزادەم. ھىراتتا قېلىپ،

مۇزەپپەر مىرزىغا ئۇكا بولۇڭ. سىزمۇ تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن. ھىراتتىن سىزگە مۇناسىپ گۈزەل ۋە ئەقىللىق قىزلارنى تاپايلى، توي ـ تاماشا بىلەن ئۆيلىنىڭ.

مۇزەپپەر مىرزىغا ئۇكا بولۇش ـــ ئۇنىڭ تەرەپدارىغا ئايلىنىش دېگەن سۆز ئىدى. بىرۋاقىتلار نەۋرىسى مۆمىن مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان خەدىچە بېگىم، ئېھتىمال كىبلەچەكتە بەدىئۈز زامان مىرزىنىمۇ يوق قىلىش ۋە ئوغلىنى يەككە پادىشاھقا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدىدۇر. بابىر ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۇكا بولسا، ئەلۋەتتە، بېگىمنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشى كېرەك.

ـــ غەمخورلۇقىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ھەزرەت بېگىم، ـــ دېدى بابىر، ـــ مېنىڭ پەقەت بىر ئەندىشەم بار.

ـــ قانداق ئەندىشە، ئەمىرزادەم؟

ـــ پېقىرنى كەچۈرۈڭ.

بابىر جىم بولۇپ يەرگە قارىدى. ئۇ گېپىنى پەقەت خەدىچە بېگىمنىڭ ئۆزىگە ئېيتماقچى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئاياللار تەزىم قىلا ـ قىلا چىقىپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بابىر شەيبانىخاننىڭ ھىرات ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىشى مۇقەررەرلىكى ھەققىدە، ھازىر توي ـ تاماشىغا ئەمەس، ھايات ـ مامات جەڭلىرىگە تەييارلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

ـــ شەيبانىخان ئەنجاندىن خارەزمگىچە، مەرۋدىن تۈركىستانغىچە بارلىق جاينى ئېلىپ، بىھېساب قوشۇن توپلاپتۇ. مەن ئۇنىڭ ھەربىر جەڭگە قانچىلىك ئەستايىدىل تەييارلىنىشىنى بىلىمەن. بالا ـ قازادەك

باستۇرۇپ كەلسە چاغلىق قوشۇننىڭ بىتچىت بولۇپ كېتىشىنى كۆرگەنمەن!

بابىر شەيبانىخاننىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. خەدىچە بېگىم سەۋرسىزلىنىپ:

— بۇ بالانى نېمە بىلەن توسقىلى بولىدۇ؟ شۇنى ئېيتىڭ، ئەمىرزادەم! — دېدى.

— بۇنى بارلىق تۆمۈرىيزادىلەرنىڭ بىرلىشىشى بىلەن توسقىلى بولىدۇ، ھەممە ۋىلايەتلەرگە جارچىلار ئەۋەتىپ، ئەللىك-ئاتمىش مىڭ قوشۇن توپلاش كېرەك. قىش بويى بۇ قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇپ، يېگانە بىر سەركەردە باشچىلىقىدا جەڭگە تەييارلىنىش كېرەك.

— يېگانە سەركەردە كىم بولۇشى مۇمكىن؟ — دېدى خەدىچە بېگىم سەگەكلىشىپ.

قاسىمبەگ "يالت" قىلىپ بابىرغا قارىدى. ھازىر تىرىك قالغان تۆمۈرىيلەر ئارىسىدا بابىردىن باشقا ئادەم بۇ ئىشنى ئەپلىيەلمەسلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. ئەمما قوشۇن كىمنىڭكى بولسا، ھاكىمىيەتمۇ شۇنىڭكى ئىكەنلىكى ئەزەلدىن مەلۇم. خەدىچە بېگىم ئوغلىنىڭ ھاكىمىيەتكە ھېچكىمنى يولاتماسلىقىمۇ ئېنىق.

بابىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن "يېگانە سەركەردە مۇزەپپەر مىرزا بولسۇن!" دېمەكچى بولدى-دە، ئارقىراقتا زۇنۇنبەگ ئولتۇرغىنى ئېسىگە چۈشتى. زۇنۇنبەگ بۇ گەپنى بەدىئۇز زامان مىرزىغا يەتكۈزسە ئىككى ئوتتۇرىغا زىددىيەت چۈشىدۇ.

— باش سەركەردە كىم بولۇشنى ھەزرەت ئاكا-ئۇكىلار ئۆزلىرى

ھەل قىلىشلىرى كېرەك، — دېدى، — بەزمىلەرنى توختىتىپ، پۈتۈن ئېتىبارنى مۇداپىئەگە قارىتىش كېرەك. ھەربىر كۈن غەنىمەت، ھەزرەت بېگىم!

خەدىچە بېگىم زۇنۇنبەگ بىلەن بۇرۇندۇقبەگكە مۇراجىئەت قىلدى:

— جاناب ئەمىرلەر، سىزلەرنىڭ پىكىرلىرىڭىز قانداق؟

زۇنۇنبەگ ئۈسكىلەڭ قاشلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى بابىرغا قەتئىيەت بىلەن تىكتى:

— ئەمىرزادەم شەيبانىخاننىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى غەلىبىلىرىدىن، قانخورلۇقلىرىدىن بىزنى ئاگاھلاندۇرغىنى ياخشى. ئەمما شەيبانىخاننىڭ ماۋەرائۇننەھردە سۇنمىغان قىلىچى خۇراسانغا كېلىپ، ئەلۋەتتە سۇنار! مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ھەزرەت بېگىم! شۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە تەشۋىش ۋە تەھلىكىگە ئورۇن يوق دەپ ھېسابلايمەن!

زۇنۇنبەگ ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلەردىن خەدىچە بېگىم دەرھال يەڭگىللىك ھېس قىلدى. بابىر بولسا زۇنۇنبەگكە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىپ دېدى:

— بېشارىتىڭىز ئىلاھىم توغرا كەلسۇن، جاناب ئەمىر! ئەمما بۇ بېشارەتكە قانداق ئاساسلار بار؟

— بۇ بېشارەتنى مەن ئەمەس، ھىراتنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق ئەۋلىيالىرى بەرگەن.

زۇنۇنبەگ شۇنداق دەپ خەدىچە بېگىمگە ھېجىيىپ قاراپ قويدى. بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن خەدىچە بېگىم بابىرغا كۈلۈمسىرەپ ئىزاھ بەردى:

— ھىراتنىڭ قۇتب ناملىق مەشھۇر ئەۋلىياسى بار. مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتقىچە قۇتۇپ نېمىدىن بېشارەت بولسا، ھەممىسى توغرا چىقىدۇ. قۇتۇپقا چۈشىدە ئايان بولۇپتۇكى، شەيبانىخاننىڭ قىلىچىنى ئەمىر زۇنۇنبەگ سۇندۇرۇپتۇ. مۆتىۋەر مۇنەججىملەر يۇلتۇزلارغا قاراپ، بۇ بېشارەتنى تەستىقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلىيالار زۇنۇنبەگنىڭ يەلكىسىگە مۇقەددەس پوتا سېلىپ، نامىغا ھىزەبرۇللا ئۇنۋانىنى قوشۇپ ئېيتىدىغان بولدى.

"ھىزەبرۇللا" ئەرەبچە "ئاللانىڭ ئارسلانى"، يەنى "يېڭىلمەس باتۇر" دېگىنى ئىدى. ئەرەبچىنى ياخشى بىلىدىغان بابىر بۇ ئۇنۋاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— جانابىي زۇنۇنبەگدە ئارسلاننىڭ يۈرىكى بارلىقىغا شەك-شۈبھە يوق. ئەمما ھەزرەت بېگىم ئەۋلىيالار ۋە مۇنەججىملەرنى تىلغا ئالغىنىدا پېقىر سەرپۇلدا شەيبانىخان بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇرۇشقا چىققان كۈنلەرىمنى ئەسلىدىم. مانا، جاناب قاسىمبەگمۇ بار ئىدى. شاھىبىددىن ناملىق مۇنەججىم كېچىسى ئاسمانغا قاراپ: "سەككىز يۇلتۇز يەلكىڭىزدە توغرا تۇرىدۇ، ئەتىگە ئۇرۇشقا كىرسىڭىز، زەپەر، ئەلۋەتتە، سىزنىڭكى بولىدۇ!" دەپ ئەۋلىيالىق قىلدى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىپ، شەھرىسەبزدىن كېلىدىغان ياردەمنىمۇ كۈتمەستىن، مەيدانغا چىقتۇق... مانا ھازىرغىچە ئاشۇ خاتالىقىمىزنىڭ ئازابىنى تارتىپ يۈرۈۋاتىمىز.

بابىرنىڭ سۆزلىرىدىن خەدىچە بېگىمنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، لەۋلىرى ئەتراپىدا قورۇقلار پەيدا بولدى. زۇنۇنبەگ بولسا ئولتۇرغان جايىدا ئەسەبىيلەرچە تولغىنىپ:

— ئەمىرزادەم، نىيەتنى ياخشى تۇتۇش كېرەك! — دېدى، — ھىراتنىڭ ئەۋلىيالىرى سەمەرقەند مۇنەججىملىرىدەك نادان ئەمەس!

سەرنىپۇلدىكى خاتالىقنى ھىراتتەك ئۇلۇغ شەھەردە ھېچكىم تەكرارلىمايدۇ!

زۇنۇنبەگنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قايناپ سۆزلىگىنىنى كۆرگەن بۇرۇندۇقبەگ ئۇنى بېسىشقا تىرىشتى:

— جاناب زۇنۇنبەگ، ئالىي مېھمان بىزگە ياخشىلىق ئىزدەپ كابۇلدەك جايدىن كەپتۇ. ۋەزىيەت خەتەرلىك ئىكەنلىكى راست. ئالدىراش چارىلەر ئويلاش كېرەك!

خەدىچە بېگىم بەسلەشكۈچىلەرنى مۇلايىملىق بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرىكەت قىلدى:

— جانابىي زۇنۇنبەگ، ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ جىددىي، بىپەرۋا بولماسلىق كېرەك. ئەمما جاناب بۇرۇندۇقبەگمۇ بىر نەرسىنى ئۇنتۇمە- سۇن. مەغلۇبىيەتنى كۆپ كۆرگەن ئادەمگە خەتەر گاھىدا ئەسلى- دىكىدىن چوڭراق كۆرۈنىدۇ، ئەمرزادەم، سىزكۆپ ئەنسىرىمەڭ. شەيبانىخان بىزگە تاجاۋۇز قىلسا ئۆز تەجاۋۇزىدىن ھالاك بولىدۇ!

* * *

— خەدىچە بېگىمدەك كۆپنى كۆرگەن مەلىكە شەيخلەرنىڭ خۇشا- مەت گېپىگە ئىشىنىپ يۈرگىنىگە مەن ھەيران، — دېدى بابىر ئەتىسى كۆنى باغى جاھانئارادا بەدىئۇز زامان مىرزا بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا.

شىر گەۋدىلىك ۋە قىسىق كۆزلۈكلۈكى ئاتىسى ھۆسەين بايقاراغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەدىئۇز زامان مىرزا ئىستېھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— ھەيران بولماڭ. ئەمرزادەم، قانداق دېگەن بىلەن ئايال كىشى-دە، قىسقا ئويلاپ ئۆگەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەمما بۇ قىسقا پەملىكىنىڭ كاساپىتى ھەممىگە تېگىشى مۇمكىنغۇ، ھەزرىتىم؟

— نېمە چارە؟ سۆيۈملۈك پەرزەنتىمىز مۆمىن مىرزىمۇ شۇ بېگىمنىڭ كاساپىتىدىن ھالاك بولۇپ كەتتى!

— ھەزرىتىم، رەھمەتلىك ئاتىڭىز كەيىپ مەزگىلىدە قىلغان پاجىئەلىك خاتالىقنى ئەمدى ئۇنتۇڭ!

— ئۇنتۇيالمايمەن، چۈنكى ئەيىب مەرھۇم ئاتامدا ئەمەس ئىدى! سۇلتان ساھىب قىران مۆمىن مىرزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، شېئىرلىرىنى يادا بىلەتتى. دەسلىپىدە ئاتامنىڭ ماڭىمۇ مۇھەببىتى ياخشى ئىدى. مەن تەخت ۋارىسى ئىدىم! خەدىچە بېگىم مېنىڭ بىلەن ئاتامنى دۈشمەن قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى. مۆمىن مىرزا ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن بۇ يول تېپىلدى، ئۇنى شىركەيىپ پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئۆلتۈرۈشتى ۋە مېنىڭ بىلەن ئاتامنى قان قىساسى بار دۈشمەنگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بېگىمنىڭ ئوغلى مۇزەپپەر مىرزا مېنىڭ ئورنۇمغا ۋەلىئەھد بولدى. بۇگۇنكى شىرىك پادىشاھلىقمۇ مانا شۇ بېگىمنىڭ ئىختىراسى! مەن ئېنىق بىلىمەن، بېگىم مېنى مۇۋەققەت تاجدار دەپ بىلىدۇ. مېنى يوق قىلىپ، مۇزەپپەر مىرزىنى يېگانە پادىشاھقا ئايلاندۇرۇشنىڭ پەيتىنى پايلاپ تۇرۇۋاتىدۇ!

بابىر بەدىئۇز زامان مىرزىغا شەيبانىخاننى ئەسلەتتى:

— ھەزرىتىم، شەيبانىخان ھەققىدە قانداق يېڭى خەۋەرلەر بار؟

— خان خارەزمنى ئېلىپ، سەمەرقەندكە قايتقانىمىش...

— ئۇنداق بولسا، خان ئەمدى خۇراسان يۇرۇشىگە چىقماقچىدۇر؟ — سورىدى بابىر.

— دەرھال-ھە؟ خارەزم يۇرۇشىدىن كېيىن بىر ـ ئىل دەم

ئالماسمكىن؟
بەدىئۈز زامان مىرزىنىڭ تەخمىنىي سۆزلىرى، ئۇنىڭ دۈشمەن ئارىسىدىن ئېنىق خەۋەر ئەۋەتىپ تۇرىدىغان يوشۇرۇن ئادىمى يوقلۇقىدىن دالالەت بىرەتتى. ئۆز ئىنىسىنىڭ ھەممە پارچە-پۇرات سىرلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىھېساب جاسۇسلار ئەۋەتىپ تۇرغان پادشاھ بۇ ئىشنى ئەشەددىي دۈشمىنى شەيبانىخانغا قىلمىغنى بابىرنى تاڭ قالدۇردى:
— ھەزرىتىم، شەيبانىخاننىڭ قوۋلۇق-شۇملۇقلىرىنى پېقىر ئانچە-مۇنچە كۆرگەنمەن. خاننىڭ جاسۇسلىرى ھازىر ھىراتتا دەرۋىش ياكى سودىگەر يا نەۋكەر قىياپىتىدە يۈرۈپ، بارلىق زۆرۈر خەۋەرلەرنى سەمەرقەندكە يەتكۈزۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.
بابىرنىڭ ئېچىنىپ سۆزلىگىنىنى سەزگەن بەدىئۈز زامان مىرزا كىنايە ئارىلاش كۈلدى:
— ئەمىرزادەم، سىزمۇ پادىشاھ، ئېھتىمال، سىزنىڭ مەخپىي خادىملىرىڭىز سەمەرقەندتىن يېڭى خەۋەر ئەۋەتكەندۇ؟
— مەن سىزنى ئاتامدەك ھۆرمەتلەيمەن، ھەزرىتىم. گەپ مەخپىي خادىملاردا ئەمەس. پېقىر تەجرىبىدىن شۇنى بىلىمەنكى، شەيبانىخان چارچىغان ئەسكەرلىرىنى بىسىۋالغان ۋىلايەتتە دەم ئېلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ، ئاۋۋالدىن دەم ئېلىۋاتقان قوشۇنى بىلەن دەرھال يېڭى يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى شۇنىڭدىكى، بارلىق ئاكا-ئۇكا، قېرىنداش-ئۇرۇقلىرى بىلەن بىر تەن-بىر جان بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. بىز بۇ خەتەرلىك دۈشمەن قورشاۋىدا ئېچكى زىددىيەتلەرنى ئۇنتۇشىمىز كېرەك. بىزمۇ بىر تەن-بىر جان بولۇپ، يېگانە سەركەردە باشچىلىقىدا جەڭگە ئەستايىدىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەييارلىنىپ كىرمىسەك، ئاقىۋىتى يامان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

— يېڭـانە سەركەردە، دېدىـڭـىزمۇ؟ كىم بىزگە سەركەردە بولماقچى، ئەمىرزادەم؟

بىرىنچىلىكنى تالىشىۋاتقان بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكىنىڭ "ماڭا بولمىسا، ئۇنىڭغىمۇ بولمىسۇن!" دېيىشكە تەييار ئىكەنلىكى بابىرغا ھازىر ئېنىقراق سېزىلدى. رەقىب ئاكا-ئۇكا تالىشىۋاتقان مەملىكەت ئۇلاردىن پەقەت بىرىگە ياكى تاغىسىنىڭ بالىسى بابىرغا تەگكىنىدىن كۆرە قايناتىسا قېنى قوشۇلمايدىغان ياتقا تەگكىنى ئەۋزەلرەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى ياتلار ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىمايتتى.

— جەڭگىمۇ ئايرىم-ئايرىم چىقماقچىمۇسىلەر؟ — دېدى بابىر.

— نېمە چارە؟ ھەركىمنىڭ ئۆز چېرىكى، ئۆز سەركەردىسى بار. مەن مۇزەپپەر مىرزىغا ئىشەنمەيمەن. ئەمما سىز بىلەن ھەرقانداق جەڭگە بىللە كىرىشكە تەييارمەن. چۈنكى سىزگە ئىشىنىمەن. ئەمىرزادەم، سىز ھىراتتا قېلىڭ! نېمە لازىم بولسا ئېيتىڭ! تەييار قىلىمىز.

بابىر ئاكا-ئۇكىنىڭ پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا پىكرى بىر ئىكەنلىكىنى سەزدى. جەڭ كۆرگەن بابىر پۈتۈن بەگ ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن ھىراتتا قالسا ۋە ۋاقتى كەلگەندە، جەڭگە بىللە چىقسا ئۇلارنىڭ مۈشكۈللۈكلىرى ئاسانراق بولىدىغانغا ئوخشايتتى.

ئەمما ئاكا-ئۇكىنىڭ قوش ھاكىمىيىتى بابىرغا تېگى چىرىپ تېشىلگەن كېمىگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ كېمىدە قالسا پەيمانىسى تولغان ئاكا-ئۇكىغا قوشۇلۇپ غەرق بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدى.

## 4

ئەتىسى كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئۆنسىيەگە بابىرنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن مەۋلانا پەزلىددىن نەۋكەر ۋە مۇلازىملار-نىڭ يۈك-تاق يىغىشتۇرۇۋاتقىنىنى ۋە سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تار يولدا تاغىسىغا ئۇچراپ قالغان تاھىر:

— ھە، ياخشى بولدى ئۆزىڭىز كەلدىڭىز، موللا تاغا! — دېدى.

— ھە، نېمە گەپ، جىيەنىم؟

— ئەتە سەھەردە ھىراتتىن مېڭىپ كېتىمىز.

— كابۇلغىمۇ؟

— ھە، — دەپ پىچىرلىدى تاھىر، — لېكىن پادىشاھلار بۇنى بىلمىسۇن، پادىشاھنىڭ رۇخسىتى شەھەر سىرتىدا قىشلاش ئۈچۈن بېرىلدى. ھەممىگە "خۇراساندا قىشلايمىز" دەپ ئېلان قىلىندى. سىزمۇ سەزدۇرمەڭ.

مەۋلانا پەزلىددىننىڭ روھى چۈشۈپ:

— ئاپلا، — دېدى، — بىزنى كىچىك باللاردەك يېتىمسىرىتىپ كېتىدىكەنسلەر-دە؟

— قىش چىقسا، سىزمۇ كابۇلغا كۆچۈپ بېرىڭ. ئۆتكەن قېتىم ئۇچراشقىنىڭىزدا بابىر مىرزا ئۆزى تەكلىپ قىلدىغۇ؟

— كۆچۈپ بېرىش ئاسانمۇ، جىيەنىم؟ بىر ئاي، قىرىق كۈنلۈك يول... ئائىلىك ئادەممىز...

مەۋلانا پەزلىددىن گاڭگىراپ بابىرنىڭ قوبۇلخانىسىغا قاراپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئەلىشىر ناۋايىنىڭ قوبۇلخانىسى بولغان كۆركەم ۋە ئۇزۇنچاق ئۆينىڭ زەرھەل ئويما نەقىشلىق ئىشىكى ئالدىدا

ياساۋۇل يىگىت تۇرغانىدى. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ، تېز قايتىپ چىقتى-دە، ئىشىكنى ئېچىپ، مەۋلاناغا يول بەردى.

ئۆينىڭ تۆرىدە بابىر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنى مەۋلانا بىر كۆرۈپلا تونۇدى. ناۋايىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان قىرىق بەش ياشلاردىكى كوسا ئادەم شائىر سۇلتان مۇھەممەد ئىدى. ئۇنىڭدىن بېرىسىدە مەشھۇر خەتتات سۇلتان ئەلى مەشھەدىي تىزلانغان. بابىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كامالىددىن بېھزاد ۋە خاندەمىر ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بابىر مەۋلانا پەزلىددىن بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشكەندە، باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەۋلانا پەزلىددىن پەگادا ئولتۇرماقچى ئىدى، يېشى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولغان خاندەمىر:

— سىز ئالىي مېھمىنىمىزنىڭ ۋەتەندىشىسىز، — دەپ ئۇنى ئۆزىدىن يۇقىرىغا ئۆتكۈزدى.

مەيۈسلىنىپ ئولتۇرغان خاندەمىر سۆھبەتنى توختاتقان جايىدىن داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەجەب تەتۈر چۆگىلەيدىغان پەلەك بۇ! — دېدى، — ئەمىرزادەم، سىز ھىراتنىڭ يۇقىرى سەنئىتى ۋە ئاجايىپ تالانتلىق كىشىلىرىگە ھەۋەسكىز كېلىپ سۆزلىدىڭىز. بىز بولساق بۇگۈنكى ھىراتقا خۇدا سىزدەك مەرىپەتلىك، سىزدەك ئىستىبداتلىق پادىشاھنى بەرمىگىنىگە ئېچىنىمىز!

بابىر ئۆزىنى شۇنچە ئىززەت-ئىكرام بىلەن مېھمان قىلغان پادىشاھلارنىڭ شەنىگە تېگىدىغان سۆز ئېيتىشنى خالىمايتتى.

— مەۋلانا، پادىشاھلىرىڭىزمۇ مەرىپەتلىك زاتلار، — دېدى.

كالتە بۇدرە ساقىلى ئۆزىگە ياراشقان چىرايلىق يۈزلۈك ياداڭغۇ

بېهزاد كىنايە بىلەن دېدى:

— ئەمىرزادەم پادىشاھلىرىمىزنىڭ بىرى قوياش بولسا، بىرى ئاي. خەلق ئارىسىدا ھازىر بىر شېئىر تارقالدى. مەزمۇنى شۇكى، ھۇسەين بايقارا ھەقىقىي پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىككى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىرى "ئايمەن" دەيدۇ، بىرى "كۈنمەن" دەيدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە بىر-بىرى بىلەن رىقابەت قىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزئارا كۈرەشلىرى خۇددى شەترەنج تاختىسى ئۈستىدىكى شاھلارنىڭ كۈرەشلىرىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئاتىسىدەك ھەقىقىي شاھلار ئەمەس، بەلكى شەترەنج تاختىسىدىكى سۈنئىي شاھلاردۇر.

بۇ ئوخشىتىش بابىرنىڭ ئىككى پادىشاھتىن ئالغان تەسىراتلىرىغا شۇنچىلىك ماس كېلەتتىكى، ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى:

— لېكىن ئاكا-ئۇكىنىڭ رىقابىتى شەترەنج ئويۇنىغا ئوخشاشلىقى راست!

— پالاكەت شۇنىڭدىكى، — دېدى خاندەمىر، — بۇ ئويۇندا ئۇلار خۇراسانىنى قولدىن كەتكۈزمەكتە! بۇنى ئۇلارغا سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇش بولسا ئىمكاندىن يىراق!

شائىر سۇلتان مۇھەممەدنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چاقنىدى.

— ئۇلارغا بۇنى سۆز بىلەن ئەمەس، پەقەت شەمشەر بىلەن ئۇقتۇرۇش مۇمكىن!

خاندەمىر ئىشىك تەرەپكە ئەنسىرەپ كۆز تاشلاپ قويدى. بىر چاغلاردا ئەلىشىر ناۋايىدەك ئادەمگە جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ يۈرگەن پادىشاھلار بابىرنىڭ كەينىگىمۇ ئادەم قويغان بولۇشلىرى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي سۆھبەتنى خەتەرلىك ماۋزۇلاردىن نېرىراق ئەكىتىش ئۈچۈن يېنىدا تۇرغان كۆن جۇزدانىنى[1] ئاچتى-دە، بىر دەستە زەر قەغەز ئالدى.

— پېقىر ئالىي مېھمىنىمىزنىڭ غەزەللىرىدىن بىرنەچچىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنىدىم.

قەغەزلەر قولدىن قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. خەتتاتنىڭ ئاجايىپ سەنئىتى ئارقىلىق ھەربىر ھەرپ نەپىس ۋە تىرىك تەسىرگە ئايلانغانىدى. خاندەمىر قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ۋاھ! — دېدى ھەيران بولۇپ، — كۆپ شائىرلار "يار"نى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، پۈتۈن نىجاتلىقنى "يار"دىن ئىزدەپ ئۆگەنگەن. ئەمىرزادەم ئادەت بولغان بۇ ئالدىنىشلارغا قارشى ئىسيان قىلغاندەك يېزىپتۇ:

جاھاندىن ئۆزگە يارى ۋاپادار تاپمەدىم،
كۆڭلىمدىن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمەدىم...
بابىر، ئۆزەڭنى ئۆزگەتە كۆر يارىسىزكى، مەن —
ئىستەپ جاھاننى، شۇنچە قىلىپ يار تاپمەدىم!

— مەردانە سۆزلەر! — دېدى بېھزاد بابىرغا قاراپ، — سىز مىڭ مەرتىۋە ھەقلىقسىز! ئادەم ئۆزىگىمۇ ئىشىنىشى كېرەك!

— مىننەتدارمەن، مەۋلانا.

شائىر سۇلتان مۇھەممەدكە ئىككىنچى شېئىرنىڭ باش تەرىپىنى ياققانىدى.

— ئاڭلاڭلار، جانابلار:

---

[1] جۇزدان — قەغەز-قەلەم سېلىنىدىغان سومكا. — تەرجىماندىن.

سەندەك ماڭا بىر يارى جەفاكار تەپىلماس،
مەندەك ساڭا بىر زارى ۋەفادار تەپىلماس.

مەۋلانا پەزىلىدىن ئىبغىر تىندى:

— ھازىرلا سۆزلەشكەن دەردىمىزنى ئېيتىپتۇ!

بابىر ماختاشلاردىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ:

— جانابىلار، — دېدى، — مەن سىلەردەك سەنئەتكارلار بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلەشكىنىم ئۈچۈن تەڭرىمگە شۈكۈر قىلىمەن. پېقىرنىڭ قەغەزنى قارا قىلىپ يازغان قۇرلىرىم مەۋلانا مەشھەدىينىڭ تەگدىشى يوق سەنئىتى تۈپەيلىدىن سىلەرگە شۇنچىلىك يېقىپ قالدى. ئىجازەت بولسا، غەزەللەردىن خاتىرە ئۈچۈن ھەربىرلىرىگە بىر نۇسخىدىن بەرمەكچىمەن.

— كۆڭلىمىزدىكىنى تاپتىڭىز! — دېدى خاندەمىر خۇشاللىنىپ.

بابىر غەزەللىرىدىن ئاتايىن ئۈچ-تۆت نۇسخىدىن كۆچۈر-گۈزگەندى. خاندەمىرگە، بېھزادقا، سۇلتان مۇھەممەدكە ئۆزلىرى ياقتۇرغان غەزەللەردىن بىر نۇسخىدىن بەردى. ئۇلار شائىر ۋە خەت-تاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن غەزەل يېزىلغان زەر قەغەزلەرنى ئېلىپ، خۇددى ناندەك كۆزلىرىگە سۈرتۈپ قوبۇل قىلىشتى. بابىر كېيىنكى غەزەلدىن بىر نۇسخىسىنى مەۋلانا پەزىلىدىنگە سۇنۇپ:

— مەۋلانا، بىز سىز بىلەن پەقەت ۋەتەنداشلا ئەمەسمىز، ھەمدەرد ۋە ھەسرەتداشمىز، — دېدى.

مەۋلانا پەزىلىدىن غەزەلنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى-دە:

— مەن ئىشىنىمەن، ھىراتتا يېزىلغان ئۇشبۇ غەزەل يات ئاردا سەمەرقەند ۋە ئەنجانغىمۇ يېتىپ بارىدۇ، — دېدى، — خۇدا ئەمىر-زادەم بىلەن بىزنىمۇ ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىشقا نېسىپ

قىلسۇن!

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، مەۋلانا!

بابىر قاسىمبەگنى چاقىرتتى ۋە سۇلتان ئەلى مەشھەدىيگە غەزەللەرنى سەنئەتكارانە كۆچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئالتۇن تۈگمىلىك كىمخاب تون كىيدۈردى.

كېيىن ئۇ مەۋلانىلارنى ھويلىغا ئۇزىتىپ چىقتى. ھەممىسى خەيرلىشۋاتقاندا مېمارغا قاراپ:

— بەلكى كېلەر يىلى كابۇلغا بارارسىز، مەۋلانا؟ — دېدى، — راست، چوڭ مېمارلىق ئابىدىلىرى قۇرۇشقا تېخى ئىمكانىيىتىمىز يوق. كابۇل ھازىر ھىراتقا نىسبەتەن چەتتىكى بىر ۋىلايەت. ئۇلۇغ سەنئەت-كارلارغا ماكان بولارلىق سارىيىمىز يوق. لېكىن خۇدادىن ئۈمىدىمىز باركى، كەلگۈسىدە تەلەي بىزگىمۇ كۈلۈپ قارار، بىزمۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارلارغا ماكان بېرىدىغان كۈنلەرگە يېتىپ قالارمىز!

— تەكلىپىڭىزنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن! — دېدى مەۋلانا پەزلىددىن.

— ئەمىرزادەم، — دېدى خاندەمىر، — ئەلىشىر ناۋائىينىڭ دەرگا-ھىدا قىلغان پاكىز نىيىتىڭىز ئىلاھىم ئەمەلگە ئاشسۇن! ئىلاھىم ھەزرەت ئەلىشىرنىڭ روھى ھەمىشە سىزگە مەدەتكار بولسۇن!

بۇ تىلەككە ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن قوشۇلۇپ، يۈزلىرىگە پاتىھە قىلىشتى.

* * *

ئەتىگەندە كۈن چىقىۋاتقاندا بابىر خاس نەۋكەرلىرى ۋە بەگ-لىرى بىلەن ھىراتنىڭ سىرتىدىكى كەك باغ كوچىدىن كېتىپ باراتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھىرات مەنسەپدارلىرىنىڭ خىشلىق

تاملىرى، كاشىن بىلەن ياسالغان گۇمبەزلىك ساراي ۋە چارباغلىرى بار ئىدى. سالاپەتلىك بىر باغلىق هويلىنىڭ ئېگىز تېمى يېنىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا، تام ئۈستىدىن كىمدۇ ئۈچ-تۆت ئەتىرگۈل تاشلىدى. توق قىزىل رەڭلىك گۈللەردىن بىرى بابىر مىنگەن سېرىق ئاتنىڭ ئۆسكىلەڭ يالىغا كېلىپ چۈشتى. گۈلنىڭ تىكەنلىرى ئات يالىغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بابىر تام ئۈستىگە قارىدى-دە، ياش بىر قىزنىڭ قىيغاچ قاشلىرىنى ۋە قاش ئۈستىگە باستۇرۇپ كىيگەن گۈللۈك دوپپىسىنى كۆردى. كېيىن ئۇ ئات يالىغا ئىلىنىپ قالغان گۈلنى قولىغا ئېلىپ، لېۋىگە يېقىنلاشتۇردى.

يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان زەنجىرگاھ تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا قار چۈشكەنىدى. هىراتنىڭ كەچ كۈزىدە قانداقچە ئېچىلىپ قالغان بۇ گۈلنىڭ ئاجايىپ پۇرىقى بار ئىدى. بابىر گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلغان هامان تىزگىننى ئىختىيارسىز تارتىپ، ئېتىنى توختاتتى. ئۇزەڭگىگە پۇتىنى تىرەپ، ئېگەردىن بويىنىنى سوزدى-دە، تامنىڭ ئۈستىدىكى قىزغا تىكىلىپ قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىزنىڭ ئۆتتەك چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى، بۇكۆزلەرگە ناهايىتى ياراشقان گۈلدەك ياڭاقلىرى ئېنىق كۆرۈندى. بابىر بۇ كوچىدىن ئاۋۋالمۇ ئۆتكەنىدى. قىز ئاۋۋالقى قېتىملاردىمۇ ئۇنى كۆرۈپ تونۇپ قالغانمىكىن، كۆزلىرى تەلمۈرۈپ ۋە ئۇيىلىپ باش ئەگدى. بۇ ئۇنىڭ سالام بەرگىنىمىكىن ياكى خوشلاشقىنىمىكىن؟ ئۇن يەتتە-ئۇن سەككىز ياشلاردىكى بۇ قىزنىڭ جازىبىسى ۋە تەلمۈرۈپ باش ئېگىشى بابىرغا شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئۇ بىردەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ ئارىدا باشقا مۇلازىملارمۇ قىزنى كۆرۈپ ئاتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختاتقانىدى. بابۇرنى مۇزەپپەر مىرزىنىڭ ھىرات بويىچە ھاكىمى يۈسۈپ ئەلبەگ ئۈزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان كۆڭۈلچەك بۇ بەگ تام ئۈستىدىكى قىزنى تونۇپ كۈلدى-دە:

— نىمە، ماھىمۇسىز؟ — دېدى، — ئاپلا، ماھى چۈچۈك، ھەي، قىز بولۇپ قاپسىز-ھە!

قىز گويا ئەمدى ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ "لىپ" قىلىپ بېشىنى تامنىڭ كەينىگە ئالدى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

يۈزى قانداقتۇر ئىچكى ئوتنىڭ تەپتىدىن قىزارغان، كۆزلىرى غەلىتە چاقنىغان بابۇر يۈسۈپ ئەلبەگدىن ئالدىراپ سورىدى:

— كىم؟ كىم دېدىڭىز؟

— ئەمىرزادەم، بۇ ھويلا سۇلتان ساھىب قىرانىنىڭ يىراق قېرىنداشلىرىدىن بىرىگە قاراشلىق. قىزنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بايقارانىڭ نوپۇزلۇق دىۋان بېشىلىرىدىن ئىدى. باردى-كەلدىمىز بار ئىدى.

— ھازىرمۇ بارمۇ؟

— بار، لېكىن...دۆلەت ئىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

— نىمە ئۈچۈن؟

— بىلمىدىم، ھازىرقى پادشاھلىرىمىز بىلەن ئارىسى ياخشى بولمىسا كېرەك. قەندەھارغىمىكىن، غەزنىگىمىكىن كۆچۈپ كېتىش تەييارلىقىدا ئىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

ئاتلار مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. بابۇر ماھىم دەپ ئاتالغان قىزنىڭ بارغانسېرى ئۇزاقتا قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە كۈچلۈك بىر ئارمان سەزدى. يىگىرمە كۈن ھىراتتا يۈرۈپ، بۇ قىزنى نىمىشقا پەقەت ئەمدى، قايتىپ كېتىۋاتقان پەيتىدە كۆردى؟

بابىر ھېلىمۇ قولىدا تۇتۇپ كېتىۋاتقان گۈلگە قارىدى. بايىقى گۈزەل قىز ھىراتنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكىنى ئۆز جازىبىسى بىلەن بىللە مانا مۇشۇ گۈلگە خۇددى ئەتىر پۇرىقىدەك سىڭىپ بەرگەنگە ئوخشايتتى.

بابىر گۈلنى يەنە بىر پۇرىدى-دە، بېشىدىكى سەللىسىنىڭ قېتىغا كۆزگە ئانچە كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قىستۇرۇپ قويدى.

## 5

قىش ئۇرۇش-جېدەلسىز ئۆتتى-دە، ئەتىياز باھاركۈنلىرىدە شەيبانىخان ئەللىك مىڭ قوشۇن بىلەن مۇرغاب دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسانغا باستۇرۇپ كىردى. بەدىئۇز زامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزا ھىراتنىڭ شىمالىدا قارارەبات ۋە تەرناب دېگەن جايلاردا ئىككى بۆلۈك قوشۇن، ئىككى ئالاھىدە سەركەردە بىلەن بىپەرۋا بىر ئەھۋالدا ئولتۇرغانىدى.

شەيبانىخاننىڭ ئەبەيدۇللا سۇلتان ۋە تۆمۈر سۇلتان باشلىق ئاتلىق ئەسكەرلىرى بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىغدەك يېرىپ كىردى-دە، كۈچلۈك بىر زەربە بىلەن ئىككى پادىشاھنى ئىككى تەرەپكە چۆرۈۋەتتى. مىرزىلار كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن پاتىپاراق بولۇپ قېچىشتى. پەقەت زۇنۇنبەگ ئارغۇن ئۆزىنىڭ ھىزەبرۇللا بولۇشىغا ۋە شەيبانىخاننىڭ قىلىچىنى سوندۇرۇشقا ھېلىمۇ ئىشەنگىنى ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز نەۋكىرىنى خان قوشۇنىنىڭ قارشىسىغا باشلاپ چىقىپ، ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە ئېلىشتى. ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئاتلىقلىرى ھايال قالماي ئۇنى ئېگەردىن ئۇرۇپ چۈشۈردى ۋە بېشىنى كېسىپ نەيزىگە سانجى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دى-دە، شەيبانىخان مىنگەن ئاتنىڭ ئاياغ ئاستىغا ئەگىلىپ تاشلىدى.

جەك مەيدانىدىن پالاقلاپ قاچقان بەدىئۈز زامان مىرزا ھىراتقا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى، ئەمما شەھەر ئىچىگە كىرمىدى. باغى جاھانئارادا بىرنەچچە سائەت توختاپ، ئاتلىرىنى دەم ئالدۇردى ۋە ئالتۇن-كۈمۈش گۆھەرلەردىن كۆتۈرگىنىچە ئالدى. ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى شەھەر ئىچىدە — ئوردىدا قالدى. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن تەھدىتىدىن قورققان بەدىئۈز زامان مىرزا شەھەر ھاكىمىنى چاقىرىپ، قەلئە دەرۋازىلىرىنى بېكىتىۋېلىشنى بۇيرۇدى. "قامالدا قېلىشتىن قورقماڭلار، بىز قەندەھار تەرەپتىن قوشۇن توپلاپ كېلىپ، سىلەرنى قوتۇلدۇرۇۋالىمىز" دېگەن قۇرۇق ۋەدە بىلەن خوتۇنلىرى ۋە بالىلىرىنى قورغان ئىچىدە قالدۇرۇپ ئۆزى جەنۇبقا قاراپ ئالدىرىدى.

ھىراتقا كېچىسى يېتىپ كەلگەن مۇزەپپەر مىرزا ھەتتا يېگىلىش ۋە قېچىشتىمۇ ئاكىسى بىلەن مۇسابىقىلەشكەندەك ئىش قىلدى. ئۇمۇ شەھەر سىرتىدىكى باغى سەفىدتە بىرنەچچە سائەت توختاپ، دېمىنى ئېلىۋېلىپ ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدى-دە، دۈشمەنىنىڭ يېتىپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوردىغا كىرمىدى. ئانىسى ۋە خوتۇنلىرىنى قەلئە ئىچىدە قالدۇرۇپ، دەرۋازىلارنى ئېتىۋېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇمۇ "قامالدا قالساڭلار ئۆزەم كېلىپ قوتۇلدۇرىمەن!" دېگىنىچە ئاسترابادقا قاراپ قاچتى.

مىرزىلارنى ئويلىغىنىدىنمۇ ئاسان يەڭگەن شەيبانىخان شەھەردىن ئون بەش چاقىرىمچە شەرقتىكى كەھدىستان دېگەن ھاۋالىق ئوتلاققا چۈشۈپ شاھانە چېدىرلارنى تىكتۈردى.

خەدىچە بېگىم ھىراتتا بار مەنسەپدارلار ۋە قوغدىغۇچى ئەسكەر، سەركەردىلەرنى توپلاپ، قورغان دەرۋازىلىرىنى ئېتىشكە تۇرۇنۇپ كۆردى. ئەمما ئىككى ئاكا-ئۇكا پادىشاھتىن بىرەرسى ھىرات مۇداپىئەسىگە رەھبەرلىك قىلماستىن قېچىپ كەتكەنلىكى ھەممىسىنىڭ روھىغا يامان تەسىر كۆرسەتتى، قامال ئازابىنى ھېچكىم زىممىسىگە ئېلىشنى خالىمايتتى. خاننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھىراتنى ئۇنىڭغا جەڭسىز تاپشۇرۇشنى لايىق كۆرگۈچىلەر كۆپ ئىدى. ئاخىرى ھىرات شەيخۇلئىسلامى تەپتەزەنى بىرنەچچە نوپۇزلۇق كىشىلەرنى يېنىغا ئېلىپ ھىرات شەھىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قىممەت باھالىق سوۋغا-سالاملار بىلەن بىللە خانغا ئاپىرىپ تاپشۇردى.

كەھدىستاننىڭ ئارامبەخش باھار ھاۋاسىدا زور غەلىبىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يۈرگەن شەيبانىخانىمۇ ئەمدى جازىبىلىك بىر ئايال بىلەن قوشۇلغۇسى كېلەتتى. ئۇ ھىراتنىڭ ئەڭ داڭقى چىققان گۈزەل چوكىنى مۇزەپپەر مىرزىنىڭ يىگىرمە ياشلىق ئەتىۋارلىق خوتۇنى قارا كۆز بېگىم دەپ ئاڭلىغانىدى. تاشكەنتتە ۋە ئەنجاندا قارا كۆز بېگىم دەپ نام چىقارغان قىز-چوكانلار قانچىلىك چىرايلىق بولىدىغىنىنى خان ياخشى بىلەتتى. ھىراتلىق قارا كۆز-بېگىمنىڭ ئەسلىدىكى نامى باشقا بولسىمۇ قارا كۆزلۈك گۈزەللەر ئارىسىدا ئەڭ چىرايلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئىچىدە شۇ ئىسىم بىلەن تونۇلغانىدى.

شەيبانىخان دائىملىق ئادىتىنى قىلىپ، بۇ چوكانغا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقى ھەققىدە ئىسقا بىر غەزەل يازدى-دە، شائىر مۇھەممەد-سالىھنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، غەزەلنى بېگىمگە يەتكۈزۈپ بەردى.

مۇزەپپەر مىرزا نامەردلىك قىلىپ خوتۇنلىرىنى تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتكىنىدىن غەزىپى كەلگەن قارا كۆز بېگىم خانىنىڭ غەزىلىنى خۇش قوبۇل قىلدى. خەدىچە بېگىم باشلىق باشقا كېلىنلەر ھىراتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئىستىھكامى بولغان ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە كىرىپ بېكىنگىنىدە قارا كۆز بېگىم ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدى ۋە ئاتىسىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى چار بېغىغا كەتتى. كېيىن بېگىمنى ھامامدا يۇيۇندۇرۇپ، كېلىنلەردەك ياساندۇرۇشتى-دە، خان ئەۋەتكەن شاھانە مەپىگە سېلىشىپ، كەھدىستانغا ئېلىپ كېتىشتى.

كەچتە ھىراتنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە قازىسى مۇ خان قارارگاھىغا چاقىرىلدى.

بۈگۈن ئادەتتىكىدىن ياشىراق كۆرۈنۈۋاتقان شەيبانىخان شەرىئەت پېشۋالىرىنى مەھفۇرى گىلەم① سېلىنغان بارگاھتا قوبۇل قىلدى. خانىنىڭ يېنىدا تۇرغان موللا ئابدۇرەھىم قارا كۆز بېگىمنى بۈگۈن ئىمامى زامانغا نىكاھلاش ھەققىدە گەپ ئاچتى.

— بۈگۈنمۇ؟ — دەپ شەيخۇلئىسلام قازىغا ھودۇقۇپ قارىدى. قازى بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.

قارا كۆز بېگىم مۇزەپپەر مىرزىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئېرىنىڭ تاشلاپ كەتكىنىگە بەش كۈنمۇ بولمىدى. ھالبۇكى، بىر مۇسۇلماننىڭ نىكاھىدىكى خوتۇننىڭ ئىددىتى بولىدۇ. ئۈچ ئاي ئۆتمىگۈچە باشقا كىشىگە نىكاھلاش مۇمكىن ئەمەس. شەرىئەت بۇنى قەتئىي مەنئى قىلغان!

شەيخۇلئىسلام خانىنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى گىلەمنى سۆيۈپ،

---

① مەھفۇرى گىلەم — گۈللىرىگە شېئىري بېيىتلار قوشۇپ توقۇلغان نادىر يىپەك گىلەم.

شۇ توغرىدا سۆز باشلىغانىدى، خان ئۇنىڭ سۆزىنى كەستى:
— شەرىئەتنى بىزگە ئۆگەتمەڭ! بېگىمنى ھەزىلەك ئېرى بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن ئۈچ تالاق قىلغان. سىز ئۇچ ئاي دەيسىز! بېگىم تۆت ئاي بېشى ئوچۇق يۈرگەن! ئەجەبا، سىز، شەرىئەت پېشىۋالىرىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىسا؟!
خاننىڭ قەھرىدىن قورقۇپ كەتكەن شەيخۇلئىسلام ئاپئاق ساقىلىنى مەھفۇرى گىلەمگە سۈركەپ يەنە يەر سۆيدى:
— خەۋەردارمىز، ھەزرىتىم!
— خەۋەردارمىز! — دېدى قازىمۇ گىلەمنى سۆيۈپ.
ئۇلار مۇزەپپەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن ئاچچىق ئۇستىدە خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق كېيىن مىرزا خوتۇنى بىلەن ياراشقاندا شەيخۇلئىسلام بىلەن قازى بېگىمنى ئېرىگە قايتىدىن نىكاھلاپ بەرگەنىدى. لېكىن بېگىمنىڭ ئاۋۋالقى ياش ئېرى تىلغا ئېلىنغىنىدىن ئاچچىقى كېلىپ، سەۋر قاچىسى توشۇپ تۇرغان خانغا بۇنى ئېيتىش ئۆلۈمنى بوينىغا ئېلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.
شەرىئەت پېشىۋالىرى ئەمدى بۇ توغرىدا "غىڭ" قىلماستىن نىكاھ ئوقۇشقا ھازىرلىنىشتى...

* * *

سەللىسىگە لەئل ۋە گۆھەر بىلەن بىللە ئۈكىمۇ قادالغان شەيبانىخان كېچىسى بېگىمنىڭ خابگاھىغا تېز قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەتتى. خابگاھنىڭ سىرتقى بۆلۈمىدە خاننىڭ ھەرەمگە قارايدىغان قېرى بىكە①، ئىككى پىچۋېتىلگەن ھەبەش قول ۋە

① بىكە — ھەرەمگە قارىغۇچى ئايال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېگىمگە ئەگىشىپ كەلگەن ئىككى كېنىزەك نۆۋەتچىلىك قىلىپ قېلىشتى.

بىر چاغدا خابگاھ ئىشىكى غاچ قىلىپ ئېچىلدى-دە، تونىنى يېپىنچاقلىغان، بېشىدىكى ئاق شاپاق دوپپىسى بىر تەرىپىگە سىڭايان بولۇپ قالغان شەيبانىخان چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ رەڭگى-رويى ئۆچكەن، لەۋلىرى تىترەيتتى.

— بىھايا ئىكەن بۇ! بۇزۇلۇپ كەتكەنىكەن! يۈزى قېلىن!

ھەرەم بېكەسى بېگىمنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئالدىراپ-تېنەپ ئىچكىرىگە كىردى. ئورۇننىڭ چېتىدە يۈزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالغان گۈزەل چوكان ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

مەلۇم بولۇشىچە، قارا كۆز بېگىم ھىراتنىڭ كېيىنكى پادىشاھلىرى ياخشى كۆرىدىغان ۋە يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرى "غەلۋىرە" دەپ ئات قويغان شوخ بىر قىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللىك ئالتە ياشلىق خاننى قايىل قىلماقچى، بەلكى ئۇنىڭ ئىلھامىنى ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بىراق كۆپ قېتىم ئۆيلەنگەن، قانچە قىز-چوكانلار بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان خان ئۆمرىدە بۇنداق قىلىقلارنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇ ئاۋۋال ھودۇقۇپ قالىدۇ، كېيىن قارا كۆز بېگىمنىڭ ئاۋۋالقى ياش ئېرىنى ئەسلەيدۇ. بېگىمنىڭ بۇنداق قىلىقلارنى ئاۋۋالقى ئېرىگىمۇ قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ-دە، بىردىنلا كۆڭلى قايتىدۇ ۋە رەنجىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

بېگىم بۇ شوخلۇقنى خانغا يېقىش ئۈچۈنلا قىلغىنىنى، ھىرات ئىسىلزادىلىرى ئارىسىدا بۇنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى كېنىزەكلەر ھەرەم بېكەسىگە چۈشەندۈرىدۇ. بېگىمگە رەھمى كەلگەن ھەرەم

بېكەسى خانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئاچچىقىدىن قايتۇرۇشقا تىرىشتى:

— ھەزرىتىم، ئەيىب پەقەت بۇ بېگىمدە ئەمەس! ئەيىب ئۇنىڭغا شۇ قىلىقنى ئۆگەتكەنلەردە! ھىراتتا ھاياسىزلار كۆپ ئىكەن!

— بۇ شەھەر دىندىن چىققان رافىزىلار① ئۇۋىسى! — دېدى خانمۇ ئەمدى غەزىپىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەپ، — بۇ چوكانىنىڭ قېيىن ئانىسى خەدىچە بېگىم يۈزى قېلىنلارنىڭ ئەڭ چوڭى! ئەڭ ئاۋۋال شۇنى تۇتۇپ جازاسىنى بېرىش كېرەك!

شەيبانىخان خابگاھقا قايتا كىرمىدى. قارا كۆز بېگىمنى تەۋپىق ۋە ھايا يولىغا قايتۇرۇشنى ھەرەم بېكەسى بىلەن خاس قۇللارغا تاپشۇردى-دە، ئۆزى بارگاھقا ئورۇن سالدۇرۇپ ياتتى. ئەمما تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى ئەزاندا بارگاھتىن خىرگاھقا ئۆتتى-دە، لەشكەر بېشلىرىدىن ئەبەيدۇللا سۇلتاننى، مۇلازىملاردىن مۇھەممەد سالىھنى، موللا بىنائىينى ۋە مەنسۇر باخشىنى چاقىرتتى.

ئەڭ ئاۋۋال جىيەنى ئەبەيدۇللا سۇلتاننى سوراق قىلدى:

— ئىختىياردىدىن قەلئەسى ئېلىندىمۇ يوقمۇ؟

— خان ھەزرەتلىرى، بۈگۈن-ئەتە ئېلىنغۇسىدۇر!

— بىر بۇزۇق خوتۇن ئىتتىۋېلىپ ياتقان قەلئەنى شۇنچە لەشكەر بىلەن تېخىچە ئالالمايسەن! يا ئۆزەم بېرىپ ئالايمۇ؟

---

① رافىزىلار — ئىسلامنىڭ سۇننىي مەزھىپىدىن شىئە مەزھىپىگە ئۆتكەنلەر ۋە ئۇمۇمەن مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققانلار.

خانغا كېچىسى بىر بالا بولغىنىنى ھەممىسى سەزدى. يىگىرمە ياشلىق گەۋرى ئەبەيدۇللا سۇلتان چوڭ گەۋدىسىنى ئېگىپ، خانغا ئىككى پۇكلىنىپ تەزىم قىلدى:

— ھەزرىتىم، قەلئەنى بۇگۇنلا ئالىمىز. ھازىر مەن ئۆزەم بېرىپ ھۇجۇم قىلىمەن!

— ھۇجۇم قىلىمەن دەپ، لەشكىرىڭ دېھقانلارنىڭ زىرائىتىنى چەيلەپ كېتىپتۇ. بىز ھىراتقا مېھمان بولۇپ كەلگىنىمىز يوق! دېھقانىنىڭ ھوسۇلى ئۆزىمىزگە كېرەك! باغلارنىمۇ ئات باسمىسۇن! مېۋىسىنى ئۆزەڭ يەيسەن! سەن تۆمۈرىيزادىلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇت! شۇلارغا خىزمەت قىلىپ قۇتۇرغان شىئەلەرنى باس!

— بارلىق ئېيتقانلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمىز، ھەزرىتىم!

ئەبەيدۇللا سۇلتان كېتىشكە تەييارلاندى. شۇ چاغدا شەيبانىخان:

— ئەگەر قەلئەنى بۇگۇن ئالىدىغان بولساڭ، مەنسۇر باخشىنىمۇ ئېلىپ كەت! — دېدى، — بۇ باخشى يەنە بويتاق يۈرۈپتۇ. بۇنىڭغا خوتۇن چىدىمايدۇ. خەدىچە بېگىم شۇنىڭغا ئوخشىغان زور بىر ئەر تاپالماي يۈرگەنمىش. قەلئەنى ئالساڭ، ئاشۇ خوتۇننى مەنسۇر باخشىغا نىكاھلاپ بېرىسەن!

سەمرىپ، ئاۋۋالقىدىن بەتتەر يوغىناپ كەتكەن ئوتاقتەك چوڭ مەنسۇر باخشى:

— ئايلىناي سىزدىن، خان ھەزرەتلىرى! — دېدى، — سەمەر-قەندتە نىكاھلاپ بەرگەن زوھرە بېگىمىڭىز ئۆلگەندىن بۇيان بويتاقلىق جېنىمغا تېگىپ يۈرگەندى!

— لېكىن سەن باخشى ھەدەپ نەپسىڭنى ئويلاۋەرمە! — دېدى خان، — ھىراتنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقلىرى خەدىچە بېگىمنىڭ

قولىدا. ماڭا ئاخباراتى كەلگەن، بۇ خوتۇن ئالتۇندىن گۈل ياساتقانىمىش، يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتىن ئىمىش، گۈلگە قونۇپ تۇرغان بۇلبۇلنىڭ ئاغزىدا گۆھىرى بار ئىمىش.

— خان ھەزرەتلىرى، بۇلارنى مەن سىزگە تاپتۇرۇپ بېرەي مەن! — دېدى مەنسۇر باخشى، — خەزىنىسىمۇ سىزنىڭكى! ماڭا ئۆزى بولسا بولدى!

بۇ شوخ گەپلەردىن كېيىن، شەيبانىخانىنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى-دە، ئەبەيدۇللا سۇلتان بىلەن مەنسۇر باخشىغا كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى. مۇھەممەد سالىھ بىلەن مەۋلانا بىنائىي خاننىڭ ئۇدۇلىدا ھامان قول قوشتۇرۇپ، جىم ئۆرە تۇرۇشاتتى. قىزىل كىمخاب كۆپە ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان خان مۇھەممەد سالىھقا قاراپ:

— سەن، شائىر، نوقۇل ھىراتنى ماختايتتىڭ، — دېدى، — ھىراتنىڭ ھاياسىنى يوقاتقان، يولدىن چىققانلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنغۇ!

مۇھەممەد سالىھ خاننىڭ بېشىغا كېچىسى قانداق ئىش چۈشكەنلىكىنى ئاللىقاچان بايقىغانىدى. شەيبانىخانىنىڭ ھازىر قىرىلىق زەئىپلىككە چارە تاپالماي ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىمۇ سېزىلىپ تۇراتتى.

مۇھەممەد سالىھ ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەنلىكى ئۈچۈن گېپىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— ھەزرىتىم! ھىراتنىڭ ئەخلاقىنى تۆمۈرىيلەر بۇزغان. سىز تۆمۈرىيلەرنى جەڭدە جىسمانىي جەھەتتىن يەڭدىڭىز. ئەمدى ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يېڭىۋاتىسىز! ئىمامى زامانىمىزنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن پاكلىقى ھىراتلىقلارغا ئىبرەت بولۇشى كېرەك.

— گەپكە چېچەنسەن! لېكىن ھىراتنىڭ ئەخلاقىنى شائىرلارمۇ بۇزغىنىنى نېمىشقا ئېيتمايسەن! تۆمۈرىيلەرنى ماختاپ ھاياسىز شېئىرلارنى يېزىپ، لېكەن-لېكەن ئالتۇن ئالغان شائىرلارنىڭ بولمىغانمۇ؟

— بولغان، خان ھەزرەتلىرى. مانا، مەۋلانا بىنائىينى ھىراتتىن ئەنە شۇنداق شائىرلار كەتكۈزۋەتكەن؟

شەيبانىخان مەۋلانا بىنائىيغا قارىدى:

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ھەزرىتىم! — دېدى بىنائىي تەزىم بىلەن.

— ئۇنداق بولسا مەۋلانا بىنائىي ئادالەت قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ يامان شائىرلاردىن ئىنتىقامىنى ئالسۇن! — دېدى خان، — بىزنىڭ غالىب نەۋكەرلىرىمىزدىن ئەللىك-ئاتمىشنى مەۋلانىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىڭ، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئالتۇنىدىن قۇتراپ يۈرگەن شائىرلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسۇن! بارلىق ئالتۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇڭ! كېيىن بۇ شائىرلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئىنساپ-تەۋپىق ۋە ھايا يولىغا قايتىشى ئاسان بولىدۇ!

مەۋلانا بىنائىي تەشۋىشلىنىپ مۇھەممەد سالىھقا قارىدى ئۇ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىگە ئەلەم قىلغان بەزى ھىرات شائىرلىرىنى ھەرقانچە يامان كۆرسىمۇ، لېكىن يېنىغا ئەسكەر ئېلىپ، بىراۋنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشنى، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەيتتى. بىراق بۇنى خانغا توغرىدىن توغرا ئېيتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ھەزرىتىم، شۇنداق ئۇلۇغ ۋەزىپىنى پېقىرگە ئىشىنىپ

تاپشۇرغان نىيىتىڭىزدىن مىننەتدارمەن!... پەقەت بىر ئەندىشەم بار.

— خوش؟

— ھەزرىتىم، مەن ئۆمرۈمدە قىلىچ چاپمىغان قېرى ئادەممەن. يېشىم ئەللىكتىن ئاشقان. بۇ ئالىي بۇيرۇقىڭىزنى جەڭگىۋار بەگ شائىر مۇھەممەد سالىھ جانابلىرى پېقىردىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بېجىرىدۇ! پېقىر بۇ جانابقا كۆچۈم يەتكىنىچە ياردەم قىلاي!

مۇھەممەد سالىھ بۇ ئىشنى ئۆزىگە يولاتقۇسى كەلمىدى:

— مەۋلانا، مەن ھىرات شائىرلىرىنى سىزچىلىك ياخشى بىلمەيمەن!

بۇيرۇقى سەن سالا ـ مەن سالا بولۇۋاتقىنىنى سەزگەن شەيبانىخان كۆزلىرى دەھشەتلىك پارقىراپ، بىنائىيگە تىكىلدى.

— ئات ئىنئام قىلدۇق، مىندىڭىز. تون ئىنئام قىلدۇق، كىيدىڭىز. تەمىنات بەردۇق، ياق دېمىدىڭىز. ئەمدى ئىش بۇيرۇساق، ياق دەمسىز؟!

باشقا ئېتىرازغا ئورۇن قالمىدى. ئالتە يىلدىن بۇيان خان خىزمىتىدە يۈرگەن بىنائىي ئۇنىڭ ھازىرقى بۇيرۇقىنى بېجىرىشكە مەجبۇر ئىدى...

* * *

شەيبانىخاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى — ئاتمىش بەش ياشلىق موللا ئابدۇرەھىم ھىرات ئەللامەلىرىدىن ئالتۇن ئوندۇرۇشنىڭ باشقا بىر يولىنى ئويلاپ تاپتى. ھىرات ئەتراپلىرىدىن غالىبلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئولجىلار ئارىسىدا توپ ـ توپ قويلارمۇ بار ئىدى. موللا ئابدۇرەھىم شۇ قويلاردىن ئاتمىشىنى ھىراتنىڭ قىپچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرۋازىسى سىرتىدىكى بازارغا ھەيدەپ كىرىشنى خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇدى. كېيىن شەھەرگە بىر توپ نەۋكەر ئەۋەتىپ، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە مەشھۇر بولغان خاندەمىرنى، بابىرغا يېقىنلىقى بىلەن تونۇلغان مەۋلانا پەزلىددىننى، ھۇسەين بايقاراغا ئاتاپ شېئىر يازغان "كوسا" لەقەملىك شائىر سۇلتان مۇھەممەدنى، يەنە شۇلارغا ئوخشاش بەش-ئالتە كىشىنى قوي بازىرىغا مەجبۇرەن ئەكەلدۇردى. كېيىن موللا ئابدۇرەھىمنىڭ ئۆزىمۇ بىر توپ مۇلازىملىرى بىلەن بازارغا شوخ بىر ئارغىماقنى مىنىپ كىرىپ كەلدى. مۇلازىملاردىن بىرى پىيادە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان خاندەمىرگە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا شۇنداق دېدى:

— سۇدۇرلار سەدرى① نىزامىددىن ئابدۇرەھىم ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ بۇ قويلىرىنى پەقەت سىلەرگە ساتماقچى!

خاندەمىر شېرىكلىرىگە "مۇشۇنىڭ بىلەن قۇتۇلساق بولاتتىغۇ!" دېگەندەك قىلىپ قارىدى-دە، كېيىن سۇدۇرلار سەدرىگە تەزىم قىلدى:

— بەجانىدىل ئالىمىز. نەرخىنى ئېيتسىڭىز.

مۇلازىم ئاۋازىغا تەنتەنىلىك تۇس بېرىپ دېدى:

— بۇ قويلار — سۇدۇرلار سەدرى دەم سالغان تەۋەررۇك قويلار. سىلەر تۆمۈرىيلەر خىزمىتىدە ھارامخورلۇققا ئۆگىنىپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەم سىلەر. بۇ قويلارنى سويۇپ يەپ گۆشلىرىڭلارنى پاكلىشىڭلار كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قويلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ نەرخى ئالتە يۈز دىنار!

---

① سۇدۇرلار سەدرى — دىنىي ئىشلار ئەمەلدارى.

ئالته يۈز دىنارغا بىر ئەمەس، يەتتە-سەككىز قوي ئېلىش مۈمكىن ئىدى. بىراق قويلارنى سۈدۈرلار سەدرى ئېيتقان نەرخ بويىچە ئالماسلىق ئۈنىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ۋە شەپقەتسىز جازاغا گىرىپتار بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

پۈلدىن قىينىلىپراق يۈرگەن موللا پەزلىددىن ئەنسىرەپ سورىدى:

— جانابلار، يېقىندا جان ئالغۇچى تۆلىگەن ئىدۇقغۇ؟

شائىر مۇھەممەد سۇلتان ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— مەۋلانا، بۇكەم ئۇچرايدىغان قويلارغا ھەزرىتىمىزنىڭ مۇبارەك نەزىرى چۈشكەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى جان ئالغۇچى ئەمەس، بەلكى ئىمان ئالغۇچىدۇر!

موللا ئابدۇرەھىم ئىستىھزانى بايقاپ قەھرى كەلدى ۋە نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇدى:

— بۇلارنىڭ ھەربىرىگە قويلاردىن ئوندىن-ئوندىن قوشلاپ بېرىڭلار! بۇلارنى تۆمۈرىيلەرنىڭ ئالتۇنى قۇتراتقان! ھەممىسىنىڭ دىمىقى ناھايىتى ئېگىز! بۇلارنى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك. قويلارنى ئۆيلىرىگىچە ئۆزلىرى ھەيدەپ كەتسۇن! ھېچكىم ھەيدەشمىسۇن! ئۆيلىرىگىچە بىللە بېرىپ پۇللىرىنى ئۆندۈرۈپ كېلىڭلار! قايسىبىرى بۇيرۇقنى ئورۇندىمىسا مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلاڭلار!

نەۋكەرلەر بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كىرىشتى.

ھىراتتا كۆپچىلىك تونۇيدىغان شائىر، ئالىم ۋە مېمار ئىسسىق كۈندە ھاسىرىشىپ، چاڭ-توپىغا بىر كەلگەن كوچىلاردىن قوي ھەيدەپ كېتىشتى. كېيىن بۇ "تەۋەررۈك" قويلارنىڭ پۇلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەرز-قۇرز قىلىشىپ بولسىمۇ تۆلەپ قۇتۇلدى.

* * *

ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ بىر يېرىم مىڭ نەۋكىرى ئۇن كۈندىن بۇيان ئىختىيارىدىن قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا مىدىرلىشاتتى. ئەمما ئۇقمۇ، شوتىمۇ يەتمەيدىغان ئېگىزلىكتىكى قەلئەنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمايتتى. تۆمۈر دەرۋازىلارغا توپتىن ئوق ئېتىپ بېقىشتى، بولمىدى. كېيىن يەر تېگىدىن لەخمە قېزىشقا چۈشۈشتى.

شۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھىرات ھازىر بىرقەدەر تىنجىپ قېلىۋاتاتتى. مۇسادىرە قىلىنىدىغان خەزىنىلەر بوشاپ قالغان، تالىنىدىغان مال-مۈلۈكلەر تالىنىپ بولغانىدى.

شەيبانىخان كەھدىستاندىن باغى جاھانئاراغا كۆچۈپ كېلىپ، ھىراتنىڭ مەشھۇر سەنئەتكارلىرىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتتى. سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مۇھەممەد سالىھ ۋاستىچى بولۇپ، بېھزادنى خان بىلەن بىر-ئىككى قېتىم ئۇچراشتۇردى. خاننىڭ مەسلىھەتچىسى موللا ئابدۇرەھىم رەسىم سىزىشنى شىئەلەر ۋە رافىزىيلارنىڭ ئىشى دەپ يامان كۆرسىمۇ، شەيبانىخان بېھزادنىڭ رەسىملىرى ھۈسەين بايقارانى قانچىلىك مەشھۇر قىلغىنىنى بىلەتتى، بۇ رەسسامنىڭ ئىستېداتىدىن ئۆز شۆھرىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشنى خالايتتى.

بېھزادقا شەيبانىخاننىڭ سۈرىتىنى سىزىش تاپشۇرۇلدى. رەسسامنىڭ ئىلتىماسى بىلەن خاننى قىپقىزىل كىمخاب كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كەينىگە قارا مەخمەل ياستۇق قويدى، بېلىگە ئىنچىكە ئالتۇن كەمەر باغلاتتى، ئالدىغا ئالتۇن مۇقاۋىلىق كىچىك دەپتەر، قەلەم ۋە سىيا قويدى. ئوتتۇز يىلدىن

بۇيان رەسساملىق قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان پادىشاھلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى بىلىدىغان بېھزاد شەيبانىخانغىمۇ پەقەت ماختاش ياقىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بايقىغانىدى:

— ھەزرىتىمنى ئارغىماق ئات ئۈستىدە قىلىچ يالىڭاچلىغان قىياپەتتە تەسۋىرلىشىم مۇمكىن. بىراق ھازىر سىزنىڭ ئەڭ زور لەشكەر بېشى ئىكەنلىكىڭىز ھەممىگە مەلۇم. ئەمما ئالەم ئەھلى سىزنىڭ كۆپ يىل مەدرىسلەردە ئوقۇغان پازىل ئىنامى زامان ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ سۈرەتتە كۆرۈشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن پېقىر سىزنى مۇقەددەس كىتاب ۋە ئالتۇن قەلەم بىلەن تەسۋىرلىمەكچىمەن!

— ماقۇل، — دەپ خان بۇنىڭغا رازىلىق بەردى.

سۈرەت تەييار بولغاندىن كېيىن شەيبانىخان، مۇھەممەد سالىھ ۋە باشقا بىرنەچچە مۇلازىملار بېھزاد ئىشلىگەن خانىغا توپلىنىشتى. موللا ئابدۇرەھىم رەسساملىق كېيىن خانىغا قارىدى-دە، ھەيران بولۇپ:

— ھەزرىتىمنىڭ خۇددى ئۆزىگۇ! — دېدى.

سۈرەتتە شەيبانىخانىنىڭ كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەنلىكى كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوياقلار بېھزادقا خاس ئۇلۇغ بىر ماھارەت بىلەن تاللانغانىدى. ئاددىي ئادەم سۈرەتتىن ھېچبىر كەمچىلىك تاپالمايتتى، بېھزاد خاننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن تەسۋىرلەپتۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن مۇھەممەد سالىھ خاننىڭ تېگىدىكى كۆرپىنىڭ رەڭگى قىپقىزىل قان رەڭگىدە ئىكەنلىكىنى سەزدى. خان كۆرپە ئۈستىدە ئەمەس، گويا قان دەرياسى ئۈستىدە ئولتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غانغا ئوخشايتتى. خاننىڭ بېلىگە باغلانغان ئىنچىكە ئالتۇن كەمەرنىڭ ئۇچى ئالماشتۇرۇلغان ئاياغلار تېگىدىن خۇددى قارامتۇل باشلىق سېرىق يىلانغا ئوخشاش يۆگىلىپ چىقىپ تۇراتتى. خان يۆلەنگەن قارا ياستۇقمۇ قارا كۈچلەرنىڭ تەمسىلىگە ئوخشايتتى.

شەيبانىخاننىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەردار بېھزاد ئۇرۇش-جەڭنى يوشۇرۇن ئەسلىتىدىغان بۇ بوياقلار بىلەن نېمىلەرنى دېمەكچى بولغىنىنى مۇھەممەد سالىھ بايقىدى-دە، قورقۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇ سەزگەن مەنىنى خان سېزىپ قالسا، بېھزادمۇ ئامان قال-مايدۇ، ئوتتۇردا ۋاستىچى بولغان مۇھەممەد سالىھمۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆرەتكە ئۈنچىقماي تىكىلىپ تۇرغان شەيبانىخاننىڭ پىكرىنى خەتەرلىك ئۇرۇش-جەڭ مەنىسىدىن يىراقلاپ ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇندى.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئىمامىي زامان خان ھەزرەتلىرىنىڭمۇ يېشىل رەڭنى ياقتۇرۇشىنى رەسسام توغرا بايقاپتۇ. قاراڭ، ھەزرىتىمنىڭ كۆڭلەكلىرى يېشىل رەڭدە. يۆلەنگەن تاملىرىمۇ يېشىل.

— بۇسىغۇ بوپتۇ، — دەپ خان ئەمدى ئاغزىنى ئاچتى، — لېكىن... بىز مەۋلانا بېھزادنىڭ باشقا رەسىملىرىنىمۇ كۆرگەنىدۇق...

شەيبانىخان بېھزاد تەسۋىرلىگەن شىر تەخلىتىدىكى ھۈسەين بايقارانى ئەسلىدى. ھۈسەين بايقارانىڭ سەپەرگە چىققان ۋاقتىنى تەسۋىرلىگەن باشقا بىر رەسىمدە گويا بۇلۇتلارمۇ، ئاسمانمۇ، ھەتتا تاغۇتاشلارمۇ پادىشاھنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇ كېتىۋاتقان تەرەپ-كە كېتىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرسىتىلگەنىدى. تۆمۈرىيلەرنى بۇنچىلىك

ئۇلۇغلىغان بېهزاد شەيبانىخانىنى ئاددىي بىر ئادەم قىلىپ تەسۋىرلە-گەنگە ئوخشايتتى. خان سۈرەتنى كۆرگەندە كۆڭلىدە قوزغالغان مۇرەككەپ تۇيغۇلارنى ئىپىتىشقا مۇناسىپ سۆز تاپالمىدى-دە، بېهزاتقا قاراپ:

— يۇڭ قەلەمنى ماڭا بېرىڭ! — دېدى.

خاننىڭ ئۇزايىنىڭ يامانلىقىنى ھەممەيلەن سەزدى. بېهزاد مەخ-سۇس قەلەمداندا ھەر خىل بوياقلار بىلەن بىللە تۇرغان يۇڭ قەلەم-لەرنى خانغا تەزىم بىلەن سۇندى. شەيبانىخان قارامتۇل بوياققا پاتۇرۇپ قويۇلغان يۇڭ قەلەمنى ئالدى. ئۇ باھاردا مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن پەيتلىرىدە سۈرەت سىزىشنىمۇ ئازراق مەشىق قىلغان، يۇڭ قەلەم تۇتۇشنى سەل-پەل بىلەتتى. بېهزاد سىزغان سۈرەتتە شەيبانىخاننىڭ ساقال-بۇرۇتى ھەددىدىن تاشقىرى قىسقا ۋە شالاڭ كۆرسىتىلگەن، خاننىڭ نەزىرىدە، تەسۋىر شۇنىڭ ئۈچۈن ئاددىيلىشىپ كەتكەنگە ئوخشايتتى.

— ساقالنى تۈزۈكرەك سىزىش كېرەك! — دەپ شەيبانىخان ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە — قولاق تەرىپىدە ناھايىتى شالاڭ كۆرسىتىلگەن ساقالنى بىرئاز قويۇقلاشتۇرماقچى بولدى. ئەمما يۇڭ قەلەمدە بوياق كۆپرەك ئىكەن، قولاق ئالدىدىكى ساقال بىردىنلا كېڭىزدەك قېلىنلىشىپ كەتتى. بېهزادساق چىشى سوغۇرۇپ ئېلىنىۋاتقان ئادەمدەك:

— ئۇھ! — دېدى.

ئەمما مۇھەممەد سالىھ بېهزادنىڭ بىلىكىدىن مەنىلىك قىلىپ قىستى-دە:

— ئو! ئو! ھەزرىتىمنىڭ يۇڭ قەلەم تەككۈزۈشى بىلەن سۈرەتكە

يەنە پەيزى كىردى! ــ دىدى.

ئۇ بىھزادنى پالاكەتتىن پەقەت خاننى ماختاپ قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ شۇنداق دېمەكتە ئىدى. ئۇ بۇنى بىھزادقىمۇ سەزدۇرگۇسى كېلىپ:

ــ مەۋلانا، تارىخي بىر ھادىسە يۈز بەردى! ــ دىدى، ــ سىز سىزغان سۈرەتكە ئىمامىي زامان، ئىسكەندەربي سانىي ئۆزىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى تەگكۈزدى! بۇنى ئادەملەر ئەسىرلەر داۋامىدا بىر-بىرلىرىگە ئېيتىپ يۈرگۈسى!

بىھزاد خاننىڭ قىلغان ئىشىنى سەنئەتكارغا ئەخمىقانە خوجايىنلىق قىلىشنىڭ نەمۇنىسى دەپ بىلمەكتە ئىدى. "شۇ مەنىدە ھەقىقەتەن بۇنى تارىخ ئۇنتۇماس، ئادەملەر بىر-بىرىگە كۈلۈپ ئېيتىپ يۈرۈشەر"، دېگەن پىكىر بىھزادنىڭ خىيالىغا ئەمدى كەلدى. مۇھەممەد سالىھنىڭ رەسمدىكى ئۇرۇش-جەڭ مەنىسىنى ئالىلقاچان بايقىغىنىنى، ئەمدى خاندىن بالاغا قالماسلىق ئۇچۇن ئاتايىن شۇ سۆزلەرنى ئېيتقىنىنى بىھزاد چۈشەندى-دە، ئىچكى بىر ئىستىھزا بىلەن خانغا تەزىم قىلدى:

ــ قۇلىڭىز سىزغان سۈرەتكە خەلىفەئى زامانىمىزنىڭ نەزىرى چۈشكەنلىكىدىن بىشىم كۆككە يەتتى.

ــ بارىكاللا! ــ دەپ خان ئۇنى ئەمدى ماختىدى.

خاننىڭ قولى بىلەن قوشۇلغان ساقال قۇلاق يېنىغا يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان بىر پارچە سەنسەن تېرىگە ئوخشايتتى. بىھزاد ئىچىدە "خوپ بولدى!" دىدى-دە، خان بۇ ساقالنى قانداق خۇنۇك چاپلىغان بولسا، شۇ پېتى قالدۇردى.

## 6

خەدىچە بېگىم كىرىپ بېكىنگەن ئىختىيارىددىن قەلئەسى ئەبەيدۇللا سۇلتاننى ئۇن يەتتە كۈن ئاۋارە قىلدى. ئاخىر، قەلئە تېمىنىڭ ئات بازىرىغا تۇتاشقان ناچارراق بىر جايىنى تېگىدىن لەخمە كولاپ، دورا بىلەن پارتلىتىپ بۆزۈپ كىرىشتى. قەلئەنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەللىك-ئاتمىش يىگىتنىڭ بىرى قالماي قىرىپ تاشلاندى. قولغا چۈشكەن قىز-چوكانلار غالىب قوشۇنىنىڭ بەگ ۋە نەۋكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈلدى.

خەدىچە بېگىمنىڭ ئۆزى ھەرەمنىڭ قاتمۇقات ئىشىكلىرىنى كەينىدىن تىرەك بىلەن تاقىتىپ، ئەڭ تۆردىكى بىر ھۇجرىدىغا كىردى-دە، يېنىدا قالغان كېنىزەكلەرگە بۇيرۇدى:

— تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىملىرىمنى كەلتۈرۈڭلار!

ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى ھەرەمنىڭ ئىچىدىن تىرەك قويۇپ تاقالغان ئىشىكلەرنى بۇزۇپ كىرگۈچە خەدىچە بېگىم چوڭ گۆھەر قادالغان بىنەپشە رەڭ دوپپىسىنى بېشىغا كىيىپ، ياسىنىپ، ئاخىرقى ئىشىكتىن ئۆزى چىقىپ كەلدى. ئالتۇن ئارىلاش يىپەكتىن توقۇلغان چاپىنى كۆزنى قاماشتۇراتتى. قەددىنى تىك تۇتۇپ كېلەۋاتقان گەۋدىلىك ئايال مەلىكىلەرگە خاس ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئالدىرماي ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا قىلىچ يالىڭاچلىغان، ھاسىرىغان نەۋكەرلەر ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. خەدىچە بېگىم بېشىنى مەغرۇر تۇتۇپ يېقىن كەلگەندە نەۋكەرلەر ئىختىيارسىز ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. بېگىم ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنى سورىدى.

نەۋكەرلەر ئۇنى ھويلىدا ئاتلىق تۇرغان ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقتى. تېخى كېنىزەكلەر مۇھاپىزىتىدە كېلىۋاتقان بېگىم يەڭگىل بىر تەزىم بىلەن ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

— سۇلتان جانابلىرى، تەقدىر شۇنداق ئىكەن، بىز تەسلىم بولدۇق. ئەمدى مەن شەيبانىخان ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا يوللىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن!

ئەبەيدۇللا سۇلتان بەگلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مەنسۇر باخشى بىلەن مەنىلىك كۆز قىسىشىپ ئالدى-دە، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— خان ھەزرەتلىرى بېگىمگە ئېيتىدىغان گەپلىرىنى بىزگە ئېيتىپ ئەۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا قۇلىقىمىز سىزدە، سۇلتان جانابلىرى!

ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ بەگلىرى ئارىسىدا ئاق سەللىلىك بىر ئىشانمۇ بار ئىدى. ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئىشارىتى بىلەن مەنسۇر باخشى ۋە ئىشان ئاتتىن چۈشتى. مەنسۇر باخشى زەرياقلىق تون، قىزىل ئۆتۈك كىيىپ، كۆيئوغۇلدەك ياسىنىپ كەلگەنىدى. يىگىتلەر-دىن يەتتە-سەككىزى ئۇنىڭ ئەتراپىنى يىگىت قولداشلىرىدەك ئوراپ ئېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبەيدۇللا سۇلتان خەدىچە بېگىمگە قارىدى:

— ئىمامى زامانىنىڭ پەرمانى بىلەن سىز بۈگۈن مەنسۇربەگنىڭ نىكاھىغا ئۆتىسىز!

— بېگىمنىڭ ئۆزىمۇ بىلگەندەك ياسىنىپ چىقىپتۇ! — دەپ كۈلدى مۇلازىملاردىن بىرى.

خەدىچە بېگىم قاپقارا، يوغان مەنسۇر باخشىنىڭ چوقۇر يۈزىگە

قارىدى-دە، قورققۇسى كەلدى.

— مەن... مەن خان ھەزرەتلىرى بىلەن ئۆزەم سۆزلىشمەن!

— خاننىڭ سىز بىلەن سۆزلىشىشكە ۋاقتى يوق!

— مەنمۇ پادىشاھ ئائىلىسىدىنمەنغۇ! بۇ قانداق خورلۇق؟!

— سىز رافىزىيلار ئائىلىسىدىن! رافىزىيلارنى جازالاش — ساۋاب!

— سۇلتان جانابلىرى، سىزنىڭمۇ مەندەك قىزى ئانىڭىز باردۇر. ھېچ بولمىسا ئائىلىقىمنى ھۆرمەت قىلىڭ!...

— مېنىڭ ئانام سىز قىلغان رەزىللىكلەرنى قىلغان ئەمەس! قايسى ئانا ئۆز نەۋرىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ؟! سىز نەۋرىڭىز مۆمىن مىرزىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان قانخورلاردىنسىز!

خەدىچە بېگىمنىڭ بايىقى ئۇلۇغۋار ۋە مەغرۇر قىياپىتى ئەمدى بىردىنلا بىچارە تۇسكە كىردى، قەددى مۈكچىيىپ، قوللىرى پولاڭ-لاپ قالدى.

ئەبەيدۇللا سۇلتان نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇدى:

— ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىڭلار. ئەمدى بۇنىڭ كۆزىنى مەنسۇر باخشى ئاچسۇن!

خەدىچە بېگىمنىڭ بوشىشىپ گويا تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى ئىككى كېنىزەك ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

نىكاھ ئوقۇلۇپ، مەنسۇر باخشى كېنىزەكلەرنى ھەرەمدىن چىقىرىۋەتتى-دە، خەدىچە بېگىم بىلەن يەككە-يېگانە قالدى.

كېچە جىمجىتلىقىدا قانداقتۇر مىسلىسىز قىيناشلاردىن چىرقىرىغان بېگىمنىڭ پەريادى ھەرەم ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

يېرىم كېچىدە مەنسۇر باخشى ئارانلا ئۆرە تۇرغان خەدىچە بېگىمنى ئالدىغا سېلىپ، ھەرەمدىن چىقتى. ئىككىسى ئايدىڭ قەلئەنىڭ بىر چېتىگە قاراپ كېتىشتى.

— ئالتۇن گۈل، — دەپ پىچىرلىدى مەنسۇر باخشى، — ئالتۇن بۇلبۇلى بار، ئاغزىدا گۆھىرى بار. مانا شۇنى تېپىپ بەرمىسەڭ، ھازىرقىدىن بەتتەررەك قىلىمەن. تاپ چاپسانراق!

ھازىر جېنىدىن باشقا نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتقان خەدىچە بېگىم مەنسۇر باخشىنى قورغان چېتىدىكى يوشۇرۇن خەزىنىگە باشلاپ كەلدى. يەر ئاستىدىكى بۇ خەزىنىگە سالقىن سۇ ساقلىنىدىغان سەردابەنىڭ[1] چېتىدىكى مەخپىي يولدىن كىرەتتى. مەنسۇر باخشى قولىدا ياندۇرماستىن ئېلىپ كېلىۋاتقان مەشئەللەرنى يەر ئاستىغا چۈشكەندە ياقتى.

يەر ئاستىدا بەش-ئالتە تۆمۈر ساندۇق قاتار تۇرۇپتۇ. خەدىچە بېگىم مادارسىز قوللىرى بىلەن ئۇلارغا بىر-بىرلەپ ئاچقۇچ سېلىپ، ئېچىپ كۆردى. ئىككىسىدە كۈمۈش تەڭگىلەر، بىرسىدە ئالتۇن تەڭگىلەر، بىرسىدە قىلىچ ۋە خەنجەرلەرنىڭ ئالتۇن دەستىلىرى. يەنە بىر ساندۇقتا ئاياللارنىڭ قىممەت باھا زىننەت بۇيۇملىرى. مەنسۇر باخشىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇ بايلىقلارغا بىر-بىرلەپ قول تەگكۈزۈپ كۆردى-دە:

— ئالتۇن گۈل قېنى؟ — دېدى، — يوپۇرماقلىرى زۇمرەت گۈل قەيەردە.

يەر ئاستىنى ئۇڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتسىمۇ بۇ گۈل تېپىلمىدى.

---

① سەردابە — سالقىن سۇ ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىلغان كۆلچەك.

خەدىچە بېگىم:

— ۋاھ! — دېدى مۇسىبەتلىك ئاۋاز بىلەن، — ئەڭ ئىشەنگەن ئادەملىرىممۇ ماڭا خىيانەت قىپتۇ، گۈلنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ! كېيىنكى ئىجاتلىقىممۇ ئوغرىلىنىپتىمەن! ئاھ!

— سەن ئاھ-ۋاھ دەپ، ھۆسەين بايقارانى ئالداپ ئۆگەنگەن. لېكىن مېنى ئالدىيالمايسەن. تاپ گۈلنى! قېنى، قەيەرگە يوشۇرغانسەن؟

— مانا مۇشۇ چەتتىكى ساندۇقتا ئىدى...

— يالغان! سەن ئۇنى باشقا جايغا يوشۇرغانسەن! كۆرسەت ئاشۇ جاينى!

مەنسۇر باخشى خەدىچە بېگىمنى پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا — سەردابە بويىغا ئېلىپ چىقتى.

— مېنى ئالدىيالمايسەن! كۆرسەت!

— مەن سىزنى ئالدىغىنىم يوق! ئۆزەم ئالداندىم! مېنىڭ پەيمانەم تولغىنى راست ئىكەن! مېنى ئوغلۇم ئالداپ كەتتى! مۇزەپپەر مىرزىنى دەپ مەن نېمىلەرنى قىلمىغاندىم! ئاقىۋەتتى مۇشۇ بولدى! مېنى بۇ قىيناشلارغا ئوغلۇم تاشلاپ كەتتى! ئوغلۇم!!

— لېكىن سەن ئالتۇن گۈلنى ئوغلۇڭغىمۇ بەرمىگەنسەن! ئۇنى ئۆزەڭ يوشۇرغانسەن! خان ھەزرەتلىرى ماڭا ئېيتتى. "گۆھەر دانىسىنى چىشلەپ تۇرغان بۇلبۇلى بار" دېدى. مەن بۇ گۈلنى ئالتۇن بۇلبۇلى بىلەن خانغا ھەدىيە قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلغان، تاپ ھازىر!

— ئوغرىلاتقان تۇرسام قانداق تاپىمەن؟!

— تاپالمىسەن تېخى؟ تاپالمىسەن؟! مانا تاپىمساڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىۋىدەك زور مەنسۇر باخشىنىڭ بىر مۇشتى بىلەن خەدىچە بېگىم سۇيى مۇزدەك سەردابىگە پالاقلاپ يىقىلىپ چۈشتى. مەنسۇر باخشى ئۇنى چېچىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى-دە، ھەرەمگە قاراپ سۆرەپ كەتتى.

بۇ قىيناشلار ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، ئەمما ئالتۇن گۈل تىپىلمىدى. تۆتىنچى كۈنى كېچىسى خەدىچە بېگىم مەنسۇر باخشىنىڭ ھۇجرىسىدا جان ئۈزدى.

7

"مېنىڭمۇ پەيمانەم تولغانمىدۇ؟" دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي شەيبانىخاننىڭ خىيالىغا مۇرغاب دەرياسىنىڭ بويىدا تۇساتتىن شاھ ئىسمائىلنىڭ قوشۇنلىرى قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان پەيتىدە كەلدى.

قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، قار ئۇچقۇنلاپ تۇرغان بۇ تۇتۇق كۈندە شەيبانىخان مۇرغاب بويىغا شاھ ئىسمائىل سەپەۋىينى تەقىپ قىلىپ بېرىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە سائەتلا ئاۋۋال شاھ ئىسمائىل بارلىق قوشۇنى بىلەن مەرۋ قورغىنىدىن ئارقىغا چېكىنگەن ۋاقتىدا شەيبانىخان ئۆزىنىڭ يەنە زور غەلىبىگە ئېرىشىشىگە مۇتلەق ئىشەنگەنىدى. چۈنكى مەرۋ قورغىنى ئىچىدە شەيبانىخاننىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈچ ساقلاپ تۇرغان ئون بەش مىڭ قوشۇنى بار ئىدى. خانغا كەلگەن ئېنىق ئاخباراتلارغا قارىغاندا، شاھ ئىسمائىلنىڭ مەرۋ قورغىنىنى قامال قىلىپ، قىش سوغۇقىدا قاترىشىپ يۈرگەن قوشۇنى ئون ئىككى مىڭدىن ئاشمايتتى. دۈگدىيىشىپ، ئارقىغا پىتىراپ چېكىنگەن لەشكەرگە ئىچكىرىدە ئىسسىققىنا جايدا كۈچ توپلاپ ياتقان لەشكەر ھۇجۇم قىلسا، شەيبانىخاننىڭ غالىب چىقىشى مۇقەر-

رەردەك تۇيۇلاتتى.

كېيىنكى يىللاردا شەيبانىخاننىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى — شاھ ئىسمائىل ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىش ئىدى. ئۆزىنى "خەلىفەئى رەھمان" دەپ ئېلان قىلغان شەيبانىخان مۇسۇلمان ئالىمىگە يىگانە دىنىي رەھبەر بولۇش نىيىتىدە ئىدى. ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا شىئە مەزھىپىنى دۆلەت دىنى قىلىپ كۆتۈرگەن شاھ ئىسمائىل سەپەۋىي بولسا ئۆزىنى "ساھىبى زامان" دەپ ئېلان قىلغانىدى. دېمەك، ئۇمۇ مۇسۇلمان ئالىمىگە رەھبەر بولۇشقا ئۇرۇناتتى. "بىر غىلاپقا ئىككى قىلىچ سىغمايدۇ، مۇسۇلمان ئالىمىگە يا مەن رەھبەر بولۇشۇم كېرەك، ياكى شاھ ئىسمائىل!" — شەيبانىخان شۇ تونۇش ئاساسىدا شاھ ئىسمائىل بىلەن بۇلتۇر ئەستايىدىل تۇتۇشماقچى بولدى. ھىراتتىن ئەللىك مىڭ قوشۇن بىلەن ئىراننىڭ كېرمان ۋە گۇرگان شەھەرلىرىگىچە باستۇرۇپ باردى. شۇ چاغدا شاھ ئىسمائىل غەربتىكى تۈرك سۇلتانى بايازىد II بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرگەنىدى. گۇرگاندا ۋە خۇسۇسەن كېرماندا شىئەلەر ھەرىكىتى ناھايىتى ئەۋجىگە چىققانىدى. شەيبانىخان بۇ شەھەرلەردىكى شىئەلەرنىڭ باشلىقلىرىنى رەھىمسىز قەتل قىلدۇردى، ئۇلارنىڭ مەسچىت ۋە زىيارەتگاھلىرىنى بۇزدۇردى، مال-مۈلۈكلىرىنى تالاتقۇزدى. بۇنىڭ ھەممىسى شىئەلەر پېشۋاسى شاھ ئىسمائىلنى غەزەپلەندۈرۈشى ۋە دەرھال جەڭگە ئاتلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولسا شەيبانىخاننىڭ غالىب چىقىشى مۇقەررەر ئىدى، چۈنكى شاھ ئىسمائىلنىڭ يېرىم كۈچى تۈرك سۇلتانى بىلەن ئۇرۇشتا بەند ئىدى. بۇنى شاھنىڭ ئۆزىمۇ سەزگەن بولسا كېرەك، شۇڭا ھەممە ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ، شەيبانىخانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ياخشى مۇئامىلە قىلدى. مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى ماۋەرا-ئۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى دەپ تەن ئالدى ۋە ئوتتۇردىكى ئاداۋەتنى ئۇرۇشسىز بىر تەرەپ قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان، جىيەنى ئەبەيدۇللا سۇلتانلار شاھ ئەلچىسىگە ئىلاجى بارىچە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭغا تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ، شاھقا سوۋغا-سالاملار ئەۋەتىپ، ئۇنى سەمەرقەندتىكى سۇلتان ئەلى مىرزا ۋە تاشكەنتتىكى مەھمۇدخاندەك غەپلەتتە قالدۇرۇشنى، كېيىن پەيتى كەلگەندە ئاشۇلارغا ئوخشىتىپ يوق قىلىۋېتىشنى خالايتتى. لېكىن ئوتتۇردا دىنىي مەزھەپ نىزاسى ئەجدىھاغا ئوخشاش ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. شەيبانىخان خۇراساندا تۇرغان ئۆز قوشۇنىنىڭ شىئەلەر تەسىرى بىلەن شۇ ئەجدىھانىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، "دىن ۋە ئىمان يولىدا مۇرەسسە يوق، كىمكى شىئەلەرگە قول بەرسە، دىندىن چىقىپ، رافىزىي بولىدۇ" دېگەن گەپنى كۆپ تەكرارلايتتى. ئەمدى ئەگەر شەيبانىخان ئوغلى ۋە جىيەنىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، شاھ ئىسمائىلنى تەن ئالسا، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسا، شۇنىڭ بىلەن شىئە مەزھىپىنى ئىختىيارسىز تەن ئالغان بولمامدۇ؟ ئادەملەر: "خانىمىزنىڭ ئۆزىمۇ رافىزىيلىك يولىغا كىرىۋاتىدۇ!" دېمەمدۇ؟ ياق! شەيبانىخان ئۆزىنىڭ پاك ئېتىقادىغا داغ چۈشۈرۈشنى خالىمايدۇ! ئۇنىڭچە، غەيرىي دىندىكىلەردىنمۇ رافىزىيلىق يامان. چۈنكى غەيرىي دىندىكىلەر تېخى مۇسۇلمانچىلىقتىن بىخەۋەر، رافىزىيلار بولسا ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغان، كېيىن چاھاريارلار نامىغا خىيانەت قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن. شەيبانىخان

بۇنداق ئادەملەرگە شەپقەتسىز مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك. شۇ پىكىر
ئاساسىدا ئۇ شاھ ئەلچىسىنى ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قايتۇردى. شاھنىڭ
مەكتۇپىغا بولسا ئاسمانۇپەلەكتە تۇرۇپ جاۋاب يازدى. "سەن بىر
شەيخنىڭ ئوغلىسەن، تاجۇتەختنى ساڭا كىم قويۇپتۇ، بېلىڭگە قەلەن-
دەرلىك كاشكولىنى① باغلاپ، قەلەندەرلىكىڭنى قىلساڭچۇ!" دېگەن
مەنىدە ئۇنىڭغا كاشكول ۋە ھاسا "سوۋغا" قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ۋەقە-
دىن كېيىن شاھ ئىسمائىل تۈرك سۇلتانى بىلەن سۈلھ تۈزدى-دە،
شەيبانىخانغا قارشى جەڭگە تەييارلىنىشقا باشلىدى. خاننىڭ كېرمان-
دىكى شىئە مەسچىتلىرىنى بۇزدۇرغىنى ئۈستىگە ئەمدى شاھ ئىسما-
ئىلنىڭ ئەلچىسىنى ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قايتۇرغىنى قوشۇلۇپ،
شەيبانىخاندىن قىساس ئېلىشنى خالىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ
كەتتى.

خۇددى شۇ مەزگىللەردە ماۋەرائۇننەھردىمۇ تەشۇشلىك
خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. كۆچمەنچى سۇلتانلار زۇلمىغا چىدىيال-
مىغان تاشكەنت، پەرغانە، بۇخارا ئاھالىسى ئۇلارغا قارشى ئىسيان
كۆتۈرۈشتى. نارازىلىق قوزغىلىشى سەمەرقەندتىمۇ، ھىساردىمۇ بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان شەيبانىخان ھىراتتىكى قوشۇنلىرىدىن ئوتتۇز-
مىڭنى ماۋەرائۇننەھردىكى سۇلتانلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ توپە-
لاڭلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئەۋەتىلگەن مەخسۇس كىشىلەر تۈر-
كىستان، ھىسار ۋە بۇخارا سۇلتانلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق يولىغا
ماڭغانلىقلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىشتى. شەيبانىخان ئۈچ يىلدىن بۇيان
ھىراتتا ياشىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىدىن پايدىلانغان

① كاشكول — مەخسۇس قەلەندەرلىك تۇرۋىسى.

سۇلتانلار ئۆزلىرىنى ئۆزى خان-ئۆزى بەگ بىلىپ ئىش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. جاسۇسلار ئۇلارنىڭ ئىغۋا گەپلىرىنىمۇ شەيبانىخانغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. خۇسۇسەن، ئەبەيدۇللا سۇلتان، كۆچكۈنچى خان ۋە ھەمزە سۇلتانلار شەيبانىخانىنىڭ شاھ ئىسمائىل بىلەن قالتىس سىياسەت ئېلىپ بېرىۋاتقىنىدىن نارازى ئىدى. "جەڭنى بىز قىلىمىز، غەلىبىنى بىز كەلتۈرىمىز، خانىمىز پەقەت ياش قىزلارنى نىكاھىغا ئېلىپ، لەززەتلىنىشنى بىلىدۇ، ھېچقايسىمىزنىڭ مەسلىھىتىنى ئالمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا بىزمۇ بۇ يەردە خالىغىنىمىزچە دەۋر سۈرەيلى-دە!" سۇلتانلارنىڭ بۇ گەپلىرى شەيبانىخانىنىڭ غەزى-پىنى ئەۋجىگە چىقاردى. ئۇ ئىچكى نىزالارنى بىر زەربە بىلەن بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى-دە، ئەبەيدۇللا سۇلتاننى بۇخارا ھاكىملىقىدىن، كۆچكۈنچى خاننى تۈركىستان ھاكىملىقىدىن، ھەمزە سۇلتاننى ھىسار ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن-لىرىغا باشقا ئىتائەتمەن ئادەملەرنى قويدى. ئەلۋەتتە، بۇ كەسكىن تەدبىر خان قوشۇنى ئارىسىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان ئەبەي-دۇللا سۇلتان ۋە ھەمزە سۇلتانلارنىڭ تەرەپدارلىرىنى قاتتىق نارازى قىلدى.

ماۋەرائۇننەھردىكى توپىلاڭلار ۋە خان سارىيىدىكى ئىچكى نىزا-لاردىن خەۋەر تاپقان شاھ ئىسمائىل بۇ قولاي پۇرسەتتىن پايدىلە-نىپ قېلىشقا ئىنتىلدى. ئادەتتە، چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر باھار ۋە ياز ئايلىرىدا باشلىناتتى. شەيبانىخانمۇ شاھنىڭ ھۇجۇمىنى "بولسا، قىش ئۆتكەندىن كېيىن بولار"، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ۋاقىتقىچە ماۋەرائۇننەھرگە ماڭدۇرۇلغان ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھىراتقا قايتىپ ئۈلگۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن شاھ ئىسمائىلنىڭ خان

كۈتمىگەن كەچ كۈز مەزگىلىدە ھەرات ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقىنى مەلۇم بولدى. خۇراساندا شەيبانىخاندىن نارازى ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، شاھ ئىسمائىل يېقىنلاشسا ئۇلار باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەر. خانىنىڭ ئاساسي كۈچلىرى بولسا ئامۇ دەرىيادىن نېرىدا. شەيبانىخان ئالدىراپ-تېنەپ مۇرغاب بويىغا — مەرۋ قورغىنىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

خانىنىڭ بۇنداق، چۆچۈپ چېكىنىشىنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمەگەن مەنسەپدارلىرى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا خان ئۇلارنىڭ ئۆپكىسىنى باسىدىغان بىر سەۋەب كۆرسەتتى: "مۇشۇ ساتقۇن رافىزىيلار يۇرتىدىن يىراقراق كەتكىنىمىز تۈزۈك، شاھ بىزگە ئەگىشىپ ماۋەرائۇننەھرگە يېقىنراق بارسۇن، ئۆزىمىزنىڭ پاك مەزھەپلىك سۇننىيلەر يۇرتىدىن مەدەت ئالىمىز. ئۇنىڭ غىنچە ئوتتۇز مىڭ لەشكەر يېتىپ كېلىپ قالىدۇ. بۇ شاھقا مەرۋدە قاپقان قۇرۇپ، تۇمشۇقىدىن ئىلىندۇرىمىز!"

خانىنىڭ بۇ پىلانىنى بارلىق مۇلازىملىرى ۋە مەنسەپدارلىرى دەرھال "دانا تەدبىر" دەپ ماختاشتى. بىراق ئۇلار مەرۋ قەلئەسىدە تىقىلىپ تۇرغان مەزگىللىرىدە شاھ ئىسمائىل قورغاننى قامال قىلىپ، شەيبانىخانغا قارىتىپ دارىتملاپ مەكتۇپلار يوللىدى: "خان ئەۋەتكەن ھاسىنى تايىنىپ، قەلەندەرلىك كاشكۇلىنى بېلىمىزگە باغلاپ كەلدۇق، قېنى ئەمدى خاندا يۈرەك بولسا قورغاندىن چىقسۇن، شەيخنىڭ ئوغلى بىلەن بەل تۇتۇشسۇن." دېگەن زەھەرخەندە گەپلەر شەيبانىخانىنىڭ ئىززەت-نەپسىگە قانچىلىك قاتتىق تەگسىمۇ ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ھەپتىلەر داۋامىدا قورغاندا ئولتۇردى. ئۇ تەجرىبىلىك لەشكەر بېشى سۈپىتىدە شۇنى ياخشى بىلەتتىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگرمە تۆت ياشلىق شاھ ئىسمائىل قانچە قىلسىمۇ، بەرىبىر قىش سوغۇقى ۋە شۇۋرغانلىرى ئۇنى ئىسسىق جاي ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇچۇق ھاۋادا تىترەپ يۈرگەن ئەسكەرلەر قولى قوۋۇشتۇرۇشقا كەلمەي دۈگدىيىپ چېكىنىشكە باشلىسا، مانا شۇ چاغدا شەيبانىخان ئىسسىق قورغاندا كۈچ توپلاپ ياتقان ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭغىچە ئەلۋەتتە ماۋەرائۇننەھردىكى لەشكەرمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپتىن بىرلىگەن زەربە شاھ ئىسمائىلنى يوق قىلىشى ئېنىق. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئىرانمۇ شەيبانىخاننىڭكى بولىدۇ ئۇ ياقتىن باغدادقا ۋە مەككە، مەدىنىگە يول ئېچىلىدۇ...شەيبانىخان ھەققەتەن پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىمگە خەلىفەئى رەھمان ۋە ئىسكەندەرىي سانىي بولىدۇ!...

خاننىڭ بۇ شېرىن ئويلىرىنى پەقەت بىرنەرسە كېچىكتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. چاپارمەن كەينىدىن چاپارمەن ئەۋەتىپ، ماۋەرائۇننەھردىكى قوشۇننى چاپسانراق مەرۋگە يېتىپ كېلىشكە ئۈندەۋاتقان بولسىمۇ، ئوتتۇز مىڭ لەشكەر ھامان ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىسىدا مىسلداپ يۈرەتتى. خان بۇ مىسلداشنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى. قوشۇندا ھېلىمۇ ئەبەيدۇللا سۇلتان ۋە ھەمزە سۇلتانلارنىڭ تەسىرى زور. ئۇلار ھاكىملىقتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن خاندىن تولىمۇ خاپا. "مانا ئەمدى خان ھەزرىتىمىز بىزسىز جەڭ قىلىپ كۆرسۇن!" دەپ ئۆپكىلىشىپ يۈرۈپتۇ.

"لېكىن مەن بولمىسام ھەممىڭ ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك خار بولۇپ ئۆلۈسەنگۇ! — ئىچىدە سۇلتانلارنى سۆكەتتى شەيبانىخان، — ھازىر پۈتۈن دۆلىتىمىز، پۈتۈن سۇلالىمىز خەۋپ ئاستىدا تۇرسا، ھالبۇكى بۇنى بايقىمساڭلار؟ ھايات ـ ماماتنىڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىلىدە، يا شاھ مېنى

يوق قىلىدىغان، ياكى مەن شاھنى بىتچىت قىلىدىغان ئەسنادا شۇنداق ئۆپكىلىشىپ يۈرۈشلىرىڭ ئىتلىق ئەمەسمۇ؟ سەن ئىتلار تېخى كۆرۈشسەن، مۇشۇ قامالدىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلساق، ھەممىڭنى قىلغىنىڭغا پۇشمان قىلدۇرىمەن".

ئاخىر شۇرغانلىق، سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئىسمائىل خانغا يەنە بىر مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ قورغاندىن چىقمىغىنىنى قورقاقلىق دەپ ئاتىدى، باھاردا يەنە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، كېيىن مەرۋىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەھمۇدى دېگەن قىشلاق تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى.

شەيبانىخان ئۇن بەش مىڭ قوشۇننى دەرھال ئاتلاندۇردى. ئۈچ يۈزچە نەۋكەرنى قەلئەدە قورۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن قالدۇردى-دە، قالغانلىرىنى قورغان دەرۋازىلىرىدىن تاشقىرىغا باشلاپ چىقتى. يىراقتا شاھ ئەسكەرلىرى چېدىر ۋە ئوتاقلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ، تەرتىپسىز رەۋىشتە چېكىنىپ كېتىپ باراتتى.

شەيبانىخان ئېگىز بىر جايغا چىقىپ، ئامۇ دەريا تەرىپىگە ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. قېنى ئەمدى ھېلىقى ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى يېتىپ كەلسە! لېكىن شۇ تەرەپتىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپار-مەن قوشۇنىنىڭ تېخىچە ئامۇ دەريانىڭ نېرىسىدا يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

شاھ ئىسمائىل ئەسكەرلىرى داۋاملىق چېكىنىپ كېتىپ باراتتى. شەيبانىخان شۇنداق قولاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسۇنمۇ؟ ئادەملەر: "خان قورقۇنچاقلىق قىلغان، بولمىسا ئۇنىڭ قوشۇنى شاھنىڭكىدىن كۆپ ئىدى، دادىل ھۇجۇم قىلسا يېڭەتتى." دېيىش-مەمدۇ؟ نېرىقى سۇلتانلار بولسا، "ئەنە، بىزسىز خان ھېچقاچان جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلالمايدۇ!" دېيىشمۇ تۇرغان گەپ. ئېھ، ئەگەر مۇشۇ قېتىم خان غەلىبىنى ئېرىنقى ئەبەيدۇللا سۇلتان ۋە تۆمۈر سۇلتانلارسىز قولغا كەلتۈرسىدى، قالغان پۈتۈن ئۆمرى شان-شۆھرەت ئىچىدە ئۆتمەسمىدى؟

خاننىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن موللا ئابدۇرەھىم شۇپۇرغاندا لەۋلىرى كۆكىرىپ، ئىلتىماس قىلدى:

— ھەزرىتىم، بىز سىزنىڭ ئۇلۇغ جىنگىزنى خەۋپ-خەتەردىن يىراقراق تۇتۇشىمىز لازىم. ماۋەرائۇننەھردىن كېلىدىغان قوشۇننى كۈتەيلى.

خان قەھرى بىلەن سورىدى:

— قېنى ئاشۇ قوشۇن! قېنى؟!

— قىش-زىمىستاندا دەريادىن ئۆتۈش مۇشكۇل. بىراق ئەبەيدۇللا سۇلتان بىلەن تۆمۈر سۇلتانلار ھايال قىلمايلا كېلىپ قالىدۇ.

— شاھ ئىسمائىل تەبرىزگە يەتكەندە كېلەمدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىت سۇلتانلار خالىسا ئاللىقاچان يېتىپ كەلمەسمىدى؟ بۇ سۇلتانلىرىڭ قەستەن مېنى يالغۇز تاشلاپ قويدى! "ھەممە غەلىبىنى بىز قولغا كىرگۈزىمىز!" دەپ ماختىنار ئىمىش، ئەبلەخلەر! مەن بولمىسام غەلىبىنى چۈشىدىمۇ كۆرۈشمەيتتى.

— ھەق سۆزنى ئېيتتىڭىز، ھەزرىتىم!

— مەن مانا مۇشۇ شۇڭقارلىرىم بىلەن ئېرىشكەنمەن پۈتۈن غەلىبىلەرگە! — شەيبانىخان شۇنداق دېدى-دە، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرغان ئون تۆت مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك قوشۇننىڭ سېپى ئارىسىغا ئات چاپتۇرۇپ كىردى:

— شۇڭقارلىرىم، دۈشمەننىڭ سىپپى بۇزۇلۇپ چېكىنگىنىنى كۆر-دۈڭلار. ئۇلار سان جەھەتتىنمۇ بىزدىن ئاز! ئۆزلىرى سوغۇقتا تىتى-رەپ ھالىدىن كەتكەن. مەن ئىشىنىمەن، ئاللاھۇتائالا بىزگە يەنە بىر چوڭ غەلىبىنى ئىنئام ئەتكۈسىدۇر! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى پاك سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگۈسىدۇر! پاك چاھارىيارلار مەدەتكارىڭىزلەر بولسۇن، شۇڭقارلىرىم. دۈشمەن ئۆز سەپلىرىنى قايتا تۈزەپ ئۈلگۈرمەستىن يېتىپ بېرىڭلار! خۇدا ئامىتىڭلارنى بەرسۇن! ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!

مىڭلاپ ئاۋازلارنىڭ:

— ئاللاھۇئەكبەر!

— ئاللاھۇئەكبەر! — دېگەن ئاۋازلىرى پۈتۈن سەپ بويلاپ تارقالدى.

كۆپەكبىي ۋە قەمبەربىيلەر ئالدىدا، شەيبانىخان قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسداراق، قىزىلباشلارنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى.

بۇرۇن خانغا ئېنىق ئاخباراتلار بېرىپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بۇ قېتىم شاھ ئىسمائىلنىڭ يالغاندىن چېكىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ھەربىي نەيرەڭ ئىشلەتمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالغاندى.

شاھ ئىسمائىل مەرۋنى قامال قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى باشلاپ بارغانىدى. ئۇنىڭ يەنە يىگىرمە مىڭ كىشلىك خىللانغان ئەسكەرلىرى مەرۋدىن يىگىرمە چاقىرىمچە نېرى-راقتىكى قۇم دۆڭلەر كەينىگە پىستىرما قىلىپ قويۇلغانىدى.

بۇنداق ھەربىي نەيرەڭنى شەيبانىخاننىڭ ئۆزى ئون ئىككى يىل بۇرۇن بۇخارانىڭ قارىكۆل شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئى-يانچىلارغا قارشى ئىشلەتكەنىدى. ئۇمۇ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى

www.uyghurkitap.com

قاركۆلىنىڭ شەرقىدىكى پاناھ جايلارغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇمغا بارغاندى، قەلئە ئىچىدىكى ئىسيانچىلار دۈشمەنىنىڭ ئازلىقىدىن دادىللىشىپ سىرتقا چىققاندى. شۇ چاغدا خاننىڭ قوشۇنى قەستەن پاتىپاراق بولۇپ قاچقان، ئىسيانچىلار بولسا ئۇلارنى "يەڭدۇق" دەپ، كەينىدىن قوغلىغانىدى. بىراق قەلئەدىن بەش-ئالتە چاقىرىم يىراقلاشقاندىن كېيىن پىستىرمىدىكى خان ئەس-كەرلىرى يامراپ چىققان ۋە ئىسيانچىلارنى قىرىپ تاشلىغانىدى. كېيىن شەيبانىخان قەلئە ئىچىدە قالغانلارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قىتل قىلىپ، قاركۆلىنىڭ ئات بازىرىدا ئادەم كاللىسىدىن چىڭ مۇنارە ياساتقانىدى.

ھازىر ئۆز كۈچىگە ئارتۇقچە ئىشەنگەن شەيبانىخان بۇ ھىيلىنى باشقا لەشكەربېشىلىرىنىڭ ئۇنىڭغىمۇ ئىشلىتىشلىرى مۇمكىنلىكىنى خىيا-لىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شاھ ئىسمائىلنىڭ مەرۋگە كۆرۈنۈش بەرگەن ئون مىڭچە كىشىلىك قوشۇنى مەھمۇدىي دېگەن جايدا مۇرغاب دەر-ياسى ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈكتىن ئالدىراپ-تېنەپ ئۆتۈپ كەتتى. شاھ ئىسمائىل گويا بۇ كۆۋرۈكنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ يۈزچە ئەسكەر قالدۇرغانىدى. شەيبانىخان كۆۋرۈككە يېقىنلىشىش بىلەن، بۇ ئۈچ يۈز قىزىلباش يالغاندىن ھېچنېمىگە قارى-ماي قاچتى. دەريادىن پەقەت شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتۈش مۇمكىن ئىدى — ھەر ئىككى قىرغاق ئېگىز يار، كېچىك يوق، بۇنىڭ ئۈس-تىگە، قىشتىكى دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى سوغۇق، توڭلاپ قېلىش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. شەيبانىخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنى كۆۋرۈك-تىن ئۆتۈپ بولغۇچە شاھ ئىسمائىلنىڭ پىستىرمىدا ياتقان كۈچلىرى ئۆزىنى سەزدۈرمىدى. شەيبانىخان يىراقتا "قېچىپ كېتىۋاتقان"

شاھ ئىسمائىل قوشۇنىنىڭ ئىزىدىن چۈشۈپ، كۆۋرۈكتىن ئازراق
يىراقلاشقاندىن كېيىن پىستىرمىدا ياتقان كۈچلەر بىردىنلا مەيدانغا
چىقتى. ئوقلاپ قويۇلغان زەمبىرەكلەر خان ئەسكەرلىرى ئۈستىگە
تۇساتتىن ئوق ياغدۇردى، تۆت ئەتراپنى قىزىلباشلار قاپلاپ
كەتتى.

شەيبانىخان ئۆزىنىڭ قارىكۆلدە ئىشلەتكەن ھەربىي ھىيلىسىنى
ئەمدى ئەسلىدى-دە، ئارقىدا قالغان كۆۋرۈككە قاراپ چېكىندى.
ئاما ياغاچ كۆۋرۈك ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلانغانىدى. چېكىنىپ بار-
غان قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى ياردىن دەرياغا غۇلاپ چۈشتى. دەر-
يانى ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى قاپلاپ كەتتى. خاننىڭ ئۆزى
خىللانغان خاس نەۋكەرلىرى بىلەن ماللار قىشلايدىغان ئەتراپى
يېپىق بىر قوروغا كىردى. قورونى قىزىلباشلارنىڭ ئوت ھالقىسى
ئورىۋالدى. خاننىڭ خاس نەۋكەرلىرى قىزىلباشلارنىڭ قورشاۋىدا
ئۆلگەن-تىرىلگىنىگە قارىماي جەڭ قىلدى. قورا دەرۋازىنىڭ ئالدى،
قورما تاملارنىڭ تېگى ھەر ئىككى تەرەپتىن قىرىلغانلارنىڭ جەسە-
دىگە تولۇپ كەتتى. خاننىڭ مۇداپىئەدە قاتتىق تۇرغىنىنى كۆرگەن
شاھ ئىسمائىل زەمبىرەكلەرنى قورونىڭ ئەتراپىغا ئورناتقۇزۇپ،
تامدىن ئاتىلدۇرۇپ ئوق ئاتقۇزۇشقا باشلىدى.

زەمبىرەكنىڭ گۈلدۈرلىشىدىن ئۈركۈگەن، يارىدار بولۇپ جان
تالاشقان ئاتلار بىر-بىرىنى ئۇرۇپ، يىقىتىپ، ئۆزىنى ئۇ ياقتىن-
بۇ ياققا تاشلاشقا باشلىدى. قورو ئىچىدە دەھشەتلىك قىستا-قىستاڭ،
نېرى تارت-بېرى تارت، توپىلاڭ باشلاندى. شەيبانىخان قول-
دىكى قىلىچ بىلەن ئادەملىرىگە ۋارقىراپ، توپىلاڭنى باسماقچى
بولۇۋاتقاندا توپنىڭ تاش ئوقلىرىدىن بىرى خان مىنگەن ئاتنىڭ

بېشىغا كېلىپ تەگدى. ئات سەنتۈرۈلۈپ بىر يېنىغا يىقىلدى-دە، ئىگىسىنىمۇ يەرگە ئېتىۋەتتى. شەيبانىخان ئايىغىنى ئۈزەڭگىدىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بىر ئايىغى ئاتنىڭ تېگىدە قالدى. شۇ زامات يەنە بىر ئات سۈرۈنۈپ يىقىلدى-دە، كۆكسى بىلەن خاننىڭ كۆكرىكىدىن بېسىۋالدى. شەيبانىخان، قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ، گەۋدىسى ئېزىلىپ، نەپەس ئالالماي قالدى-دە، ھوشىدىن كەتتى.

جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن خاننى تونۇيدىغان قىزىلباش بەگلەردىن بىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى دۆۋىلىشىپ ياتقان ئات ۋە ئادەم ئۆلۈكلىرى ئارىسىدىن ئاران ئىزدەپ تاپتى. ئابدۇرەھىم تۈركىستانىي، مەنسۇر باخشى كۆتۈرگۈچى ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ مۇلازىملار، نەۋكەرلەرمۇ خاننىڭ نېرى-بېرىسىدا ئۆلۈپ ياتاتتى.

غالىبلار شەيبانىخاننىڭ بېشىنى كېسىپ، نەيزىگە سانجىدى-دە، شاھ ئىسمائىل مىنىپ تۇرغان ئاتنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. كېيىن قىزىلباشلار شەيبانىخان قىرغان شىئەلەر ئىنتىقامى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېسىك بېشىدىن تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ ئىچىگە سامان تىقتى. غەربتە شىئەلەرنى سۈرگۈن قىلىۋاتقان ۋە شاھ ئىسمائىلغا ئەلەم قىلغان سۈننىيپەرەسلەردىن يەنە بىرى — تۈرك سۇلتانى بايازىد II ئىدى. شاھ ئىسمائىل شەيبانىخاننىڭ سامان تىقىلغان بېشىنى تۈرك سۇلتانىغا "مەن بىلەن قەستلەشكەن سۈننىيلەر قانداق ئەھۋالغا چۈشۈشىنى كۆرۈپ قوي!" دېگەن مەنىدە "سوۋغا" قىلىپ ئەۋەتتى.

سۈننىي بىلەن شىئە دۈشمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، قىزىلباشلار بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، شەيبانىخاننىڭ باش سۆڭە-

ىكگە ئالتۇن قاپلىتىپ ئۈنىڭدىن مەي ئىچىدىغان قاچا ياسىدى①.

## قۇندۇز. سەمەرقەند. ئىككى قىلىچ ئوتتۇرىسىدا

### 1

زەر پۆپۈكلەر بىلەن بېزەلگەن ئاق تۆگىنىڭ ئۈستىدە-مەلىكىلەر ئولتۇرىدىغان مەخمەل سايىۋەنلىك كاجىۋادا خانزادە بېگىم توققۇز ياشلىق ئوغلى خۇررەمشاھ بىلەن بەلختىن تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ قۇندۇزغا كېتىپ باراتتى. بېگىمنى بەش-ئالتە كېنىزەكلىرى، خىزمەتكارلىرى ۋە يۈزگە يېقىن شاھ نەۋكەرلىرى قوغداپ كەلمەكتە ئىدى.

شەيبانىخاندىن شۇنچىلىك شەپقەتسىز ئۆچ ئالغان شاھ ئىسمائىلنىڭ خاننىڭ مەرۋدە ئەسىر چۈشكەن خوتۇنلىرىدىن بىرى بابىر مىرزىنىڭ ھەدىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

مەرۋدىكى ۋەقەلەرنى قۇندۇزدا تۇرۇپ ئاڭلىغان بابىر شاھ ئىسمائىلغا مەخسۇس مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى شەيبانىخان ئۈستىدىن ئېرىشكەن زور غەلىبىسى بىلەن تەبرىكلىگەندىن كېيىن خان ھەرەمە-

① ئەقلىغە سىغىشى قىيىن بولغان بۇ تەپسىلاتلار شاھ ئىسمائىلنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلسا مۇبالىغە قىلىنغان دەپ ئويلاش مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ تەپسىلاتلار شاھ ئىسمائىلنىڭ خەيرىخاھلىرى يازغان «تارىخىي ئالەم ئارايى ئابباسىي»دا ۋە خاندەمىرنىڭ «ھەبىب ئۇسسىيەرى»دىمۇ يېزىلغان.

دىكى ئېگىچىسى خانزادە بېگىمنى قەست قىلماستىن قۇندۇزغا ماڭدۇ-رۇۋېتىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى.

بابىرنى شەيبانىخان بىلەن دادىل ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىدىغان ئىسمائىل سەپەۋىي ئەمدى ئۇنى ئۆزىگە ئىتتىپاقداش قىلغۇسى كەلدى-دە، خانزادە بېگىمگە قوشۇپ، ئەڭ ئىشەنگەن كىشىلىرىدىن بىرى مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسىنى بابىر ھۇزۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

خانزادە بېگىم شاھنىڭ يوشۇرۇن نىيەتلىرىنى بىلمىسىمۇ، يەنە ئاللىقانداق خەتەرلەر ئۇنى ياش ئوغلى بىلەن بىللە ئۆز گىردابىغا تارتماقچى ئىكەنلىكىنى سەل-پەل سېزەتتى ۋە نامەلۇم بىر خەۋپتىن يۈرىكى ھېلىدىن-ھېلىغا قىسىلاتتى.

شاھنىڭ ئەلچىسى ۋە نەۋكەرلىرى پۈتۈن يول داۋامىدا خانزادە بېگىمنىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كېنىزەكلىرىنىمۇ ئۆز ئادەملىرىدەك ئەستايىدىل ئاۋايلاپ ۋە قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاياللار بىلەن مۇئامىلىدىكى ئەدەبلىرىنى، ئالىيجاناب ھۆرمەتلىرىنى بېگىم كۆپ قېتىم ھېس قىلدى. شاھ ئىسمائىلدىن باشقا پادىشاھ بولسا، شەيبانىخاندەك ئەشەددىي دۈشمەنىنىڭ نارەسىدە ئوغلىنى يوق قىلىۋېتىشى، خاننىڭ خوتۇنىنى ئۆز ھەرىمىنىڭ ئەسىرىسىگە ئايلان-دۇرۇشى ياكى بىرەر بەگكە نىكاھلاپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شاھ ئىسمائىلنىڭ شۇنداق قىلمىغىنى، ئەكسىچە، خانزادە بېگىمنى مەل-كىلەردەك ئىززەت-ئابرويى بىلەن، يېنىغا مۆتىۋەر ئەلچىلەرنى ۋە ئونلاپ نەۋكەرلەرنى قوشۇپ، بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكىنى، بۇ جەبىر تارتقان جۇۋاننىڭ قەلبىدە ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمايدىغان بىر مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى.

خانزادە بېگىمنى پۈتۈن يول بويى سەگەكلەندۈرۈپ بېرىۋاتقان نامەلۇم خەۋپ گويا تولىمۇ چىرايلىق تاغلار ۋە ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. قىش ئەمدى چىققان، تاغلاردا تېخى قار كۆپ. ئېگىز داۋانلاردىن، تار سايلاردىن ئۆتۈۋاتقانلىرىدا خانزادە بېگىمنىڭ نەزىرىدە، تاغدىن كۆچكۈن چۈشۈپ، ھەممىسىنى بېسىپ قالىدىغاندەك بولاتتى. گۈلدۈرماملىق يامغۇرلار ياغقاندا سايلارنىڭ كەلكۈنلىرى بېگىمنىڭ يېنىدىكى ئوغۇلچىقىنى ئاقتۇرۇپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمە كەلتۈرەتتى. بىر كېچىسى ئامۇ دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى ئورماننىڭ چېتىدىكى سۇرباتال دېگەن يەردە تۈنىدى. خانزادە بېگىم ئورماندا كېيىك ئوۋلاپ يۈرگەن يولۋاسلارنىڭ يوغان ھەيۋەتلىك ھۆركىرەشلىرىنى ئاڭلاپ، كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى.

ئىلگىرى شەيبانىخاننىڭ ئۆكىسى — ناھايىتى نۇرغۇن خەتەرلىك جەڭلەردە ئۆلمىگەن مۇھەممەد سۇلتان مانا مۇشۇ قۇندۇزغا كەلگەندە قانداقتۇر يامان بەزگەككە ئۇچراپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان، كېيىن ئۇنى قارشىغا ئاپىرىپ كۆمۈشكەنىدى.

قۇندۇزغا يېقىنلاشقاندا، غورى دەرياسى قۇندۇز دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئامۇ دەرياسىغا قاراپ كەتكەن پۈتۈنلەي قومۇشلۇق، پاتقاق جايدا نەپەس ئېلىش ئېغىرلىشىپ، بىردىنلا ھاۋانىڭ نەملىكى كۈچىيىپ كەتتى. خانزادە بېگىم ئەمدى ئاشۇ يامان بەزگەكنى ئەسلەپ، ئوغۇلچىقىغا يەنە ئەنسىرەپ قاراپ قويدى.

ئۇ ئىلگىرى "ئۆلگۈڭ كەلسە قۇندۇزغا بار" دېگەن ئافغانچە ماقالنى ئاڭلىغان ۋە بۇنى چاقچاق سۆز دەپ كۈلگەنىدى. ئەمدى بۇ ماقال ئۇنىڭغا راستىنتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىدىن كۆرە

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر بالىسىدىن — خان ھەرىمىدە ئون يىل ئاسارەتتە ياشاپ تاپقان مانا شۇ يېگانە جانجىگەرىدىن ئەنسىرىدى. "ئاۋادا بابىر مىرزا قۇندۇزدا بولمىسا، تاغ ئېشىپ ئەنجانغا كەتكەن بولسا ياكى كابۇلغا قايتقان بولسا، شۇ چاغدا نېمە قىلارمىز؟" دەيتتى خانزادە بېگىم ئۆزىچە. شۇ ئوي تەسىرىدە پامىر ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن قورشالغان، ئامۇ دەريا ۋە ئۇنىڭ شوخ تارماقلىرى بويىغا جايلاشقان قۇندۇز بوستانلىقى خانزادە بېگىمنىڭ كۆزىگە ناھايىتى ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى.

كەچلىكى يول دەريادىن يىراقلىشىپ ئېگىزلىككە چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇدۇلىدىن بىر توپ قوراللىق كىشىلەر چىقىپ، ئۇلارنى توختاتتى. سوراپ-سۈرۈشتۈرۈشتىن كېيىن بۇلار — بابىر تەرىپىدىن يوللارغا قويۇلغان قاراۋۇللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى-دە، خانزادە بېگىم بىردىنلا يەڭگىللەشتى. قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى قۇندۇزنىڭ ئېگىز بىر جايىدىكى قەلئەگە باشلاپ ماڭدى. ئەمدى ئەتراپ خانزادە بېگىمگە ئاللىقانداق باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆپكۆك تاغلاردىن چىقىۋاتقان مەيىن شامال يۈزىنى يېقىملىق سىلاپ ئۆتتى. ئامۇ دەريا بويىدىكى ئورمانلارنىڭ يىراقتىن قانچىلىك گۈزەل كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئۇ ئەمدى بايقىدى.

قۇندۇزنىڭ ئىلگىرىكى خانلىرى ھاۋالىق بىر جايغا قۇردۇرغان مۇستەھكەم قەلئە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەسىرمۇ خانزادە بېگىمگە يىراقتىن خېلى چىرايلىق كۆرۈندى. بۇ قەسىر ئىچىدە ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىغاندا خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي تېز-تېز نەپەس ئالاتتى.

ئۇلارنى كۈتۈۋالغان مۇلازىملار خانزادە بېگىمنى ئوغلى ۋە
كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە مېھمانخانىنىڭ ياخشى بېزەپ قويۇلغان
ئالاھىدە بىر ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويدى-دە بابىرغا خەۋەر
بېرىش ئۈچۈن قورغانىنىڭ تۆرىگە قاراپ كەتتى.

ئازدىن كېيىن خانزادە بېگىم ئولتۇرغان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن
چىرايلىق ساقال-بۇرۇت قويغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت
ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. بېگىم ئۇنى بابىرنىڭ مۇلازىملىرىدىن
دەپ ئويلىدى، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سالىمىنى قوبۇل قىلدى.
يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىپ كېلىۋېتىپ ئاۋازى تىترەپ:

— بېگىم، قەدىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى.

بۇ بابىر ئىدى. لېكىن خانزادە بېگىم ئۇكىسىنى ساقال-بۇرۇت
قويمىغان ئون توققۇز ياشلىق سىدامغىنا يىگىت قىياپىتىدە كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان كەڭ يەلكە-
لىك، ساقال-بۇرۇتى تەكشى قىرقىلغان يىگىتنىڭ كىيىملىرىمۇ
شاھلارنىڭكىدەك ئەمەس ئىدى. بېشىدا بېزەلمىگەن ئاددىي كۈمۈش
رەڭ سەللە، ئۈچىسىدا سۇس يېشىل بەقەسەم تون. بېگىم يەنە
ئۇنى بابىرنىڭ بەگلىرىدىن بىرى دەپ ئويلىدى-دە، ھاياجانلىنىپ
ئېيتقان سۆزلىرىگە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— قۇللۇق!

دىۋانىي خاستا يېزىپ-سىزىش ئىشلىرىنى قىلىپ ئولتۇرغان
بابىر ئاچىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆي كىيىمى بىلەن يۈگۈرۈپ
كەلگەنىدى. خانزادە بېگىم بولسا تېخىچە پادشاھ ئۇكىسىنىڭ
كىرىشىنى كۈتۈپ، ئىشىككە ئالاقزادە بولۇپ قارايتتى. بابىر
ئاچىسىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئىشىكتىن مۇھەممەد كۆكەلداش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دېگەن مۇلازىم كىرگەندە بېگىم ئۇنىڭدىن:
— ئەمىرزادەم قېنى؟ — دەپ سورىدى.
مۇھەممەد كۆكەلداش ھەيران بولۇپ بابىرغا قارىدى. بابىر گەپ نېمىدە ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى-دە، تامىقىغا بىرنەرسە تىقىلىپ، ئاۋازى بوغۇلدى:
— مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟
— سىز... سىز...
— مەن بابىرمەن!
— ئەجەب؟!
— مەن سىزنىڭ ئىنىڭىزمەن! گۇناھكار ئىنىڭىز بابىر!
خانزادە بېگىم بابىرانە كۆزلەرنى، بابىرانە ئاۋازنى ئەمدى تونۇدى-دە، ئۆزىنى ئىنىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى. قوللىرىنى يۈزى بىلەن بىللە بابىرنىڭ كۆكسىگە باستى. بابىر ئاچىسىنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ سېغىنىش ۋە خۇشاللىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى قۇلىقى بىلەن ئەمەس، گويا كۆكسى بىلەن ئاڭلىدى:
— بابىرجان، سىز... سىز شۇ چاغدا مەندىن رەنجىگەنسىز!... بىلىمەن... بېشىڭىزغا تەنە تاشلىرى ياغقان...مەن...ئېيتالمىغانىدىم. ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس، سىز ئۈچۈن...
— مەنمۇ بۇنى كېيىن بىلدىم. سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى خانغا تۇتۇپ بەرگەن. مەن سىزگە ئۆمۈرۋايەت قەرزدارمەن!
— ئاشۇ قەرزلىرىڭىزنى مانا ئەمدى ئۈزدىڭىز، بابىرجان. بۇ نۆۋەت مېنى سىز قۇتۇلدۇردىڭىز! ئەگەر شاھ ئىسمائىلغا يازغان نامىڭىز بارمىسا، مېنىمۇ خان ھەرىمى بىلەن ئەسىر چۈشكەن

ئايالـلار قاتارىـدا، بىرەر بەگ ياكـى مۇلازىمـغا تۇتـقۇن قىلـىپ بېرەتتى. شاھ ئىسمائىل سىز ئۈچـۈن مېـنى شۇنـچىلىـك ئىززەت-ئابـروي بىلەن ئازاد قىلـىپ، ئۇزىتىـپ قويـدى. سـىزدەك ئىنىم بارلىقى ئۈچۈن خۇداغا مىڭ شۈكۈر قىلدىم!

خانزادە بېگىم يۈزىنى بابىرنىڭ كۆكسىدىن ئالدى-دە:

— ھەزرەت ئانام نەدە؟ — دېـدى، — بۇلـتۇر بىر شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم، راستمۇ؟

— بەش يىـل بۇرۇن... كېزىـك كېـسىلى بىلەن جان ئۈزدى. كابۇلنىڭ باغى نەۋرۇزىيسىگە قويدۇق.

— ۋاھ، ئەللىككىمۇ توشماي كېتىپتۇ-ھە!...

— ماڭىمۇ شۇ تەرىـپى ناھايـتى ئەلەم قىلـدى! سەكـسەنـگە، توقسانغا كىرگەنلەر ئازمۇ؟

— ئانامنى غەم-قايغۇ تۈگەشـتۈردى ئەمىـرزادەم! بىزنى دەپ ئاز كۆلپەت چەكتىمۇ؟

مۇھەممەد كۆكەلداش گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— تەقدىرگە چارە يوق، بېگىم مانا بۈگۈن سىز پادىشاھ ھەزرەت-لىـرى بىلەن يەنە تېپىشـقانـلىـقىـڭىز ئۈچۈن ھەزرەت ئانـىـڭىزنىڭ ئەرۋاھى شاد بولىدۇ! قېنى ئولتۇرۇشىلا، پاتىھە ئوقۇيلى.

زەرباپ كۆرپىلەر ئۈستىـگە چىقىـپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئارىـدا تاشقىرىدىن بېگىمنى كـۆرۈش ئۈچۈن كىرگەن قاسىـمبەگ قاۋچىـن قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ روھىغا بېغىشلاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

كېيىن خانزادە بېگىم كېنىزەكلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەممىنى جىمغىنا كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئوغلى خۇررەمشاھنى شەرەتلەپ چاقىردى.

بالىنىڭ ئاق-سارغۇچ يۈزى، كۆزىنىڭ كۆكۈچرەكلىكى، قىسقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بويىنى ۋە شالاڭ قاشلىرى خۇددى شەيبانىخانىڭكىگە ئوخشايتتى. بابىر شەيبانىخانىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ خانزادە بېگىم ئوغلىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇۋاتقاندا بالىنىڭ قىياپىتىدە خان ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئالامەتلەرنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدى.

خۇررەمشاھ يەتتە ياشقا كىرە-كىرمەي ئاتىسى ئۇنى بەلخ ۋىلايىتىگە ھاكىم قىلىپ قويغانىدى. ھاكىملىقنى بالىغا تەربىيىچى قىلىپ بەلگىلەنگەن مەدھى سۇلتان قىلسىمۇ، خۇررەمشاھ ئۆز ئۇدۇلىدا چوڭ-چوڭ ئادەملەرنىڭ باش ئېگىپ تەزىم قىلىشلىرىغا خېلىلا ئۆگىنىپ قالغانىدى. خانزادە بېگىم ئوغلىغا بابىرنى كۆرسىتىپ:

— تاغىڭىز مانا شۇ كىشى! — دېگەندە، خۇررەمشاھ بابىرنىڭ خىيالىدىن ئۆتكەن نەرسىنى سېزىپ ياتسىرىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئاددىيلىقىنى كۆرۈپ، نەزىرىگە ئىلمىدىمۇ، خالار-خالىماس باش لىڭشىتىپ سالام بەردى، ئەمما تاغىسىغا يېقىن بارمىدى. شۇ چاغدا خانزادە بېگىم ئۇنى يەلكىسىدىن ئاستا ئىتتىرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئېسىڭىزنى يىغىڭ، پادىشاھ بابىر مىرزا ھۇزۇرىدىسىز! شاھ ئىسمائىل شۇ ھەزرەت ئۈچۈن سىزنى ئازاد قىلدى!

"پادىشاھ" ۋە "ھەزرەت" دېگەن سۆزلەردىن بالىنىڭ كۆزلىرى گويا پارلىداپ ئېچىلىپ كەتتى. شۇ چاغدا بابىر جىيەنىنىڭ كۆزلىرى ئانىسىنىڭكىدەك چوڭ-چوڭ ئىكەنلىكىنى سەزدى.

تاجدارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى مەشق قىلغان بالا ئەمدى تىزىنى گىلەمگە تىرەپ، بابىرنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈندى، كېيىن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، چۈچۈك تىل بىلەن:

— خان ھەزرىتىم، مەن سىزگە... سىزگە خىزمەتكە كەلدىم! — دېدى.

بابىر ئۇنىڭ بۇرنىمۇ خانزادە بېگىمنىڭكىگە ئوخشاش قىرلىق ئىكەنلىكىنى ئەمدى كۆردى ۋە بۇ بالىغا نىسبەتەن قەلبىدە تۇتۇن ئارىلاشقان ئوت يالقۇنىدەك مۇرەككەپ بىر يىللىقلىق سەزدى.

— خىزمەتكە كەلگەن بولسىڭىز قوبۇل قىلدۇق، شاھزادە، — دېدى-دە، بالىنى قولىدىن تۇتۇپ، ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئەللىك ياشلاردىكى سېمىز ھەرەم بېكەسى تەزىم قىلىپ كىردى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، ماھىم بېگىم ئالىي نەسەپ ئېگىچىڭىز ئۇزۇرىغا كېلىشكە ئىجازەت سورىدى!

بابىر خانزادە بېگىمگە قاراپ سىرلىق بىر قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى. كېيىن ھەرەم بېكەسىگە بۇيرۇدى:

— ئېيتىڭ، كەلسۇن! مىرزا ھۇمايۇننىمۇ ئالغاچ كەلسۇن.

بابىرنىڭ ياش خوتۇنى ماھىم بېگىم قېرى قاسىمبەگ ئولتۇرغان خانىغا كىرىشتىن ئەيمىنىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى ھەممىسى سەزدى. قاسىمبەگ ۋە مۇھەممەد كۆكەلداش بابىردىن رۇخسەت ئېلىپ، ئاستا ئىشىكتىن چىقىشتى.

مېھمانخانا ئالدىدا ئادەم كۆپ. مەرغىلانلىق خوجاكالانبەگ، ئۇنىڭ ئۇكىسى كىچىك خوجا، قۇۋالىق تاھىر قورچى، تاشكەنتلىك سەئىدخان، سەمەرقەندلىك مەجىد بەرلاس، يۇسۇپ ئەنجانىي دېگەن بىر نەۋكەر، ھەممىسى ۋەتىنىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن خانزادە بېگىمنى كۆرمەكچى بولۇشاتتى، ئامما ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىككىلىنىپ تۇرۇشاتتى. قاسىمبەگ ئۇلارغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋال ھەرەم ئەھلى بىلەن كۆرۈشسۇن، كېيىن سىلەرگىمۇ رۇخسەت سورارمىز، — دەپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى.

2

شاپتۇل گۈللۈك يىپەك چاپىنى ئىنچىكە بېلىگە، نازۇك قەددى-قامىتىگە تولىمۇ ياراشقان بىر چوكان شاھزادىلەرچە ياساندۇرۇلغان ئۈچ ياشلىق بالىنى قولىدىن يېتەكلەپ، ئىشىكتىن ئاستا كىرىپ كەلدى. بالىنىڭ يۈز-كۆزى بابىرغا ئوخشىشىنى خانزادە بېگىم بىر قاراشتىنلا سەزدى-دە، چاپسان ئورنىدىن تۇردى. ماھىم بېگىم كېلىنلىك نازاكىتى بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. خانزادە بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاۋۋال يەلكىسىگە قوللىرىنى قويۇپ كۆرۈشتى، كېيىن چوكاننىڭ يۈزىدىكى نەپىس ئاق پەردىنى ئاستا كۆتۈرۈپ قارىدى-دە، ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ بىر لاتاپەتنى يۈرەكتىن ھېس قىلىپ زوقى كەلدى، كېلىننى پېشانىسىدىن، كۆزلىرىدىن زوقلىنىپ سۆيدى، كېيىن خۇشاللىقتىن پارلىغان يۈزىنى بابىرغا ئۆرۈدى.

— مۇبارەك بولسۇن! بىر-بىرىڭلارغا ناھايىتىمۇ مۇناسىپ كېلىپسىلەر! بەختلىك بولۇڭلار!

كىچىككىنە ھۇمايۇن بىر قولى بىلەن ئانىسىنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇپ پەستىن يۇقىرىغا زوق بىلەن قاراپ تۇراتتى. خانزادە بېگىم ئۇنى كۆتۈرۈپ قولىغا ئالدى. بالا ھاممىسىنى بىرىنچى نۆۋەت كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ چىرايى يىللىق ئايالنى كۆپتىن بۇيان بىلىدىغاندەك يېتىرقىمايتتى. خانزادە بېگىم بالىنىڭ دومباق يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ ئەركىلەتكەندە ھۇمايۇن بۇنى ياقتۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى.

خانزادە بېگىم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ

باردى-دە، يەرگە قويدى:

— قېنى، كىچىككىنە تاغا "چوڭ" جىيەن بىلەن تونۇشسۇنچۇ!

ئۈچ ياشلىق بابىرمىرزادە بىلەن توققۇز ياشلىق شەيبانىيزادە ئاۋۋال بىر-بىرسىگە جىم تىكىلىپ تۇرۇشتى. كېيىن ھۇمايۇن خۇر-رەمشاھنىڭ بېلىدىكى كىچىككىنە بېزەكلىك خەنجەرگە قىزىقىپ قول سوزدى. خۇررەمشاھ ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ كۆرۈشتى-دە، ئەمما خەنجەرنى بەرگۈسى كەلمەي ئارقىغا چېكىندى. بۇنى كۆرگەن چوڭلار كۈلۈۋېتىشتى.

خانزادە بېگىمنىڭ بېشىدىن كەچكەن بارلىق دەھشەتلەر، قۇندۇز يولىدا ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن نامەلۇم خەۋپ-خەتەرلەر مۇشۇ بىر خۇشال كۈلكە بىلەن گويا ئۇزۇن ئۆتمۈشكە ئايلاندى. خانزادە بېگىم ئەيمىنىپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان كېلىنىنى بىر يېنىغا ئولتۇر-غۇزدى. ئىككىنچى يېنىدا چاقچاقلىشىپ بالىلارغا كۈلۈمسىرەۋاتقان بابىرنى كۆردى. يېقىندىلا ئۆزلىرىمۇ مانا شۇ كىچىككىنە تاغا ۋە جىيەن ئوخشاش ياش بالا بولغان چاغلىرى ئېسىگە چۈشتى. ئېغىر ئايرىلىش يىللىرىدا ئاچا-ئۇكا ئىككىلىسى پەرزەنتلىك بولغانلىرى، بىر-بىرىگە دۈشمەن ئائىلىلەردىن چىققان بۇ بالىلارنىڭ ئەمدى گۆدەكلەرچە بىر پاكلىق بىلەن تونۇشۇۋاتقانلىقى قەھرىتان قىش كەينىدىن كەلگەن باھاردەك تولىمۇ يېقىملىق ئىدى.

خانزادە بېگىم كېلىنىگە يەنە بىر قاراۋالدى-دە، كېيىن بابىرغا خۇشاللىق بىلەن قارىدى:

— تەلەي سىزگە ئەمدى كۈلۈپ قاراپتۇ، ئەمىرزادەم! ئۆزىڭىزگە بۇنچىلىك مۇناسىپ مەلىكىنى قانداق ئۇچراتتىڭىز! ماھىم بېگىم، قەيەرلىكسىز؟

— خۇراسانلىق، ھەزرەت بېگىم.

ماھىم بېگىم بابۇرغا "باغكوچا تېمىدىن گۈل تاشلىغىنىمنى ئېيتىپ مېنى ئۇيالدۇرۇپ قويماڭ يەنە!"، دەپ ئىلتىماس قىلغاندەك قارىۋالدى. بابۇر ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىكى مەنىنى سېزىپ، زوق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. كېيىن ماھىم بېگىمنىڭ ھۈسەين بايقاراغا قېرىنداشلىقى بارلىقىنى، ئاتىسى بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن بەدىئۇز زامان مىرزا بىلەن چىقىشالماي غەزنىگە كېلىپ قالغىنىنى ئاچىسىغا ئېيتىپ بەردى. بابۇر ماھىمنىڭ ئاتا ۋە ئاكىلىرىنى غەزنىدىن كابۇلغا تەكلىپ قىلغان، كېيىن بۇ يەردە ماھىم بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەنىدى.

— ھىرات بىلەن مۇرغاب ئوتتۇرىسىدا ھەزرىتى جام دېگەن شەھەر بار، كۆرگەنمىدىڭىز؟ — سورىدى بابۇر ئاچىسىدىن.

— كۆرگەن. ئۇلۇغ شائىر ئەھمەدى جامىينىڭ نامىغا قويۇلغان.

— بېگىمنىڭ ئاتا ئەۋلادلىرى ئەنە ئاشۇ ھەزرەت جامىغا قېرىنداش ئىكەن. ئۇستاز ئابدۇراھمان جامى بىلەن بىر شەھەرلىك ئىكەن.

بابۇر چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قوشۇپ قويدى:

— بېگىمنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق شائىرپەرۋەر ۋە شېئىرشۇناسكى جامىي بىلەن ناۋايىنىڭ بارلىق غەزەللىرىنى يادقا بىلىدۇ. ئەمما بىز شېئىر يازساق تەنقىدچىلىك قىلىپ، نۇقسانىنى كۆرسىتىدۇ.

ماھىم ئېرىنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى:

— تەنقىدچى بولماي ئىلاجىم يوق، چۈنكى ھەزرىتىم مېنى كۆپ مۇبالىغە بىلەن تەرىپلىدى.

خانزادە بېگىم ئەر-خوتۇننىڭ چاقچاقچىلىقىدىن زوقلىنىپ

كۆلدى:

— لېكىن سىزنى قانچە مۇبالىغە بىلەن تەرىپلىسىمۇ ئاز!

— مىننەتدارمەن، ھەزرەت بېگىم! — ماھىم ئەمدى ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، — مەن سىزنىڭ جاسارىتىڭىزنى، پىدائىيلىقىڭىزنى ھەزرىتىمدىن ئاڭلاپ، ئۆزىڭىزنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىدىم. تەڭرىمگە شۈكۈر، بۈگۈن شۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ھەزرەت بېگىم، مەن سىزنى ئەپسانىۋى بىر مەلىكە دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۆزىڭىزنى كۆردۈم. سىزدىكى مېھرىڭىيا ئەپسانىۋى مەلىكىلەردىمۇ بولماس، دەپ ئويلايمەن! ئەمدى ئۆيىمىزنىڭ تۆرىمۇ، يۈرىكىمىزنىڭ قېتىمۇ سىزنىڭكى!

ماھىم بېگىمنىڭ بۇ گەپلەرنى سەممىي بىر ئىخلاس بىلەن ئېيتقىنىنى سەزگەن خانزادە بېگىم:

— بىزگە سىزدەك كېلىن بەرگەن تەڭرىمگە شۈكۈر! — دەپ قويدى.

خانزادە بېگىم بىردىنلا ئايشە بېگىمنى ئەسلىدى ۋە ئۇنى ماھىم بېگىمگە سېلىشتۇرۇپ كۆردى. "بىر ھېسابتا، بابىرجان ئاۋۋالقى خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىمۇ ياخشى بولغان ئىكەن" دەپ قويدى ئۆزىچە. كېيىن خان ھەرىمدە ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئەسلەپ كەتتى.

بابىر ئوتتۇز تۆت ياشلىق خانزادە بېگىمنىڭ چاچلىرىغا بىرتەيېرىم ئاق ئارىلاپ قالغىنىنى ئەمدى كۆردى. شۇ تۇرۇشىدا ئاچىسى بابىرغا ئانىسىنىڭ ئەمدى تول قالغان ئوتتۇز يەتتە-ئوتتۇز سەككىز ياش چېغىنى ئەسلەتتى. خانزادە بېگىممۇ ئەمدى. تول ئىدى، بابىر شۇنى ئويلىدى-دە:

www.uyghurkitap.com

— سىز مېنى دەپ كۆپ ئازاب تارتتىڭىز! — دېدى، — سىزنى ئامان-ئېسەن دەرگاھىمىزغا يەتكۈزگەن شاھ ئىسمائىلنىڭ ياخشىلىقىنى ھېچقاچان ئۇنتۇماسمەن!

شاھ ئىسمائىل تىلغا ئېلىنىشى بىلەن خانزادە بېگىمنىڭ چىرايى يەنە ئېچىلدى.

— شاھنىڭ تاجلىق خانىم دېگەن ياشقىنا، چىرايلىققىنا خوتۇنى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايە قىلىشقا باشلىدى، — شۇ چوكان مېنى شاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى. "شاھ ئىسمائىل سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقتۇرىدىكەن" دېگەن ۋەھىمىلىك گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. "قورقۇنچلۇق بىر ئادەم بولسا كېرەك"، دەپ تىترەپ، غالىلداپ باردىم. قارىسام يىگىرمە تۆت-يىگىرمە بەش ياشلىق كېلىشكەن بىر يىگىت تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ساقال قويمىغان، پەقەت ئۇزۇن، ئىنچىكە بۇرۇتى بار. قوش بۇرۇن، كۆزلىرى چوك-چوك. ئازەربي تىلدا سۆزلىدى، سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە چۈشەندىم. شىئەلەرنىڭ ئىماملىرى بوۋى پاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەمەسمۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئايال زاتىنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. مەن يولدىمۇ كۆپ سەزدىم.

— لېكىن ئۆزىمىزدىمۇ ئىلگىرى ئاياللارغا ئېھتىرام كۈچلۈك بولغان، — دېدى بابىر، — سەمەرقەندتە بوۋى خانىم ناملىق مەدرىس قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ساراي مۇلۇك خانىم مەدرىسى بولغان. شاھى زىندەدە شادى مۇلۇك خانىم مەقبەرەسى، تۇمەن ئاقا مەقبەرەسى بار. ھىراتتا گۆھەرشاد بېگىم مەدرىسى مەشھۇر.

— بىلمىدىم، ئۇ زامانلاردا ئۇلۇغ مەنسەپدارلار كۆپ بولغانمۇ

ياكى ئۇلار ئىلىم-سەنئەتكە تولاراق ئىشتىراك قىلغانمۇ؟ — دېدى ماھىم بېگىم ئېرىگە قاراپ، — ھازىر نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنداق ئەمەس-تە، ھەزرىتىم؟

— پەلەكنىڭ گەردىشى ئەجەب! — دېدى بابىر، — ئاياللارغا بولغان مۇناسىۋەت ھەمىشە ئىلىم ۋە سەنئەتكە بولغان مۇناسىۋەت بىلەن توغرا كېلىدۇ. ئىلىم ۋە سەنئەت نۇر چاچقان دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىمۇ يۇقىرى، چۈنكى ئىلىم ۋە سەنئەت ئاياللار-نىڭ ئىشتىراكى بىلەنلا ئەستايىدىل يۈكسەلگەن. مەنىۋى چېكىنىش دەۋرلىرىدە ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار قانچىلىك خار بولسا، ئاياللارمۇ شۇنچىلىك كەمسىتىلگەن ئىكەن.

— سىز ئېيتقان شۇ چېكىنىش ماۋەرائۇننەھرنى ئورىۋالغان، ھەزرىتىم! — دېدى خانزادە بېگىم، — كۆچمەنچى خان ۋە سۇلتانلار مەملىكەتنىڭ قۇرۇق گەۋدىسىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇنىڭ روھى بىلەن ئىشلىرى يوق. ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى رەنجىتىش ئادالەتلىك ئەمەس. شەيبانىخان پارچىلىنىپ ياتقان ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈردى. سەمەرقەندتە ئۆز نامىغا مەدرىس قۇردۇردى. كوھاك① دەرياسىنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك سالدۇردى. ساۋابلىق ئىشلىرى شۇ بولدى. لېكىن ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارغا مۇئامىلىسى قانداق قوپال بولسا، ئاياللارغىمۇ شۇنداق ئىدى. تۆمۈرىيلەرنىڭ ئاياللارنىڭ نامىغا مەدرىس ۋە مەقبەرەلەر قۇردۇرغىنىنى ئېيتسىڭىز ئەزىپى كېلەتتى. ئۇنىڭچە، ئۇلۇغبەگ ئىلىم ۋە سەنئەتكە بېرىلىپ، دىن ۋە ئىماننى ئۇنتۇغانىمىش، ئاياللارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ

---

① كوھاك — ھازىرقى زەرەپشان.

خەلقىنىڭ ئەخلاقىنى بۇزغانىمىش. خان يازدۇرغان «شەيبانىي- نامە»، «نۇسرەتنامە» دېگەن كىتابلارنىڭ بىرەرسىدىمۇ بىرەر ئايالنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. شاھزادە ۋە سۇلتانلارنىڭ ئانىلىرى ياكى خوتۇنلىرى ھەققىدە سۆزلەش زۆرۈر بولۇپ قالسا، "پالانچىنىڭ قىزى"، "پالانچىنىڭ خوتۇنى" دەپ، پەقەت ئاتىسى ياكى ئېرىنىڭ نامىنى يازىدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ نامىنى نامەھرەملەر تىلغا ئالسا گۇناھ بولار ئىمىش! تېخى بۇ — مەدرىس كۆرگەن ئىلىملىك خاننىڭ دەۋرىدە بولغان ئىشلار. ھازىر تىرىك قالغانلىرىدا شۇ ئىلىممۇ يوق. پەقەت قوپال بىر كۈچ، يولىدىن چىقىش ۋە خۇراپات. ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلى سۇلتانلار زۇلمىدىن قېچىپ، بىرى خۇراسانغا، بىرى ئىستامبۇلغا كەتتى، بىرى كابۇلغا كەتتى. ئەمدى پۈتۈن ئۈمىدىمىز سىزدە، بابىرجان! سىز ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۇلۇغ روھىنى تۇرغۇزارسىز، ئىلىم ۋە مەرىپەت قۇياشىنى يۇرتىمىزغا قايتۇرۇپ ئېلىپ بارارسىز دەپ، يولىڭىزغا كۆز تىككەنلەر كۆپ!

بابىر ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرى قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شەيبانىخان ئۆلگەندىن كېيىن سەمەرقەندتىن، بۇخارادىن، تاشكەنتتىن بابىرغا مەخپىي خەتلەر ۋە چاپارمەنلەر كەلگەندى. كۆچمەنچى سۇلتانلار زۇلمىدىن بەزگەن ئادەملەر بابىرنى چاپسانراق يۇرتىغا قايتىشقا چاقىراتتى.

— ئۆتكەن ھەپتە ئەنجاندىن خۇش خەۋەر كەلدى، — دېدى بابىر ئاچىسىغا مەمنۇن قاراپ، — تاغا ئەۋلادىمىزدىن بولغان سەئىد مۇھەممەد دۇغلات پەرغانە ۋادىسىدىكى بارلىق خەيرىخاھلىرىمىزنى ئەتراپىغا توپلاپتۇ ۋە ۋادىدىن كۆچمەنچى سۇلتانلارنى قوغلىۋېتىپتۇ.

ماڭا "قارا تېگىن ئارقىلىق ئەنجانغا چاپسانراق يېتىپ كېلىڭ، ئاتا يۇرتىڭىز سىزگە مۇنتەزىر!" دەپ خەت يېزىپتۇ.

خانزادە بېگىم خۇشاللىق بىلەن:

— ئەگەر دىمىزگە مىڭ قاتلا شۈكۈر! — دېدى.

— ھەزرىتىمنىڭ بىزنى كابۇلدىن قۇندۇزغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ، — دېدى ماھىم بېگىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — چاپسانراق ۋەتىنىگە قايتماقچى!

— ئەنجانغىمۇ؟ — پىچىرلىدى خانزادە بېگىم ئىنىسىغا.

بابىر ئويچان كۆلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى، ئۇ ئەنجانغا ئىشەنچلىك بىر كىشىنى ئەۋەتمەكچى، ئۆزى بولسا ھىسار ئارقىلىق سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلماقچى ئىدى. لېكىن بابىر ئۆزىنىڭ بۇ نىيىتىنى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان يېڭى بىر كۈچ — شاھ ئىسمائىل بىلەن كېلىشمەستىن ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. چۈنكى شاھ ئىسمائىل كۆچمەنچى سۇلتانلارغا قارشى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھردىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بابىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى ئىدى. بۈگۈن خانزادە بېگىم بىلەن كەلگەن ئەلچىنىڭ قانداق نىيىتى بارلىقىنى بابىر تەخمىنەن بىلەتتى.

قارىماققا ئۇ شاھ ئىسمائىل تەكلىپ قىلىۋاتقان ئىتتىپاقنى رەت قىلىپ، ئەنجانغا ياكى سەمەرقەندكە ئۆزىچە يۈرۈش قىلسا، شاھ ئۇنىڭدىن ئاينىپ، شەيبانىيزادىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى مۇمكىن ئىدى. شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان شاھقا ئەلچىلەر ۋە سوۋغىلار ئەۋەتىپ، مۇزاكىرە ئېلىپ بارغىنىدىن بابىر خەۋەردار ئىدى. بۇ ئىككى زور كۈچكە بابىرنىڭ يالغۇز تاقابىل تۇرالماسلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا ئۆز-ئۆزىدىن ئايان ئىدى...

ئۇ ئاياللارغا بۇ مۇرەككەپ تېپىشماقلارنى ئېيتىپ ئولتۇرمىدى-دە، شاھ ئىسمائىلنىڭ شائىرلىقىدىن سۆز ئاچتى:

— مىرزاخان ماڭا شاھنىڭ شېئىرلىرىدىن ئەكىلىپ كۆرسەتتى، — دېدى ئاچىسىغا، — شېئىرىي تالانتى يۇقىرى، ئەزەربەيجان تۈركە-يىسىدە ناھايىتى چىرايلىق غەزەللەر يېزىپتۇ. يەنە كەمتەرلىك بىلەن "خاتائى" دېگەن تەخەللۇس تالLAپتۇ.

— چوڭ شائىرلىقى راست، — دېدى خانزادە بېگىم، — غەزەل-لىرىنى ئادەملەر قوشاق قىلىپ ئېيتقىنىنى ئاڭلىدىم. شاھ مېنى قوبۇل قىلغاندا "بابىر پادىشاھنىڭ شاھلىقىنىمۇ، شائىرلىقىنىمۇ ھۆرمەت قىلىمىز" دېدى. كېيىن ھەزرىتىمنىڭ ھىراتتا ئاھاڭغا سېلىنغان غەزەللىرىدىن ئىككى قۇرنى يادقا ئېيتىپ، "ناھايىتى ياخشى" دەپ قويدى.

بابىر شاھنىڭ بۇ ماختىشىدىن كۆڭلى ئېرىپ، ئىنزا تارتىپراق:

— قايسى غەزەل ئىكەن؟ — دېدى.

خانزادە بېگىم بارماقلىرىنى لېۋىگە قويۇپ غەزەلنى سۆزمۇسۆز ئەسلەشكە تىرىشۋاتاتتى، ماھىم بېگىم ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە باشلىدى.

— "مېنىڭ كۆڭلۈمكى گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك تەھ-بەتەھ قاندۇر" دەپ باشلىنامدۇ؟

— ھە، ھە، خۇددى شۇ! — دەپ خانزادە بېگىم ئىككىنچى قۇرنى ئۆزى ئېيتتى، — "ئەگەر يۈز مىڭ باھار ئۆلسە ئاچىلماقى نائىمكاندۇر".

— شاھقا بۇ مىسرالارنىڭ ياققىنى ئاساسىز بولمىسا كېرەك، —

دېدى بابىر، — ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش، ئاتىسىدىن ياش قالغان ئىكەن، سۈرگۈن بولۇپ، كۆپ جاپا چەككەن ئىكەن. ماڭا ئۇنىڭ تارىخىنى مىرزاخان ئېيتىپ بەردى. ئەمدى شاھ ئىسمائىل دۇنيادا ئادالەت ئورناتماقچىمىش.

— شاھ ماڭىمۇ شۇنى ئېيتتى، — دېدى خانزادە بېگىم، — ئادالەتنى سۈننىيلەر ئون ئىككى ئىمام بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېدى. لېكىن ئون ئىككىنچى ئىمام — ھەزرىتى مەھدى ئۆلمىگەنمىش، ھازىر ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ، سۈننىيلەرنىڭ جازاسىنى بېرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شىئەلەر شاھنى "ساھىبى زامان" دەپ ئۇلۇغلايدىكەن.

بابىر بۇ ياسما ئېتىقادلاردىن ئاچچىقى كېلىپ، بېشىنى چايقىدى-دە:

— تەئەججۇپ! — دەپ قويدى، — مەرھۇم شەيبانىخان ئۆزىنى "خەلىفەئى رەھمان، ئىمامى زامان" دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى نېمە بولدى؟ دىننى سىياسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— لېكىن شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ ئاداۋىتى ئەسلىدە ھاكىمىيەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئەمەسمۇ، ھەزرىتىم؟ — دېدى ماھىم.

ئىسلام تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان بابىر سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ قانلىق كۈرەشلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

بۇ كۈرەش بابىر ياشىغان دەۋردىن سەل كەم توققۇز يۈز يىل ئاۋۋال مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتى بىلەن باشلانغانىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر قۇرغان دۆلەتنى كىم باشقۇرۇشى كېرەك؟ كىم ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى — خەلىفە بولۇشى كېرەك؟

ئەڭ يېقىن قېرىنداشىنى ۋارىس قىلىش تەرەپدارى بولغانلار ئەلىنى بىرىنچى خەلىپە قىلىپ كۆتۈرمەكچى ئىدى. چۈنكى ئەلى پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى ئىدى ۋە ئۇنىڭ يېگانە پەرزەنتى بوۋى پاتىمىگە ئۆيلەنگەنىدى. ئەمما ئەلى چاھارىيارلار ئارىسىدا ئەڭ ياش ئىدى. قەبىلە ئۇدۇمى، يەنى سۈننەتكە بىنائەن ئەڭ يېشى ئەمەس، ئۇلۇغ ۋە ئابرويى يۇقىرى ئوتتائىمىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قېرى ئەبۇبەكرنى بىرىنچى خەلىپە قىلىپ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەلىمۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ يېقىن تۆت ئەۋلادىنىڭ — چاھارىيارلارنىڭ بىرى دەپ تەن ئېلىندى، پەقەت يېشىغا قاراپ ئۇنى ئەبۇبەكر، ئۆمەر ۋە ئوسماندىن كېيىنكى تۆتىنچى ئورۇنغا قويدى.

دۈشمەنلىرى ئاۋۋال ئۆمەرنى، كېيىن ئوسماننى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشتى. ئاخىرى ئەلى خەلىپە بولدى. ئەمما ئارىدىن بەش يىل ئۆتەر-ئۆتمەي دۈشمەن تەرەپ قەستەن ئەلىنىمۇ ئۆلتۈردى.

ئەلى تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرى — بوۋى پاتىمىدىن تۇغۇلغان ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ باشلىقى دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما ئىمام ھەسەن كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئىمام ھۈسەيىن كەربەلا دەشتىدە سۈننىيلەر بىلەن بولغان جەڭدە ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلىك يەنە سۈننىيلەر قولىغا ئۆتتى-دە، ئەلىنىڭ ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئىماملار كەينى-كەينىدىن ئۆلتۈرۈلۈۋەردى. پەقەت ئون ئىككىنچى ئىمام مۇھەممەد ياش چېغىدا سىرلىق بىر ئەھۋالدا يوقالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈك يا تىرىكى تېپىلمىدى. دۈشمەنلىرى ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىپ ئۆلتۈردى، دەپ تەخمىن قىلىشسىمۇ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خەلق

ئارىسىدا "ئىمام مۇھەممەد ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن، بىر كۈن ئىمام مەھدى نامى بىلەن قايتىپ چۈشۈپ، دۇنيادا ئادالەت ئورنى-تىدۇ" دېگەن بىر دىنىي ئېتىقادنى تارقاتتى. ئادالەتسىزلىكتىن ئازاب تارتىپ يۈرگەن ناھايىتى كۆپ ساددا ئادەملەر بۇ سۆزگە ئىشىنىدۇ. شىئەلەر مۇسۇلمان ئالىمدىكى بارلىق بەختسىزلىكلەرگە ئەلىدىن ئالدىنقى ئۈچ خەلىپىنى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى سەۋەبچى قىلىپ كۆرسىتىشتى. سۈننىيلەر ئۇزاق ۋاقىت دۆلەت ئۈستىدە تۇرغان ۋە مۇسۇلمان دىنىنى ناھايىتى كۆپ مەملىكەتلەرگە تارقات-قان ھاكىم كۈچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن نارازى بولغان كوپلىگەن ئالىملار، سەنئەتكارلار، دېھقانلار، كاسىپلار ۋە باشقا تۇرلۇك تەبىقە ۋەكىللىرىمۇ شىئەلەر تەرىپىگە ئۆتۈشتى. قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا شىئەلەرنىڭ سۈننىيلەرگە قارشى كۈرىشى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كەتتى. شاھ ئىسمائىل شىئەلەرنىڭ مانا شۇ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئۈستىگە چىقتى، تارىختا بىرىنچى نۆۋەت شىئە مەزھىپىنى چوڭ بىر دۆلەتنىڭ دىنىغا ئايلاندۇردى ۋە سۈننىيلەرگە قارشى غازات ئېلان قىلدى.

— راست، شىئە-سۈننىي ئاداۋىتى قانداق قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەب بولغىنىنى مەن ھىراتتا كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم! — دېدى خانزادە بېگىم ۋە بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

مەرۋدىن كېيىن ھىرات قىزىل باشلار قولىغا ئۆتۈش بىلەن، بۇ يەردە شەيبانىخان دەۋرىدە چەكلەنگەن شىئەلەر قىساسچىلىق بىلەن باش كۆتۈردى. ئۇلار ھىراتتا شەيبانىخاننىڭ بارلىق ئىشلىرىغا پەتىۋا بەرگەن سەكسەن ياشلىق شەيخۇلئىسلام تەپتەزەننى شىئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرگە تۇتۇپ بەردى. شىئەلەر بوۋاينى كوچىغا — خالايىق ئارىسىغا سۆرەپ ئاچىقتى ۋە دەرھال سۈننىي مەزھىپىدىن شىئە مەزھىپىگە ئۆتۈشنى بۇيرۇدى. تەپتەزەنى بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىئەلەر ئۇنى كوچىدىكى بىر دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈردى ۋە جەسەتىنى دەرەخ بىلەن بىللە كۆيدۈرۈۋەتتى.

بۇنى كۆرگەن خالىس ئادەملەر شىئە-سۈننىي دۈشمەنلىكىدىن بىزار بولۇپ، ئابدۇراھمان جامىي ھاياتلىقىدا يېزىپ كەتكەن ئۆتكۈر رۇبائىينى بىر-بىرسىگە پىچىرلاپ ئېيتىشتى.

ئەي مۇغبەچەئى دەھر، بىدەھ جامى مەيەم،
كى ئامەد زى نىزايى سۈننىيۇ شىئە قەيەم.
گويەندكى جامىيا، چى مەزھەب دارى؟
سەد شۇكۈركى، سەگى سۈننىيۇ خەرشىئە نەيەم!①

بۇ رۇبائىينىڭ سۆزلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ، شىئەلەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ باردۇ. بولۇپمۇ "شىئەنىڭ ئېشىكى" دېگەن ئىبارە ئۇلارنىڭ جېنىنى چىقىرىدۇ. قىزىل باشلار يولدىن چىققان ھىراتلىق شىئەلەر ۋە لۈكچەكلەر توپىنى ئابدۇراھمان جامىنىڭ مەقبەرەسىگە باشلاپ باردۇ. قەبرى ئۈستىگە قويۇلغان مەرمەر تاشنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ. تاشقا ئويۇلغان "جامىي" سۆزىدىكى ئەرەبچە

---

① تەرجىمىسى:
ئەي دۇنيانىڭ ياش ئاتەشپەرىسى، ماڭا مەي ئىچىدىغان جامىنى
بەر، سۈننىي ۋە شىئە نىزالىرىدىن قۇسقۇم كەلمەكتە.
دېيىشسە، ئەي جامى، سەن قايسى مەزھەپتە سەن؟ يۈز شۈكۈركى،
سۈننىينىڭ ئىتى، شىئەنىڭ ئېشىكى ئەمەسمەن!

"جا"نىڭ چېكىتىنى ئۆچۈرۈپ "خا" شەكلىدە ھەرپىنىڭ يۇقىرىسىغا قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇلۇغ شائىرنىڭ نامى "خامىي" دەپ ئوقۇلىدىغان بولىدۇ. جاھىللار بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەت قىلمايدۇ. جامىي مەقبەرەسىگە ناۋايى ئورناتقۇزغان زەرنەقىشلىق گۈزەل ئىشىكنى سۇندۇرۇپ، مەقبەرە بىلەن بىللە كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ ۋەقەنى ئاچچىقىدىن ئاڭلىغان بابىر غەزەپ ئارىلاش ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئەجەبا شاھ ئىسمائىل شۇنداق جاھالەتكە يول قويغان بولسا؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئىشتىن شاھ بىخەۋەر قالغان. ھىراتتىكى مۇدھىش ئىشلارغا شاھىنىڭ خۇراسان بويىچە نائىبي نەجمى سانىي باشچىلىق قىلغان.

— قانداق بولسىمۇ ھەزرىتى جامىي مىڭ مەرتىۋە ھەقلىق: شىئە-سۇننىي نىزالىرى كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان دەرىجىدە خۇنۇك!... ۋاي-ۋاي، دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەمىشە چىگىش! تۇغقانلاردىنمۇ دوست-يار تاپالمىدىم. ئەمدى تەقدىر ماڭا شاھ ئىسمائىلدەك بىر مەرد، سېخىي، ئالىم دوست بەردى دەپ خۇشال بولسام بۇنىڭمۇ چاتاق ئىشلىرى بار ئىكەن.

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن غەشلىكنى تارقاتقۇسى كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ سۆزلىدى:

— گۈل تىكەنسىز بولمايدىكەن-دە، ھەزرىتىم!

بابىر خوتۇنىنىڭ كۈلۈمسىرىگەن يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى-دە، ئۆزىنىڭمۇ چىرايى ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنچە جۇدالىقلاردىن كېيىن سۆيۈملۈك ئاچىسى بىلەن يەنە ئۇچراشقىنى، بۇ خۇشاللىققا شاھ ئىسمائىل ئارقىلىق مۇيەسسەر بولغىنى تەكرار ئېسىگە چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

قۇندۇزدا شەيبانىيزادىلەردىن ئىخلاسى قايتقان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن موغۇل بەگلىرى باشچىلىقىدا بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئۆتكەنلىكى يەنە يادىغا چۈشتى-دە، كۆڭلى يايراپ كەتتى.

بابىر كۆزىنى ماھىم بېگىمدىن ئېلىپ ئاچىسىغا قارىدى:

— ئەمدى ھېچبىر گۈلنىڭ تىكىنىدىن قورقماسمىز! گۈلى ئۈچۈن تىكىنىمۇ نائىلاج سۇغۇرۇلىدۇ، دېگەن ماقال بار... شاھ ئىسمائىل شۇنچىلىك ئادەمگەرچىلىك قىپتۇ، مەيلى!

بابىر ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ شاھتىن كەلگەن ئەلچى بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك ئىدى، ماھىم ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ باردى. بابىر ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، خانزادە بېگىمنى قەيەرگە جايلاشتۇرۇش ۋە قانداق ئىززەتلەش ھەققىدە خوتۇنىغا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىدى-دە:

— ئېگىچىمنى ئانام ئورنىدا كۆرۈڭ! — دېدى. شۇ بىر ئېغىز گەپتىن ھەممە نەرسىنى چۈشەنگەن ماھىم:

— جېنىم بىلەن! — دەپ قولىنى كۆكسىگە قويدى، — سىزدىنمۇ بىر ئىلتىماس، ھەزرىتىم.

— خوش؟

— بىز تىكەن دەپ ئويلىغان نەرسىلەر زەھەرلىك تىغلار بولۇپ چىقمىسۇن. ئېھتىيات قىلىڭ!

بابىر خوتۇنىنىڭ ھەممە نەرسىگە يەمى يېتىدىغان زېرەك بىر دوست ئىكەنلىكىنى ھازىر يەنە بىر نۆۋەت سەزدى-دە، ئۇنىڭغا مېھرى ئېشىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى.

كېيىن قەلبى ئۇچرىشىش خۇشاللىقىغا، مېھرىبان ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە پاك باللارنىڭ زوقىغا تولغان ھالدا قورغان ھويلىسىغا چىقتى.

دىۋانخانىغا يېقىنلاشقاندا ئەلچىلەر بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە: "مال-دۇنيانى ئايىماسلىق كېرەك" دېگەن نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكتى.

3

بابىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەلى خەزىنىچى بىساتىدا بار ئەڭ قىممەت باھا دۇر، گۆھەرلەردىن، بەدەخشان لەئەللىرىدىن، ئالتۇن بېزەكلىك كىيىملەردىن، كەم ئۇچرايدىغان تىغلار ۋە بۇيۇملاردىن شاھقا ئالاھىدە، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئالاھىدە ئىنئاملارنى ھازىرلىدى. ساراي ئاشپەزلىرى باكاۋۇل ۋە ياساۋۇللىرى ئىككى كېچە ۋە ئىككى كۈندۈز يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قۇندۇزدا تېخى مىسلى كۆرۈلمىگەن شاھانە زىياپەت ۋە بەزمىگە ھازىرلىق كۆردى. چوڭ زىياپەت ئۈچۈن ھىسار قويلىرىدىن يەتمىش-سەكسىنى سويۇلدى. تاغلاردىن، ئورمان ۋە دەريالاردىن ئوۋلاپ كېلىنگەن غازلار، كەكلىكلەر، كېيىكلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئىدى.

شاھ ئىسمائىلنىڭ مېھماندارچىلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن ئادەملەردىن بىرى — بابىرنىڭ ئانا تەرەپ بىر نەۋرە قېرىندىشى ئېلگىرىكى ئۆرەتۆپە ھاكىمىنىڭ ئوغلى مىرزاخان ئىدى. ئۇ بابىرغا بىرنەچچە قېتىم:

— شاھ ئەلچىلىرى ئىچمىلىكسىز زىياپەتنى زىياپەت ئورنىدا كۆرمەيدۇ، — دەپ ئېيتتى.

بابىرنىڭ ئىشىك ئاغاسى قاسىمبەگ بولسا ئىچىملىكنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى. بابىرنىڭ ئۆزىمۇ تېخى بەگلىرى بىلەن بىرەر قېتىم ئىچىملىك بەزمىسى ئۆتكۈزگەن ئەمەس، پەقەت كابۇلدا ماھىمگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن خۇش بۇي ئىچىملىكلەردىن بىر-ئىككى نۆۋەت تېتىپ كۆرگەنىدى.

ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە سىغماي تۇرغان خۇشاللىق بىلەن بىللە شاھ ئىسمائىلغا ۋە شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان قانداقتۇر غەشلىك ۋە چىگىشلىك بار ئىدى. بۇ خەۋپنى بۈگۈن پەقەت مەي بىلەن تارقىتىش مۇمكىندەك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى مېھمانلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنمۇ بابىرنىڭ ئىچىشى زۆرۈر ئىدى.

ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن قۇندۇزدىن تېپىش مۇمكىن بولغان ئەڭ تازا ئىچىملىكلەر، ئەڭ ئۆتكۈر مەيلەر تېپىپ كېلىندى.

رەڭدار كىمخابتىن زەرياقلىق چاپان كىيگەن ئۆسمۈر ساقىيلار ئالتۇن كوزىلاردىن ئالتۇن-كۈمۈش قەدەھلەرگە مەي قۇيۇپ، ئاۋۋال بابىرغا، كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شاھ ئەلچىسى مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسىغا، ئەلچىدىن نېرىراقتا يۈكۈنگەن مىرزاخانغا نۆۋەت بويىچە سۇندى.

زىياپەتكە بابىر تەرىپىدىن يۈزدىن ئارتۇق مەنسەپدارلار، بەگلەر ۋە مۆلازىملار قاتناشماقتا ئىدى. ئاۋۋالقى زىياپەتلەردە بابىردىن ۋە قاسىمبەگتىن يوشۇرۇپ مەي ئىچىدىغان كۆپچىلىك بەگلەر ئەمدى ئىچىملىك تولدۇرۇلغان قەدەھلەرنى قوللىرىدا بىمالال تۇتقان ھالدا بىر-بىرى بىلەن شوخ-شوخ كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ، خۇشال ھېجىيىشاتتى ۋە پادىشاھنىڭ ئىشارىتىنى كۈتۈ-

شەتتى. پەگادا كىچىك بەگلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان تاھىرمۇ قولىدىكى
مەي تولدۇرۇلغان كۈمۈش قەدەھكە جانلىق بىرنەرسىگە قارىغاندەك ئېھتىيات بىلەن قاراپ قوياتتى.

مىرزاخان يېنىدىكى ئەلچىگە پىچىرلاپ ئىزاھ بەردى:

— ئالىي مېھمان، سىز غارايىپ بىر ھادىسىنىڭ گۇۋاھچىسى. بابىر پادىشاھنىڭ سارىيىدا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئىچىملىك مەجلىسى!... دىققەت قىلىڭ، مەجلىستە پەۋقۇلئاددە بىر ھاياجان ھۆكۈمران!

بېشىغا قىزىل ئوتىغاتلىق چوڭ سەللە ئورىغان، ساقىلى خېنە بىلەن بوياپ قىزارتىلغان قوش بۇرۇنلۇق ئەلچى بابىرغا زوق بىلەن تىكىلدى.

بابىر قولىدىكى قەدەھنى ئۇچۇپ كېتىشى ياكى چوقۇۋېلىشى مۇمكىن بولغان يات بىر قۇشتەك ئاۋايلاپ تۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاۋازىنى رۇسلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئالىي زاتلار ئولتۇرغان سورۇندا، خۇشال كۈنلەردە ئۈزۈم سۈيىدىن ھالال ۋە پاكىز قىلىپ تەييارلانغان مەينى ئىچىش ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئادەتتۇر. ھاياتىمىزدا شادلىقتىن كۆرە غەم-غۇسسە كۆپرەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە ئىچىملىك مەجلىسىگە مەيلىمىز بولمىدى. ھىراتتا بەدىئۈز زامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىدەك تاجدار قېرىنداشلىرىمىز بىز ئۈچۈن كاتتا بەزمىلەر ئۇيۇشتۇرۇپ مەي تەكلىپ قىلغانلىقى مەجلىس ئەھلىگە مەلۇم بولسا كېرەك. شۇ چاغدىمۇ بىز ئۆزرە ئېيتىپ، ئىچىملىكتىن ئۆزىمىزنى تارتقانىدۇق، چۈنكى ئۇ مەزگىللەردە مەي ئىچىپ خۇرسەندچىلىك قىلغۇدەك شادىمان ئەمەس ئىدۇق. تەڭرىم بىزنى

شاد-خۇرام كۈنلەرگە مانا ئەمدى يەتكۈزدى. بىز بۇ بەختلىك كۈنلەرگە شاھ ئىسمائىل ھەزرەتلىرىنىڭ شاراپىتى بىلەن يېتىشتۇق. بۈگۈنكى شاد-خۇراملىقنى بىزگە ئالىي مېھمىنىمىز مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى جانابلىرى كەلتۈردى! شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بىرىنچى ئىچىملىك مەجلىسىمىز شاھ ئىسمائىل ھەزرەتلىرىگە چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئېھتىراملىرىمىزدىن كىچىك بىر نىشانە بولسۇن! بىرىنچى قەدىھىمىز بولسا شاھنىڭ مۆتىۋەر ئەلچىسى مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى جانابلىرىغا يۈكسەك ھۆرمىتىمىزنىڭ ئىسپاتى بولسۇن!

بۇ سۆزلەردىن كۆڭلى ئېرىپ، چوڭقۇر كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن ئەلچى ئورنىدىن تۇرۇپ، بابىرغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. كېيىن جايىغا ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ئىچىملىكنى ئاخىرىغىچە سۇمۇردى.

پەستە ئولتۇرغان سازەندىلەر "سەرۋان نەما" كۈيىگە چېلىشقا باشلىدى. داستىخانغا كېيىك ۋە كەكلىك كاۋاپلىرى تارتىلدى. ئەڭ مەززىلىك تاماقلار ئارىسىدا يەنە ئىككى-ئۈچ قېتىم مەي ئىچىلدى. ئادەملەر ئەمدى ئۆزلىرىنى بايىقىدىن خېلىلا ئەركىن سېزىشكە باشلىدى. ئويۇن-كۈلكە ئەۋجىگە چىقتى. خۇشال، شوخ كۈيلەر كەينىدىن يەنە قوشاقلار ئېيتىلدى. ئاخىرى، سۆز نۆۋىتى شاھ ئەلچىسىگە يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى يېنىدىكى مۇلازىمىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىدى. مۇلازىم بېشىنى لىڭشىتىپ، يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى-دە، نۆۋەتتىكى يېقىملىق كۈي تۈگىگەن پەيتتە ئۈستىگە بىرنەچچە قەۋەت ئاق يىپەك يېپىلغان قانداقتۇر سوۋغىنى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ كىردى.

مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى شاھ ئىسمائىلنىڭ بابىرغا ئەۋەت-كەن مەكتۇپىنى ۋە ئالتۇن-كۈمۈش ئىنئاملىرىنى كۈندۈزى تاپشۇر-

غانىدى. "ئەمدى بۇ يەنە نېمىكىن؟" دەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن پەتنۇسقا تىكىلىپ قالدى. ئومۇمىي جىمـلىق ئىچىـدە قىزىل باش بەگ پەتنۇستىكى سوۋغا بىلەن بابىرنىڭ ئۇدۇلىغا تەزىم قىلىپ كەلدى. بابىرغا يېقىن ئولـتۇرغان مۇھەمـمەدجان ئىشىـك ئاغاسى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ــ سۇلتان زاھىرىددىن مۇھەممەد بابىر باھادىر ھەزرەتلىرىنىڭ ساھىبى زامان شاھ ئىسمائىـل ھەزرەتلىرىگە ئىنتايىـن يۇكسـەك، ئىنتايىن سەمـمىي ھۆرمـتى بارلىقىغا ھـازىر بىزنىڭ ئىشەنچىمىز كامىل بولدى. شۇ سەۋەبتىن شاھ ئىسمائىل ھەزرەتـلىرى ئەۋەتكەن مۇقەددەس ئىنئامـنى بابىر پادىـشاھ ھەزرەتلىرىـگە تاپشۇرۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىلەر!

ئەلچى ئالتۇن پەتنۇستىكى سوۋغىنىڭ ئۇستىدىكى يىپەك پەردىنى ئالـدى. بابىر ياقۇت ۋە دۇر بىلەن بېزەلگەن نەپىس ئاق يىپەك سەللىنى كۆردى. سەللىنىڭ ئۇستىگە ئون ئىككى ئىمامـنىڭ قېنىنى ئەسلىتىدىـغان قىزىـل ئوتىـغات قاداپ قويۇلغانـدى. سەللە خىللا چوڭ، بابىر سەللىنىڭ يۆگەملىرىـنىڭ سانىمۇ شەھىد بولغان ئىمام-لاردەك ئون ئىككى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلـدى. شىئەلەرنىڭ ئېتىقادىغا بىنائەن، بۇ يۆگەملەرنىڭ ھەربىرى بىر ئىمامـنىڭ روھى ئۈچۈن مۇقەددەس ماكان ئىدى.

ئىچكەن ئىچىملىكتىن يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بابىر ئۆزىنىڭ مەنسەپدارلىرى ئارىسىدا پىچىر-پىچىر باشلانغىنىنى بايقىـدى-دە، كۆلۈمسىرەپ قاسىمبەگ تەرەپكە قارىـدى. ئەمما قاسىمبەگ ۋە ئۇنىڭ نېرىسـىدا ئولـتۇرغان خـوجا خەلىفە نامىلىق شەيخۇلئىسلام ئالـتۇن پەتنۇستـكى دەسـتارغا يىرگىنىپ ۋە ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورقۇپ قارىماقتا ئىدى.

چۈنكى بابىرنىڭ ئۆزىمۇ، قاسىمبەگمۇ، زىياپەتتە ئولتۇرغان باشقا سۈننىي مەنسەپدارلارمۇ، مولازىملارمۇ چاھارىيارلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن باشلىرىغا تۆت يۈگەم قىلىنغان سەللە ئورايتتى. كىچىكلىكىدىن ئاللاتائالاغا، پەيغەمبەر ۋە چاھارىيارلارغا چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد روھىدا تەربىيىلەنگەن ئادەملەر باشلىرىدىكى سەللىلىرىنىڭ تۆت ئورامىدا چاھارىيارنىڭ روھى ياشايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شىئەلەرمۇ چاھارىيارلارنىڭ ئۈچىنى تەن ئالماي ھاقارەت قىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئون ئىككى ئوراملىق سەللىسى بولسا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى كۆرەشكەن شىئە ئىماملىرىنى ئۇلۇغلايتتى.

شىئەلىكنى مۇقەددەس چاھارىيارلاردىن يۈز ئۆرۈش، دىنىدىن چىقىپ، رافىزى بولۇش دەپ ئۇققان قىرى قاسىمبەگكە ئالتۇن پەتنۇستىكى سەللىنىڭ بىر خىل پارقىرىغان يىپەكى يىلان تېرىسىنىڭ پارقىرىشىدەك كۆرۈندى. قاسىمبەگنىڭ نەزىرىدە، سەللىگە قادالغان ياقۇتلارنىڭ چوغدەك يېنىشى زەھەرلىك يىلاننىڭ قانغا تولغان قىزغۇچ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى.

مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى بابىرغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى-دە، شاھ ئىسمائىل شەخسەن ئۆزى ئەۋەتكەن شۇ مۇقەددەس سەللىنى قولىغا ئېلىپ بېشىغا كىيىشنى ئۆتۈنگەندىن ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىلاپ كۆزلەر بابىرغا "قانداق قىلىدىكىن" دەپ تىكىلدى. قاسىمبەگ خوجا خەلىپىگە ئەندىشە بىلەن پىچىرلاپ:

— ھىيلە-مىكىر بىلەن ھەزرىتىمنى شىئە مەزھىپىگە ئۆتكۈزمەك-

چىمۇ؟ — دېگىنى بابۇرنىڭ قۇلىقىغا چېلىندى.

بابۇر ئەگەر شۇ سەللىنى بېشىغا كىيسە شىئە مەزھىپىگە ئۆتكەندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىنلىكىنى ئەمدى بايقىدى. ئۇ ئىچكەن ئىچىملىكتىن خېلىلا كەيپ بولغانىدى. ھازىر ۋەزىيەت ئۇنىڭغا قاسىمبەگنىڭ قورققىنىدەك ۋەھىمىلىك تۇيۇلمايتتى. چاھارىيارلارمۇ، ئۇن ئىككى ئىمامىمۇ بابۇر ئۈچۈن بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر ئىدى. ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئائىلانغان قانلىق دۈشمەنلىكنى بۈگۈن داۋاملاشتۇرۇش كىمگە لازىم؟

قىزىل باش بەگ ھامان بابۇرنىڭ ئۇدۇلىدا تىز پۈكۈپ، ئالتۇن پەتنۇستىكى سەللىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. شاھ ئەلچىسى ئۇنىڭغا ئىلتىماس نەزىرى بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئارقىلىق شاھ ئىسمائىل گويا بابۇرغا ياردەم قولىنى سوزۇپ تۇرۇپتۇ. بابۇر بۇ قولنى قايتۇرسا، شاھ بىلەن ئارىنى ئۈزۈش كېرەك بولىدۇ. كېيىن شەيبانىيزادىلەر شاھ بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ-دە، بابۇرنىڭ ۋەتەنگە قايتىدىغان يوللىرىنى يەنە ئېتىدۇ. بابۇر بولسا ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەنگە قايتىشنى خالايدۇ. بۇ ئارزۇسى يولىدا تاغ كەلسە غاجىلاپ، سۇ كەلسە سۈمۈرۈپ ئۆتمەكچى بولىدۇ.

بابۇر ئەلچىگە مۇلايىم كۆز تاشلاپ:

— شاھ ئىسمائىل ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنئامى بىز ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئەزىز، — دېدى ۋە پەتنۇستىكى سەللىگە قول سوزماقچى بولدى.

شۇ چاغدا قاسىمبەگ ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئېھتىيات بىلەن پىچىرلىدى:

— ھەزرىتىم، ھەرگىز بېشىڭىزغا كىيمەڭ! ھەرگىز!

بۇ سۆزلەر ئەلچىگىمۇ ئاڭلاندى ۋە ئۇنى رەنجىتكىنى ئۇزايى

ئۈزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن سېزىلدى.

سۇ قويۇۋەتكەندەك جىمجىتلىقتا بابىر مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغا-سىغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— ئالىي مېھمىنىمىز ئىمامىيە① مەزھىپىدىندۇر، شۇنداقمۇ؟

ئەلچى تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى. بابىر يەنە شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىمامىيەلەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا! — دەپ ئەلچى دەرھال كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بابىر قاسىمبەگ تەرەپكە ئۆرۈلدى:

— سىزمۇ مۇھەممەد ئۈممىتىمۇ جانابى ئەمرۇل ئۈمەرا؟

قاسىمبەگمۇ كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇدى-دە، ئاخىرىدا:

— ھەزرىتىم، سىزنى ئىلاھىم پاك چاھار يارلار قوللاپ-قۇۋۋەتلىسۇن! — دەپ قوشۇپ قويدى.

چاھار يارلار تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئەلچىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، لېۋى ئەسەبىيلەرچە مىدىرلىدى.

— جانابىي مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى! — دېدى بابىر چاپ-سان، — قۇرئانىي شېرىفتە ئېيتىلغانكى "كۇللى مۇسلىمىنە ئىخۋەتۇن". يەنى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئاكا-ئۇكىلاردۇر. بىز ھەممىمىز بىر دىنىدىمىز. دېمەك، ھەممىمىز ئاكا-ئۇكىلاردەك يېقىن بولۇشىمىز كېرەك. بىز سىزنىڭ مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىڭىزنى ھۆرمەت قىلغىنىمىز-دەك، سىزمۇ بىزنىڭ، — دەپ بابىر ئىككى قولىنى يېيىپ، بارلىق

---

① ئىمامىيە — شىئە مەزھىپىنىڭ رەسمىي نامى.

بەگ ۋە مۆلازىملارنى كۆرسەتتى، — مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىمىزنى هۆرمەت قىلىسىز دەپ ئىشىنىمىز.
ئەلچى ئەمدى بىرئاز يۇمشاپ ئۈستى-ئۈستىگە باش لىڭشىتتى:
— مۇشۇ مۇقەددەس سوۋغىمۇ بىزنىڭ سىلەرگە بۈيۈك ئېهترامىمىزنىڭ ئالامىتىدۇر!
بابىر ئەمدى قاسىمبەگكە يۈزلەندى:
— هەزرىتى ئەلىنى سىز ۋە بىز هەممىشە بېشىمىزغا ئېلىپ يۈرىمىز، شۇنداقمۇ؟
قاسىمبەگ سەللىسىدىكى تۆت ئورامنىڭ بىرى هەزرىتى ئەلىنىڭ روھىغا ماكان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قولىنى كۆكسىگە قويدى:
— شۇنداق هەزرىتىم.
— مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ يېگانە پەرزەنتى بولغان بۈۋى پاتىمە بىز ئۈچۈنمۇ مۇقەددەس ۋالىدىدۇر، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق هەزرىتىم!
— شۇنداق بولسا، هەزرىتى ئەلى بىلەن بۈۋى پاتىمەنىڭ ئەزىز ئەۋلادلىرى بولغان ئىماملارنى بىزمۇ ئىززەتلىسەك، مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كېلەمدۇ، يوقمۇ؟
بايا بابىرغا جان كۆيدۈرۈپ ھېلىقى سۆزنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغان قاسىمبەگ پادىشاھنى نىيىتىدىن قايتۇرالماسلىقىنى، شاھنىڭ بۇ مەخسۇس سوۋغىسىنى بابىرنىڭ قوبۇل قىلماي ئىلاجى يوقلۇقىنى ئەمدى سەزدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بابىرغا تەن بەرگەندەك بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنى ياقىلىغۇسى كېلىپ باش ئەگدى:
— پادىشاھ هەزرەتلىرى سىز هەقلىقسىز قۇلىڭىزنى ئەدەبسىزلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بابىر قاسىمبەگكە مەمنۇن كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئۆزرىڭىز ماقۇل، — دېدى. كېيىن سەللە سېلىنغان ئېغىر پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار قولىدىكى قىزىل باش بەگ تەرەپكە ئۆرۈلدى. بابىر سەللىنى دادىل بىر ھەرىكەت بىلەن ئىككى قوللاپ پەتنۇستىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئوتلاپ بەگ ۋە مۇلازىملىرى ۋەھىمە بىلەن: "ۋاھ!" دەۋېتىشتى. بابىر سەللىنى قولىدا تۇتقان ھالدا:

— شاھ ئىسمائىل ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن ئەۋەتكەن بۇ سوۋغىنى بىز كۆزىمىزگە سۈرىمىز! دېدى-دە، سەللىنى كۆزىگە ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئالدى.

مۇھەممەد ئىشىك ئاغاسىنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى:

— مىننەتدارمەن، پادىشاھ ھەزرەتلىرى، مىننەتدارمەن!

لېكىن بابىرنىڭ بەگ ۋە مۇلازىملىرى ئارىسىدا، خۇسۇسەن، يېقىندا ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلغان موغۇل بەگلىرى ئارىسىدا ھەيرانلىق، قورقۇش ۋە رەنجىش ئاھاڭلىرىدا بىر خىل شاۋ-شۇۋ ئاڭلاندى.

بۇ شاۋ-شۇۋدىن قاسىمبەگنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى. مۇھەمەدجان ئىشىك ئاغاسى بولسا بابىرنى شىئە مەزھىپىگە ئۆتكۈزۈپ، چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەندەك خۇشاللىنىپ سۆزلىدى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، بىز ئۈمىد قىلىمىزكى، سىز شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ بۈيۈك مەدەتلىرى بىلەن يەنە سەمەرقەند تەختىگە چىققىنىڭىزدا ئەزىز بېشىڭىزدا شۇ مۇقەددەس سەللىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولارمىز!

— ئەگەر بىزنى سىز ئېيتقان بەختىيار كۈنگە يەتكۈزسە، بۇ

سەللىنى تاج ئورنىدا كىيىمىز. شاھ ئىسمائىل ھەزرەتلىرىگە مۇشۇ ئەھدىمىزنى بىرىپ ئېيتقايسىز!

بۇ سۆزلەردىن كېيىن موغۇل بەگلىرى ئارىسىدىكى ئەسەبىي شاۋ-شۇۋلار يەنە كۈچەيدى. شاھ ئەلچىسى بولسا بابىرنىڭ دادىل ئادەم ئىكەنلىكىگە، شاھ ئىسمائىل بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن سۈننىيپەرەس بەگلىرىنىڭ ھەرقانداق قارشىلىقلىرىنى يېڭىپ ئۆتۈشى مۇمكىنلىكىگە ئەمدى ئىشەندى.

مانا شۇ ئىشەنچ بابىرنىڭ شاھ ئەلچىسى بىلەن ئەتىسى كۈنى ئېلىپ بارغان مۇزاكىرىلىرىنى خېلى يەڭگىللەشتۈردى.

شاھ ئىسمائىلنىڭ بابىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن مەقستى، ماۋەرائۇننەھرگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوشۇن تارتىپ بىرىش ۋە شەيبانىيزادىلەرنى بىرلىكتە تارمار قىلىش ئىدى. بابىر شەيبانىيزادىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ھەرقانچە خالىسىمۇ، ماۋەرائۇننەھرگە ئۆز قوشۇنى بىلەن مۇستەقىل كىرىپ بىرىشنى ئويلايتتى. چۈنكى ئەگەر ئۇ ئاساسىي غەلىبىنى ئۆزى مۇستەقىل قولغا كىرگۈزمىسە، ۋەتىنىگە ئابروىي بىلەن قايتالماسلىقىنى، دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا "شاھ ئىسمائىلنىڭ نەيزىسىگە مىنىپ كىرىپ كەلدى!" دەپ تاپا-تەنە قىلىشىنى سېزىپ تۇراتتى.

بابىر شاھ ئىسمائىلنىڭ مەرۋدە ئېرىشكەن غەلىبىسى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇلارنىڭ دەم ئېلىشى كېرەكلىكىنى، شەيبانىيزادىلەرنى ھىساردىن، ئاندىن سەمەرقەندتىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئەمدى بابىرنىڭ زىممىسىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئەلچىگە قايتا-قايتا ئېيتىپ باقتى. لېكىن شاھ ئىسمائىلمۇ سەمەرقەندگە ئىنتىلمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ئىنتىلىشى ئەمەلگە ئاشمىسا، بابىر بىلەن

ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايتتى. ئەلچىنىڭ سۆزىدىن بۇنى سەزگەن بابىر مۇزاكىرىنى باشقا يۆنىلىشكە بۇرىدى.

شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەسكەرلىرى تاغ يوللىرىدا قىيىنىلىپ، مىڭلاپ چاقىرىم ئارتۇق يول يۈرۈپ، قۇندۇز ۋە ھىسارغا كېلىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شاھ قوشۇنى كارۋان يولى بىلەن تېرمىز ۋە بايسۇن ئارقىلىق سەمەرقەندكە قاراپ ئاتلانسۇن. بابىر بولسا ھازىر ھىسارغا يېقىن تۇرۇپتۇ. بىر ھۇجۇم بىلەن ھىسارنى كۆچمەنچى سۇلتانلار قولىدىن تارتىپ ئېلىشقا كۈچى يېتىدۇ. كېيىن ئۇ سەمەرقەندكە جەنۇب تەرەپتىن يول ئاچىدۇ ۋە شاھ ئىسمائىلنىڭ قوشۇنى بىلەن شەھرىسەبز، قارشى ئەتراپلىرىدا ئۇچرىشىدۇ.

مەنتىقە جەھەتتىن ئاساسلىق بولغان بۇ پىكىرگە شاھ ئەلچىسى ئېتىراز بىلدۈرمىدى ۋە بابىرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

## 4

بابىر ئەلچى بىلەن تۈزگەن بۇ پۈتۈمنى شاھ ئىسمائىلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مىرزاخاننى تەبرىزگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى-دە، ئۆزى ھىندىقۇش تېغىنىڭ غەربىي شىمال ئېتەكلىرىگە توپلانغان قوشۇنلىرىنى جەڭگە تەييارلاشقا باشلىدى.

باھار ئاخىرلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بابىر قاسىمبەگ بىلەن ئېدىر يولىدىن موغۇل بەگلىرىنىڭ قارارگاھلىرىغا ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا قاسىمبەگ بابىرنى يولدىن چەتكەرەك باشلاپ چىقىپ، بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتتى.

شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن شىئە سەللىسىنى بابىر كۆزىگە سۈرۈپ، ئەلچىگە قاتتىق ۋەدىلەرنى بەرگىنىدىن موغۇل بەگلىرى قاتتىق

رەنجىگەنمىش، ئۇنى «چاھارپارلاردىن ۋازكېچىپ، ئىمامىيە مەزھىپىگە ئۆتتى" دەپ پىتنە-ئىغۋا ئۇيۇشتۇرغانمىش. بۇنىڭدىن تۆت-بەش يىل بۇرۇن كابۇلدا ئەگوسەلىم، شىرقۇلى دېگەن موغۇل بەگلىرى بابىرغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان مەزگىللىرىدە قولغا چۈشكەن، بابىر ئۇلارنى يېقىن تەرەپدارلىرى بىلەن بىللە قەتل قىلدۇرغانىدى. شەيبانىيزادىلەردىن ئايرىلىپ، يېقىندا بابىرغا كېلىپ قوشۇلغان موغۇل بەگلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىرى بار ئىكەن، ئۇلار ئۈچ ساقلاپ يۈرگەنىكەن. ئەمدى شۇ بەگلەر يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، بابىرنى قۇندۇزدا ئۆلتۈرمەكچى ياكى كابۇلغا قوغلىۋەتمەكچىمىش. ئۇنىڭ ئورنىغا بابىرنىڭ قولىدا ئۆسكەن ئانا جەمەت بىر نەۋرە، مەرھۇم ئالىچەخاننىڭ ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى سەئىدخاننى تەختكە چىقارماقچىمىش.

— كىملەر شۇنداق قىلماقچى؟ كىملەر؟! — دەپ بابىر غەزەپتىن تىترەپ سورىدى.

قاسىمبەگ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى. مۇلازىم ۋە خاس نەۋكەرلەر يىراقتا قالغان، ئاۋاز ئۇلارغا ئاڭلانمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ قاسىمبەگ ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— قەمبەر ئەلى سەللاھ، سەئىد ئەلى شەكمە، — دەپ بىرقانچە پىتنىچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتتى.

— ئىپلاسلار! قاچانغىچە بۇلار مېنىڭ يەلكەمگە تىغ ئۇرىدۇ؟! ئەنجاندىكى ئەھمەد تەنبەلمۇ شۇ تائىپىدىن ئىدى! بەس! ھەممەسىنى تۇتقۇزۇڭ! پارە-پارە قىلىپ، گۆشلىرىنى قۇزغۇنلارغا تاشلىتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىمبەگ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، تاغ ئېتەكلىرىدىكى مىڭلاپ ئوتاقلارغا ئەنسىرەش بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ھەزرىتىم قاراڭ، بۇلار ناھايىتى كۆپ، نەۋكەرلىرى بىلەن يىگىرمە مىڭ!

كۆپ ئەسىردىن بۇيان ماۋەرائۇننەھردە ياشايدىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، مۇسۇلمان دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ خۇراپاتلىقىغا قاتتىق بېرىلگەن بۇ موغۇل بەگلىرى ۋە نەۋكەرلىرىنىڭ كەسپى ھەربىي ئىش ئىدى. قايسى پادىشاھ تەمىناتىنى كۆپرەك بەرسە، قايسى جەڭدىن ئولجا ياخشىراق چۈشكەن بولسا، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئاشۇ پادىشاھ ۋە ئاشۇ جەڭ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. خىسراۋشاھ خىزمىتىدىن شەيبانىخانغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن بابىرغا كېلىپ قوشۇلغان بۇ ياللانغان ئەسكەرلەر تۇراقسىزلىقتا ئۆگەنگەنىدى.

ئەگەر بابىر پىتنىچى بەگلەرنى تۇتقۇزۇپ جازالايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئايماقلىرى ئاغرىنىپ قېلىشى، كېيىن قەست ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈشى ئېنىق ئىدى. ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتسە، كېيىن بابىر شەيبانىيزادىلەر ئالدىدا زەئىپلىشىپ، يېڭىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

بابىر شۇنى ئويلىغاندا قەلبىدىكى غەزەپ ئورنىنى ئېغىر ئەنسىزلىك تۇيغۇسى ئىگىلىدى.

— داۋاملىق ئىنساپ ۋە ئىمانغا خىلاپ خىيانەتلەر شۇ موغۇل بەگلىرىدىن سادىر بولىدۇ! يەنە بۇلار دىن ۋە مەزھەپنى ھىمايە قىلماقچىمۇ؟!

— پۈتۈن جاھالەت مانا شۇنداق نادانلاردىن چىقىدۇ-دە،

ھەزرىتىم! قۇلىڭىز ئەنە ئاشۇ جاھىللارنىڭ كەيپىياتىنى سېزىپ، سەللىنى ئالماڭ، دېگەنىدىم.

— لېكىن ئالماي ئىلاجىم بارمىدى؟

— ياق ئەمىدى، ھەزرىتىم، سىز مۇتلەق توغرا قىلدىڭىز! ئەمدى بۇنى ھەممىسىگە ياخشىلاپ ئۇقتۇرۇش كېرەك. موغۇللارنىڭ ئارىسىدىمۇ ياخشىلار بار، پىتنە تەييارلاۋاتقانلىقىنى ماڭا موغۇل ئەۋلادىدىن چىققان تاغىڭىزنىڭ بالىسى سەئىدخاننىڭ ئۆزى كېلىپ ئېيتتى. "ھەزرىتىمدىن ئىلتىماس قىلىڭ، ئىلاجى بولسا مېنى ئەنجانغا ئەۋەتسۇن"، دېدى.

— لېكىن سەئىدخان... بەرگەن تۇزىمىزنى ئاقلاپتۇ... دۇرۇس!

— باشقا ئىناپلىق موغۇللارمۇ كۆپ، ھەزرىتىم. سىز بىر تۈركۈم يامان بەگلەرنىڭ پىتنىسىدىن كۆپ مەيۈسلەنمەڭ. پېقىر چارىسىنى ئويلاپ قويدۇم.

— خوش قانداق؟

— سەئىدخان سىزگە ساداقىتىنى ئىسپات قىلدى. ئۇنى خان قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولغان بەش-ئالتە پىتنىچى بەگلەرگە بىر-ئىككى مىڭ نەۋكىرى بىلەن رۇخسەت بېرەيلى. "بېرىڭلار، ئەنجاننى شەيبانىيزادىلەردىن ھىمايە قىلىۋېلىڭلار!" دەيلى ۋە ھەممىسىنى قاراتېگىن ئارقىلىق ماڭدۇرۇۋېتەيلى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ پىتنىچىلەردىن قۇتۇلىمىز، ئۇلارمۇ خالىغان خانلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئۆتۈپ تىنچىيدۇ.

— قالغانلىرى يەنە بىركۈنى خىيانەت يولىغا ئۆتسىچۇ؟

— قالغانلىرى بىلەن كېيىن مەن ئۆزەم ئايرىم-ئايرىم سۆزلىشىپ چىقىمەن. "پادىشاھتىن گۇناھىڭلارنى سورىۋالدىم، بىر قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارىغا كىردىم، ئىككىنچى قېتىم كىرمەسمەن" دەپ چۈشەندۈرىمەن. بۇمۇ كۇپايە قىلمىسا، گۇمانلىقراقلىرىنىڭ كەينىگە زېرەك مەخپىي خادىملاردىن قويۇپ قويغانمەن. ئەگەر يەنە بۇزۇقلۇق قىلىشسا ئۇ چاغدا تۇتۇپ ئەكىلىمەن، كېيىن خالىغىنىڭىزچە جازا بېرەرسىز!

* * *

ئاخىر، بارلىق پىلانلار سۆزلەشكەن بويىچە ئەمەلگە ئاشتى، بابىرنىڭ موغۇللار بىلەن بىرلىكتە يىگىرمە بەش مىڭدىن ئاشىدىغان قوشۇنى ياز كۈنلىرىدە ئامۇ دەرياىنىڭ پەنج دەپ ئاتىلىدىغان يۇقىرىقى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، كۇلاب ئارقىلىق ۋەخش ۋادىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

شەيبانىيزادىلەر شاھ ئىسمائىل قوشۇنىنىڭ تېرمىز تەرىپىدىن كېلىۋاتقىنىنى، ئۇلار بابىرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلسا، يېڭىش مۇشكۈل بولۇشىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەبەيدۇللا سۇلتان باشلىق بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى قارشى ۋە سەمەرقەندتە قالدۇرۇپ، ئاساسىي كۈچلىرىنى ھىسارغا يىغىپ كېلىشتى. تۆمۈر سۇلتان، جانىبەگ سۇلتان، ھەمزە سۇلتان ۋە مەمەك سۇلتان باشلىق ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق قوشۇن چۆل ۋە ۋادىلاردىن چىقىپ، ئېگىز تاغ ئارىلىقلىرىغا ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار بابىرنىڭ قوشۇنىنى ۋەخش دەرياسىدىن ئۆتكۈزمەسلىككە ئىنتىلەتتى.

بىراق يۇقىرىدىن تېزلىكتە چۈشۈپ كېلىۋاتقان بابىر پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن ۋەخش بويىغا دۈشمەندىن خېلى بالدۇر يېتىپ باردى ۋە پۇلى سەنگىن① دېگەن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. كېيىن ئادەم

① پۇلى سەنگىن — "تاش كۆۋرۈك"، ھازىرقى نارەك شەھرىنىڭ يېنىدا بولغان.

ئايغى تەگمىگەن تىك قىيا تاشلار ۋە قىستاڭلار ئارىسىدىكى ھەيۋەتلىك دارىنىڭ ئاغزىنى ۋە ھەربىي جەھەتتىن قولايلىق ئېگىزلىكلەرنى ئىگىلىۋالدى. پەستىن يامىرىشىپ چىقىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنى تارغىنا يول بىلەن دارانىڭ ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي توختىدى.

سۇلتانلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ خېلى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن تۆمۈر سۇلتان باشلىق ئون مىڭچە ئەسكەر ئېغىزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە، بابىر تۇرغان ئېگىزلىككە كەينىدىن ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئارقىدىن چىقىپ كېلىپ تولغىما ئىشلىتىدىغانلىقىنى سەرپۇل جېڭىدە كۆرگەن بابىر ئۇنىڭ نىيىتىنى پەملەپ قالدى. دەرھال مىرزاخان باشلىق ئون مىڭ ئاتلىقنى دۈشمەن ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقان تەرەپكە ماڭدۇردى. ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقانلاردىن كۆرە ئۇدۇل كېتىۋاتقانلار مۆلچەرلەنگەن جايغا چاپسان يەتتى ۋە ئېگىزلىكنىڭ ۋەخش دەرياسىغىچە بېرىپ تاقىلىدىغان ھەممە مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىگىلىۋالدى. ۋەخش تىك قىيالار ئارىسىدىن شۇنداق دەھشەت بىلەن ئاقاتتىكى، ئۇنىڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ ئۆتكىلى بولمايتتى. تۆمۈر سۇلتان ئۇدۇلدىن چىققان ئەسكەرلەرنىڭ سېپىنى يېرىپ ئۆتمەكچى بولۇپ، پېشىنگىچە جەڭ قىلدى. لېكىن قارشى تەرەپ يۇقىرىدىن تاش يۇمىلىتىپ، ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا يول بەرمىدى.

ئوچۇق چۆللەردە ئۆسكەن، تۈزلەڭ ۋادىلاردا دادىل ھەرىكەت قىلىدىغان سۇلتانلار ھەممە تەرىپى ئېتىكلىك دارىلار ۋە تىك قىيا تاشلىق تاغلار ئارىسىدا ناھايىتى قىيىنلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ چۆل ئاتلىرىمۇ تاغدا ياخشى يۈگۈرەلمەيتتى. بەزىلىرى تىك جايدىن

چۇشۇۋاتقاندا تاغدا يۈرۈشكە مۆلچەرلەنمىگەن قوشقۇن ۋە ئىپىللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئىگىلىرى ئاتتىن يېقىلىپ چۈشەتتى. شۇنداق يىقىلىپ چۈشكەنلەردىن بىرىنى تۇتۇۋېلىپ، بابىرنىڭ ئالدىغا "تىل" تەرىقىسىدە ئەكەلدى. بابىر "تىل"نى سوراق قىلدۇرۇپ، شەيبانىيزادىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىستىبداتلىق سەركەردىسى بولغان ئەبەيدۇللا سۇلتان يوقلۇقىنى، باشقىلىرى ياخشىراق ئىلشىشىنىڭ ئېپىنى تاپالماي، چېكىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىقلىدى.

بابىر دۈشمەن قوشۇنى سەپ تارتىپ تۇرغان پەسلىكنىڭ يېنىدا سۇ يوقلۇقىنى بىلەتتى. ھاۋا ئىسسىق، كۈن بويى سوكۇلداپ يۈرۈپ چارچىغان ئادەملەر ۋە ئاتلار بىردەمدىلا چاڭقاپ، سۇ ئىزدەشكە كىرىشىشى مۇقەررەر. سۇ بولسا دۈشمەن تۇرغان جايدىن بەش-ئالتە چاقىرىم ئارقىدا ئىدى.

كەچ كىرىپ، كۈن پېتىشقا باشلىغاندا بابىر ئادەملىرىگە "بۈگۈن ئەمدى جەڭ بولمىدى، ئەتىنى كۈتىمىز" دېگەندەك قىلىپ، ئېتىدىن چۈشتى. دۈڭلۈكتە بابىرنىڭ يېنىدا تۇرغان مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرمۇ ئۇچۇق-ئاشكارا ئاتتىن چۈشۈشكە باشلىدى.

بۇنى دارانىڭ چېتىدىكى شەيبانىيزادە سۇلتانلار كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن دارانىڭ ئىچىدە— سۇلتانلارغا كۆرۈنمەيدىغان جايدا بابىرنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ئاتتىن چۈشمەي، سەپ تارتىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

دۈڭلۈكتە تۇرغان بابىرنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق نەۋكەرلىرى بىلەن كەچكى مەزگىلدە ئاتتىن چۈشكىنىنى ۋە نەۋكەرلەر سېپىنى تارقىتىۋەتكىنىنى كۆرگەن سۇلتانلار "بۈگۈن راستتىنلا جەڭ بولمايدۇ"

دەپ ئويلىغان بولۇشسا كېرەك، ئۇلارمۇ سەپلىرىنى بۇزۇپ، بەزىلىرى ئاتلىرىنى يېتەكلىگەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇشتى ۋە سۇ ئىزدەشكە باشلىدى.

بابىرغا شۇ لازىم ئىدى. ئۇ سەكرەپ ئېتىغا مىندى-دە، دارا ئىچىدە دۈشمەنگە كۆرۈنمەي تەييار تۇرغان بەگ ۋە نەۋكەرلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— دۈشمەنلەر چېكىندى! زەپەر بىزنىڭكى بولدۇ! قوغلاڭلار!

بۇ بۇيرۇق ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، بىردەمدىلا پۈتۈن سەپلەرگە تارقالدى. "دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيدۇ" دېگەندەك دۈشمەننىڭ چېكىنگىنىگە ئىشەنگەن دارادىكى ئەسكەرلەر ئېغىزنىڭ تاشقىرىسىغا شىردەك دادىل ھۇجۇم قىلىپ چىقىشتى. بابىرمۇ قىلىچ يالىڭاچلاپ، دۆڭدىكى بايراقدارلىرى ۋە خاس نەۋكەرلىرى بىلەن پەستكە ئېتىلدى.

شەيبانىيزادىلەر دارا ئىچىدىن ۋە دۆڭدىن تاغ كۆچكۈندەك ئېتىلىپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئون بەش مىڭ قوشۇن ئالدىدا ھودۇقۇپ قېلىشتى. ئۇلار بۇزۇلغان سەپلىرىنى قايتىدىن رەتلەشكە ئۈلگۈرەلمەي، ۋەھىمە ئىچىدە قېچىشقا چۈشتى.

بۇ قېچىشنى ئوڭ تەرىپىدە مىرزاخان بىلەن ئېلىشىۋاتقان تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئادەملىرىمۇ كۆردى-دە ئايرىلىپ، قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، نېرىدىكى بىر داراغا قاراپ چېكىندى.

بابىر خاس نەۋكەرلىرى بىلەن بىللە دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. گۇگۇم چۈشكەندە ئۇنىڭ مۇھەممەد سۇلتان دولداي دېگەن بېگى ھەمزە سۇلتاننىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئۆزىنى ئەسىر ئېلىپ كەلدى. خۇپتەندىن كەچرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجاكاللان باشلىق نەۋكەرلەر مەھرى سۇلتانىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ كەلدى.

قارىكۆل ۋە ئەنجاندا بولغان تۇرغۇنلىغان قىرغىنلارنىڭ سەۋەپچىلىرى مانا مۇشۇ سۇلتانلار ئىدى. بابىر ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

5

تىنىق كۆز ئاسمىنىدا ئاق يىپەكتىنمۇ يۇمشاق بۇلۇتلار ئۇچاتتى. سەمەرقەند باغلىرىدا دانلىق ئانارلار يېتىلگەن، سايۋا ئۈزۈملەر ۋە رەڭدار ئالمىلارنىڭ ئەڭ شېرىنلىرى قالغان پەيت. شەھەرنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ئۇچۇق، كىرىش-چىقىش راۋان، ئۇن كۈندىن بۇيان سەمەرقەندتە يا قوشۇن يوق، يا ھاكىمىيەت يوق. شەيبانىيزادىلەر ۋەخش بويىدا بابىردىن يېڭىلگىنىدىن كېيىن غۇزار ۋە قارشى ئەتراپلىرىدا يەنە ئەستايىدىل بىر جەڭ قىلماقچى بولۇپ كۈچ توپلاپ كۆرۈشتى. ئىراق بايسۇن تاغلىرىدىن ئېرىدا بابىرنىڭ قوشۇنىغا شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن ئوتتۇز مىڭ قىزىل باش ئەسكىرى كېلىپ قوشۇلغىنى مەلۇم بولغاندىن كېيىن سۇلتانلار ئىككىنچى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن قورقۇشتى-دە، قارشى، بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى جەڭسىز تاشلاپ چىقىشتى. پەقەت ئۇلار دۈشمەنلىرىگە ئۈزۈق-تۈلۈك قالدۇرماسلىققا تىرىشىپ قوللىرىغا چۈشكەن ھەممە ئات-ئۇلاغ، مال-ۋاران، ئاشلىق-تۈلۈكنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆچمەنچى قەبىلىلەرنىڭ يەنە بىر تالان-تاراجىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۇلارغا قارشى نەپرەتى تولىمۇ ئاشقان تۇرغۇن ئاھالە ئەمدى پۈتۈن نىجاتىنى بابىردىن كۈتۈپ،

ئۇنىڭ يولىغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىشكە باشلىدى.

بابىر ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن غوزاردىن قارشىغا، ئۇنىڭدىن بۇخاراغا ئۆتۈپ، بۇ قورغانلارغا ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى قويۇپ، ئەمدى سەمەرقەندكە كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سەمەرقەندلىكلەر چاررەھە دەرۋازىسىنى، ئۇنىڭغا كىرىدىغان بۇخارا يولىنىڭ ئىككى چېتىنى كەشتىلىك ياپقۇچ، گىلەم ۋە كەشتىلىك زەدىۋاللار بىلەن بېزىدى. يول بويىغا ئۇنلاپ ۋاقىتلىق دۇكانلار قۇرۇلدى، ھېيت كۈنلىرىدەك سەيلە باشلاندى.

شەھەرنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق ئادەملىرىدىن يىگىرمە-ئوتتۇزچىسى قورغان ئاچقۇچلىرى ۋە قىممەت باھالىق سوۋغاتلار بىلەن بابىرنى بىر كۈنلۈك يولدا قارشى ئېلىشتى. ئەتىسى كۈنى بابىر سەپ-سەپ ئاتلىق قوشۇن ئالدىدا مۇلازىملىرى بىلەن سەمەرقەندكە يېقىنلىشى-ۋاتقاندا يولنىڭ ئىككى بويىنى خالايىق قاپلاپ كەتكىنىنى، ھەممە تەرەپ بايرام تۈسىگە كىرگەنلىكىنى، تام تۆپىلىرىدە، دەرۋازا ئالدىلىرىدا كانايلار ۋە ناغرىلار چېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بابىرنىڭ ھساردىكى غەلىبىسى شەرىپىگە يېزىلغان شېئىرىي تارىخلار①، ئۇنىڭ سەمەرقەندكە كېلىشىنى قۇتلۇقلايدىغان قۇرلار خەتتاتلار تەرىپىدىن چوڭ-چوڭ ھەرپلەر بىلەن ئاق يىپەك رەختە-لەرگە يېزىلىپ، يول بويلىرىغا، دۇكان تۆپىلىرىگە، قورغان ئىچىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايلىرىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. بابىر خار-زار بولۇپ چىقىپ كەتكەن ۋەتىنىدە بۇنچىلىك ئىززەت-ئابروي

---

① شېئىرىي تارىخ — مەخسۇس بىر شېئىرىي ژانىر بولۇپ، ھەرپلىرىدىن ئەبجەد ھېسابى بىلەن مەلۇم يىل ۋە ئاي كېلىپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىلەن قارشى ئېلىنىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ قوغدىغۇچى قىسىملىرى بىلەن شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىن كۆك سارايغا قاراپ ئۆتۈۋاتقاندا ئۇلۇغبەگ مەدرىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقى ۋە مۇنارىلىرى ئۈستىدە قوش كانايلار چېلىپ، ناغرىلارنى سايرىتىپ، شادلىقنى بىلدۈرۈۋاتقان ۋەتەنداشلىرىنى كۆردى. شۇنىڭدا بىردىنلا تېنى غۇژۇلداپ، كۆزىگە ياش كەلدى. يېنىدا كېتىۋاتقان قاسىمبەگكە قاراپ:

— ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، چۈشۈممۇ بۇ، ئوڭۇممۇ؟ — دېدى.

— ئوڭىڭىز، ھەزرىتىم! ئوڭىڭىز!

خاس نەۋكەرلەردىن سەل كېيىنرەكتە شاھ ئىسمائىلنىڭ سەللىلىرىگە قىزىل ئوتىغاتلار قادالغان بەگلىرى ئەخمەدبەگ سوپى ئوغلى، شاھرۇھبەگ ئەپشەر، مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن بىر توپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە غالىبلارغا خاس مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆتۈشەتتى، يۈزلىرىدىن: "بىز بولمىساق بابىر سەمەرقەندكە قايتىپ باقسۇنچۇ!" دېگەن بىر مەنە ئاڭلىناتتى.

سەمەرقەندلىكلەر بولسا پۈتۈن كاناي-سۇنايلىرىنى بابىرغا قارىتىپ چېلىشاتتى. شاھ ئىسمائىلنىڭ بەگ ۋە نەۋكەرلىرى خالايىق ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىغاندا كانايلار ۋە ناغرىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختاپ قالاتتى. قىزىل باشلارنىڭ شەپقەتسىز ئىشلىرى ۋە شىئە مەزھىپىنى زورلۇق بىلەن تارقىتىش جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرى سەمەرقەندكە ناھايىتى ۋەھىملىك ئىغۋالار تەرىقىسىدە يېتىپ كەلگەنىدى. شەھەرنىڭ سۈننىي ئاھالىسى سەپ-سەپ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان قوراللىق شىئەلەرگە ئەنسىرەپ، ياقتۇرماي قارايتتى.

خالايىقنىڭ سوغۇق مۇناسىۋىتىدىن قىزىل باش بەگلەرنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ باراتتى. بابۇرغا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىززەت-ئىكراملار ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى.

بۇنداق مۇرەككەپ ھالەتلەر قارشى ۋە بۇخارادىمۇ بولغانىدى. بابۇر ۋەتەنداشلىرىنىڭ مېھماندوستلۇق تۇيغۇسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن شۇ كۈنىلا سەمەرقەندنىڭ مەيدان ۋە كوچىلىرىغا جارچى چىقارغۇزۇپ، "شاھ ئىسمائىلنىڭ غازىيلىرى بىزنىڭ مۆتىۋەر مېھمانلىرىمىزدۇر!" دەپ ئېلان قىلدۇردى. كېيىن خوشاللىق كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمانلارغا ۋە شەھەر ئاھالىسىگە ئۈچ كۈنگىچە ئاش بېرىشنى بۇيرۇدى.

بابۇر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم قامالدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ھېسابسىز مۇشەققەتلەرنى چەككەن بوستانسارايدا، مەھەللە ۋە كوچىلاردا، باغ ۋە سەيلىگاھلاردا يۈزلەپ تونۇرلاردا ئاسىياچە نانلار، شىرمەن نانلار، پېتىر توقاچلار، چاۋاتلار يېپىلدى، مىڭلاپ تاۋاقلاردا ئاشلار تارتىلدى، ھېسابسىز كۆپ قويلارنىڭ گۆشلىرىدىن قورداقلار، كاۋاپلار، شورپىلار تەييارلاندى، ئېسىل ئىچىملىكلەرگە تولغان كوپلەر ئېچىلدى.

بابۇر ھەر كۈنى مېھمانلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرى بىلەن ئىچىملىك ئىچىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. توي-تاماشا ئۈستىگە يەنە تۆت تەرەپتىن خۇش خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. ئەنجان، مەرغىلان، ئوش ۋە ئۆزگەنت ھەممىسى كەينى-كەينىدىن شەيبانىيزادىلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن چىقىپ، بابۇر تەرەپكە ئۆتكەنىدى. جەنۇبتا قۇندۇز، كابۇل، غەزنى، بارلىقى ئەمدى بابۇرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېگانە مەملىكەتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختلىك دەۋرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلانغان، بارلىق ئارزۇلىرى ئەمدى كەم-كۈتىسىز ئەمەلگە ئاشۇ-رۇلۇشى كېرەك ئىدى.

ىبراق بۇ بەختنىڭ ئامانەت ۋە ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى ئەڭ ئاۋۋال مەسچىت بىلەن بازاردا بىلىندى.

* * *

سەمەرقەنت قورغىنىنىڭ ئاھەنىن دەرۋازىسى يېنىدىكى زور مەرمەر مەسچىتنىڭ تەكشى تاش ياتقۇزۇلغان مەيدانىغا يىگىرمە مىڭ نامازخان يىغىلغان. بۈگۈنكى جۈمە نامازىدا خۇتبىنىڭ قانداق ئوقۇلۇشىنى كۆپچىلىك سەمەرقەندلىكلەرنىڭ ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. چۈنكى "بابىر پادىشاھ شىئەلەر تەرىپىگە ئۆتكەنىمىش، چاھارىيارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئون ئىككى ئىمامنى ئىقرار قىلغانىمىش!" دېگەن مىش-مىش گەپلەر كۆپەيگەن، بابىرنى خۇش بولۇپ قارشى ئالغان سۈننىي مەزھىپىدىكى ئادەملەرنىڭ بۇ ئىنغۋالارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ىبراق ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئاھالىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان مىش-مىش گەپلەرنى بارغانسېرى كۆپ تارقىتىشاتتى. بۈگۈن جامە مەسچىتتە ئوقۇلىدىغان خۇتبە بۇ ئىنغۋالارنىڭ قانچىلىك راست، قانچىلىك يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. قائىدىگە بىنائەن، خۇتبىگە ياكى چاھار-يارلارنىڭ نامى، ياكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ نامى، ئەلۋەتتە، قوشۇپ ئوقۇلاتتى. بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر جامە مەسچىتنىڭ ئىچ-تېشىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. خۇتبە ئوقۇلۇشىغا بىر سائەت قالغاندا مەسچىت مەيدانىدا بوش جاي قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىك ۋە دەرۋازىلار ئالدىدا تۇرغان قوراللىق ساقچىلار ئىچكىرىگە ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى.

بىر چاغـدا مەسچىتـنىڭ ئارقا ئىشىكىـدىن سەدرلەر سۇدۇرى خوجاخەلىپە، بابىر، قاسىمبەگ ۋە ئۇچ-تۆتـچە قىزىل باش بەگلەر كىرىپ كېلىشتى. بابىر مەسچىتنىڭ ئىچ-تېشىغا ئادەم ھېسابسىز كۆپ يىغىلغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى بىئارام بولۇپ "جىغ" قىلىپ كەتتى. بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ ھازىر قىلماقچى بولغان قالتىس ئىشى ۋاقتىـلىق بىر چارە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمدىكىـن؟ سەمەرقەنـدكە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئوتتۇز مىڭ قىزىل باشنى مېھمان قىلىش، ھەر كۈنى زىياپەت بېرىپ بېقىش ئاسان ئەمەس. ئوتتۇز مىڭ قىزىل باشنىڭ ئەللىك-ئاتمىش مىڭ ئېتىغمۇ يەم-خەشەك تېپىـپ بېرىش كېرەك ىدى. كۆز ئاخىرلىشىـپ، قىش يېقىنلاشـماقتا. شەيـبانىيزادىلەر خەزىنىنى قۇپقۇرۇق قىلىپ، بارلىق زاپاسلارنىمۇ ئېلىپ كەتكەنىدى. بازاردا نەرخ-ھاۋا كـۆتـۈرۈلـۈپ كېتىپ باراتتى. ئەگەر بابىر ھازىردىن دىققەت قىلمىسا، قىش ۋە باھاردا خۇددى ئاۋۋالقى قېتىم-دىكىدەك تەڭقىسلىق ۋە ئاچلىق بالاسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى.

مانا شۇ ۋەزىيەتتە ئەڭ توغرا يول ئوتتۇز مىـڭ كىشىلىك شاھ قوشۇنىـنى "ئاتاڭ ياخشى، ئاناڭ ياخشى" دەپ سىلاپ-سىپاپ، ۋەتىنىگە ماڭدۇرۇۋېتىش ئىدى. بالـدۇرقى كېلىشـكەن شەرتـلەرگە بىنائەن، بابىر شاھ ئىسمائىلىنى ئالىي ھاكىم دەپ ئېلان قىلىشى، خۇتبىگە ئۇنىڭ ۋە ئۇن ئىككى ئىمامنىڭ نامىنى قوشۇپ ئوقۇتۇشى، كېيىن شاھنىڭ نامىـدىن پۇل ياسىتىـپ چىقىرىـشى كېرەك ئـىدى. شۇ شەرتلىرى بىجىرىلسە، شاھ ئىسمائىلنىڭ بەگـلىرى ئۆز قوشۇن-لىرىـنى ماۋەرائۇننەھردىـن ئېلىـپ چىقىـپ كېتىشكە ئۇنايتتى. ئوتتۇز مىڭ قىزىل باشنى باقىمەن دەپ ئەبگار بولغۇچە يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى كۆرۈنۈشكە بولسىمۇ بىجىرىپ، بىگانە قوشۇندىن چاپسان-

راق قوتۇلۇش توغرىراق ئىكەنلىكىنى قاسىمبەگمۇ، باشقا سىرداش ئەمەلدارلارمۇ چۈشەنگەنىدى. خوجاخەلىپىمۇ بۈگۈنكى خۇتبىنى بابىر خالىغان تەرىقىدە ئوقۇشقا رازى بولغانىدى. پىلانغا ئاساسەن، خوجاخەلىپە سەمەرقەندلىك سۈننىي نامازخانلارنىڭ غەزىپىگە قالماسلىق ئۈچۈن چاھارىيارلارنىڭ ناملىرىنى ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئالماي ئومۇملاشتۇرۇپلا ئېيتىپ كېتىشى، ئۇن ئىككى ئىمامنى بولسا قىزىل باش بەگلەرنى قانائەتلەندۈرىدىغان ئاھاڭدا بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇزۇن چارساقلىق كىندىكىگە چۈشىدىغان خوجاخەلىپە ھەممە مەسچىت قوۋمىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، جۈمە نامزىنى ئوقۇدى-دە، كېيىن قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ، مەسچىت تۆرىدىكى مەرمەر پەلەمپەيلىك مۇنبەرگە چىقىشقا باشلىدى.

يىگىرمە مىڭ نامازخاننىڭ ھەممىسى جىم. مەسچىت مەيدانىنى تولدۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گويا ئۆزلىرىنىڭ سۈننىي مەزھىپىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك باشلىرىغا تۆت ئۇراملىق سەللىلەر ئورىغانىدى. سۈننىي سەللىلەرنىڭ سانىغۇسىز كۆپلۈكىدىن ئاچچىقى كەلگەن ئەلچى خوجاخەلىپىنىڭ بېشىدىكى سەللىگە قارىدى. ئۇراملىرى تۆتتىن كۆپ، ئەمما ئۇن ئىككىمۇ ئەمەس. ساناپ بولمايدۇ. مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى بابىر ۋە قاسىمبەگنىڭ باشلىرىدىكى سەللىلەرگە قارىدى. بۇلارنىڭ ئۇراملىرىمۇ تۆتتىن كۆپ، ئەمما ئۇن ئىككىدىن ئاز. بۇ سەللىلەر شۇنداق ئورالغانكى، ئۇرامىنى ساناش مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى بۇنىڭدا قانداقتۇر مەنە بارلىقىنى سېزىپ، سەگەكلەشتى. ئەجەبا بابىر كۈندۈزدە بەرگەن ۋەدىسىنى بېجىرىشتىن باش تارتماقچى

بولسا؟

مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغاسى خوجاخەلپىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، سەگەك تۇرۇپ كۆزىتىشكە باشلىدى. مەسچىت مەيدانىدىكى ئادەملەرمۇ دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ خۇتبىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئومۇمىي جىمجىتلىقتا خوجاخەلپىنىڭ يوغان ئاۋازى ئاللىقانداق تىترەپ، مۇڭغا تولۇپ ئاڭلاندى:

— بىسمىللا ـ ئاھىر ـ راھما ـ ئانىر ـ رەھىم!

مۇنبەردە تۇرغان خوجاخەلپە يىگىرمە مىڭ سۈننىي نامازخانىنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، تېزىمۇ غالىلداشقا باشلىدى. مانا، ئۇ ئاللاھ شەنىگە، پەيغەمبەر شەنىگە يېزىلغان سۈرىنى ئوقۇپ تۈگەتكىلى تۇردى. ئەمدى تۆت خەلپە تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. خوجاخەلپە ياشلىقىدىن سۈننىي مەزھىپىدە چاھارىيالارغا زور ئېتىقاد بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەم تۇرۇپ، ئەمدى شۇنچە نامازخانىنىڭ ئۈمىدىنى بىكارغا چىقىرارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يىگىرمە مىڭ سەللە تۇرۇپتۇ. بۇ سەللىلەردىن ھەر-بىرىنىڭ قېتىدا چاھارىيارلارنىڭ روھى ياشايدىغانلىقىغا خوجاخەلپە بالا چېغىدىن ئىشىنىدۇ. ھازىر ناماز خانىلارنىڭ باشلىرى سەۋر-سىزلىك بىلەن قىمىرلىغانىدا خوجاخەلپىگە سەللە ئورامىلىرىدىكى روھلار قىمىرلىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر ئۇ چاھارىيارلارغا ھۆرمەت-سىزلىك قىلسا، روھ ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك بولدى.

ياق، خوجاخەلپە چاھارىيارلارنىڭ روھىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن:

— پاك چاھارىيارلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرى! ھەزرىتى ئۆمەر! — دەپ ھازىر ئېيتىش كېرەك بولمىغان ناملارنى بىردىن خۇتبىگە قوشۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىدى.

بابىرنىڭ كەينىدە تۇرغان مىڭلاپ نامازخانلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن يەڭگىل نەپەس ئالغىنى ئاڭلاندى. مۇھەممەدجان ئىشىك ئاغىسىنىڭ بولسا رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدە شاھرۇھبەگ ئەپشەر قىلىچىنىڭ سېپىنى چاڭگاللاپ، مۇنبەر تەرەپكە ئىنتىلدى.

شىئەلەر ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسماننى بۈگۈنكى تىرىك دۈشمەن-لىرىدەك يامان كۆرۈشەتتى، مەسچىتتە ئۇلارنى ئۇلۇغلىغان ھەربىر سۆزنىڭ چىپپىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. ھىراتنىڭ جامە مەسچىتىدە چاھاريارلارنى ئۇلۇغلىغان زەينىددىن دېگەن خەتىپنى قىزىل باشلار نامازخانلارنىڭ كۆزى ئالدىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ پارچىلاپ تاشلىغىنىنى بابىر ئاڭلىغانىدى. ھازىر ئۇ شاھرۇھبەگنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئىلتىماس تەرىقىدە:

— بەگ جانابلىرى، سەۋر قىلىڭ، سەۋر! — دېدى. بۇ ئارىدا خوجاخەلىپە چاھاريارلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بولدى-دە، قىزىل باشلار سۆيىدىغان ئىماملارنى خۇتبىگە قوشۇشقا باشلىدى:

— ھەزرىتى ئىمام ھەسەن! ھەزرىتى ئىمام ھۇسەين! ھەزرىتى زەينەلئابىدىن ئەلى!

شاھرۇھبەگ ئەپشەر بۇ ناملارنى ئاڭلاپ قولىنى قىلىچىنىڭ سېپىدىن ئالدى-دە قاتارغا قايتىپ كىردى. ئەمما ئارقىدىكى ناماز-خانلار ئارىسىدا شۇنداق بىر ئاچچىق شاۋ-شۇۋ باشلاندىكى، خوجا-خەلىپە قالغان ئىماملارنىڭ نامىنى ۋارقىراپ ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئارقىدىن كىمدۇ:

— ھە، بەس، بەس! — دەپ ۋارقىرىدى. بىراق نامازخانلار

ئارىسىدىكى تەرتىپ بۇرنىتىش ئۈچۈن قويۇلغان بەستلىك نەۋكەر-لەردىن بىرى: "بەس!" دەپ ۋارقىرىغان ئادەمنىڭ ئاغزىنى چوڭ ئالىقىنى بىلەن ئېتىپ، بويىندىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

خەتىپ ئون ئىككى ئىمامنى بىرمۇ بىر ساناپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئىشنى بۈگۈن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ساھىبى زامان شاھ ئىسمائىل سەپەۋىينى ماختاپ سۆزلەشكە باشلىغاندا مەسچىت مەيدانى يەنىمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. پەقەت خوجاخەلىپە بابىرنى ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلغاندا شاۋقۇن ئازىراق بېسىلدى.

خۇتبىدىن كېيىن ئۆي-ئۆيىگە تارقالغان نامازخانلارنىڭ بەزىلىرى "بابىر مىرزا ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى بولدى، تەختىنى كەلگىنىگە بەرمىدى"، دەپ تەسەللى بەرمەكچى بولسا، باشقىلىرى:

— پاك مەزھەپىمىزگە رافىزىيلىق ئارىلاشتى، — دەپ شىۋىرلايتتى.

— ھارام بولدۇق! چاھارىيارلارنىڭ قارغىشىغا قالدۇق! يەنە قىممەتچىلىك بولسۇن! يەنە ئاچارچىلىق باشلانسۇن!

* * *

بابىر قىزىل باشلارنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئۇلارنى چاپسانراق ماڭدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن شاھ ئىسمائىل ئىنئام قىلغان ئاشۇ مەشھۇر سەللىنى تەختكە چىققاندا بېشىغا كىيىپ كۆرۈنۈش بەردى. كېيىن شاھ ئىسمائىلنىڭ تامغىسى بىلەن بىر نەچچە مىڭ تەڭگە پۇل سوقۇپ چىقىرىپ، بۇ پۇللارنى قىزىل باشلارنىڭ ئۆزلىرىگە تارقاتتى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەر ۋە قىشلاقلاردا ھەر خىل مىش-مىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپلەر بالىدۇرقىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتى. گويا ئەپسانىۋى كىتابلاردا يېزىلغان يەجۇج-مەجۇجلەر مانا شۇ قىزىل باشلار ئىمىش. بابىر قىزىل باشلارنىڭ سەللىسىنى كۆكتاشقا كىيىپ چىققاندا مۇقەددەس تاشنىڭ بىر چېتى يېرىلىپ كەتكەنىمىش. ئەمدى شاھ ئىسمائىل سەمەرقەندكە كېلىپ مانا شۇ كۆكتاشقا چىقار ئىمىش. ئاشۇ چاغدا قىيامەت-قايىم باشلىنار ئىمىش.

شەيبانىيزادىلەر سەمەرقەندتە قالدۇرۇپ كەتكەن موللا ۋە دەرۋىش كىيىمدىكى مەخپىي خادىملار مەھەللە، كوچىلاردا، بازارلاردا ۋەھىملىك ئىغۋا تارقىتىپ، شىئە-سۈننىي نىزالىرىنى مۇمكىنقەدەر ئوت ئالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. بازاردا نەرخ-ھاۋا ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ شىئەلەرنىڭ كاساپىتىدىن كۆرۈۋاتقان ئاۋام خەلق قىزىل باشلارغا نەپرەت بىلەن قارايتتى.

پۈتۈمدىكى شەرتلەر بېجىرىلگەندىن كېيىن قىزىل باشلار يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشكە ھازىرلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەش-ئالتىسى سەمەرقەندنىڭ چارسۇدىكى ئەتلەس دۇكىنىغا سوۋغا سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن كەلدى.

بازار كۈنى، چارسۇدا ئادەم ناھايىتى كۆپ. قىزىل باش نەۋكەرلەر يەتتە خىل رەڭ بىلەن تاۋلىنىۋاتقان سەمەرقەند ئەتلىسىگە خېرىدار بولۇپ قېلىشتى. تىك ياقا كۆڭلەك كىيگەن سېمىز سودىگەرگە قاراپ، تۆت كىيىملىك ئەتلەس ئۆلچەپ بېرىشنى بۇيرۇشتى.

سودىگەر ياغاچ گەزنى قولىغا ئالدى-دە، قىزىل باش نەۋكەرلەرگە مەسخىرە بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئاۋۋال پۇلۇڭنى كۆرسەت، — دېدى، — ئاقچاڭ قانداق تەڭگە؟

چوكـ قالپاق كيىگەن بىر يىگىت كوْن قاپچۇقىدىن ئوْچ-توْتچە كۇمۇش تەڭگە ئېلىپ، سودىگەرگە بەردى.

سودىگەر تەڭگىلەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە شاھ ئىسمائىلنىڭ تامغىسى، كەينى تەرىپىگە شىئە ئىماملىرىنىڭ نامى بېسىلغانلىقىنى كوْردى-دە، قورقۇپ كەتتى. ئۇ سۇننىي موللىلارنىڭ "شىئە پۇلى هارام، ئۇنى ئالغان ئادەم چاھارىيارلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ" دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن قولىغا تەڭگىنى ئەمەس، زەھەرلىك چايانلارنى ئالغاندەك يىرگىنىپ ۋە هودۇقۇپ، پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇردى.

بېلىگە قىلىچ ۋە خەنجەر ئاسقان بەستلىك قىزىل باش نەۋكەر ئاۋۋال ئالىقىنىدىكى يېڭى كۇمۇش تەڭگىلەرگە، كېيىن سودىگەرگە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى.

— نېمە بولدى؟! بۇ پۇلدا نېمە ئىللەت بار؟

— بىزدە بۇ تەڭگىلەر ئوْتمەيدۇ. هېچكىم ئالمايدۇ.

— نېمە ئۇچۇن ئالمايسەن؟ نېمە ئۇچۇن؟ — تىت-تىت بولۇپ سورىدى قىزىل باش نەۋكەر.

— ئوْتمەيدۇ.

— نېمە ئۇچۇن ئوْتمەيدۇ؟!

بۇ سوئالغا جەتتەرەك تۇرغان لوكچەكسىمان بىر يىگىت جاۋاب بەردى:

— كەلداخۇنلارنىڭ پۇلى هارام!

— هارام؟! — دەپ قىزىل باش نەۋكەر هېلىقى يىگىتكە قاراپ ئېتىلدى. ئاما ئۇ يىگىت ئوْزىنى بازارغا لىق تولغان خالايىقنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. شۇ چاغدا دۇكانلار ئارىسىدىن كىمدۇ بىرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزىل باش نەۋكەرگە تاش ئاتتى:
— رافىزىيلەر، كەت يۇرتۇڭغا! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
كۆزلىرىدىن ئوت چاقناۋاتقان ئىككىنچى قىزىل باش سودىگەردىن تەھدىت بىلەن سوزۇپ سورىدى:
— بىزنىڭ پۇلنى ئالمايسەن؟!
سودىگەر ئەمدى ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ مۆلايىمراق سۆزلىدى:
— ئالسام زىيان تارتىمەن، مېھمان، بىز كونا پۇلدا سودا قىلىپ كەلدۇق.
— كونا پۇل؟ شەيبانىخاننىڭ پۇلى كېرەكمۇ؟
ھازىر سەمەرقەند بازىرىدا ھەقىقەتەن شەيبانىخان چىقارغان تەڭگىلەر ياخشى ئۆتەتتى. بۇ تەڭگىلەرگە سۈننىيلەر سېغىنىدىغان چاھارىيارلارنىڭ نامى يېزىلغانىدى. سودىگەرلەر ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، شەيبانىخان تەڭگىلىرىنىڭ سالمىقى ئېغىرراق، دېمەك قىممىتى يۇقىرىراق ئىدى.
شەيبانىخاننىڭ ئۆلۈمىدىن ئۈچ-تۆت يىل بۇرۇن ھىراتتىن تا تاشكەنت ۋە تۈركىستانغىچە بولغان ۋىلايەتلەردە پۇل ئىسلاھاتى ئۆتكۈزگەن، رەقىبلىرىدىن مالىيە ساھەسىدىمۇ ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تەڭگىلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى تۆمۈرىيلەر چىقارغان تەڭگەلىرىنىڭ سالمىقىغا نىسبەتەن بىر دەڭ① ئاشۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە پۈتۈن خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر بازارلىرىدا

① بىر دەڭ — "ئالتىدىن بىر" دېمەكتۇر. تۆمۈرىيلەر تەڭگىسىنىڭ سالمىقى 4.6 گرام بولسا. شەيبانىخاننىڭ تەڭگىسى 5.2 گرام بولغان.

شەيبانىخان تەڭگىلىرىنىڭ خېرىدارى كۆپرەك ئىدى. لېكىن سودىگەر غەزەپلىنىپ تۇرغان قىزىل باش نەۋكەرگە بۇنى ئوچۇق ئېيتمىدى:

— شەيبانىخان يوق، ئۆلگەن، — دېدى.

شۇ چاغدا كىمدۇ يىراقتىن:

— سەمەرقەندنى بوشات، كەلدىخۇن! — دېدى-دە، دۇكان ئالدىدا تۇرغان قىزىل باشقا چالما ئاتتى. چالما ئۇنىڭ قالپىقىغا تېگىپ پارچىلاندى-دە، چېكى يۈزىگە چۈشتى. خالايىق ئارىسىدىن ئاللاكىملەرنىڭ كۈلگىنى ئاڭلاندى. قىزىل باش نەۋكەر ئەگرى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، چالما ئاتقان ئادەمنى قاراشتۇردى، ئەمما تاپالمىدى. كېيىن يەنە سېمىز سودىگەرگە يۈزلەندى. ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى سوزۇپ سورىدى:

— شاھ ئىسمائىلنىڭ پۇلىنى ئالامسەن؟

سودىگەر ئۇنىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ، تىترەپ سۆزلىدى:

— مەن ئالسام بالاغا قالىمەن.

قىزىل باش يەنە بىر قېتىم:

— ئالامسە-ن؟ — دەپ سوزۇپ سورىدى-دە، كېيىن چەتتىن ئېتىلغان تاش ۋە چالمىلارنىڭ ئەلەمىنىمۇ سودىگەردىن ئېلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە بارلىق كۈچى بىلەن قىلىچ ئۇردى. ئۆتكۈر قىلىچ سودىگەرنىڭ گۆشلۈك يەلكىسىنى بويىنىنىڭ ئالدىدىن كىندىكىگىچە كېسىپ چۈشتى. شۇ چاغدا ئىككىنچى قىزىل باشمۇ قىلىچىنى يالڭاچلىدى-دە، زوڭزىيىپ قالغان سودىگەرنىڭ بېشىنى بىر زەربە بىلەن بەدىنىدىن جۇدا قىلدى. سېمىز سودىگەرنىڭ باشسىز بويىنىدىن شارىلداپ ئېتىلغان قان دۇكان ئىچىدىكى ئەتلەسلەر ۋە يىپەك

رەختلەرگە چاچرىدى.

بۇنى كۆرگەن ئادەملەر قىيا-چىيا قىلىشىپ، ۋەھىمە ئىچىدە قېچىشقا باشلىدى.

## 6

شەنبە-سۈننىي ئىزالىرىنىڭ بۇنداق قانلىق توقۇنۇشلارنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ چىقىرىۋاتقىنى قىزىل باش بەگلەرنىمۇ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. بابىر ئۆزىنىڭ شاھ ئىسمائىل بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقىغا سادىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا قايتا-قايتا ئۇقتۇرۇپ، نوپۇزلۇق بەگلەرگە قىممەت باھا سەرپايىلار، ئاتلار، ئالتۇن-كۈمۈش پۇللار ئىنئام بېرىپ، ئاخىرى قىش چىللىسى چىققاندا ئوتتۇز مىڭ قوشۇننى ماۋەرائۇننەھردىن ئىرانغا يولغا سېلىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەند خېلى تىنچىپ قالدى. تاشكەنت، خوجەند، ئۆرە تۆپىلەرنىڭمۇ شەيبانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىن چىقىپ، بابىر تەرىپىگە ئۆتكەنلىكى ھەققىدە خۇش خەۋەرلەر كەلدى. قىزىل باشلارنى ئۈچ ئاي داۋامىدا بېقىش ۋە قىممەت باھا سوۋغىلار بىلەن ئۇزىتىش مەزگىلىدە خېلى بوشاپ قالغان خەزىنە ئاشۇ شەھەرلەر-دىن كەلگەن سوۋغا-سالاملار بىلەن يەنە خېلى تولۇقلاندى.

سەمەرقەند باغلىرى ھال رەڭ بادام چېچىكى بىلەن ياسىنىشقا باشلىغان دەسلەپكى باھار كۈنلىرىدە بابىر بىر توپ يېقىنلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى تەرەپكە سەيلىگە چىقتى.

ئونچە قوغدىنىغۇچى نەۋكەرنى توروق قاشقا ئات مىنگەن تاھىر باشقۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئاق ئاتلىق بابىرنىڭ ئىككى يېنىدا قاسىمبەگ بىلەن مەرغىلانلىق خوجاكالانبەگ، ئۇلاردىن ئارقىداراق

ئۆتكەن ھەپتە ھىراتتىن كەلگەن مەۋلانا پەزلىددىن ياۋاش قارا ئاتقا مىنىپ ئويچان كەلمەكتە. ئىچكى بەگلەر ئارىسىدا ساراي كاتىپىمۇ، مەكتەپ مەدرىس ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر مۇدەررىسمۇ بار. ئاتلىقلار ئابىرەھمەت ئېرىقىغا يەتمەي باغى مەيدان تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇلۇغبەگ زامانىدا تولىمۇ ئاۋات ۋە مەشھۇر بولغان، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇنمۇ پەيزى بىلەن تۇرغان باغى مەيدان شەيبانىيلار دەۋرىدە قارالماي قېلىپ، ئىچكى ئېرىقلىرى ئېتىلىپ كەتكەن، سۇسىزلىقتىن نۇرغۇنلىغان دەرەخلەر قۇرۇپ قالغانىدى. ئىككى قەۋەتلىك نەقىشلىك ساراي — چىنىخانىنىڭ تورۇسىدىن تامچىلار ئۆتۈپ، ئاجايىپ رەسىملەرنىڭ خېلىسى ئۆچۈپ كەتكەنىدى.

بابىر ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىپ، مەۋلانا پەزلىددىنگە قارىدى:

— مەۋلانا، بىز سىزنى ھىراتتىن قىچقىرىپ ئەكەلگەندە يېڭى قەسىرلەر، چارباغلار قۇردۇرۇش ئۈمىدىدە ئىدۇق، ئەمما ئالەمگە مەشھۇر قەدىمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزمۇ ئەپسۇسلانسىڭىز كېرەك!

— ھەزرىتىم، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ئالەمدە بىردىنبىر رەسەتخانىسىمۇ مانا مۇشۇ چىنىخانىدەك تاشلاندۇق ئەھۋالدا، — دېدى مەۋلانا پەزلىددىن، — ئۇنۇڭغۇن كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاتمىش يىلدىن بۇيان قاراقسىز. نادىر ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى تالانغان. تاملىرىدىن كاشىنلىرى، مەرمەر تاشلىرى قومۇرۇلۇپ ئەكېتىلگەن. شۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويۇلسا، ئۈچ قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك رەسەتخانا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي خارابىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دېمەك، ئالدىراش چارىلەر كۆرۈشىمىز لازىمدۇر، جاناب قاسىمبەگ. بىزنىڭ خاس مېمارىمىز مەۋلانا پەزلىددىن قانداق مەبلەغ ۋە ياردەم تەلەپ قىلسىمۇ بېرەيلى، ئۇلۇغبەگ مىرزىدىن يادىكار قالغان چىنىخانا ۋە رەسەتخانىلار دەرھال ياسىلىپ ئەسلىدىكىدەك تىكلەنسۇن.

قاسىمبەگ يەڭگىل تازىم بىلەن:

- ھەزرىتىم، ئەمرىڭىزنى جېنىم بىلەن ئادا قىلغايمەن! — دېدى، — چىنىخانىنى ياساش ئانچە مۇشكۇل ئەمەس. باغنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېرىقلىرىنىمۇ ئاچىمىز، گۈللەرنى ئۆستۈرىمىز.

— نورۇز بايرىمىغىچە ئۈلگۈرەلەمسىز؟ — سورىدى بابىر، — بۇ يىلقى نورۇز بەزمىسىنى مانا شۇ چىنىخانىدا ئۆتكۈزەيلىمۇ ـ ھە، جانابىي كالانبەگ؟

ئىچكۈلۈك بەزمىلىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان خوجاكالانبەگ مەمنۇن كۈلۈمسىرىدى:

— دانا پىكىر ئېيتتىڭىز، ھەزرىتىم! — دېدى، — سەمەرقەندتە باغۋەنلەر ۋە نەققاشلار يېتەرلىك. ھەممە ھۈنەرۋەنلەرگە مەۋلانا پەزلىددىن باش بولىدۇ. نورۇزغىچە بۇ باغ ئاۋات قىلىنىشى كېرەك.

مەۋلانا پەزلىددىن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بابىرغا قارىدى:

— چىنىخانىنى تىكلەش مۇمكىن، ھەزرىتىم، ئەمما رەسەتخانىنى قانداق قىلارمىز؟

— ئۇنىمۇ تىكلەش زۆرۈر، جاناب قاسىمبەگ، — دېدى بابىر.

قاسىمبەگ رەسەتخانىنى تىكلەشتىن قورقاتتى. چۈنكى شەيخلەر كېيىنكى ئون يىل داۋامىدا رەسەتخانىنى دىنسىزلارنىڭ ماكانى دەپ

ھاقارەتلەپ، ئاۋام خەلقنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرۈپ قويغانىدى. ئەگەر بابىر رەسەتخانىنى قايتا تىكلەپ، يەنە ئىشقا سېلىۋەتسە، ئۇلۇغبەگنىڭ بېشىنى يېگەن قارا كۈچلەر ئۇنىڭ جېنىغىمۇ قەست قىلىشى مۇمكىن ئىدى. قاسىمبەگ شۇنى ئويلاپ:

— ھەزرىتىم، ياتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى دەسسىمەيلى، — دېدى، — رەسەتخانىنى ياسىغىنىمىز بىلەن ئۇنىڭدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان يېتۈك ئالىملارنى نەدىن تاپىمىز؟ ئاتمىش يىلدىن بۇيان قېرى ئالىملار ئۆلۈپ، ياشلىرى باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالدى.

— كەتكەنلەرنى چىللاپ ئەكىلىش مۇمكىن، جاناب قاسىمبەگ، — دېدى بابىر ۋە كاتىپقا قارىدى، — بىزنىڭ نامىمىزدىن تەكلىپنامە يېزىڭ.

كاتىپ دەرھال قويندىن دەپتەر-قەلەم ئېلىپ، ئۆرە تۇرغان پېتىچە يېزىشقا باشلىدى.

— ئۇلۇغبەگ ياراتقان فەلەكىيات ئىلمىدىن خەۋەردار ئالىملار ھىراتتىمۇ، رۇمدىمۇ، تەبرىزدىمۇ، قەيەردىلىكى بولسا، بىزنىڭ نامىمىزدىن ئۇلارنى سەمەرقەندكە تەكلىپ قىلىڭ. رەسەتخانىنى قايتا ئاچماقچى ئىكەنلىكىمىزنى، كىم بولمىسۇن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۈيۈك ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى مەلۇم قىلىڭ. ئەگەر كەلسە يول خىراجەتلىرىنى بىز زىممىمىزگە ئالىمىز. بۇ تەكلىپنامىمىزنى ئەلچىلىرىمىز ئارقىلىق ھىراتقىمۇ، رۇمغىمۇ چاپسان يوللاش سىزگە تاپشۇرۇلدى، جاناب كاتىپ!

كاتىپ بابىر ئېيتقانلارنى دەپتىرىگە يېزىپ بولۇپ:

— ئەمرىڭىزنى بېجىرىشكە دەرھال كىرىشىمىز! — دەپ تەزىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى ـ دە، چىنىخانىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

* * *

مەۋلانا پەزلىددىن باش بولۇپ، باغى مەيدانىنىڭ كۆمۈلگەن ئېرىقلىرىنى قايتا كولىتىشتا، قۇرۇغان دەرەخلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا مايسا ۋە گۈللەرنى ئۆستۈرۈشتە، چىنىخانىنى ياساپ تۈزىتىشتە ئۈنچىۋالا قىينالمىدى. ئىناساپ بىلەن ھەق تۆلەنسە ئىشلەپ چارچىمايدىغان ھۈنەرۋەنلەر، باغۋەن ۋە دېھقانلار تولىمۇ كۆپ ئىدى. لېكىن ئۇستىلارنى رەسەتخانىغا ئېلىپ بېرىپ ئىشلىتىش ۋە ئۈچ قەۋەتلىك ئۇلۇغۋار دائىرە شەكىللىك بىنانىڭ ئۆپۈرگەن، بۇزۇلغان جايلىرىنى ياساپ تۈزىتىش ناھايىتى مۈشكۈل بولدى. تۆپىدىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن يېرىم دائىرە شەكلىدىكى پەلەمپەيلەرگە يېقىن بارغان ئۇستىلار خۇددى ھازىر جەھەننەم قەھرىگە غۇلاپ چۈشىدىغاندەك قورقۇشقا باشلايتتى. دىندارلار رەسەتخانىنى "دوزىخىيلارنىڭ ماكانى، كىم ئۇنىڭغا كىرسە جىن سوقۇپ، ئەرۋاھ ئۇرۇپ كېتىدۇ!" دەپ، ئاھالىنىڭ زور بىر قىسمىنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇلۇغبەگنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئاتمىش يىل ئىچىدە سەمەرقەندتە ناھايىتى كۆپ مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر تاقالغان، ساۋاتسىز جاھىل كىشىلەر كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇلار ئىچىدە نەقشبەندىي شەيخلىرىنىڭ تەسىرلىرى ناھايىتىمۇ كۈچەيگەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ مەۋلانا پەزلىددىن ئىشىنى يۈرگەن ئۇستا ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا ھەق تۆلەپ، دەسلەپكى كۈنلىرى ئەللىكچە ئادەمنى رەسەتخانىنىڭ تەمىر ئىشلىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ تورۇس ۋە تاملىرىدىكى ئۆپۈرگەن جايلىرىنى

تۇزىتىش ئۇچۇن سۇ كۆلچەكلىرى قۇرۇلدى. لېكىن مۇشۇ كۈندىن باشلاپ رەسەتخانا ئەتراپلىرىدا نەقشبەندىي دەرۋىشلەر توپىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار سورۇن تۈزۈپ، زىكىر سوقۇپ، "ھەق دوست ياللا!"نى ئۇزلۇكسىز تەكرارلاپ، دىندىن چىققانلار خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىنى، چاھارىيارلارنىڭ روھىغا شەك كەلتۈرگەنلەرنى ئەرۋاھ ئۇرۇشىنى شېئىرغا سېلىپ "كارامەت" قىلىشقا باشلىدى. بۇ دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا شەيبانىيزادىلەرنىڭ جاسۇسلىرىمۇ بار ئىدى. ئەنە شۇ جاسۇسلاردىن بىرى ئىشچى بولۇپ ياللىنىپ، رەسەتخانىنىڭ ئىچىدە خىش توشۇپ ئىشلەۋاتاتتى. بۇ جاسۇس ئۈچ-تۆت كۈن ئىشچىلار ئىچىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دادىلى ۋە بابىر مىرزىغا ئىخلاسمىنى قىرىق بەشلەردىكى بىر كاشىنكار ئۇستا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. نەقشبەندىي جاسۇس مانا شۇ ئۇستىنى ئۇچىنچى قەۋەتتە سۇ كۆلچىكى ئۇستىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا كىشىلەرگە بىلدۇرمەي سۇ كۆلچىكىدىن پەسكە ئىتتىرىۋەتتى. ئۇچىنچى قەۋەتتىن تاش دۆۋىسىگە بېشىچە غۇلاپ چۈشكەن ئۇستا شۇ زاماتلا جان ئۈزدى.

كوچىلاردا زىكىر سوقۇپ يۈرگەن دەرۋىشلەر "ئۇستىنى ئەرۋاھ ئۇردى!"، "خۇدا غەزىپىنى كۆرسەتتى!" دەپ ۋايىساشقا باشلىدى. بۇ پالاكەتتىن كېيىن قالغان ئۇستا ۋە ئىشچىلار رەسەتخانىغا كەلمەي قويۇشتى. مەۋلانا پەزلىددىن ئىشقا زار بولۇپ يېرىم ئاچ يۈرگەن باشقا ئۇستا ۋە ئىشچىلارنى ياللىماقچى بولسا، دائىم: "رەسەتخانىدا ئىشلەپ تېپىلغان پۇل ھارام ئىمىش! بارغان ئادەمنى ئەرۋاھ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەر ئىمىش!" دېگەن ۋەھىملىك سۆزلەرنى ئاڭلايتتى، قارىتۇرۇك ئادەملەر ئۇنىڭدىن بالادىن قورققاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاچاتتى...

* * *

بوستانساراينىڭ ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن قوبۇلخانىسىدا ئامۇ دەريا بويىدىكى ئۈرگەنچ ۋە قارىكۆل شەھەرلىرىدىن خۇش خەۋەرلەر بىلەن كەلگەن بەگ ۋە مەنسەپدارلار شەرىپىگە زىياپەت بېرىلىۋاتاتتى. شەيبانىيزادىلەردىن كۆپ جەبىر كۆرگەن بۇ شەھەرلەرمۇ بابىرنى ئۆزلىرىگە ئالىي ھۆكۈمدار دەپ تەن ئېلىشقان ۋە قىممەت باھالىق سوۋغىلار ئەۋەتكەنىدى. ئۇز ۋاقىتىدا شەيبانىخان قارىكۆل ۋە ئۈرگەنچنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئايلار داۋامىدا جەڭ قىلغان، ناھايىتى نۇرغۇن قان تۆكۈپ ئۇلارنى ئالغانىدى. مانا ئەمدى بۇ شەھەرلەر جەڭ-جېدەلسىز ئەلچى ئەۋەتىپ، بابىر تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭدا زور بىر ئېپتىخار تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. بابىر ياشلىقىدىن كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىغا — پۈتۈن ماۋەرا-ئۇننەھرنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى زور دۆلەتنى قايتا تىكلەشكە مانا ئەمدى مۇيەسسەر بولۇۋاتقىنىدىن ناھايىتىمۇ خۇشال. قۇندۇزدا بىرىنچى قېتىم باشلانغان ئىچكۈلۈك بەزمىلىرى سەمەرقەندتە داۋاملىشىپ، ئەۋجىگە چىقماقتا. ئېرىشىلگەن غەلىبىلەر شەرىپىگە بەگ ۋە مەنسەپدارلار نۆۋەت بىلەن زىياپەت بېرىشىپ، بابىرنى ھەركۈنى دېگۈدەك تەكلىپ قىلىشاتتى، ئۇنىڭغا ئەڭ نادىر، ئەڭ ئاجايىپ مەيلەرنى ئىچۈرۈپ، خۇرسەن قىلىشتا بىر-بىرىدىن ئېشىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى.

پەقەت قاسىمبەگ ھامان ئىچكۈلۈكنى ئاغزىغا ئالمايتتى. پەيتىنى تاپسا بابىرنىمۇ ھوشيارلىققا ئۈندەيتتى، مەملىكەت ئىچىدە قارا كۈچلەر باش كۆتۈرۈۋاتقىنىنى، شىمالدىكى چۆلدە بولسا شەيبا-

نىزادىلەر ھايات ـ مامات جېڭىگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى تەكرار ـ تەكرار ئەسلىتەتتى.

لېكىن بابىر ئۇنىڭغا جاۋابەن كېيىنكى مەزگىلدە يازغان بىر غەزىلىدىن تۆت قۇر ئوقۇپ بەردى.

ياز پەسلى، يار ۋەسلى، دوستلارنىڭ سۆھبەتى،
شېئىر بەھسى، ئىشق دەردى، بادەنىڭ كەيپىياتى.
ياز پەسلىدە چاغىر ئىچمەكنىڭ ئۆزگىچە ھالى بار،
كىمگە بۇ نەشئە مۇيەسسەر بولسا باردۇر دۆلەتى.

بۇ غەزەل كۈيگە سېلىنىپ، قوبۇل مۇراسىملىرىدىمۇ ئېيتىلىدىغان بولغانىدى. شىركەيپ بابىر:

— جاناب قاسىمبەگ! — دېدى، — ئاڭلىدىڭىزمۇ، سەمەرقەند مەكتەپلىرىدە باللار مەن ئىختىرا قىلغان خەت بىلەن ناھايىتى تېز ساۋاتلىق بولۇۋېتىپتۇ. مانا، مۇدەررىس جانابلىرىدىن سوراڭ...

بېشىدا سەللە ۋە قولىدا مەي تولدۇرۇلغان قەدەھ بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرغان مۇدەررىس:

— جاناب قاسىمبەگ، — دېدى، — خەلقىمىزنى جاھالەت پەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىشتا ھەزرىتىم ئىختىرا قىلغان خەتتى بابۇرىي ئاجايىپ بىر ۋاستە بولۇشى ئېنىق! — دېدى، — قۇرئان خېتى گەرچە بىز ئۈچۈن ئەزىز، ئەمما زىر، زەبەرلىرى، شىكەستە ئۇسۇللىرى① ساۋات چىقىرىشقا ناھايىتى مۇشكۈل. خەتتى بابۇرىي بولسا زىر، زەبىرسىز، ئۆگىنىشكە ئاسان.

قاسىمبەگ بابىرنىڭ بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن كابۇلدا ئىختىرا

① شىكەستە ئۇسۇل — ئەرەبچە خەتنىڭ چېكىتسىز يېزىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان خېتى سىر دەريا بويىدىكى سىغناقتىن تېپىلغان قەدىمىي تۈركىي يېزىققا① ئاساسلانغانلىقىنى بىلەتتى. ئەرەب يېزىقىنى "قۇرئان خېتى، مۇقەددەس" دەپ ھېسابلايدىغان روھانىيلار ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن تارقالغان قەدىمىي يېزىقلارنى قاتتىق قارىلاپ، تېپىلغان جايىدا ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى بۇيرۇيتتى. بابىر بولسا بۇنى جاھالەت ھېسابلايتتى، قەدىمكى زاماندا ئىختىرا قىلىنغان تۈركىي يېزىقىنىڭ دىنغا ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتاتتى. خەتتى بابۇرىينى شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئارىسىغا تارقاتماقچى بولاتتى.

ئىچكۈلۈك بەزمە پەيتىدە بۇ مۇرەككەپ ماۋزۇلاردا سۆزلەشنى خالىمايدىغان قاسىمبەگ ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، دىۋانى خاستا ئولتۇرغان بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا مەۋلانا پەزلىددىن بىلەن خەتتى بابۇرىينى تارقىتىپ يۈرگەن مۇدەررىسنى باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئاللىقانداق بىرنەرسىدىن ناھايىتى تەشۋىشلەنگەنلىكىنى سەزگەن بابىر:

— تىنچلىقمۇ، جانابلار؟ — دېدى.

— ھەزرىتىم، — دېدى مۇدەررىس، — خەتتى بابۇرىينى تەرغىپ قىلىپ مەكتەپ ئاچقان بىر مۇئەللىمنى لۈكچەكلەر چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپتىمىش.

— ئۆلتۈرۈپتۇ!؟ — دەپ بابىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇ نېمىدىگەن جاھالەت، جاناب قاسىمبەگ؟ بىزگە قارشى غوۋغامۇ؟!

— ھەزرىتىم، نەقشبەندىي شەيخلەر بىلەن دەرۋىشلەر ھەممە

---

① بۇ يېزىق ئەسلىدە ئورخۇن-يېنسەي-رۇنىك يېزىقىنىڭ بابىر دەۋرىدە سىغناققا يېتىپ كەلگەن بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن.

جايدا بىزگە قارشى ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. رەسەتخانىدا بىر ئۇستا سۇ كۆلچىكىدىن يىقىلىپ ئۆلگەندىن بىرى تەمىر ئىشلىرىغا ئادەم ياللاش مۇمكىن بولماي قالدى. مەسچىتتە ۋەز ئوقۇغان مولىلار "خەتنى بابۇرنى شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن شىئەلەر خېتى" دەپ ئېلان قىلغانىمىش. شۇ ئىغۋا پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ، ئاخىرى ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ چالما-كېسەك بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى.

— بۇ يالغان ئىغۋانى تارقاتقانلارنى نېمىشقا قاماققا ئالمىدىڭىز؟ — قەھرى بىلەن سورىدى بابىر، — بۇ خەتنىڭ شاھ ئىسمائىلغا مۇتلەق ئالاقىسى يوققۇ.

— خوجاخەلىپە شۇنى جامە مەسچىتىدە مۇنبەرگە چىقىپ ئېيتماقچى بولغان ئىكەن، "يالغان! كاپىرلار خېتى ھارام! قۇرئان ۋرسۇن سەن خەلىپىنى!" دېيىشىپ، جاھىللار ئۇنى مۇنبەردىن نارتىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئەگەر تاھىربەگ باشلىق ساقچىلىرىمىز خوجاخەلىپىنى قۇتقۇزۇپ قالمىسا، جاھىللار ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن ئىكەن. لۈكچەكلەردىن يىگىرمە-ئوتتۇزچىسىنى تۈرمىگە ئالدۇق. ئەمما خوجاخەلىپىگە قارشى ۋەز ئوقۇغان مولىلار ئەۋلىيا خوجائەھرارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەن. ئۇلارنى سىزدىن مەسلىھەتسىز تۈرمىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

بابىر ئەھۋالنىڭ قانچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى سەزدى. خوجائەھرار ئەۋلادىنى تۈرمىگە ئالسا، ياناي دەپ تۇرغان ئوتنى پۈدەپ ئۇلغايتىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

— قوشۇننىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئەمەس، ھەزرىتىم، — دەپ داۋاملاشتۇردى قاسىمبەگ، — ھازىر ئۈچەي ئۈزۈلگەن مەزگىل، نەرخ-ناۋا ئۆرلىگەن. شەيبانىيزادىلەر چىقارغان ئالتۇن-كۈمۈش

تەڭگىلەرنىڭ ۋەزنى بىز چىقارغان تەڭگىلەرنىڭ ۋەزنىدىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بازىرى چاققان. بەگ ۋە نەۋكەرلەر تەمىناتنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇلارغا تەمىنات ئاشۇرۇلسا خەزىنىدىكى پۇلىمىز يەتمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا تەكلىپىڭىز قانداق؟

— تەكلىپىم شۇكى، ھەزرىتىم، بەگلەرنى دەرھال يىغىنغا چاقىرىپ، پەۋقۇلئاددە چارىلەر كۆرۈش لازىم.

— بىلىمەن، بەگلەر چۆللەردە تىمىسقىلاپ يۈرگەن شەيبانىيزادىلەرگە قارشى ئۇرۇشۇش قەستىدە. يېڭى ۋىلايەتلەر ئېلىنسا، بەگ ۋە نەۋكەرلەر ئولجىلىق بولىدۇ. بەش ئايدىن بۇيان سەمەرقەندتە جەڭسىز تۇرۇپ قىلىچلىرى قانسىرىغان.

— ئۇلارنىڭ كەسپى ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن بىكار تۇرغۇسى كەلمەيدۇ-دە، ھازىر شەيبانىيزادىلەر شىمالدىن بۇخارىغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىمىش.

— ئېنىق ئاخبارات بارمۇ؟

— كۆرگەن ئادەم كېلىپ ئېيتتى. سەركەردىسى ئەبەيدۇللا سۇلتان ئىكەن. ئون مىڭ قوشۇنى بار ئىمىش. بۇنى سەمەرقەندتىكى شەيخ ۋە قەلەندەرلەرمۇ ئاڭلىغان بولسا كېرەك. شەيبانىيزادىلەر تاشقىرىدا جانلانغانسېرى ئىچكىرىدە بۇلار بىزنى "شىئەگە سېتىلغان رافىزىيلار!" دەپ خەلققە يامانلاپ، قارا كوچىلارنى قوزغاتماقتا.

بابىر مەۋلانا پەزلىددىن بىلەن مۇدەررىسكە ئەپسۇسلۇق بىلەن بىر نەزەر سالدى-دە:

— جانابلار، مەرىپەت ھەققىدىكى تىپپىشماقلارنى بۇ ئەھۋالدا ھەل قىلالمايدىغان ئوخشايمىز، — دېدى. خەتتى بابۇرىينى مەكتەپتە

ئوقۇتۇش ھازىرچە توختىتىلسۇن، رەسەتخانىنىمۇ كېيىنرەك تىكلەرمىز... بىز ئەمدى پۈتۈن ئېتىبارىمىزنى ھەربىي ئىشلارغا قارىتىشقا مەجبۇرمىز.

مۇدەررىس بىلەن مەۋلانا پەزلىددىن مەيۇس كەيپىياتتا كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى. قاسىمبەگ بىلەن بابىر ئەبەيدۇللا سۇلتانغا قارشى بۇخارا تەرىپىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىشقا باشلىدى.

* * *

بۇخاراغا ھۇجۇم قىلغان ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئون مىڭ كىشلىك قوشۇنى بابىرنىڭ سەمەرقەندتىن ئوتتۇز مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ قىزىلقۇم سەھراسىغا قاراپ چېكىندى. بابىرنىڭ قوشۇنى بۇخارا ئەتراپىدا توختاپ، دۈشمەننىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى سان جەھەتتىن ئۈچ ھەسسە كەم بولغىنى ئۈچۈن بابىر ئۇنى دادىل قوغلاشقا قارار قىلدى-دە، قوشۇننى قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىغا باشلاپ كىردى. ئەبەيدۇللا سۇلتانغا شۇ كېرەك ئىدى. بابىر قوشۇنىنىڭ ئەڭ ساداقەتلىك قىسمى تاغلىق جايدا ياخشى جەڭ قىلىپ ئۆگەنگەن، ئاتلىرى چۆلدە، قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدا ئوبدان يۈگۈرەلمەيدىغان جەڭچىلەر ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى شىئە-سۈننىي زىددىيەتلىرى بابىرغا قوندۇزدا قوشۇلغان يىگىرمە مىڭ كىشلىك موغۇل قوشۇنىنىڭ روھىغا يامان تەسىر قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بارغان سۈننىيپەرەس نەقشىبەندىي مولىلار "بابىرشاھ شىئەلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پاك مەزھەپنى بۇلغىدى، ئەمدى پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئەمەس،

سۈننىينى پاك تۇتقان شەيبانىيزادىلەرنى قولـلاپ-قۇۋۋەتـلەيدۇ" دېگەن ئېتىقادقا كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرگەنىدى.

قوم بارخانلىرى ئىچىدە زەمبىرەك ئارتىلغان ھارۋىلار قومغا پېتىپ، ئاتلار ياخشى چاپالماي، بابىر قوشۇنىنىڭ سېپى چېچىلىپ كەتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بەش مىڭغا يېقىن قوندۇزلۇق موغۇللار ئەبەيدۇللا سۇلتان تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى.

قىزىل قۇمدا كۆپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئويمان-چوڭقۇرىنى بىلىدىغان، كۆلى مەلىك① دېگەن جايدا ئاتلىق جەڭ ئۆچۈن ئەڭ قولايلىق ئورۇنلارنى ئىگىلەپ ياتقان ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ قوشۇنى يەنە تولغىما ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ، بابىر قوشۇنىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئەتتى-دە، كەينىگە ئۆتۈۋالدى. تۆت تەرەپتىن بېرىلىۋاتقان زەربىلەر ئۈستىگە بەش مىڭ خائىننىڭ بىردىنلا دۈشمەن تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى جەڭ تەقدىرىنى بىرنەچچە سائەتتىلا ھەل قىلىپ قويدى.

بابىر قىزىلقۇمدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قالغان قوتقان-ئەسكەرلىرى بىلەن سەمەرقەندكە، ئۇنىڭدىن ھىسارغا چېكىنىپ بارغاندا ئۇدۇلىدىن شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن نەجمى سانىي ئاتمىش مىڭ قىزىل باش ئەسكىرى بىلەن خەۋپلىك سۈرەتتە چىقىپ كەلدى.

ئېغىزدا نەجمى سانىي بابىرغا ياردەمگە كەلگەنىدى. بىراق ئەسلىدە ئۇ بابىرغا جازا بەرمەكچىدى. ئۇ قىزىل باش قوشۇنلىرىنىڭ سەمەرقەندتىن چاپسان قايتۇرۇلغانلىقىغا نارازى ئىدى. بابىرنىڭ

---

① كۆلى مەلىك — ھازىر قۇرۇپ قالغان، بۇخارا ئوبلاستىنىڭ خەيرئاباد دېگەن يېرىدە.

ماۋەرائۇننەھردە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ شىئەلەرگە يانبېسىشى ۋاقىتلىق چارە ئىكەنلىكىنى جاسۇسلار شاھ ئىسمائىلغا ئاللىقاچان يەتكۈزگەنىدى. شاھ ئىسمائىل ماۋەرا-ئۇننەھرگە ئائىت ھەممە ئىشلارنى نەجمى سانىيغا ئىشىنىپ تاپ-شۇرغانىدى. نەجمى سانىي شەيبانىيزادىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن بابىرنىمۇ ھاكىمىيەتتىن يىراقلىتىشنى ۋە سەمەرقەند تەختىگە باشقا ئىشەنچلىك ئادەمنى ئولتۇغۇزۇپ، ماۋەرائۇننەھردە قىزىل باشلار ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئورنىتىش كېرەك ئىدى.

بۇ پىلان قاتتىق سىر تۇتۇلاتتى. بابىر بىلەن ئىتتىپاق ھازىرچە داۋاملىشىدۇ، ئەمما دىمىقى ئېگىز نەجمى سانىي بابىرنىمۇ، ئۇنىڭ ئاران قېلىپ قالغان ئون مىڭ ئەسكىرىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئاشكارا سېزىلىپ تۇراتتى.

بابىرنى ئىككى تەرەپتىن ئوراپ كەلگەن ئىككى دەھشەتلىك قىلىچ غىجدۇۋاندا بىر-بىرىگە زەربە بىلەن ئۇرۇلدى. نەجمى سانىيغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلغان بابىر شەيبانىيزادىلەرنىڭ ئۇستۇن-لۈكتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە، قانلىق قىلىچلار ئارىسىدىن چىقىپ، يەنە ھىسار تەرەپكە چېكىندى.

باسقۇنچى قوشۇن سەركەردىسى نەجمى سانىي غىجدۇۋان جېڭىدە ئۆلتۈرۈلدى. قىزىل باشلار تارمار بولدى. ئاتمىش مىڭ قوشۇننىڭ بىر قىسمى ئەسىر ئېلىندى، ئامان قېلىپ قاچقانلىرىنى بولسا غالىبلار ئامۇ دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى ۋە دەرياغا چۆكتۈرۈۋەتتى.

## 7

بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئاۋۋال خانزادە بېگىم يالغۇز ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بەلختىن قۇندۇزغا كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن نامەلۇم خەۋپ ـ خەتەرلەر گويا مانا مۇشۇ ئېغىر چېكىنىش مەزگىلىنى كۈتۈپ ياتقان ئىكەن.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ئىدى. بايسۇن ئارقىلىق ھىسارنىڭ قارا تېغىغا چېكىنىپ كەلگەن بابىر يەتتە مىڭ ئەسكەر ۋە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن تەكشى ئوچۇق بىر ئوتلاقتا تۈنىمەكتە ئىدى. خانزادە بېگىم ئوغلى ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن ئۇخلاپ ياتقان ئوتاق بابىرنىڭ چېدىرىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىدى.

سەھەرگە يېقىن بىردىنلا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خانزادە بېگىم ئاتلارنىڭ تاسىر ـ تۇسۇر قىلىپ چېپىشى ۋە ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. غەزەپلىك ئاۋازلار:

— ئۇر! ئۇر!

— رافىزىيلارنى ئايىماي قىر! — دەپ ۋارقىراشتى.

خانزادە بېگىم چاچراپ تۇردى. ئوتاق تۆرىدە خىرە قاراچىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. بېگىم قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلى خۇررەمشاھنى قۇچاقلاپ ئۆرە تۇرغۇزدى.

— دۈشمەن باستى! دۈشمەن! — دەپ ئوغلىغا ئۆتۈكىنى كىيدۈرۈپ، تونىنىڭ يېڭىگە قولىنى تىقىۋاتقاندا ئوتاقنىڭ كىگىزىگە بىرنەرسە "تارس" قىلىپ ئۇرۇلدى. يا ئوقىنىڭ چاقلانغان ئۇچى كىگىزنى تېشىپ ئۆتتى، لېكىن قانتى كىگىز يۈڭىگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇپ قالدى. قورقۇپ كەتكەن خانزادە بېگىم ئوغلىنى باغرىغا باستى.

بۇ يىل ئون بىرگە قەدەم قويغان خۇررەمشاھنىڭ بويى ئانىسىنىڭ يەلكىسىدىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇچى پەسكە ئېسىلىپ قالغان يا ئوقىغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى.

تاشقىردىن بابۇرنىڭ ھودۇققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۇپەكچىلەر قېنى؟ خوجاكالانبەگ! تۇپەك ئېتىلسۇن! قاسىمبەگ! تاھىربەگ! ھەرەمگە قاراڭ! باللار چاپسانراق ئېلىپ چىقىلسۇن!... تۇپەك!

ئاشۇ زاماننىڭ چاقماقلىق ملتىقى بولغان تۇپەك يېقىن بىر جايدا گۈپۈلدەپ ئېتىلدى. بابۇر قىزىل باشلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئارتتۇرغان بىرنەرسىسى، ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ زامانىۋى قورالى بولغان مانا شۇ تۇپەكلەر ئىدى. تېخى ناھايىتى كەم تارقالغان تۇپەكلەر پەقەت بابۇرنىڭ خاس نەۋكەرلىرىدە بار ئىدى.

بىرنەچچە تۇپەكنىڭ ئۈستى-ئۈستىگە ئېتىلغانلىقى ئاڭلاندى. خانزادە بېگىم ئەمدى سەل دادىللىنىپ، ئوغلىنىڭ تونى ئۈستىدىن ئىچچام خەنجىرى ئېسىلغان كەمىرىنىمۇ باغلاتتى.

خۇررەمشاھ ئوتاقنىڭ بىر چېتىدىكى ئون تالچە يا ئوقى سېلىنغان كىچىككىنە سادىقىنى يەلكىسىگە ئاستى-دە، ياسىنى قولىغا ئالدى.

ئانىسىنى ۋەھىمىگە سالغان جەڭ باللىدا قورقۇش ئارىلاش بىر زوق ئويغاتقانىدى. ئۇ كىچىكلىكىدىن جەڭگىۋار روھ بىلەن ئۆسكەن، تېزرەك چوڭ بولۇپ، ئۇرۇشتا باتۇرلۇقلار كۆرسەتكۈسى كېلەتتى. سەمەرقەندتە تۇرغان مەزگىللىرىدە خۇررەمشاھ بابۇر تاغىسىنىڭ بۇخارا تەرەپتە قىلغان جەڭلىرىگە قاتناشماقچى بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدىن قېچىپمۇ كەتكەنىدى. لېكىن بابۇر ئۇنى تەربىيىچى بەگكە قوشۇپ، يولدىن قايتۇرۇۋەتكەنىدى. خانزادە بېگىمنىڭ بابۇرغا قويغان مېھرى ئوغلىغىمۇ يۇققان ئىدى. باللىغا دەرس بېرىدىغان ۋە ھەربىي مەشىق ئۆگەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بابۇرنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئىدى. خۇررەمشاھ ئانىسىدىن ۋە تەربىيىچىلىرىدىن بابۇر

ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ياخشى گەپلەرنى ئاڭلايتتى، ئۆزىمۇ تاغىسىنى ھەر كۆرگەندە ئۇنىڭغا باللارچە جۇشقۇن بىر مېھىر ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايتتى. ئۇ تاغىسىنى ئېغىر ئەھۋاللارغا سېلىۋاتقان شەيبانىيزادىلەرنى، گەرچە ئۆزىنىڭ شەيبانىخاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، كۆنىلى ياماك كۆرۈپ باراتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ھازىر بابىرنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن "ئۇر، قىر!" دەپ ۋارقىراۋاتقانلارمۇ ئاشۇ كۆچمەنچى سۇلتانلار ئىدى. خۇررەمشاھ سادىقلىقىدىكى بار ئوقلىرىنى تاغىسىنىڭ مانا شۇ دۈشمەنلىرىگە قاراپ ئاتقۇسى كەلدى-دە، ئوتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىقىشقا باشلىدى.

— ھەي، شاھزادە توختاڭ!

خانزادە بېگىمنىڭ قېرى كېنىزىكى يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىنى كەمىرىدىن تۇتتى-دە، ئىچكىرىگە تارتتى. بالا قارشىلىق قىلىپ كىرمىدى. ئۇنى يىراقتا بولغان جەڭلەرگە ئەۋەتمىگەنىدى. ئەمدى جەڭ ئۆزى خۇررەمشاھ ياتقان جايغا يېتىپ كەلگەندە يەنە قويۇشمامدۇ؟

— قويۇۋېتىڭ مېنى! ھەزرەت تاغامغا ياردەم قىلىمەن! قويۇۋېتىڭ!

بۇ چاغدا بابىرنىڭ خاس نەۋكەرلىرى تۈپەڭ ئاتا-ئاتا دۈشمەن ئاتلىقلىرىنى ئايالالار ۋە باللار ياتقان ئوتاقلاردىن يىراققا قوغلىۋەتكەنىدى. تاھىر خانزادە بېگىمنىڭ ئوتىقى ئالدىغا ئىككى ئات يېتەكلەپ كەلدى:

— ھەزرەت بېگىم! شاھزادە! تېزرەك چىقىڭلار!

خانزادە بېگىم ساندۇق ۋە بوپىلىرىغا قارىدى.

— يۇك ـ تاقلار قالامدۇ؟

— ھە، جان ئامان بولسا نەرسە ـ كېرەك تېپىلار! چىقىڭ چاپسانراق! ھەزرىتىم بۇيرۇدى!

خانزادە بېگىم كېنىزىكى بىلەن چىققۇچە خۇررەمشاھ ئاتلارنىڭ كىچىكرەك كۆرۈنگەن بىرسىگە مىنىۋالدى.

ئاسماندا نامازشامدىن كېيىنكى سەككىز كۈنلۈك ئاي بار ئىدى. شۇنىڭ يورۇقىدا ئاق ئوتاقتىن بەش ياشلىق ھۇمايۇننى باغرىغا بېسىپ چىققان ماھىم بېگىم كۆرۈندى. ئات ئۈستىدە تۇرغان قاسىمبەگ چاپسان ئېڭىشىپ بالىنى ئانىسىنىڭ قولىدىن ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە، يەلكىسىنى چەكمەنى بىلەن ئورىدى.

بېگىمنىڭ يېنىدا ئون ياشلىق ئوغلى سەپەرنى قولىدىن يېتەكلەپ كېلىۋاتقان رابىيەمۇ بار ئىدى. تاھىر ئوغلى بىلەن خوتۇنىنى بىر بايتالغا مىنگەشتۈردى.

قاسىمبەگ باشلىق ئەللىك ـ ئاتمىش خاس نەۋكەر ئاياللار ۋە باللار مىنگەن ئاتلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، جەنۇب تەرەپكە كەتتى.

ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەن ھالقىسى ئورىۋالغان، پەقەت جەنۇب تەرەپ ئوچۇق ئىدى. توپەڭنىڭ گۈپۈلدىشى، يارىدار بولغانلارنىڭ دادلىشى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ۋە كىشنىشى ئارىسىدىن كىملەرنىڭ ـ دۇر ئەسەبىي ۋارقىرىغانلىرى ئاڭلىناتتى:

— ھەممىمىز شۇ پادىشاھنىڭ كاساپىتىدىن قالدۇق!

— شىئەلەرگە سېتىلىپ بىزنى خاراب قىلدى!

— يوقالسۇن بابىر!

— ئۇرۇقىنى قۇرۇت! قىر ھەممىسىنى!

خانزادە بېگىم ھېچ نەرسىگە چۈشىنەلمەي يېنىدا كېتىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىمبەگدىن سورىدى:

— بۇ قانداق دۈشمەن؟

— ئۆزىمىزدىن ئوت چىقتى، بېگىم! ئۆزاقى يىلى قونىدۇزدا شەيبانىيزادىلاردىن بىرگە قېچىپ ئۆتكەن موغۇل بەگلىرى ئىسيان كۆتۈردى! قوزغونلار ھەزرىتىمىنى ئۇيىقۇدا تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. خۇداغا شۈكۈر، تاھىربەگنىڭ قورچىلىرى بايقاپ قاپتۇ!

— پالاكەت ئۈستىگە پالاكەت!

— ھە، بۇلار بىزدىن ئىككى ھەسسە كۆپ. ھەممىسى ئالدىن تەييارلىنىپ چىققان! ئوتتۇرىدا يۈرۈڭلار! ئوتتۇرىدا!

شۇ چاغدا ئىسيانچى ئاتلىقلار جەنۇب تەرەپكىمۇ چېپىپ ئۆتتى. ئاشۇ تەرەپتىن بابىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇستاز ئەلى! توپەڭچىلەرنى ئالدىغا باشلاڭ! ئالدىغا!

توپەڭلەردىن ئېتىلغان ئوقلار قوياق ۋە دوبۇلغىلارنى بىمالال تېشىپ ئۆتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىغۋاگەرلەر ملتىق ئۇدۇلىدا تۇرۇشقا چىدىمايتتى. بابىر توپەڭلەر ۋە ئەڭ ئىشەنگەن خاس نەۋكەرلىرى ياردىمىدە دۈشمەن ھالقىسىنى جەنۇب تەرىپىدىن يېرىپ ئۆتمەكچى، كېيىن باباتاغنىڭ شەرقىدىكى ھىسار قەلئەسىگە يېتىۋالماقچى ئىدى. بىراق پىتنىچى بەگلەر ئۇنى قەلئەگە ئۆتكۈزمەكچى ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئۆزلىرى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئىسيان كۆتۈرگەنىدى.

ئۇچ-تۆت قېتىم ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن توپەڭلەرنىڭ نورى قىزىپ كېتىپ، ئۇنۇم بەرمەي قويدى. دۈشمەن سەپلىرىنىڭ شەرق تەرەپتە سەل شالاڭلاشقىنىنى كۆرگەن بابىر خوجاكالانبەگ باشلىق مىڭچە نەۋكەرنى ئاشۇ تەرەپكە تاشلىدى.

خاس نەۋكەرلەرنىڭ قوغدىشىدا كېتىۋاتقان خۇررەمشاھ بەزىدە قىلىچلارنىڭ بىر-بىرىگە شاق-شۇق ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتى. بۇ كېچىدىكى جەڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلـ سىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەھىمىنى يېڭىشكە تىرىشاتتى. تاغىسىغا شۇنداق مەزگىلدە سۇيىقەست قىلغان خائىنلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرەرسىنى سادىقىدىكى ئوقلىرى بىلەن ئېتىپ يىقىتقۇسى كېلەتتى.

دۈشمەن قورشاۋنى يېرىپ ئۆتۈۋاتقاندا باللار ۋە ئاياللارنى ئوراپ كېتىۋاتقان نەۋكەرلەرمۇ جەڭگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا خۇررەمشاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردى-دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ياسىدىن كەينى-كەينىدىن ئۈچ تال ئوق ئاتتى. خانزادە بېگىم كېچىدىكى توپىلاڭدا ئۇنى بىرمەھەل كۆزدىن يوقىتىپ قويدى. كېيىن بالىنىڭ نەۋكەرلەر يېنىدا ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى ئۇنىڭغا قاراپ چاپتۇردى، ئۇ ئوغلىغا يېتىپ بېرىشىغىلا، ئۇدۇلىدىن ئېتىلغان بىر ئازغان ئوق بالىنىڭ ئوڭ بىقىنىغا "شارت" قىلىپ سانجىلدى. خۇررەمشاھ ئىڭراپ، يانى قولىدىن قويۇۋەتتى ۋە ئېگەردىن ئېغىناپ چۈشتى.

— ۋاي، بالام! — دەپ خانزادە بېگىم ۋارقىراپ ئوغلىغا قاراپ ئېتىلدى.

تاھىرمۇ شۇ يېقىن يەردە ئىدى، ئېتىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان خۇررەمشاھنى تۇتۇۋالدى، كېيىن ئۇنى ئېگىرى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى.

بالا بىھوش ئىدى. تاھىر بىلەن خانزادە بېگىم ئۇنى بابىرنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە ئېلىپ چېپىشتى. بۇ تەرەپتە دۈشمەن قالمىغان، خوجاكالانىبەگنىڭ نەۋكەرلىرى پادىشاھ ئۈچۈن يول

ئېچىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھەرەم ئەھلىنىمۇ ئېلىپ ئۆتۈشكە باشلىغان، ئارقىدىن قوغلاشقا ئۈرۈنغان دۈشمەنلەرنىڭ يولىنى توسقانىدى.

بابىرنىڭ ھىسار قورغىنىدىن ۋازكېچىپ، ۋەخش ۋادىسى تەرەپكە يول ئالغىنىنى سەزگەن پىتنىچىلەر ئۇنى يەنە قوغلىماي، ئارقىغا قايتىشتى ۋە شاھانە چېدىرلار، ئىچىدە ئىگىسىز قالغان بايلىق-لارنى تالاشقا چۈشتى.

تاڭ يورۇپ قالغانىدى. بابىر ياردارجىيەنىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىقىنىدىن ئىسسىق قان ئېقىۋاتقىنىنى سەزدى.

— تېۋىپنى چاقىرىڭ! — ۋارقىرىدى ئۇ، — تېۋىپ!

پادىشاھنىڭ خاس تېۋىپى بالىنى چاپان ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، يارىسىغا دورا چاپلاپ باغلىدى. خۇررەمشاھ ھامان ھوشىغا كەلمەيتتى. پەقەت ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىڭرايتتى.

ئۇنىڭ بىقىنىغا سانجىلغان ئوق ئۆپكە ۋە قېرىن ئارىلىقىدىكى پەردىنى يىرتىپ ئىچكى ئەزالىرىغا يامان زەرەر يەتكۈزگەنىدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا ئىسسىق موميانى سۇ بىلەن ئىچۈرمەكچى بولدى. بىراق بىھوش بالىنىڭ تامىقىدىن سۇمۇ، دورىمۇ ئۆتمىدى. خانزادە بېگىم بۇنى كۆردى-دە، بالىسىنى قۇچاقلاپ، تولاشقا باشلىدى:

— خۇررەمجان! يالغۇزۇم! خۇررەمىم!

بالىنىڭ كۆزى غىل-پال قىلىپ بىر ئېچىلدى، كېيىن قارىچۇقلىرى يۇقىرىسىغا قاراپ كەتتى-دە، كىرپىكلىرى يېرىم يۇمۇق ھالدا توختاپ قالدى.

بابىر بالىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى سەزدى-دە، ئاچىسىنى قۇچاقلاپ، جەسەتنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن

خانزادە بېگىم ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى. ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ بالىسىنى قۇچاقلاپ دەست كۆتۈردى-دە، داد سېلىپ، يەنە ئۇنى چاقىرىشقا باشلىدى:

— خۇررەم! خۇررەمجان، قېنى سەن؟ قېنى سەن، بالام! بالام قېنى؟!

بابىر ھۆركىرەپ يىغلاپ بالىنى ئاچىسىنىڭ قولىدىن ئالدى-دە، يەنە چاپان ئۈستىگە ياتقۇزدى. قاسىمبەگ بالىنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى يۇمماقچى بولۇپ، قاشلىرىنى سىلىدى، كىرپىكلىرىنى ياتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن كىرپىكلەر اتمىدى، نارەسىدە كۆزلەر يېرىم ئوچۇقلۇقىچە قالدى. خانزادە بېگىم ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىگە ئەمدى ئىشەندى-دە، ئۆزىنىڭ پېشانىلىرىگە مۇشتلاپ يىغلىدى:

— سېنى بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئاناڭ ئۆلسۇن، بالام! سېنى ساقلاپ قالالمىغان ئاناڭ ئۆلسۇن!!

بابىر ئاچىسىنىڭ مۇشت بولۇپ تۈگۈلگەن قوللىرىنى ئىككى قولىغا ئالدى-دە، يۈزىنى يۈزىگە قاراتتى.

— قارغاش كېرەك بولسا مېنى قارغاڭ! — دېدى، — سىز يەنە مېنىڭ كاساپىتىمگە قالدىڭىز! ئەجەلدە ئادالەت بولسا بۇ بىگۇناھ بالىدىن بۇرۇن مەن گۇناھكارنى ئالسا بولاتتى! بۇنى ئىككى قىلىچ ئارىسىغا مەن ئېلىپ كىردىم! سىزلەرنى دىن ۋە مەزھەپ بالاسىغا مەن گىرىپتار قىلدىم!

قاسىمبەگ بابىرنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. ئۇ ئۇزاقى يىل قۇندۇزدا موغۇل بەگلىرىنىڭ بابىرغا قارشى پىتنىسى بىرىنچى قېتىم مەلۇم بولغاندا ئارىغا چۈشۈپ خاتا قىلغانلىقىنى، بۈگۈنكى

تونپىلاق شۇ چاغدا كېيىپ تاشلانمىغان يارىنىڭ خاتالىقى ئېكەنلىكىنى ئويلىدى:

— گۇناھكارنى ئىزدىسىڭىز، ھەممىمىز ئەيىبدارمىز، ھەزرىتىم! دۇنىيا ئۆزى شۇنداق يارىتىلغان تۇرسا بىز قانداق قىلايلى؟!

خانزادە بېگىم يەنە ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلىدى:

— تويدۇم بۇ دۇنيادىن! بەس! تويدۇم! مېنى بالام بىلەن بىللە كۆمۈڭلار!...

خۇررەمشاھنىڭ جەسىتىنى ئارچىدىن ياسالغان تاۋۇتقا سېلىپ، شۇ كۈنى كەچكىچە قولمۇقول كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. كېيىن ئۇنى پامىر تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى كۆكلەم بىر دۆڭلۈككە كۆمۈشتى ۋە قەبرى ئۈستىگە ئاق بايراقچە قاداپ قويدى.

تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالغان خانزادە بېگىمنى بىر ئامال قۇندۇزغا، ئۇ يەردىن كابۇلغا ئېلىپ كېتىشتى.

## كابۇل. تاشقان دەريا ئۆزەن ئىزدەيدۇ

### 1

كەچكى مەزگىل، كابۇل قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلدىن بىر توپ ئۆردەك ئۇچتى. كۆل بويىدىكى ئۈسۈك ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا مارىلاپ ئولتۇرغان مىرزا ھۇمايۇن يادىن كەينى-كەينىدىن ئىككى ئوق ئاتتى. ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان تومشۇقى ئۇزۇن ئۆردەكلەردىن بىرى تۇيۇقسىز ئايرىلىپ پەسلەشكە باشلىدى، كېيىن قاناتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆلنىڭ نېرىقى چېتىگە يىقىلىپ

چۈشتى.

كۆلنىڭ ئاشۇ تەرىپىدە پادىشاھنىڭ سەككىز پالاقلىق سايىۋەنلىك كېمىسى ئۈزۈپ يۈرگەنىدى. ھۇمايۇن بۇ تەرەپتىن ئاتلىنىپ، تەربىيىچىسى ۋە مۇلازىملىرى بىلەن كۆل ساھىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بارغۇچە كېمىدىكىلەر ئوق تەگكەن ئۆردەكنى سۇدىن ئېلىپ، قىرغاققا چىقىشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بابىرمۇ بار ئىدى. ھۇمايۇن ئۆزى ئاتقان ئۆردەكنى ئاتىسىنىڭ قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە سەل ئېرىدا تەزىم قىلىپ توختىدى.

بابىر ئۆردەكنىڭ تۆشىگە قادىلىپ قالغان يا ئوقىنى كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، ئوغلىغا كۆزلىرىنى سۈزۈپ قارىدى:

— بۇ ئوق سېنىڭكىمۇ؟

ھۇمايۇن ئاتىسىنىڭ كەيپ ئىككىلىكىنى سەزدى. بابىر كېيىنكى مەزگىللەردە كۆپ ئىچىدىغان بولغان، بۆگۈنمۇ بەگ ئۆلپەتلىرى بىلەن كېمىدە ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرغانىدى. ھۇمايۇن كۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى پادىشاھنىڭ دەخلىسىز، خاس يەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى. ئاتىسى ئالدىدا ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويغاندەك كۆزلىرى تەلمۈرۈپ:

— ھەزرىتىم، — دېدى، — ئەپۇ قىلىڭ، بىمەھەل ئوق ئېتىپتىمەن.

— ئەمما ئوقنى ياخشى ئېتىپسەن، — دەپ بابىر ئوغلىغا ئەمدى كۈلۈمسىرەپ سۆزلىدى، — مە، ئۆزەڭگە قوتسۇن.

ھۇمايۇن سول قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە، ئوڭ قولى بىلەن ئوۋنى ئاتىسىدىن ئالدى-دە، مۇلازىملىرىدىن بىرىگە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بابىردىن كېيىنرەك تۇرغان كۆزلىرى چوڭ-چوڭ تورۇق قارا يىگىت — ھىندۇبەگ قويۇق ئاق چىشلىرىنى ئېچىپ كۈلدى:

— ئەمىرزادەم مەرگەنلىكتە ھەزرەت ئاتىسىغا تارتىپتۇ.

شىركەيپ خوجاكالانبەگ بۇ سۆزگە دەرھال قوشۇلدى:

— ئۇلۇغۋار ئاتىلارغا مۇناسىپ ئوغۇل!

بابىر بولسا بىر چەتتە جىم قول قوشتۇرۇپ تۇرغان قاسىمبەگكە مەمنۇن نەزەر تاشلىدى. يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ، ئىشىك ئاغالىق مەنسەپتىن قالغان قاسىمبەگ ھازىر ھۇمايۇنغا تەربىيىچى ئىدى. بابىرنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يىل سادىق خىزمەت قىلغان بۇ ئادەمنىڭ ئەمدى چوڭ بولۇپ كېلىۋاتقان ھۇمايۇننىمۇ ئاتىلارچە مېھىر بىلەن تەربىيىلەۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— جاناب قاسىمبەگ ھۇمايۇنغا مەرگەنلىكتىن ياخشى تەلىم بېرىپتۇ، — دېدى بابىر، — بىراق ئەمىرزادەم چەۋەندازلىقتا قانداقراق؟

قاسىمبەگ ھۇمايۇنغا "جاۋاب بېرىڭ!" دېگەندەك قىلىپ قارىدى. ھۇمايۇننىڭ كۆزلىرى گويا ئىلھام بىلەن يېنىپ:

— ھەزرىتىم، ئىجازەت بېرىڭ، — دېدى-دە، ئاتلارنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. بابىر ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئۆگەنگەن چەۋەندازلىق مەشقلىرىدىن بىرىنى كۆرسەتمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزدى.

— قېنى، قېنى، — دېدى زوق بىلەن.

ھۇمايۇننىڭ يېشى ئون ئۈچكە بېرىپ، بويى ئاتىسىنىڭ بويىغا يېتەي دەپ قالغان. يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ بابىرنىڭ ئۈسمۈرلۈك مەزگىلىنى ئەسلىتەتتى. قاسىمبەگنىڭ ئىشارىتى بىلەن نەۋكەرلەر

ئىككى ياۋاشراق ئاتنى بىر چەتكە يېتەكلەپ چىقتى-دە، يانمۇيان تۇتۇپ تۇرۇشتى. ھۇمايۇن ئۆزىنىڭ پاللىق قاراقاشقا ئېتىغا سەكرەپ مىندى، تىزگىنىنى كەسكىن تارتىپ بىرئاز كەينىگە داجىدى. كېيىن نېرىقى ئىككى ئاتقا تېزلىك بىلەن يېقىنلاشتى-دە، تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئاتلار ئۇدۇلمۇئۇدۇل، ئىككىنچى ئاتنىڭ ئېگىرىدىن ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە، ئېگەردىن ئېگەرگە سەكرەپ ئۆتتى. شۇ چاغدا ئۈچىنچى ئات جايىدىن قوزغىلىپ كەتتى. ھۇمايۇن مىنگەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چاپسان قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۈچىنچى ئاتنىڭ يۆگىنىدىن تۇتقان نەۋكەرگە:

— مەھكەم تۇتۇڭ! — دېدى.

كېيىن ئاستىدىكى ئاتنى نېرىسىغا جىپسا كەلتۈردى-دە، ئىككىنچى ئېگەردىن ئۈچىنچىسىگە سەكرەپ ئۆتتى.

شىركەيىپ بەگلەر توپىدىن:

— ئاپىرىن! ئالقىش! — دېگەن خىتابلار ئاڭلاندى.

ھۇمايۇن ھاسىراپ ئاتتىن چۈشتى-دە، ئاتنى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بابىر ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا ئەنجان چاربېغىدا ئېگەردىن ئېگەرگە سەكرەپ ئۆتەلمەي پۇتى يەرگە سۆرۈلۈپ قالغىنىنى ئەسلىدى-دە:

— خۇدايىم ھۇمايۇننى كۆز تېگىشتىن ساقلىسۇن، — دېدى، — چەۋەندازلىقتا بىزدىن ئۆتىدىغان كۆرۈنىدۇ.

— ھەزرىتىم، مىرزا ھۇمايۇن ھەر ئىشتا سىزدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ، — دېدى قاسىمبەگ.

بابىر ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى چايقىدى:

— مېنىڭ شاھزادىغا ئىبرەت بولغۇدەك ھالىم يوق.

www.uyghurkitap.com

ھۇمايۇن ئاتىسىنىڭ مەيۇس يۈزىگە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى.

— نېمە ئۈچۈن ھەزرىتىم! تەربىيىچىم ماڭا بارلىق جەڭلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەردى. رۇستەم ۋە ساھابىلەرمۇ، گۆرئوغلى ۋە ئالپامىشلارمۇ جەڭنى سىزچىلىك كۆپ كۆرمىگەن بولسا كېرەك!

— جەڭ ھېساب ئەمەس، ئەمىرزادەم، جەڭنىڭ نەتىجىسى ھېساب، — دېدى بابىر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىنى ئەسلەپ.

لېكىن ھۇمايۇن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى — ئاتىسىنىڭ مىسلىسىز دەھشەتلەرگە دۇچ كېلىپ، بارلىق ئۆلۈملەرنى يېڭىپ ئۆتەلىگىنى ۋە بارلىق قىرغىنلاردىن ئامان چىققىنى ئىدى. بابىرغا ئەستايىدىل ئىخلاس قىلىدىغان قاسىمبەگ "ھەزرىتىمگە دۇئا تەگكەن، ئۇ كىشىگە ئوق تەگمەيدۇ، تىغ ئۆتمەيدۇ"، دەيتتى ۋە بۇ ساددا ئېتىقادىنى ھۇمايۇننىڭ قەلبىگىمۇ سىڭدۈرگەنىدى. ھۇمايۇن ئاتىسىنىڭ كابۇل بىلەن ھىرات ئارىلىقىدىكى ئېگىز تاغلاردىن ئادەمزات ئۆتەلمەيدىغان قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە يۈرەك توختىتىپ ئۆتكەنلىكىنى، كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلەر ھالىدىن كېتىپ، ئاتلارمۇ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان چاغلاردا بابىرنىڭ ئۆزى ئالدىغا چىقىپ كۆكسىگىچە قارغا پېتىپ، ھەممىگە يول ئېچىپ بەرگىنىنى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى ئۇششۇپ يۈزى كۆمۈردەك قارىيىپ، تونۇغلى بولمايدىغان ئەھۋالغا كەلگىنىنى قاسىمبەگدىن يېقىندا ئاڭلىغانىدى.

ھۇمايۇن شۇ مەزگىللەردە بولغان بىر غەلىتە ھادىسىنى ئاتىسىدىن تەستىقلىتىپ ئالغۇسى كەلدى:

— ھەزرىتىم، كابۇل چارباغىدا دوست دېگەن بىر پالۋان نەۋكەر سىزنى تونۇماي قىلىچ بىلەن چاپقىنى راستمۇ؟

— راست. كېيىن تونۇپ قېلىپ، قىلىچىنى تاشلاپ قاچتى.

خۇداغا شۇكۇر، ھېچقانداق زەرەر يەتمىدى. بولمىسا دوست پالۋان تىغ ئۇرغان ئادەم تىرىك قالمايتتى.

— خۇدانىڭ قۇدرىتىنى قاراڭ-ھە! — دېدى ئىشىك ئاغا مۇھەممەد دولداي خۇشامەت ئاھاڭى بىلەن.

ھۇمايۇن ئۇنىڭ كەيىپ بولغانلىقىنى قىزىرىپ، كۆپچۈپ تۇرغان يۈزىگە خۇش ياقمايراق نەزەر تاشلىدى-دە، يەنە ئاتىسىغا يۈزلەندى. ئۇ پەقەت ئاتىسى بىلەن گەپلىشىشنى خالايتتى. بابىر توغرىسىدا قاسىمبەگدىن ۋە باشقا ئادەملەردىن شۇنچە غارايىپ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ئۆسكەن بالا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن يۈرەكتىن يېقىنلىشىشنى خالايتتى.

لېكىن بابىر دائىم دۆلەت ئىشى ۋە يېزىش-سىزىش بىلەن بەند ئىدى، بوش قالغاندا بەگلىرى ئىچىملىك مەجلىسىنى باشلايتتى. ھۇمايۇنغا بولسا ئۇلار تېخى ھەمسۆھبەت بولالمايدىغان ياش بالا دەپ قارىشاتتى. بىراق ھۇمايۇندا ئاتىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئىشتىياقى كۈنسېرى كۈچىيىپ باراتتى.

— ھەزرىتىم، بۈلتۈر سىند دەرياسىنىڭ بويىدا يولۋاس بىلەن ئېلىشقان ئىكەنسىز...

— نەدىن بىلدىڭىز؟

— ھەزرىتىمنىڭ خاس خانىسىدا يولۋاس تېرىسىنى كۆردۈم.

بابىر كەينىدە تۇرغان بەگلەرگە ئىشارەت قىلدى:

— يولۋاسنى بىز ئۆلتۈرۈشۈپ يەڭگەنىدۇق.

ھىندۇبەگ كۈلۈپ ئېتىراز قىلدى:

— ھەزرىتىم بولمىغان بولسا بىز يولۋاسقا تەڭ كېلەلمەيتتۇق.

ھۇمايۇن ھىندۇبەگنىڭ گېپىنى ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى

ۋە ئاتىسىغا باللارچە ساپ بىر ئىپتىخار بىلەن قاراپ قويىدى.

بابىر بۇخارا ئەتراپلىرىدا ۋە ھىساردا بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ھامان ئۇنتۇمايدۇ، شۇ چاغدىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئەلىمى ئاۋۋالقىلىرىغا قوشۇلۇپ، يۈرىكىنى ھېلىغىچە ئاتىلايتتى، دۇنيا غەملىرىنى خىيالىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۇ پات-پات ئىچىملىك ئىچەتتى. ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۆز تەقدىرىدىن ئىخلاسى قايتىپ يۈرگەن مانا شۇ كۈنلەردە ئوغلى ھۇمايۇن ئاتىسى قىلغان ياخشى ئىشلارنى بۇنچىلىك قەدرلەپ تىلغا ئېلىشى بابىرغا غەلىتە تەسىر كۆرسەتتى.

بىردەم ئۇ ئۆزىنى ئۆسمۈر ئوغلىنىڭ كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. ھۇمايۇن پەخىر بىلەن تىلغا ئالغان ۋەقەلەر راستىنمۇ بولغان ۋەقەلەر ئىكەنلىكى توساتتىن بابىرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. شۇ دەمگىچە ئۇنىڭغا پۈتۈن ھاياتى قاپقاراڭغۇ بىر كېچە بولۇپ تۇيۇلغان بولسا، ئەمدى بۇ كېچىگە گويا ھۇمايۇننىڭ كۆزى بىلەن قارىدى-دە، قاراڭغۇ ئاسماننىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە يۇلتۇزلار پىلىلداۋاتقىنىنى كۆردى.

ھۇمايۇن ئاتىسى بىلەن يەككە-يېگانە گەپلەشكۈسى كېلىپ، ئاۋازىنى پەسلىتىپ:

— ھەزرىتىم، — دېدى، — ئىنئام قىلغان دىۋانىڭىزدىكى بارلىق شېئىرلارنى يادقا ئالدىم. لازىم تاپسىڭىز ئېيتىھان ئېلىك.

بابىر كەينىدەرەك جىم تۇرغان بەگ ۋە مۇلازىملارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئۇلار بابىرنىڭ ئوغلى بىلەن گېپىنى چاپسانراق تۈگىتىشىنى ۋە كېيىنگە قايتىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. لېكىن بابىرغا ئەمدى ئىچىملىك مەجلىسىدىن كۆرە ئوغلى بىلەن بىللە بولۇش يېقىملىقراق

تويۇلۇشقا باشلىدى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ بەگلەرگە يۈزلىنىپ، — بۈگۈن بىزگە كېمە سەيلىسى بەس. ئەمدى مىرزا ھۇمايۇن بىلەن شېئىر مەشغۇلاتى ئۆتكۈزمەكچىمەن. ئات كەلتۈرۈلسۇن!

بابىر ئاتلانغاندىن كېيىن ھۇمايۇنمۇ ئىتتىغا خۇشاللىق بىلەن سەكرەپ مىندى. ئاتا-بالا يانمۇيان كابۇل ئوردىسىغا قاراپ يول ئېلىشتى. قاسىمبەگ ۋە باشقا مۇلازىملار ئارقىدىراق ئەدەپ ساقلاپ جىم كېلىۋاتماقتا ئىدى.

بابىر كېمىدە ئىچكەن ئىچىملىكنىڭ قىزىقى ۋە گەرەخلىكى ئۇنىڭ چاقنىغان سۈزۈك كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— قېنى، ئەمىرزادە، ئاڭلايلى، — دېدى ئۇ ھۇمايۇنغا كەيىپ ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قاراۋېتىپ.

ئاتىسى بىلەن كېتىۋاتقىنىدىن ئىنتايىن خۇشاللانغان ھۇمايۇن بابىرنىڭ دىۋانىدىن يادقا ئالغان بىر رۇبائىيىنى ئالدىراشلىقتا ئوقۇدى:

ئازار ئىلە نېچە گۇفتىگو① قىلغايسىز،
ئازۇردە بولۇرنى جۇستىجو② قىلغايسىز.
مۇنچەكى كۆڭۈللەرگە يېتىشتى ئازار،
مەي بىلە مەگەركى شۇستىشو③ قىلغايسىز.

ھۇمايۇن بۇ شېئىر بىلەن ئاتىسىنىڭ مەي ئىچىش سەۋەبىنى

---

① گۇفتىگو — گەپلىشىش.
② جۇستىجو — ئىزدەش.
③ شۇستىشو — يۇيۇش، يەنى مەي بىلەن دىل غۇبارىنى يۇيۇش.

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ھازىركەيپ ئىكەنلىكىمۇ ئۆزرىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى ئىدى، بابىر بۇنى پەملىدى-دە:

— ماقۇل... ماقۇل، — دەپ كۈلدى، — پەقەت ئاۋۋالقى ئىككى قۇرنىڭ ۋەزنىنى بۇزۇپراق ئوقۇدۇڭ. قارىماققا سەن بۇ قۇرلاردىكى كىنايىنى ياخشى پەملىمىگەن ئوخشايسەن.

— قانداق... كىنايە؟ — دەپ بۇ قۇرلارنى تولۇق دىققەت بىلەن ئوقۇغان ھۇمايۇن تەئەججۇپلەندى.

— شۇنداق كىنايىكى، ئادەملەر بىر-بىرلىرىگە ئازار بېرىدىغان گەپنى كۆپ قىلىشىدۇ. گاھى ئازار بېرىدىغان نەرسىنى ئۆزىمىز ئىزدەپ تاپىمىز. ئاندىن كېيىن بۇ ئازارنى كۆڭۈلدىن مەي بىلەن يۇماقچى بولۇپ ئىچىشكە كىرىشىمىز.

ئاتىسى ئۆزىنىڭ مەي ئىچىشكە كىنايە بىلەن قارايدىغانلىقىنى ھۇمايۇن ئەمدى سەزدى ۋە يەنە ھەيران بولدى:

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

— سېنىڭ يېشىڭدا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مەنمۇ ئوتتۇز يېشىمغىچە ئىچىملىككە موھتاج بولغان ئەمەسمەن. سەن قانداقسەن؟... كۆڭلۈڭدە ئىچىملىككە ئىشتىياق بارمۇ؟

ھۇمايۇن ئويلىماي بېشىنى چايقىدى. كېيىن ئاتىسىنىڭ ئىچكۈلۈكتىن ئىششىغان قاپاقلىرىغا جىددىي بىر قارىۋالدى-دە:

— مەن ئىچىملىكنى يامان كۆرىمەن، — دېدى.

ئۇن ئۈچ يېشىدا بابىر ئۆزىمۇ ئىچكۈلۈكتىن ھەزەر قىلغانلىقىنى ئەسلىدى-دە، ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— خوش، نېمىلەرنى ياخشى كۆرىسەن؟

— مەنمۇ؟ — دەپ ھۇمايۇن بىردەم ئويلىنىۋالدى. ئۇنىڭ

ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرى كۆپ ئىدى، — سەپەردە يۇرۇشنى، ساياھەتنى ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كىتاب بولسا ئەتىگەندە - كەچتە ئوقۇغۇم كېلىدۇ...

"بۇ جەھەتلىرى ماڭا ئوخشاپتۇ"، دېدى بابىر ئىچىدە ۋە ئوغلىنىڭ قامچا دەستىسىنى تۇتقان قوللىرىغا قارىدى. ھۇمايۇننىڭ يۈز - كۆزىمۇ، قوللىرىمۇ بابىرنىڭكىدىن قارىراق ئىدى. بەلكى جەنۇبتا تۇغۇلۇپ ئۆسۈۋاتقىنى ئۈچۈن شۇنداقتۇ؟ لېكىن ئالقىنىنىڭ شەكلى ئاتىسىنىڭكىگە تولىمۇ ئوخشاش. بابىر ئوغلىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ:

— قېنى، ئالقىنىڭنى ئاچ، — دېدى.

ھۇمايۇن قامچىنى تېقىمىغا قىستۇردى - دە، ئالقىنىنى ئاتىسىغا ئېچىپ كۆرسەتتى. بابىر ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى سىزىقلارغا قارىدى - دە، كېيىن ئۆز ئالقىنىنى ئېچىپ، ئوغلىنىڭ ئالقىنىغا ئالقىنىنى يانمۇ - يان تۇتتى. چوڭ ۋە كىچىك ھەر ئىككى ئالقاندىكى توغرا سىزىقلار بىر - بىرىنىڭ ئەينەن تەكرارى ئىدى. ئاتىسىغا ئوخشاشنى تولىمۇ خالايدىغان ھۇمايۇن مەمنۇن كۈلۈمسىرىدى. بابىر چوڭقۇر تىنىۋالدى - دە:

— ئىلاھىم، مەن كۆرگەن بالالارنى سەن كۆرمىگىن — دېدى.

— لېكىن مەن سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىزنى ئۆگەنمەكچىمەن.

بابىرنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى خىيالىدىن بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. رەھىمسىز مۇھىت ئۇنىمۇ شەپقەتسىز بولۇشقا ئۆگەتتەتتى. مانا شۇ كابۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۆزىدە خىرىلچى قەبىلىسىگە مەنسۇپ نۇرغۇن ئادەملەر كارۋان يوللىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بابىرنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئايىماستىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈلگەن. ھەزارە قەبىلىسىنىڭ ئۇنلاپ جەڭگىۋار يىگىتلىرى چاپقۇنچىلىق مەزگىلىدە قىرىپ تاشلانغانىدى... بابىر بۇ قانلىق خاتىرىلەرنى ئۆمۈر كىتابى بولغان «ۋەقەئىي»گە بىر-بىردىن يېزىپ ماڭاتتى. ئەمما تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ۋە ئالەمگە باللارچە پاك بىر ئىشەنچ بىلەن قاراۋاتقان ھۇمايۇننى مۇنداق شەپقەتسىزلىكلەردىن مۇمكىنقەدەر يىراق تۇتقۇسى كېلەتتى.

— سەن ھوشيار بول، — دېدى بابىر، — مېنىڭ ھەۋەس قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلىرىممۇ بار!

— قايسى ئىشلىرىڭىز، ھەزرىتىم؟

— قايغۇلۇق، پاجىئەلىك ئىشلىرىم. پۈتۈن تەقدىرىم...

— بۇنى بىر غەزەلدىمۇ ئېيتىپسىز.

ھۇمايۇن يەنە ئاتىسىنىڭ مىسرالىرىنى يادقا ئېيتىشقا باشلىدى:

ھەر يانغەكى ئەزم ئېتسەم، يانىمدا بارۇر مېھنەت،
ھەر سارىكى يۈزلەنسەم، ئوترۇمغە كېلۇر قايغۇ.
يۈز جەۋرۇستەم كۆرگەن، مىڭ مېھنەتۇ غەم كۆرگەن،
ئاسايىشى كەم كۆرگەن مېندەك يەنە بىر بارمۇ؟

شېئىرنىڭ غەمكىن ۋە سېھىرلىك ئاھاڭىدىن تەسىرلەنگەن بابىر:

— ياخشى ئوقۇدۇڭ، — دېدى ئوغلىغا، — خالايمەنكى، مەن كۆرگەن قايغۇلار، شەپقەتسىزلىكلەرنى ئۇلاھىم سەن كۆرمىگىن.

— خوپ، ھەزرىتىم، مەن پەقەت سىز بىلگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بىلسەم بەس!

ئاتا-بالا سۆھبەتكە بېرىلىپ، ئوردىغا قانداق يەتكىنىنى

سەزمەي قىلىشتى. كېيىن ئۇلار دېرىزىلىرى شاھى كابۇل تېغىغا قاراپ ئېچىلىدىغان خۇش ھاۋالىق خاس خانىدا ئولتۇرغىنىدا ھۇمايۇن قولىغا قەغەز ۋە قەلەم ئالدى-دە، ئاتىسى ئىختىرا قىلغان خەتتى بابۇرىي ھەرپلىرى بىلەن بىردەم شېئىر يازدى:

تۈركلەر خەتتى نەسىبىڭ بولمىسا، بابىر، نې تاڭ،

بابىرىي خەتتى ئەمەستۇر، خەتتى سىغناقىيدۇرۇر①

بابىر ئاخىرقى قېتىم سەمەرقەندتە يۈز بەرگەن مەشئۇم ۋەقەلەرنى ۋە خەتتى بابۇرىينى مەكتەپتە باللارغا ئۆگەتكەن مۇئەللىمنىڭ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئەسلەپ "ئۇھ" تارتتى.

بىرۋاقىتلار ئۇلۇغبەگنى ھالاك قىلغان ياۋۇز كۈچلەر ئۇنىڭ رەسەتخانىسىنى قايتا تىكلىمەكچى بولغان بابىرنىمۇ دىنسىزلىكتە ۋە رافىزىيلىقتا ئەيىبلەپ، ھەتتا قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرگەنلىكى قىزىلقۇمدىكى مەغلۇبىيەتكە زېمىن ياراتقانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بابىر ئۆزى ئىختىرا قىلغان خەتنى جارى قىلىش پىكرىدىن پۈتۈنلەي قايتقانىدى:

— ساڭا بۇنى قايسى مۇئەللىمىڭ ئۆگەتتى؟ — سورىدى بابىر ھۇمايۇننىڭ يېزىقىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ.

— مىربەدەل خەتتاتتىن ئۆگەندىم...

ھۇمايۇننىڭ يېزىقىدا خاتا بولمىسىمۇ، لېكىن تېخى بۇ خەتكە قولى ئۆگەنمىگەنلىكىدىن ھەرپلەر تەكشى چىقمىغانىدى.

— ساڭا يارامدۇ؟

---

① سىغناق — تۈركىستاندىن شىمالداراق سىر دەريا يېنىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ناھايىتى! بەلگىلىرى ئاز. تېز يېزىش مۇمكىن، ئوقۇش ئاسان.

— ئۇنداق بولسا كۆپرەك مەشىق قىل. كېيىن ماڭا مەكتۇپ يازساڭ مۇشۇ خەت بىلەن يازغىن. مەنمۇ ساڭا مۇشۇ خەت بىلەن جاۋاب يازىمەن. مەخپىي تۇتۇشقا ئاسان بولىدۇ.

ھۇمايۇن پادىشاھ ئاتىسى بىلەن مەخپىي خەتلەر يېزىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، كۆڭلىدە يەنە ئىسسىق بىر ئىپتىخار تۇيغۇسى ئەۋج ئالدى. ئاتىسىغا مېھرى ئېشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يەنە بىر ئىش قىلغۇسى كەلدى.

— ھەزرىتىم، لازىم بولسا، ئەمدى مۇزىكىدىن بىر ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈڭ.

— قېنى، قېنى!

ھۇمايۇن سەۋدەربىشىغا ئافغان راۋابىنى ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. كېيىن دۇر ۋە سەدەپ بىلەن بېزىتىلگەن، تاغلار ساداسىنى ئەسلىتىدىغان ئۇلۇغۋار تاۋۇش بېرىدىغان باغرى كەڭ راۋاپنى سازلاپ، ئاۋۋال ناۋا مۇقامىدا بىر كۈي چالدى، كېيىن مەرغۇلغا ئۆتتى. بابىر قۇلىقىغا ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلغان بۇ مەرغۇلنى دەرھال تونۇدى.

"چارگاھ مەرغۇلى" دەپ ئاتالغان بۇ كۈينى بولتۇر بابىرنىڭ ئۆزى مۇزىكىلاشتۇرغانىدى. ھۇمايۇن بۇنىمۇ ئىزدەپ تېپىپتۇ-دە! ياكى تەربىيىچىلىرى ئۇنىڭغا ئاتايىن ئاتىسى يازغان شېئىرلارنى يادلىتىپ، ئاتىسى مۇزىكىلاشتۇرغان كۈينى ئۆگىتىپ، شۇ يول بىلەن پادىشاھتىن ماختاش ئالماقچىمىكىن؟

تەربىيىچىلەردە شۇنداق بىر خۇشامەت بولغاندىمۇ ھۇمايۇننىڭ

ئۆزى كۆيىنى سەممىي ئىخلاس بىلەن چېلىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. بالا ئۆزىنىڭ بايىقى سۆزىنى ــ ئاتىسىنىڭ ئىجادىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ھەۋىسى زورلۇقىنى ھازىر راستىنلا ئىسپات قىلىۋاتاتتى.

بابىر ئوغلى چېلىۋاتقان گۈزەل كۈيگە قولاق سېلىپ تۇرۇپ، كۆڭلى شادلىق تۇيغۇلىرىغا تولۇپ كەتتى.

ئەمدى ئۆزىنىڭ ھاياتمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ يورۇق ۋە سۈزۈك تەرەپلىرى بىلەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇمۇ بىرۋاقىتلاردا ھۇمايۇندەك غۇبارسىز، پاك ياشلىق چاغلىرىنى باشتىن كەچۈرمىگەنمىدى؟ ئۇنىڭ ھاياتمۇ سۈزۈك بىر بۇلاق بولۇپ ئاقمىغانمىدى؟ كېيىن بۇ بۇلاقنىڭ ئۈستىگە يارلار غۇلاپ، ئۇنى لېيىتتى. لېكىن تېخى بۇ بۇلاق قۇرۇغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئابى ھاياتى ھۇمايۇننىڭ قەلبىنىمۇ ئاۋات قىلغىنى مانا ھازىر بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بابىر ئۆزى بىلەن ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ بىر باغلىنىش بارلىقىنى بۈگۈن بىرىنچى نۆۋەت ئېنىق سەزدى. ئاتىسىنىڭ ھاياتى ئوغلىنىڭ ھاياتىدا ئەينەن تەكرارلانمىسىمۇ، لېكىن يېڭى بىر تەرىقىدە داۋام قىلىشى مۇمكىنلىكىگە، ئەگەر ئوغۇل ئەستايىدىل ئاتىغا سادىق بولسا، ئۇنىڭغا تارتسا، ئاتىسىنىڭ ئۆمرى ئوغلىنىڭ ئۆمرىگە ئۇلىنىپ كېتىشىگە بابىرنىڭ ئەمدى كۆزى يەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھۇمايۇننى ئەتكەسى، ئانىسى ۋە تەربىيىچىلىرىنىڭ بابىرغا ئىخلاسمەند قىلىپ تەربىيەلىگىنى، ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ غەزەلىلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىشكە ئىنتىلىۋاتقىنى چوڭ بىر نېمەت ئەمەسمۇ؟ بابىرنىڭ ئۆزىمۇ ئوغلىغا پەقەت غەزەلىلىرىنىلا راۋا كۆردى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئوغلى ئۇ قىلغان خاتالارنى قىلماسلىقى، ئۇ تارتقان ئازابلارنى تارتماسلىقى مۇمكىن.

پەزىلەتلەر... بابىر ئۆز پەزىلەتلىرىنى بۈگۈن ئوغلى ئارقىلىق ئاللىقانداق ياخشىلانغان ھالدا كۆرۈپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلدى، ئۆزىگە بىردىن ھۆرمىتى ئاشتى.

كېيىن ئۇ ھۇمايۇننىڭ ئەتكەسى قاسىمبەگنى سارايغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا سەرپاي ۋە ئات ئىنئام قىلدى. شاھزادىنىڭ باشقا تەربىيەچىلىرى ۋە مۇئەللىملىرىمۇ چوڭ-چوڭ ھەدىيىلەر ئېلىشتى.

— ساڭا نېمە ئىنئام قىلاي، ئېيت! — دەپ بابىر ئوغلىغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدى.

ھۇمايۇن كىتاب يىغىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە بۆلۈمنى ئېگىلىگەن خاس كۇتۇپخانىسىدىن تاشقىرى، ياتىقىدىمۇ كىتاب توشقان جاۋەنلەر بار ئىدى. ئورنىنىڭ باش تەرىپىگە پۇراقلىق سەندەل دەرىخىدىن ئىشلەنگەن جاۋەن قويۇلغان، ئاتىسىنىڭ شېئىرىي دىۋانى جاۋەنىنىڭ ئالاھىدە تەكچىسىدە يالغۇز تۇراتتى.

— يەنە يېڭى شېئىرىي كىتابلار يازسىڭىز، — دېدى ھۇمايۇن ئاتىسىغا ئۈمىدلىك قاراپ، — مانا مۇشۇ ئالاھىدە تەكچە سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز بىلەن توشسا... ئوغلىڭىزنىڭ تىلىكى شۇ!

بابىر زوق بىلەن قاقاقلاپ:

— ئە-ھە، سېنىڭ بۇ تىلىكىڭنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەن بىر ئۆمۈر مېھنەت قىلىشىم كېرەكقۇ!... دېدى، — مەيلى، ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت دېيىشىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئۈچۈن بىر شېئىرىي كىتاب باشلاي. قېنى دەپتىرىڭنى بەر...

ھۇمايۇن مۇقاۋىسى ئالتۇن سۈيى بىلەن زىننەتلەنگەن، نەپىس ۋاراقلارغا تېخى ھېچ نەرسە يېزىلمىغان يېڭى دەپتىرىنى ئاتىسىغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى قوللاپ تۇتتى.
بابىر خانا تۆرىدىكى مىز يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، بىردىنلا ئوغلىغا مېھرى ئېشىپ، ھاياجان ئىچىدە:
"جىگىرىم بىلەن جېنىمغا ئۇلانغان پەرزەندىم!" دەپ يازدى.
ئۆزىدىكى ئاتىلىق مېھرى ۋە ھۇمايۇندىكى پەرزەنتلىك ساداقىتى تاجدار ئاتىلار ۋە ۋەلىئەھد ئوغۇللار ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان نادىر تۇيغۇلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغبەگ بىلەن ئابدۇل- لەتىپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئۆز ئوغلىدىكى سەممىي ھېسلارنى قانچىلىك قەدىرلىشى، قانچىلىك ئاسراپ-ئاۋايلاپ، كامالەتكە يەتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى شۇ دەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدى. قەلبىنى تولدۇرغان ئاتىلىق تۇيغۇسى شېئىرىي ئاھاڭ بىلەن قەغەزگە چۈشۈشكە باشلىدى:
"دۆلەتۇ بەخت بىلە ھۇمايۇن بول، كامران بول، جاھاندا يۈز تۈمەن ئابرويى ئىززەت كۆر!"
بابىر يېزىشتىن توختاپ ئورنىدىن تۇردى:
— داۋامىنى كېيىن يازىمەن!... كىتابنىڭ نامى سېنىڭ ئىسمىڭغا قاپىيە بولغۇسىدۇر!...
بابىر شۇ يىلى يېزىپ تاماملىغان شېئىرىي كىتاب «مۇبەييىن» ھۇمايۇننىڭ نامىغا ھەقىقەتەنمۇ قاپىيىداش ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ دەپتىرىگە يازغان ياخشى تىلەكلىرىنىمۇ شۇ كىتابقا شېئىرىي قۇرلار شەكلىدە جايلاپ، ھەممىسىنى سەنئەتكار خەتتاتقا كۆچۈرگۈزدى-دە، ھۇمايۇنغا تەقدىم قىلدى.
ھۇمايۇن شۇ ۋاقىتقىچە ئاتىسىدىن ئالغان سوۋغىلار ئارىسىدا ئەڭ چوڭى ۋە بىباھاسى مانا شۇ شېئىرى كىتاب ئىكەنلىكىنى سېزىپ،

ئۇنى قايتا ـ قايتا كۆزلىرىگە سۈردى...

ئۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، مۇرەككەپ فىقھ كىتابلىرىنى چۈشە-نەلمەي قىينىلىپ يۈرەتتى. ئاتىسى تەقدىم قىلغان «مۇبەييىن» فىقھنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى راۋان تۈركىي تىلدا گۈزەل مەسنەۋىيە-لەر بىلەن ئىپادىلەپ، ھۇمايۇن ئۈچۈن دەرسلىك ۋەزىپىسىنى بېجىرەتتى ھەم ئۇنىڭغا شېئىرىي زوق بېرەتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئاتىسىغا بولغان مېھرى، ئىخلاسى شۇ كىتاب تۈپەيلىدىن يېڭى بىر كۈچ بىلەن ئۆسۈپ باراتتى.

ھۇمايۇن ئون بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ كىتاب جاۋىنىدە ئاتىسىنىڭ يەنە ـ بىر ئەسىرى ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان «مۇختەسەر» پەيدا بولدى. ھۇمايۇننىڭ ئەمدىكى ئارزۇسى ئاتىسىنىڭ ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىن بۇيان يېزىپ يۈرگەن «ۋەقەئىي» نامىلىق كىتابىنى ئوقۇش ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ زوقلۇق ئەسىرى مانا شۇ ئىكەنلىكىنى ئانىسى ماھىم بېگىمدىن ئاڭلىغانىدى.

ھۇمايۇن ئون ئالتە يېشىدا ئاتىسى ئۇنىڭغا بەدەخشان ۋىلايىتىنى بېرىپ، ئەسكەر ۋە سەۋدەرى بىلەن كابۇلدىن ئۇزىتىپ قويدى. ھۇمايۇن تاغلار ئارىسىدا ئاتىسى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا «بابىرنامە» دەپ ئاتاشقا باشلىغان شۇ «ۋەقەئىي» كىتابىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئوغلىنىڭ باشقا كۆپ ئىلتىماسلىرىنى سۆزسىز قوبۇل قىلغان بابىر بۇ قېتىم يەرگە قاراپ بېشىنى چايقىدى:

— ئۇ كىتاب تېخى پۈتمىدى. پارچە ـ پۇرات ياتقان ئەسەرنى كۆچۈرگۈزگىلى بولمايدۇ.

— قاچان پۈتتۈرىسىز، ھەزرىتىم؟ مەن ئىنتىزارمەن!

بابىر ئوغلىنىڭ يۈزىگە غەمكىن نەزەر بىلەن تىكىلدى.

— كۆپ ئىنتىزار بولما، چۈنكى ئۇ كىتابىنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن مېنىڭ ئۆمرۈم تۈگىشى كېرەك.

ھۇمايۇن تىترەپ كەتتى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟

«بابىرنامە»نىڭ داۋامى خىلى ۋاقىتتىن بۇيان يېزىلماي يۈرەتتى. قىزىل باشلار بىلەن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق، بابىرنىڭ ۋەتىنىگە يات قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى... بۇنى يېزىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئەسلەشتىنمۇ يۈرىكى سىقىلاتتى. ئەجەبا ئۆمۈر كىتابىنىڭ ئاخىرقى بابى شۇ بولۇپ قالارمۇ؟ بابىر ئەڭ يىرىك ئەسىرىنى بۇ تەرىقىدە يېزىپ تۈگىتەلمەسلىكىنى سېزەتتى. ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك تۈگىتىش ئۈچۈن بولسا ئاشۇ مەغلۇبىيەتلەر زەھىرىنى يۇيۇپ كېتىدىغان چوڭ غەلىبىلەرگە ئېرىششى كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى ئوغلى ھۇمايۇن چوڭىيىپ، يېنىغا كىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ ھۇمايۇننىڭ كېيىنكى گەپتىن ھاياجانغا چۈشكىنىنى سېزىپ:

— مېنىڭ سۆزۈمدىن تەشۋىشلەنمە، — دېدى، — مەن «ۋەقەئىي»نى ئۆمرۈم بويى يازماقچى بولغۇنۇم ئۈچۈن شۇنداق دېدىم. ئارزۇيۇم باركى، ئۇنىڭ كەلگۈسى بابلىرىغا سېنىڭمۇ ياخشى ئىشلىرىڭ يېزىلغاي. قېنى ئەمدى ئۆزەممۇ... بۇ كىتابىنىڭ پايانىغا يورۇق يۈز بىلەن يەتسەم.

— ھەزرىتىم، ئۇنداق بولسا، ئىلاھىم «بابىرنامە»نى يەنە ئەللىك يىل يېزىڭ، يۈز يىل يېزىڭ!

— شۇنىڭغىچە كۈتۈشكە سەۋر - تاقىتىڭ يېتەرمىكىن؟ — دەپ

كۆلدى بابىر.

ھۇمايۇن جىددىي تۇرۇپ:

— خۇدايىم ئالدىدا قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى، سەۋر-تاقىتىم ئۆمرۈم يەتكۈچە يېتىدۇ! — دېدى.

## 2

كابۇل دەرياسىنىڭ بويىدا بابىر ئېگىچىسى خانزادە بېگىم ئۈچۈن قۇردۇرغان باغى دىلكۇشانىڭ كۆك مەرمەر بىناسىدا مەۋلانا پەزلىددىن يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتە مەۋلانىنىڭ ساقال-بۇرۇتى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئوغلى ئەدەب بىلەن قول قوشتۇرۇپ، يەردىن كۆزىنى ئالماي جىم تۇراتتى.

بىنەپشە رەڭ چاپان كىيگەن، يۈزىگە ئاق يىپەك چۈمبەل تارتقان خانزادە بېگىم مۇڭلۇق تاۋۇش بىلەن توختاپ-توختاپ سۆزلەيتتى:

— ھەممىدىن كۆرە... ئۆلگەن ئادەمگە قىيىن ئىكەن، مەۋلانا. ئۆلگەن قايتىپ كەلمەيدىكەن... تىرىكلەر... ئاھ-ئۇھ قىلىپ، مىڭ كۆيۈپ-يانسىمۇ، ئاقىۋەت بىر كۈن... تەسەللى تاپىدىكەن. مانا ئۆزەمدىن قىياس قىلدىم...

— بېگىم، بۇ زاماندا تىرىكلەرگىمۇ ئاسان ئەمەس. مېنىڭ ئەنجاندىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىمگە يىگىرمە ئۈچ يىل بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان سىزنىڭ بېشىڭىزغا قانچىلىك كۈلپەتلەر چۈشتى! بىز قانچە بالالارنى كۆردۇق.

خانزادە بېگىم ئەنجاندا چېغىدىكى ياشلىق يىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. مەۋلانا پەزلىددىن شۇ چاغدا قانچىلىك چىرايلىق يىگىت بولغىنىغا ھازىر ئىشىنىش قىيىن. ئازاب-ئوقۇبەت-

لەرگە تولۇپ-تاشقان كېيىنكى ئۇن يىللار ئۇنىڭ بويۇنلىرىغىمۇ قورۇقلاردىن تور سېلىپ كەتكەن. قوللىرىنى سۆڭەكتەك قاتۇرۇپ، تومۇرلىرىنى بۆرتتۇرگەن، يەلكىسىنى مۈكچەيتىپ، ئاتمىش ياشلىق مۆيسىپىتكە ئوخشىتىپ قويغان. ھالبۇكى ئۇنىڭ ئەمدى ئەللىك ئۈچ ياشقا كىرگىنى خانزادە بېگىمگە مەلۇم ئىدى. "ئۆزەمچۇ؟" دەپ بېگىم ھەركۈنى ئەينەكتە كۆرىدىغان ئەكسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. خانزادە بېگىمنىڭ ئۇدۇل چىشلىرىدىن ئۈچ-تۆتى چۈشۈپ كېتىپ، لەۋلىرى پۈرۈلۈشكە باشلىغان، چېچى شالاڭلىشىپ كۆل رەڭ تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

گۈزەل ياشلىقلىرى ئەمدى ھېچقاچان قايتىپ كەلمەسلىكى، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ياخشى يىللىرى ئېچىلماي سولاشقان گۈلدەك ئۆتمۈر-ۋايەت غازاڭ بولغانلىقى خانزادە بېگىمنىڭ يۈرەك-باغرىنى تاتىلاپ ئۆتتى.

— مەۋلانا، ئوغلىڭىز نەچچە ياشتا؟

— يىگىرمە بىردە، بېگىم.

خانزادە بېگىم ھالاك بولغان ئوغلى خۇررەمشاھنىڭ ھايات بولسا ھازىر يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىشىنى ئەسلىدى. بۇ يوقىتىشنىڭ ئۇنتۇلماس ئەلىمى كېيىنكى دەردى ئۈستىگە قوشۇلدى-دە، كۆزىگە ياش قۇيۇلۇپ كەلدى:

— ئىشقىلىپ، ئوغلىڭىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن. مەن كۆرگەن مۇسىبەت سىزنىڭ بېشىڭىزغا ھېچ ۋاقىت چۈشمىسۇن، مەۋلانا. مەن ئەمدى ھايات قالمايمەن دېگەنىدىم. يالغۇز ئوغلۇمنىڭ كەينىدىن كېتىمەن دېگەنىدىم. لېكىن جېنىم چىڭ ئىكەن.

مەۋلانا بېگىمنىڭ يىغىسىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ئوغلىغا بىر قارد-

ۋالدى. كېيىن بېگىمنىڭ خىيالىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھىراتلارمۇ ناھايىتى تىنچسىز بولۇپ كەتتى، بېگىم. شاھ ئىسمائىل شەھەرنى ئېلىپ، سۈننىيلەرنى سۈرگۈن قىلدى. كېيىن يەنە شەيبانىيزادىلەر شەھەرنى بېسىۋېلىپ، شىئە تەرەپدارلىرىنى چەكلىدى. شىئە مازارلىرىنى ئاچتۇرۇپ مەرۋىدە شەيبانىخاننى ئۆلتۈرگۈزگەن روھانىيلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى زەمبىرەكلەرگە سېلىپ ئاتقۇزدى. كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھىراتنى يەنە قىزىل باشلار ئۇلاردىن تارتىۋېلىشتى. ئۈچ ئېلىش قايتىدىن باشلاندى. ھەممە تەرەپ ئۇرۇش-يوقات. كامالىددىن بېھزاد ھىراتتىن تەبرىزگە شاھ سارىيىغا خىزمەتكە ئېلىپ كېتىلدى. مەۋلانا خاندەمىر شەھەردىكى توپىلاڭلاردىن توپۇپ، ئاتا يۇرتىدىكى يىراق بىر قىشلاققا چىقىپ كەتتى. بىزگە ئوخشىغان مۇساپىرلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولدى... ئوغلىمىز ئالاۋىدىن ھىراتتا تاشتاراشلىق سەنئىتىنى ئۆگەنگەندى. لېكىن سەنئەت بىلەن كىمنىڭ ئىشى بار؟ ئاخىرى، شائىر مۇھەممەد سۇلتان بىلەن مەسلىھەتنى بىر جايغا ئەكەلدۇق-دە، بابىر مىرزىدىن پاناھ ئىزدەپ كابۇلغا كەلدۇق.

بۇ گەپلەر داۋامىدا خانزادە بېگىم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىنى ئازراق بېسىۋالدى:

— كېلىپ تولىمۇ ياخشى قىلىپسىز، مەۋلانا... مەن سىزگە بىر ئامانىتىڭىزنى قانداق قايتۇرۇشنى بىلەلمەي يۈرگەنىدىم.

مەۋلانا پەزلىددىن كۆزلىرى پىلدىرلاپ:

— قايسى ئامانىتىم؟ — دېدى.

خانزادە بېگىم مەيۈس كۈلۈمسىرەپ:

— ھازىر، — دېدى-دە، ئورنىدىن قوپتى ۋە تۆردىكى ئويمىلىق ئىشكتىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇ بىر خىزمەتكارنىغا ئاق يىپەك رەختكە ئورالغان نەرسىنى كۆتۈرتۈپ قايتىپ چىقتى. بېگىمنىڭ ئىشارىتى بىلەن خىزمەتكار ھېلىقى نەرسىنى مەۋلانا پەزلىددىننىڭ ئالدىغا قويدى-دە، تەزىم قىلا-قىلا كەينىچە يۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— مەۋلانا، ئېچىپ كۆرۈڭ، — دېدى خانزادە بېگىم.

مەۋلانا پەزلىددىن يۆگەكنى ئاستا ئاچتى-دە، چەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن سىزمىچىلىق قەغەزلىرىنى كۆردى. كېيىن ئۇلارنى ئاۋايلاپ ۋاراقلاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەنجاندا قۇرماقچى بولۇپ، خانزادە بېگىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىزغان لايىھىلىرىنى تونۇدى. يىگىتلىك ئارزۇلىرى خىيالىدا قايتىدىن ئويغىنىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئەنجاندا قۇرۇلماي قالغان ئابىدىلەرنىڭ لايىھىسىنى شۇنچە يىلدىن بۇيان ئاسراپ ئېلىپ يۈرگەن خانزادە بېگىم ئۇنىڭغا ھازىر ئاشۇ ئاشىقلىق پەيتىدىكىدەك نەپىس ۋە جازىبىلىك كۆرۈندى. ئۇشتا، قىيا تاش ئۈستىدە كۆتۈلمىگەندە بېگىمنىڭ بېلىدىن تۇتقان مەزگىلدىكى شېرىن تۇيغۇلىرى ئويغاندى-دە، يۈرىكىنى زوققا تولدۇردى:

— ھەزرەت بېگىم، سىز ماڭا جېنىمنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك بولدىڭىز! مۆجىزىنى قاراڭ! ئارىدا شۇنچە يىللار! شۇنچە يوللار! شۇنچە تاغ ۋە دەريالار!

مەۋلانا پەزلىددىننى ھاياجانلاندۇرغان زوق ۋە خۇشاللىق خانزادە بېگىمگىمۇ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا شادلىق ساداسى ئاڭلاندى:

— راستتىن، بۇ لايىھەلەر ماڭا قوشۇلۇپ ناھايىتى كۆپ بالالارنى باشتىن كەچۈردى. مەن قانچە جايغا بارغان بولسام، بۇلارمۇ بىساتلىرىم ۋە قىممەت باھا زىننەت بۇيۇملىرىم ئارىسىدا مەن بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈردى. پەقەت ئاخىرقى قېتىم قۇندۇزدىن سەمەرقەندكە ماڭغىنىمىزدا تاغ ۋە دەريالاردىن كۆپ يۈك ئېلىپ ئۆتۈشكە بولمىدى. ساندۇقلىرىمىدىن بىر قىسمى قۇندۇز قورغىنىدا قالدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ لايىھەمۇ قالغانىكەن. سەمەرقەندكە بېرىپ كۆپ ئىچىندىم. ياز كەلسە قۇندۇزغا ئادەم ئەۋەتىپ ئالدۇر-ماقچى ئىدىم... كېيىن ھېلىقى پالاكەتلەر بولدى... قۇندۇزدا قالغىنى ياخشى بولغانىكەن. باشقا ساندۇقلىرىمنىڭ ھەممىسى ھىساردا يېتىنچى موغۇللارنىڭ ئىلكىدە قالدى... مەۋلانا، قاراڭچۇ، ھەممە ۋاراقلىرى تولۇقمۇ؟

شۇنداق دەپ، خانزادە بېگىم يۇزىدىن يىپەك چۈمبىلىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە قايرىپ قويدى-دە، لايىھەلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ھەممىسى تولۇق! — دېدى مەۋلانا پەزلىددىن ئۆنىڭ يۈزىگە مىننەتدارلىق بىلەن كۆز تاشلاپ، — سەمەرقەندتە يېقىر سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدىم.

— ئۆزەم سىزنى چاقىرتماقچى بولدۇم. ئەمما لايىھەلەر قۇندۇزدا قالغانلىقى ئۈچۈن ئەندىشە قىلدىم...

مەۋلانا پەزلىددىن ئەنجاندا خانزادە بېگىمنىڭ سۈرىتىنىمۇ سىزغىنىنى، ھازىر لايىھەلەر ئارىسىدا ئاشۇ سۈرەت يوقلۇقىنى بېگىمگە ئەسلەتكۈسى كېلىپ:

— بەلكى... سۈرەتلەر يوقىلىپ كەتكەندۇ؟ — دېدى.

خانزادە بېگىمنىڭ يۈزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈردى:

— تېخىچە رەسساملىق قىلىۋاتامسىز، مەۋلانا؟

— ھەزرەت بېگىم، كۆپ يىل مەشق قىلمىسا قول رەسساملىقتىن چىقىپ قالىدىكەن... ھازىر پەقەت مېمارچىلىق بىلەن مەشغۇلمەن.

— ئەنجاندا سىزغان سۈرەتلىرىڭىزنى مەن ئالاھىدە ساقلاۋاتىمەن، — دەپ خانزادە بېگىم مەۋلانىنىڭ ئوغلىغا ئەيمىنىپ كۆز تاشلىدى.

بوي يېتىپ قالغان بۇ يىگىت ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق مۇھەببەتلىرىنى ئەسلەتكۈچى سۈرەتنى خانزادە بېگىم ئاتايىن تىلىپ چىقمىغىنىنى مەۋلانا پەزلىددىن ئەمدى سەزدى.

— ئەلۋەتتە سىز ھەقلىقسىز، ھەزرەت بېگىم... ئاشۇ سۈرەتلەر ئەمدى ئۆمۈرۋايەت سىزنىڭكى بولغاي!

بۇنى تولىمۇ خالاپ تۇرغان خانزادە بېگىم:

— ساخاۋىتىڭىزدىن تا ئەبەد مىننەتدارمەن! — دېدى.

مەۋلانا پەزلىددىن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەدەب بىلەن باش ئەگدى. كېيىن گېپىنى يەنە ئۇچۇق تۇرغان كونا لايىھىلىرى ئۈستىگە بۇرىدى:

— مەن ئەمدى بۇلارنى ھىراتتا ئۆگەنگەن بىلگەنلىرىم بىلەن تولدۇرىمەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىمالال ئەمەلگە ئاشۇرسام بولىدۇ... پەقەت... بۇ مەدرىس ۋە قەسىرلەر قەيەرگە قۇرۇلۇشى مۇمكىن؟ ئەنجان... يىراقتا قالدى. كابۇلغىمۇ؟

خانزادە بېگىم مەيۈس باش چايقىدى:

— كابۇل، بىز ئارزۇ قىلغاندەك قۇدرەتلىك دۆلەت ئەمەس، مەۋلانا. "ئۇلۇغ مېمارلىق ئابىدىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن چوڭ

دۆلەتىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىش كېرەك" دېگەن گەپ توغرا ئىكەن.
نېمە چارە؟...
مەۋلانا پەزىلىددىن ئالدىدا ئوچۇق تۇرغان پىلانلارغا غەمكىن كۆز تىكىپ:
ـــ ھە، تەقدىر بىزنى بېچارە قىلىپ يارىتىپتۇ، ـــ دېدى. ئاۋازى قېرىلارنىڭكىدەك خىرىلداپ ئاڭلانغىنىنى ئۆزىمۇ سەزدى-دە، قوشۇپ قويدى، ـــ مەن ئەمدى قېرىپ قالدىم، قىرغىنچىلىقلار، توپىلاڭلار، پارەكەندىچىلىكلەر بىلەن ئۆمرۈم ئۆتتى. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋېرەرمۇ؟ ئاخىر بىر مەن ئەمەس، ئونلاپ بىلىملىك ئالىملار، ھۈنەرۋەنلەر، شائىرلار جاھالەت بورىنى بىلەن ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندىن قوغلاندى. ئىلگىرى قارا كۆچلەر بىزنى ئەنجاندىن قوغلىسا، سەمەرقەندتىن پاناھ تاپاتتۇق. سەمەرقەند جاھىللىرى كۈن بەرمىسە، ھىراتتىن نىجاتلىق ئىزدەيتتۇق. ئەمدى ئەنجان ۋە سەمەرقەندمۇ بۇخارا ۋە ھىراتمۇ كۆچمەنچى سۇلتانلار ۋە دىنىي ئاداۋەتلەر بورىنىدىن دىر تىترەمەكتە. بوران ئۇچۇرغان غازاڭلاردەك ۋەتىنىدىن قوغلانغان قانچىلىغان مەرىپەتلىك ئالىم ۋە سەنئەتكارلار، قانچىلىغان نادىر ئىستېداتلار بىھۇدە زايە بولۇپ كەتمەكتە. بىزنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىشىمىز، دەريانىڭ ئۆزەننى يوقىتىپ، چۆل-باياۋانغا تېشىپ چىقىپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ. ئامۇ دەريا بىرۋاقىتلار شۇ ھالغا چۈشكەنىكەن ۋە تا ئۆزىگە يېڭى يول سېلىپ باشقا بىر دېڭىزغا بېرىپ قويۇلغۇچە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا باش ئۇرۇپ، تېشىپ يۈرگەنىكەن. بىزمۇ ئۆمۈر بويى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا باش ئۇرۇپ، مۇناسىپ ئۆزەنىمىزنى تاپالمايمىز. ئەمدى بۇ كاج پەلەك ھېچ بولمىسا پەرزەنتلىرىمىزگە رەھىم

قىلسۇن! بىز بولمىساقمۇ بۇلار ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئۆزەن تېپىپ، يېڭى بىر مەدەنىيەت دېڭىزىغا بېرىپ قويۇلسۇن!

ئۆمۈر بويى ئۆز ئىجادىي پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كۆيۈپ يۈرگەن ئۇستىدات ئېگىسىنىڭ بۇ ئەلەملىك نىداسى خانزادە بېگىمنى تىترىتىۋەتتى.

— مەۋلانا، پەقەت سىز ئەمەس، بابىر مىرزىمۇ ئۆزەنىنى يوقاتقان دەريادەك بىئارامدۇر!

— بىلمەن، تەقدىر ئۇ ھەزرەتكىمۇ ئۆگەيلىك قىلدى!

— ئەمما بابىر مىرزا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇستىداتلار دەرياسىنى بىر جايغا يىغماقچى، نېسىپ بولسا، ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ يېڭى بىر دېڭىزىنى بەرپا قىلماقچى.

— بىز ئۇچۇن كېيىنكى ئۈمىد ھېلىمۇ بابىر مىرزىدادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇم بىلەن كابۇلغا كەلدۇق.

— قەيەرگە جايلاشتىڭلار، مەۋلانا؟

— جىيەنىم تاھىر بەگنىڭكىگە چۈشتۇق. ئۆزى سەپەردە ئىكەن...

ئاتا-بالا ئىككىلىسى كونا كىيىم كىيىشكەن، چىرايىدىن كەتكەن. ئۇلارنىڭ ماددىي جەھەتتىنمۇ قىيىنىلىپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەن خانزادە بېگىم يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرى خانىغا كىرىپ كەتتى. چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ئېلىپ، تەكچىدە تۇرغان پولات ساندۇقنى ئاچتى.

ئىنىسى بابىر مىرزا خانزادە بېگىمگە ئەڭ نوپۇزلۇق مەنسەپدارلىرى قاتارىدا تەمىنات بەلگىلىگەنىدى. ھەر ئايدا خەزىنىدىن خۇرۇم قاپچۇقتا سېلىنغان مىڭ دەرھەم ئالتۇن كېلىپ تۇراتتى. خىزمەتكارلار بېگىمگە بېرىلگەن يەر-سۇنىڭ دېھقانچىلىقى بىلەن

تىرىكچىلىك ئۆتكۈزۈشەتتى. بېگىمنىڭ بىر ئۆزىگە كۆپ پۇل كەتمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەزىنىدىن كەلگەن ئالتۇن توشقان قاپچۇقلارنىڭ كۆپرەكى پولات ساندۇقتا ساقلىنىپ تۇراتتى.

خانزادە بېگىم مەۋلانا پەزلىددىننىڭ كىچىكرەك بىر ھويلا ۋە ئات سېتىپ ئېلىشى، كىيىم - كېچەكى، ئۆچ - تۆت ئائىلىق تىرىكچىلىكى ئۈچۈن قانچە پۇل كېتىشىنى مۆلچەرلەپ كۆردى - دە، مىڭ دەر - ھەملىك قاپچۇقتىن ئىككىسىنى ئالدى. كېيىن ئۇلارنى بايىقى خىزمەتكارغا بېرىپ، ئالتۇن پەتنۇستا كۆتۈرگۈزگىنىچە ئاتا - بالىنىڭ ئالدىغا قايتىپ چىقتى.

مەۋلانا پەزلىددىن قاپچۇقنى كۆرۈپ، خىجالەت بولۇشقا باشلىدى. خانزادە بېگىمدىن پۇل ئېلىش ئۇنىڭغا ئېغىر ئىدى.

— مەۋلانا، بۇ قاپچۇقلار بابىر مىرزىنىڭ خەزىنىسىدىن كەلگەن. ئۆزى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەمىناتنى مەن سىزگە تاپشۇرماقچىمەن. بىرى ئوغلىڭىز ئالاۋىدىنغا. مەرھەمەت! ئېلىڭ!

ئالاۋىدىن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەمدى بىرىنچى نۆۋەت ئېغىز ئېچىپ سۆزلىدى:

— رەھمەت، ھەزرەت بېگىم، بىز سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمىز!

ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە سۆزلەرنى مەيىن تەلەپپۇز قىلىشى مەۋلانا پەزلىددىننىڭ يىگىتلىك مەزگىلىنى ئەسلىتەتتى... شۇ سەۋەب - تىن ئاتا - بالا ئىككىلىسى بېگىمگە ناھايىتىمۇ ئەزىز كۆرۈنەتتى.

## 3

ئامۇدەريا تەرەپتىن تاغ ئېشىپ ئۆچۈپ كەلگەن تۇرنىلار كابۇل - نىڭ ئۈستىدىن جەنۇبىي شەرق تەرەپكە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇردىنىڭ

ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئايۋىنىدا ماھىم بېگىم بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرغان بابىر تۇرنىلارنىڭ قىسقا ۋە سىرلىق ئاۋاز بىلەن "قۇر-بىي"، "قۇر-بىي"لىشىنى ئاڭلىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايۋان چېتىگە باردى ۋە ئاسماننىڭ ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرىپىگە تىكىلدى. كۆكتە ئېگىلىپ-چايقىلىپ كېلىۋاتقان بىر تىزىق قارا مارجاننى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن تۇرنىلارنىڭ ئاۋۇشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

يېقىملىق ۋە سۆزلۈك "قۇر-بىي"، "قۇر-بىي"لاردا قانداقتۇر ھارغىنلىق ئاھاڭلىرى بارغا ئوخشايتتى ۋە تۇرنىلارنىڭ يىراق-يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى ئەسكە چۈشەتتى. بەلكى ئۇلار مۇشۇ كېلىشىدە ئەنجاننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندۇ؟ ياكى تاشكەنت ۋە سەمەرقەند ئەتراپلىرىدىكى توختام سۇلار بويىغا قونۇپ دەم ئالغاندۇ؟

بۇ ئوي بىلەن بابىرنىڭ قەلبىنى ئەلەملىك بىر سېغىنىش تۇيغۇسى ئورىۋالدى. ھەتتا شۇ تۇرنىلار كۆرۈپ كېلىۋاتقان جايلارنى ئۇ ئەمدى بىرىپ كۆرەلمەيدۇ. كۆلى مەلىكتە ۋە غىجدۇۋاندا يېڭىلىپ، ھىراتتا پىتنىچىلەر خىيانىتىدىن ئەبگار بولۇپ قايتقىنىغا مانا، ئون ئۈچ يىل بولۇۋاتىدۇ. بابىر شۇنىڭدىن بۇيان قالتىس ھەربىي يۈرۈشلەردىن ئۆزىنى تىيىپ يۈرۈپتۇ. موغۇل بەگلىرىنىڭ خىيانەتلىرىنى قۇندۇزدىلا بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇلارغا ۋە قىزىل باشلارغا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تايىنىپ ئىش قىلغىنى ئۇنىڭ ۋەتىنىگە قايتىدىغان بارلىق يوللىرىنى ئېتىپ تاشلىغانىدى.

تۇرنىلارنىڭ يىراقلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاۋۇشلىرى تەسىرىدە بابىرنىڭ كۆڭلىگە: "ئەمدى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭغا ئۆمۈرۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەت قايتالمايسەن!" دېگەن ئەلەملىك ئۈن كەلدى-دە، چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ، سەۋدەربېشىغا ئېچىملىك كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

ماھىم بېگىم داستىخان يېنىدىن بابىر تەرەپكە كېلىۋېتىپ:

— ھەزرىتىم، ئەتىگەندىلا ئېچىملىكمۇ؟ — دەپ تەئەججۈبلەندى، — ھازىر پەرزەنتلىرىڭىز سالامغا كېلىدۇ...ئەنە، مىرزا ھىندال تەربىيىچىلىرى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.

بېشىغا كىچىككىنە يېپەك سەللە ئورىغان ياقۇت كۆزلۈك كەمەرگە كىچىككىنە قىلىچ تېقىلغان سەككىز ياشلىق مىرزا ھىندال ئاپىۋاننىڭ ئېگىز پەلەمپەيلىرىدىن چوڭلاردەك قول قوشتۇرۇپ، تەزىم قىلىپ چىقتى. ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. ھىندالنى يەلكىسىنى قوچاقلاپ ئەركىلەتتى، كېيىن ئۇنى يېنىغا ئېلىپ، زەرباپ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردى.

— قىلىچ تاقاۋاپسىز، ئەمىرزادەم، جەڭگە بارماقچىمسىز؟ — دەپ چاقچاقلاشتى.

ھىندال چوڭ-چوڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ماھىم بېگىمگە بىر قارىۋالدى. ماھىم بېگىم "ئېيتىڭ!" دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ چاغدا ھىندال ئۆتكۈر تىل بىلەن ئاتىسىغا:

— مېنىمۇ ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

— قەيەرگە؟

— ھىن... ھىندىستانغا!

— ھىندىستاندا نېمە قىلماقچىسىز؟

— يول... يولۋاسنى كۆرىمەن...

— مانا گەپ! — دەپ بابىر كۈلدى، — بىز سىزگە ھىندال

ئىسمىنى بەرسەك، سىز پەقەت ھىند يولۋىسىنى تاماشا قىلماقچى، شۇنداقمۇ؟

بالا قىزىرىپ:

— ياق، — دېدى كىچىككىنە قىلىچىنىڭ سېپىنى سىقىمىغا ئېلىپ، — ئەگەر يولۋاس... "يەيمەن" دېسە، مەن مانا مۇشۇ قىلىچ بىلەن ئۇنى ئۇرىمەن!

بابىر ھىندالنى يەنە يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ ئەركىلەتتى:

— بارىكاللا! ئۇنداق بولسا سىزنى ھىندىستانغا ئەلۋەتتە ئېلىپ بارىمىز...

شۇ چاغدا ئايۋان پەلەمپىيىدىن ئالتۇن كوزىچىدا ئىچىملىك ئېلىپ چىقىۋاتقان شەربەتچى كۆرۈندى. ماھىم ئۇنىڭغا قولى بىلەن "قايتىڭ!" دېگەن ئىشارىنى قىلدى. شەربەتچى بابىرغا قورقۇپراق كۆز تاشلىدى-دە، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئاۋۇنۇپ، ئىچىملىكنى ئېسىدىن چىقارغىنىنى سەزدى ۋە پەلەمپەيدىن ئاستا قايتىپ چۈشۈپ كەتتى.

بابىر ھىندالدىن خەت-ساۋادنى قانچىلىك ئۆگەنگىنىنى، قانداق شېئىرلارنى يادقا بىلىشىنى سورىدى.

— مەن قۇرئان ئايەتلىرىدىن يادقا بىلىمەن. قۇلھۇ ئاللاھۇ ئەھەد...

— ھىندالنىڭ شېئىرغا ئۇنچىۋالا ئىشقى يوق، — دەپ ئىزاھ بەردى ماھىم بېگىم، — بۇنىڭغا ئويۇن بولسا، يادىن ئوق ئاتسا، ئات چاپسا بولدى. كىتابقا خۇشى يوق.

— بەلكى يېشى كىچىك بولغىنى ئۈچۈندۇ؟

— گۈلبەدەن بۇنىڭدىن ئۈچ ياش كىچىك. ئەمما ساۋادى

هىندالدىن ياخشى. هازىر كۆرەرسىز... قىزچاق كىتابقا شۇنچىلىك ھېرىسكى، ھەيران بولۇپ ياقامنى تۇتتىمەن.

بابىر ئويچان ئاۋاز بىلەن:

— ئەجەبا ھىندال ئاشۇ تاغلىرىغا تارتارمۇ؟ — دېدى.

بابىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدە قانچىلىك مۇرەككەپ مەنە بارلىقىنى پەقەت ماھىم بېگىم چۈشىنەتتى. چۈنكى ھىندال ماھىم بېگىمدىن ئەمەس، بابىرنىڭ كىچىك خوتۇنى دىلدار ئاغىچىدىن تۇغۇلغانىدى. شەرىئەت بېرىدىغان رۇخسەت بويىچە بابىرمۇ ئۈچ خوتۇنلۇق بولۇۋالغان، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان بۇ رەھىمسىز ئادەت ماھىم بېگىمنى قانچىلىك ئەزسىمۇ، ئەلمىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىداپ كېلىۋاتاتتى. بابىرنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى گۈلرۇھ بېگىمدىن مىرزا كامران ۋە مىرزا ئەسكەرىي ئاتلىق ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى. بۇلار ھۇمايۇندىن كېيىنكى تەخت ۋارىسلىرى ئىدى. گۈلرۇھ بېگىم شۇ سەۋەبتىن ماھىم بېگىمگە كۈندەشلەرچە سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۈچ خوتۇن كابۇلنىڭ ئۈچ چېتىدە ھەر بىرى ئالاھىدە بىنادا تۇرسىمۇ بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. دىلدار ئاغىچا بەش يىلدا ئىككى قىز تۇغدى. ماھىم بېگىم بولسا ئۈچ قېتىم پەرزەنت دېغىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ھۇمايۇندىن كېيىن تۇغقان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى كەينى-كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن ئۇمۇمەن بويىدا بولماي قالدى. بۇنىڭ ھەممىسىدىن ماھىم بېگىم ناھايىتى قاتتىق ئۆرتىنىپ يۈرگىنىنى سەزگەن بابىر ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. بىر كۈن مانا مۇشۇ ئايۋاندا ئولتۇرغىنىدا ماھىم بېگىمنىڭ ئۆزى "دىلدار ئاغىچا يەنە ھامىلدار ئىمىش، — دەپ قالدى، — مەن كۆيۈپ ئادا بولدۇم. ئەمدى...

دىلدار ئاغىچا مۇشۇ قېتىم ئوغۇل تۇغسىمۇ، قىز تۇغسىمۇ، ئەگەر ماڭا بەرسىڭىز ئۆز پەرزەنتىمدەك تەربىيىلەپ ئۆستۈرەتتىم".

دىلدار ئاغىچىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى كۈندىشىگە ئىشىنىپ تاپشۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. لېكىن ماھىم بېگىم ھۇمايۇننى قانچىلىك ياخشى تەربىيىلىگەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلەتتى، ئۇنىڭ يەنە پەرزەنت ئۆستۈرۈش ئىشتىياقى كۈچلۈكلىكىنى بابىرمۇ سېزەتتى.

دىلدار ئاغىچا كابۇلنىڭ باغى يوڭغۇچقاسىدا مانا مۇشۇ ھىندالنى تۇغقاندا بابىرنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن ئۈچ كۈنلۈك بوۋاقنى ئوردىدا تۇردىغان ماھىم بېگىمنىڭ تەربىيىسىگە ئەكىلىپ بەردى.

بۇ بالىنى توققۇز ئاي يۈرەك قېتىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن دىلدار ئاغىچا "ئوغلۇمدىن تىرىك تۇرۇپ جۇدا بولدۇم" دەپ خېلى ۋاقىت يىغلاپ ـ قاخشاپ يۈردى. بابىر ئۇنىڭغا:

ــ ئەزەلدىن ئۇدۇم شۇنداق، ــ دەپ ۋەج كۆرسەتتى، ــ پادشاھ ئائىلىسىدە ئوغۇللارنى چوڭ خوتۇن تەربىيىلىشى كېرەك، ماھىم ھۇمايۇننى قانداق چوڭ قىلدى، كۆردۈڭمۇ؟ ھازىر بەدەخشاندا ئەڭ ئابرويلۇق ھاكىم! خۇدا خالىسا ماھىم ھىندالنىمۇ شۇنداق چوڭ قىلىدۇ!

ماھىم بېگىمنىڭ ھىندالنى ئۆز پەرزەنتىدىنمۇ زىيادە تەربىيە قىلىۋاتقىنى بابىرغا مەلۇم ئىدى، لېكىن بالىنىڭ تاغا ئەۋلادلىرى جاھىل ۋە مەرتىپەتسىز ئادەملەر ئىدى. دىلدار ئاغىچا ھىسار ۋە سەمەرقەندتە كۆپ يامان ئىشلار قىلغان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى، شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سۇلتان ئەلى مىرزىغىمۇ تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. بابىر سەمەرقەندكە ئاخىرقى قېتىم غەلىبە بىلەن بارغاندا ۋە قىزىل باشلار بىلەن مەي ئىچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرگەن كۆڭلىرىدە دىلدار ئاغىچىنىڭ ھۆسنىنى، خۇسۇسەن دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقاندىكى شېرىن ئاۋازىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، كەيىپ-چىلىكتە ئۇنى ھەرىمگە ئالغانىدى. بۇنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولغان ماھىم بېگىم بابىرنىڭ "ھىندال مەرىپەتسىز تاغىلىرىغا تارتمىسۇن، يەنە!" دېگەن ئەندىشىسىنى تارقىتىشقا ئىنتىلدى:

— ھەزرىتىم، ھۇمايۇننىڭ كۆپ پەزىلەتلىرى ھىندالدىمۇ بار. قەلبى مېھىر بىلەن توشقان. ئىشىنىمەنكى، ھىندالمۇ سىزگە تارتىدۇ. ئېگچىگىز خانزادە بېگىمدىن ئاڭلىغانمەن. سىزمۇ مانا مۇشۇ يېشىڭىزدا "ئۇرۇش-ئۇرۇش" ئويناشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىكەنسىز.

بابىر يەنە ھىندالغا قارىدى:

— مەن ساڭا كىتابلار سوۋغا قىلسام ئوقۇمسەن؟

— ئوقۇ... ئوقۇيمەن! — دەپ ھىندال تۇتۇلۇپراق جاۋاب بەردى.

بابىر كاتىپنى چاقىرىپ، كابۇل كۇتۇپخانىسىدىن ھىندالغا كېرەكلىك كىتابلارنى ماھىم بېگىمگە ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەۋدەرىبېشى ئىچكى خانىدىن بالىنىڭ بويىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن ئالتۇن دەستىلىك كەمانىي شاشىنى① ئېلىپ چىقتى. چىرايلىق ساداقتا ئون ئىككى ئالتۇن بېزەكلىك يا ئوقىمۇ بار ئىدى. بۇنداق چىرايلىق ئوق-يانى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان بالا ئېسىل سوۋغىنى قولىغا ئالغاندا كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى.

— مانا، تىرەندازلىقنى مەشق قىل، ئەمما كىتاب ئوقۇشنىمۇ

---

① كەمانىي شاشىي — تاشكەنت ئوقياسى.

ئۇنتۇما! — دەپ تاپشۇردى بابىر.

ھىندال تەزىم بىلەن ئاتىسىغا قۇللۇق قىلدى، پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن سەل ئۆتمەي ئايۋاننىڭ ئىچكى ئىشىكىدىن ئەللىك ياشلاردىكى ئىنىكئانا كىچىككىنە گۇلبەدەننى قولىدىن يېتەكلەپ چىقتى. بۇ چىرايى يېقىملىق ئايال — تاھىرنىڭ خوتۇنى رابىيە ئىدى. دەسلەپدە قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ خىزمىتىدە بولغان رابىيە ھازىر ماھىم بېگىم ھۇزۇرىدا بەش ياشلىق گۇلبەدەنگە ئىنىكئانىلىق قىلىۋاتاتتى.

بابىر ئۆز ئائىلىسىگە يىگىرمە تۆت يىللىق قەدىردان بولغان رابىيىنىڭ تەزىم بىلەن بەرگەن سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ھال سوراشتى. كېيىن قىزچىقى گۇلبەدەنگە يۈزلەندى.

قوچاقتەك ياساندۇرۇلغان كىچىك قىزچاقنىڭ قاش-كۆزى ئىختىيارسىز دىلدار ئاغچىنى ئەسلەتتى. گۇلبەدەننىمۇ ئاشۇ گۈزەل جۇۋان تۇغقانىدى. ماھىم بېگىم ھىندالنى ئانىلارچە كۆيۈنۈپ پەرۋەرىش قىلىۋاتقىنىنى يىللار داۋامىدا كۆزىتىپ يۈرگەن دىلدار ئاغچا بۇ ئايالنىڭ مەردلىكىگە قايىل بولغان ۋە گۇلبەدەننى ئۇنىڭغا ئۆزى پەرزەنتلىككە بەرگەنىدى. بۇ ئىككى ئايال ئەمدى دىمىقى ئۈستۈن گۈلرۇھ بېگىمگە قارشى گويا باللار ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشقانىدى. گۈلرۇھ بېگىم بولسا بىر ئەمەس، ئىككى ئوغلى بوي يېتىپ كېلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ مەغرۇرلىناتتى. كامران مىرزا ۋە مىرزا ئەسكەرىيلەرنى تەخت ۋارىسى ھۇمايۇنغا قارشى رىقابەت تۇيغۇسى بىلەن تەربىيلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بابىرمۇ گۈلرۇھ بېگىمدىن كۆپ رەنجىيتتى، لېكىن ئارىدىكى كۈندەشلىك بالاسىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى.

يومران قىزچىقنى كۆرگەن ھامان ئىسگە چۈشكەن بۇ مۇرەككەپلىكلەر گۈلبەدەننىڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشى ۋە شېرىن "ئەسسالامى" بىلەن خىيالىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. بابىر قىزچىقنى قولىدا كۆتۈرۈۋېلىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. كېيىن داستىخان ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇردى. داستىخانغا تولغان ناز-نېمەتلەرنى، ئادىنەپۇردىكى① باغىۋەپادا ئۆسكەن چىرايلىق نارىنجلەرنى② كۆرسىتىپ:

— نېمە يەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

گۈلبەدەن ئەدەپ بىلەن باش چايقىدى. ئۇ پادىشاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يېمەكلىك چايناپ ئولتۇرۇشتىن تارتىناتتى. لېكىن دادىسىنىڭ زەرقوشۇپ توقۇلغان قىممەت باھالىق چاپىنىدىكى ئالتۇن تۈگمىلەر ئۇنى ناھايىتى قىزىقتۇرۇپ قويدى. بۇ تۈگمىلەردىن بىرىنىڭ يۈز تەرىپىگە كىچىككىنە يولۋاس شەكلى ئويۇلغان. يولۋاسنىڭ كۆزى ئورنىغا زىغىردىنمۇ كىچىك ياقۇت دانىلىرى ئورنىتىلغان. ئىككىنچى ئالتۇن تۈگمىنىڭ يۈزىدە ئەپسانىۋى بىر قۇش قاناتلىرىنى يېيىپ، تۇمشۇقىدا كىچىككىنە گۆھەرنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان. ئۆمرىدە بۇنداق غەلىتە تۈگمىلەرنى كۆرمىگەن قىزچاق ئۇلارنىڭ بىرسىنى قولى بىلەن ئاستا تۇتۇپ كۆردى.

— ساڭا تۈگمىلەر يارامدۇ؟ — دەپ سورىدى دادىسى. گۈلبەدەن "ھەئە" دەپ كۈلۈمسىرىدى. بابىر قىزچىقى تۇتۇپ كۆرگەن تۈگمىنى يۇلۇپ ئالماقچى بولۇپ بىر تارتتى. لېكىن تۈگمە ناھايىتى

---

① ئادىنەپۇر — ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر، ھازىرقى جەلالاباد.

② نارىنج — ئاپېلسىن.

مەھكەم تىكىلگەنىكەن، ئۈزۈلمەدى.

— ھەزرىتىم، نېمە قىلماقچىسىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ماھىم بېگىم، — قويۇڭ، تۈگمىنى ئۈزمەڭ، بۇ سىزنىڭ شاھانە كىيىمىڭىز - دە!

— ھېچقىسى يوق. زەرگەرگە بۇيرۇسا، يەنە شۇنداق بىر تۈگمە ياساپ بېرىدۇ.

بابىر كەمىرىگە ئېسىلغان غىلابتىن كىچىككىنە قەلەمتىراش ئالدى - دە، ئاشۇ تۈگمىنى يىپىدىن كېسىپ ئېلىپ قىزچىققا بەردى:

— لېكىن يوقاتما. بۇ قۇش — دۆلەت قۇشى. خۇدايىم ساڭا بەخت كەلتۈرسۇن.

گۈلبەدەن خۇشاللىنىپ ۋە ھاياجانلىنىپ:

— رەھمەت، ھەزرىتى... ئالىي... — دېدى - دە، لېكىن جۈملە-نىڭ ئاخىرىنى ئانچە كېلىشتۈرەلمىدى.

— مېنى ئاتا دەۋەرگىن، قىزىم.

گۈلبەدەن ئانىسى ماھىم بېگىمگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ماھىم "ھە، ئېيت!" دېگەندەك باش لىڭشىتتى. شۇ چاغدا گۈلبە-دەن قوللىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى - دە:

— ئاتىجان! — دەپ ئۇنىڭ ياڭىقىدىن سۆيدى.

بابىر خېلىدىن بۇيان ھېس قىلمىغان بالىلارچە بىر پاكلىق ۋە ساپلىق پۈتۈن ۋۇجۇدىغا گويا نۇر بولۇپ تارالدى.

— گۈلى، — دېدى ماھىم بېگىم، — ئەمدى ھەزرەت ئاتاڭغا بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن.

گۈلبەدەن ئاستا ئاتىسىنىڭ تىزىدىن پەسكە چۈشتى - دە، خۇددي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇئەللىمگە جاۋاب بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك تىك تۇرۇپ، تاشپاقا ۋە چايان ھەققىدىكى مەشھۇر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى. خۇسۇسەن، تاشپاقا چايانغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولغاندا، چايان ئۇنىڭغا زەھەر سېلىشقا تىرىشقىنىنى، كېيىن بۇ يامانلىقى ئۈچۈن دەرياغا چۆكۈپ ئۆلگىنىنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئېيتتىكى، بابىر زوقلىنىپ كۈلدى-دە:

— سىز سۆزلەپ بەرگەنمىدىڭىز؟ — دەپ ماھىمدىن سورىدى.

— ياق، ئۆزى «تۇتىنامە»نى بىمالال چۈشىنىپ ئوقۇدى. بەش ياشقا يەتمەي ساۋات چىقارغان قىزچاقنى مەن بىرىنچى كۆرۈشۈم.

— گۈلبەدەنگە كۆز تەگمىسۇن، زېھنى ۋە تۇتۇۋېلىشىدا تەڭدىشى يوق.

— سەئدىنىڭ «گۈلىستان»ىدىن خېلى ھېكايىلەرنى يادقا بىلىدۇ. شېئىرغا ئانچە ھېرىس ئەمەس. ئەمما نەسرىي ھېكايە خاتىرىسىگە سۆزمۇسۆز ئورنىشىپ قالىدۇ. باغدا، كوچىدا كۆرگەنلىرىنىمۇ كېلىشتۈرۈپ ھېكايە قىلىدۇ. مەن ئۆزەمچە ئارزۇ قىلىمەنكى، گۈلبەدەن شائىرە بولمىسىمۇ ھەزرەت ئاتىسىنىڭ نەسرىي يېزىقچىلىقىنى مىراس ئالسا ئەجەب ئەمەس.

— ھە، نەسىر يېزىش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ سەۋدالارنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك، ماھىم!

گۈلبەدەن ئاتا-ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە ياخشى چۈشىنىۋاتقاندەك دىققەت بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ شەھلا كۆزلىرىدە قانداقتۇر ئۈمىد، ئەينى ۋاقىتتا، تەشۋىش بارغا ئوخشايتتى. گويا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بىكارغا كەتسە كۆڭلى قاتتىق ئازار يېيىشىنى سېزىپ تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك

كۆرۈنەتتى.

— زىبرەك قىزىم، ھەزرەت ئاناڭ سەندىكى ئاجايىپ بىر قابىلـ. يەتنى ياخشى بايقاپتۇ. ئەگەر گۈلىنىڭ نەسرگە ئىشقى زور بولسا، — دەپ بابىر ماھىم بېگىمگە قاراپ داۋاملاشتۇردى، — «ۋەقەئىي»نىڭ ئاسانراق بابلىرىدىن بىرەي، خەتتات قىزچىقىمىزغا بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەرسۇن.

— مەنمۇ سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلماقچى ئىدىم. گۈلى تۈركىي تىلنى ھەزرەت ئاتىسىنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگەنگىنى ياخشى. مەن ئاجىزىڭىز، پەقەت ھۇمايۇندەك ئوغۇللىرىڭىز ئەمەس، گۈلبەـ دەندەك قىزلىرىڭىزمۇ تارىختا سىزگە مۇناسىپ نام قالدۇرسا، دەپ ئارزۇ قىلىمەن①.

بۇ سۆزلەرنىڭ سەمىمىيلىكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەزگەن بابىر بىردىنلا قاتتىق تەسىرلىنىپ، ماھىم بېگىمگە كۆندىشى دىلدار ئاغىچىنىڭ بىر ئەمەس، ئىككى پەرزەنتىنى شۇنچىلىك مېھىر بىلەن تەربىيىلىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچىكىگە شۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈشى ئۈچۈن قانچە چوڭ بەرداش، مەردلىك، كەڭ قورساقـ لىق كېرەك بولغانىكىن؟ بابىر يېشى قىرىقتىن ئاشقانسېرى كېلەچەك ئەۋلاد ھەققىدە كۆپ ئويلايتتى، پەرزەنتلەر بولۇپمۇ شۇ ياشتا

---

① ئېيتىش مۇمكىنكى، ماھىم بېگىم گۈلبەدەننى ھەقىقەتەنمۇ بابىرنىڭ نەسرىي روھىدا تەربىيىلىدى. گۈلبەدەن بېگىم چوڭ بولغاندا «بابىرنامە»نىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ھۇمايۇننامە» ئەسىرىنى يازدى. ئاشۇ زامانلاردا ئاياللارنى كەمسىتكۈچى دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى ھالدا يېزىلغان «ھۇمايۇننامە» تارىخىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىي ئابىدىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھەل قىلغۇچى كۈچلەردىن بىرىگە ئايلىنىشىنى سېزەتتى. شۇ سەۋەبتىن ماھىم بېگىمنىڭ بىرلا ھۇمايۇننى ئەمەس، مانا ھىندال بىلەن گۈلبەدەننىمۇ ئاتىسىغا ساداقەتلىك ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىك پەرزەنتلەر قىلىپ تەربىيىلەۋاتقىنى خوتۇن كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە قىلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ياخشىلىقى ئىكەنلىكىنى ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدى. بابىر پادىشاھلىق ئۇدۇمىغا يول قويۇپ، ماھىم بېگىمنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككى خوتۇن ئالغان بولسىمۇ ماھىم بۇنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرگىنىنى، يەنە ئۆزىنى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىن قىلىۋاتقىنى، تەڭداشسىز بىر مۇھەببەت ۋە ساداقەتنىڭ نىشانىلىرى ئەمەسمۇ؟

بابىر تېز ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆرپىدە ئولتۇرغان ماھىم بېگىمنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى-دە، چېچىدىن، پېشانىسىدىن، يۈزىدىن سۆيۈشكە باشلىدى.

— ماھىم، سىز مېنىڭ تەڭداشسىز گۈزىلىمسىز! — دەپ زوق بىلەن شىۋىرلىدى، — مەن شاھ بولساممۇ ئۇلۇغ قەلبىڭىز ئالدىدا قۇلمەن!

ماھىممۇ تېز ئورنىدىن تۇردى. گۈلبەدەننىڭ ئاتا-ئانىسىغا تارتىنىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى-دە، ئەتراپىغا ئالاقزادە بولۇپ كۆز تاشلىدى.

رابىيە ئۇلارنى خالىي قالدۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن. سەۋدەربېشىلارمۇ يوق. بابىر ماھىم بېگىمنىڭ كۆزلىرىنىمۇ سۆيۈپ:

— بۇيرۇڭ، — دېدى، — نېمىكى خالىسىڭىز مەن بەجا كەلتۈرەي!

ماھىم بېگىم ئويلىنىپ پىچىرلىدى:

— گۈلبەدەنگە رۇخسەت بېرەيلى...

بابىر يەنە سەۋدەربېشىنى چاقىردى ۋە گۈلبەدەنگە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن تۇتى قۇشلارنى ھەدىيە قىلىشنى بۇيرۇدى.

چىرايلىق ئالتۇن قەپەزلەرگە سېلىنغان تۇتى قۇشلارنىڭ كامالەكتەك پارقىرىغان پەيلىرى گۈلبەدەننىڭ ئېتىبارىنى دەرھال ئۆزىگە تارتتى. تۇتى قۇشلار سۆزلەشنى بىلەتتى، چوكراقى چىقراق ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالام، بېگىم! — دېدى.

گۈلبەدەن بۇنىڭدىن زوقلىنىپ باللارچە ساددىلىق بىلەن:

— ئەسسالام، تۇتى! — دېدى.

شۇ چاغدا ھەممىسى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. گۈلبەدەن داددىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ ئاجايىپ سوۋغىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. بۇ ئارىلىقتا ئىچكىرىدىن چىققان رابىيە قىزچاقنى ئاستا قولىدىن تۇتتى-دە، تۇتى قۇش سېلىنغان قەپەز بىلەن بىللە پەلەمپەيدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى.

بابىر ۋە ماھىم بېگىم ئىككىسى ئىچكىرى خانىغا ماڭدى. چىرايلىق ئۆزۈنچاق ئۆينىڭ تۆردىكى شاھنىشىنغا ئىراننىڭ گىلەملىرى ۋە زەرباپ كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. بابىر ماھىم بېگىمنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلاپ شۇ تەرەپكە باشلاپ كېتىۋېتىپ:

— ماھىم، ھېلىمۇ سىز كېلىنچەكلىك مەزگىللىرىڭىزدىكىدەك سەرۋ بوي، — دېدى.

— چۈنكى سىز مەن ئۈچۈن ھامان يىگىرمە ياشلىق يىگىتسىز!

ماھىم بېگىم شۇنداق دەپ، ئىچكى ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان شاھانە تۆشەكلىرىگە ئوتلۇق بىر كۆز تاشلا-

www.uyghurkitap.com

ۋالدى. بۈگۈنكى تۈن زوق بېغىشلايدىغان تۈن، ئىككىسى خۇددى ئوت يالقۇنىدەك گاھى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ، گاھى ئاجرىشىپ، كېيىن يەنە قايتىدىن ئوت دولقۇنىدا بىرلىشىپ، ئىككى تەن بىر ۋۇجۇتقا ئايلانغان پەيتلىرى خىيالىغا تىترەك سېلىپ ئۆتتى. ئاشۇ دەقىقىلەردە ماھىم ئېرىنىڭ قۇلىقىغا: "سىز مېنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگەن يېگانە يارىمسىز، چېچىڭىزدىن تىرنىقىڭىزغىچە پۈتۈن بارلىقىڭىز ماڭا جېنىمدىنمۇ ئەزىز، ئەمدى سىزنى باشقا ھېچكىمگە بەرمەيمەن!" دەپ پىچىرلىغانىدى. بابىرنىڭ ھازىر ئۇنى سۆيۈپ: "مەن شاھ بولساممۇ سىزنىڭ ئۇلۇغ قەلبىڭىز ئالدىدا قۇلمەن!" دېگىنى ماھىمنىڭ ئاشۇ كېچىدىكى سۆزلىرىگە جاۋابتەك ئاڭلاندى. بۇ سۆزلەر ۋە سۆيۈشلەر ماھىم بېگىمنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇنداق يايرى-تىۋەتتىكى، يېشى ئوتتۇز يەتتىگە بارغان بولسىمۇ ھازىر يىگىرمە ياشلىق چوكاندەك ھۆسن-جامالى ئېچىلىپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، شوخ ئاھاڭدا سورىدى:

— مەن ھازىر نېمىلا تىلىسەم بەجا كەلتۈرەمسىز؟

بابىر ماھىمنىڭ يېڭى بىر بىنا قۇرۇپ بېرىشىنى ياكى زور خىرا-جەتلەر ئۈچۈن خەزىنىدىن قوشۇمچە ئالتۇن سورىشىنى كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپلىرىنى سۆزسىز بېجىرگۈسى كېلىپ تۇرغان بابىر:

— سىزدىن مال ۋە جاننى ئايىمايمەن، بۇيرۇڭ! — دېدى.

ماھىم بىردەم ئىككىلىنىپ تۇردى-دە، پەس ۋە جىددىي ئاۋاز بىلەن دېدى:

— سىزدىن مال ۋە جان ئەمەس، پەرزەنتىمىز ھۇمايۇننى... كابۇلغا قايتۇرۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن.

بابىرمۇ ئەمدى جىددىيلىشىپ:

— نېمىچۈن؟ — دېدى، — پۈتۈنلەي كابۇلغا قايتىسۇنمۇ؟

— ھە، سىزدىن ئۆتۈنىمەن!

— ماھىم، ھۇمايۇننىڭ يېنىمىزدا بولۇشىغا مەنمۇ تەشنامەن. بىراق شىمالىي چېگرالىرىمىزنى ھۇمايۇندەك ئىشەنچىلىك ئادەم قوغداپ تۇرمىسا، شەيبانىيزادىلەرنى ئۆزىڭىز بىلىسىز...

— بىلگىنىم ئۇچۇن كىچە-كۈندۈز ئەنسىرەيمەن. ئىككى يىلدىن بۇيان ھۇمايۇن بەدەخشاندا. مەن ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىمەنكى، تۇرغان ئۆيلىرىگە كىرسەم، ئوقۇغان كىتابلىرىنى ۋاراقلىسام كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ.

— ماھىم، سىز بىلىسىزكى، تاجدارلار ۋە ۋەلىئەھدلەرگە ئانا بولۇشنىڭ جاپاسى كۆپ... شۈكۈر قىلىڭ، مېنىڭ رەھمەتلىك ئانام تارتقان ئازابلارنى خۇدا سىزنىڭ بېشىڭىزغا سالغان ئەمەس. ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق. بەدەخشانلىق سادىق يىگىتلەردىن تۆت-بەش مىڭى ئۇنى ئاسراپ-ئاۋايلاپ يۈرىدۇ. شەيبانىيزادىلەرمۇ بىز بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر، چۈنكى ھازىر ئۇلار ئىچكى نىزالىرىنى تىنجىتالماي، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئاۋارە.

— ئۇنداق بولسا بەدەخشانغا ئەمدى كامران مىرزىنى ئەۋەتىڭ. ئۇ كىشىمۇ ئۇن ئالتىغا كىردى، گۈلرۇھ بېگىم دائىم ئوغۇللىرىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلەيدۇ.

بابىر خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىكى رىقابەتنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى. چۈنكى كۈندەشلىك رىقابىتى باللارغا تەسىر قىلسا، ئۇلار بارا-بارا بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سىزگە گۈلرۇھ بېگىمنىڭ گېپىگە ئېتىبار بەرمەڭ دېگەن ئىدىمغۇ، ماھىم!

— ئېتىبار بەرمەي ئىلاجىم يوق، ھەزرىتىم! چۈنكى گۈلرۇھ بېگىمنىڭ ئىككىلا ئوغلى يېنىدا، مەن بولسام يىراقتىكى ھۇمايۇننى سېغىنىپ قان يۇتىمەن!

— ئاپلا!... مەيلى، مەن سىزنىڭ تىلىكىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمەن دەپ ۋەدە بەردىم. ۋەدەمدە تۇرۇشۇم كېرەك. ھۇمايۇننى تولىمۇ سېغىنغان بولسىڭىز، ئىككى-ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى ئەلۋەتتە كۆرىسىز.

— قەيەردە كۆرىمەن؟ — ئاۋازى تىترەپ سورىدى ماھىم، — كابۇلدىمۇ؟

بابىر ئاۋازىنى پەسەيتۈرۈپ:

— ئادىنەپۇردا، — دېدى.

ئادىنەپۇر ھىندىستان چېگرىسىغا يېقىن جايدا ئىدى. ماھىم بېگىم بابىرنىڭ شۇ يەردە قوشۇن توپلاۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى. قارىماققا، ھۇمايۇننىڭ كابۇلغا كېلىپ يۈرمەستىن، بار قوشۇنى بىلەن بەدەخشاندىن توغرا ئادىنەپۇرغا ئۆتۈپ كېتىشى ھەربىي مەقسەتلەرگە مۇۋاپىقراق كېلەتتى.

ماھىم بېگىم ئەمدى تەشۋىشلەنگەن ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ھەزرىتىم، ھۇمايۇننىمۇ ھىند يۈرۈشىگە ئېلىپ بارماقچىمۇسىز؟

سىر ساقلىنىۋاتقان ماۋزۇدا گەپ ئېچىلغىنى ئۈچۈن بابىر ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتۈپ، بىردەم جىم قۇلاق سالدى. ئايۋاندىمۇ، ئىچكى ئۆيلەردىمۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

— سىز بىلىسىز، مەن ماۋەرائۇننەھردىن مېھىر ئۈزگەندىن بۇيان يوروۇق بىر ئىستىقبالنى ھىندىستان تەرەپتىن ئىزدىمەكتىمەن. ئۇن يىلدىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم ئىشەنچلىك ئادەملىرىمنى ھىندغا ئەۋەتتىم. بىزگە خەيرىخاھ كىشىلەرمۇ بار ئىكەن، ئالتە يىلدىن بۇيان ھىندىستان راجەلىرىدىن① سەككىز نۆۋەت ئەلچى كەلدى. ئۇلار ئىبراھىم لادىنىڭ② زۇلمىدىن نارازى بولۇپ، مېنى ھىندغا كەينى-كەينىدىن چاقىرىشماقتا. ئىبراھىم تولىمۇ خەسىس ئىمىش، مەملىكىتى خاراب، ئاۋاتچىلىق يوق، ئۇلۇسلىرى پاراكەندە... ئۆز- ئارا ئۇرۇشلاردىن ھەممىسى تويغان، "ھىندنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن بىزگە سىزدەك مەرىپەتلىك تاجدار كېرەك"، دەپ پەنجاپلىق دۆلەتخان ئۆز ئوغلى دىلاۋەرخاننى بىزگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ دۆلەتخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىنىنى بىلەتتى. بابىرنى ئىبراھىم لادى زۇلمىغا قارشى چاقىرىۋاتقانلار ئارىسىدا ھىندىستانلىق مەشھۇر راجەرانە سەنگرەم سىنخمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بابىر شۇ راجەنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغان، لېكىن ئۇنىڭغا نېمە جاۋاب بەرگىنىنى تېخى كۆپچىلىك بىلمەيتتى. ماھىم ئېرىگە مۇلايىم قاراپ:

— بىر سوئالغا رۇخسەت بېرىڭ، ھەزرىتىم، — دېدى.

— مەرھەمەت.

— رانە سىنخ بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزدىڭىزمۇ؟

---

① راجە — ھىندىستان يەرلىك بەگلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

② ئىبراھىم لادى — ئافغاننىڭ مۇسۇلمان قەبىلىلىرىدىن چىققان پادشاھ.

بابىر تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ھىندىغا بارسام، ئۇنى تالاپ كېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر بويى ئىنتىلىپ يېتىشمىگەن ئارزۇلىرىمنى ئاشۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارماقچىمەن! قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، پاراكەندە ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈمىدىدىمەن. ھازىر شۇ مەقسەتكە يېتىشىش ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كەلدى.

— بىراق بۇ مەقسىتىڭىز يولىدا بىر دەھشەتلىك قۇدۇق — قانلىق ئۇرۇش بار!

— بىز بۇ قۇدۇقتىن ئات سەكرىتىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن.

— ھەزرىتىم، سىز ئات سەكرىتىپ ئۆتكىنىڭىزدىمۇ بۇ قۇدۇققا مىڭلىغان يېتىم-يېسىرلەرنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلىدۇ! يات يۇرتنىڭ ئانىلىرى ۋە يېسىرلىرى سىز بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن پەرزەنتلىرى ۋە ئەرلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇيالامدىكىن؟

— ئاشۇ ئانىلار ۋە يېسىرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئەرلىرى ئاشۇ پاراكەندە يۇرتنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرىدا ئاز ھالاك بولۇۋاتامدۇ؟ ئىبراھىم لادى گاھى پەنجاب بىلەن، گاھى گۋەلىئور بىلەن، گاھى بېنگالە بىلەن، گاھى باشقىلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. نېرىقىلىرىمۇ بىر-بىرى بىلەن تەخت تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ. ھەر يىلى ئون مىڭلاپ نەۋكەر بۇ ئۆزئارا ئۇرۇشلاردا بىكاردىن-بىكارغا ھالاك بولىدۇ. مەملىكەت بىزنىڭ ماۋەرائۇننەھردەك خاراب. بۇ توپىلاڭلاردىن تويغان نۇرغۇنلىغان ھىند بەگلىرى قېچىپ كېلىپ مەندىن پاناھ تېپىشتى. شۇلاردىن بىرى — ھىندۇبەگ بەش يىلدىن بۇيان مېنىڭ نوپۇزلۇق ئەمىرلىرىم قاتارىدا يۈرگىنىنى بىلىسىز. ئۇلارمۇ مېنى ھىند تەرەپكە چاقىرىشىۋاتىدۇ، مەملىكەتنى ئاۋات قىلىشنى،

ئىلىم ۋە مەرىپەتنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئويلىشىدۇ.

— ئەگەر بۇنداق مەرىپەتلىك پادىشاھ ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقسىدى. ئۇلۇغ دۆلەت قۇرۇش يولىدا نائىلاج تۆكۈلىدىغان قانلار ئاسانراق ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما باشقا يۇرتتىن بارغان ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ تۆككەن قانلىرى، ئىشغالىيەتچىلىك قىلىپىدىن يەتكەن دىل يارىلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇنتۇلمايدۇ، تۈزەلمەيدۇ! مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ھەزرىتىم!

ماھىمنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بابۇرنىڭ دىلىدىكى ئاغرىيدىغان جايىغا تېگىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ رەنجىپرەك ئورنىدىن تۇردى-دە:

— تەقدىر قىلىچى بىزنىڭ دىلىمىزنى ئاز يارىلىدىمۇ؟ — دېدى، — قېنى بۇ يارىلارنىڭ ئۇنتۇلغىنى؟ قېنى تۈزەلگىنى؟!

بابۇر ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا قەھرى بىلەن ئۇرۇپ، سەۋدەرىبېشىنى چاقىردى:

— مەن بايا ئايۋاندا ئىچىملىك ئەكىلىشنى بۇيرۇغانىدىم! نېمە ئۈچۈن ئەكەلمىدى؟!

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ كەسكىن ئۆزگەرگىنىنى، ھازىر سەۋدەرىبېشى كىرسە بىرەر جازا ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى ماھىم بېگىم سەزدى-دە، چاپسان ئورنىدىن تۇردى.

— ھەزرىتىم، ئىچىملىك ئىچكۈڭىز كەلسە، مەرھەمەت، مەن ساقلاپ قويغانمەن، — دەپ يىپەك پەردە بىلەن توسۇلغان تەكچىدىن ئالتۇن كوزىچاقتا لىق مەي ۋە ئىككى چىرايلىق چىنە ئالدى. باشقا تەكچىدە گۈلدار داستىخان بىلەن بىر لىگەن نارىنج تۇرغانىدى. داستىخاننى دەرھال شاھىنشىنغا سېلىپ نارىنجنى ئۇنىڭغا قويدى-دە،

بابىرنى ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كوزىچاقتىن چىنىني پىيالىگە پۇراقلىق ئالتۇن رەڭ مەينى قۇيۇۋېتىپ:

— ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن ھازىر ساقىيلىق قىلسام! — دېدى. بابىر ئۇلتۇرۇۋېتىپ، ئىجازەت مەنىسىدە بېشىنى ئىرغىتتى.

ماھىم چىنىگە يېرىمىدىن ئۇشۇقراق مەي قويدى-دە، سول قولى كۆكسىدە، ئوڭ قولى بىلەن بابىرغا سۇندى:

— ئېلىڭ، ھەزرىتىم، سىزگە ئۇزاق ئۆمۈر، بەخت ۋە سائادەت يار بولغاي!

چىنىدىكى تىنىق پۇراقلىق ئىچىملىك ماھىمنىڭ قولى بىلەن بىللە ئازراق تىترەپ تۇرۇپتۇ. بابىر چىنىنى ئېلىۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ يىلىلىق بىرگەپ كۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر سوغۇق شۇۋىرغان ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارنىڭ قار-بورىنى خىياللىرىنى چىرماپ، گاھى ھەزارە قەبىلىلىرى بىلەن بولغان قانلىق توقۇنۇشلارغا ئېلىپ كېتەتتى، گاھى پەنجابقا باغلىق چىگىش تېپىشماقلار، گاھى كارۋان يوللىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلغان قاراقچىلارنى جازالاش تەشۋىشلىرى ئېسىگە چۈشەتتى، گاھى ئېغىر زەمبىرەكلەرنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش پەيتىدە ئۇلارنىڭ يوغان مىس تۇرۇبىسى يېرىلىپ كەتكەن ۋە توپچىلاردىن بەش كىشى ئاشۇ جايدا ھالاك بولغىنى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ سوغۇق شۇۋىرغاننىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتىشكە ۋە ئاۋۋالقى ئىسسىق روھى ھالىتىگە قايتىشقا ئىنتىلىپ، دەردلىك تاۋۇش بىلەن دېدى:

— ماھىم، ئۇزاق ئۆمۈر ۋە بەختلىك ھايات مەن ئۈچۈن ئۇشتۇلمايدىغان ئارزۇ بولسا كېرەك.

— نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر خۇدا نېسىپ قىلسا، ئوشتۇلۇشى ھېچ گەپ ئەمەس. ئىلاھىم نېسىپ قىلسۇن!

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن...

بابىر مەينى سۇمۇرۇۋەتتى-دە، چىنىنى ماھىم بېگىمگە قايتۇرۇپ بەردى. نارىنجدىن بىر تالنى پىچىقى بىلەن سويۇپ، يېرىم پارچە-سىنى يېدى. كېيىن ماھىم بېگىمگە "يەنە قۇيۇڭ!" دەپ ئىشارە قىلدى.

ئىككىنچى چىنىدىن كېيىن ۋۇجۇدىغا يېقىملىق ئىسسىقلىق تارالدى، بايىقى سوغۇق شۇۋرغان خىيالىدىن يىراقلاشقاندەك بولدى-دە. ماھىمغا كۆڭلىنى ئېچىپ سۆزلىگۈسى كەلدى:

— بۇ ئەمىرلەر، ئەلچىلەر، ئىستىپاقداشلار ۋە دۈشمەنلەر، يەنە يۈز خىل دۆلەت ئىشلىرى قەلبىمنى يۈز پارچە قىلىپ، يۈز تەرەپكە تارتىدۇ، ماھىم! گاھى مېنىڭ كۆڭلۈمنى پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۆز-ئارا ئۇرۇشلاردا ئازاپ تارتىۋاتقان مەملىكەتكە ئوخشاش ئالاڭ-بۇلاڭ بولىدۇ! ھاياتىمدا گويا شۇنداق بىر قۇتۇپ باركى، ئۇنىڭغا، بارلىق ئەمىرلەر ۋە ئەلچىلەر، چاپقۇنلار ۋە ئۇرۇشلار توپلانغان. بۇ قۇتۇپتا مەن سوغۇققانلىقنى ئۆگەندىم، چۈنكى سىياسەت بابىدا ئادەملەرگە خۇددى شەترەنج تاختىسى ئۈستىدىكى پىيادە ئەسكەر-لەرگە قىلغان شەپقەتسىز مۇئامىلىنى قىلمىساڭ، ئۇلارنى ئەقىل-پاراسەت، ھېساب-كىتاب بىلەن ئىدارە قىلمىساڭ، مۇرادقا يېتەلمەي-سەن. ئەمما بۇ شەپقەتسىز سىياسەتنىڭ سوغۇق شۇۋرغىنىدىن ئۆزەممۇ توڭۇپ كېتىمەن. كېيىن مەي ئېچىپ ئىسسىنغۇم كېلىدۇ. بۇ سوغۇق قۇتۇپتا شېئىر يېزىشقىمۇ رەغبىتىم قالمايدۇ!

— ئاشۇ يېقىمسىز قۇتۇپ قارشىسىدا باشقا ئىسسىق ماكانىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوقمۇ، ھەزرىتىم؟

— بۈگۈن... مانا ھازىر يەنە بىر قېتىم بايقىدىمكى... مەن ئۈچۈن ئالەمدە ئەڭ يېقىملىق قۇتۇپ — سىز، ھۇمايۇن، گۈلبەدەن... سىزلەر بىلەن بولغاندا تۇيغۇلىرىم جۇشقۇنلاپ، ئىجاد قىلغۇم كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، دائىم بىز بىلەن بىللە بولۇڭ! بۇنىڭدىن بىزمۇ چەكسىز بەختىيار بولىمىز!

— شۇنداق بولىدى!... ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن مەن دۆلەت ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋازكېچىشىم كېرەك.

— پۈتۈنلەي ۋازكېچىشىڭىزگە ھاجەت يوق، ھەزرىتىم، سىز كابۇلدا چوڭ دۆلەت بەرپا قىلدىڭىز. قۇندۇزدىن قەندەھارغىچە، بەدەخشاندىن سىند دەرياسىغىچە بولغان پاراكەندە ئۆلكىلەرنى بىر مەركەز ئەتراپىغا بىرلەشتۈردىڭىز. كابۇل ئۆز تارىخىدا بىرىنچى قېتىم شۇنداق زور مەملىكەتنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى. بۇ يەردە سىز يېڭى بىنالار قۇردۇردىڭىز، يېڭى باغلارنى بەرپا قىلدىڭىز، يېڭى ئېرىقلارنى قازدۇرۇپ، كۆپ جايلارنى ئاۋات قىلدىڭىز. شۇنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن ئەزىز ئەمەسمۇ؟

— شۈكۈرسىزلىك بولمىسۇن، مەن كابۇلدا كۆپ بەختلىك كۈنلەرنى كۆردۈم. بىراق چوڭ ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھامان ئاجىزمەن. شۇ ماڭا تىنچلىق بەرمەيدۇ. كابۇل ئەتراپىدىكى كۆپ جايلار تېخى قەلەمىي① ئەمەس، سەيپىي②... ئەنە، غەزنىدە

---

① قەلەمىي — ئەمىر - پەرمان بىلەن سىلىق تۆلەيدىغان، قول ئاستىدىكى يەرلەر.

② سەيپىي — تېخى بويسۇنمىغان، قىلىچ كۈچى بىلەن سىلىق تۆلەيدىغان يەرلەر.

نەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇزۇلۇپ ياتقان ئۇلۇغ بەند① بار، مەھمۇد غەزنەۋىي بەندى دېيىشىدۇ. ئەگەر شۇ بەند تىكلەنسە، چۆل بولۇپ قالغان چوڭ بىر ۋادى يەنە ياشناپ كېتەتتى. مەن ئاشۇ بەندنى ئۈزەتكۈزمەكچى بولدۇم. لېكىن سەرپىنى ھېسابلاپ كۆرسەم، خەزىنەم يەتمەيدىكەن... بۇ ئەھۋالدا مەن كامالىددىن بېھزاددەك ئۇلۇغ ئۇستىبداتلارنى قايسى دۆلەتتىمگە تەكلىپ قىلىمەن؟ بېھزادنى شاھ ئىسمائىل تەبرىزگە ئېلىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ھازىر شاھ مەندىن قۇدرەتلىكرەك. نۇرغۇنلىغان ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى، مېمارلار ۋە مۇھەندىسلەر بار، ئەگەر چاقىرسام، كۆپچىلىكى كېلىدۇ. لېكىن... كابۇلغا ئۆزى كەلگەن مېمار مەۋلانا پەزلىددىنگە مۇناسىپ ئىش تېپىپ بەرمىگەن تۇرسام، باشقىلارنى قانداق تەكلىپ قىلاي؟

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ ھىندىستانغا ئىنتىلىشىدە قانچىلىك كۆپ ۋە مۇرەككەپ سەۋەبلەر بارلىقىنى سېزىپ:

— خارەزىملىك ۋەتەندىشىڭىز بېرۇنىيمۇ ھىندىستانغا بارغان، — دېدى، — ھەزرىتىم، سىز ئۇنىڭ «ھىندىستان» ئاتلىق كىتابىنى قانداق ئوقۇغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

بابىر خەزىنىدىن تېپىپ كېلىنگەن بۇ كىتابنىڭ كونا ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىسىنى قىينىلىپ ئوقۇغان بولسىمۇ مەزمۇنىنى ناھايىتى ياقتۇرغانىدى.

— ھە، ھىند ھاياتىنى بېرۇنىيچىلىك چوڭقۇر تەھلىل قىلغان ئالىم كەم بولسا كېرەك. بېرۇنىيمۇ مېنىڭ ھىندنى كۆرۈش ئىشتىياقىمنى ئاشۇردى.

---

① بەند — سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسى، توغىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ بىلىمەن. ھىندىتا سىزنى ماگىنىتتەك ئۆزىگە تارتقان يەنە بىر سىيما خىسراۋ دېھلەۋىيدۇر.

ــ سۆزىڭىز راست، ماھىم. مەن دېھلەۋىينىڭ كۆپ شېئىرلىرىنى «مۇھتەسەر» كىتابىمدا كەلتۈرگەنمەن. دېھلەۋىينىڭ ئاتىسى ئەمىر مەھمۇد قارشى بىلەن شەھرىسەبز ئارىلىقىدا ياشىغان لاچىن ئىسمەلىك تۈركىي قەبىلىدىن ئىكەن. مەن بۇنى يېقىندا بىلدىم. لاچىن قەبىلىسى چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن قېچىپ، ھىندىغا بېرىپ قالغانىكەن. خىسراۋ دېھلەۋىي دەۋلەتئاباد ئىسىملىك مۇسۇلمان ھىند ئايالدىن تۇغۇلغان.

ــ ھەزرىتىم، ــ دېدى ماھىم بابۇرغا مۇلايىم تىكىلىپ، ــ سىزمۇ شائىرسىز ھەم ئالىمسىز. مەن ئارزۇ قىلاتتىمكى، بارلىق ئەل-ئۇلۇسلار سىزنىمۇ بىرۇنىيدەك، دېھلەۋىيدەك پەقەت ياخشى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىشسا...

بابىر ماھىم بېگىمنىڭ پېتىنىپ ئېيتالمىغان سۆزلىرىنى چۈشەندىدە، چىرايى ئۆزگەردى، خىيالىدا يەنە شۇ سوغۇق شىۋىرغانلار قوزغالدى.

ــ سىز مېنىڭ شۇنداقلا پادىشاھ ئىكەنلىكىمنى نېمە ئۈچۈن ئەسلەتمەكچى ئەمەسسىز؟

ــ چۈنكى مەن سىزنى ئىجادىڭىزنىڭ ئوتى يانغان ئىسسىق قۇتۇپتا مۇقىم تۇرۇشقا چاقىرماقچىمەن!

ــ مەن ئىجاد قۇتۇبىدا ئۆمۈرۋايەت قالماقچى بولۇپ، دەھكەتتە، ئاسمان يايلاقتا يالاڭغداق يۈرگىنىمدە نېمە ئۈچۈن ئۈچرىمدىڭىز؟ ئەمدى ئۆتتى!... پادىشاھنى بارلىق ئەل-ئۇلۇسلار پەقەت ياخشى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىشى ئوشتۇلمايدىغان بىر ئارزۇ. مەن

ئادەملەرنىڭ ماختىشىغىمۇ، تەنە ۋە ئەيىبلەشلىرىگىمۇ راسا تويغان!

بابىر يېقىندا يازغان بىر غەزىلىدىن ئىككى قۇرنى ئاددىي سۆزگە ئوخشىتىپ ئاھاڭسىز ئېيتتى.

— ئۇلۇسنىڭ تەنە ۋە تەرىپى ماڭا، بابىر باراۋەردۇر، بۇ ئالەمدە ئۆزەمنى چۈن يامان-ياخشىدىن ئۆتكۈزدۇم.

— راست، بىزنىڭ ھېچقايسىمىز دۇنيانىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى سىزچىلىك كۆپ تېتىپ كۆرگەن ئەمەسمىز... ئالەمنىڭ رەھىمسىز، قوپال جەبىر-جاپالىرىنى بۇنچىلىك كۆپ كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنچە-لىك نەپىس شېئىرلار يېزىشىڭىز، شۇنچىلىك نازاكەتلىك ئاھاڭدا كۈيلىشىڭىز مېنى دائىم بىر مۆجىزىدەك ھەيرانلىققا سالىدۇ. ھەزرە-تىم، سىز ئۇلۇغ شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىڭىز كېرەك. مەن گاھى جاھانگىرلىك، ئىشغالىيەتچىلىك سىزنىڭ شائىرلىقىڭىزغا سايە چۈشۈرۈپ قويىماسمىكىن؟ دەپ قورقىمەن.

— ھىند يۇرۇشىدىن ۋازكېچىڭ دېمەكچىمسىز؟!

ماھىم بېگىم بابىرنى بۇ نىيىتىدىن قايتۇرالماسلىقىنى ئەمدى ئېنىق سەزدى.

— ھەزرىتىم، ھېچ بولمىسا ھۇمايۇننى كابۇلدا قالدۇرۇڭ! ھامان سىز ھىندىغا كەتسىڭىز، بىرەرسى كابۇلنى باشقۇرۇش زۆرۈرغۇ!

— مېنىڭ يوقۇمدا كابۇلنى سىز ئىدارە قىلغايسىز، بېگىم!

— مەن ئايال كىشى تۇرسام! شەرىئەتكە بىنائەن خوتۇننىڭ مەۋقەئىدىن ئەرلەرنىڭ مەۋقەئى ئارتۇقراق بولىدۇ. كابۇلدا ئوغۇل-لىرىڭىز مىرزا، كامران بىلەن مىرزا ئەسكەرىي بار.

بابىر بۇ تېپىشماقنى بىردەمدىلا سوغۇق قانلىق بىلەن ھەل قىلدى:

— مىرزا كامرانغا قەندەھارنى بېرىمەن. ئەسكەرىي بىلەن ئىككىلىسى مۇشۇ ھەپتە قەندەھارغا كېتىدۇ.

قەندەھار بۇ يەردىن ئاتلىق بىر ھەپتىلىك يول. ئوغۇللىرى كەتسە، گۇلرۇھ بېگىمنىڭ خورلىقى پەسىيىپ قېلىشى ئېنىق.

— كابۇل مېنىڭ خاس شەھىرىم، — دەپ داۋام قىلدى بابىر، — ئۇنى ھەرگىز ئوغۇللارغا بەرمەيمەن، پەقەت سىزگە تاپشۇرۇپ كېتىمەن. قاسىمبەگ قاۋچىن خىزمىتىڭىزدە بولىدۇ. بارلىق ھەرەم ئەھلى مەن يوق چېغىمدا سىزگە بويسۇنسۇن!

كۆتۈلمىگەن بۇ ئىلتىپاتتىن ماھىم بېگىم ئەمدى ھاياجانغا چۈشتى. پادىشاھنىڭ ئۆز خوتۇنىغا بۇنچىلىك چوڭ ئىشەنچ بىلدۈ-رۈشى ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە ئىدى. خۇسۇسەن، پۈتۈن ھەرەم، ھەتتا گۇلرۇھ بېگىممۇ بابىرنىڭ يوقلۇقىدا ماھىم بېگىمگە بويسۇنۇشى، بۇنىڭغا دەخلى بولۇشى مۇمكىن بولغان مىرز كامران ۋە مىرزا ئەسكەرىيلەرنىڭ قەندەھارغا ماڭدۇرۇلۇشى ماھىم بېگىمنى قىيناپ يۈرگەن كىشەن تۈگۈنىنى بىردىنلا يېشۋەتكەندەك يەڭگىللىك بەردى:

— ھەزرىتىم، ئىلتىپاتىڭىزدىن بېشىم كۆككە يەتتى! ئەمما بىلىسىزكى، ئاجىزىڭىز ھاكىملىققا تەشنا ئەمەسمەن.

— كىمكى ھاكىملىققا تەشنا بولمىسا، مەن ئاشۇ زاتقا كۆپرەك ئىشىنىپ ھاكىمىيەت بېرىمەن. بارلىق تاشقى ئىشلارغا قاسىمبەگ مەسئۇل بولىدۇ. ھىندال يېنىڭىزدا. سىز ئۇنىڭ نامىدىنمۇ ئەمىر پەرمان بەرسىڭىز، شەرئەتكە ماس كېلىدۇ.

ماھىم بېگىمنىڭ بايىقى ئىزتىرابلىق ئويلىرى بىردەملىك بولسىمۇ خىيالىدىن يىراقلاشتى. بابىرنىڭ زور ئىشەنچى قەلبىگە شۇنچىلىك

ياققانلىقىدىن بېگىم ئۆزىنى ئازراق تەئەججۇپلەندى. قەندەھارغا ھاكىم بولۇش كامران مىرزىغىمۇ يېقىپ قېلىشىنى ئويلىدى. بابىر ئىككى تەرەپنىمۇ تىنچلاندۇرىدىغان نازۇك بىر سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى بېگىم ئەمدى سەزدى. ئادەملەردىكى ئىچكى مەنپەئەت تۇيغۇسىنى خاتاسىز تېپىپ، شۇ تۇيغۇغا تايانغان ھالدا ئۇلارنى ماھىرانە باشقۇرۇشنى بىلىش چوڭ بىر سەنئەت ئىكەن، بابىر يىللار داۋامىدا مانا مۇشۇ سەنئەتنى قانچىلىك ياخشى ئىگىلىگىنىنى بېگىم ھازىر ناھايىتى يېقىندىن كۆردى ۋە گويا ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزدى. كامران مىرزىنى قەندەھارغا ماگدۇرۇش، ماھىم بېگىمگە كابۇلنىڭ ئىختىيارىنى بېرىش، باشقا كۆپ ئەمىر ۋە بەگلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇش — بۇ ھەممىسى شەترەنج ئورۇقلىرىنى ئۇلارغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان بىر ماھارەت بىلەن سۈرۈش ۋە ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بابىر ماھىم بېگىمنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ نازۇك دەردىنى بايقاپ، ئۇنى كۆندىشى گۇلرۇھ بېگىمنىڭ قولى يەتمەيدىغان يۈكسەك مەرتىۋىگە مۇناسىپ كۆرگىنى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى.

— ھەزرىتىم، سىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشەنچىڭىز مېنىڭ تېنىمگە يېڭى بىر جان ئاتا قىلدى! بىراق... نېمە قىلايكى، مەن دۇنيادىكى بارلىق نېمەتلەردىن، ھەتتا ئۆز جېنىمدىنمۇ سىز بىلەن ھۇمايۇننى ئارتۇق كۆرىمەن. ھازىر يولباشچىلىق سەنئىتىدە سىزنىڭ تەڭدىشىڭىز يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. ھىندتا ھېسابسىز خەلق، ھېسابسىز دۈشمەن. ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جەڭ خەتەرسىز بولماس. سىز شۇنچە ئەنسىرەۋاتىسىز ماھىم؟ سىزگە نېمە بولدى؟

— مەن ھۇمايۇن ئۈچۈنمۇ روھى ئىزتىراب چەكمەكتىمەن... ھېچ بولمىسا ھۇمايۇن كابۇلدا قالسۇن، سىزدىن ئۆتۈنىمەن، ھەزرىتىم!

بابىر ماھىم بېگىمگە ئەمدى رەنجىپ كۆز تاشلىدى: ئۇ "ئېرىم خەتەرلىك جەڭدە ئۆلسىمۇ، ئوغلۇم يېنىمدا ھايات قالسۇن" دېمەكچىمىكىنە؟

— ھۇمايون تەخت ۋارىسى، — دېدى بابىر رەنجىگەن تاۋۇش بىلەن، — شۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇندا مەن بىلەن بىللە بېرىشى شەرت... قەدىمدىن ئادەت شۇنداقلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇدىڭىز؟

بۇ ئادەتنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىكى، ئەگەر يىراق يۇرتتىكى جەڭدە پادىشاھ ھالاك بولسا، تەخت ۋارىسى دەرھال قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەكس ھالدا قوشۇن باشقا دەۋاگەرلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بابىر بۇ ئادەتنى ئەسلىتىش بىلەن "مەن ئەگەر ئالەمدىن ئۆتسەم، ئورنۇمغا ھۇمايۇن قېلىشىنى خالاپ، ئۇنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچىمەن" دېمەكچى ئىدى.

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ گېپىدىكى بۇ مەنىنى چۈشەندى-دە، ئەندىشىسى بەتتەر ئاشتى. بابىر ھىندىستاندىن ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك، ئالدىدىكى يۈرۈش "بارسا كەلمەس" يۈرۈشى بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. ماھىم بېگىمنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى.

— ئەي خۇدايىم! دۇنيا نېمە ئۈچۈن بۇنداق شەپقەتسىز يارىتىلغان؟ قاچان بىخەتەر كۈنلەرگە يېتەرمىز؟

بابىر جىم ئىدى.

## لەخور. پەنىپەت. دېھلى. يېڭى قىرغاقلار

### 1

قوشۇن ئىلگىرىلىگەنسېرى ئورمان قېلىنلىشىپ باراتتى. چىناردەك ئېگىز بەنيەن دەرەخلىرىنىڭ ئۇچۇق يىلتىزلىرى شاخلىرىدىن پەسكە ئېسىلىپ چۈشۈپ، يەرگە كىرىپ كەتكەن. يوغان چىڭگىلەكلەر دەرەختىن دەرەخكە ئۆتۈپ، ھەممە تەرەپنى ئوراپ-يۆگەپ تاشلىغان. ئاياغ ئاستىدا ئۆسكىلەك چاتقاللار. ھاۋا تىنجىق ۋە نەم.

ئات ئۈستىدە كېلىۋاتقان بابىر يەڭگىل شايى كۆڭلەك كىيگەن بولسىمۇ تەرلەپ-پىشىپ كەتكەن. ئۇ بەنيەنلەرنىڭ شامالدىن شىلدىرلاۋاتقان ئېگىز شاخلىرىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. تۆپىدە چىقىۋاتقان شامال چاتقاللىق ئورمان ئىچىدە كېتىۋاتقانلارغا كىچىككىنىمۇ تەگمەيتتى.

ئورماندىن مايمۇنلارنىڭ شوخ قىيا-چىيالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گاھى توزلارنىڭ "قۇ-ئو-ئوۋ" دەپ كەسكىن ۋە يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن چىللىغىنى ئاڭلىناتتى.

بىر پەيت ئورمان ئىچىدە تۆگە يېتەكلەپ پىيادە كېتىۋاتقان نەۋكەرلەردىن ئاللىقايسىسىنىڭ جان ئاچچىقى بىلەن چىقىرىغىنى ئاڭلاندى. كېيىن سەپتىن-سەپكە:

— يىلان چېقىپتۇ!

— كۆزەينەكلىك يىلان! — دېگەن پىچىر-پىچىر تارقالدى. توپ ئارتىلغان ھارۋىلار تەرەپتىن ئېتى لايىغا پاتقان ئۈستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلقول تەشۋىشلىنىپ چىقىپ كەلدى-دە، بابىرغا ئەرز قىلدى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، ئېغىر توپلارنى بۇ چاتقاللىق ئورماندىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس! ئاياغ ئاستى لاي! توپ ئارتىلغان ھارۋىلار ھەممىسى تىقىلىپ قالدى!

بابىر ئارقىدىراق كېلىۋاتقان تاھىرغا ئۆرۈلۈپ قارىدى:

— يول باشلىغۇچىنى چاقىرىڭ، بەگ!

يول باشلىغۇچى ئەلقول كۆمەر ئالدىدا پىل مىنىپ كېتىپ باراتتى. تاھىر ئۇنى چاقىرىپ كەلگەندە بابىر مىنگەن سېرىق ئات پىلدىن ئۈركۈپ قاتتىق كىشنىدى. ئەلقول كۆمەر پىلنى توختىتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دېگەن ئىدى. پىل خارتۇمىنى يۇقىرىغا سوزۇپ، ئىگىسىنى پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئەلقول كۆمەر ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە قويۇپ، كۆزى ئارىلاش پېشانىسىگە تەگكۈزدى-دە، بابىرغا تەزىم قىلدى. بابىر ئۇنىڭغا پارسچە سۆز قىلدى

— بۇ يول بىزگە توغرا كەلمىدى. باشقا يول تېپىش كېرەك.

— ھەزرەت ئالىيلىرى، باشقا يوللارنى سۇ باسقان. بۇ يەر پەنجاب. بەش دەريايىمىز بار، ھەممىسى تاشقان.

— پەنجابتا ھارۋىلار ئۆتىدىغان يول كۆپ دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بۇ يولدا ھارۋىلار تىقىلىپ يۈرەلمەي قالدى. بىز ئاداشتۇقمۇ؟

— ئاداشقىنىمىز يوق، ھەزرىتىم. ھارۋىلار قەيەردە تىقىلدى؟.. رۇخسەت بېرىڭ، پىل بىلەن چىقىراي. بۈگۈن يۈرسەك، ئەتىلەرتىن ياخشى يەرلەرگە چىقىمىز. لەخور يېقىن.

— پىلنى باشلاپ بېرىڭ، ھارۋىلارنى چىقىرىپ بەرسۇن، — دېدى بابىر ئۇستا ئەلقولغا. جۇغى كىچىك ئورۇق ئەلقول كۆمەر

تاغدەك ئېگىز قارا پىلغا يەنە ئۇنىڭ خارتۇمىنىڭ ياردىمى بىلەن مىندى. كېيىن پىلنىڭ سۇپۇرىدەك چوڭ قۇلاقلىرىغا تىزى بىلەن نىقتاپ، قولىدىكى ئىلمەك تۆمۈر تايىقى بىلەن ئۇچ ۋە سولغا ماڭدۇ-رۇپ، توپ ئارتىلغان هارۋىلارغا قاراپ كەتتى.

تۆگىلەر تارتالماي قالغان هارۋىلارنى پىل بىردەمدىلا پاتقاقتىن چىقىرىپ بەردى.

هارۋىلارنىڭ بىرىدە ئايغىنى يىلان چاققان نەۋكەر كۆپكۆك كۆكىرىپ، ئىڭراپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تىرىك قېلىشى گۇمانلىق بولسىمۇ يالاڭ ئايغىنىڭ يىلان زەهەر سانجىغان يېرىگە دورا يوپۇرماقلارنى باغلاشقان، زەهەر بەدەنگە كۆپ تارقالماسلىقى ئۈچۈن تىزىنى ئالا ئارغامچا بىلەن تېڭىپ تاشلاشقانىدى.

هارۋىلار قوزغالدى. پىل مىنگەن يول باشلىغۇچى يەنە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. يول يۈرگەنسېرى زەيلىك كۆچىيىپ، نەپەس ئېلىش ئېغىرلىشىپ باراتتى.

كۈن ئىگىلگەندە رەۋى دەرياسى تەرىپىدىن يۈزچە قوراللىق ئادىمى بىلەن هىندۇبەگ چىقىپ كەلدى. خاس نەۋكەرلەر ئۇنى ياخشى بىلىشەتتى. ئەسلى دېھلىلىك سىپاھىلاردىن بولغان هىندۇ-بەگ ئىبراهىم لادى بىلەن كېلىشەلمەي بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن كابۇلغا بارغان ۋە بابىرنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنىدى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بۇ يىگىت بابىرنىڭ هىندىستانغا قىلغان ئاۋۋالقى يۈرۈشىدە كۆپ جاسارەت كۆرسەتكەنىدى. بابىرغا ئۇنىڭ چوڭ يۈرەكلىكى بىللە ۋەتىنىدىكى ئىچكى پاراكەندىچىلىكنى تۈگىتىش يولىدا كۆپ قان تۆكمەسلىككە، ئىلاجى بولغان جايلارنى جەڭسىز ئېلىشقا ئەستايىدىل ئىنتىلىشىمۇ ناهايىتى مۇۋاپىق كەلگەنىدى. هىندۇبەگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركي، پارسي تىللارنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن، ئىلىملىك، مەرد-پەتلىك، دىلكەش كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن بابىرنىڭ ئەڭ يېقىن سۆھبەتداش بەگلىرى قاتارىغا كىرگەنىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى يۇرۇشتە كەشمىردىن ئېقىپ كېلىدىغان جىلام دەرياسى بويىدىكى بىخرە ھىندۇبەگنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن جەڭسىز ئېلىنغاندا بابىر بۇ ئاۋات ۋىلايەتكە ھىندۇبەگنىڭ ئۆزىنى ھاكىم قىلىپ بەلگىلەپ، كابۇلغا قايتىپ كەتكەنىدى. ھازىرقى يۇرۇشتە بابىر لەخورنىمۇ قان تۆكمەستىن جەڭسىز ئېلىش ئۈمىدىدە ئىدى ۋە ھىندۇبەگنى ۋاستىچى قىلىپ، لەخور ئەمىرلىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

بابىر ھىندۇبەگنى يىراقتىن تونۇدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئېتىنى يولدىن چەترەككە بۇرىدى. ھىندۇبەگ ئاتتىن چۈشۈپ، تەزىم قىلدى.

— سۆزلەڭ، بەگ!

— ھەزرىتىم، دۆلەتخاننىڭ ئوزايى بۇزۇق، مېنى تۇتقۇز-ماقچى بولغىنىنى سېزىپ قېچىپ كەلدىم.

— نېمە ئۈچۈن؟ كابۇلغا ئوغلى دىلاۋەرخاننى ئەۋەتىپ، بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىدىغۇ. مەن ئۇنى ئاتام دېگەنىدىم! ئۇرغۇن ياخشىلىقلار قىلغانىدىم!

— دۆلەتخان ھەممىسنى ئۇنتۇغان. بېلىگە ئىككى قىلىچ ئېسىۋالغان. مەن بۇنىڭ سىرىنى ئوغلى دىلاۋەرخاندىن سوراپ ئۇقتۇم. بىر قىلىچنى دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم لادىگە قارشى ئاسقانىمىش، ئىككىنچى قىلىچنى سىزگە قارشى.

— ئوغۇللىرىمۇ دۈشمەنلىك نىيىتىدىمۇ؟

— دىلاۋەرخان سىزگە كېلىپ خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، لەخورنى جەگسىز بەرمەكچى. ئاتىسى مېنى تۇتقۇزماقچى ئىكەنلىكىنى دىلاۋەرخان ئېيتىپ، بىر پالاكەتتىن قۇتقۇزدى. لېكىن چوڭ ئوغلى غازىخان ئاتىسى تەرەپتە.

— ئالەمخانچۇ؟

— ئالەمخان ئىبراھىم لادى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغاندىن بۇيان قايتا ئۇرۇشقا جۈرئىتى يوق. لەخورغا بارغىنىڭىزدا چىقىپ خىزمەتتە بولۇشقا ۋەدە بەردى. ئەگەر غازىخان يېڭىلسە، كۆپچىلىك بەگلەر بويۇن ئېگىدۇ، لەخور جەگسىز ئېلىنىدۇ. لېكىن... ھەزرىتىم، نېمە ئۈچۈن لەخورغا بۇنداق يامان يوللار بىلەن كېتىپ بارسىز؟

— پەنجابلىق ئىتتىپاقداشلىرىمىز قارشى ئېلىشقا چىقارغان يول باشلىغۇچى بىزنى مۇشۇ يولغا باشلىدى.

— قېنى شۇ يول باشلىغۇچى؟ ئىجازەت بېرىڭ، مەن بىر تەپتىش قىلىپ كۆرەي.

پىل مىنگەن يول باشلىغۇچىنى يەنە چاقىرىپ كەلدى. لەئل كۆمەر پىلنى چاتقاللىققا يېقىن بىر جايدا توختاتتى ۋە يەنە جۈپلەنگەن قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ سالاملاشتى. ھىندۇبەگمۇ ئالقىنىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى-دە، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ، ھىندىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەسلى قەيەرلىكسىز؟

— ئەگرەلىكمەن، ساھىب.

— پەنجابقا قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— ئىش ئىزدەپ كەلگەنمەن.

— شۇنداق چوڭ پىلىڭىز بار ئىكەن. ئىبراھىم لادى سىزگە ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تېپىپ بەرمىدىمۇ؟

— ئىبراھىم لادى خەسىس. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالتۇنلىرىنى يىغىپ، خەزىنىسىگە يوشۇرۇپ قويغان، قۇرۇلۇشقا سەرپىلەش يوق. ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، رازى قىلىش يوق! ئۇنىڭدىن تويدۇق!

— توغرا ئېيتىسىز، — دېدى ھىندۇبەگ، — مەنمۇ لادىلارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەنمەن. ئىسكەندەر لادى① مېنىڭ ئاتامنى ئىتائەت قىلمىدىڭ دەپ ئەيىبلەپ، قوترىغان پىلنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن.

پىلچى ھىندۇبەگكە زوقلىنىپ تىكىلدى-دە:

— سىز كىشەترىيەلەردىنمۇ؟② — دېدى.

— ھە، ئەسلى ئىسمىم ئىندرى. بابىر ھەزرەتلىرى ھىندۇبەگ دەپ ئاتىدى. بۇ نام ھەممىگە ماقۇل كەلدى. خوش، سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟

— لەئىل كۆمەر.

— سىزمۇ ئىبراھىم لادىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەن ئىسكەندەر. ئەمدى بۇ زۇلۇمدىن بىزنى كىم قۇتقۇزىدۇ دەپ ئويلايسىز؟

— خۇدا.

— بەندىلەردىنچۇ؟

لەئىل كۆمەر ئويلىنىپ قالدى.

— دۆلەتخادىمۇ؟ — دېدى ھىندۇبەگ.

---

① ئىسكەندەر لادى — ئىبراھىم لادىنىڭ ئاتىسى، 1517 - يىلى ئۆلگەن.

② كىشەترىي — ھىندىلاردىكى ئاساسىي تۆت تەبىقىنىڭ بىرى — ھەربىيلەر.

— دۆلەتخان سېخى ئادەم. غازىخانمۇ ئىبراھىمدىن ياخشى، ھىندۇبەگ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى:

— راستىنى ئېيتىڭ، سىز بۇ قوشۇننى نېمشقا بۇ يول بىلەن باشلاپ مېڭىۋاتىسىز؟

— غازىخان ئېيتقان يول مۇشۇ.

— غازىخان نېمشقا ئۆتۈشكە بولمايدىغان يامان يولدىن يۈرگىن دېگەن، بىلەمسىز؟

— بۇلار ئۈچۈن ياخشى يول مۇشۇ.

— نېمىشقا؟ بۇلار سىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟

— بىر زالىم پادىشاھ — ئىبراھىم بىزگە ئازمىدى؟ يەنە بىرسى كېلىۋېتىپتۇ!

— غازىخان سېنى ئالدىغان!

لەئل كۆمەر پىلىنى چاتقاللىق تەرەپكە كەسكىن بۇرىدى-دە، ۋارقىرىدى:

— بۇلار باسقۇنچىلار! بۇلار بەجۇر قورغىنىدا ئۈچ مىڭ يىگىتىمىزنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن! شەھەر ۋە قىشلاقلىرىمىزنى تالاتقان!

لەئل كۆمەر شۇنداق دەپ، پىلىنى چاپتۇرۇپ ئورمان ئىچىگە قاراپ قاچتى.

— ھەزرىتىم، بۇ يول باشلىغۇچىنى تۇتقۇزۇڭ! بۇ دۈشمەن كىشىسى! سىزنى خاراب قىلىش ئۈچۈن يامان يولغا باشلىغان!

— تۇتۇڭ ئۇنى! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى بابىر، — ئەبلەخنى ئالدىدىن توسۇپ چىقىڭلار! چاپسان!

ئاتلىقلار پىلنىڭ كەينىدىن چېپىشتى. ئۇلاردىن ئۈچى چوڭ بەنيەن دەرىخىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پىلنىڭ يولىنى توسۇپ چىقىشتى.

پىلچى قولىدىكى تۆمۈر تايىقى بىلەن پىلنى قاتتىق ھەيدەپ، بىرنەرسە دەپ ۋارقىرىدى. پىل ئاتلارنىڭ بىرىنى ئايىغى بىلەن تېپىپ يىقىتتى. ئىككىنچى ئاتنىڭ بويىنىغا خارتۇمىنى ئوراپ، پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى، بۇنى كۆرگەن ئۈچىنچى ئاتلىق دەرەخ دالدىسىغا قېچىپ، تەسلىكتە قۇتۇلۇپ قالدى.

قەھرى كەلگەن پىل ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن نەرە تارتىپ، يولدا ئۇچرىغان يوغان چىڭگىلەكلەرنى ئۈزۈپ ئۆتەتتى، چوڭ-چوڭ شاخلارنى قارسىلدىتىپ سۇندۇراتتى ۋە ئاتلىقلار كىرەلمەيدىغان قېلىن چاتقاللىقلاردا بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئوق ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بابىر.

لەئل كۆمەر پىلنىڭ چوڭ بويىنىغا مەيدىسىنى چاپلاپ، ئۇنىڭ ئېگىز ساغرىسى ۋە قولاقلىرى پاناھىدا تىقىلىپ ياتاتتى. كەينىدىن ياغدۇرۇلغان يا ئوقلىرىدىن كۆپىنى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ۋە چىڭگىلەكلەر ئۆتكۈزمىدى. ئۈچ-تۆتچە ئوق شاخلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ پىلنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇلدى. لېكىن پولاتتەك قاتتىق ۋە قېلىن پىل تېرىسىگە پاتماستىن، يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

ئۇستا ئەلقۇلىنىڭ توپەڭچىلىرى ئورمانغا توغرىلاشتى. بىراق چاقماقلىرى چاقماق چېقىپ، تا مىلتىق پىلتىسىنى ياندۇرغۇچە لەئل كۆمەر مىنگەن پىل يوغان ۋە قېلىن دەرەخلەر پاناسىغا ئۆتۈپ كۆزگە كۆرۈنمەي كەتتى. پىل زەربىسىدىن يىقىلغان ھەر ئىككى ئات يەردىن تۇرالماي سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نەۋكەرلەر ئۆلمىسىمۇ ئاياغ-قوللىرى زەخملەنگەنىدى.

— ياردارلار ھارۋىغا ئېلىنسۇن! — بۇيرۇدى بابىر، — بىزنى ئاداشتۇرۇپ ھالاك قىلماقچى بولغان ئەبلەخ جازالىنىشى كېرەك!

تۆپەڭچىلەر ئاتلىنىپ، ئورماننى ئايلىنىپ ئۆتسۇن!

تۆپەڭچىلەر ئالدىراپ-تېنەپ ئاتلىنىپ، ئاي-لانما يول ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ھەممە تەرەپ چاتقاللىق، پاتقاقلىق ئىدى.

— قېنى، ھىندۇبەگ، ئەمدى بىزگە سىز يول باشلاڭ!

— بېشىم بىلەن، ھەزرىتىم!

ھىندۇبەگ كەچكى مەزگىلدە ئۇلارنى كەڭ بىر كۆكلەمزار ۋادىغا باشلاپ چىقتى. تولىمۇ چارچىغان بابىر شۇ كۆكلەمزارغا چېدىر تىكتۈردى.

ئورماندا كىيىملىرى ئىلىنىپ يىرتىلغان، ئاتلىرى لايغا مىلەنگەن تۆپەڭچىلەر لەئىل كۆمەرنى تاپالماي قايتىشتى. شۇنىڭ ئۈستىگە لەخوردىن ئەمىر دۆلەتخان، ئۇنىڭ ئوغلى دىلاۋەرخان ئەللىك-ئاتمىش مۇلازىم ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن بابىرنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشتى. دىلاۋەرخاننىڭ بۇرۇندىن خەيرخاھلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بابىر خىرگاھتا ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالدى ۋە ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئېتىبارلىق بەگلىرى ئارىسىدىن جاي كۆرسەتتى.

— جاناب دىلاۋەرخان، ئۇلۇغ ئاتىڭىز نېمە ئۈچۈن ئىتتىپاقنى بۇزۇپ، بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ قىلىچ بىلىدى؟

— ھەزرىتى ئالىيلىرى ، ئاتامنى ئاكام غازىخان يولدىن ئازدۇردى. "يات قوشۇن كەلسە لەخور بىزدىن كېتىدۇ، بولارمۇ بىزگە ئىبراھىم لادىدەك دۈشمەن" دەپ ئىشەندۈردى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتخان ئالدامچى يول باشلىغۇچى ئەۋەتىپ، بىزنى ئورمان ئىچىدە ئاداشتۇرغان ئىكەن-دە؟

— ئەمما بۇ پىتنىدىن ئاتامنىڭ خەۋىرى يوق، ھەزرىتى ئالىي-

لىرى! بۇ ــ غازىخانىنىڭ ئىشى. ئەگەر ئاتام شۇنىداق قىلغىنىدا بۇ يەرگە ئۆزى كەلمەيتتى. لەخوردا قان تۆكۈلمىسۇن دەپ، سىزدىن ئىلتىپات ئىستەپ كەلدى.

ــ بىزنىڭ ئىلتىپاتىمىزغا پەقەت سىز مۇناسىپسىز، جاناب دىلاۋەرخان! ئەمما ئاتىڭىز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا ئالغۇسىدۇر! ــ بابىر شىغاۋۇلغا يۈزلەندى، ــ دۆلەتخان كېيىنكى مەزگىللەردە بېلىگە ئىككى قىلىچ ئېسىپ يۈرگەنىمىش. قېنى، ئاشۇ قىلىچلىرىنى بىزمۇ بىر كۆرەيلى... ھەر ئىككى قىلىچنى بويىنىغا ئېسىپ كىرگۈزۈڭلار!

كۆپ ئۆتمەستىن ئىككى زور نەۋكەر ئاپئاق ساقاللىق قېرى دۆلەتخاننى ئىككى بېلىدىن مەھكەم تۇتۇپ چېدىرغا ئېلىپ كىردى. بوۋاي نەۋكەرلەرنىڭ قولىدىن بوشانماقچى بولۇپ جەھلى بىلەن سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان ئىككى ئۇزۇن قىلىچ كۆكرىكىگە ئورۇلۇپ پولاڭلايتتى. دۆلەتخان بابىرغا ئەلەم بىلەن تىكىلىپ دېدى:

ــ پادىشاھ ھەزرەتلىرى، مەن ئەسىر ئېلىنغان ئەمەسمەن، ئۆزەم كەلدىم! بۇ قانداق شەپقەتسىزلىك؟

ــ سىز مەندىن ئەلچى بولۇپ بارغان ھىندۇبەگنى تۇتقۇزماقچى بولۇپسىز! ئەگەر نىيىتىڭىزگە يەتسىڭىز ھىندۇبەگ ئامان قالمايتتى! كېيىن بىزمۇ چاتقاللىقتا پاتقاقتا پېتىپ، غازىخانىنىڭ قاپقىنىدا جان بېرەتتۇقمۇ؟ بىزگە شەپقەت قىلغىنىڭلار شۇمۇ؟ شەپقەتسىزلەرگە بىزمۇ شەپقەتسىزمىز! ــ بابىر شىغاۋۇلغا بۇيرۇدى، ــ بۇ ئادەم ئائىلىسى بىلەن بىللە لەخوردىن بىخرەگە قوغلاندى قىلىنسۇن. بىخرەنىڭ خىلۋەت قورغىنىدا ھەپسىدە ساقلانسۇن!

بوشىشىپ ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالغان دۆلەتخاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

## 2

كۈز ۋە قىش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، دەرەخلەر يېشىل كىيىمنى يەشمەيتتى، "دۇن" دەپ ئاتىلىدىغان باغرى كەڭ، تۈزلەڭلىك ھىند ۋادىلىرى يىل بويى باھاردىكىدەك كۆكلەم بولۇپ تۇراتتى.

جەمنە دەرياسى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە ھەرىكەت قىلىپ كېتىۋاتقان بابىر قوشۇنى دېھلىدىن ئەللىك چاقىرىمچە شىمالدىكى پەنىپەت شەھىرىگە كېلىپ توختىدى. دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم لادى يۈز مىڭغا يېقىن ئەسكەر ۋە بىر يېرىم مىڭ ھەربىي پىل بىلەن ئەگرە تەرىپىدىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئىبراھىم لادى شۇ پىللىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن بۇلتۇر دېھلى بوسۇغۇسىدا ئالەمخان، دىلاۋەرخان ۋە باشقا دۈشمەنلىرىنىڭ قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرگەنىدى. بابىرنىڭ قوشۇنى بولسا ئۇن ئىككى مىڭدىن ئاشمايتتى. دۈشمەننىڭ سان جەھەتتىن چەكسىز دەرىجىدە ئۈستۈنلۈكى كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلەرنىڭ قەلبىگە غۇلغۇلا سالاتتى. ئەگەر مەغلۇپ بولۇشسا، ئەتراپ ھەممىسى ناتونۇش يەرلەر، يات يۇرت، قەيەردە جان ساقلىشىدۇ؟

ئىچكى بەگلەر ئارىسىدا يۈرگەن تاھىر كۆپرەك بابىرنىڭ ھەربىي تەجرىبىسىگە ۋە ئۇستا ئەلقۇل باشلىق توپەكچىلەر ۋە توپچىلارنىڭ قوراللىرىغا ئۈمىد باغلىغانىدى. جاھاندا تېخى ناھايىتى كەم تارقالغان مۇنداق قوراللار ئىبراھىمنىڭ قوشۇنىدا يوق ئىدى. بابىر ئۆزىدە يوق ھەربىي پىللارنىڭ ھۇجۇمىنى مانا شۇ قوراللار كۈچى

بىلەن بىر تەرەپ قىلىش پىكرىدە ئىكەنلىكىنى تاھىر بىلەتتى.

ئۇلار پەنىپەت شەھىرى بىلەن جەمنە دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۆپەڭ ۋە توپ ئېتىش ئۈچۈن قولايلىق بولغان بىر جاينى تېپىشتى. دە، يېقىن-يىراقلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن بارلىق ھارۋىلارنى يېرىم دائىرە شەكلىدە سەپ قىلدۇرۇشتى. يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ھارۋا بىر-بىرىگە زەنجىردەك مەھكەم تىركىشىلەر بىلەن باغلاندى. ھارۋىلار-نىڭ ئالدى ۋە ئارىلىرىغا يا ئوقى ئۆتمەيدىغان تۆمۈر قالقانلار ئور-نىتىلدى. تۆپەڭچىلەر ۋە توپچىلار شۇ قالقانلارنىڭ كەينىگە يېكىنىپ ئوق ئېتىشنى مەشق قىلىشتى.

ھارۋىلار ئېگىز بىر دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىگە — ئالدى يانتۇراق جايغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چاقلىرىنىڭ تېگىگە ياغاچ توساقلار تىرەپ قويۇلدى.

ھەربىي مەشقلەر ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى بابىر ھارۋىلارنىڭ كەينى-دىكى دۆڭلۈكتە ئاتلىق تۇرۇپ، چاقلار ئالدىدىكى ياغاچ توساقلارنى ھەممىسىنى تەڭلا ئېلىشنى ۋە بارلىق ھارۋىلارنى باراۋەر يۈرگۈزۈپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى.

مۇلازىملار قاتارىدا يۈرگەن تاھىر ھارۋىلار سېپىنىڭ نېرىقى چېتىگە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، سەركەردىنىڭ بۇيرۇقىنى مۇستاپا توپچىغا يەتكۈزدى. ھەممە پىيادىلەر، توپچىلار، ئاتقۇچى ۋە پىلتە-كەشلەر بۇيرۇقنى بېجىرىشكە ھازىرلىنىشتى. ھەممىگە كۆرۈنىدىغان جايدا تۇرغان ئۇستا ئەلقۇل:

— ھارۋىلار سۈرۈلسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھارۋىلارنىڭ بەزىسى ھە دېگەندە ئورنىدىن قوزغالمىدى، بەزى-لىرى بولسا بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتتى. ھارۋىلار سېپى ئەگرى-دوناي

بولۇشقا باشلىدى، ئارا-ئارىسىغا باغلانغان تىركىشلەردىن بىرقانچىسى
ئۈزۈلدى، تۆمۈر قالقانلار غۇلاپ چۈشتى.

— توختاڭ! — بۇيرۇدى بابىر، — مەشقنى تەكرارلىتىڭ، جاناب
ئەلقۇلبەگ، بىرمۇ تىركىش ئۈزۈلمىسۇن، بىرمۇ قالقان غۇلىمىسۇن!

ئادەملەر تەرلەپ-تەپچىپ ھارۋىلارنى يۇقىرىغا سۆرەپ چىقىشقا
باشلىدى.

بۇ ئېغىر ئىشتىن بەزى نەۋكەرلەر ئۆزلىرىنى چەتكە ئالسا،
ئونبېشىلار ئايىماي تىللايتتى، ھەتتا ئۇراتتى.

— مەشق مەزگىلىدە نەۋكەرنى ئايىماڭ، — دېدى بابىر ئەلقۇل-
بەگكە، — ھازىر ئايىسىڭىز جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بابىر دۆڭدىن چۈشۈپ، دەريا تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ياقتا پىل
ئۆتەلمەيدىغان چوڭقۇر خەندەكلەر قېزىلغان، ئەمدى بەزى جايلارغا
شاخ-شۇمبا بېسىپ، قوغدىنىش توسىقى ياسالماقتا ئىدى.

خىزمىتى يۈزىسىدىن بابىرغا ئەگىشىپ، ئۇنى قوغداپ يۈرىدىغان
تاھىر خەندەكلەر ۋە شاخ-شۇمبىلارغا قاراپ ئۆزىچە ئويلىدى:
"شۇنچە تەييارگەرلىككە يارىشا دۈشمەن ئۇدۇلىمىزدىن كەلسە
ياخشى-دە! ئەگەر شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئارقىدىن كەلسە
ھەممىسى ئارتۇقچە!"

بىراق شەھەرنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بېرىپ كەلگەن چارلىغۇچىلار
ئۇ ياقتىكى پاتقاقلىق ۋە چاقاللىقلاردىن چوڭ قوشۇن ئۆتەلمەسلىكىنى
ئېنىقلاپ كېلىشتى. ئوڭ تەرەپتە جەمنە دەرياسى. سولدا پەنىپەت
شەھرىنىڭ ئاھالىسى زىچ مەھەللىلىرى. ئىبراھىم لادى بۇ مەھەل-
لىلەرنى قوشۇنغا چەيلىتىپ، شەھەر ئارىلاپ كەلمەس. دېمەك، ئۇنى
پەقەت ئۇدۇلدىن كۈتۈش مۇمكىن. لېكىن سەل كەم ئون باراۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارتۇق كۈچ بىلەن كېلىۋاتقان دۈشمەنگە بۇ ھارۋىلار ۋە خەندەكلەر چىداش بېرەلەمدۇ؟

بىرچاغلاردا كابۇلدا يۈرگەندە ئەنجان ۋە قوۋالارنى ئەسلىسە يۈرىكى ئېزىلىدىغان تاھىر، ئەمدى كابۇلنى ئەسلىسە يۈرىكى سىغىنىش-تىن "سىر" قىلىپ كېتەتتى. كابۇلدا ئۇنىڭ ئون بەش يىل ئىستىقا-مەت قىلغان ئۆيى بار، خوتۇنى رابىيە، مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ئوغلى سەپەربەگ، يالغۇز تاغىسى مەۋلانا پەزلىددىن بار. ئالدىدىكى جەڭ تەھلىكىسىدىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ يۈرگەن تاھىر "ئىشقىلىپ ئۆلۈم بولمىسۇن-دە، — دەيتتى ئۆزىچە، — ئەگەر مۇشۇ نۆۋەتمۇ تىرىك قالسام، سىپاھىلىقنى بەس قىلاتتىم-دە. ياشىمۇ ئەللىككە بېرىپ قالدى. قاچانغىچە يات يۇرتلاردا تەمتىرەپ يۈرىمەن؟ سەپەربەگ چوڭ يىگىت بولۇپ قالدى، بۇ يىل مەدرىسنى تۈگىتىپ، مۇھەندىس بولىدۇ. كېيىن بېشىنى ئىككى قىلىپ قويسام...ھە خۇدا! ئوغلۇمنىڭ تويىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولغانمىكىن-ھە؟ رابىيىنى يەنە كۆرەلەرمەنمىكىن-ھە؟"

يۈرەككە غۇلغۇلا سالغۇچى بۇ ھاياجانلىق ئويلارنى ئىچىملىك بىرئاز باساتتى. تاھىر خېلىدىن بۇيان بەكلەر قاتارىدا يۈرۈپ، كۆڭلىنىڭ چىگىشىنى ئىچىملىك بىلەن تارقىتىشقا ئازراق ئۆگىنىپ قالغانىدى. ھىندىستاندا ئۈزۈم كەم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىملىك كەمچىل، لېكىن مەھۇە دېگەن دەرەخنىڭ بەرگىدىن ئېلىنىدىغان ئۆتكۈر ھاراق ئۇچراپ تۇراتتى.

ئىبراھىم لادى بىلەن جەڭ بولۇشىدىن بىركۈن بۇرۇن تاھىر شۇ ھاراقتىن كۆپرەك ئىچىۋالغانىدى. سەھەر ۋاقتىدا بەدىنى تارتى-شىپ ئويغاندى. ئاغزى لاۋزىلاشقان، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى،

ئۇ ياق-بۇ ياققا ئاغدۇرۇلۇپ ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆردى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرۇپ، ساپال كوزىنىڭ تېگىدە قالغان هاراقتىن ئۇچ-تۆت يۇتۇم ئىچتى-دە، ئوڭشالدى.

شۇ مەزگىلدە بىردىنلا دۇمباق ۋە ناغىرىلار چېلىنىپ، ھەممىنى سەپكە تىزىلىشقا چاقىرىشقا باشلىدى.

چارلىغۇچىلار ئىبراھىم لادىننىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنى ھەققىدە خەۋەر بەرگەنىدى.

ناشتىلىق ئىچىملىكتىن يەنە كەيىپ بولۇشقا باشلىغان تاھىر ئۆتۈكى بىلەن چاپىنىنى خېلى ۋاقىت مىسلداپ كىيدى. بىر قۇللىقى سەمەرقەندتە كېسىلگەن مەمەت كېيىنكى يىللاردا تاھىرنىڭ ئات باقارىغا ئايلانغان، لېكىن كونا قەدىردانلىقى ۋە بىر-ئىككى ياش چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن گاھى ئۇنى كايىپمۇ قوياتتى.

— تاڭ سەھەردە ئىچىپ نېمە قىلاتتىڭىز، بەگ؟ — دەپ غوڭشىدى مەمەت.

— گەپنى كۆپەيتمەي كۆك ئاتنى چاپسانراق ئەكىلىڭ! — بۇيرۇدى تاھىر.

كېيىنكى يىللاردا خېلى ئورۇقلاپ، يۈز-كۆزلىرى ئاۋۋالقىدىنمۇ ئارتۇقراق بۆرتۈپ قالغان مەمەت ئاتلار باغلانغان تەرەپكە چېپىپ كەتتى. دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەردىن كۆپ ئادەم گاڭگىراپ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرمەكتە ئىدى.

مەمەت كېچىسى يېشىلىپ كەتكەن كۆك ئاتنى تۇتۇۋالغۇچە خېلى ئاۋارە بولدى. ئادەتتە ئات كېچىسى ئىگەرلەكلىك قالسا، ئۇلاغلىرى بوشىتىپ قويۇلاتتى. قالايمىقانچىلىقتا مەمەت ئالدىراپ ئۇلاغنى چىڭىتىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

چاپانراق بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىشى كېرەك بولغان تاھىر ئۈزەڭگىنى ئىزدەپ ئولتۇرمىدى-دە، ئاتنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ، ئۈستىگە سەكرەپ مىندى. شۇنىڭدا ئېگەر بىر چايقالدى. تاھىرنىڭ كەيپى بولمىغان بولسا ئېھتىمال، ئېگەرنىڭ ياخشى ئېگەرلەنمىگىنىنى تېز سەزگەن بولاتتى، ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلاڭنى چىڭىتىۋالاتتى. لېكىن ئۇ ئېگەردە چايقالغىنىنى ناشتىلىق ئىچىملىكتىن كۆردى-دە، ئۈزەڭگىگە پۇتىنى تىرەپ، ئاتنى تېز ئارقىغا بۇرىدى.

خېلىدىن بۇيان بېقىشتا تۇرۇپ كۈچى تېنىگە سىغماي كەتكەن كۆك ئۇچقۇر ئارقا ئاياغلىرىغا تىك تۇرۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چېچىپ بۇرالدى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئېگەر ئېغىپ ئاتنىڭ قورسىقىغا چۈشتى-دە، تاھىر يەلكىسى بىلەن يەرگە كۆپپىدە يىقىلدى.

مەمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىرقولى بىلەن ئاتنىڭ چولۋۇرىنى تۇتتى، ئىككىنچى قولى بىلەن تاھىرنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ تاھىرنى كەيپى بارلىقى ئۈچۈن يىقىلدى دەپ ئويلاپ گەپ قىلدى.

— تاھىرجان، بەگ بولۇپلا ئىچىدىغان ھۇنەر چىقاردىڭىز-دە! بۇ قورغۇرنى كۆپ ئىچمەڭ دېمىگەنمىدىم!

تاھىر يۇمشاق يەرگە يىقىلغىنى ئۈچۈن ھېچ يېرى زەخمىلەنمىدى. لېكىن چوڭ جەڭ ھارپىسىدا شۇنداق ئەخمىقانە يىقىلىشى ئۇنىڭغا بەختسىزلىك بىر پالاكەتنىڭ خەۋەرچىسىدەك تۇيۇلدى. ئۇ قەھرى بىلەن غودۇڭشىپ، مەمەتكە ئېگەرنى كۆرسەتتى.

— ئۇلاڭنى كىم بوشىتىپ قويغانىدى؟

مەمەت كېچىسى ئات دەم ئالسۇن دەپ بوشىتىپ قويغان ئۇلاڭنى ئەتىگەندە چىڭىتىپ قويمىغانلىقىنى ئەمدى بايقىدى.

— قالايمىقانچىلىقتا ئېسىمدىن چىقىپتۇ-ھە! ھەي، مەن خام

كاللا!

مەمەت ئەمدى ئۆزىگە كۈلۈپ، ئۈلاگىنى تارتىشقا باشلىدى. تاھىر ھاراقتىن خۇنۇكلەشكەن تەسەۋۋۇرىدە مەمەت ئۇنى يىقىتىپ، ئۇنى شاگىخو قىلىش ئۈچۈن ئۈلاگىنى ئاتايىن بوشىتىپ قويغاندەك كۆرۈندى. بۇرۇن ئىككىلىسى نەۋكەر بولغان مەزگىللىرىدە تاھىر بۇنداق چاقچاقلارغا كۈلۈپ كېتىۋېرەتتى. لېكىن ھازىر...

— سەن مېنىڭ بەگ بولغىنىمنى كۆرەلمەي شۇنداق قىلدىڭ! — دەپ ئۇ بىردىنلا مەمەتنى سەنلەپ تىللاشقا باشلىدى، — ماڭا ئۆلۈم تىلىگىنىڭمۇ بۇ؟

تاھىر غەزىپىدىن تىترەپ بېلىنى سىلاشتۇردى-دە، قامچىسىنى ئىزدىدى. قامچە يەردە ياتاتتى.

گۇناھ قىلغان نەۋكەرلەرنى تىللاش، ئۇرۇش بەگلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئادەت ئىدى. بۇ ئادەت تاھىرغىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر يۇققانىدى. لېكىن ئۇ ئوتتۇز يىللىق قەدىردانى مەمەتكە تېخى بىرەر نۆۋەت مۇشت كۆتۈرمىگەنىدى.

مەمەت يەردە ياتقان قامچىنى ئېلىپ تاھىرغا سۇندى:

— مەڭ، گۇناھىم ئۈچۈن قامچىلاڭ، لېكىن بۇنداق گەپلەرنى ئېيتماڭ! مەن سىزگە ئۆلۈم تىلەيدىغان كۆرەلمەسلەردىن ئەمەسمەن!

مەمەت يەنە تاھىرغا كۈلۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئالىيجاناب قىلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تاھىر:

— مۇشۇنداق كۈندە يىقىتقىنىڭ، ئۆلۈم تىلىگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى-دە، ئۇنىڭ پېشانىسى ئارىلاش بېشىغا غۇلاچلاپ مۇشت ئاتتى.

مەمەت ئۈچ-تۆت قەدەم نېرىغا ئۇچۇپ كەتتى ۋە كۆزى قاراڭغۇلىشىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى.

پېشانە سۆڭىكى تاھىرنىڭ قولىغا تاشتەك قاتتىق تەگدى. باش بارمىقى "غىرىس" قىلدى-دە، ئۆتكۈر بىر ئاغرىق مېڭىسىگىچە چىقىپ كەتتى.

"باشمالتاق سىندى-دە! — دېدى تاھىر ئىچىدە، — قىلىچ تۇتىدىغان ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقى... بۇنىڭغىمۇ مانا مۇشۇ سەۋەبچى!"

بۇ ئويدىن ئۇنىڭ غەزىپى يەنە بىر دەرىجە ئاشتى. ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشقا ئىتىلىۋاتقان مەمەتنى سول قولى بىلەنمۇ ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى.

كەينىدىن يېتىپ كەلگەن بەستلىك بىر يىگىت ئارىغا چۈشتى.

— قويۇڭ، بەگ ئاكا، بىر نەۋۋەت كەچۈرۈڭ! مەمەت ئاكا سىز ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغۇ! ئۆلگىنى مەن باشقىدىن تارتىپ بېرەي! مانا، ھازىر، ھازىر...

تاھىر ئۆلگى تارتىپ باغلانغان ئاتقا مىنگەندە قاتتىق ئاغرىۋاتقان قولىغا تىكىلىپ قارىدى. باشمالتىقى ئىششىپ كەتكەن، قىمىرلاتسا ئاغرىقىغا چىداپ بولمايتتى.

"مەندىن ئامەت كەتتى!" دەپ ئويلىدى تاھىر مۇلازىملار تۇپلىنىۋاتقان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن يىگىرمىچە ئاتلىق نەۋكەرلىرى ئارىسىدا پېشانىسى ئىششىغان، يۈزى ئاپئاق ئاقارغان مەمەتمۇ بار ئىدى. بەگ مىڭ ئۇرۇپ-ھاقارەتلىگەندىمۇ نەۋكەر ئۇنىڭ كەينىدىن قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

* * *

جەمەنە دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىن چىققان قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ زىچ سەپلىرى ئېنىق

كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇپۇقتا بىرىدىن تاقالغان بىھېساب كۆپ قوشۇننىڭ ھەر يەر-ھەر يېرىدىن ھەربىي پىللارنىڭ زور گەۋدىلىرى چوققىلارغا ئوخشاش چىقىپ تۇراتتى. ئەڭ چوڭ ئاق پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىبراھىم لادى ئەتراپىغا خۇددى دۆڭلۈك ئۈستىدىن قاراۋاتقاندەك ھەممە تەرەپنى بەھۇزۇر كۆرەتتى.

بابىر بىر-بىرىگە باغلاپ تاشلانغان ھارۋىلار كەينىدىكى دۆڭلۈكتە تۇرۇپ دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىشىنى كۈتمەكتە. ئۇنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئوغلى ھۇمايۇن مەسئۇل ئىدى. خوجاكالانبەگ، ھىندۇبەگ ئوخشاش ئەڭ سىنالغان بەگلەر بارلىق نەۋكەرلىرى بىلەن ھۇمايۇننىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن. مەركەزنى توپچىلار ۋە تۇپەڭچىلەر ئىگىلىگەن. ھەر ئىككى قاناتنىڭ ئىككى چېتىدە تولغىما ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئاتلىقلار تەييار تۇرۇپتۇ. ئىبراھىمنىڭ ھەربىي پىللار ھىمايىسىگە تايىنىپ ئۇرۇشىدىغان قوشۇنىدا پىيادىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە سەپلىرىنىڭ زىچ بولۇشى مەلۇم ئىدى. بۇنداق ھاللاردا شەيبانىخان تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن تولغىما ئۇسۇلى قولاي كېلىشىنى بابىر ياخشى بىلەتتى. ئۇمۇ شەيبانىخانغا ئوخشاش، تولغىمىغا ئاجرىتىلغان ئەسكەرلەرگە ئاتلارنىڭ ئەڭ ئۇچقۇرلىرىنى تاللاپ بەرگەنىدى.

تاھىر ئىچكى بەگلەر ۋە خاس نەۋكەرلەر بىلەن بىللە پادىشاھتىن ئارقىداراق تۇرۇپتۇ. بابىرنىڭ ئىككى يېنىنى ئالاقچى بەگلەر، ياساۋۇللار ۋە چاپارمەنلەر ئىگىلىگەن. بابىر ئۇلارغا ئىش بۇيرۇسا، ئاۋازى ئىچكى بىر كۈچ ۋە ئىشەنچ بىلەن جاراڭلاپ ئاڭلىناتتى. "شۇ ئادەمنىڭ پاناھىدا نەچچە قىرغىنچىلىقلاردىن ئامان چىقتىڭ، — دېدى تاھىر ئۆزىگە-ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — بابىر مىرزا بار ئىكەن، ساڭا ھېچنېمە بولمايدۇ".

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريا بىلەن شەھەر ئارىلىقىنى تولدۇرۇپ ۋەھىمىلىك قارا بۇلۇتقا ئوخشاپ كېلىۋاتقان ئىبراھىم لادىنىڭ قوشۇنى قارشىسىدا ھەرىكەتسىز تىك تۇرۇپ كۈتۈش ئېغىر ئىدى. كۆپچىلىك بەگ ۋە نەۋكەرلەر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقاندەك بىتاقەت بولاتتى. لېكىن بابۇر:

— ھېچكىم بۇيرۇقسىز قوزغالمىسۇن! — دەپ ھەممىنى قاتتىق تۇتۇپ تۇراتتى.

ئىبراھىم لادى بابۇرنىڭ قوزغالماستىن كۈتۈپ تۇرغىنىنى، ئىككى ئارىدا يۈزلەپ ھارۋىلاردىن ياسالغان مۇستەھكەم تام ۋە چوڭقۇر خەندەكلەر بارلىقىنى كۆردى-دە، قوشۇنىنى توختاتتى. لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، ئاساسىي زەربىنى دۈشمەنىنىڭ ئوڭ قانىتىغا بېرىش ۋە شەھەر تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. بىراق يۈز مىڭ قوشۇنغا يېڭى بۇيرۇقنى تارقىتىپ، ئۇنى شەھەر تەرەپكە بۇرىغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى.

بابۇر دەرھال مانا شۇ ۋاقىتتىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تولغىمىغا ئاجرىتىلغان ئىككى مىڭ ئاتلىق جايىدىن قوزغالدى. ئۇچقۇر ئاتلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئىككى قانىتىغا تەگمەي ئۆتتى-دە، خاتىرجەم كېلىۋاتقان ئارقىدىكى ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەرگە ھۇجۇم قىلدى.

ھومايۇن باشلىق تۆت مىڭ ئاتلىق ئوڭ تەرەپتىن دۈشمەنىنىڭ يولىنى توسۇپ چىقتى. سول قاناتمۇ جەڭگە چۈشتى. مەركەزدىكى ھارۋىلارنىڭ ئارا-ئارىسىدىن توپلار ئۈستى-ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

تۆت تەرەپتىن چاقماق تېزلىكىدە باراۋەر تەڭ قىلىنغان ھۇجۇمنى

يۇقىرىدىن كۆزىتىپ تۇرغان تاھىر بابىرنىڭ سەركەردىلىك تەجرى-
بىسىگە ئۆزىچە قايىل بولۇپ قويدى. ئۇ ھەربىي سەنئەتنى پەقەت
دوستلىرىدىن ئەمەس، دۈشمەنلىرىدىنمۇ ئۆگەنگەنىدى. بابىر توپ
ۋە مىلتىق ئىشلىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىرىنچى قېتىم ئىتتىپاقداش شاھ
ئىسمائىلغا قاراپ ئۆگەنگەن بولسا، تولغىما ئىشلىتىشتە ئەشەددىي
دۈشمىنى شەيبانىخان ۋە ئەبەيدۇللا خاننىڭ تەجرىبىسىنى ئۆزلەش-
تۈرگەنىدى. ئۇ ئاچچىق مەغلۇبىيەتلەر جەريانىدا ئاشۇرغان بارلىق
ھەربىي تەجرىبىلىرىنى بۈگۈن گويا يالغۇز بىر مۇشتقا تۈگۈپ،
مەيدانغا ئۇستىلىق بىلەن تاشلاندى-دە، تەشەببۇسنى دەرھال
قولغا ئالدى.

بابىرنىڭ پۈتۈن پىلانى — دۈشمەن قوشۇنىنى تۆت تەرەپتىن
ئوراپ ئېلىشقا ۋە قاناتلىرىنى ئىچكىرىگە قايرىپ تاشلاشقا قارىتىلغا-
نىدى. لېكىن ئوراپ ئېلىنغان دۈشمەن بابىر قوشۇنىغا نىسبەتەن
يەتتە-سەككىز باراۋەر كۆپ ئىدى، ئۇچقۇر ئاتلار ھەيۋەتلىك پىللار-
نىڭ بىر زەربىسىدىنلا مۇللاق ئېتىپ يىقىلىپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن
ئىبراھىم لادى ئەسكەرلىرى بىردەم ئوڭدا، بىردەم سولدا بابىرنىڭ
قورشاۋىنى يېرىپ چىقاتتى. بابىر يېنىدا تۇرغان ئالاقچى بەگلەر ۋە
ياساۋۇللارنى كەينى-كەينىدىن جەڭ مەيدانىغا چاپتۇراتتى، دۈشمەن-
نىڭ كۈچى ئۇستۇن كېلىشكە باشلىغان قاناتلارغا مەركەزدىن ياردەم
ئەۋەتەتتى. ئۇ مەركەزنى دۈشمەنگە ئاتايىن ئوچۇق قالدۇرماقتا ئىدى،
چۈنكى تېخى ھەرىكەتسىز تۇرغان ھارۋىلار ۋە توپەڭلەر مەركەزگە
قويۇلغانىدى.

ئىككى تەرەپتىن ۋە ئارقىدىن ئۈستى-ئۈستىگە زەربە بېرىلىۋەر-
گەندىن كېيىن ئىبراھىم لادىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ۋە ھەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىللىرى مەركەزگە تاشلاندى. شۇ چاغدا بابىر ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى ئاستىدىكى ياغاچلارنى ئېلىشنى بۇيرۇدى.

يەتتە يۈز ھارۋا جايىدىن قوزغىلىپ دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقتى. ھارۋىلار ئۈستىدىن توپلار، ئارا-ئارىدىن بولسا تۈپەڭلەر يېقىن كېلىپ قالغان دۈشمەنگە ئوق ئېتىشقا باشلىدى. توپلارنىڭ گۈمبۈرلىشى، مىلتىقلارنىڭ گۈپۈلدىشى، دورا تۈتۈنى، ھەرقانداق قالقاننى تېشىپ ئۆتىدىغان ئوتلۇق ئوقلارنىڭ زەربىسى — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھېساب ھارۋىلار شەكلىگە كىرىپ ئۆزلۈكىدىن يۈرۈپ كېلىۋاتقىنى دۈشمەن قوشۇنىنى دەھشەتكە كەلتۈردى. پىللار يارىدار بولۇپ ھۈركىرەشكە باشلىدى. پىلچىلارنىڭ جان-ئىمانى چىقىپ، پىللارنى ئارقىغا بۇراشتى. ئارقىدا بولسا مىغ-مىغ ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇر-يىقىت باشلاندى، يارىلىنىپ قوتۇرىغان پىللار ئاتلىقلارنى يىقىتىپ، پىيادىلەرنى بېسىپ، يانجىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

توپلار ۋە مىلتىقلار داۋاملىق ئوق ئاتماقتا. توپ ئوقى تەگكەن پىللاردىن بىرقانچىسى پىيادىلەرنىڭ ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاتلار ۋە پىللار ئۆزلىرىنى توختىتالماستىن ئېغىناپ ياتقان پىللارغا سۈرۈنۈپ يىقىلاتتى. كەينى-كەينىدىن بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ سۈرۈپ كەلگەنلىرى ئالدىدا يىقىلغانلارنىڭ ئۈستىگە غۇلىشاتتى ۋە ئۆتۈپ بولمايدىغان توسالغۇغا ئايلىناتتى.

بۇ قىيامەت ئۇر-يىقىتلاردىن قېچىپ قوتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپقان پىلچىلار ۋە ئاتلىقلار جان-جەھلى بىلەن قېچىشقا چۈشتى. ئارقىدا تولغىما ئىشلەتكەن ئاتلىقلارنىڭ سېپى ئازىراق شالاڭلىشىپ قالغانىدى. پىللار بۇ سەپنى بىرپەستىلا يېرىپ ئۆتتى-دە، دېھلى

تەرەپكە ئىنتىلدى.

دۆڭلۈك ئۈستىدىن بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغان بابىر:

— دۈشمەن دېھلىنى بېكىتمەكچى! — دېدى ۋە ئالاقىچى بەگلىرى تۇرىدىغان ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈلدى. بىراق ئالاقىچى بەگلەر، چاپارمەنلەرۋە ياساۋۇللار ھەممىسى كەينى-كەينىدىن جەڭ مەيدانىغا مەخسۇس تاپشۇرۇقلار بىلەن ئەۋەتىلگىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلگەندۇ ياكى يارىلانغاندۇ، جەڭ بۇنىڭسىز بولمايدۇ. بابىر ئېتىنى بۇراپ، ئىچكى بەگلىرى ۋە نەۋكەرلىرى تەرەپكە يۈزلەندى. شۇنىڭدا ئۇنىڭ كۆزى تاھىرغا چۈشتى. تاھىر مەخسۇس پەرمانلارنى ھەمىشە ياخشى ئادا قىلىپ كەلگىنىنى ئەسلىدى:

— تاھىربەگ، ئىبراھىم لادى قاچتىمۇ ياكى جەڭ مەيدانىدا قالدىمۇ، شۇنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر قاچقان بولسا خاس زاپاس كۆچتىن قوغلىغۇچىلار ئەۋەتىمىز.

تاھىر توپا-چاڭغا پۈركىنىپ جەھەننەم بولۇپ ياتقان جەڭ مەيدانىغا كۆزى پىلدىرلاپ قارىدى-دە، سۇنغان باشمالتىقىنى ئەسلەپ، ئاۋازى تىترەپ دېدى:

— بېشىم بىلەن، ھەزرىتىم!

شۇ مەزگىلدە جەڭ بولۇۋاتقان تەرەپتىن پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئۆزەڭگىسىدىن قان سارقىپ ئېقىۋاتقان بىر ياساۋۇل ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

— ھەزرىتىم، زەپەر بىزنىڭكى! — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — دۈشمەن قاچتى!

— ئىبراھىممۇ قاچتىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

— قاچقان پىللار ئارىسىدا ئىبراھىمنىڭ ئاق پىلىنى كۆردۈم! قاچتى!

— بولمىسا دەرھال ئىزىغا چۈشۈش كېرەك! تاھىربەگ، سىز توختاڭ! جاناب قاسىمتاي مىرزا!

— لەببەي، ھەزرىتىم! — دەپ قىرىق ياشلاردىكى نارغۇلبەگ سەپتىن ئالدىغا چىقتى. تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ بەگنىڭ ئۇلۇغبەگ مىرزىغا سىراق قېرىنداشلىقى بار ئىدى. ئۇ ئون بەش يىلدىن بۇيان بابىر ھۇزۇرىدا خىزمەتتە ئىدى.

— ئەگەر ئىبراھىم لادى دېھلى ياكى ئەگرەگە يېتىپ، بۇ قەلئەلەرنى ئىشغال قىلسا، ئۇرۇش ۋە مۇھاسىرە قايتىدىن باشلىنىدۇ، — دېدى بابىر قاسىمتاي مىرزىغا، — ھالبۇكى، بىز دېھلى بىلەن ئەگرەنى جەڭسىز ئېلىش ئۈمىدىدىمىز . دۈشمەننىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى ئەمدى بىر تەرەپ بولدى. جاناب قاسىمتاي زاپاس كۈچتىن مىڭ كىشىنى ئېلىڭ. بەگلەردىن پاپا چۇھرە... تاھىربەگ، نەۋكەرلىرى بىلەن... ئىبراھىمنى قوغلاڭلار. ئەگەر دېھلىدە توختىماي يەنە قاچسا، ئەگرەگىچە كەينىدىن قالماڭلار. بۇ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلسۇن. كەينىڭلاردىن بىزمۇ ئىزمۇئىز يېتىپ بارىمىز!

— پەرمانى ئالىيغا جېنىمىز پىدا! — دېدى قاسىمتاي مىرزا.

— سىز بىزنىڭ ئىلغارىمىزسىز. سىزگە خۇدا يار بولسۇن! يېڭىڭ، يېڭىلمەڭ!

— ئامىن!

مۇشۇنداق غالىبانە جەڭدە ئىلغار سەپتە بولۇش تاھىرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى-دە، سۇنغان باشمالتىقنىڭ ئاغرىقىمۇ سېزىلمەي قالدى. ئۇ نەۋكەرلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، جەڭ مەيدانىغا ھەممىدىن بۇرۇن

كىرىپ كەلدى.

كۈن تىك چۈش بولغان، ھاۋا ئىسسىق. چېكىنىۋاتقان دۈشمەن بەش-ئالتە بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بەزىلىرىنى ھۇمايۇننىڭ ئادەملىرى، بەزىلىرىنى خوجاكالانبەگنىڭ نەۋكەرلىرى قوغلىماقتا. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئەتىگەندىن بۇ يان ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ چارچاپ قالغان. تاھىرلارنىڭ زاپاستا دەم ئېلىپ تۇرغان ئاتلىرى جەڭدىن ئېلىقىپ قالغان ئاتلاردىن ئۆتۈپ، دۈشمەنگە بىردەمدىلا يېتىۋالدى.

يېڭىلگەن قوشۇن بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ قېچىۋاتقان بىلىسمۇ كۆچى خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكى تاھىرغا يېقىن بارغاندا بىلىندى. ھەربىر توپتا يەتتە مىڭ-سەككىز مىڭ كېلىدىغان قوشۇن. ئۇلارغا نىسبەتەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ توپى ناھايىتى كىچىك. دۈشمەننىڭ ھەربىر توپىدا قاتار-قاتار پىللار كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق پىل يوق. بەلكى ئىبراھىم پىلدىن چۈشۈپ، ئات مىنىپ كېتىۋاتقاندۇ؟

قاسىمتاي بىلەن تاھىر ئۆزئارا مەسلىھەتلەشتى-دە، دۈشمەننىڭ كىچىكرەك كۆرۈنگەن بىر توپىنى ئىككى ياندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئالدىدىن توسۇپ چىقىشتى ۋە بىر سۈرۈك پىلنى ئىگىلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىبراھىم لادى يوق ئىدى.

قاسىمتاي پىلچىلارنى ھىند تەرجىمان ئارقىلىق سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— ئېيىت، ئىبراھىم لادىننىڭ قايسى توپتا كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەتسەڭ، ھەممىڭنى ئازاد قىلىمەن!

پىلچىلاردىن بىرى ئارقىدا قالغان جەڭ مەيدانىنى كۆرسىتىپ، دۇدۇقلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

— ئىبراھىم مىنگەن پىل يارىلىنىپ يىقىلغان ئىمىش، ئۇنىڭ

ئۆزى ئۆلگەن ئىمىش، — دېدى تەرجىمان.

لېكىن قاسىمتاي بۇنىڭغا ئىشەنمىدى:

— بىزنىڭ ئادەملەر ئىبراھىمنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن. سورا، راستىنى ئېيتسۇن، بولمىسا كاللىسى كېسىلىدۇ!

بىرىنچى پىلچى يەنە ئاۋۋالقى گېپىنى تەكرارلىدى. راستىنلا ئىبراھىم جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەنىدى. لېكىن قاسىمتاي پىلچىنىڭ گېپىدىن كۆرە بايا بابىرغا خەۋەر بەرگەن ياساۋۇلنىڭ گېپىگە كۆپرەك ئىشىنەتتى. قاسىمتاي قىستاۋەرگەندىن كېيىن باشقا بىر پىلچى تەخمىن بىلەن ئىبراھىمنىڭ دەريا بويلاپ كېتىۋاتقان چوڭ توپتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۈچىنچى بىر پىلچى ئوڭ تەرەپتە كېتىۋاتقان توپنى كۆرسەتتى.

قاسىمتاي ھەممە پىلچىلارنى پىللىرى بىلەن بىللە مەخسۇس نەۋكەرلەرگە تاپشۇرۇپ، بابىرنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتتى. كېيىن دەريا بويلاپ چېكىنىۋاتقان توپنىڭ كەينىگە چۈشتى. بۇ توپتا پىل مىنگەن، ئات مىنگەن ۋە لادى قوشۇنىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار قىسمى ھېسابلىنىدىغان رەجپۇتلار كۆپ ئىدى. قاسىمتاي دەريا تەرەپتە، بابابەگ بىلەن تاھىر ئوڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى توسۇپ چىقىشتى. رەجپۇتلار قوغلاۋاتقانلارنىڭ نىسبەتەن ئاز ئىكەنلىكىنى كۆردى، يالىرىغا ئوق سېلىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ، دادىل جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

تاھىر ياغا ئوق سېلىپ ئېتىۋاتقاندا سۇنغان بارمىقىنىڭ جانسىزلىنىپ، ئىشلىمەي قالغانلىقىنى سەزدى. ئوقنىڭ ئۈچىنى باشقا بىر بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ، يانى تارتىپ ئاتتى. ئوق قىلىچ يالىڭاچلاپ كېلىۋاتقان قارا بىر ئادەمنىڭ كۆزى ئارىلاش يۈزىگە تەگدى. ئوق يېگەن رەجپۇت بىر قولى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللاپ، ئاتتىن يىقىلىپ

چۈشتى. بۇ ئارىدا پالۋانسىمان بىر رەجپۇت تاھىرغا يېقىن كېلىپ قالدى. تاھىر ياغا قايتا ئوق سېلىشقا ئۈلگۈرمەسلىكىنى سەزدى-دە، قىلىچىنى سۇغۇردى. رەجپۇت پالۋانى ئاللە ئۆتكۈر تىغى بار چەكرە دېگەن قورالىنى كۆتۈردى. تاھىر ئۇنىڭ چەكرە تۇتقان قولىغا قاراپ قىلىچ ئۇردى. قىلىچ چەكرەگە جاڭ قىلىپ تەگكەندە تاھىر-نىڭ سۇنغان باشمالتىقىدىن بەدىنىگە شۇنداق ئاغرىق تارقالدىكى، ۋۇجۇدى سىرقىراپ كەتتى. ئىششىپ كەتكەن باشمالتاق قىلىچنىڭ دەستىسىنى قولىدىن قانداق چىقىرىۋەتكىنىنى بىلمەيتتى. پەقەت قىلىچ يەرگە قاڭقىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ، بېلىدىن خەنجىرىنى ئالماقچى بولدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. ئاللە تىغلىق ئۆتكۈر چەكرە ئۇنىڭ بوينى ۋە ئوڭ يەلكىسىگە شۇنداق بىر كۈچ بىلەن ئۇرۇلدى-كى، يەلكىسىدىن ئېڭىكىگىچە ھەممە يېرىنى قىيمىلاپ تاشلىغاندەك تۇيۇلدى، تاھىر كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ئاتنىڭ يالى ئۈستىگە كۆكسى بىلەن چۈشكەندە چەكرەنىڭ يەنە بىر زەربىسى ئۇنىڭ ساۋۇتى ئۈستىگە قارسىلداپ ئۇرۇلدى. تاھىر دەھشەتلىك ئاغرىق ئىچىدە: "ئەمدى بۇ مېنى ئاتتىن يىقىتمىغۇچە قويمايدۇ!" دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاتتىن يىقىلسا جەستى تۇياقلار ئاستىدا قانداق مىجىقلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدى-دە، "چاپسانراق ھوشۇمدىن كەتسەم ئىدى!" دېدى.

شۇ مەزگىلدە مەممەت يېتىپ كېلىپ، دەستىسى ئۇزۇن ئايپالتىنى چەكرە كۆتۈرگەن رەجپۇتنىڭ قولىغا ئۇردى. چەكرە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەممەت قانىغا مىلىنىپ، ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان تاھىرنى تېز ئۆڭكۈرۈپ ئالدى-دە، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3

دېھلىگە ئاتىسىدىن بۇرۇن كىرىپ كەلگەن ھۇمايۇن جەمنە دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى قىزىل تاملىق چوڭ قەلئەنى جەڭسىز ئىگىلىدى. ئىبراھىم لادىنىڭ قەلئەدىكى خەزىنىلىرىنى پېچەتلەپ، ئىشەنچلىك پاسبانلارغا تاپشۇردى-دە، ئۈچ يۈزچە خاس نەۋكىرى بىلەن شەھەرنى ئايلىنىشقا چىقتى.

ئاندا-مۇندا ئۇچرايدىغان ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېھلى — يېشىل بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان ۋە چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان چوڭ شەھەر ئىدى. زىچ جايلاشقان ئۆيلەر، مەھەللە كوچىلار بېھىساب، لېكىن كوچىلاردا ئادەم كەم، يات ئىشغالىيەتچىلەردىن چۆچۈپ، ئۆيلىرىدىن چىقماي ئولتۇرغانلار كۆپ.

ھۇمايۇن قايسى كوچىدىن ئۆتمىسۇن، ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقىدىن، تاملارنىڭ تۆپىسىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغان ئوتلىغان كۆزلەرنى كۆردى.

مۇقەددەس دەريا ھېسابلانغان جەمنە بويىدا توپ-توپ ئادەملەر دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۆلۈكلەرنى پۇراقلىق ئۈسۈملۈك مېيى چېچىلغان ئوتۇنلار ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرەتتى-دە، كۈلىنى ئاستا دەرياغا ئاققۇزاتتى. ئۇ دۇنياغا ئائىد بۇ ئىش بىلەن بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرىگە، ھەتتا شەھەرنى ئىگىلەۋاتقان يات قوشۇنغىمۇ ئارتۇق دەرىجىدە ئېتىبار بەرمەسلىككە تىرىشاتتى.

چارسۇ بازىرىدا بىلەكلىرىگە ۋە بويۇنلىرىغا دەستە-دەستە گۈل ئاسقان يالاڭئاياق بالىلار، ئاياللار كۆرۈنەتتى، ھەتتا چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان بەزىبىر قېرىلارمۇ بىلەكلىرىگە قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك

گۈلدەستىلەر سىلىنىۋېلىشقانىدى.

— بۇ چەندنى چائوك بازىرى، — دەپ ئىزاھ بەردى ھۇمايۇننىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ھىندۇبەگ، — مەنىسى ئايدىڭ چارسۇ دېگەن بولىدۇ.

— بۈگۈن ھېيتمۇ، گۈل كۆپ؟ — سورىدى ھۇمايۇن.

— ھە، باھاردىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ چىققىنىنى قۇتلۇقلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ھېيت. ھىندىستاندا ھېيت كۆپ. بىرەر ئاي ھېيتسىز ئۆتمەيدۇ.

— ئاجايىپ خەلق ! — دېدى ھۇمايۇن ئويچان كۈلۈمسىرەپ.

كونا بىر قەسىرنىڭ ئۆگزە ۋە تاملىرى ئۈستىدە ئاياغ-قوللىرى ئۇزۇن مايمۇنلار بىمالال سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. يۈزلىرى، قوللىرى قارا، قورساقلىرى سارغۇچ، باشقا ھەممە جايلىرى ئېقىش كۈل رەڭ. كىچىك مايمۇن باللىرى ئۆگزىدىن بەنيەن ۋە نىم دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىغا سەكرەپ ئۆتۈشەتتى، بىر-بىرى بىلەن قوغلىشىپ، دەرەخ-تىن يەرگىمۇ چۈشەتتى. قەسىرنىڭ ئىچ-تېشىدا ئادەملەر يۈرۈپتۇ، لېكىن مايمۇنلار بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق.

ھۇمايۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان يۈزبېشىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئوۋچىلىق ھەۋىسى بىلەن چاقناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يانى قولىغا ئېلىنىۋاتقىنىنى كۆرگەن ھىندۇبەگ:

— مايمۇننىڭ ئۇۋالى يامان بولىدۇ، — دېدى، — بۇنى ئۇۋلىغان ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

ھۇمايۇننىڭ ئوڭ يېنىدا كېتىۋاتقان خوجاكالانبەگ كۈلۈپ سورىدى:

— كاللىمۇ شۇنداق ئەتىۋارلىشىمىز كېرەكمۇ، جاناب ھىندۇبەگ؟

— نېمىكى تاڭسىق بولسا، ئەلگە ئەزىز كۆرۈنىدۇ، — دېدى ھىندۇبەگ، — بۇ يەرنىڭ ئىسسىق ئىقلىمىدا كالا ئاسراش ئاسان ئەمەس.

— ھەر ھالدا، — دەپ ھۇمايۇن ھىندۇبەگكە يان باستى، — ھىند خەلقىنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئۆدۈملىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراش-ۇن، ئەل-ئۇلۇسنىڭ نەپسانىيىتىگە تېگىدىغان ھەرىكەت سادىر بولمىسۇن، دەپ پادىشاھ ھەزرەتلىرى مەخسۇس پەرمان چىقاردى.

خوجاكالانبەگ ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— ئەمىرزادەم، بۇ پەرمانى ئالىي بىز ئۈچۈن قانۇن! مەن پەقەت ھىندۇبەگ بىلەن سەل چېقىشتىم.

— بەگنىڭ ئەدەبسىزلىكى مەلۇمغۇ، — دەپ ئەمدى ھىندۇبەگمۇ خوجاكالانبەگكە چاقچاق قىلدى.

ئالدىدا ئېگىز دەرەخلەر ئارىسىدىن بوي سوزۇپ چىقىپ تۇرغان يانلىرى قىرلىق مۇنار كۆرۈندى.

— قۇتۇپ مۇنار! — دېدى ھىندۇبەگ.

ھۇمايۇن مۇنار ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى، كېيىن بەگلەر بىلەن مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. مۇناردىن يۈز قەدەمچە نېرىدا تېرەك بويى كېلىدىغان يالغۇز بىر قارا تۆمۈرۈك كۆرۈندى. تۆمۈرۈك ئەتراپىدا ئادەم كۆپ ئىدى.

— بۇ نېمىدۇ؟ — سورىدى ھۇمايۇن ھىندۇبەگدىن.

— بۇ تۆمۈرۈك پۈتۈنلەي تۆمۈردىن ياسالغان. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچ يۈز يىلدىن بۇيان بىر خىلدا تۇرغانىمىش. كىمكى تۆمۈرۈكنى قۇچاقلاپ، قولىنى بىر-بىرىگە تەگكۈزەلىسە، ئويلىغان مۇرادى ھاسىل بولار ئىمىش.

مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنى سالماقلىق تۇتۇپ كېلىۋاتقان ھۇمايۇن ئەمدى ئۆسمۈرلەرچە بىر قىزىقىش بىلەن:

— قېنى كۆرەيلى! — دېدى ۋە تولغان گەۋدىسىگە ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

تۆمۈر تۈۋرۈك ئەتراپىدىكى ئادەملەر شاھزادىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى.

— جاناب ھىندۇبەگ، قېنى تۈۋرۈكنى قانداق قۇچاقلاش كېرەك؟

تۈۋرۈكنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋىنى قارىيىپ كەتكەن. پەقەت ئوتتۇرىسى — بىھېساب ئادەملەرنىڭ قول ۋە يەلكىلىرى تەگكەن جاي ئاپئاق بولۇپ، مېتالى يالتىراپ چىقىپ تۇراتتى.

ھىندۇبەگ تۈۋرۈككە تەتۈرىسىگە تۇرۇپ، يەلكىسىنى ئۇنىڭغا تىرىدى-دە، قوللىرىنى كەينىگە سوزدى. تۈۋرۈك خېلى يوغان ئىدى. ھىندۇبەگ ئۇنى تەتۈرىسىچە قۇچاغلاپ، قولىنى بىر-بىرىگە سوزدى، لېكىن يەتكۈزەلمىدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈچەندى، بەرىبىر قولى قولىغا تەگمىدى.

بۇنى كۆرگەنلەر قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ھۇمايۇنمۇ كۈلە-كۈلە ھىندۇبەگ ئورۇندىيالمىغان ئىشنى قىلىپ كۆردى. لېكىن ئۇمۇ قولىنى قولىغا يەتكۈزەلمىدى. بەگ ۋە نەۋكەرلەردىن يەنە بەش-ئالتىسى كۈچ سىناپ كۆردى. شۇلاردىن پەقەت بىرسى — قوللىرى ئۇزۇن، ئۆزى ئورۇق سەمەرقەندلىك يىگىت — تۈۋرۈكنى تەتۈر قۇچاقلاپ، قولىنى قولىغا يەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ھۇمايۇن ئۇنىڭغا بىر سىقىم كۈمۈش تەڭگە مۇكاپات بەردى.

* * *

دېھلىدە توپ-توپ بولۇپ ئايلىنىپ يۈرگەن غالبىلار ئارىسىدا ئۇنۇملۇك ئولجا ئىزدەۋاتقانلارمۇ بارئىدى. سىند دەرياسىنىڭ بويىدىن بابىرنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ كەلگەن يارھۇسەينبەگ ئىلگىرى خەيبەر داۋىنىنىڭ جەنۇبىدا يول توسىدىغان قاراقچىلاردىن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ نەۋكەرلىرى شەھەر چېتىدىكى بىر ئىبادەتخانىغا كىرىشىپ، ھىندىلار سېغىنىدىغان خۇدالارنىڭ ھەيكەللىرىگە ئورنىتىلغان قىممەت باھا تاشلارنى قومۇرۇپ ئېلىشقا چۈشتى.

تاملىرى ئاق سارغۇچ مەرمەردىن ئىشلەنگەن ئىبادەتخانىدا قېرى بىر بەرەھمەن① كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بۇددانىڭ چوڭ تاش ھەيكىلىدىن نىجات سورىماقتا. ئىبادەتكە كەلگەن ئاياللار، بوۋايلار، ئۆسمۈلەر خۇدالىرى ئالدىدا باش ئېگىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ.

يارھۇسەينبەگنىڭ نەۋكەرلىرى بولسا تۆت قوللۇق خۇدا - شىۋەنىڭ ئېگىز ھەيكىلىگە شوتا قويۇپ چىقىشقان. خۇدانىڭ پېشانىسىگە چوڭ قىزىل خالغا ئوخشىتىپ ئورنىتىلغان ياقۇتنى خەنجەر بىلەن كوۋلاپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇشاتتى.

شۇ ھادىسىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان ھۇمايۇن شوتىدىكى نەۋكەرگە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى نامىدىن بۇيرۇيمەن. ھەيكەلگە تەگمە! چۈش پەسكە!

يارھۇسەينبەگ قاراڭغۇراق ئىبادەتخانا ئىچىدە ھۇمايۇننى ئاۋۋال تونىمىدى:

---

① بەرەھمەن — ھىندىلارنىڭ روھانىيسى

— كاپىرلارنىڭ ھەيكىلىنى ھىمايە قىلىدىغان پادىشاھ ئۆزەڭگە! — دېدى-دە، شوتىدىكى نەۋكەرگە بۇيرۇدى:

— ئېلىۋەر!

نەۋكەر خەنجىرى بىلەن ھەيكەلنىڭ پېشانىسىنى كوۋلاشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ چاغدا ھۇمايۇن ئاتقان يائوقى ئۇنىڭ بىلىكىگە تەگدى. خەنجەر يەرگە چۇشۇپ كەتتى. نەۋكەر بىلىكىنى چاڭگاللىغىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى.

يارھۇسەينبەگ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ:

— كىم ئۇ؟ — دەپ ھۆركىرىدى-دە، ھۇمايۇن تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى.

ھىندۇبەگمۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدىغا چىقتى:

— سىز يارھۇسەينبەگ بولسىڭىز بۇ ئالىي زات بابىر پادىشاھنىڭ ئوغلى مىرزا ھۇمايۇن!

يارھۇسەينبەگ بۇ گەپكە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ھۇمايۇنغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ تىكىلدى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ھۇمايۇننىڭ ئۇستىدىكى قىزىل رەڭلىك تونىنى تونۇدى. ياقىلىرىغا دۇرلار قادالغان بۇ تون بابىرنىڭ ئىدى. ھۇمايۇن پەنىپەت جېڭى ھارپىسىدا ئىبراھىم لادىنىڭ ھەمدىسخان دېگەن لەشكەربېشى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يەڭگەن، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ كەلگەنىدى. بابىر ئوغلىنىڭ بۇ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇستىدىكى شاھانە تونىنى ئوغلىغا كىيدۈرگەن، بۇنى ھەممە بەگلەر شۇ جۇملىدىن، يارھۇسەينبەگمۇ كۆرگەنىدى. ئاشۇ تون ھازىرمۇ ھۇمايۇننىڭ ئۇچىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە گەۋدىسىگە بىرئاز چوڭ كېلىپ، يەڭلىرى ئېسىلىپراق تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىرزادەم، مەن سىزنى تونۇماپتىمەن! — يارھۇسەيىنبەگ قولىدا قىلىچى بىلەن بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— قىلىچنى تاپشۇرۇڭ؟ — بۇيرۇدى ھۇمايۇن.

— ئەمىرزادەم، مەن ھەزرەت ئاتىڭىزغا سادىق خىزمەت قىلغان بەگلەردىنمەن!

— ئىبادەتخانىدا قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچنى مەن پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇشۇم كېرەك! — دېدى ھۇمايۇن، — سىز يول توسۇشتىن توۋا قىلىپ، ھەزرىتى ئالىينىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ئىكەنسىز. بۈگۈن يەنە بۇلاڭچىلىق كوچىسىغا قايتىپسىز. پادىشاھ ھەزرەتلىرى زىيارەتخانىلاردا قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت سادىر بولمىسۇن دەپ بۇيرۇغان ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك پەسلىك قىلدىڭىز، بەگ؟ دۈشمەن خەزىنىلىرىدىن بارلىق جەڭچىلەر ئۆز ئۈلۈشلىرىنى ئالدۇ! بۇ خەزىنە سىزگىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ! ئىبرا-ھىم لادىنىڭ ئادەملىرى شۇ ھەيكەلنىڭ پېشانىسىدىكى ياقۇتقا تەگمىگەن ئىكەن، ئۇلار قىلمىغان پەسكەشلىكنى قىلىش بىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئېلىڭ قىلىچنى! مانا بۇ ناكەس يىگىتلەرنى تۇتۇپ، ھەپسىگە ئاپىرىڭ! باشقا يىگىتلىرىمىزگە ئىبرەت بولسۇن!

خاس نەۋكەرلەر بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ھۇمايۇن ھىندۇبەگكە بەرەھمەننى ۋە ئۇنىڭ قوۋملىرىنى كۆرسەتتى-دە:

— جاناب بەگ، پادىشاھ ھەززەتلىرى بىزگە تاپشۇرغان گەپلەرنى بۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ، — دېدى، — بۇلارنىڭ دىنى باشقا. لېكىن بىز بارلىق غەيرىي دىندىكىلەرنى بىر خۇدانىڭ بەندى-لىرى دەپ بىلىمىز. بىز ھىندىستانغا ياخشى نىيەتلەر بىلەن كەلدۇق. بۇ ئۇلۇغۋار ئۆلكىنى ھىندىلار بىلەن بىللە ئاۋات قىلماق-

چىمىز. كىمكى بىزگە ھەمكار بولسا، ھەمكارلىق قىلىمىز!

ھىندۇبەگ تەرجىمە قىلغان بۇ سۆزلەرنى بەرھەمەن ۋە ئۇنىڭ قوۋملىرى باش لىڭشىتىپ، تەزىم قىلىپ ئاڭلاشتى. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا بەرھەمەن يەنە بۇددانىڭ ھەيكىلى ئالدىغا ئىبادەتكە كىلىپ، پۈتۈن مىننەتدار-چىلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا باشلىدى. مۇقەددەس ياقۇتنى ئالماقچى بولغان ناكەسنىڭ قولىغا ئوق يەپ جازالىنىشى بۇددانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغىنىغا بەرھەمەن ئۆز قوۋملىرىنى ئىشەندۈرۈشى زۆرۈر ئىدى.

## 4

يىراق سىر دەريا ساھەلىرىدە لالە ئەمدى يوپۇرماق چىقىرىدىغان سالقىن ھەمەل ئېيىدا جەمنە بويلىرى خۇددى تومۇز مەزگىلىدىكىدەك ئىسسىق ئىدى. كۈن بويى ئاپتاپتا ئاتلىق يۈرۈپ بەدىنى مىستەك قىزىپ كەتكەن بابىر كەچتە سالقىنراق جاي ئىزدەپ جەمنە دەرياسى-نىڭ بويىغا كەلدى.

كۈننىڭ ئىسسىقىدىن تاشقىرى پىشىندىن كېيىن ئىچىلگەن ھاراقنىڭ ھارارىتىمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى ياندۇرماقتا ئىدى. كابۇلدا كۆپ ئىچىپ ئۆگەنگەن بەگلەر پەنىپەتتىكى غەلىبە شەرىپىگە ھەر كۈنى بىر-ئىككى جايدا زىياپەت بېرىشىپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىشاتتى. ئىسسىق ۋە ناھايىتى نەم ھاۋادا ئۈستى-ئۈستىگە ئىچىلىۋاتقان مەي ۋە ھاراقلار بابىرنىڭ يۈرىكىنى بىسەرەمجان قىلىپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋېتەتتى. كۆپ ئىچىپ ياتقان كۈنلىرى ئەتىگەندە تۇرۇپ يۆتەلسە، بەلغەمگە گاھى قان ئارىلىشىپ چىقاتتى. بۇنى كۆرگەن

ھىراتلىق خاس تېۋىپ يۈسۈپىي:

— ھەزرىتىم، ئۆتۈنىمەن، ئىچكۈلۈكنى تاشلاڭ! — دەپ يېلىناتتى.

بابىرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيقۇسىز بىئارام بولۇپ ياتقان كېچىلىرى "ئەمدى تاشلىمىسام بولماس"، دەيتتى. لېكىن كۈندۈزى بىرەر تەشۋىشتىن كۆڭلى رەنجىسە ياكى ئەكسىچە كەيپىنى چاغ قىلىدىغان ياخشى ۋەقە يۈز بەرسە، يەنە ئىچكۈسى كېلىپ قالاتتى. خۇسۇسەن، بىرىنجى قەدەھلەرنى ئىچىپ، كەيپى ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان پەيتلەردە بەگلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىچكۈلۈك مەجلىسكە تەكلىپ قىلىشسا، ئاسانلىقچە رازىلىق بېرىپ قوياتتى. بۈگۈن چۈشتىكى ئولتۇرۇشتىمۇ خۇددى شۇنداق بولغان، "كېچىسى كېمىدە بەزمە قىلارمىز" دەپ بەگلەرنى ئۆزى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانىدى.

ھالبۇكى چۈشتە ئىچىلگەن مەينىڭ تەسىرى تېخىچە تارقالماستىن پۈتۈن ئەزايىنى بوشاشتۇرماقتا ئىدى.

بابىر مۇلازىملىرى ۋە خاس نەۋكەرلىرى بىلەن جەمنەگە يېقىنلاشقاندا دەريا بويىدىكى كۆكۈلمەيداندا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقان بەرەھمەنلەر، ئاياللار بولۇپ ياش-قېرى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى كۆردى. بابىر دەپنە مۇراسىمىنى يېقىنراقتىن كۆزەتمەكچى بولدى-دە، ئېتىنى ئاشۇ تەرەپكە بۇرىدى.

پەنىپەتتىكى جەڭنىڭ دەھشەتلىك تەپسىلاتلىرىنى ئاڭلىغان ئادەملەر ئاتلىقلاردىن قورقۇپ، مۇراسىمنى بۇزۇپ قېچىشقا باشلىدى. بابىر يېقىن بارغاندا كۆيدۈرۈشكە تەييارلاپ قويۇلغان ئۆلۈك ئالدىدا بىر ھازىدار كېلىنچەك، قېرى ئايال ۋە مۇكچەيگەن بىر بەرەھمەن بوۋاي قالغانىدى. ئوتۇن ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان

جەسەتنىڭ پېشانىسى ئارىلاش يۈزىدە چوڭقۇر قىلىچ يارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ — بابىرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ھالاك بولغان باتۇر رەجپۇت يىگىتلىرىدىن ئىدى. بابىر چاچلىرى يېيىلىپ يەلكىسىگە چۈشكەن گۈزەل كېلىنچەككە قارىدى-دە، ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ ئۆلۈم ئالامىتىنى كۆردى. كېلىنچەك شۇ جەڭچىنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۆرپ-ئادەتكە بىنائەن، كېلىنچەك ئۆمۈرۋايەت تۇل ئۆتۈشى ياكى ئېرىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. قېرى بەرەھمەن جەسەتنىڭ تەكتىدىكى ئوتۇنلارغا بىردىنلا ئوت قويۇۋەتتى. مەخسۇس ماي چېچىلغان ئوتۇن لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى. كېلىنچەك ئوت ئىچىدە قالغان جەسەتكە قاراپ بىر تەلپۈندى-دە، كېيىن قورقۇپ كەينىگە چېكىندى.

بابىر ھىندۇبەگكە يۈزلەندى:

— ئەجەبا، مۇشۇنداق گۈزەل كېلىنچەك ئۆزىنى ئوتقا تاشلىسا! بۇ نېمىدېگەن جاھالەت؟ بەرەھمەنگە مېنىڭ نامىمدىن بۇيرۇڭ! كېلىنچەكنى ئېلىپ كەتسۇن!

ھىندۇبەگ ئېتىنى چۇھ-چۇھلاپ، ئوت ئالدىدىكى بەرەھمەنگە يېقىن باردى-دە، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ھىندىچىلاپ ئېيتتى.

كېلىنچەك بابىرغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئۆز تىلىدا:

— ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ پادىشاھى شۇمۇ؟ — دېدى-دە، ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئېرىمنى نېمىگە ئۆلتۈرگۈزدۈڭ؟! نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ قولۇڭدىن كەلسە ئېرىمنى تىرىلدۈرۈپ بەر! ئۇنىڭدا مەنمۇ تىرىك قالىمەن!

ھىندۇبەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بابىرغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋېتىپ:

— ھوشى جايىدا ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تۈتۇك، تۈتۇك، ئوتقا ئۆزىنى تاشلىمىسۇن.

ھىندۇبەگ ئات ئۇستىدىن كېلىنچەك تەرەپكە ئىنتىلىپ، ئۇنى ئۆتكۈرۈپ ئالماقچى بولدى. ئەمما كېلىنچەك:

— كەت، باسقۇنچى! كەت! يۇرتۇڭغا كەت! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، ئۆزىنى بىردىنلا ئوتقا ئاتتى ۋە ئېرىنىڭ كۆيۈۋاتقان جەسىتىنى قۇچاقلىۋالدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت دەرھال كېلىنچەكنىڭ يىپەك كىيىملىرىگە ۋە يەلكىسىدە يېيىلىپ ياتقان چاچلىرىغا تۇتاشتى. بابىر ئۇنىڭ ئوت ئىچىدە ئاغرىقتىن چىرقىراۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى، شۇنىڭدىمۇ جەسەتنى قۇچىقىدىن قويمايۋاتقىنىنى كۆردى-دە، تىترەك بېسىپ ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى.

* * *

جەمنەنىڭ تىنچ بىر قولتۇقىدا ئىككى قەۋەتلىك كېمە بابىرغا ساقلاپ تۇراتتى. كېمىنىڭ تۆۋەن قەۋىتىدە باكاۋۇل ۋە سەۋدەرلەر كەچلىك زىياپەتكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتاتتى، پادىشاھنىڭ بۈگۈن بەگلىرىنى مەي بەزمىسىگە تەكلىپ قىلغىنى ئۇلارغا ئاللىقاچان يەتكۈزۈلگەنىدى.

بىراق بابىر كېمىگە غەمكىن چىراي بىلەن چىقىپ كەلدى-دە، بەزمىنى ئەتىگە قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. كېيىن يالغۇز ئۆزى كېمىنىڭ شىپاڭغا ئوخشاش بالىخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان كېلىنچەك ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. پەنىپەت جېڭىدە ئېرىشكەن غەلىبىسىدىن بابىر قانچىلىك خۇشاللانغانىدى! ئەمما بۇ جەڭ قانچىلىغان بالىلارنى يېتىم، قانچىلىغان ئاياللارنى تۇل قالدۇرغىنىنى، بۈگۈنكى كېلىنچەككە ئوخشىغان قانچىلىغان تۇل خوتۇنلار ئۆرپ-ئادەت بويىچە ئۆزلىرىنى

ئوتقا تاشلىغىنىنى مانا ئەمدى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى...
يىراقلاردا قالغان ماھىم بېگىم بۈگۈنكى دەھشەتلەرنى ئالدىن سەزگەندەك قانچىلىك ھاياجانغا چۈشكەنىدى!...

بايىقى كېلىنچەكنىڭ "كەت، باسقۇنچى! كەت!" دەپ ۋارقىرىغىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. بابىر ئىچىدە "يارەببىم، بۇ نېمە كۈرگۈلۈك!" دېدى-دە، خىيالىنى باشقا بىرەر نەرسە بىلەن بەند قىلىش ئۈچۈن دەپتەر، قەلەم ئالدى. سۆيگەن ياردىن ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىياردىن يىراقتا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ تەلەيسىز، بەختسىز سەزگەن مەزگىللىرى كۆپ بولاتتى. ھازىرمۇ شۇ ئېغىر تۇيغۇ يۈرىكىنى ئورىۋالدى. بابىر كۆڭلىنى دەپتىرىگە بوشاتقۇسى كېلىپ بىرىنچى قۇرنى يازدى:

تالى يوقى جانىمگە بەلالىغ بولدى.

ئۇ كەڭ قىرغاقلار ئارىسىدىن ئاۋازسىز جىم ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان جەمنەگە تىكىلدى. پېتىپ كەتكەن قۇياشنىڭ قويۇق شەپىقىدىن دەريا سۈيى قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. بابىرنىڭ نەزىرىدە، دەريا سۈيىنى شەپەق ئەمەس، جەڭلەردە تۆكۈلگەن قانلار قىزارتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى.

ئۇ ھاياجان بىلەن كېيىنكى قۇرلارنى يازدى:

ھەر ئىشنىكى ئەيلەدىم خەتالىغ بولدى.
ئۆز يەرنى قويۇپ ھىند سارى يۈزلەندىم،
يارەب، نېتەيىن، نې يۈز قەرالىغ بولدى!

* * *

خىرە قاراڭغۇلۇقتا ئوڭ قىرغاقتىن چوڭ بىر قېيىق چىقىپ، كېمىگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن قورچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىنىڭ:

— كىم ئۇ قېيىقتىكى؟ — دەپ سورىغىنىنى بابىرمۇ ئاڭلىدى-دە، قېيىققا تىكىلىپ قارىدى.

قېيىقنىڭ ئالتىمۇ، سەككىزمۇ پالىقى بار ئىدى.

— مىرزا ھۇمايۇن ھەزرەتتى ئاليىلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا ئىجازەت سورايدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى قېيىقتىن يوغان بىر ئاۋاز.

ھۇمايۇن بىلەن كۆپتىن بۇيان يەككە-يىگانە سۆزلىشەلمىگەن بابىر بوگۇن ئوغلى بىلەن بىر دەردلەشكۈسى كەلدى-دە، پەستىن سەۋدەرنى چاقىردى:

— ئېيتىڭ، ھۇمايۇن قوبۇلخانىغا چىقسۇن!

كۆپ ئۆتمەي قوبۇلخانىنىڭ پەلەمپىيدە ۋەزمىن قەدەم ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ھۇمايۇن ئىشىكتىن كىرگەندە بابىر ئۇنىڭ چاقنىغان نەۋقىران كۆزلىرىگە، ئەمدى كالپۇك ئۈستىنى قاپلىغان نازۇك بۇرۇتىغا، كۆكچە تولۇپ تۇرغان ئىنچام، ساغلام گەۋدىسىگە ھەۋەس كېلىپ تىكىلدى. بابىرنى قىيناۋاتقان يېقىمسىز، تۇيغۇلار، ئۇنى بىئارام قىلغان ئىستىقلار ھۇمايۇن ئۈچۈن يوق ئىدى. "ئۇن سەككىز يېشىمدا مەنمۇ شۇنداق يىگىت ئىدىم-ھە، ئەمدى نېمە قالدى؟" دېگەن ئويدىن بابىرنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئېزىلدى.

ئاتا-بالا كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ھۇمايۇن ئاتىسىنىڭ ئۇدۇلىغا تىزلاندى-دە، كۈلۈمسىرەپ قوينىدىن چىرايلىق سەدەپ قۇتا ئالدى.

— ھەزرىتىم، مۇشۇنى بىر ئېچىپ كۆرۈڭ.

بابىر قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئالدىرىماي ئاچتى. قارا دۇخاۋا رەخت ئارىسىدىن ئالماسقا ئوخشاش ناھايىتى جولالىق بىر تاش يۇلتۇز-

دەك پارقىراپ كۆرۈندى. لېكىن تاشنىڭ ياڭاقتەك چوڭلۇقىغا قاراپ، بابىر ئۇنىڭ ئالماسلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ناھايىتى كۆپ خەزىنىلەرنى ۋە خىلمۇخىل گۆھەرلەرنى كۆرگەن بابىر مۇنچىلىك چوڭ ئالماسنى تېخى ئۇچراتمىغان، ئالماس دانىسىنىڭ مۇنچىلىك يوغان بولۇشىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغانىدى.

— بۇ قانداق گۆھەر؟ — دەپ سورىدى بابىر ئوغلىدىن.

— ئالماس ئىكەن.

بابىر نۇر چاقنىتىپ جىلۋىلىنىۋاتقان تاشنى قولىغا ئېلىپ سالماقلاپ كۆردى.

— ۋەزنى يەتتە-سەككىز مىسقال كېلىدۇ. شۇنچىلىك چوڭ ئالماسمۇ بولامدىكىنە؟

— مەن بىر مۇقايىيىمنى① چاقىرىپ كۆرسەتتىم. مەشھۇر كوھنۇر② ئالماسى بۇ، دېدى، ئالەمدە بۇنىڭدىن چوڭ ئالماس يوق ئىمىش. باھاسى ساندۇق-ساندۇق ئالتۇنلاردىنمۇ ئۈستۈنمىش.

— مەن بېنگالە پادىشاھى سۇلتان ئالاۋۇددىندا چوڭ بىر ئالماس بار دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئاشۇ بىر ئالماس چوڭ بىر مەملىكەتنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىنى كۆتۈرىدۇ، دەپ تەرىپ قىلىشقان.

---

① مۇقايىيىم — گۆھەرشۇناس زەرگەر.

② كوھنۇر — "نۇر تېغى" دېمەكتۇر. شۇ زاماندا بۇ ئالماس ئىنسانلار تاپقان ئالماسلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان. ئالىملار كوھنۇر ئالماسىنىڭ 1304-يىلدىن بۇيان بارلىقىنى ئېنىقلىغان. ھازىر بۇ ئالماس لوندوندا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مۇقايىسىمنىڭ ئېيتىشىچە، مانا بۇ ئالماسنىڭ قىممىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىككى يېرىم كۈنلۈك خىراجىتىگە باراۋەر ئىكەن.

— سەن بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟

ھۇمايۇن ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى-دە:

— گىۋەلىئار راجەسىنىڭ ئائىلىسىدە ھەدىيە قىلىشتى، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

ھۇمايۇن ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەرگىنىدە بابىر گىۋەلىئار ۋىلايىتىدە يۈز يىلدىن بۇيان ھاكىملىق قىلىپ ناھايىتى چوڭ بايلىق ئاشۇرغان راجە بىكرە مەدىتىسىيەنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىكرە مەدىتىيە ئىبراھىم لادىغا بويسۇنماستىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش قىلغان، ئاخىر گىۋەلىئارنى ئىبراھىمغا بېرىپ، ئۆزى شەمساباد دېگەن جايغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولغانىدى. پەنىپەتتىكى غەلىبىدىن كېيىن ھۇمايۇن باشلىق ئىلغارلار دېھلىدىن ئۆتۈپ بېرىپ كۆپ قەسرلەرنى ئىشغال قىلدى. شۇ قەسرلەردىن بىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ راجەنىڭ بوي يەتكەن ئىككى قىز، بىر ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىرى ياشاپ تۇرغانىدى.

راجەنىڭ يىگىرمە ياشلاردىكى ئوغلى ھۇمايۇننى ياخشى قارشى ئالدى:

— سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار بولغان ئىبراھىم لادى بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز ئىدى، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغىنىدىن بىز خۇشالمىز، — دېدى، — ئەمدى رۇخسەت بەرسەڭلار، بىز شەمساباددىن ئانا يۇرتىمىز گىۋەلىئارغا قايتىپ كېتەيلى.

ھۇمايۇنمۇ ياش راجە بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلدى-دە، لېكىن گۇۋالىئارغا كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزى رۇخسەت بېرەلمەسلىكىنى، پادىشاھنى كۈتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇ كېچىسى ۋەيس دېگەن بىر بەگ ئەللىكتەك يىگىتى بىلەن راجەنىڭ قەسرىدە قوندى. ھۇمايۇننىڭ ئۆزى قەسرنىڭ ھۆيلىسىدىكى باغقا چېدىر تىكتۈرۈپ، كېچىسى چېدىردا ئۇخلاۋاتقاندا ئىچكىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. قوغدىغۇچىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، قەسر ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرسە، ۋەيسبەگنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى ئىچكى ئىشىك ئالدىدا قانغا مىلىنىپ ئۆلۈك يېتىپتۇ. قەندىللەردە شاملار يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرغان ئون سەككىز ياشلىق گۈزەل قىز چۈۋۈلۈپ ياتقان يىپەك سەرىسىنى[1] تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئېلىپ، يالىڭاچ يەلكىسىگە يېپىشقا تۇرۇۋېتىپتۇ. راجەنىڭ ئوغلىنى بەش-ئالتىچە نەۋكەر ئۇتتۇرىغا ئېلىپ، قولىدىكى قىلىچىنى تۇرۇپ چۈشۈرۈپتۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، ۋەيسبەگ راجەنىڭ شۇ قىزىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، نەۋكەرلىرى ياردىمىدە ئۆز بۆلۈمىگە زورلۇق بىلەن ئېلىپ كىرمەكچى بولغان. قىزنىڭ ئاكىسى قىلىچ يالىڭاچلاپ قوغداشقا چىققان. قىزنى كۆتۈرۈپ كەتمەكچى بولغان نەۋكەرنى قىلىچ بىلەن تۇرۇپ يىقىتقان. ئەمدى بۇنىڭ قىساسىغا نەۋكەرلەر ياش راجەنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن.

ھۇمايۇن گەپ نېمىدە ئىكەنلىكىنى سوراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نەۋكەرلەرگە:

---

[1] سەرى — ھىند ئاياللىرى ئورىنىۋالىدىغان ئۇست كىيىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— راجەنى بوشۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى، — ئۇز سىڭلىسىنى مۇنچىلىك مەردانە ھىمايە قىلغان يىگىت ھۇرمەتكە سازاۋەر. پادىشاھ ھەزرەتلىرى بۇنداق كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى بۇيرۇغاندى. پەرمانىي ئالىينى ئۇنتۇغان شۇمرەتىپەرەس ۋەيسبەگ قاماقتا ئىلىنسۇن! قىزنى ئىلىپ ماڭماقچى بولغان نەۋكەرلەرگە ئون دەررىدىن ئۇرۇلسۇن!

خاس نەۋكەرلەر بۇ بۇيرۇقنى بىجىرگۈچە ھۇمايۇن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن كەتمەي تۇردى. بۇ ئارىلىقتا پەلەمپەيدىن ياش راجەنىڭ ئانىسى قولىدا كىچىككىنە سەدەپ قۇتا بىلەن چۇشۇپ كەلدى. ئۇ ئالىي تەبىقىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئاياللىرىدىن ئىدى. كۆپ تىللارنى بىلەتتى، ھۇمايۇنغا پارسچىلاپ سۆزلىدى:

— شاھزادە، مېنىڭ بىساتىمدىكى ئەڭ چوڭ بايلىقىم مانا مۇشۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە. ماڭا پەرزەنتلىرىم دۇنيانىڭ ھەممە بايلىقلىرىدىن ئەزىزرەك. سىز ئوغلۇمنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك بولدىڭىز. مانا بۇ قۇتىدىكى چوڭ ئالماسنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن!

— ...ۋەقەنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى مۇشۇ، — دېدى ھۇمايۇن ۋە ئاتىسىغا "بىر نەۋكەرنىڭ ئۆلگىنى ۋە ۋەيسبەگنىڭ جازالانغىنى ئۇچۇن گەپ ئاڭلايمەنمىكىن؟" دېگەندەك تەلمۈرۈپ قارىدى.

بابىر ئېغىر تىنىۋالدى-دە:

— جۇملىدىن، بۇ گۈزەل ئالماسمۇ زوراۋانلىق ۋە خۇنرىزلىق بالاسىنى كۆرۈپ كېلىپتۇ-دە؟ — دېدى.

— ھەزرىتىم، مەندىن خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ. مەن ئويلىدىمكى، ئۇز ئار-نومۇسىنى شۇنداق بىباھا ئالماستىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەيدىغان ئادەملەر باشقا دىندا بولسىمۇ...

— راست، بۇ مەملىكەتتە شۇنداق ئار-نومۇسلۇق ئادەملەر بار-لىقىنى ئويلىسام، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلىدۇ، ئوغلۇم! ئەمما بىزنىڭ نەزىرى پەس بەگ ۋە نەۋكەرلىرىمىز زوراۋانلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن هىند ئېلىنى بىزدىن چۆچۈتمەكتە. بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەقەت مەملىكەت ئېلىش ئەمەس ئىدىغۇ، بىز هىندىستاندا چوڭ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ كەلگەن ئىدۇق. يىگانە قۇدرەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىنىشىدىن هىند خەلقىمۇ مەنپەئەتدار ئەمەسمۇ؟ بارلىق ئۆلكىلەر بىرلەشسە، ئەلنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزگەن ئىچكى ئۇرۇشلار توختىماسمۇ؟ ئۇلۇس تىنچىپ، ئىلىم-سەنئەتنىڭ روناق تېپىشى ئاسانلاشمامدۇ؟ بۇنى سەزگەن هىندىستانلىقلاردىن دىلاۋەرخان، هىندۇبەگ ئوخشاشلار بىز بىلەن هەمكارلىق قىلماقتا. بىز ئەمدى پۈتۈن هىند خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلىشىمىز لازىم، ئوغلۇم!

— هىند خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش؟! — تەئەججۇپ بىلەن سورىدى هۇمايۇن، — قانلىق جەڭلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، شەھەر ۋە قىشلاقلىرىنى تاشلاپ قېچىۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى بىز قانداق ئالىمىز؟

بابىر پەنجابدا يول ئازغاشتۇرۇپ، ئىشغالىيەتچىلەرنى خاراب قىلماقچى بولغان پىلچىنى ۋە بايا "كەت، باسقۇنچى!" دەپ ۋارقىراپ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان كېلىنچەكنى ئەسلىدى:

— ھە، بۇ ناهايىتى مۇشكۈل تېپىشماق! — بابىر مىز ئۈستىدە تۇرغان سەدەپ قۇتىنى قولىغا ئالدى، — ئۈمىدۋارمەن، مۇرەككەپ بۇ تېپىشماقنى يېشىشكە مۇيەسسەر بولۇپ قالارمىز. مانا سەنمۇ بىرقانچە هىندىستانلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپسەنغۇ؟ دېھلىگە كەلگەن كۈنۈڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىدا بۇ ئەلنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇلىرىنى ھىمايە قىلىپسەن. بۇنىڭ ھەممىسىگە لايىق مۇكاپات مانا مۇشۇ ئالماستۇر! ئال، ساڭا قۇتسۇن!

— ھەزرىتىم، — دەپ ھۇمايۇن قۇتىنى ئالماي قولىنى كۆكسىگە قويدى، — بۇ ئالماسنى مەن سىزگە ئاتاپ ئەكەلدىم.

بابىر سەدەپ قۇتىنى يەنە مىز ئۈستىگە قويدى-دە، ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ:

— سىنىڭ بۇ ساخاۋىتىڭ ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈرلەر قىلىمەن، — دېدى، — پەنىپەت جېڭىدە سەن ماڭا ئەڭ بىرىنچى بولۇپ غەلىبە ئەكەلدىڭ، قوشۇنىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە سەۋەبچى بولدۇڭ. مەن تېخى بۇ خىزمەتلىرىڭنى كۆڭلۈمدىكىدەك تەقدىرلىگىنىم يوق.

— لېكىن سىزنىڭ ئاۋۋالقى ئىنئاملىرىڭىز مېنىڭ پۈتۈن ئۆمەرۈمگە يەتكۈدەكتۇر، — دەپ ھۇمايۇن ئاتىسىغا «مۇبەييىن»نى ئەسلەتكۈسى كەلدى، — مەنمۇ سىزگە ئەرزىگۈدەك بىر سوۋغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدىم...

— ئۇنداق بولسا، مەيلى، مەن بۇ سوۋغاڭنى بىر نۆۋەت قوبۇل قىلاي. ئەمدى مۇشۇ ئالماس مېنىڭكىمۇ؟

— سىزنىڭكى!

— لېكىن تەقدىر ماڭا دۇنيادىكى بارلىق ئالماسلاردىن قىممەتلىكرەك بىر مۇكاپات بېرىپتۇ. بۇ مۇكاپات، مېنىڭ سەندەك ئوغلۇمنىڭ بولغانلىقى. تاجدار، تەختدار ئاتا-ئوغۇللار ئارىسىدا قانداق يامان بېخىللىقلار، قانداق رەزىل قانخورلۇقلار بولغانلىقى ساڭا سىر ئەمەس. مەن خالايمەنكى، بۇ بالالار، سەن بىلەن ماڭا ھېچقاچان

يىقىن كەلمىسۇن. خۇدادىن تىلىكىم شۇكى، مەندىن ساڭا، سەندىن ئەۋلادلىرىڭغا سەخىيلىك ۋە مەردلىك، پىداكارلىق ۋە ئالىيجانابلىق مىراس بولۇپ قالسۇن. بۇ پەزىلەتلەر بىزنى چوڭ تاغ تىزمىلىرىدەك دائىم بىر-بىرىمىزگە باغلاپ تۇرسۇن. مانا شۇنىڭدىلا بىز ھىندىستانغا كېلىپ كۆزلىگەن ئۇلۇغ مەقسەتلىرىمىزگە يېتىشەلەيمىز.

— سىز ئېيتقان ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئوغلىڭىز جېنىنى بېرىشكىمۇ تەييار!

— بۇنىڭغا مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن كەم كۆرۈلىدىغان ئالماسنى مەن پەقەت ساڭا مۇناسىپ كۆرىمەن، ئال!

ھۇمايۇن ئەمدى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى-دە، سەدەپ قۇتىنى تەزىم بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، كۆزىگە سۈردى.

بابۇرنىڭ بايىقى بىئاراملىقى ۋە چۆشكۈن كەيپىياتى ئەمدى تارقاپ كەتكەن، كۆڭلىدە يەنە ياخشى ئىستىقبالغا ئىشەنچ تۇيغۇسى دولقۇنلىناتتى. ئۇ ھۇمايۇنغا:

— ئولتۇر، — دېدى-دە، چاۋاك چېلىپ سەۋدەربېشىنى چاقىردى، — ھىندۇبەگنى چاقىرىڭ. خوجاخەلىفە بىلەن بىللە كىرسۇن.

چاقىرىلغانلار كەلگۈچە بابۇر ھۇمايۇنغا ئەگرەدىكى ئەھۋال توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

— قورغاننى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى، ئوغلى، مەلىكداد كارانىي ئاتلىق ۋەزىرى مىڭدىن ئارتۇق خاس ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىۋاپتۇ، ”ئاخىرقى ئادىمىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىمىز“ دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. بۇ ۋەدىنى بىزنىڭ قوشۇن بىر ھۇجۇم بىلەن كۆككە سورۇۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما يەنە قان تۆكۈلۈش بولىدۇ، شەھەر بۇزۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇپ، بىزگە كىرەكلىك قانچىلىغان ئادەملەر زايە بولۇپ كېتىدۇ.

خوجاخەلىفە ۋە ھىندۇبەگ قوبۇلخانىغا تەزىم قىلىپ كىرىشتى. بابىر ئۇلارنى ئۇدۇلىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— سىلەر، ئەگەرگە بىزدىن ئەلچى بولۇپ بېرىشىڭلار كېرەك، — دېدى، — مەقسەت قورغاننى جەڭسىز ئېلىش. مال ۋە جانلىرى ئامان قالسۇن. ئىبراھىمنىڭ ئانىسى جەمنە بويىدىن پەرگەنە① سورىغانىمىش. مەيلى، بېرەيلى. ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئەرەبچە-پارسچە ئۆگەنگەن ئىلىملىك ئۆسمۈر ئىمىش، ئۇنى سارايدىكى ئابرويلۇق مۇلازىملىرىم قاتارىغا قوشاي، مەلىكداد كارانىينى تەدبىرلىك ۋەزىر دەپ ئاڭلىدىم. ئۇنى ھىندىستان مەسىلىلىرى بويىچە ئۆزەمگە مەسلىھەتچى قىلىپ خىزمەتكە ئالاي. بىرىپ ياخشىراق سۆزلىشىڭ. يەنە قانداق مۇۋاپىق تەلەپلىرى بولسا قوبۇل قىلايلى. ئىشقىلىپ، قىرغىنچىلىق بولمىسۇن، تۇل خوتۇن-بىچارىلەر كۆپەيمىسۇن، دەپ مۇشۇ يولنى تۇتتۇۋاتىمىز...يەنى، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار قەلئە ئېلىش ئەمەس، بەلكى قەلئەدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش!

ئېغىر جەڭلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە قان كېچىپ يۈرگەن ھۇمايۇن بىلەن ھىندۇبەگ بابىرنىڭ بۇ تەدبىرىدىن يەڭگىللىشىپ، بىر-بىرلىرىگە مەمنۇن بولۇپ قارىشىۋالدى.

① پەرگەنە — كىچىكرەك ۋىلايەت.

## ئەگر. تەقدىر تەقەززاسى

### 1

ئىبراھىم لادىننىڭ ئانىسى مەلىكە بەيدە پەنىپەت جىڭدە ئۆل-تۈرۈلگەن ئوغلى ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ، باشتىن ئاياغ ئاق كىيىنىپ يۈرەتتى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئادەملەر ئۈنىڭغا خالىغان پەرگەنە-سىنى بېرىپ، ئەگرەنى جەڭسىز تاپشۇرۇشقا كۆندۈرۈشتى. مەلىكە قورغان دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى جەمنە بويىدا بابىرغا تاپشۇ-رۇۋاتقاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قويۇلۇپ كەتتى.

بابىر بۇ سالاپەتلىك موماينىڭ كەڭ پېشانىسى ۋە بىر-بىرىگە قوشۇلغان قاشلىرىنى قەيەردىدۇ كۆرگەندەك بولدى. كېيىن بىردىنلا پەنىپەت ئىسگە چۈشتى. جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن بىر بەگ مىڭلىغان ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئىبراھىم لادىننىڭ جەستىنى ئىز-دەپ تاپقان ۋە بېشىنى كېسۋېلىپ، ئۈزۈن نەيزىگە سانجىپ، بابىرغا ئەكىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى قىرىق ياشلارغا بارغان ئىبرا-ھىم لادىننىڭ كەڭ پېشانىسى ۋە قوشۇلما قاشلىرىمۇ خۇددى ئانىسى-نىڭكىگە ئوخشايتتى.

بابىرغا بىردەم گويا ئىبراھىم لادى توساتتىن تىرىلىپ، ئانىسى-نىڭ قىياپىتىگە كىرىپ كەلگەندەك تۇيۇلدى. بابىر بىئارام بولۇپ:

— مەلىكە، يىغلىماڭ، — دېدى، — بىزدىن يەنە قانداق تىلىكە-ڭىز بولسا ئېيتىڭ؟

مەلىكە بەيدە كۆز يېشىنى ئالىقىنى بىلەن تېز سۈرتتى:

— ماڭا باشقا ئازار بەرمىسەڭلار بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بابىر مۇلازىملىرى تەرەپكە يۈزلەندى:

— بۇندىن كېيىن مەلىكىگە ھېچكىم ئازار بەرمىسۇن، ھەممە ئۇنى مۆتىۋەر ئانىمىزدەك ھۆرمەت قىلسۇن!

مۇلازىملار بۇ تاپشۇرۇقنى تەزىم بىلەن قوبۇل قىلدى. مەلىكىمۇ بېشىنى ئېگىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولدى. ئەمما ئۇنىڭ يىغىدىن نەملەشكەن كۆزلىرى پولات تىغىنىڭ سوغۇق جۇلاسىنى ئەسلىتىپ نەپرەت بىلەن پارقىراپ كېتىۋاتقىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

مەلىكە بەيدە ئوغلىنىڭ كۆشەندىسىنى كەچۈرىدىغان ئانىلاردىن ئەمەس. پەنىپەتتىن مۇدھىش خەۋەر كەلگەندە مەلىكە ئۈچۈن ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ يەرگە غۇلىغاندەك بولغانىدى. ئۇ ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشنى خالايتتى، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆز قولى بىلەن تۇپراققا قويۇپ، قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىسا، كۆڭلى ئازراق ئارام تاپىدىغانغا ئوخشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلىكە ئەڭ ئىشەنگەن ئادەملىرىنى پەنىپەتكە ئەۋەتىپ، ئىبراھىمنىڭ جەسىتىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدى.

لېكىن ئەگرە بىلەن پەنىپەتنىڭ ئارىلىقى ئۈچ-تۆت كۈنلۈك يول. ئۆلۈم خەۋىرى ئەگرەگە يېتىپ كەلگۈچە، ئاندىن ئەگرەدىن مەلىكە ئەۋەتكەن ئادەملەر پەنىپەتكە بارغۇچە ئارىلىقتا بىر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەن، ئۇنىڭغىچىلىك ئۆلۈكلەرنىڭ بىر قىسمى كۆيدۈرۈلگەن، بىر قىسمىنى ئاچكۆز قۇزغۇنلار سۆڭەكلىرىگىچە تازىلاپ يەپ كەتكەنىدى... مەلىكە بەيدە ئەۋەتكەن ئادەملەر سۇلتان ئىبراھىمنىڭ جەسىتىنى تاپالمىدى، پەقەت جەڭ كۈنى ئۇنىڭ كاللىسىنى نەيزىگە سانجىپ بابىرغا ئەكىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تېپىپ

كېلىشتى... ئوغلىنىڭ جەستى قانداق خار بولغىنىنى ئاڭلىغان ئانى-
نىڭ دەرد-ئەلەملىرى دەسلەپكىدىن ئون ھەسسە ئاشتى. ئۇ ھەتتا
جايناماز ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغىنىدىمۇ "ئىبراھىمجان،
ئەمدى بۇ ئالەمدە سېنىڭ قەبرەڭمۇ يوق، خۇدا مېنى جەستىڭدىنمۇ
مەھرۇم قىلدى! — دەپ نالە قىلاتتى، — ئىلاھىم، ساڭا ئۆلۈم كەل-
تۈرگەن بابىرنىڭ ئۆزى ئۆلسۇن، بۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق
خار بولۇپ ئۆلسۇن!" دەپ قارغايتتى.

مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى كوچا-كويلاردىن
ئۇنىڭغا ئارام بېرىدىغان گەپلەرنى تېپىپ كېلىشەتتى. بابىرنىڭ ئەس-
كەرلىرى يەم-خەشەكتىن قىينىلىپ، دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىنى
ئاتلىرىغا يېگۈزگەن ئىكەن، دېھقانلار غوۋغا كۆتۈرۈپ، نەۋكەرلەر-
دىن بىرقانچىسىنى پالتا ۋە ئارىلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئىش-
غالىيەتچىلەرنى ھىندىستاننىڭ ئىسسىقىمۇ ناھايىتى قىيناپ قويغا-
نىمىش. سالقىن تاغ ھاۋالىرىغا ئۆگەنگەن ئات ۋە ئادەملەر بۇ يەر-
نىڭ رەھىمسىز ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈۋاتقانمىش.
ۋابا ۋە قارابەزگەكمۇ ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى شالاڭلاشتۇرۇپ قويۇۋاتقا-
نىمىش...

مەلىكە ئىغۋالارنىڭ قانچىلىك راستلىقىنى بابىرنىڭ سارىيىدا
خىزمەتتە يۈرگەن نەۋرىسى باھادىردىن سوراشتۇرۇپ بىلمەكچى
بولدى. باھادىر ھەپتە-ئون كۈندە كېلىۋەرمىگەچكە، مەلىكە "ئۇنى
سارايدىن چىقارمىسا كېرەك"، دەپ ئويلىدى-دە، كېنىزەكنى پاد-
شاھ مەھكىمىسىگە ئەۋەتتى. "مېنىڭ مىجەزىم يوق، نەۋرەمگە
رۇخسەت بەرسۇن، مېنى كېلىپ كۆرۈپ كەتسۇن" دېگەن مەنىدە
خەت ئەۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئون يەتتە ياشلىق باھادىر پارسچىنى ۋە سانسكرىتچىنى ياخشى بىلەتتى، بابىر ئۇچۇن زۆرۈر بولغان بەزى ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلاتتى. سارايدا باشقا تەرجىمانلارمۇ بار ئىدى، باھادىرغا كۆپ ئىش بۇيرۇشمايتتى، لېكىن ئۇنى ئۆز مەيلىچە ئەركىنمۇ قويۇشمايتتى. بابىر ئۇنى قاتتىق قورۇغداپ يۈرۈشنى بۇيرۇغانىدى. بۇ قوغدىغۇچىلار باھادىرنى تاشقى خەتەرلەردىن قوغداپ يۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلار شاھزادىنى "ئىبراھىمنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇشى مۇمكىن بولغان بىرەر پىتنىگە قاتناشمىسۇن" دەپ ئاستىرتىن كۆزىتەتتى. شۇ سەۋەبتىن باھادىرنى سارايدىن كۆپ چىقارمايتتى.

بىراق ئىشىك ئاغا مۇھەممەد دولداي مەلىكە بەيدەنىڭ "كېسەلمەن، نەۋرەم كېلىپ كەتسۇن" دېگەن مەزمۇندىكى خېتىنى ئېلىش بىلەن، بابىرنىڭ "مەلىكىنى مۆتىۋەر ئانىمىزدەك ھۆرمەت قىلىڭلار" دېگەن بۇيرۇقىنى ئەسلىدى-دە، باھادىرغا رۇخسەت بەردى. پەقەت ئۇنىڭ يېنىغا بۇرۇنقىدىن ئىككى باراۋەر كۆپرەك نەۋكەر قوشتى-دە، شۇ كۈنىلا قايتىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

نەۋرىسى كەلگەندە مەلىكە بەيدە دەريا بويىدىكى مەرمەر سارايىنىڭ قاراڭغۇراق ئىچكى ھۇجرىسىدا كېسەللەردەك تورۇسقا تىكىلىپ ياتقانىدى. يولدا ئىسسىقتىن تەرلەپ-پىشىپ كىرگەن نەۋرىسىگە يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى-دە، زورغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. نەۋرىسىنىڭ كۆپچىگەن يۈزلىرىگە قاراپ ھال-ئەھۋال سورىدى. ياز بۇ يىل ھەر يىلقىدىن ئىسسىق كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىشغالىيەتچىلەر ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈۋاتقىنى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىردە-يېرىم ئۇلۇغۋاتقانلىرى بار، — دېدى باھادىر.

— "ھىندىستاندا تۇرمايمىز، سالقىن جايلارغا قايتىپ كېتىمىز" دەۋاتقىنىچۇ؟

— پادىشاھى كەتكىلى قويامدۇ؟ كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىدىن چىقمايدىكەن، ئۆزىمۇ ناھايىتى گەپكە ئۇستا ناتىق ئادەم ئىكەن. "كېتىمىز" دەپ يۈرگەنلەرنى سارايغا توپلاپ، شۇنداق بىر سۆزلەشتىكى، ھەممىسى جىم بولۇپ قالدى.

— سەن ئاتاڭنىڭ قاتىلىنى...ماختاۋاتامسەن؟

باھادىر ئىشىككە ئەنسىرەپ كۆز تاشلاپ قويىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن مەلىكە ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى:

— كەينىڭگە ئادەم قويۇشتىمۇ؟

— ھە، ھېچكىم بىلەن يەككە-يېگانە سۆزلىشەلمەيمەن. ھەمىشە ئەتراپىمدا مۇھاپىزەتچىلەر...يامانلىسام دەرھال يەتكۈزىدىغانلار كۆپ.

— قورقما، بۇ ھۇجرىدا پەقەت بىز ئىككىمىزلا...بۇرۇن بىزگە خىزمەت قىلغان ئادەملەردىن سارايدا بىرەرسى بارمۇ؟

— ئاتامنىڭ ۋەزىرى مەلىكداد كارانىي بار...كېيىن...بىزنىڭ كۇتۇپخانىدا ئىشلىگەن تۆت ئالىممۇ خىزمەتكە ئېلىندى. بىلىشىمچە، بابىر ھىندىستانلىقلارنى ئۆزىگە ئەل قىلماقچى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى قوزغىماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتامنىڭ بارلىق ئاشپەزلىرىنى سارايغا توپلاپ، تۆتىنى ئۆزى ئۈچۈن تاللاپ ئاپتۇ.

— ئاشۇ بىزنىڭ ئاشپەزلەر پۇشۇرغان تاماقلارنى بابىرمۇ يەمدىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، كۆرگەنلەردىن ئاڭلىدىم. بابىر ھىندىستانچە تاماقلارنى پىشۇرۇش بىلەنمۇ ئۆزىنى بىزنىڭ ئەلگە يېقىن كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك.

مەلىكە بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدە بولغان ئاشۇ تۆت ئاشپەزدىن بىرەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى ئويلىدى-دە، كۈتۈلمىگەن بىر قۇۋۋەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان قايغۇ-ئەلەملەر ئەمدى بىردىنلا يېڭى يول تاپقاندەك بولدى. زور ئىنتىقام تۇيغۇسى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بىر نۇقتىغا توپلاپ، ۋۇجۇدىغا كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەندەك بولدى. "ئەگەر بابىر ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردە تۇرمايدۇ، كېتىدۇ، مەملىكەت يەنە ئۆزىمىزگە قالىدۇ!" دېگەن ئويمۇ ئۇنىڭ ئاشپەزلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى قارارىنى مۇستەھكەملىدى. مەلىكە ئاغزىنى نەۋرىسىنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاشتۇرۇپ سورىدى:

— ئاشۇ ئاشپەزلەرنى سەن كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھمەد چاشنەگىر يوقمۇ؟

باھادىر مومىسىنىڭ ئوزايى ئۆزگەرگىنىدىن قانداقتۇر چۆچۈپ:

— ياق، — دېدى، — ئەھمەد چاشنەگىر ئەگرەدىن ئەتاۋەگە كەتكەن.

مەلىكە باھادىرنىڭ يەنە ئىشىككە ئەنسىرەپ كۆز تاشلاپ قويغىنىنى كۆردى-دە، كىنايىلىك ھىجايدى: "بۇ نەۋرەم بوشراق، پايلاقچىلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. پاش بولۇپ قالسا ياش ئۆلىدۇ، مەنمۇ نىيىتىمگە يېتەلمەيمەن" دېدى ئۆزىچە ۋە كۆڭلىدىكى قالتىس نىيىتىنى ئۇنىڭغا سەزدۈرمەي گېپىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

— بىزگە شۇنچىلىك سادىق كۆرۈنگەن ئادەملەر ھازىر دۈشمەن-
لىرىمىزگە خىزمەت قىلىشىۋېتىپتۇ-ھە! ئەي، بېۋاپا دۇنيا! مەلىكداد
كارانىيمۇ، ئاشپەزلەرمۇ ھەممىسى سېتىلغان! لېكىن سەن...دۈشمەن-
لەر بىلەن تىل ئۇچىدا مۇرەسسە قىلغىن، لېكىن دىلىڭنى ئاتاڭغا
سادىق تۇت!

— تېخىچە شۇنداق، موما! — پىچىرلاپ دېدى باھادىر.

* * *

نەۋرىسى كەتكەندىن كېيىن مەلىكە بەيدە كېسەللىك ئورنىنى
يىغىشتۇردى، دەسلەپكى ئاھ ئۇرۇش ۋە قايغۇرۇشلارنىمۇ توختاتتى.
ئۇنىڭ پىكرى-خىيالى ئەڭ ساداقەتلىك ۋە تەدبىرلىك ئادەملىرىنى
ئىشقا سېلىپ، بابىرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە قارىتىلدى. مەلىكىنىڭ
ئەتراپىدا ئىشغالىيەتچىلەردىن قىساس ئېلىشقا تەشنا ئادەملەر كۆپ
ئىدى. بابىرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا بىرىنىڭ
ئاكىسى، بىرىنىڭ ئىنىسى ئۆلگەن، بىرى بۇرۇنقى ماكانى ۋە ئور-
نىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغان...مەلىكە ئەنە شۇنداق قىسا-
كارلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بابىر ئىشقا
ئالغان تۆت ئاشپەزدىن بىرىنىڭ يالغۇز ئىنىسى پەنىپەت جېڭىدە
ھالاك بولغانىدى. مەلىكە ئاستىرتىن سۈرۈشتۈرۈپ بۇنى بىلگەندە
خۇشاللىنىپ كەتتى. بىراق ئۆزى بۇ ئاشپەز بىلەن بىۋاستە ئالاقە
قىلىشنى لايىق كۆرمىدى. چۈنكى مەلىكىنى ھەممىسى تونۇيدۇ.
بابىرنىڭ ئادەملىرى سېزىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇرۇن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ سارىيىدا بۇ ئاشپەزلەر بىلەن
بىللە ئىشلىگەن ۋە ئۇلارغا قەدىردان بولۇپ قالغان ئەڭ ئىشەنچلىك
ئادەم — ئەتاۋەگە كېتىپ قالغان ئەھمەد چاشنەگىر ئىدى. مەلىكە

www.uyghurkitap.com

ئەگرەدىن خېلى يىراق بولغان ئەتاۋەگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھمەد چاشنەگىرنى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلدى.

ئەھمەد چاشنەگىر ئەگرەدىكى ھويلىسى ۋە مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى غەزەپكە تولۇپ يۈرەتتى. مەلىكە بەيدە ئۇنى ئۆز بەرگەنەسىگە ئىشقا ئالدى، ئۆي-جاي ۋە مائاش بەردى، كېيىن ئاستا-ئاستا كۆڭلىدىكى نىيىتىنى ئېيتتى. ئەھمەد چاشنەگىر ئاۋۋال "ھۆددە ئالالمايمەن" دەپ قورقتى. لېكىن مەلىكە ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، "ئىنىسى پەنىپەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئاشپەز بىلەن گەپلىشىپ بەرسەڭ بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزىمىز قىلىمىز"، دېدى. ئەھمەد چاشنەگىر سارايغا قانداق كىرىشنى بىلمەيتتى. بۇنىڭ يولىنىمۇ مەلىكە ئۆزى تاپتى. مەلىكە بەيدە تەۋرىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن سارايغا بېرىشى مۇمكىن ئىدى. مەلىكە نەپىس شايى ۋە زەرلىك يىپەك رەختلەردىن سوۋغىلار تەييارلاتتى، كېيىن بۇ سوۋغىلارنى ئەھمەد چاشنەگىرگە كۆتۈرتۈپ، سارايغا باردى... مەلىكە پادىشاھ قوبۇلىغا كىرىپ چىققۇچە ئەھمەد چاشنەگىر كونا قەدىردانى بولغان ئاشۇ ئاشپەزنى تاپقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەتىسى كۈنى سارايىنىڭ سىرتىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشكەنىدى. ئارىدىن بىر ھەپتىچە ئۆتۈپ، ئەھمەد چاشنەگىر ئاشپەز بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى مەلىكىگە كېلىپ ئېيتتى.

— ئۇمۇ كەلداخۇنلارنى يوق قىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي يۈرگەن ئىكەن. پادىشاھى ئۆلسە ھەممىسى يوق بولىدۇ دەپ ئىشەندۈردۇم!

— ئەگەر ھەممە ئىش ئويلىغىنىمىزدەك بولسا، ئاتىسىنىڭ تەختىنى باھادىرجان ئالىدۇ. شۇ چاغدا سىزگە چوڭ بىر پەرگەنە بېرىمىز. ئاشپەزمۇ چوڭ مۇكاپات ئالىدۇ.

— ئىلاھىم شۇ نىيىتىمىزگە يېتەيلى! ۋەتىنىمىز رەھىمسىز ئىشغالـ
يەتچىلەردىن قۇتۇلسۇن!

— ئامىن!

ئەھمەد چاشنەگىرنىڭ ساراي ئاشپىزى بىلەن كېلىشىشىگە بىنائەن، بابىرنىڭ تاماقىغا سېلىنىشى لازىم بولغان زەھەرنى مەلىكە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بىر كېنىزىكىدىن ئەۋەتىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى ئۇلار مانا شۇ نازۇك ئىشنى قايسى كېنىزەككە تاپشۇرۇشنى ئويلاشقا باشلىدى.

## 2

ئۈچ ئايدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ بېرىۋاتقان تومۇزنىڭ ئىسسىقى ھىندىچە ئەشارە دەپ ئېيتىلىدىغان تۆتىنچى ئايغا① كېلىپ ناھايىتى ئەۋجىگە چىقىپ كەتتى. يامغۇر پەسلىنىڭ باشلىنىشىغا تېخى سەل كەم بىر يېرىم ئاي بار. تۆت ئايدىن بېرى نەملىك كۆرمەي قاغجىرىغان يەر ئىسسىقنىڭ زورىدىن تارس-تارس يېرىلىپ كەتكەن.

جەمنە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا — ئىلگىرىكى تاشلاندۇق يەرلەر ۋە چاتقاللىقلار ئورنىغا قۇرۇلۇۋاتقان زەرەپشان بېغىدا تېخى سايە جايلار كەم. بابىر قۇرۇلۇشنى ئاتلىق ئايلىنىپ كۆرۈـ

---

① ئەشارە — جەۋزا ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. ھىندىستاندا ياز پەسلى باھاردا ھوت ئېيىدىن باشلىنىپ تۆت ئاي داۋاملىشىدۇ. كېيىن "پەشگال" دەپ ئاتىلىدىغان يامغۇر پەسلى باشلىنىپ، بۇ پەسىل مىزان ئېيىغىچە داۋام قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋېتىپ، ئۇزەڭگە تۆمۈرنىڭ ئىسسىقى ئۆتۈكتىن ئۆتۈپ، ئايىغىنى پىژىلدىتىۋاتقىنىنى سىزەتتى. ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئېگەرنىڭ ئاپتاپتا پارقىراۋاتقان قېشىنى تۇتقاندا چوغنى تۇتقاندەك بولۇپ، قولى كۆيەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىسسىقتىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بەگلەرگە سەزدۈرمەيتتى. چۈنكى بۇ بەگلەر ئولجا چۈشكەن خەزىنىلەردىن چوڭ-چوڭ ئۈلۈش ئالغاندىن بېرى سالقىن جايلارغا كېتىپ، راھەت-پاراغەتتە ياشاشقا ئىنتىلىشەتتى، ئەگرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يېڭىدىن ئىمارەت قۇرۇپ، باغ-ۋاران قىلىشقا تاقىتى يوق ئىدى.

كابۇل ۋە غەزنىدەك سالقىن جايلارغا تېزرەك قايتىپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقان بەگلەردىن بىرى مەرغىلانلىق خوجاكالان-بەگ ئىدى.

بابىر ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيگەن، كىچىككىنە ئاق سەللە ئورىغان مۆيسىپىت مېمارنى كۆرسەتتى-دە:

— تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— ئەنجانلىق مەۋلانا پەزلىددىنمۇ؟

— ھە، كابۇلدىن بىزنىڭ كەينىمىزدىنلا كەلسۇن دەپ تاپشۇرغانىدىم. تاشتاراش ئوغلى بىلەن يېتىپ كېلىپ مانا مۇشۇ باغنىڭ لايىھىسىنى سىزدى. شۇنداق قېرى ئادەم چىدىغان ئىسسىقلارغا، ئەجەبا، بىز بەرداشلىق بېرەلمەيمىزمۇ؟

— لېكىن مىجەزىگە ئىسسىق توغرا كەلمەيدىغان ئادەملەرمۇ بار-دە، ھەزرىتىم. تونۇگۈنكى سەمۇم① شامىلىدا مېنىڭ نەۋكەرلە-

① سەمۇم — ئەڭ ئىسسىق گەرمىسەن شامال.

رىمدىن ئۇچى پوك-پوك يىقىلىپ جان ئۈزدى.

— ئەجىلى يەتكەن بولسا، سەمۇم بىر باھانە بولغان، خالاس، — دېدى بابىر ۋە تەزىم قىلىپ ئالدىغا چىققان، مەۋلانا پەزلىددىنگە يۈزلەندى، — ھارماڭ، مەۋلانا...قېنى ئەرزىڭىز بولسا ئاڭلىغىلى كەلدۇق.

— ئەرزىم شۇكى، ھەزرىتى ئالىيلىرى، بىزگە پىل بىلەن ئىشلەيدىغان پىلچىلار كېرەك، باغ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر قىسىر ئۈچۈن دېھەلىپۇردىن ناھايىتى ئېغىر تاشلارنى ئېلىپ كەلمەكچىمىز. بۇنداق تاشلارنى چوڭ ھارۋىلارغا پەقەت پىللار قاچىلاپ بېرىشى مۇمكىن.

بابىر پەنىپەت جېڭىدە پىلچىلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىنغان توپ-توپ پىللارنى ئەسلىدى. كېيىن دىۋانخانىغا ئىشقا ئېلىنغان ھىندىستانلىق مەسلىھەتچىسى مەلىكداد كارانىيغا يۈزلەندى.

— جاناب كارانىي، ھەربىي پىللارنى ئەمگەككە ئۆگىتىش مۇمكىنمىكىن؟

— مۇمكىن، ھەزرىتىم. پىل ناھايىتى چېچەن جانىۋار. پىلچىلاردىن ئاڭلىغانىدىم، پىللار قانلىق جەڭلەردىن كۆرە خاتىرجەم ئەمگەككە تېزرەك ئۆگىنەر ئىمىش.

— بىزنىڭ قوشۇنلار پىل ياردىمى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پەنىپەتتە ئولجا ئېلىنغان ھەربىي پىللارنى قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىتىش مۇمكىن جاناب كارانىي، بۇ پەرماننى بۇگۈنلا بارلىق پىلچىلارغا يەتكۈزۈڭ!

— جېنىم بىلەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كارانىي بۇيرۇقنى تېزرەك بېجىرىش ئۈچۈن ھازىرلا كەتمەك-
چىدى، بابىر ئۇنى توختاتتى:

— يەنە شەھەر ۋە قىشلاقلارغا مەخسۇس تەۋاچىلار ئەۋەتىڭ. بىز ئىبراھىمدىن ئولجا ئېلىنغان بايلىقلارنى ئاۋاتچىلىق يولىغا سەرپ قىلماقچىمىز. شۇنى بارلىق ۋىلايەتلەرگە مەلۇم قىلىڭ. قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەش ئۈچۈن بىزگە ئون بەش مىڭ ئىشچى يېتەرمۇ، مەۋلانا؟

— يېتىدۇ. لېكىن ھەزرىتىم، مەرمەر قەسىر بىلەن ۋايىنىنى① بىر يىلدا قۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇغان ئىدىڭىز تاشچىلىق، تېز بولىدىغان ئىش ئەمەس...

— تاشتاراشلارنى كۆپەيتسەكچۇ؟ — دېدى بابىر.

— مەنمۇ شۇنى ئىلتىماس قىلماقچى ئىدىم. ھىندىستاننىڭ ھاۋاسىغا ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكى خىش ۋە كاشىندىن كۆرە تاش ۋە مەرمەر ماسراق.

— ھازىر قۇرۇلۇشلىرىمىزدا قانچە تاشتاراش ئۇستا بار، مەۋلانا؟

— ئەگرەنىڭ ئۆزىدە ئالتە يۈز سەكسەن تاشتاراش ئىشلىتىۋاتىمىز. سىكرىدە، دېھەلپۇردا، يەنە باشقا جايلاردا جەمئىي مىڭ تۆت يۈز توقسان بىر تاشتاراش...

— بۇ ئاز ئەمەس! — دېدى بابىر، — ئەمىر تۆمۈر سەمەرقەندتە ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەر قۇردۇرغاندا تۇرلۇك مەملىكەتلەردىن ئىككى يۈز تاشتاراش بېرىپ ئىشلىگەن ئىكەن. تارىخچى موللا

---

① ۋايىن — تاشتىن ياسىلىدىغان چوڭ كۆل.

شەرەپىددىن① بۇنى پەۋقۇلئاددە ماختاپ تەرىپلىگەن ئىكەن. لېكىن ھىندىستان ھۇنەرۋەنلەرگە شۇنچىلىك بايىكى، بىز يۇزلەپ ئەمەس، مىڭلاپ ئۇستا تاشتاراشلارنى ئىشقا تەكلىپ قىلىشىمىز مۇمكىن. جاناب كارانىي، بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى بارلىق شەھەرلەرگە جارچىلار چىقىرىڭ. بىزنىڭ قۇرۇلۇشلىرىمىزغا كېلىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ۋە ئۇستىلارغا خالىغىنىدىنمۇ ئارتۇق ھەق تۆلىنىدۇ، ئىمتىيازلار بېرىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىنسۇن. دىن ۋە مىللەت ئايرىش يوق. بارلىق ئۇستىلار ئاۋۋال خۇدانىڭ، ئاندىن قالسا بىزنىڭ ھىمايىمىزدا بولىدۇ!

كارانىي تەزىم بىلەن:

— پەرمانىي ئالىيغا جېنىمىز پىدا! — دېدى-دە، ئېتىنى بۇراپ، ئەگرە تەرەپكە يول ئالدى.

باشقا بەگ ۋە مۇلازىملار بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقان ئىسسىقتىن تاقەتسىزلىنىپ، دەريادا لەنگەر② تاشلاپ تۇرغان كېمىلەرگە قاراپ-قاراپ قويۇشاتتى. ئۇلار قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن بىللە شۇ كېمىلەرگە چىقىپ دەم ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلۇشقا ئائىت گەپلەرنىڭ تۈگىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى.

لېكىن بابىر مېماردىن بولغۇسى قەسىر بىلەن دەريا ئارىلىقىغا چۈشىدىغان مەرمەر ھاممامنىڭ گۈمبىزى ۋە ئىچى قانداق بولۇشىنى

① يەنى شەرەپىددىن ئەلى يەزدىي.

② لەنگەر — كېمىنى توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئاستىغا تاشلايدىغان زەنجىرگە باغلانغان ئېغىر تۆمۈر.

سوردى.

— ئىچىگە خۇددى سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ مىرزا ھاممامدەك تاش ياتقۇزۇلىدۇ، — دېدى مەۋلانا پەزلىددىن، — لېكىن گۈمبىزى مىرزا ھاممامىنىڭ گۈمبىزىدىن خېلىلا چوڭ بولىدۇ. تاملىرى قىزىل تاشتىن ئىشلىنىدۇ...مەرمەرنىڭ بىر خاسىيىتى شۇكى، يازدا مۇزدەك سالقىنلىق بېرىدۇ.

— بولمىسا مەرمەر ئىمارەتلەرنى تېزرەك قۇرۇڭ، بىز بۇ تومۇز ئىسسىقىدا كۆيۈپ كۈل بولمايلى! — دېدى ئىسسىقتىن بوغۇلغان كالانبەگ.

— مەرمەر ئىمارەتلەر تېزرەك پۈتسۇن دېسىڭىز ئاتتىن چۈشۈپ بىللە ئىشلىشىڭ جاناب بەگ! — دەپ چېقىشتى مەۋلانا.

بابىر ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلدى-دە:

— قانداق، مەۋلانا، ئىسسىق ئۆزىڭىزنى كۆپ قىينىمىدىمۇ؟ — دېدى.

— قىينىسىمۇ چىدايمىز-دە. مانا مۇشۇنداق چوڭ ئابىدىلەرنى ئەنجاندا قۇرىمەن، دەپ قۇرالمىدىم. ھىراتتا قۇرىمەن، دەپ قۇرالمىدىم. سىزغان لايىھىلىرىم ئوتتۇز يىل سارغىيىپ ياتتى. قاراڭ، پۈتۈن ئۆمۈر قىلغان ئارزۇلىرىم يىراق ئەگرەگە كەلگىنىمدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ تۇرۇپتۇ. تەقدىر-نېسىۋەم شۇنى تەلەپ قىلسا، ئىسسىقى كۆزۈمگە كۆرۈنەمدۇ؟ ھىندىستانلىق ئۇستىلار، ئۇسسۇزلۇق باسىدىغان مېۋە شەربەتلىرىنى ئىچىدىكەن، يېنىك تاماقلارنى يەيدىكەن، مەنمۇ شۇنىڭغا ئۆگەندىم. ئەتىگەندە سالقىندا تۇرۇپ بىر پەخرە① ئىشلەيمەن. كۈن ئىسسىغاندا بىر

---

① بىر پەخرە — تۆت سائەت.

پەخرە يېتىپ دەم ئالىمەن. ئىسسىقنىڭ تەپتى پەسەيگەندە، يەنە بىر پەخرە ئىشلەيمىز.

— بىز بولساق ئەتىگەندىن كەچكىچە گۆشلۈك تاماقلار، قىزا ۋە كاۋاپلارنى يەيمىز، — دېدى بابىر خوجاكالانغا قاراپ، — يەنە بۇ يەتمىگەندەك، هارارەتلىك مەيلەرنى ئىچىمىز.

خوجاكالان ئات ئۈستىدە كۈننىڭ ئىسسىقىدا تۇرۇپ شۇنداق تەرلىگەن ئىدىكى، يۈزى ۋە پېشانىسىدىن سارقىغان تەر تامچىلىرى ئاق ئارىلىغان ساقىلىدىن ئېقىپ، كۆكسىگە تامماقتا ئىدى.

بابىرنىڭ ئۆزىمۇ هەر نەپەس ئالغاندا ئىچىگە هاۋا ئەمەس، ئوت كىرىۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇ مىمار بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ، ئېتىنى دەريادىكى كېمىلەر تەرەپكە بۇرىدى-دە، چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئاتلار تېز يۈرگەندە ئۇدۇلدىن شامال چىققاندەك بولاتتى ۋە نەپەس ئېلىش يېنىكلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابىرنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ ئاتلىرىنى تېز هەيدەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ دەريا ساھىلىغا يېقىنلاشقاندا خوجاكالاننىڭ نەۋكىرى مىنگەن بەدەخشاننىڭ قارا ئېتى سۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. بەدەخشانلىق نەۋكەر ئايغىنى ئاتنىڭ تەكتىدىن تارتىپ ئالدى-دە، يۈگىنىنى سىلكىتىپ، ئېتىنى تۇرغۇزماقچى بولدى. ئاغزىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك كېلىۋاتقان ئات بىر-ئىككى تەلپۈنۈپ كۆردى، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى.

— بۇنىمۇ ئىسسىق ئالدى! — دېدى خوجاكالان ئەلەم بىلەن، — كاشكى بۇ مەملىكەتتە ئات تېپىش ئاسان بولسا!

— جانابىي بەگ، بىر ئات ئۈچۈن مۇنچە قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۆيرۈي، نەۋكەرلىرىڭىز بىزنىڭ ئاتخانىمىزدىن بىر ئات ئالسۇن، — دېدى بابىر.

— غايەت مىننەتدارمەن، ھەزرىتىم! — دېدى خوجاكالانبەگ، — لېكىن گەپ پەقەت ئاتتا ئەمەس، مەن بۇ ئۆلۈمدە ئۆز ئىستىقبالىمىزنى كۆرۈپ قايغۇرماقتىمەن!

بابىر ئاتتىن چۈشتى-دە، دەريادا لەڭگەر تاشلاپ تۇرغان "ئاسايىش" ناملىق ئىككى قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك كېمىنى خوجاكالانبەگكە كۆرسىتىپ چاقچاقلاشتى:

— ھازىر سىزنى مانا بۇ ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرىدۇ! يۈرۈڭ!

* * *

قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ كېمىگە يەتكەندە بابىر خوجاكالانبەگنى كېمىنىڭ تۈمشۇق تەرىپىدىكى خاس خانىغا باشلىدى. كېمە دەريا بويلاپ كېتىپ باراتتى، سۇنىڭ شاملى ئەڭ ئاۋۋال شۇ خانىغا تېگەتتى ۋە ئاجايىپ بىر سالقىنلىق بېرەتتى.

سەۋدەرلەر دەريادا سوۋۇتۇلغان نارىنج ۋە لىمون شەربىتىدىن ئەكەلدى. خوجاكالانبەگ مۇزدەك نارىنج سۈيىدىن بىر چىنە سۈمۈردى-دە، دېمىنى سەل روسلاپ، بابىرنىڭ يۈزىگە قارىدى:

— ھەزرىتىم، سىزمۇ قارىيسىز، ناھايىتى ئورۇقلاپ كېتىپسىز، — دېدى، — بىزگە بىلدۈرمەيسىز، لېكىن قانچىلىك قىيىنلىپ يۈرگىنىڭىزنى باشقىلار سەزمىسىمۇ مەن بايقايمەن.

— ھە، ئەمدى... سىز بىلەن بىز ئوتتۇز يىلدىن بېرى بىللە ئۇرغۇن خاپىلىق ۋە نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردۇق! ئاشۇ غەم ۋە ئەلەملەرگە نىسبەتەن ھازىرقى ئازابلىرىمىز داۋاسىنى تاپقىلى بولىدىغان دەردلەرغۇ؟

خوجاكالانبەگنى يەنە تەر باستى. ئۇ قوينىدىن يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ، پېشانىسىدىن كۆزىگە ئېقىپ چۈشكەن تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئەپسۇسكى، يىشىم ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى، — يىگىتلىكتە ئىسسىق-سوغۇقنى پەرق قىلمايتتۇق. ھازىر ئەللىكتىن ئاشتۇق... سېزىپ تۇرۇپتىمەنكى، ھىندىنىڭ ئاب-ھاۋاسىدىن بىر ھەپتىدە بىر ياش قېرىۋاتىمەن. كونا بەگلەردىن قاسىمبەگ قاۋچىن بار ئىدى. بۇ يىل قېرىپ، دۇنيادىن كۆز يۇمدى. بۇ ئەھۋالدا مەنمۇ ئۇزۇنغا بارماسمەن، ھەزرىتىم!

— ئۇنداق دېمەڭ، جانابىي كالانبەگ، ئىسسىقمۇ ئادەتلىنەرمىز!

— ماۋەرائۇننەھردەك سالقىن ئۆلكىلەردىن چىققان ئادەمنىڭ ھىند ئىسسىقىغا ئۆگىنىشكە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ!

— نېمە ئۈچۈن! ئەسلى شەھرىسەبزىنىڭ لاچىن ئۇرۇقىدىن بولغان خىسراۋ دېھلەۋىي ھىندىدا يەتمىش يىل ئۆمۈر كۆرگەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

خىسراۋ دېھلەۋىي خوجاكالانبەگنىڭ ياخشى كۆرىدىغان شائىرلىرىدىن ئىدى. دېھلىدىن ئۆتكىنىدە كالانبەگمۇ بابىر بىلەن بىللە خىسراۋ دېھلەۋىينىڭ نىزامىددىن ئەۋلىيا مەقبەرىسىگە قويۇلغان قەبرىنى زىيارەت قىلغانىدى. شۇ يەردە كالانبەگ دېھلەۋىي-نىڭ "روي باھىند ئاۋەردانى ساھىب دىلان بىچىز نېست!" دېگەن مەشھۇر مىسراسىنى ئەسلىگەن، "بىزمۇ ئەمدى ھىندقا كەلگەن ساھىب دىللاردىن" دېگەندەك مەغرۇرلانغانىدى. ئۇ مەزگىلدە تېخى ئىسسىقنىڭ تەپتى مۇنچىلىك يۇقىرى ئەمەس ئىدى. خوجاكالان-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەگنىڭ ھىندىستاندىن قايتىپ كېتىش ئارزۇسىمۇ ھازىرقىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بابىر دېھلەۋىينى ئەسلىتىش بىلەن كالانبەگنىڭ ئاۋۋالقى ئەھدىدە تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتماقچى ئىدى.

خوجاكالانبەگ بۇنى بايقاپ، گېپىنى قىردى:

— ھەزرىتىم، دېھلەۋىي ئۇلۇغ ئادەم بولغان، — دېدى، — مېنىڭ ئۇلۇغ ئادەملەرگە تەڭلىشىدىغان قۇدرىتىم يوق ئىكەن...

— سىز يەنە ئاۋۋالقى ئېتىقادلىرىڭىزغا زىت گەپ قىلىۋاتىسىز. مەقسەت ئۇلۇغ ئادەملەرگە تەڭلىشىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدىغۇ؟ بىزنى مەپتۇن قىلغان ھادىسە خىسراۋ دېھلەۋىينىڭ قەلبىدە تۈركىي ئۇلۇسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھىند ئېلىنىڭ رايونلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىپ ئۇلۇغ نەتىجە بەرگەنلىكى ئەمەسمىدى؟

خوجاكالانبەگ ئېتىرازغا سۆز تاپالماي تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە داستىخاندا تۇرغان لىمون شەربىتىگە قول سۇندى. ئۇلار دېھلەۋىي ھەققىدە ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن سۆزلەشكەنىدى. لەخور، دېھلى ۋە ئەگرەدە دېھلەۋىينىڭ ھىند تىلىدا يازغان قوشاقلىرىنى مۇسۇلمانلارمۇ، ئاتەشپەرەس ۋە بۇتپەرەسلەرمۇ توي-تاماشىلاردا كۈيلەپ يۈرگەنلىكىنىڭ گۇۋاھى بولدى. دېھلەۋىي بابىردىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ غەزەللىرى، كۈيلىرى، قوشاقلىرى خۇددى بۈگۈن يېزىلغاندەك يېڭى ۋە تەسىرلىك ئىدى. بابىر دېھلەۋىينىڭ ھىندىستاندىكى بارلىق ئەللەرنى ئىناقلىققا دەۋەت قىلىپ كەتكىنىنى، ئەگەر بۇ مەملىكەت دىن ۋە مىللەت نىزالىرىدىن يۇقىرى تۇرسا ۋە تارىخ مەيدانىغا بىر جان-بىر تەن بولۇپ چىقسا، جاھاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ

قىتئەسگە ئايلىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

بابىرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئېيتىشتىكى مەقسىتى، خوجاكالانبەگنى ھىندىستاندا ئېلىپ قېلىش ئىدى. لېكىن خوجاكالانبەگ دوستلىرى ئارىسىدا ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرغاندا "مۇشۇ يىل ھىندىدىن كەتمىسەم يۈزۈم قارا بولسۇن!" دەپ قەسەم ئىچكەنىدى. ئەمدى ئۇ قەسەمخور بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈنمۇ ھىندىستاندىن كېتىشكە ئىنتىلمەكتە ئىدى. ئۇ بابىرنىڭ نۇتقى ۋە مەنتىقى ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىنى ياخشى بىلەتتى، بابىر كەلتۈرگەن كۈچلۈك دەلىللەرگە جىم تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى، لېكىن ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن نولاي پەيت ئىزدەيتتى.

— ھىندىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى بېرونىي قانچىلىك ئۇلۇغلاپ يازغىنىنى بىلىسىز، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بابىر، — بۇ ئەلدە ئىستىبدات ۋە سالاھىيەت كانلىرى ھازىرمۇ ھېسابسىز. پەقەت چېكىنىشلىك دەۋرلەر بۇ كانلارنى ئېتىۋەتكەن. بىز بۇ كانلارنى قايتىدىن ئېچىشىمىز مۇمكىن. ھۈنەرۋەنلەر بىھېساب، "ئىش تېپىپ بەرسىڭىز قىلىمەن" دەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان قۇرۇر-قۇرۇر[1] زەخمەتكەشلەر بار. خەزىنىلىرىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. ئاھالىسى ۋە بايلىقىنىڭ زورلۇقىنى يەنە شۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، بىزدە يوق رەقەملەر بۇلاردا بار. يۈز قۇرۇر — بىر ئەرب[2] يۈز ئەربنى كەرب دېيىشىدۇ. يۈز كەربنى — نىل[3] دېيىشىدۇ. يۈز نىل — بەدەم[4].

---

① قۇرۇر — ئون مىليون.

② ئەرب — مىليارد.

③ نىل — تىرىليون.

④ بەدەم — تىرىليارد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر دېھلى ۋىلايىتىدىن ھەر يىلى دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشىدىغان دارامەت ئۈچ قۇرۇرۇۋە ئاتمىش توققۇز يۈز ئەللىك مىڭ تەڭگىدىن ئارتۇق، بۇنداق ۋىلايەتلەر ھىندىستاندا ئازمۇ؟ سىز شۇ ۋىلايەتلەردىن قايسى بىرىنى لايىق كۆرسىڭىز، شۇنى بېرەيلى.

— ھەزرىتىم، ماڭا غەزنىنى ئىنايەت قىلسىڭىز، مەرھەمەتىڭىزدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بولاتتىم.

— يەنە غەزنە دەيسىزا! غەزنىدە قانچىلىك قولى قىسقىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەنلىكىمىز ئېسىڭىزدىن چىقتىمۇ؟ مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ بۇزۇلغان توسمىسىنى ياسايمىز دەپ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىدۇق. ئادەم تاپساق مەبلەغ تېپىلمايتتى، مەبلەغ تاپساق يەنە بىرەر نەرسە يېتىشمەيتتى بۇ يەردە ھەممىسى بار. كۈچ-قۇدرەت دېڭىزدەك چەكسىز!

— لېكىن بۇ دېڭىزنىڭ مەندەك...مۇساپىرنى نام-نىشان قالدۇرماي يۇتۇۋېتىشىدىن قورقىمەن!

خوجاكالان "مەندەك مۇساپىرنى" دەپ پەقەت ئۆزى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ئۇ بابىر بىلەن كەلگەن بارلىق ۋەتەنداشلىرىنى نەزەردە تۇتۇۋاتاتتى. "بۇ چوڭ مەملىكەتكە بىز قۇرۇقنۇنمۇ بولالمايمىز، كۆپ خەلققە ئارىلىشىپ يوق بولۇپ كېتىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ئالدىنغان ئولجىمىزنى ئېلىپ، شىمالغا تېزرەك قايتىپ كېتەيلى"، دەپ يۈرگەن بەگلەر يالغۇز خوجاكالان ئەمەس ئىدى. بابىر شۇنى ئويلىدى-دە:

— مەقسەت نام-نىشان قالدۇرۇش بولسا، — دېدى، — ئادەم شۇ مەقسەتكە ئۆزىنى پىدا قىلىشى كېرەكمۇ، يوقمۇ؟ بىز ئۆگەنگەن سالقىن باغلار، راۋان ئېرىقلار بۇ يەردە يوق. ئۇزۇم يوق، قوغۇن

يوق،مۇز يوق، ياخشى ئات يوق. سۇلتان ئىبراھىمدەك پادىشاھنىڭ سارىيىدا شام ۋە شامدان ئىشلىتىلمەيدىكەن. يۈز-ئىككى يۈز چىراغچى دەۋتىيلەر تىرىك شامدان بولۇپ خىزمەت قىلىدىكەن. سول قولىدا ئۈچ پۇتلۇق بىر چىراغنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا ياغ سېلىنغان قاپاقنى كۆتۈرۈپ، ئۇلۇغلىرىغا چىراغ كېرەك بولغاندا ئۇدۇلىدا شامدانغا ئوخشاپ تۇرىدىكەن... مەن ھۇنەرۋەنلەرگە بىزنىڭ شامدان ۋە قەندىللەرنى كۆرسىتىپ، شۇنداقلىرىنى ياساتسۇن، دەپ بۇيرۇدۇم. بىر ئاي ئۆتمەيلا سارايغا يەتكۈدەك شامدان ۋە قەندىل تەييارلاندى، شامچىلىقمۇ جارى قىلىندى. تەك تىكتۇردۇم، نېسىپ بولسا ھىند ئۈزۈمىنىمۇ يەرمىز. بۈگۈن كۆرۈپ كەلگەن بىغىمىزنىڭ ئورنى قانچىلىك ناچار يەرلەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىڭىز. ئۆلمىسەك، ئاشۇ يەردە سەمەرقەند ۋە ھىراتنىڭ ئەڭ مەشھۇر باغ ۋە چارباغلىرىدىنمۇ گۈزەلرەك باغلار، سارايلار بەرپا قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. سەمەرقەند ۋە ھىراتتا چېكىنىشكە يۈز تۇتقان مەدەنىيەتنى بىز ئەمدى ھىند مەدەنىيىتىگە قوشۇپ يۈكسەلدۈرەلىسەك...شۇنىڭ ھەممىسى بىزدىن نام-نىشان بولۇپ، ئەۋلادلار خاتىرىسىدە قالمامدۇ، بەگ؟

— ھەزرىتىم، نىيىتىڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن. لېكىن ۋەتىنىمىزدە قىلمىغان ياخشى ئىشلارنى يات يۇرتتا قىلساق، كىم بۇنىڭ قەدرىگە يېتەر؟ قانداق قىلساقمۇ بىز كەلداخۇن ئىشغالىيەتچىلەرمىز. "بۇلار يىگىتلىرىمىزنى جەڭدە ئۆلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى زورلۇق بىلەن ئالغان"، دەپ تەنە قىلمامدۇ؟ پەيتىنى تاپقاندا قىساس ئالمامدۇ؟

بابىر ئېغىر "ئۇھ" تارتتى-دە:

— قانداق قىلاي؟ — دېدى، — مەن شۇ ئارزۇلارنى ۋەتىنىمدە ئەمەلگە ئاشۇراي دەپ ئاز ئىلىشتىممۇ؟

— سىزدىن بۇرۇن ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان مەھمۇد غەزنەۋىي چوڭ ئولجىلارنى ئېلىپ كېرەكلىك ھۈنەرۋەنلەرنى غەزنىگە ئەكىتىپ ئىشلەتكەن ئەنە!...

— سىز مېنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىيگە ئوخشىشىمنى خالامسىز؟

— ھۆرمەتسىزلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ!

— بىز مەملىكەتنى بۇلاپ، بايلىقلىرىنى ھۈنەرۋەنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان قاراقچىلار ئەمەسقۇ؟!

— بىر شېئىرىڭىزدا ئۆز يېرىمىزنى تاشلاپ ھىند تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىمىزنى يۈزى قارىلىق دەپ ئاتىغان ئەمەس-مىدىڭىز ھەزرىتىم؟

— ئاتىغان بولسام، ئەمدى يۈزىمىزگە يۇققان قارىنى يۇيۇپ تاشلاش ھەرىكىتىدىمەن! ئەگەر بىزمۇ خىسراۋ دېھلەۋىيدەك مۇشۇ مەملىكەتكە پەرزەنت بولساق، پۈتۈن ئەقىل-ئىدراكىمىزنى ئۇنىڭغا بەخش ئەتسەك، ئىشىنىمەنكى، كېلەچەك ئەۋلادلار ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولغۇسىدۇر!

خوجاكالانبەگ مۇنازىرە يولى بىلەن بابىرغا سۆزىنى ئۆتكۈ-زەلمەسلىكىنى ئەمدى ئېنىق سەزدى.

— ھەزرىتىم، سىزنىڭ مېتىنىدەك ئىرادىڭىز بار، — دەپ ئەمدى بابىرنى ماختاپ يۇمشىتىشقا تىرىشىشقا باشلىدى، — سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشكەن كۈلپەتلەر باشقا ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشسە، بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. لېكىن سىز ھەممىسىگە بەرداشلىق بېرىپلا قالماي، يەنە شۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلماقچىسىزكى،

بۇنىڭغا جاھان ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى مەن سىزنىڭ ئۇلۇغ بىر سىيما ئىكەنلىكىڭىزنى بارغانسېرى ئېنىق سەزمەكتىمەن. مانا ھازىرمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا خۇددى چوڭ تاغ چوققىسىنىڭ ئېتىكىدىكى كىچىك بىر دۆڭدەك ئۆزەمگە ئۆزەم ئاجىز كۆرۈنۈپ كەتتىم.

خوجاكالانبەگ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ، كۆزى ئەلەمدىنمىكىن، ئۆكۈنچتىنمىكىن، چاقناپ سۆزلىمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرگەن بابىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈسى كېلىپ دېھلەۋىينىڭ بىر مىسراسىنى ئەسلەتتى:

"ئەسلى كەس ئەزكەس نەباشەد كەم، چۇ جۇملەز ئادەمەند①"

— لېكىن بەش قول باراۋەر ئەمەس، ھەزرىتىم... مېنىڭ ئەھۋالىم ئۆزەمگە مەلۇم. سىز كۆتۈرگەن ئۇلۇغ يۈككە يەلكەمنى تۇتسام مەيىپ بولىمەن. مېنى بەش-ئالتە يىل تىرىك يۈرسۇن دېسىڭىز، رۇخسەت بېرىڭ، غەزنىگە باراي. مەھمۇد غەزنەۋىيدىن قالغان ئاشۇ كونا توسمىنى ياستىپ چۆلنى ئاۋات قىلاي. بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن ساۋابىنى سىزگە بېغىشلاي.

بابىر بۇ سۆزلەرگە ئېتىراز قىلماي ئويلىنىپ قالدى. خوجاكالانبەگ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان يولنى ئەمدى تاپقىنىنى سەزدى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەزرىتىم، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىڭ! ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلىپ ئارام ئالاي. ئۆلسەم، جەسىتىمنى

---

① ئەسلىدە ئادەم ئادەمدىن كەم ئەمەس، چۈنكى ھەممىسى ئادەم ئاتا پەرزەنتىدۇر.

غەزنىگە قويسۇن. ھەر ھالدا ۋەتىنىمىزگە يېقىنراق بولىمەن.

بابىر خوجاكالانبەگنىڭ كۆزى ياشلانغانلىقىنى كۆردى-دە، ئۆزىنىڭ ھۇمايۇنغا تەيىنلىگەن بىر گېپى ئېسىگە چۈشتى: "ئۇرۇشتا قان كېچىپ يۈرۈپتىمىز، مۇبادا ۋاپات بولسام، مېنى كابۇلغا ئاپىرىپ كۆمگىن" دېگەنىدى بابىر. خوجاكالانبەگ كەتسە، ئۇلار يەنە دىدار كۆرۈشەلەمدىكىن؟ شۇ ئوي تەسىرىدە بابىرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئاۋازى پەسىيىپ ئاڭلاندى:

— كەينىڭىزدىن باشقا بەگ-نەۋكەرلەر ئەگەشسە... مەن كىم بىلەن قالىمەن؟

— ھەممە بەگلەر بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىمەن، "پادىشاھ غەزنىدىكى تۇسمىنى ياساش ئۈچۈنلا رۇخسەت بەردى"، دەرمەن. ھېچكىمنى ماڭا ئەگەشمەيدىغان قىلىپ كېتىمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ!

بابىر ھىراتقا، تەبرىزگە، بەلخكە، ئەنجان ۋە تاشكەنتكە ئادەملەر ئەۋەتكەن، "كىمدە كىم بىزگە خەيرىخاھ بولسا ھىندىستانغا كەلسۇن، مائاش بېرىمىز، نېمە تىلەكلىرى بولسا ئورۇندايمىز" دېگەن مەزمۇندا چاقىرىق خەتلەر يوللىغانىدى. كابۇلدىكى ھاكىملار كەلگۈچىلەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغلەر ئالغانىدى.

— بولمىسا، سىزمۇ... قەيەردىكى قىزىل باشلار بىلەن شەيبانىي-زادىلەردىن بەزگەن ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن، بەگ ۋە نەۋكەرنى كۆرسىڭىز، بىزنىڭ نامىمىزدىن ئېيتىڭ، كەلسۇن! — دېدى ئۇ خوجاكالانبەگكە.

— جېنىم بىلەن ئېيتىمەن، مەندەك كەتكەنلەرنىڭ بىرى ئورنىغا يۈزى كەلسۇن!

خوجاكالانبەگ بابىرغا بۇ گەپلەرنى چىن دىلىدىن ئېيتقاندەك كۆرۈنگەنىدى. ئەمما ھىندىستاندىن كېتىشكە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن بابىرغا ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ يىلىنغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن رەنجىدى. ئۇ بەگ دوستلىرى ئالدىدا ئىچكەن قەسىمىدە تۇرۇپ ئۇنى بېجىرگەنلىكىنى ھەممىگە نامايىش قىلغۇسى، ھىندتا قىلىۋاتقانلارنى ئېچىتىپ كەتكۇسى كەلدى-دە، ئەگرەدە ياشىغان ئۆيىنىڭ تېمىغا بىر بېيىت شېئىر يېزىپ قالدۇردى:

ئەگەر بەخەيرى سەلامەت گۇزەر زى سىند كۇنەم،

سياروي شەۋەم، گەرھەۋايى ھىند كۇنەم![1]

خوجاكالانبەگنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەن ھىندۇبەگ بىركۈن كېچىسى بۇ شېئىرنى يېزىپ كېلىپ بابىرغا كۆرسەتتى ۋە بېيىتنى ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ھەممە يەردە شاۋ-شۇۋ قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرگىنىنى ئېيتتى.

بابىر خوجاكالاننىڭ «ھېچكىمنى ماڭا ئەگەشمەيدىغان قىلىپ كېتىمەن!» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى-دە:

— بۇ نېمە كۆڭۈلسىزلىك؟ — دەپ ھەيران بولدى، — خوجاكالان باشقا بەگلەرنىڭمۇ ھىندتىن كېتىشىنى خالامدىغاندۇ؟!

— بىلمىدىم، بۇ يەردە قالغان بەگلەرنىڭ پىدائىيلىقى خوجاكالانبەگكە ئەلەم قىلغانمىكىن؟

— ھە، ئۆزى شۇنداق پىدائىي بولالمىغىنىنىڭ خاپىلىقى بۇ! — دېدى بابىر ۋە چاۋاك چېلىپ كاتىپنى چاقىردى.

كاتىپ كەلگۈچە ئورنىدىن تۇرۇپ، خاس خانىنىڭ ئۇ بۇلۇڭىدىن

---

① ياخشىلىق ۋە سالامەتلىك بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن ئەگەر يەنە ھىندنى ھەۋەس قىلسام يۈزۈم قارا بولسۇن.

بۇ بۇلۇڭغا تىرىككەن بىر قىياپەتتە مىڭىشقا باشلىدى. بىر كۆڭلى خوجاكالانىنىڭ كەينىدىن چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنى غەزنى ھاكىملىقىدىن بىكار قىلىشقا مايىل ئىدى. لېكىن شۇنچە يىللىق قەدىردانىدىن ئايرىلىش، كېيىن غەزنىدىكى ۋەيران بولۇپ ياتقان توسمىنى ياساش ئۈچۈن يەنە باشقا ئادەم ئىزدەش تەشۋىشى ئۇنى بۇ پىكرىدىن قايتۇردى.

نېمە قىلىش كېرەك؟ خوجاكالانىنىڭ شېئىرى ھىندىستاندىن كەتكۈسى كېلىپ يۈرگەن بەگ ۋە نەۋكەرلەرنى تېخىمۇ قوزغىتىپ قويۇشى ئېنىق. ئەگەر بېيىت ئۈچۈن خوجاكالان جازالانسا، شېئىرنىڭ تەسىرى يەنىمۇ ئېشىشى ئېنىق.

— بۇ بېيىت تامغا يېزىلغىنىچە تۇرۇۋېتەمدۇ؟ — سورىدى بابىر ھىندۇبەگتىن.

— ئۆچۈرتۈۋەتتىم.

— بىكار قىلىپسىزبەگ، سىز ئۆچۈرگەندىن كېيىن بۇ بېيىت ئادەملەرنىڭ خاتىرىسىگە يەنىمۇ مەھكەمرەك ئورنىشىدۇ. شېئىرنىڭ تەسىرىنى پەقەت شېئىر بىلەن يوقىتىش مۇمكىن.

قولىدا قەغەز-قەلىمى بىلەن ئىنچىكە بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلىق كاتىپ تەزىم قىلدى.

— يېزىڭ! — بۇيرۇدى بابىر ئۇنىڭغا.

كاتىپ گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، جوزدانىنى تىزىغا قويدى، قەغەزنى ئالىقىنى بىلەن تەكشىلەپ، يېزىشقا تەييارلاندى.

بابىر بەدىھە① ئاھاڭدا سۆزلىدى:

---

① بەدىھە — بىر ۋەقەگە مۇناسىۋەتتى بىلەن توساتتىن ئېيتىلىدىغان شېئىر.

يۈزنشۈكر دې بابىركى، كەرىمۇ غاففار،
بىردى سىنگە سىندۇ ھىندۇكشۆرى بسيار.
"كشۆر" سۆزى ۋەزىنگە چۈشمەي تومتاقلىق قىلغىنىنى سەزدى-دە، ئىككىنچى قۇرنى باشقىچە قىلىپ تەكرارلىدى:
بىردى سىنگە سىندۇ ھىندۇ مۈلكى بسيار.
ئىسسقلىغىگە گەر سىندە يوقدۇر تاقەت.
ساۋۇق يۈزىن كۆرەي دىسەڭ غەزنى بار.
مۇشائىرەنىڭ نازۇك قائىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ بىردەمدىلا يارىتىلغان بۇ بەدىھە ھىندۇبەگنىڭ زوقىنى كەلتۈردى. ئۇ تامىغا سوغۇق گەپ يېزىپ كەتكەن خوجاكالانبەگنىڭ ئەپتى-بەشرىسىمۇ بابىرغا قانچىلىك سوغۇق كۆرۈنگىنىنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بابىر ئاتقان ئوقنىڭ نىشانىغا تەگكىنىنى شۇ زوقلۇق كۈلكىدىن سەزدى-دە، يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ، كاتىپقا بۇيرۇدى:
— بەدىھەنى ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈڭ. بىر نۇسخىسىنى خوجاكالانبەگنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىڭ. ھىندۇبەگ، بىرنۇسخىسىنى سىز ئېلىپ، كالانبەگنىڭ بېيىتىنى ئوقۇغان بەگ ۋە نەۋكەرلەرگە بېرىڭ. مۇشائىرەدە كىم غالىپ بولغىنىنى كۆرسۇن.
بۇ بەدىھەنى ئوقۇغان كۆپچىلىك بەگ ۋە مۇلازىملار خوجاكالانبەگنى زاڭلىق قىلىشىپ، "سوغۇق يۈزىن كۆرەي دىسەڭ غەزنى بار!" دەيدىغان بولۇشتى. ئىسسىقتىن تاقەتسىزلىنىپ نالە قىلىدىغانلارغىمۇ "سوغۇق يۈزىن كۆرەي دىسەڭ غەزنى بار!" دەپ زاڭلىق قىلىش ئادەت بولدى.

## 3

پەنىپەتتە ئېغىر ياردار بولغان تاھىر ئۈچ ئايغىچە ئورنىدىن تۇرالماي ياتتى. سارايدىن ئەۋەتىلگەن تېۋىپ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يارىلارنى توغرا داۋالىدى، لېكىن قوۋۇرغا ۋە قول سۆڭەكلىرىنىڭ پارچە-پارچە بولۇپ سۇنغان جايلىرىنى ئورنىغا كەلتۈرەلمىدى. سۇنغان سۆڭەكلەرنىڭ ئاغرىقى كېچە-كۈندۈز ئارام بەرمەيتتى. تاھىر ئەگرەدە ئاشۇ كونا قەدىردانى مەمەت بىلەن كىچىك بىر ھويلىدا تۇراتتى، "ئەمدى بۇ يەردىن ئۆلۈكۈم چىقىدىغان ئوخشايدۇ"، دەپ ئويلايتتى.

شۇنىڭ ئۈستىگە مەۋلانا پەزلىددىن كابۇلدىن تاھىرنىڭ مۇھەندىس ئوغلى سەپەربەگنى باشلاپ كېلىپ قالدى. ئۇلار قۇرۇلۇشتا بىللە ئىشلەيدىغان ھىند تاشتاراشلىرىدىن سوراپ-سۈرۈشتۈرۈپ، ئەگرەلىك بىر جەرراھنى① كەلتۈردى. جەرراھ كەمبەغەلپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان مەۋلانا پەزلىددىن جىيەنىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ:

— ساھىب بەيجۇ، — دېدى، — تاھىرمۇ ئەسلىدە مېھنەتكەش بىر دېھقان ئىدى... مەن بۇنىڭ نەۋكەر بولۇشىغا قارشى ئىدىم...

— ئۇشتا سىز ھەق سۆزنى ئېيتقان ئىكەنسىز، — دېدى تاھىر، — مەن رەھىمسىزلەر ئارىسىدا يۈرۈپ رەھىمسىز بولۇپ كەتكەن ئېكەنمەن... بولمىسا يىگىرمە يىللىق قەدىردانىم مەمەتكە شۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلاتتىممۇ؟ مانا، ھەممىسىنىڭ قىساسى

---

① جەرراھ — تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى.

قايتتى. ھېلىمۇ مەمەت ئادەمگەرچىلىك قىلدى، بولمىسا ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىپ مىجىقلىنىپ كېتەتتىم!

مەۋلانا پەزلىددىن مەمەتنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى كەلگەن كۆڭلىرى ئاگلىغان ۋە ئۇنى باغ قورۇلۇشىغا ئىشقا ئالغانىدى. مەۋلانا بۇنى تېۋپكە پارسچە ئارىلاش ئۇردۇ تىلىدا ھېكايە قىلىپ بەردى-دە:

— جىيەنىممۇ ئەمدى بەگلىك ۋە نەۋكەرلىكنى تاشلىماقچى، — دېدى، — سىز ۋە بىزدەك تىنچ ئەمگەك بىلەن كۈن كۆرمەكچى. بۇنىڭغا ياردەم قىلايلى!

— بىلىمەن، سىز بىزنىڭ يۇرتىمىزغا ئاۋات قىلىش ئۈچۈن كەلگەنسىز، ساھىب، — دېدى بەيجۇ، — سىز ئىلتىماس قىلغىنىڭىز ئۈچۈن جىيەنىڭىزگە قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن!

تېۋپ ئىپتىقىنىنى قىلىپ تاھىرنى بىر ئاي ئەستايىدىل داۋالىدى. بەيجۇنىڭ سەزگۈر قوللىرى قايسى سۆڭەك قەيەردىن قانداق سۇنغىنىنى خاتاسىز ئېنىقلاپ ھەممىسىنى ماھىرلىق بىلەن جاي-جايىغا قويۇپ چىقتى. بىر ئاي داۋامىدا تاھىر ئۇنىڭ ئالىقىنى ئاقۇچ-كۆكۈمتۇل، ئۈستى قارا كەلگەن يۇمشاق قوللىرىغا خۇددى ئۆز قوللىرىغا ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىپ كەتتى. كېيىن ئۆڭشىلىپ ئورنىدىن تۇرغان كۈنى بەيجۇنىڭ شۇ پەنجىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈردى:

— ئېيتىڭ، ساھىب، مەن بۇ ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇراي؟

— چەرراھنىڭ قولىنى شۇنچىلىك ئىززەتلەپ كۆزگە سۈرگىنىڭىز ياخشىلىقىمنىڭ قايتقىنى ئەمەسمۇ؟

— ياق، مەن سىزدىن ئۆمۈرۋايەت قەرزدارمەن!

www.uyghurkitap.com

— كىم بىلسۇن، بەلكى مەن ئۆزۈم ھازىر بىر قەرزىمنى ئۈزگەندۇرمەن؟

مەۋلانا پەزلىددىنمۇ شۇ يەردە تۇرغانىدى. ئۇ تېۋىپنىڭ نېمىندۇر "ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ؟" دەپ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە:

— ساھىب بەيجۇ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قەرزدار سەزدىڭىز؟ — دېدى.

— بۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن... پەقەت ئىلتىماس قىلىمەن، باشقا ھېچكىمگە ئېيتمىساڭلار.

— ئىلتىماسىڭىزنى بەجاندىل قوبۇل قىلدۇق!

— مېنىڭ بىر پىلچى ئاكام بار. ئىبراھىم لادى زامانىدا ئاكام ئەگرەدىن ئىش تاپالماي پەنجابقا كەتكەنىدى. ئاشۇ يەردە قوشۇنلىرىڭىز قانچىلىغان ئادەملىرىمىزنى قىرغىنىنى ئاڭلاپتۇ. "بۇلارنى ۋەتىنىمگە كىرگۈزمەيمەن"، دەيدۇ-دە، قوشۇنلىرىڭىزنى ئازغاشتۇرۇپ، چاتقاللىق، پاتقاقلىققا باشلاپتۇ.

— ھە، بولدى، بولدى! — دېدى تاھىر يولباشلىغۇچى پىلچى لەئىل كۆمەرنى ئەسلەپ، — بىزنىڭ ئىككى نەۋكىرىمىزنى پىلىغا ئۇردۇرۇپ، مەيىپ قىلىپ كەتكەنىدى... ئەمما مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرەكلىكلىكىگە قايىل بولغانىدىم... بىر ئۆزى بىر قوشۇندىن قورقماي ئېلىشقانىدى-ھە!... بىز ئۇنى چاتقاللىق، پاتقاقلىقتىن چىقالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. چىقىپتۇمۇ-ھە؟ ھازىر ھاياتمۇ؟

— ھايات، لېكىن ئەمدى ئەگرەگە كېلىشتىن قورقىدۇ. ئاكام ئاشۇ نەۋكەرلىرىڭىزنى مېيىپ قىلغىنى... ياخشى بولمىغان... ئېھتىمال، مەن ساھىبنىڭ تاھىرنى داۋالىغىنىم ئاشۇ گۇناھىمىزنى يۇيۇپ

كەتكەندۇ؟

— سىز ئاكىڭىز قىلغان ئىشنى گۇناھ دەپ ئاتىماڭ، ساھىب بەيجۇ! — ئېتىراز قىلدى مەۋلانا پەزلىددىن، — ۋەتىنىنى بۇنداق باتۇرلارچە ھىمايە قىلىش گۇناھ ئەمەس، بەلكى شەرەپتۇر!

— ياخشى سۆزلىرىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ساھىب! ئەمما ئاشۇ ئىشى ئۈچۈن ئاكام ھازىرغىچە ئىشسىز. ئۆز ۋەتىنىدە تىقىلىپ قېچىپ يۈرۈپتۇ. بالا-چاقىسى ئاچ-يالىڭاچ.

— ئاكىڭىز قۇرۇلۇشتا ئىشلىگەنمۇ؟

— ھە، پىل بىلەن دائىم قۇرۇلۇشتا ئىشلەيتتى.

— بولمىسا ماڭا يولۇقسۇن، ئىش تېپىپ بېرەي. بىز ھەتتا ھەربىي پىللارنى ئەمگەككە ئۆگىتىۋاتىمىزغۇ!

— ئاكام بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغان. ئىبراھىم لادى بېسىپ ياتقان ئالتۇنلارنى سىلەرنىڭ ئەمدى قۇرۇلۇشقا سەرپ قىلىۋاتقىنىڭ-لاردىن مەمنۇن. ئەمما قولغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

— بەلكى ئاكىڭىزنىڭ ئەگرەگە كەلمىگىنى توغرىدۇر. بۇ يەردە بەگ ۋە مۇلازىملار كۆپ، تونۇپ قېلىپ بىر بالاغا قېلىشى مۇمكىن. ئاكىڭىز مەنسەپدارلار كەم بارىدىغان چەت جايدىكى قۇرۇلۇشقا كەلسۇن. مەن جۇمە كۈنى دېھەلپۈرغا بارىمەن. خالىسا ئاشۇ جايغا بارسۇن.

— ساھىب، سىزنى پادىشاھىڭىز ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ سەركارى ئىكەنسىز. پادىشاھتىن ئاكامنىڭ گۇناھىنى سوراپ، پاناھلىق ئېلىپ بېرەلمەمسىز؟ شۇ چاغدا بىز خاتىرجەم يۈرەتتۇق.

مەۋلانا پەزلىددىن ئويلىنىپ تۇردى-دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىزنى بۇنىڭغا ئىشەندۇرەلمەيمەن، بەيجۇ، — دېدى، — چۈنكى پادىشاھنىڭ جېنىغا قەست قىلمىغان ئادەملەرنى ئايىماستىن جازالاش ھەققىدە مەخسۇس پەرمان چىقىرىلغان. بابىر مىرزا شۇ پەرمانغا ئىمزا قويغان. ئۆزى ئاق كۆڭۈل شائىر، مەرىپەتلىك ئىنسان بولسىمۇ پادىشاھلىق بىلەن ئىشغالىيەتچىلىك ئۇ كىشىنى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە دۇچار قىلمىغان. شۇ چاغدا لەئىل كۆمەر ئۇنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئازغاشتۇرۇپ، يوق قىلىۋەتمەكچى بولغىنى ئېنىقكە چۈشسە، ئاچچىقىدا قەتل قىلغۇزۇۋېتىشى مۇمكىن.

— بۇ راست، — دېدى تاھىر تاغىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — ھەتتا مەن... ئەمدى سارايغا خىزمەتكە قايتىشتىن چۆچۈيمەن. بابىر مىرزىنى چىن دىلدىن ياخشى كۆرسەممۇ ئۇنىڭ شەپقەتسىز مۇھىتىدىن يىراقراق يۈرگۈم كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى مېنىڭ ئاكام نىجاتلىقنى پەقەت سىزدىن كۈتىدۇ، مەۋلانا پەزلىددىن!

— مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلىشقا تەييارمەن. كەلگۈسى جۈمە دېھەلىپۇرغا كەلسۇن. پەقەت... ئۆزىنى... سىزنىڭ نامىڭىز بىلەن ئاتىسۇن... ئىلاجى بولسا قىياپىتىنى سەل ئۆزگەرتسۇن.

— ئاكامنىڭ ئۆزىمۇ چاچ-ساقال ئۆستۇرۇپ، تونۇش قىيىن بولغان قىياپەتكە كىرگەن.

— ناھايىتى ئوبدان. بالادىن ساقلان دەيدۇ. پىلى بىلەن قورۇلۇشتا ئىشلەپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن، ئاندىن يەنە مەسلىھەتلىشىپ كۆرەرمىز!

تېۋىپ بەيجۇ ئاكىسى لەئىل كۆمەرنى كەلگۈسى ھەپتىدە دېھەلى-

پەرگە، مەۋلانا پەزلىددىن ئالدىغا ئەۋەتىدىغان بولۇپ كەتتى.

## 4

ئەگرەدە داۋاملىق شامالىلىق يامغۇر پەسلى باشلانغان تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تاھىر سارايغا ــ بابىرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى.

دىۋانى خاسنىڭ مەرمەر ئايۋىنىدا ئولتۇرغان بابىر ئۇنى تەستە تونۇدى: تاھىرنىڭ چاچ-ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەن. يۈزىدىكى تاتۇقتىن تاشقىرى، ئىككى ئارىلاش بويىنىغا گويا چوڭ بىر ياماق چۈشكەن.

ــ ياخشى، ساقىيىپ قاپسىز، ــ دەپ بابىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپ ئىزدىدى.

ــ ھە، موللا تاغام جېنىمغا ئارا كىردى...

ــ ئەمدى قانداق، ئاۋۋالقى خىزمەتكە قايتماقچىمۇسىز؟

تاھىرنىڭ ئوڭ قولى ئاجىز، بويىنىمۇ توغرا قايرىلمايدىغان بولۇپ قالغان، ئەتراپىغا قارىماقچى بولسا، پۈتۈن گەۋدىسىنى بۇراپ قارايتتى.

ــ مەن ئەمدى قورچىلىققا يارىمايمەن.

ــ بولمىسا ئىچكى بەگلەر قاتارىدا يۈرۈڭلار.

ــ لېكىن مەن بەگلىكنى ئەپلىيەلمىدىم... پەنىپەتتە ئۆزەمدىن ئۆتتى.

ــ نېمە ئۈچۈن؟

تاھىر جەڭ بولىدىغان كۈنى ئەزان ۋاقتىدا ناشتىغا ئىچكىنىنى، ئاتتىن قانداق يىقىلغىنىنى ۋە قەدىردان نەۋكىرىنى قانداق شەپقەتسىزلەرچە ئۆرگىنىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بەگ بولدۇم دەپ مەغرۇرلىنىپ زالىم بولۇپ كەتكەن ئىكەنمەن. ئۆلۈم تۆشىكىدە يېتىپ ئۆزەمنى تونۇدۇم. ماڭا بەگلىك... توغرا كەلمەيدىكەن، ھەزرىتىم. ئۆزەممۇ ئەمدى مېيىپ ئادەممەن. رۇخسەت بېرىڭ، موللا تاغام لايىھەسىنى سىزغان باغدا سۈچىمۇ، گۈلچىمۇ بولۇپ قالاي... بىرچاغلاردا قۇۋادا كىچىككىنە باغچىمىزدىكى دەل - دەرەخلەرنى سۇغۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم...

بابىر ئايۋانىڭ پارقىراپ تۇرغان مەرمەر تۈۋرۈكلىرى كەينىدىن ئۆزۈپ كېتىۋاتقان يامغۇر بۇلۇتلىرىغا تىكىلىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ تاھىرغا ياخشىلىق قىلماقچى بولۇپ بەگلىك ئۇنۋانىنى بەرگىنى ئاقىۋەتتە يامانلىق بولۇپ چىققانىدى.

— سىزغۇ، بەگلەرنىڭ كاساپەت مۇھىتىدىن سۈچى بولۇپ قۇتۇلماقچىسىز، لېكىن مەن قانداق قۇتۇلارمەن؟

بۇ سوئال تاھىرنى ئالدىرىتىپ قويدى:

— سىز... پادىشاھسىز، ھەزرىتىم. بەگلەر سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزدە.

— ئىتائىتىمدە بولۇپ ئىتائەت قىلدۇرىدۇ... بۇلارنىڭ شۇنداق قاينامىلىرى باركى، سەل خەۋەرسىز قالسىڭىز غەرق قىلىۋېتىدۇ... مەن ئىسپەرەدە سىزگە ئېيتقان گەپلەر ئېسىڭىزدىمۇ؟

— مەن ئۇ سۆزلىرىڭىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇماسمەن...

— شۇ چاغدا سىز، ئۆمۈرۋايەت ھۇزۇرىڭىزدىن كەتمەيمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ!

— ھەزرىتىم، مەن ئۇ چاغدا ساغلام يىگىت ئىدىم... ھازىر ئەھۋالىم بۇ...

— سارايدا مېنىڭ خىلۋەتخانامغا قارايدىغان مۇۋاپىق ئادەم يوق. شۇ ئىشنى سىز ئالسىڭىز.

خىلۋەتخانا — بابىرنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىجاد قىلىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى تاھىر بىلەتتى، بابىر ھاياتىنىڭ ئەڭ لەززىتى بار تەرىپى ئۇنىڭ ئىجادىدا ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. لېكىن سارايىنىڭ مۇرەككەپ، بوغۇق مۇھىتىدىن كۆڭلى قالغان تاھىر باغدا، تاغىسى-نىڭ يېنىدا ئىشلەشنى خالايتتى.

— ھەزرىتىم، قولىڭىزنى كەچۈرۈڭ، مەن باغدا ئىشلەيمەن، دەپ ئەھد قىلغانىدىم...

— باغدىمۇ خىلۋەتخانا بولىدۇ، — دېدى بابىر، — قۇرۇلۇپ بولسا ئۇنىڭغىمۇ سىز قارايسىز، ماقۇلمۇ؟

ئەمدى "ياق" دېيىشىنىڭ ئىلاجى قالمىدى. بابىرنىڭ سۆزىنى يىرىپ ئۆگەنمىگەن تاھىر قولىنى كۆكسىگە قويدى-دە، رازىلىق بەردى.

* * *

ئەگرە قەلئەسىدىكى خىلۋەتخانا دىۋانى خاس بىلەن پادىشاھ ئاشخانىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. بىر ئايدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان يامغۇر پەسلى يېقىن ئارىدا توختايدىغانغا ئوخشىمايتتى، بەزى كۈنلىرى بەش-ئون قېتىمدىن قاتتىق يامغۇر قۇيۇپ ئۆتەتتى. يامغۇر-يېشىنلىق كۈنلەردە بابىر كۆپرەك ئەگرەدە ئىشلەيتتى. خىلۋەتخانا ئىچكىرىمۇئىچكىرى قۇرۇلغان ئۈچ ئۆيدىن ئىبارەت. بۇ ئۆيلەرنىڭ پارچە-پۇرات ئىشلىرىنى تۆت سەۋدەر قىلاتتى. "ئاپتۇۋچى مۇلازىم" دەپ ئاتىلىدىغان تاھىر ئۇلارغا باشلىق. ئەڭ ئىچكىرىكى خانىدا قەغەز، قەلەم ۋە بابىر تەيىنلىگەن كىتابلار تۇراتتى. بىرىنچى خانىغا داستىخان سېلىنىپ، بابىر ياقتۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

گۈلاب، نارىنج شەربىتى، ئەنبە[1] مېۋىسى، قەيلە[2]، تەنپۇل بەرگى[3] ۋە مېغىزى قىزىل پۆپەل ياڭىقى[4] قويۇلغان.

بىركۈنى تاھىر داستىخانغا ئەڭ پاكىز غەزنى ئىچىملىكتىن بىر كوزىچە قويدۇرغانىدى، بابىر:

— ئىچىملىك مەجلىسى خىرگاھتا بولدى، بەس، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تاھىر خىلۋەتخانىغا ئىچىملىكنى يولاتمايدىغان بولدى.

بابىر ئىچكىرىكى ئۆيدە كېچىچە ئىشلىسە تاھىرمۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي، تىنچلىقىنى قوغداپ چىقاتتى.

ئۇنىڭ سىرتقى خانىسىدا ئويغاق ئولتۇرۇشىنى بىلىدىغان بابىر گاھى ئىچكىرىدىن چىقىپ كېلىپ، غەلىتە سوئاللار بېرەتتى:

— بەدەخشاندا ئارچىزارلاردا نەپىس بىر ئوت بولاتتى، ئېسىڭىزدىمۇ؟ دەھكەت ئەتراپىدا، ئاسمان يايلاقتىمۇ جىق ئىدى. رەڭگى ھاۋا رەڭ. مەن بىر دەپتەرگە يېزىپ قويغانىدىم... كابۇلدا قالغانمۇ؟ يوق.

— ئات يەمدۇ؟

— ھە، ياخشى يەيدۇ. بويى پاكا-پاكا، يەردىن توپ-توپ بولۇپ چىقىدۇ.

---

① ئەنبە — ئاناناسنىڭ بىر تۈرى.

② قەيلە — بانان.

③ تەنبۇل بەرگى — ئاپېلسىن بەرگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

④ پۆپەل ياڭىقىنى چايىنسا كەيپ قىلىدۇ، چىشنى چېگىتىدۇ.

— بىتەكەمكىن؟

— ھە، ھە، بىتەكەمۇ دەيدۇ، لېكىن ئەسلى بۇتەكە! تۈپ-تۈپ ئۆسكىنى ئۈچۈن بۇتەكە دەيدىكەن. مەن بۇ ئىسمىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى بەدەخشاندا ئاڭلىغانىدىم.

بابىر ئىزدىگەن سۆزنى تاپقىنىدىن مەمنۇن بولۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ تاھىر بىلەن بىللە كۆرگەن جايلىرى، بىللە بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلىرىنىڭ مانا شۇنداق تەپسىلاتلىرىنى سوراپ، ئىنقىلاپ ئالغان كۆنلىرى تاھىرنىڭمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يۈرەتتى. ئۇ بابىرنىڭ ئۆزى كۆرگەنلىرى، كەچۈرگەنلىرى ھەققىدە چوڭ كىتاب يېزىۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى. ئەمدى تاھىرمۇ شۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا بىرقەدەر ئىشتىراك قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن "ئىشقىلىپ، بۇ يەردە ئۆتكەن كۆنلىرىم زايە كەتمەيدىغانغا ئوخشايدۇ"، دەپ قوياتتى. بىركۈنى تۈن يېرىم بولغاندا بابىر خىلۋەتخانىدىن خامۇش بولۇپ چىقتى-دە، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن بىر تۆتلۈك ئوقۇپ بەردى:

كۆپدەن بېرىكىم يارۇ دىيارىم يوقدىر،
بىر لەھزەۋۇ بىر نەپەس قەرارىم يوقدىر،
كېلدىم بۇل سارى ئۆز ئىختىيارىم بىرلە،
لېكىن بارۇرىمدە ئىختىيارىم يوقدىر.

بۇ قۇرلار تاھىرنىڭ سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى شۇنداق قوزغىدىكى، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن رابىيىسىنى سېغىنىپ، يىغلىغۇسى كەلدى.

— بالىلار بىلەن قاچان دىدار كۆرۈشەرمىزكىن-ھە، ھەزرىتىم؟

— يوللار تېخى تىنىچ ئەمەس. ھەرەم ئۈچۈن خەتەر كۆپ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەپتە رەناسەنگا بىزدىن نارازىلارنى ئەتراپىغا توپلاپ كۈچ يىغىۋېتىپتىمىش...

"بىزدىن نارازىلار" دېگەن سۆزلەر تاھىرغا مانا شۇ قەلئە ھويلىسىدا ئۆتكەن كۈنى يۈز بەرگەن بىر پاجىئەنى ئەسلەتتى.

ھىند ئۇستىلىرى پەشكال مەزگىلىدە يەر كولاشقا بولمايدۇ، ئىشنى توختىتايلى، دېيىشىدۇ. لېكىن سەركار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ: "بىز ۋايىننى ئالتە ئايدا قۇرۇپ پۈتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگەن، يامغۇر پەسلى ئىككى ئاي داۋام قىلسا، كېيىن قاچان ئۈلگۈرىمىز؟ پادىشاھ ھەزرەتلىرى بىزنى يالغانچى دېمەمدۇ؟ يامغۇر ھېچ گەپ ئەمەس! تېخى سالقىن بولدى! ئىشلەۋېرىڭلار!" دەپ، سەركار يەر كولىغۇچىلارنى مەجبۇر قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى.

داۋاملىق يېغىپ تۇرغان يامغۇرلار يەرنى ئۆتۈتىپ، مىچىلدىتىپ قويغانىدى. ئۆتكەن كۈنى يەر قازغۇچىلار ئون غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى گوداگنىڭ تۈۋىدە ئىشلەۋاتقىنىدا ئۇنىڭ بىر چېتى گۆمۈرۈلۈپ چۈشتى-دە، تۆت ئادەمنى بېسىۋالدى. ئۇلارنى لاي-ئارىلاش توپىنىڭ تېگىدىن كولاپ ئالغۇچىلىك ئۈچى ئاللىقاچان جان ئۈزگەن، تۆتىنچىسى تىرىك بولسىمۇ بېلى سۇنۇپ، مېيىپ بولغانىدى.

خىلۋەتخانىدىن سەل نېرىدا — ساراي ئاشخانىسىدا تاماق پىشۇرۇپ يۈرگەن بەھلۇل ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئاشپەزمۇ ۋايىننىڭ گودىگىدا جان ئۈزگەن يەر كولىغۇچىلارنى كۆرگەنىدى. بۇ پاجىئە ئاشپەزگە پەنىپەت جېڭىدە ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قىلىچىدىن ھالاك بولغان يىگىرمە ياشلىق قەدىرلىك ئىنىسىنى ئەسلەتكەن ۋە قەلبىدىكى ئىنتىقام تۇيغۇسىنى يەنە ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنىدى.

ئەھمەد چاشنەگىر مەلىكە بەيدەنىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، زەھەرنى شۇ بەھلۇلغا يەتكۈزۈپ بەرگەندى. مەلىكە بەيدەنىڭ يەنە بىر كېنىزىكى كېلىپ، پىلانىنى ھازىرقى يامغۇرلۇق كۈنلەردە — بابىر بىرەر ياققا كېتىپ قالماستىن ئالدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى.

تۆت پۇكلەنگەن ئاق قەغەز ئىچىدە زىرىگە ئوخشاپ تۇرغان زەھەر ئىككى مىسقاللا بولسىمۇ، بەھلۇلغا زور بىر پولات قورالدەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۇ جەڭدە ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىپ جان بەرگەن ئىنىسىنىڭ ئۆچىنى شۇ قورال ئارقىلىق ئېلىشنى ۋە ئىشغالىيەتچى-لەرنى بۇ يەردىن تېزرەك قوغلاشنى خالايتتى. ئەگەر بابىر ئۆلتۇ-رۈلسە، ئىشغالىيەتچىلەر ھىندىستاندا تۇرالماي كېتىپ قېلىشىغا ئەھمەد چاشنەگىر بەھلۇلنى ئىشەندۈرگەندى.

پادىشاھ ئاشخانىسىدا ھەربىر تاماقنى تەكشۈرۈپ تېتىپ كۆرىدى-غان مەخسۇس باكاۋۇللار بولاتتى. قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان كۈنى كەچقۇرۇن شۇ باكاۋۇللار ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قېلىشتى.

قازاندا كەرۇندى دەرىخىنىڭ چۈچۈمەل مېۋىسى قوشۇپ تەييار-لانغان مەززىلىك قەيلە① پىشىپ تۇرۇپتۇ. بابىر بۇ قەيلەنى ياخشى كۆرۈشىنى بەھلۇل بىلەتتى. ئۇ ئاستا قويۇن يانچۇقىغا قول سېلىپ، تۆت پۇكلەكلىك قەغەزنى ئالدى. ئاشخانىدا ھېچكىم يوق. باكاۋۇللار نېرىقى خانىدا مەس بولۇپ ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى، شامال ئارىلاش يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

بەھلۇل زەھەرنى قازانغا سالمىدى — باكاۋۇللارنىڭ ھاراقىغا

① قەيلە — بىر خىل يېمەكلىك.

قەيلەنى گىزەك[1] قىلىش ئادىتى بار، يەپ كۆرسە، زەھەرلىنىپ، سەزدۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇچۇن زەھەرنى بابىر تاماق يەيدىغان چىنە تاۋاققا — يۇپقا ھەمەك نان ئۈستىگە سىپىشكە باشلىدى. بىردىن شامال سىرتقى ئىشكىنى قارسىلدىتىپ ياپتى. بەھلۇلغا كىمدۇ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى-دە، زەھەرنىڭ قالغىنىنى قازان تېگىدە، يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئاتتى. كېيىن چىنەتاۋاقتىكى زەھەر سىپىلگەن ھەمەك نان ئۈستىگە تېز-تېز قەيلەنى سالدى.

ئارىدىن سەل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇلازىم كىردى. توشقان گۆشىدىن قىلىنغان قورداقنى ۋە قەيلە سېلىنغان چىنەتاۋاقنى بابىر تاماق يەپ ئولتۇرغان تاماقخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەھمەد چاشنەگىر بۇ زەھەرنى تەمىدىن بىلگىلى بولماسلىقىنى، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستا-ئاستا بىلىنىشىنى ئېيتقانىدى. بەھلۇل سىر ئېچىلغۇچە قورغان دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىش ئۈمىدىدە ئىدى. ئاما ئۇ ئاشخانا ئىشىكىدىن چىقىۋاتقاندا شىركەيىپ باكاۋۇللاردىن بىرىگە دۇچ كەلدى.

— قېنى، توشقان گۆشىدىن بىزگىمۇ قالدۇردۇڭمۇ؟

— قەيلە بار، ساھىب.

— ياق، توشقان قورداقى كېرەك!

— قورداق ئاز ئىدى، ھەممىسىنى ھەزرەتكە بېرىۋەتتىم. قەيلە يېسىڭىزا، گىزەككە ياخشى.

— ياق! توشقان جىق ئىدىغۇ! نېمىشقا بىزگە قالدۇرمىدىڭ؟

— ھەممىسىنى قورۇمىغانىدىم...

---

[1] گىزەك — زاكۇسكا.

— بولمىسا ھازىر بىزگە توشقان گۆشىدىن قورۇپ بەر! تېز!
باكاۋۇلنىڭ يوغان گەۋدىسى ئىشىكنى توساپ تۇراتتى.

ئاشپەز كەينىگە ياندى ۋە قورقۇپ ھودۇقۇپ ياغ داغلاپ، توشقان گۆشىنى قورۇشقا تەييارلاشقا باشلىدى.

يامغۇرلۇق كېچە سارايىنى قورشىۋالغان. شۇ چاغدا بىردىنلا خاس نەۋكەرلەر تېۋىپقا يۈگۈرۈپ، باكاۋۇللار بىر-بىرىنى چاقىرىپ، ئاشخانىنىڭ ئىچى-تېشى مالىمان بولۇپ كەتتى. خىلۋەتگاھدا ئولتۇرغان تاھىرمۇ تاماقخانىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بابىر ئۈستى-ئۈستىگە ياندۇرۇپ، يۈزى كۆكىرىپ كەتكەن. ئۇ نەپەسى بوغۇلۇپ، تاشقىرىغا ئىنتىلدى، ئاما ئىككى قەدەم ماڭماي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىشقا باشلىدى. تاھىر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى، تېۋىپ يۈسۈپمۇ بابىرنىڭ نېرىقى قولتۇقىغا كىردى. ئالاقزادە بولۇپ قالغان سەۋدەرلەرگە بۇيرۇدى.

— ئىچكىرىسىگە ئورۇن تەييارلاڭ!

— راۋانغا! — دېدى بابىر گېلى قۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىر-پىر ئايلىناتتى. نۇقۇل ھاۋا يېتىشمىگەندەك بولاتتى.

بابىرنى راۋانغا يۆلەپ چىقىرىپ ياتقۇزدى. تېۋىپ يۈرەككە قۇۋۋەت بېرىدىغان دورىدىن پۇراتتى.

— سىزگە نېمە بولدى، ھەزرىتىم؟ مەينى كۆپ ئىچتىڭىزمۇ؟ يا مەجۇن ئارىلاشتىمۇ؟

— تاماقتا بىر سىر بار! — دېدى بابىر ۋە يەنە كۆڭلى ئايىنىپ، پار-پۇر داس ئۈستىگە ئېڭىشتى، — ئاشپەز تەپتىش قىلىنسۇن!

شۇ چاغدا قەيلەدىن يېگەن يەنە ئىككى مۇلازىم بابىرغا ئوخشاش

قوسۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. باكاۋۇللار قەيلە پۈشۈرگان بەھلۇلنى تۇتۇپ، سارايىنىڭ ئەڭ قاتتىق قول سوراقچىسىغا تاپشۇردى. سوراقچى ئۇنى تۈرلۈك قىيناشلار ئارقىلىق سوراق قىلىشقا كىرىشتى.

بابىر كېچىچە ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ چىقتى. ھەربىر ياندۇرغاندا يۈرەك-باغرى ئۈزۈلۈپ، پارچىلىنىپ چىقىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى، گاھى نەپىسى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن نېرى كەتمەي:

— شىپا تاپىسىز، چىدامىلىق بولۇڭ! — دەپ تەسەللى بېرەتتى.

تاھىرمۇ تېۋىپكە قارىشىپ، كېچىچە كىرپىك يۇمماي چىقتى. ئۇ بابىرنىڭ بېشىنى تۇتاتتى، تەر باسقان يۈزىنى، بويىنىنى يەلپۈيتتى. بابىرنىڭ زەھەر ئازابىدىن تولغىنىۋاتقىنىنى كۆرگەنسېرى، ئۆزىمۇ زەھەر ئىچكەندەك قىينىلاتتى. تاڭ مەزگىلىدە بابىر جۆيلۈگەندەك بولۇپ، ھۇمايۇن بىلەن ماھىم بېگىمنى يوقلاشقا باشلىدى.

شىمالىي چېگرىلار يەنە تىنچسىز بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن بابىر ھۇمايۇننى ئۆتكەن ئايدا بەدەخشانغا قايتۇرۇۋەتكەنىدى. ماھىم بېگىم تېخىچە كابۇلدا ئىدى.

— ھۇمايۇن مىرزىغا چاپارمەن ئەۋەتەيلىمۇ؟ — دەپ سورىدى تاھىر.

بابىر كۆزىنى ئېچىپ، سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى. چاپارمەن كابۇل ۋە بەدەخشانغا يېتىپ بارغۇچە ئاز دېگەندە بىر ئاي ۋاقىت ئۆتەتتى. بۇ ئارىدا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا يا ھۇمايۇن، يا ماھىم بېگىم يېتىپ كېلەلمەسلىكى ئېنىق. بابىر غەمكىن بېشىنى چايقاپ:

— پايدىسى يوق، — دېدى.

ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاھىر:

— ھەزرىتىم، غەيرەت قىلىڭ! — دەپ ئىلتىجا قىلدى، — بىز سىز بىلەن نەچچە ئۆلۈملەردىن قالغانمىز! دەردكە بوي بەرمەڭ، يېڭىسىز!

— لېكىن... بۇنداق پالاكەت... بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشى!...

بابىر ھالسىز قوزغىلىپ يەنە داس ئۈستىگە ئېڭىشتى، ئاغرىق زەربىدىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئاندىن بېشىنى يەنە ياستۇققا قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتقاندا راۋانغا سوراقچى كىردى.

يۇسۇپىي ئۇنىڭغا:

— قىسقا سۆزلەڭ، پەقەت ئاخبارات! — دەپ پىچىرلىدى.

سوراقچى بەيدەنىمۇ سوراق قىلغىنىنى، قالغان ئۈچىگە مۇشۇ بەدبەخت مەلىكە باش بولغىنىنى، لېكىن سىرتقى دۈشمەنلەر بىلەن، جۈملىدىن، رەنا سەنگرىم سىنىخ بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى رەت قىلغانلىقىنى، باشقا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— مەلئۇنلار!... — دېدى بابىر ياتقان جايىدا غەزەپتىن ئاۋازى تىترەپ، — مەن ئۇلارغا شۇنچىلىك ئىشىنىپ... قولىدىن تاماق يېسەم... ئىززەت-ئىكرام قىلسام!...

— ھەزرىتىم، بۇ ئىپلاسلارنى مىگبىر قىيناققا سېلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك!

— قالغان ئۈچىنى... قائىدىگە بىنائەن قەتل قىلدۇرۇڭ!... بەيدە... كېيىن!

— باش ئۈستىگە! — دەپ سوراقچى چىقىپ كەتتى.

قائىدىگە بىنائەن، پادىشاھنىڭ جىنىغا قەست قىلغانلار ئەڭ ئېغىر قىيناقلارغا سېلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى، ئاشپەز بەھلۇلنىڭ تېرىسى تىرىك پېتى شىلىۋېلىندى. جاللاتلار ئەھمەد چاشنەگىرنىڭ ئاۋۋال قول-پۇتلىرىنى كېسىپ، كېيىن كاللىسىنى تېنىدىن ئۈزۈپ، ۋۇجۇدىنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇپ تۇرغان ۋە ئۇستىلىق بىلەن سارايغا زەھەر ئېلىپ كىرىپ ئاشپەزگە بەرگەن كېنىزەك قۇترىغان پىلنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلدى.

مەلىكە بەيدە ئەڭ قاتتىق قاماقتا ساقلىناتتى، ئەمدى ئادەملەر ئۇنىڭ قانداق قەتل قىلىنىشىنى كۈتەتتى.

تېۋىپ يۈسۈپىي بابىرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئىككى كېچە-كۈندۈز تىنماي كۈرەشتى. تاھىرمۇ ئىككى كېچە-كۈندۈز بىمارنىڭ يېنىدىن مىدىرلىماي خىزمىتىنى قىلدى. ئاخىرى، ئۈچىنچى كۈنى تېۋىپ:

— خۇداغا مىڭ قاتلا شۈكۈر، ھەزرىتىم، بىر ئۆلۈمدىن قالدىڭىز! — دېدى، — ئاندىن قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدىڭىز. ئەمدى ئازغىنا ئىسسىق سۈت ئىچىڭ. ئاندىن ئۇخلاڭ!

بابىر بىر پىيالە ئىسسىق سۈت ئىچكەندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپ، ياستۇققا بېشىنى قويدى. لېكىن بېشىدىن ئۆتكەن ئۆلۈم دەھشىتى ھامان خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ جېنى شۇنچە ۋاقىت قىل ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغىنىنى ئويلىسا، ئىختىيارسىز قورقۇنچ باساتتى. ئاشۇ قىل ئۈزۈلسە، ئۆلۈم دەپ ئاتىلىدىغان زۇلمەت قەھرىگە غۇلاپ چۈشۈشىنى ئىككى كۈن داۋامىدا داۋاملىق ھېس قىلىش ئۇنىڭدا ياشاش ئۈمىدىنى چەكسىز كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ھاياتنىڭ بىر نەپەسى-بىر ئۈچقۇنى دۇنيانىڭ بارلىق بايلىقلىرى ۋە

تاج-تەختلىرىدىنمۇ ئەزىز ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئەمدى ئەستايىدىل سېزىلدى. ئۇنىڭ ئازابتىن تالغان ۋۇجۇدى ھامان ھالسىز بولسىمۇ، روھىدا نېمىدۇ ئۆزگەرگەندەك ۋە دۇنيا كۆزىگە باشقىچىراق كۆرۈنگەندەك بولاتتى. ھەربىر كىشىنىڭ پەقەت بىرلا ئۆمرى بار ئىكەن ۋە ئۆمۈرنىڭ ھەر نەپىسى شۇنچىلىك تاتلىق ئىكەن، بابىر-نىڭ يېشىغا يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە سەل قاراشقا بولامدۇ؟ ئىبراھىم لادى ئۇنىڭدىن تۆت ياش كىچىك ئىدى. مەلىكە بەيدە بۇنى ئۇنتۇشى ۋە بابىرنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىنى ئۇچۇنلا ئۇنى كەچۈرۈپ، پەرزەنتىنىڭ ئورنىدا ئىززەتلىشى مۇمكىنمىدى؟ جەڭدە ئېرىشكەن غەلىبىلىرى ئۇنىڭغا ئەڭ مۇشكۇل ئىشلارنىمۇ ئاسان كۆر-سىتىپ قويغىنىنى ئۇچۇن بولسا كېرەك، بابىر ئىبراھىم لادىنىڭ ئانىسىغا شۇنچىلىك ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىدە بولغان ئاشپەز-لەرنى ئىشقا ئالغان ئىكەن-دە! بۇ ئاشپەزلەر تەييارلىغان ھىندىچە تاماقلارنى يېيىش بىلەن ئەل-ئۇلۇسنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغى-نىمۇ ئۇنىڭ ئۆز كۈچىگە ئارتۇق دەرىجىدە ئىشەنگەنلىكىدىن كېلىپ چىقمىغانمىكىن؟ ھالبۇكى، تۈنۈگۈنكى دۈشمەنلەرنى بۈگۈن دەرھال دوستقا ئايلاندۇرۇش ئاسانمۇ؟ خۇسۇسەن، بەيدەدەك پەرزەنت دېغىدا كۆيۈپ يۈرگەنلەر ياكى ئاشپەز بەھلۇلدەك ئىنىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولغانلار بىلەن مۇئامىلىدە ئېھتىياتلىقراق بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ كابۇلدا ماھىم بېگىم ئېيتقان ئىزتىراپ-لىق گەپلەر يەنە ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى. يات يۇرتتىن بارغان ئىشغالىيەتچىنى ئاسانلىقچە كەچۈرمەسلىكى، ئۇنىڭ قىلىچىدىن پەيدا بولغان يارىلار ئەسىرلەر داۋامىدا ساقايماسلىقى راست بولسا... بابىرنىڭ بۇ مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى ئۈچۈن قانچە

كۆپ يىللار كېرەك بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆمرى يېتەمدىكىن؟ ئۇمۇمەن، بۇ ئۆزى ئېرىشىش مۇمكىن بولغان مەقسەتمۇ ياكى خىيالمۇ؟...

بۇ ئويلاردىن بابۇرنىڭ بېشى يەنە تۇيۇق كوچىغا كىرىپ قالغاندەك بولدى، كېلەچەك كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى.

پەقەت بەدىنىگە ئاستا-ئاستا قايتىپ كېلىۋاتقان ھاياتىي كۈچلەر شۇ زۇلمەتنى يېرىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتقان نۇرلاردەك يىلىلىق تۇيۇلاتتى. مۇشۇ كېچە بابۇر ياخشى ئۇخلىدى. ئەتىسى كۈنى تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىدىن كۆپرەك قان ئالماقچى بولدى.

— زەھەرلەنگەن ھارام قاننى چىقىرىۋېتىمىز، ھەزرىتىم. يەنە بىرەر ھەپتە قىمىرلىماي يېتىشىڭىز كېرەك.

بابۇر بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ دەرمانى كېتىپ قالغانىدى. ئەگەر تېۋىپ كۆپ قان ئالسا، ئۆزۈن يېتىشى ئېنىق. ھالبۇكى، "پادىشاھ ئۆلەي دەپ قالغانمىش!"، "ئۈمىد يوق ئىمىش!" دېگەن پىتنە-پاساتلار تارقالغان، قولاي پۇرسەت كۈتۈۋاتقان دۈشمەنلەر جانلىنىپ قالغانىدى. بەگلەرمۇ بابۇرنىڭ تېزرەك كۆپچىلىككە كۆرۈنۈشىنى خالايتتى.

ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بابۇر تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىملەردە دىۋانىئامغا چىقتى. ئېگىز تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ تۇرغان يۈزدىن ئارتۇق ئەمىرلەر، سەركەردىلەر، ۋىلايەت ھاكىملىرى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بوي ئېگىشتى. بابۇر تەختكە ئالدىرىماي چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى نەۋكەر مەلىكە بەيدەنى پەگادىكى ئىشىكتىن ئېلىپ كىردى.

موماي تېخىچە باشتىن ئاياغ ئاق كىيىپ، ئوغلى ئىبراھىمغا ھازا تۇتۇپ يۈرەتتى. پەقەت قەددى ئاۋۋالقىدىن بىرئاز موكچەيگەن. لېكىن كۆزلىرى بابىرنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلگە ئوخشاپ سارغىيىپ قالغانلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك مەمنۇن پارقىرىدى.

ئىشىك ئاغا مۇھەممەد دولداي مەلىكىنى سوراققا تۇتۇپ، سۈيىقەستكە يەنە كىملەرنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى سوراشتۇرۇشقا باشلىدى.

— سۈيىقەست ئەمەس، بۇ ئىنتىقام! — دېدى مەلىكە، — پادىشاھىڭىز تۆككەن قانلارنىڭ قىساسى بۇ! ماڭا ياردەم بەرگەن ئاشپەزمۇ، ئەھمەد چاشنەگىرمۇ، كېنىزەكمۇ باتۇر قىساسكارلار ئىدى. ھەممىسى مەردلەرچە جان بەردى. ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى. مەن ئوغلۇمنىڭ دېغىدا كۆيۈپ كۈل بولغانمەن. ئەمدى قولۇڭلاردىن كەلسە كۈلۈمنى كۆككە سورۇڭلار!

مەلىكە سارايدا ھەممە چۈشىنىدىغان پارسىي تىلدا سۆزلىمەكتە ئىدى. مەنسەپدارلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يەرگە قاراشتى. مەلىكە بىر ئۆلۈمنى بويىنىغا ئېلىپ كەلگەن، ئەمدى ھەربىر سۆزىنى ئوققا ئايلاندۇرۇپ دۈشمەنگە دادىل ئاتاتتى، بابىرنىڭ غەزەپكە تولۇپ، جاللات چاقىرىشىنى، قورالسىز ئانىغا قارشى بارلىق قوراللىرىنى ئىشقا سېلىشىنى خالايتتى. شۇ چاغدا مەنۋى غەلىبە مەلىكە تەرەپتە بولاتتى، ئۇنىڭ يۈرەكلىكلىكى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولاتتى. بۇنى بابىرمۇ سەزدى-دە، ئۆزىنى بېسىپ، مەلىكداد كارانىيغا قارىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ قانداق يەسۇمەنلىك!① — دېدى مەلىكداد كارانىي بەيدەگە، — شۇنچىلىك ئۈچ ئىلىش نىيىتىڭىز بار ئىكەن، ئەلا ھەزرەتنىڭ ئىنايەتلىرىنى نېمشقا قوبۇل قىلدىڭىز؟

— نىيىتىمگە يېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى!

— ئەلا ھەزرەت سىزنى "مۇتىۋەر ئانىمىزدەك ئىززەتلەڭلار!" دېگىنىدە يىغلاپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگىنىڭىز بىزنىڭ يادىمىزدىن چىققىنى يوق!

— مەن ئۇ چاغدا نەپرىتىمنىڭ زورىدىن يىغلىغانىدىم! ئوغلۇمنىڭ كۆشەندىسىگە ئانا بولۇشتىن قىينىلىپ كۆزۈم ياشلانغانىدى!

— يا، خۇدا پاناھ بەرسۇن! سىزمۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىغۇ، مۇسۇلمانسىزغۇ! ئوغلىڭىز بۇلارغا قارشى نەچچە باراۋەر زور كۈچ بىلەن چىققانلىقىنى بىلمەمسىز؟ بۇلار مەغلۇپ بولسا، ئوغلىڭىز دۈشمەنلىرىنىڭ مىڭ جېنىدىن بىرىنىمۇ تىرىك قويماس ئىدى! سىز سۇلتان ئىبراھىمنىڭ قانچىلىك شەپقەتسىز بولغىنىنى بىلەتتىڭىز. ئەگەر سىزدە ئىنساپ ۋە ئىمان بولسا، قولىدا قىلىچى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا جەڭ قىلغان سەركەردىگە يوشۇرۇن زەھەر بەرمەيتتىڭىز!

— مەن ئايال كىشىمەن، قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭ قىلالمايمەن! ئەنە شۇ زەھەر مېنىڭ قىلىچىم ئىدى. ئىشغالىيەتچىلەر پەنىپەتتە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى! بۇ مەملىكەتنىڭ يەنە كۆپ جايلىرىغا ئەجەل ئۇرۇقىنى تېرىدى! مەندەك مىڭلاپ ئانىلار ھازىر ماتەم تۇتۇپ، كۆز يېشى تۆكۈپ يۈرۈپتۇ. قانچىلىغان

---

① يەسۇمەن — «پەرھاد-شېرىن» داستانىدا پەرھادنى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ بەرگەن ئايال، بۇ يەردە مەككار مەنىسىدە.

كېلىنچەكلەر تۇل قېلىپ ئۆزلىرىنى ئەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن بىللە ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى! مەن بەرگەن زەھەر ئەنە ئاشۇ ئەجەل- نىڭ ئۇرۇقىدىن تەييارلانغاندى! ئۇنىڭغا تۇل-بىچارىلەرنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرىمۇ قوشۇلغاندى!

مەلىكىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئىشغالىيەتچى بەگلەرگىمۇ تېگىپ كەتتى. سېرىق ساقال بىر بەگ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بابىرغا تەزىم بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— ھەزرىتىم، بۇ يالماۋۇزنىڭ تىلىنى ئاغزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىش كېرەك! شۇنداق مەلئۇنلۇقنى ئۇستىگە يەنە مۇنچىۋالا گەپ!

— مەيلى، مېنى قىيمالاپ تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بەيدە، — مەن قورقمايمەن!

بابىر بەيدەنى بەگلەر خالىغاندەك قىيناقلارغا سېلىپ ئۆلتۈرسە ئەل-ئۇلۇس نېمە دېيىشىنى ئويلاپ، "لىپ" قىلىپ ھىراتتىكى جەدىچە بېگىم ئېسىگە چۈشتى. مەككارلىقتا ئۇمۇ بەيدەدىن قېلىش- مايتتى. نەۋرىسى مۆمىن مىرزانىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغىنى كۆپچىلىككە مەلۇم ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، شەيبانىخان ئۇنى مەنسۇر باخشىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ، دەھشەتلىك قىيناشلارغا سالغىنى ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنىڭ نەپرىتىنى كەلتۈرگەنىدى. بابىرنىڭ ئۆزى بۇنىڭدىن بىر ھەپتىلا بۇرۇن خىلۋەتخانىدا خاتىرە يېزىپ ئولتۇرغىنىدا شەيبانىخانىنىڭ بۇ ئىشىنى قەغەزگە يېرگىنىپ پۈتكەنىدى. "...بەش كۈنلۈك ئۆتەر دۇنيادا شەيبانىخان مۇنداق ئەبلەخلەرچە ئىشلىرى بىلەن يامان نام قازاندى" دېگەن قۇرلارنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر كىتابىغا يازغان بابىر ئەمدى مانا بۇ قورالسىز ئانىغا قانداق چارە كۆرۈشى كېرەك؟ قانداق قىلسا ئادەملەرنىڭ نەپرىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ؟

بەگلەر ھامان بەيدەننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

— بۇ يالماۋۇزنى قۇترىغان پىلنىڭ پۇتى ئاستىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش كېرەك!

— ياكى پۇت-قولىنى چېتىپ باغلاپ، ئېگىز مۇنار ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇشقا تېگىشلىك، گۆشىنى قۇزغۇنلار يەپ، كۆزلىرىنى چوقۇپ كەتسۇن!

مەلىكىگە ئاستىرتىن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بابىر ئاخىرقى تەكلىپلەردىن بەيدەننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، يۈزى كۆكۈش رەڭگە كىرگىنىنى كۆردى. شۇئىڭدا مۇھەممەد دولداينىڭ نىشارىسى بىلەن بەگلەر جىم بولۇشتى. بابىر مەلىكە چۈشىنىدىغان پارسچە تىلدا:

— جاناب بەگلەر تەكلىپ قىلغان جازالار بارلىقى ئاساسلىق، — دېدى، — بىراق خىيانەتچى مەلىكىگە بولارنىڭ ھەممىسىدىنمۇ ئېغىرراق بىر جازا بار. بۇ خانىمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ھەممە يېتىم ۋە يېسىرلەر ئۈچۈن جېنى ئېچىپىدىكەن، زەھەرنى ئاشۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن تەييارلىغانىمىش! بىراق بۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم لادىننىڭ ئەل-ئۇلۇسقا قىلغان زۇلۇمى ئازمۇ؟ يېتىم ۋە يېسىر قىلغان ئادەملىرى ئازمۇ؟ ئىبراھىم سەۋەبچى بولغان ئىچكى ئۇرۇشلاردا ھەر يىلى قانچە ئادەم ھالاك بولغاندى، جاناب كارانىي؟ سىز بىلىسىزمۇ كېرەك؟

— ھەزرىتىم، مەندە ھېساباتى بار: ئاخىرقى ئۈچ يىل داۋامىدا سۇلتان ئىبراھىم باشلىغان ئىچكى ئۇرۇشلاردا بىزدىن يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەم ھالاك بولغاندى.

— ئۈچ يىلدا بىر يۈز يىگىرمە مىڭ! — خىتاب قىلدى بابىر —

ئىبراھىم لادى بولسا ئون يىلدىن ئارتۇق تەختتە ئولتۇرغان! ھىندىستاندا ئادەم كۆپ. يۈز مىڭى ئىچكى ئۇرۇشتا ھالاك بولسا، ئىبراھىم يەنە يۈز مىڭىنى پۇلغا ياللىغان. ئەگەر ئىبراھىمنىڭ ئانىسى بولمىش بۇ خانىم ئۆلگەن نەۋكەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يېتىم-يېسىرلىرىگە ئەستايىدىل جان كۆيدۈرسە، نېمە ئۈچۈن يۈز مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىگە يول قويغان؟ نېمە ئۈچۈن ئوغلىنى بۇنداق ئۇرۇنسىز قىرغىنلاردىن قايتۇرمىغان؟!

— مەن پەقەت ئانا ئىدىم، پادىشاھ ئوغلۇمغا ئەمىر-پەرمان بېرەلمەيتتىم! — دەپ مەلىكە بەيدە ئەمدى ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى.

— ئۇرۇنسىز ئىچكى قىرغىنلارنى توختىتىشقا ئەمىر-پەرمان بېرىش ئۈچۈن مانا، بىز بەل باغلىدۇق! — دېدى بابىر، — خۇدادىن ئۈمىدىمىز باركى، بۇ ئۇلۇغ مەملىكەت ئەمدى يېگانە مەركىزىي دۆلەت ئەتراپىغا جىپسىلاشقۇسىدۇر. بىز ھىندنى ئاۋات ۋە قۇدرەتلىك قىلىش ئارزۇسىدىمىز. بىزگە ھەمكار ۋە ھەمنەپەس بولىدىغان ھىند بەگلىرى، ئەقىل ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلىرى كۆپ. بىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بۇ مەككار خانىم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر جازا شۇكى، بىز مانا، تىرىك! بۇ خانىمنىڭ ئۆزى ۋە ئوغلى قىلالمىغان زور ئىشلارنى بىز قىلغۇاتىمىز!

مەلىكداد كارانىي بىردىن يىغلىنىپ:

— ھەزرىتىم ئىلتىپات قىلىڭىز! — دېدى.

— بۇ مەلىكە، — دەپ داۋاملاشتۇردى بابىر، — تۇل خوتۇن-بىچارىلەرگە شۇنچىلىك جان كۆيدۈرىدىغان بولسا... ئابدۇ-كېرىمبەگ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەيدەگە يېقىن بىر جايدا ئولتۇرغان شىغاۋۇل سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. بابىر ئۇنىڭغا بۇيرۇدى:

— بۇ مەلىكىنىڭ بارلىق مال ۋە دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىپ، جەمنە بويىدا بىر بۇقئەئى خەير① قۇردۇرۇڭ. بارلىق خىزمەتچى-لىرى شۇ بۇقئەدە خىزمەت قىلسۇن، مەلىكىنىڭ پۈتۈن بايلىقى، مال ۋە دۇنياسى يېتىم-يېسىرلەرگە خەير-سەدىقە قىلىپ ئۈلەشتۈرۈلسۇن.

— بېشىم بىلەن! — دەپ ئابدۇكېرىم بۇ پەرماننى تەزىم بىلەن قوبۇل قىلدى.

— مەلىكىنى تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىك ساقلاشمۇ سىزگە تاپشۇرۇلىدۇ، جاناب ئابدۇكېرىمبەگ!

— تىرىك؟! — ھەيران بولۇپ سورىدى شىغاۋۇل.

باشقا مەنسەپدارلارنىڭمۇ تەئەججۇپلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بابىر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك سۆزلىدى:

— مەلىكە بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى غەلىبىلىرىمىزنىمۇ كۆرسۇن. يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش مەرد كىشىنىڭ قولىدىن كېلىشىگە ئىشەنسۇن. ئەگەر مەلىكىدە ۋىجدان بولسا، ئوغلى قىلماي كەتكەن ئىشلارنى بىزنىڭ قىلغىنىمىزنى كۆرۈپ ۋىجدانى ئازابلانسۇن. ئەگەر ۋىجدانى بولمىسا، ئىچىدە پەقەت كۆرەلمەسلىك چايانلىرى بولسا، بۇ چايانلار ئۆزىنى چېقىپ يېتىۋەرسۇن. مەلىكىگە بۇنىڭدىن ئۆزگە جازا مۇناسىپ ئەمەس!

بەگ ۋە مەنسەپدارلارنىڭ پىچىر-پىچىرلىرى ئارىسىدا بىرسىنىڭ:

---

① بۇقئەئى خەير — خەير-سەدىقە ئۆيى.

— ھەزرىتىم مەردلىك قىلدىڭىز! — دېگەن خۇشاللىق خىتابى ئاڭلاندى.

ئۆز ئۆلۈمىنىمۇ ئۇتكۈر بىر قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ كەلگەن مەلىكە بەيدە ئەمدى بۇ قورالدىن ئايرىلغىنىنى سەزدى. شۇ كەمگىچە ئۇ ئەجىلى يەتكىنىگە شۈبھە قىلمايتتى. ئەمدى بىردىنلا يەنە ياشاش ئۈمىدى پەيدا بولدى. مەلىكىنىڭ ئۆلۈم سوغۇقىدىن مۇزلىغان قەلبىگە ھاياتنىڭ يىللىق نەپىسى تەگدى-دە، كۆڭلىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى.

مەلىكە يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ، يەلكىلىرى سىلكىنىپ-سىلكىنىپ، يىغلاشقا باشلىدى.

## سېكرى. قايتا كۆز ئاچقان بۇلاق

### 1

بابىرنىڭ مەخسۇس تەكلىپى بىلەن ھىراتتىن ئەگرەگە كېلىۋاتقان مەۋلانا خاندەمىر، شائىر شھاب مۇئەممىي ۋە مۇدەررىس ئىبراھىم قانۇنىي ئۈچ ئايغا يېقىن يول يۈردى.

خەتەرلىك خەيبەر داۋىنىدىن ئۆتۈپ، سىند دەرياسىنى كېچىپ، چاتقاللىق ئورمانلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، مەۋلانا خاندەمىر دۇنيانىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئەمدى بىرىنچى نۆۋەت ئەستايىدىل ھېس قىلدى. ھەپتىلەر، ئايلار داۋامىدا ئاتلىق سەپەر قىلىپ ئاخىرىغا يېتىپ بولمايدىغان باغرى كەڭ ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسى

ئەمدى پۈتۈن بىر دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەنلىكى، بەلختىن كابۇلغىچە، ئۇنىڭدىن لەخور ۋە دېھلىگىچە ھەممە جايدا بابىرنىڭ مۆھرى بېسىلغان پەرمانىي شەرتسىز ئادا قىلىنىشىدىن سېزىلەتتى. بۇ پەرمانغا مۇۋاپىق خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردىن بابىرنىڭ تەكلىپى بىلەن كېلىۋاتقان ئىلىم-سەنئەت ئەھلىنى، ھۈنەرۋەنلەرنى بارلىق ۋىلايەت ھاكىملىرى، بارلىق قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ۋە بېكەت نازارەتچىلىرى قوشنا دۆلەت ئەلچىلىرىگە كۆرسىتىلىدىغان ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇزىتىپ قويۇشلىرى كېرەك ئىدى، يوللاردا تېخى قاراقچىلار تۈگىمىگەن، تەرتىپ ئورنىتىلمىغان قالايمىقان شەھەر ۋە قىشلاقلار بار ئىدى. خاندەمىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بۇنداق جايلاردىن "بەدرەقە" دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى يۈز-ئۈچ يۈز كىشلىك قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئۆتكۈزۈپ قويۇشاتتى.

كارۋان سارايلاردىمۇ ئۇلارنى "پادىشاھنىڭ خاس مېھمانلىرى" دېيىشىپ، ئەڭ ياخشى ئۆيلىرىگە جايلاشتۇراتتى، قوللىرىدىكى قەغەزلىرىگە قاراپ كۈندىلىك تاماقلىرى ئۈچۈن پۇلسىز گۆرۈچ، گۆش، ماي بېرىشەتتى، يەنە پارچە خىراجەتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەمىناتمۇ بېرىلەتتى. چارچىغان ئات-ئۇلاغلىرىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك بولۇپ قالسا، پوچتىكەشلەر بېقىۋاتقان ئات-ئۇلاغلاردىن ئۇلارغا بىرىنچى نۆۋەتتە بېرىشەتتى. كابۇلدىن دېھلىگىچە بولغان مىڭلاپ چاقىرىم يول بويلىرىدىكى كارۋان سارايلار ۋە پوچتا بېكەت-لىرى بابىرنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇنچىلىك ئاۋات ۋە شۇنچىلىك ياخشى ئىشلەپ تۇراتتى.

خاندەمىر يوللاردا، بېكەتلەردە ھىندىستانغا بېرىپ كېلىۋاتقان

ئەلچىلەر، ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرنى كۆپ ئۇچراتتى، بولتۇر ئەگرەدىن ئەللىك چاقىرىمچە غەربتىكى سىكرى دېگەن جايدا بابىر رەناسەنگا بىلەن ئۇرۇشۇپ، پەنىپەتتىكىدىنمۇ چوڭراق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەستايىدىل تەن ئېلىپ ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىغان پادىشاھلار كۆپىيىپ قالغانىدى. خاندەمىر لەخوردا ئۇچراتقان قىزىل باشلارنىڭ ئەلچىسى شاھ تەخمەسپ I① نامىدىن غەلىتە سوۋغىلار ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ سوۋغىلار ئارىسىدا ئاق تۆگىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان زەر ئۇقلىق كاجۇۋادا ئاۋايلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىككى گۈزەل چېركەس قىزىمۇ بار ئىدى. شاھ تەخمەسپ بۇ قىزلارنى بابىرنىڭ ھەرىمىگە ئاتاپ ئەۋەتكەنىدى.

خاندەمىر دېھلىدىن شىمالىراقتىكى بىر بېكەتتە سەمەرقەندلىك ۋە تاشكەنتلىك ئەلچىلەرنىمۇ ئۇچراتتى. سىكرىدىكى غەلىبىنىڭ شۆھرىتى ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرگە تارقالغاندىن كېيىن بابىرنىڭ ھىندىستاندا قۇرغان يېڭى دۆلىتىنى ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان شەيبانىيزادىلەرمۇ تەن ئالغانىدى. ھازىر سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغان كۆچكۈنچى خاننىڭ ئەلچىسى بابىرغا سەمەر-قەندنىڭ سايۋا ئۈزۈم كىشمىشلىرىدىن، كانىبادامنىڭ سۇبھانى ئۆرۈكلىرىدىن، بۇخارانىڭ كۈچلۈك مەيلىرىدىن، ماۋەرا-ئۇننەھرنىڭ باشقا ئاز ئۇچرايدىغان نېمەتلىرىدىن يەتتە تۆگىگە سوۋغا-سالام ئارتىپ، يېنىغا ئىككى يۈز ياخشى ئاتنىمۇ تارتۇق قىلىپ قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. بابىر بۇ ئەلچىنى ئۆزىنىڭ جەمئە

① تەخمەسپ I — شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى. 1524-يىلى شاھ ئىسمائىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەخمەسپ ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ بولغان.

www.uyghurkitap.com

بويىدا قۇردۇرغان ھەشت بېھىشت دېگەن يېڭى بېغىدا خانلار ئولتۇ-رىدىغان ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كامالى ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلغانىدى. بابىرنىڭ قوبۇلىدىن ۋە سوۋغا-سالاملىرىدىن مەمنۇن بولۇپ قايتىۋاتقان خان ئەلچىسى خاندەمىرگە ماختاندى:

— ھە، مەۋلانا، بىز ھىندىستاندا كۆرگەن خامان-خامان ئالتۇنلارنى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەندۇ. بابىر مىرزا قۇيما ئالتۇندىن قىلىنغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. تەختنىڭ تېگىگە زور گىلەملەر سېلىنغان ئىكەن. ۋىلايەت ھاكىملىرى ھەر يىلى بېرىدىغان ئالتۇنلىرىنى شۇ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئەكىلىپ تۆكتى. بىردەمدىلا ئالتۇندىن چوڭ خامان بەرپا بولدى.

بابىر شەيبانىيزادىلەرنىڭ ئالتۇنغا ھېرىس ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن ئەلچىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتايىن شۇنداق خامان بەرپا قىلغانلىقىنى خاندەمىر ئىچ-ئىچىدىن سېزىپ كۈلدى:

— جانابىي ئەلچى، بۇ خاماندىن كەپسەن ئالمىدىڭلارمۇ؟

— پادىشاھ بىزگە قىممەت باھا سەرپايلار كىيدۈردى. گىلەم ئۈستىدىكى ئالتۇندىن ھەزرەت كۆچكۈنچى خانغا ئاتاپ سوۋغا بېرىلدى. ئالتۇن تەڭگىلەرنى ساناپمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئىككى يۈز ئەللىك مىسقىللىنى بىر كۈمۈش تاش بىلەن تارتىپ بەردى.

— ئىككى ئوتتۇرىدا بىرەر شەرتنامە تۈزدىمۇ؟

— ھە، بىمالال باردى-كەلدى قىلىدىغان بولدۇق. سودا-سېتىق تىكلەندى. ئالاقىلەر ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق روناق تاپقۇسىدۇر. بىز بۇلاردىن يىپەك، دورا-دەرمەك ئالىمىز. بۇلارغا ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەر، ئات-ئۇلاغلار ساتىمىز... يولى يىراق بولسىمۇ كارۋانلىرىمىز ئىشتىياق بىلەن كېلىپ-كېتىدۇ. چۈنكى

بابىرمىرزا ئۆز تەۋەلىكىدە تەمغە① سىلىقىنى بىكار قىلدى. ئۆزبېك، تۈركمەن، تاجىك، ھىند، ئەرەب، ئەجەم، پارس ـــ ئىشقىلىپ، بارلىق ئادەم بالىسى بۇ ئېغىر سېلىقتىن ئازاد بولۇپ، دارامەتلىرى ئېشىپتۇ. ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەرمۇ شۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن. پەقەت بابىر پادىشاھنىڭ بىر ئەمرى بىزگە مۇۋاپىق كەلمىدى.

ـــ قايسى ئەمرى؟ ـــ قىزىقىپ سورىدى خاندەمىر.

ـــ پۈتۈن مەملىكەتتە مەي ئىچىش مەنئى قىلىنىپتۇ. بابىر مىرزىنىڭ ئۆزىمۇ "بۈگۈندىن كېيىن ئىچمەيمەن"، دەپ پۈتۈن ئەل ئالدىدا تەۋبە قىپتۇ. مەي ئىچىلىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلارنى سۇندۇرۇپتۇ. غەزنىدىن ئۇن تۆت تۆگىدە ئىككى ئاي ئاۋارە بولۇپ ئېسىل ئىچىملىكلەردىن ئەگرەگە ئېلىپ بارغان ئىكەن. ھەممىسىگە تۇز سالدۇرۇپ، سىركىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. "پۈتۈن مەملىكەتتە ھېچكىم ئىچىملىك ساتمىسۇن، ھېچكىم چەتتىنمۇ ئېلىپ كەلمىسۇن!" دەپ قاتتىق مەنئى قىلىنىپتۇ...بەزىلىرى ئىچكۈلۈكسىز...سوغۇققىنا!

كۆچكۈنچى خاننىڭ ئەلچىسىنى كۆڭۈلسىزلەندۈرگەن بۇ يېڭىلىق خاندەمىرنىڭ روھىنى كۆتۈردى. ھۈسەين بايقارانى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئىچكۈلۈك بالاسى قانچىلىك دەرىجىدە خاراب قىلغىنى تېخى مەۋلانانىڭ ئېسىدىن چىقمىغانىدى. بۈنىڭدىن توققۇز يىلچە بۇرۇن بابىر ھىراتقا ئىككىنچى نۆۋەت بارغاندا خاندەمىر ئۇنىڭمۇ مەيخورلۇققا بېرىلىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن، "بۇ نادىر سىيمامۇ باشقا نۇرغۇن تۆمۈرىيلەرگە ئوخشاش ئىستېداتىنى ئىچكۈلۈككە

---

① تەمغە ـــ قوشۇمچە دارامەت سېلىقى.

uyghurkitap.com

سېلىپ بېرەرمۇ؟» دەپ تەشۋىشلەنگەنىدى. ئەلچىنىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ مانا شۇ تەشۋىشىنى تارقىتىۋەتتى.

خاندەمىر بۇ ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرگە بابىرغا تايىنىپ چىققانىدى. يېشى ئەللىكتىن ئېشىۋاتقان ئالىم بۇ ئۇزاق يۇرتلاردىن ھېراتقا ساق-سالامەت قايتالامدۇ، يوقمۇ، تېخى ئۆزى ئۈچۈن قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ بابىرنى دەپ مانا شۇ قاراڭغۇلۇقنى بويىنىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى يوللاردا بابىرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەقىل-ئىدراكىدىن دالالەت بېرىدىغان نېمىلا ئۇچرىسا، ھەممىسى مەۋلانانىڭ قەلبىدىكى مۇدھىش قاراڭغۇلۇقنى قوغلاۋاتقاندەك بولاتتى ۋە يورۇق بىر ئىستىقبالغا ئىشەنچ ئويغىتاتتى.

خاندەمىر ئەگرەگە كىرىپ كەلگەندە دەريا بويىغا قۇرۇلغان ھەشت بېھىشت ۋە زەرەپشان باغلىرىنى، مەرمەرلىرىگە چىرايلىق گۈللەر سېلىپ ئىشلەنگەن تاش ئىمارەتلەرنى، تاملىرى مايسىلار بىلەن بېزەلگەن، ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن شىپاڭلارنى، توپ-توپ گۈللىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈلزارلارنى كۆردى. بۇ ئۇلۇغۋار گۈزەللىكلەر مەۋلانانىڭ يول بويى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا قوشۇلدى-دە، ئۇ بابىرنى ئاۋۋالقىدىن باشقىچە پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك بىر قىياپەتتە كىرگۈزۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى...

* * *

لېكىن بابىر كېيىنكى يىللاردا كۆپ كېسەل بولۇپ، ناھايىتى ئورۇقلاپ كەتكەن، جۇغى خېلىلا كىچىكلەپ قالغانىدى. خاندەمىر ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ئالدۇرۇپ قويغىنىنى سېكرى تېغىغا سەيلىگە چىققان چېغىدا كۈن يورۇقىدا ناھايىتى ئېنىق كۆردى. بابىر سېكرى تېغىنىڭ ئاجايىپلىقى ۋە تەكشى جايغا چۈشكەنلىكى ئۈستىكى بۇرا

تاغنى ئەسلىتىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى، تاغ ئېتىكىدىكى كۆل ئىچىگە قۇرۇلۇۋاتقان تاش سۇپىنى قولى بىلەن كۆرسىتەتتى، پەستە زىچ ئۆسكەن ياپيېشىل باغ ۋە دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېڭى ئىمارەتلەر قانداق بەرپا بولغىنىنى ھېكايە قىلاتتى.

خاندەمىر بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆرتۈپ قالغان ئورۇق يۈزىگە، كۆز ئەتراپلىرى ۋە پېشانىسىدىكى قەۋەت-قەۋەت قورۇقلارغا، ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىچىگە پېتىپ كەتكەن قاپاقلىرىغا قاراپ، ئىچ-ئىچىدىن ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى.

تاغدىن كۆل تەرەپكە چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا بابىر خاندەمىرنىڭ بۇ كۆيۈنۈشىنى سەزگەندەك بولۇپ:

— مېنىڭ تەقدىرىم غەلىتە، مەۋلانا، — دېدى، — ئەتراپىمنى ئاۋات قىلغانسېرى ئۆزەم سولىشىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۇنچىلىك ئەمەسقۇ... ھەر ھالدا، ئۆزىڭىزگىمۇ كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشىڭىز زۆرۈرمىكىن؟

— زۆرۈرلۈكىغۇ زۆرۈر، لېكىن مەملىكەت قانچىلىك زور بولسا، ئۇنى ئىدارە قىلىش شۇنچىلىك تەسلىشىدىكەن. مەن زور بىر دۆلەت قۇرۇش مەقسىتىنى زىممەمگە ئالغىنىمدا بۇنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. كېچە-كۈندۈز مېھنەت، تەشۋىش، ئوت، يالقۇن... خۇددى ھەرىكەتتىكى ۋولقانلار ئارىسىغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇرىمەن. كۆزلىگەن مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشقۇچە ئۆمرۈم يېتەمدۇ، يوقمۇ، بىلمەيمەن.

— نىيەتنى پۈتۈن قىلىش كېرەك، ھەزرىتىم. سىز تېخى يىگىت يېشىدىسىز، ھازىر قىرىق ئالتە ياشتىسىز.

— ئەمما ھىندغا كەلگىنىمدىن بېرى ھەر يىلى بەش-ئون يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆمرۈم سەرپ بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق...

خاندەمىر بابىرنىڭ ھىندىستانغا كېلىپ تۈزگەن يېڭى دىۋانىنى بۈگۈن ئەتىگەندە ئوقۇغانىدى. شۇ دىۋاندىكى بىر رۇبائىي ھازىر ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى:

جىسمىمدە ئىستىما كۈندە مەھكەم بولادۇر،
كۆزدىن ئۇچادۇر ئۇيقۇ چۇ ئاخشام بولادۇر.
ھەر ئىككىلەسى غەمىم بىلە سەبرىمدېك،
بارغانسېرى بۇ ئارتەدۇر، ئول كەم بولادۇر.

بابىرنىڭ ئۇيقۇسىز كېچىلەردىن كىرتەيگەن كۆزلىرى سەل شامال تەگسە ياشاڭغىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— تېۋىپلار ئۇيقۇسىزلىقنىڭ داۋاسىنى بىلەتتىڭغو؟

— ھىراتلىق خاس تېۋىپىمىز يۇسۇپىي داۋالاپ كۆردى، بولمىدى. "سىزگە دەم ئېلىش كېرەك"، دەيدۇ. "دۆلەت غەملىرىنى ئۇنتۇڭ"، دەيدۇ. "كېچىلىرى شېئىر يازماڭ"، دەيدۇ. ئەمما... دۆلەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غېمىنى قانداق ئۇنتۇش مۇمكىن؟ پەقەت شېئىر يازغاندا، ئىجاد قىلغاندا بۇ غەم خىيالىمدىن كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئەگرەدە بولسام ئىجادقىمۇ پۇرسەت تاپالمايمەن. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ دۆلەت غېمى... بىزار بولۇپ مانا مۇشۇ سېكرىگە چىقىۋالدىم. ئىجاد ئۈچۈن بۇ يەر تىنچراق... خېلىدىن بۇيان مەسنەۋىي يازماقتىمەن. سانىسام، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئەللىك بېيت مەسنەۋىي يېزىپتىمەن.

بابىر كېسەللىكى ئۈستىگە كۆپ ئىشلەپ ئۆزىنى ناھايىتى چارچىتىپ قويغىنىنى، ئۇيقۇسىزلىقنىڭ بىر سەۋەبى شۇ ئىكەنلىكىنى، تېۋىپنىڭ كېچىلىرى شېئىر يېزىشنى مەنئى قىلىشى توغرىلىقىنى

خانىدەمىر سېزىپ باراتتىيۇ، لېكىن بۇنى ئېيتىشقا ئەندىشە قىلاتتى.
مىجەزىدىن ئارام ئېلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بابىر ئۆزىنى ئايىماي ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ بىر كۈندە شۇنچە شېئىر يازغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرگەندە ئۇنى بۇ مەمنۇنىيەتتىنمۇ مەھرۇم قىلىدىغان نەسھەت گەپ ئېيتىش مەۋلانىغا ئورۇنسىز تۇيۇلدى.

— ئىشقىلىپ، خۇدا سىزگە قۇۋۋەت بەرسۇن، — دەپلا قويدى.

بابىر ماۋزۇنى يېڭىلىغۇسى كېلىپ:

— مەۋلانا، «ھەبىب ئۇسسىيەر»نى[1] نەچچە يىل يازغانسىز؟ — دېدى.

— ئون بىر يىل. لېكىن تېخى تۈگەتمىدىم. خاتىرجەملىك بولغاندا ھىراتتا تۈگەتمەكچى ئىدىم. لېكىن يىگىرمە يىلدىن بېرى سۈننىيپەرەسلەر بىلەن شىئەپەرەسلەر ھىراتنى بىر-بىرىدىن تارتىۋېلىپ، گاھى ئوتقا سالدى، گاھى سۇغا...

— ھە ئاشۇ چاغدا... ئۇنسىيەنىڭ مۇنارىدا تۇرۇپ سۆزلەشكىنىمىزدە "ھىراتنىڭ تەلەي قۇياشى ئۇۋۇسىغا پېتىپ كېتەرمۇ؟" دەپ قايغۇرغانىدىڭىز. شۇ قايغۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق ئىكەن-دە؟

— ھىراتتىن تەلەي كەتكەندە سەمەرقەند بىزگە قوچاق ئېچىپ

---

[1] ھەبىب ئۇسسىيەر — "قەدىرلىك دوستنىڭ تەرجىمھالى" دېمەكتۇر. خانىدەمىر ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئەسىرىدە ئەرەب، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان تارىخىنىڭ ئالەم پەيدا بولغانىدىن تا XVI ئەسىرگىچە ئۆتكەن ئەڭ مۇھىم دەۋرلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

تۈرسكەن! شىئە-سۈننىي ئاداۋىتى ماۋەرائۇننەھر بىلەن خۇراسان ۋە ئىراننىڭ مەدەنىي ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ ئالاقىلەردىن قانچىلىغان ئەۋلادلار بەھرە ئالغانىدى. قانچىلىغان ئىستېبداتلار كامالەتكە يەتكەنىدى، جاھىل سۇلتانلار ماۋەرائۇننەھرنى يالغۇز-يېتىم ھالەتتە قالدۇرۇپ قاراڭغۇلۇق ۋە خۇراپاتقا يەم قىلماقتا. سەمەرقەندتىن كەلگەن بىر ئالىم يىغلىغۇدەك بولۇپ ئېيتىپ بەردى، ئابىرەھمەت بويىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى ۋەيران بولۇپتۇ. شەھەر ھاكىمىنىڭ پەرۋايىغا كەلمەس ئىمىش. جاھىللار بۇزۇلۇپ ياتقان رەسەتخانىنىڭ خىشلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆز ھويلىلىرىغا ئىشلەتمەكتە ئىمىش.

— بىز باشقا يۇرتقا كېلىپ ئىمارەتلەر قۇرغاندا ئۇلار ئۆز يۇرتىمىزدىكى ئابىدىلەرنى بۇزۇشماقتا! پەلەكنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئاچچىق كىنايىسى بولارمۇ، مەۋلانا؟ شۇنى ئويلىسام، ئۆز يېرىمىزنى قويۇپ، ھىندىغا كۆڭۈل بەرگىنىم ماڭا خۇددى ياخشى نەتىجىلەر قازىنالمىغاندەك كۆرۈنىدۇ!

— بىراق پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنى تەقەززا قىلسا، ئادەم ئىلاج تاپالمايدىكەن-دە! مانا، مەنمۇ سىزدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھىندىغا كەلدىمغۇ! مۇئەررىخ بولغانلىقىم ئۈچۈن تارىخىي زۆرۈرىيەتنىڭ بىزدىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى كۆپ سەزدىم.

بابىر خاندەمىرنىڭ ئاخىرقى گېپىگە قىزىقىپ، ئېتىنى ئۇنىڭ ئېتىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

— دەرھەقىقەت، تارىخ ئالاھىدە شەخسلەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىكەن، — دېدى بابىر، — ئايىغىڭىز ئاستىدىكى تاغ تۆۋەنگە قاراپ كۆچسە، سىز ئېگىزگە قانچىلىك ئىنتىلماڭ، تاغ كۆچكۈنى

بىلەن بىللە تۆۋەنگە غۇلاپ كېتىدىكەنسىز. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم، ماۋەرائۇننەھردىكى كۆچكۈنلەر مېنى خۇددى شۇ كويغا سالغان ئىكەن. بىراق سىز قەدەم قويغان تاغ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆسۈپ بارسا، كۆزلىگەن ئېگىزلىكىڭىزگە قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي قالىدىكەنسىز. ھىندىستان ماڭا ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆسۈپ بارغۇچى تاغدەك تۇيۇلىدۇ، مەۋلانا. شۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەند ۋە ئەنجاندا قىلالمىغان ئىشلىرىمنى بۇ يەردە قىلىش ئۈمىدىدىمەن!

— مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ ئەمدىكى يۈكسىلىش ئەسرى ھىندغا كۆچكەنگە ئوخشايدۇ. جاھالەت قوغلىغان ناھايىتى كۆپ ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىنىڭ سىزدىن پاناھ ئىزدەپ ھىندغا كېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. چۈنكى پەلەكنىڭ گەردىشى ئۆزگەردى. بىر چاغلاردا خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرمۇ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆسىدىغان تاغدەك يۈكسەلگەن ئەمەسمىدى؟ خارەزمدە بېرونىي، بۇخارادا ئىبن سىنا، تۇستا فىردەۋسى، بالاساغۇندا يۈسۈپ خاس ھاجىب — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە ئەسىرداش. شۇنچە زور سىمالار چىققان ئەسىر — بىزنىڭ ئۇلۇغ بىر يۈكسىلىش ئەسىرىمىز ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ كۆچمەنچى ئوردىلىرى بېسىپ كەلدى-دە، مەدەنىي تەرەققىياتىمىزنىڭ يىپلىرىنى بىرنەچچە ئەسىرگە ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە سەمەرقەندتە، ناۋايى دەۋرىدە ھىراتتا ناھايىتى كۆپ مەدەنىي ئىستېداتلار يەنە ئويغاندى. يېڭى يۈكسىلىشلەر ئەسرى باشلاندى. لېكىن كاج رەپتار پەلەك بۇنىمۇ بىزگە ئوشۇق كەتتى دەپ ھېسابلىدى! يەنە كۆچمەنچى سۇلتانلار مەدەنىي تەرەققىيات يىپلىرىنى ئۈزۈپ،

www.uyghurkitap.com

چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى... پېقىر ھىراتتا تاپالماي يۈرگەن كاللىك يىپىنىڭ ئۇچىنى مۇشۇ يەردە تاپقاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. مۇساپىرلىق ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان مۇشۇ كەڭ ئالەمدە يېڭى ئىستېداتلىرى ئويغانغان، ئىلىم ۋە سەنئەتكە ئەستايىدىل يول ئېچىلغان ھىندىنىڭ بارلىقى قىلبلەرگە قۇۋۋەت بېرىدۇ... مەن ئەمدى «ھەبىب ئۇسسىيەر»نىڭ ئاخىرقى تەھرىرلىكىنى مۇشۇ يەردە، قانتىڭىز ئاستىدا تۈگىتىش ئۈمىدىدىمەن.

— بەجانىدىل!... بىزدىن قانداقلىكى ياردەم زۆرۈر بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ.

— پېقىر ھەزرەت مىر ئەلىشىرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا كۆپ يىل ئىشلىدىم. ھۈسەين بايقارا ھەزرەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى نادىر قول يازمىلاردىنمۇ كۆپ پايدىلاندىم... ئەمدى... بۇ كۇتۇپخانىلار ھىراتتا قالدى.

خاندەمىر بابۇرنىڭمۇ ئەللىك كىشى ئىشلەيدىغان زور كۇتۇپ-خانىسى بارلىقىنى بىلەتتى، ھىراتتىن تېپىلمايدىغان نادىر مەنبەلەر بۇ يەردىن تېپىلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتى. بىراق پادىشاھنىڭ خاس كۇتۇپخانىسىغا ئانداق-مۇنداق ئادەملەر يولىيالمايتتى. خاندەمىر شۇنى ئويلاپ، كېپىنىڭ داۋامىنى ئېيتىشقا ئەيمەندى.

— سىز بىزنى دەپ شۇنچىۋالا يەردىن كېلىپسىز، بىز كۇتۇپخانە-مىزنى سىزدىن ئايايمىزمۇ، مەۋلانا؟ — دېدى بابۇر ئۇنىڭ ئەيمىنىش سەۋەبىنى سېزىپ، — ئابدۇللا كىتابدارغا بۇيرۇي، سىزگە قانداقلىكى ئەسەر زۆرۈر بولسا تېپىپ بەرسۇن. كۇتۇپخانىدا ھىندىستاننىڭ كىتابلىرىمۇ كۆپ. ئابدۇللا كىتابدارنىڭ ئىختىيارىدا سانسكرىت تىلىنى ياخشى بىلىدىغان تەرجىمان ئالىملار بار. شۇلاردىن بىر-

ئىككىسىنى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا بېرىمەن، قانداقلىكى خىزمىتىڭىز بولسا ئادا قىلىدۇ.

— تا ئەبەد مىننەتدارمەن، ھەزرىتىم! ئەدەبىسىزلىك سانالمىسا، يەنە بىر ئەركىلىكىم بار...

— مەرھەمەت، مەۋلانا.

— ھىراتتا ئۆزىڭىز يازغان سەرگۈزەشتىلىرىڭىزدىن پارچە ئوقۇپ بەرگەنىدىڭىز، مىنى مەپتۇن قىلغانىدى. ئەگەر شۇ ئەسىرىڭىزنىڭ تەييار قىسىملىرى بولسا، مەن ئۈچۈن...ئەڭ ئەزىز، ئەڭ نادىر مەنبە بولاتتى. چۈنكى سىز باشتىن كەچۈرۈپ، تەتقىق قىلغان تارىخي ۋەقەلەرنى باشقا ھېچكىم شۇنداق ياخشى تەتقىق قىلغان ئەمەس...

بابىر ئىچىنىڭ مىدىرلاۋاتقان قۇلاقلىرىغا تىكىلىپ بىرئاز جىم ماڭدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى «بابىرنامە»نى بېشىدىن قايتىدىن كۆچۈرۈپ، ئالاھىدە بىر ئەسەر ھالىتىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى. بۇلتۇر ياز ئىسسىقلىرى تۈگەپ، يامغۇر پەسلى باشلانغاندا ناھايىتى قاتتىق شامال كۆتۈرۈلگەن. بابىر چېدىرىدا ئىشلەپ ئولتۇرغىنىدا يامغۇر ئارىلاش كەلگەن بوران ئۇنىڭ چېدىرىنى يىقىتىپ، قول يازمىلىرىنىڭ ئونلاپ ۋاراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. پۈتۈن-پۈتۈن بابلىرىنى يامغۇر، بوران ھالاك قىلغانىدى. ئۇلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ۋاقىت تېپىلمايتتى. قول يازمىنى مۇشۇ ئەھۋالدا خاندەمىرگە بەرسە توغرا بولارمىكىن؟

— مەن ئويلاپ كۆرەي، مەۋلانا.

بۇ ئارىدا ئۇلار سېكرى تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى بۇلاققا يېقىنلاشتى. ئەتراپى ئازادە ياساپ قويۇلغان سۈيى مۇزدەك بۇلاق بابىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرگەن جايلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ يەردە خاندەمىر ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈشتى.

سۈزۈك، بولدۇقلىشىغا پاكىز قۇملار قوشۇلۇپ چىقۋاتقان بۇلاق جىمجىت گۈلزارنى ئارىلاپ، شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى.

— ئەتراپ شۇنداق جىمجىت، — دېدى خاندەمىر، — كۆل بويىدا قۇرۇلۇشلار... بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇ سېكرىدە رەناسەنگا بىلەن دەھشەتلىك جەڭلەر بولغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇشكۈل.

بابىر ئاشۇ قانلىق ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق مەزگىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە:

— مەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە كۆرگەن جەڭلەرنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى شۇ بولدى، — دېدى، — بۇ جەڭ ھارپىسىدا بولغان ھادىسىلەرنى، ئۇرۇشنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى مەخسۇس بابتا يازدىم. خەتتات كىتابنىڭ تەييار قىسىملىرى بىلەن بىللە ئاشۇ بابنىمۇ بۈگۈن كۆچۈرۈپ بولسۇن، ئاخشاملىققا ھەممىسىنى سىزگە بېرەرمەن، مەۋلانا، ئوقۇپ پىكىر بېرەرسىز.

بابا جاۋابسىز قالغان ئىلتىماسىغا ئەمدى جاۋاب ئالغان خاندەمىر قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— سىز ماڭا تەڭسىز بىر ئىشەنچ بىلدۈردىڭىز، ھەزرىتىم!

— سىزنى ھىراتتىن چاقىرىپ كەلتۈرۈشتىكى مەقسەتمۇ ئىجادىي ئىشلار بويىچە مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىش ئىدى.

— ئىلتىپاتىڭىزغا مىننەتدارمەن!

شۇ چاغدا ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. تار يول ئاخىرىدا يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپارمەن سەكرەپ يەرگە چۈشتى

ۋە تەزىم بىلەن بابىر تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.

— ئەگرەدە بىرەر ئالدىراش ئىش چىققانغا ئوخشايدۇ، — دېدى بابىر، — مەۋلانا، ئەگەرمەن پايتەختكە كەتسەم، «ۋەقەئىي»نى سىزگە ئاخشاملىقتا ئەكىلىپ بېرىدۇ.

بابىر ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغان تىزگىنچى تەرەپكە ماڭدى.

## 2

سېكرى تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا سالقىن باغىنىڭ تۆرىگە جايلاشقان ئۈچ ئېغىزلىق كۆركەم خىلۋەتخانا مەۋلانا خاندەمىرگە بېرىلگەنىدى. بابىر ئاشۇ كۈنى ئەگرەگە مېڭىپ كەتتى. مەۋلانا خىلۋەتخانىنىڭ ئويما قىلىپ ئىشلەنگەن ئايۋىنىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى كۆرۈنىدىغان ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغىنىدا خانائىي خاسنىڭ سەۋدەرىبېشى بابىرنىڭ قول يازمىسىنى ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بەردى.

قول يازما خەتتات تەرىپىدىن زەرقەغەزلەرگە ناھايىتمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈلگەنىدى. خاندەمىر ئۇنى خانا ئىچىگە ئەكىرىپ، مىز ئۈستىگە قويدى. تۆپىدە يېنىۋاتقان شاملارنى مىز ئۈستىگە ياخشى يورۇق بېرىدىغان قىلىپ ئورناتقاندىن كېيىن، كۆزەينىكىنى تاقىدى ۋە ئەسەرنى ئېھتىيات بىلەن ۋاراقلاپ ئوقۇشقا چۈشتى.

بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن بابىر ھىراتتىكى ئىككىنچى نۆۋەت بارغىنىدا خاندەمىرگە «ۋەقەئىي»دىن ئوقۇپ بەرگەن بابىنىڭ ئۇسلۇبى مەۋلانىنى سەل تەئەججۈپكە سالغانىدى. مانا بۇ قول يازمىدىمۇ بابىر بايان قىلغان ۋەقەلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، مۇئەللىپ ئۇلارنى ئاغزاكى ھېكايىگە يېقىن بىر تەرىقىدە خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاددىي ئۇسلۇبتا يازغاندى. ئۇرغۇن جايلاردا خاندەمىر ھەتتا بابىرنىڭ سۆزلەش يوسۇنىنى، ئاھاڭى، بەزى بىر شەخسىي خىسلەتلىرىنى بايقاپ "غەلىتىغۇ!" دەپ قويىدى. چۈنكى ئاتىسى مىرخاند خاندەمىرنى ياشلىقىدىن باشقىچە ئېتىقادلار بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنىدى. بۇ ئېتىقادقا بىنائەن نەسىر يازغۇچى مۇئەررىخ ئۆز شەخسىي ئۇسلۇبىنى دەۋر ئۇسلۇبىغا بويسۇندۇرۇشى، ئۆز "مەنپەئەتپەرەسلىكى"نى دەۋر دېڭىزىغا قوشۇپ بىلىنمەيدىغان قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئەسەردە مۇئەللىپ ئۆزىنى نامايان قىلىۋەرسە، بۇ — كەمتەر بولمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. چوڭ تارىخىي كىتابلار ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن يېزىلاتتى، ئاساسىي تەرىپ ۋە تەۋسىپ شۇلارنىڭ ئىشلىرىغا بېرىلەتتى. نازاكەتلىك ئوخشىتىشلار، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەجازى سۆزلەر ۋە شائىرانە كۆتۈرەڭگۈ ئۇسلۇب ھۆكۈمدارلارغا ياقاتتى ۋە بارلىق مۇئەللىپلەر بويسۇنىدىغان بىر قانۇن ھېسابلىناتتى.

بابىرنىڭ مانا مۇشۇ قانۇننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇچى ئۇسلۇب بىلەن ئەسەر يازغىنى خاندەمىرگە ئوشۇقچە بىر يەڭگىلتەكلىكتەك تۇيۇلدى. بابىر ئوغلى ھومايۇنغا يازغان خېتىنىمۇ كىتابىدا كەلتۈرگەنىدى:

"...خەت يېزىشتا تەكەللۇپ قىلاي دەيسەن، ئۇنداق قىلساڭ چۈشىنىكسىز بولىدۇ. بىتەكەللۇپ پاك ئەلپاز بىلەن ياز، ساڭىمۇ ئېغىرچىلىق ئاز بولىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىغىمۇ".

"ئەجەبا! — ئويلىدى خاندەمىر، — تەكەللۇپسىز تىل بىلەن ئەسەر يېزىش بابىر مىرزا ئۈچۈن پاك ئۇسلۇب بەلگىسى ھېسابلىنىدىكەن - دە!" خاندەمىر ئۆزىنىڭ ئون يىلدىن بېرى يېزىۋاتقان

«ھەبىب ئۇسسىيەر»دە نازاكەتلىك تەكەللۇپلار كۆپلۈكىنى ئەس-
لىدى-دە، ئۆزىنى ئوڭايسىز سېزىپ، ئوقۇشتىن توختىدى ۋە
ئايۋانغا چىقتى.

ئاسماندا سەككىز كۈنلۈك ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ نۇرى ئۇدۇلدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايدىن تار يول ھاسىل قىلغانىدى. كۆلنىڭ نېرىقى چېتىدىن تاغ ئېتىكىگىچە كەلگەن بۇنۇر يولدا دولقۇنلار چىمىر-چىمىر گۆھەر جىلۋىسىگە ئوخشاش كۆزنى قاماشتۇراتتى. لېكىن خاندەمىر شۇ نۇر ئويۇنىدىمۇ بابىر تەسۋىرلىگەن ۋەقەلەرنى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى خىيالىدىن يىراقلاشتۇرالمايتتى. كۆپ تەكەللۇپلۇق، كۆپ بېزەكلىك ئۇسلۇپ خاندەمىردىن ناھايىتى كۆپ كۈچ، ۋاقىت، ئەمگەك تەلەپ قىلاتتى. بۇنداق ئۇسلۇبتا ئەسەر يېزىش قانچىلىك قىيىن بولسا، ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشمۇ شۇنچىلىك قىيىن ئىدى. بابىر ئىككى تەرەپنىمۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىنتىلسە، نېمىسى يامان؟ ئوغلىغا يازغان خېتىدە "ساڭمۇ ئېغىرچىلىق ئاز بولىدۇ، ئوقۇغۇچىغىمۇ" دېگەندە ئۇ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا خاندەمىرنىڭ يۈكسەك شائىرانە ئۇسلۇبقا ئائىت ئېتىقادلىرى بىكارغا چىقامدۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

خاندەمىر قايتىپ ئىچكىرىگە كىردى-دە، ئۆزىنىڭ ھەقلىقلىقىغا دەلىل ئىزدەپ، ئوچۇق قول يازمىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا چۈشتى.

تېخى ھېچبىر مۇئەررىخ بايان قىلمىغان غارايىپ ۋەقەلەر شۇنچىۋالا كۆپ! خاندەمىر كىتابىنىڭ مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە زوقلۇق ئىكەنلىكىگە تەن بەرمەي ئىلاجى قالمىدى. بابىر ئۆزىنى ئۆزى ئوچۇقلا مۇھاكىمە قىلغان، ئۆز خاتالىقلىرىنى توپتوغرا يازغان جايلىرىمۇ خاندەمىرگە ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. ئاخىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بابىلىرىدا يەنە ئاجايىپ بىر خەت ئۇچرىدى. بابىر ئەگرەدىن كابۇلغا ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپ ماھىم بېگىمگە ئاتاپ يېزىلغىنىنى خاندەمىر سەزدى. بابىرنىڭ زەھەرلىنىش تەپسىلاتلىرى مۇشۇ يەردە يېزىلغانىدى: "داستىخان ئۈستىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم كۆڭلۈم ئاينىپ، قۇسۇۋەتكۈدەك بولدۇم. ئاخىر قارسام بولمىدى، قورسىقىم كۆپتى... تاھارەت ئېلىش ئۆيىگە بېرىپ جىق قۇستۇم. ھەرگىز تاماقتىن كېيىن قۇسمايتتىم، بەلكى ئىچكەندىمۇ قۇسمايتتىم. كۆڭلۈمگە گۇمان كەلدى.

...جان شۇنچىلىك ئەزىز نېمە ئىكەن، مۇنچىلىك بىلمەيتتىم، شۇنداق مىسرا باركى:

كىم ئۆلەر ھالەتكە يەتسە،
شۇ بىلۇر جان قەدرىنى.

خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بار ئىكەن، ماڭا يېڭىباشتىن جان بېغىشلىدى.

بابىرنىڭ ئۆز ھاياتى ھەققىدە مۇنچىلىك ئوچۇقتىن-ئوچۇق يازغىنى خاندەمىرنى ھەيران قالدۇردى. كېيىنكى باپتا يەنە بىر تەپسىلات ئۇنىڭ ئېتىبارىنى تارتتى. ئىچكۈلۈكنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن تاشلىغان بابىر ئۇنى ھازىرغا قەدەر ئاغزىغا ئالمايتتى. بۇنىڭ ئاسان بولمىغانلىقىنى خاندەمىر تۆۋەندىكى قۇرلاردىن بىلدى: "بۇ ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئىچىملىك مەجلىسىنىڭ ئارزۇ ۋە خۇمارى چەكسىز ۋە كۈچلۈك بولدى، ھەتتا ئىچىملىك خۇمارىدىن بەزىدە يىغلاش دەرىجىسىگە يېتەتتىم".

ئۆز ئارزۇسىغا قارشى كۈرىشىپ، يىغلاش دەرىجىسىگە بارغىنىنى ئوچۇق يېزىش تاجدارلار ئارىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئاق

كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىگە خانىدەمىر ئىچ-ئىچىدىن تەن بەردى. ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئېيتقان مانا شۇنداق ئاددىي تەپسىلاتلار سەۋەبىدىن بابىر ئۇنىڭغا ئۆزىدەكلا بىر ئىنسان پەرزەنتى بولۇپ تۇيۇلدى. ئەمما باشقا تاجدارلار تارىخىي كىتابلاردا ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشاپ كۆرۈنۈشتىن قانچىلىك چۆچۈيدۇ! ئۇلار ئەل-يۇرتتىن مۇمكىنقەدەر يۇقىرىدا بولۇشنى، ئاددىي ئىنسانغا قارىغاندا خۇداغا يېقىنراق تۇرۇشنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىدۇ! شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ خانىدەمىردەك مۇئەررىخلەر پادىشاھلار ھەققىدە ئاددىي ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان، ئەقىل يەتمەيدىغان، تەكەللۇپقا تولغان تىلدا كىتاب يېزىشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ. بابىر ئۆزى پادىشاھ بولغاچقا، بۇنداق تەكەللۇپلارنى كىم ئۇچۇن يازىدۇ؟ ھەممە تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان دەۋر ئۇسلۇبىنىڭ قانۇنلىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، ئۆز ھاياتى ھەققىدە شۇنداق ئەركىنلىك ۋە راستچىللىق بىلەن ئەسەر يېزىشى، ھېچكىمگە قارام بولمىغانلىقىدىن ئەمەسمىكىن؟

بۇ پىكىر خانىدەمىرنى بابىرنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىك بىلەن ياراشتۇرغاندەك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابىرغا خاس ئاددىيلىقنىڭ چوڭقۇر بىر شېئىرىي گۈزەللىكىمۇ بارلىقىنى، بۇ گۈزەللىكنىڭ ئادەمنى سېھىرلەۋېلىشىنى سەزدى. تۇن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرگە قىزىقىپ، ئۇسلۇبىنى پۈتۈنلەي ئەستىنمۇ چىقاردى.

تاڭغا يېقىن ئازغىنا ئۇخلاپ، كېيىن يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى-دە، قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا يەتمىگۈچە ئۇنىڭدىن ئاجرالمىدى.

* * *

بابىر سىكرىگە ئۇچىنچى كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى،

كۈندۈزى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن يولنى كېچە سالقىندا بېسىپ ئۆتكەندى. ئۇ خاندەمىرنى يەنە باغدا ئۇچراتتى، ئىككىسى پىيادە ئاشۇ بۇلاق بويىغا كەلدى.

بابىر يول يۈرۈپ چارچىغان، ئۇيقۇسىز ئۆتكەن يەنە بىر كېچە يۈزىنى ناھايىتى سولاشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ:

— مەۋلانا، مەنسىز زېرىكىپ قالمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— ھەزرىتىم، مەن كېچە-كۈندۈز سىزدىن ئايرىلماي سۆھبىتىڭىزدە بولدۇم، سىز يازغان ئەسەر سەھىپىلىرىدە ئۇنتۇلماس ۋاقىتلارنى باشتىن كەچۈردۇم.

— تېخى ئاخىرىغا يەتمىگەنسىز؟

— تۈنۈگۈن پېشىندا ئاخىرقى بەتلىرىنى ياپقاندىن بۇيان ھامان ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ياشىماقتىمەن.

— مېنى ئايىماڭ، مەۋلانا، راستىنى ئېيتىڭ.

— راستىنى ئېيتسام، سىز مېنى سۇندۇرۇپ، چۇل-چۇل قىلىۋەتتىڭىز!

خاندەمىر بۇ گەپنى شۇنداق جىددىي تۇرۇپ، ئىچكى بىر دەرد بىلەن ئېيتتىكى، بابىر تەئەججۇپلىنىپ توختىدى:

— نېمە ئۈچۈن سۇندۇرۇپتىمەن، مەۋلانا؟

— ئۇسلۇبىڭىزدىكى نەپىس بىر ساددىلىق ئالدىدا مېنىڭ يۈكسەك شائىرانە ئۇسلۇبۇم ئارتۇقچە بىر تەكەللۇپتەك تۇيۇلدى.

— ھە، تەكەللۇپمۇ؟ ئەمما مېنىڭ ئەھۋالىم ئۆزىڭىزگە مەلۇم. جۇملىلىرىنى تەكەللۇپ بىلەن بېزەشكە پۇرسىتىم يوق ئىدى.

— ئەسلى گۈزەل بولغان يۈزگە ئارتۇقچە زىبۇزىننەتنىڭ نېمە

ھاجىتى؟ ھەزرىتىم، سىز ئەدەبىياتىمىزدا تېخى ھېچكىم قىلمىغان ئۇلۇغ بىر ئىشنى قىلىپسىز. مۇبارەك بولسۇن!

— مىننەتدارمەن، مەۋلانا. بىراق تېخى مەن بۇ ئىشنىڭ يوقالغان سەھىپىلىرىنى تولۇقلىشىم كېرەك.

— تولۇقلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئاخىرى يەنە باشقا ياخشى ئىشلىرىڭىز يېزىلغۇسىدۇر. بىراق شۇ تۇرۇقتىمۇ مەن بۇ زور ئەسىرىڭىزنى تۈركىي تىلىدا ئېيتىلغان يېڭى بىر سۆزدەك قوبۇل قىلدىم. مەن ئىشىنىمەنكى، ئەۋلادلىرىمىز سىزنىڭ بۇ شاھ ئەسىرىڭىزنى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە»سىدەك ئىززەتلەيدۇ. چۈنكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەڭ ئۇلۇغ شېئىرىي ئەسەر «خەمسە» بولسا، مۇشۇ ۋاقىتقىچە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەڭ ئۇلۇغ نەسرىي ئەسەر، مېنىڭچە «بابۇرنامە» بولغۇسىدۇر.

— مەۋلانا، گەرچە مۇبالىغە قىلغان بولسىڭىزمۇ يۈرەك سۆزلىرىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر. مەن بۇ ئەسەرنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۈگۈن يەنە سېكرىگە قايتىپ كەلدىم. ئەگەر نۇقسانلىرى بولسا ئۈچۈق ئېيتىڭ.

— پېقىر بەزى سەھىپىلەردىكى سانلار ۋە ناملاردا ئېنىقسىزلىقلارنى ئۇچراتتىم. خۇسۇسەن، ھىراتقا — ھۇسەين بايقارا سارىيىغا ئائىت بابلار ئازراق تەھرىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

— مانا ئاشۇ نۇقتىلاردا ماڭا سىزنىڭ ياردىمىڭىز لازىم.

— بەجانىدىل، ھەزرىتىم. قانداقلىكى ئېنىقسىزلىق بولسا، بارلىقىنى ئالاھىدە قەغەزگە يېزىپ قويدۇم. ئەسىرىڭىز بىلەن بىللە بەرمەكچىمەن.

شۇ چاغدا يۇقىرىدىن ئۈتۈۋاتقان قۇشلارنىڭ جىددىي پۇشتەك

چالغانغا ئوخشاش يېقىمسىز ئاۋاز چىقارغىنى ئاڭلاندى. بابىر ئاسمانغا قاراپ، قارامتۇل-قىزغۇچ سارتوپى قانات قاقماي ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئاندىن ئۇلارنى خاندەمىرگە كۆرسىتىپ:

— بۇ يىرتقۇچلار جەڭلەردىن كېيىن يەمتۈك يەپ مەززە قىلىشىپتۇ، — دېدى، — رەناسەنگا بىلەن بولغان جەڭدىن كېيىن مانا مۇشۇ كۆل ئەتراپلىرىدا، باغنىڭ ئورنىدا ئۆلۈپ ياتقان ئادەملەر، ئاتلار، تۆگىلەر، پىللار ھېسابسىز ئىدى. سارلارنىڭ قان پۇرىقىنى سېزىپ، يىراقلاردىن توپ-توپ ئۇچۇپ كەلگىنى يادىمدا بار...

بۇ خاتىرە بابىردا يېقىمسىز تۇيغۇلار قوزغىغىنىنى سەزگەن خاندەمىر:

— نېمە چارە، ھەزرىتىم؟ — دېدى، — ھازىرغىچە ھېچبىر ئۇلۇغ دۆلەت جەڭ ۋە جېدەلسىز بەرپا بولغان ئەمەس.

— سۆزىڭىز راست، ئەمما... كېيىنكى يىللارنىڭ ۋەقەلىرىنى قەغەزگە چۈشۈرگىنىمدە، بارلىق قۇربانلار، تۆكۈلگەن بارلىق قانلار كۆز ئالدىمدا شۇنداق تولۇق گەۋدىلەندىكى، ئۇيقۇلىرىم قېچىپ كەتتى... بەجۇر قورغىنىدا ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلگىنى... پەنىپەتتە بىرنەچچە يۈز ئەسىرنىڭ تۇپەك بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگىنى... بىزنىڭ ئادەملەرمۇ كاللىدىن مۇنارلار تۇرغۇزغىنى...

— ھەممىسىنى ئۆمۈر كىتابىڭىزدا توپتوغرا يېزىپسىز.

— چۈنكى ئەۋلادلار ھەقىقەتنى بىلسۇن، بىزنى پەرىشتە دەپ ئويلىمىسۇن. قىلغان گۇناھلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قانچىلىك ئېغىر بىلىنگىنىدىن ئاگاھ بولسۇن.

بابىرنىڭ روھىدا ھېلىدىن-ھېلىغا سېزىلىپ قېلىۋاتقان ئىچكى

بىر دەردىنىڭ پەقەت ئاغرىقلىقى ياكى چارچىغانلىقىدىن ئەمەسلىكىنى خاندەمىر ئەمدى سەزدى. بابىر ئىجادىي ئىشقا بېرىلگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى شاھ بىلەن شائىرنىڭ مۇرەسسە قىلىشى قىيىنلىشىپ كېتەتتى.

خاندەمىر ئىختىيارسىز ھىراتنى ۋە ئەلشىر ناۋايى بىلەن ھۆسەين بايقارا ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىدى. بۇ ئىككى زات ياشلىقىدىن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. ئەمما پادىشاھنىڭ شەپقەتسىز ئىشلىرى شائىرنىڭ نەپىس تۇيغۇلىرىغا شۇنچىلىك زىت كېلەتتىكى، ئەلشىر ناۋايى ھۆسەين بايقارا بىلەن بىر شەھەرگە، ھەتتا بىر مەملىكەتكە سىغماي قالىدىغان ۋە خۇراساننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە ئەستايىدىل ئىنتىلىدىغان پەيتلىرى بولغانىدى.

ھەتتا بىر شەھەرگە ۋە بىر مەملىكەتكە سىغمايدىغان چوڭ شائىر بىلەن پادىشاھنىڭ بابىرنىڭ قەلبىدە بىللە ياشاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۇنى قانچىلىك قىيىن ئەھۋاللارغا سېلىشىنى خاندەمىر ھازىر يېقىندىن كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ يادىغا بابىرنىڭ:

يۈز ھەيفكى، زايە ئۆتەدۇر ئۆمرى ئەزىز،
ئەپسۇسكى، باتىل[1] بارادۇر ئۆمرى شەرىپ!

دېگەن قۇرلىرى چۈشتى. "شائىر بۇ قۇرلارنى پادىشاھلىق غەملىرىدىن تويۇپ كەتكەن مەزگىلدە يازغان بولسا كېرەك!" دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى.

بابىر بۇلاق بويىغا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئالقىنىنى مۇزدەك

---

[1] باتىل — ساختا يول بىلەن مېڭىش، ئادىشىش.

تىنىق سۇغا تولدۇرۇپ ئالدى-دە، ئۇنى سۈمۈرۈپ، تەپتى ئازراق بېسىلغاندەك بولدى.

خاندەمىرنىڭ گەپنى يىقىملىقراق ماۋزۇغا بۇرىغۇسى كەلدى:

— ھەزرىتىم، ھىراتتا ئۇچراشقىنىمىزدا سىز ئۆز ھاياتىڭىزنى... كۆچكۈن باسقان بۇلاققا ئوخشاتقان ئىدىڭىز، يادىڭىزدىمۇ؟

— يادىمدا بار.

— پېقىر ھازىر تەخمىن قىلدىمكى، ماۋەرائۇننەھردە كۆچكۈن باسقان بۇلاق بەلكى مۇشۇ يەرگە كېلىپ قايتا كۆز ئاچقاندۇ؟

— ئەقىل ئىشەنمەيدۇ. ئاردا شۇنچە يىراق مۇساپە بار.

— لېكىن ھەقىقىي زور ئىستېداتلار ئۆلمەس بۇلاقلارغا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئۇن يەردە ئەتسە، ئۇن بىرىنچى يەردىن يەنە يېرىپ چىقىدىكەن!

— ئىلتىپات قىلدىڭىز، مەۋلانا. ھازىر ئىجادىي ئىش مېنى خۇددى مۇشۇ پاكىز بۇلاقتەك ئۆزىگە تارتىدۇ. جەڭلەرنىڭ قانلىق كەلكۈنلىرى، سەلتەنەتنىڭ تاشقىن دەريادەك تىنىمسىز دولقۇنلىرى جېنىمغا تەگدى. تاجۇتەختنىڭ بىۋاپالىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان سېزىپ يۈرىمەن. ماڭا ۋاپا قىلسا، پەقەت يازغان ئەسەرلىرىم ۋاپا قىلىشى مۇمكىن. ۋەتىنىمگە ئۆزەم قايتالمىسامۇ، ئەسەرلىرىم قايتىشى مۇمكىن. ئەمدىكى ئارزۇيۇم توغۇلغان يۇرتۇمغا قىلالمىغان پەرزەنتلىك خىزمىتىمنى ئەسەرلىرىم قىلسا...ئەنجان ۋە سەمەر-قەندنى، مېنى ئۆستۈرۈپ شائىر قىلغان ئۆلكىلەرنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلسىڭىز ئىدى، مەۋلانا!

بابۇرنىڭ ئۇزۇندىن بىرى ئۇيقۇسىز يۈرگەنلىكىدىنمۇ ياكى سې-غىنىش ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىنمۇ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشقا

تولدى.

— مەنمۇ ھىراتنى تولىمۇ سېغىنىپ يۈرىمەن، ھەزرىتىم. لېكىن... ئۆزىڭىز ھىندىمۇ ئەمدى بىز ئۈچۈن ۋەتەن، دەپ ئېيتقان ئىدىڭىز، يازغان ئەسەرلىرىڭىز ھىندىنىڭ شەۋكىتىگىمۇ شەۋكەت قوشىدۇ. ھىندىتا بەرپا قىلغان ئۇلۇغ دۆلىتىڭىز بولسا، سىزنى بالاغەتكە يەتكۈزگەن ماۋەرائۇننەھرگىمۇ شۆھرەت كەلتۈرىدۇ.

— قېنى ئەمدى شۇنداق بولسا! — دېدى بابىر.

ئۇ خاندەمىر بىلەن كەچكىچە دەردلىشىپ يۈردى-دە، كۆڭلىنى بوشىتىپ، ئۆزىنى ئازراق يەڭگىل ھېس قىلدى. بىراق كېچىسى يەنە ئۇيقۇسى قېچىپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى.

## ئەگرە. يۇلتۇزلار گىردابى

### 1

يەنە يازنىڭ سەرەتان ئىسسىقلىرى باشلاندى. بابىر گاھى دىۋانىئامدا، گاھى كۇتۇپخانىدا ئىشلەيتتى، ئارىلاپ ئىچى كۆيۈپ، سوۋۇتۇلغان نارىنج شەربىتى ۋە سوغۇق چاي ئىچەتتى، لېكىن ئۇسسۇزلۇقى ھېچ بېسىلمايتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تاھىر خىلۋەتخانىغا ئۈچ-تۆت ساپاق ئاق كىشمىش ئۈزۈم ئېلىپ كىردى. ھازىرلا ئۈزۈپ يۇيۇلغان ئالتۇن رەڭ كىشمىش ئۈزۈم دانىلىرى ئۈستىدە سۇ زەررىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇزاقتىن بۇيان بۇنداق ئۈزۈمنى كۆرمىگەن بابىر تەئەججۈپ بىلەن:

— نەدىن ئالدىڭىز؟ — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۆزىمىزنىڭ ھەشت بېھىشت بېغىمىزدىن. سەمەرقەندتىن كەلتۈرۈلگەن كىشمىش ئۈزۈم كۆچىتىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تىككەنىڭىز يادىڭىزدىمۇ، ھەزرىتىم؟

بابىر خوش بولۇپ ئۈزۈمنىڭ بىر ساپىقىنى قولىغا ئالدى. بۇ يەرلەرنىڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يېتىشتۈرۈلگەن ئاق كىشمىش ئۈزۈم سەل سۇلۇقىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەمى بابىرغا سەمەرقەندنى ئەسلەتتى. ئۈزۈم يېگەنسېرى ئۇسسۇزلۇقى بېسىلىپ، ئۆزىنى بىردىنلا تېتىك ھېس قىلدى.

— بۇنى ماھىمغا كۆرسىتىش كېرەك! — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

بۇلتۇر كۈزدە كابۇلدىن ئەگرەگە كۆچۈپ كەلگەن ماھىم بېگىم بۇ باغنىڭ تۆرىدىكى مەرمەر سارايدا ئىدى. بابىر پەتنۇستىكى ئۈزۈمنى تاھىرغا كۆتۈرتۈپ، گۈللۈك يوللاردىن سارايغا قاراپ كەتتى.

ھاۋا تىنجىق ۋە نەم. يەنە پەشكال پەسلى باشلىنىپ، ئاسماندىن بۇلۇت ئۈزۈلمەيتتى. پەتنۇستىكى ئالتۇن رەڭ كىشمىش بابىرغا شۇ بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، يىراق سەمەرقەندتىن يېتىپ كەلگەن يورۇق بىر نۇردەك كۆرۈنەتتى.

ماھىم بېگىم سارايىنىڭ ئايۋىنىدىن مىز ئۈستىگە ئېگىشىپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى.

ئايۋانغا تاھىرنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگەن بابىر:

— ئۈزۈممىز پىشىپتۇ، ماھىم! — دېدى، — بىر تېتىپ كۆرۈڭ.

ماھىم بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ، بابىرنى ئادەتتىكىدەك تەزىم بىلەن قارشى ئالدى، لېكىن ئۈپكىسى ئۆرۈلۈپ، راۋۇرۇس سۆزلىيەلمىدى.

كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە يارىسىدىن قالغان ئاسارەتلەر ئۆچۈشۈپ، قوللىرى ئاۋۋالقىدەك ھەرىكەتلىنىدىغان بولۇپ قالغان تاھىر ئۈزۈمنى تەزىم بىلەن ماھىم بېگىمگە سۇندى.

ماھىم بېگىم پەتنۇسنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، مىز ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغىنىنى بايقىغان تاھىر كەينىچە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەر-خوتۇن يالغۇز قالغاندا بابىر:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى، — يىغلىدىڭىزمۇ؟

— نەپسىم قىسىلدى...

ماھىم بېگىم قىرىق ياشقا كىرگەندىن بېرى يۈزلىرى تولۇپ، خېلى سەمرىپ قالغانىدى. كابۇلنىڭ يەڭگىل ۋە قۇرۇق تاغ ھاۋاسىغا ئۆگەنگەن بېگىم جەمنە بويىدىكى ئىسسىق كۈنلەردە ناھايىتى نەم ۋە دىمىق ھاۋادىن نەپەس ئېلىش قانچىلىك قىيىن بولۇشىنى ئاۋۋالمۇ ئاڭلىغان، بىر تەرىپى شۇ سەۋەبتىن تۆت يىلغىچە ئەگرەگە كەلمەي يۈرگەن. ئاخىرى بابىرغا يۈز كېلەلمەي بولتۇر كەلگەنىدى.

— يامغۇر پەسلىدە مەنمۇ ناھايىتى قىينىلىپ نەپەس ئالىمەن، — دېدى بابىر، — غەم قىلماڭ، ئۆگىنىپ كېتىسىز. قېنى، ئۈزۈمدىن ئېلىڭ!

ماھىم بېگىمنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈسى كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىشمىش ئۈزۈمدىن ئىككى دانە ئېلىپ ئاغزىغا سالدى-دە، بابىرنىڭ كۆڭلىگە يارىشا:

— ياخشى پىشىپتۇ، — دېدى.

— مەكتۇپ يازماقچىمىدىڭىز؟

— ھە، ھۇمايۇنغا... مېنىڭ نەپسىمنى يامغۇر ئەمەس، سېغىنىش

قىسدۇ!

بوغۇلۇپ ئولتۇرغان ماھىم بېگىم سىردىنلا يىغلىۋەتتى:

— مەن ھەممىشە ھۇمايۇننىڭ دىدارىغا زارمەن. سىز داۋاملىق ئوغلۇمنى مەندىن يىراقلارغا ئەۋەتىسىز! كابۇلدىكى ۋاقتىمدا ھۇمايۇن جەمنە ۋە گانگ بويىلىرىدىن بوشىمىدى. مەن ئەگرەگە كەلدىم، ھۇمايۇن بەدەخشانغا يۈرۈپ كەتتى. بەدەخشاننى تىنچىتىپ قايتىش بىلەنلا ئۇنى يەنە يىراق سەمبەلگە ئەۋەتتىڭىز. قەيەردە بىر خەتەر بولسا، شۇنىڭغا ھۇمايۇن تەييار! قايسى يىراق يۇرتتا مۇشكۇل ئىش بولسا، يەنە ھۇمايۇن! مەن بۇ يەردە ئەنسىرەپ قان يۇتۇپ ھەسرەت چېكىمەن!

— مۇنچىلىك ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، ماھىم!

— سىز ئەنسىرىمەيسىز، ھەزرىتىم، سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز كۆپ! مېنىڭ يالغۇز پەرزەنتىم قالغان! ئۇچىنى توپراققا تاپشۇرۇپ، مۇشۇ بىرلا ھۇمايۇن بىلەن قالغانمەن!

بابۇرنىڭ باشقا خوتۇنلىرى ۋە ئۇلاردىن بولغان باشقا بالىلىرى — ھەممىسىنىڭ ماھىم بېگىمدە قانچىلىك مۇرەككەپ تۇيغۇلار قوزغىشىنى بابىر ھازىر يەنە بىر قېتىم سەزدى. شۇ ۋاقىتتا خانىغا سەككىز ياشلىق گۇلبەدەن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بويىندىكى كىچىككىنە مارجانلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئاتىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. لېكىن ئاتىسىنىڭ يىغلاپ، زارلىنىپ سۆزلەۋاتقىنىنى كۆردى-دە، ئەنسىرەپ توختىدى.

— ماھىم، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن بابىر، — ھىندال بىلەن گۇلبەدەنمۇ سىزگە پەرزەنتقۇ!

— كامران مىرزىچۇ ھەزرىتىم؟ ئۇ كىشى سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەمەس-

مدى! ئۇ كىشى لەخوردا ئانىسى بىلەن تېنىچقىنا يۈرۈپتۇ! نېمە ئۈچۈن ھەممە بالا-قازانى بىر تەرەپ قىلىشقا ھۇمايۇن بېرىشى كېرەك؟

— چۈنكى ھۇمايۇن تەخت ۋارىسى! مەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇشكۇل ئىشلارنى ھۇمايۇن قىلىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

— مەن ئەنسىرەپ قان يۇتسام مەيلى! سىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايسىز، چۈنكى باشقا خوتۇنلىرىڭىز بار!

گۈلبەدەن ئاتا-ئانىسىنى ھېچقاچان بۇنداق مۇشكۇل ۋە بىئەپ ئەھۋالدا كۆرمىگەنىدى. ئۇ كۆزلىرى پارىلداپ، نېمە گەپ بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇراتتى. ھەزرەت ئانىسى پادىشاھ ئاتىسىغا ناھايىتىمۇ مېھرىبان ئىدىغۇ. كابۇلدىن ئىككى ئاي يول يۈرۈپ كېلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ نامىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئىززەتلەپ سۆزلەيتتىغۇ! ھەزرەت ئاتىسىمۇ ئەگەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، جالالى كۆلىنىڭ يېنىدا كۈتۈۋالمىغانمىدى؟ چارچىغان ئېتىدىن چۈشۈپ، باشقا ئات كەلتۈرگىچە سەۋر قىلالمىغان بابىر ماھىم بېگىمنىڭ ئالدىغا پىيادە كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئاندىن قەدىردان خوتۇنىنى ئىززەتلەپ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈشكە قويمىغان، ئۆزى بولسا ماھىم بېگىمنىڭ ئېتى يېنىدا ئۈچ چاقىرىم يەرگىچە پىيادە بارغانىدىغۇ. بۇنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ "پادىشاھنىڭ ئۆز خوتۇنىنى بۇنچىلىك يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ ئالغىنىنى ئۆمرىمىزدە كۆرگەن ئەمەس!" دېگىنىنى گۈلبەدەن ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدىغۇ، ھازىر بۇلارغا نېمە بولدى؟

بابىر قىزچىقىنىڭ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرغىنىنى سېزىپ، تېز ئورنىدىن تۇردى، پەتنۇستىكى ئۈزۈمدىن بىر ساپاقنى قولىغا

بەردى:

— ھە، قىزىم، ھە! — دەپ ئۇنىڭغا مۇلايىم گەپ قىلىپ، ئىشىكتىن تاشقىرىغا يېتەكلەپ چىقتى. — بار، ئەمدى باغدا ئوينا.

ئۇ كۆز ياشلىرىنى ھامان توختىتالمايۋاتقان ماھىمنىڭ ئۇدۇلىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى ۋە غەمكىن ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ماھىم، سىز مەندىن ھەرقانچە رەنجىسىڭىز ھەققىڭىز بار. شەرىئەت رۇخسەت بەرگەنى بىلەن ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچ خوتۇن ئېلىشى شەرت ئەمەس ئىدى... مەندەك سەيياھ تەبىئەت ئادەم... ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنى سەپەرلەردە، جەڭلەردە ئۆتكۈزۈشنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۈچ خوتۇن ئېلىشى... كەچۈرۈلمەيدىغان بىر خاتالىق بولدى. بۇ خوتۇنلارنىڭ ھېچقايىسى مەن ئارزۇ قىلغاندەك بەختىيار بولالمىغىنىنى... بۈگۈن سىزگە قاراپ كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن... كۈندەشلىك ئەلەملىرى... بىر-بىرىگە ئۆگەي بالىلارنىڭ رىقابىتى... ئاتا بوۋىلىرىمىزنى كۆيدۈرگەن بۇ جەھەننەملەر بىزگە دەخلى قىلماس دەپ ئويلىغانىدىم... ياق، مانا، ھەتتا سىزدەك قەدىردان يارىمۇ... مۇشۇ جەھەننەم ئازابىدىن كۆز ياش تۆكۈۋاتىسىز. مەجرۇھ دىلىم سىزنى كۆرۈپ، تېخىمۇ بىئارام بولدى.

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ سارغىيىپ قالغان كېسەلمەن يۈزىگە قارىدى-دە، كۆز يېشىنى ئۇپۇل-توپۇل سۈرتۈشكە باشلىدى.

— ھەزرىتىم، مەندىن خاپا بولماڭ. مەن بىر مۇڭلۇق ئايالمەن. سىز پادىشاھسىز. ئەرزىمنى سىزگە ئېيتمىسام، كىمگە ئېيتىمەن؟

— ھە، مەن پادىشاھمەن، پۈتۈن بالا شۇنىڭدا. نېمىلىكى خاتالىق، نېمىلىكى گۇناھ قىلغان بولسام، ھەممىسىنىڭ بىرلەمچى سەۋەبى مېنىڭ پادىشاھلىقىمدۇر. ياشلىقىمدا پادىشاھلىق زەنجىرىدىن

قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن مېنى بۇ زەنجىردىن خالاس قىلىدىغان نىجاتكار تېپىلمىدى. ئەمدى مېنىڭ نىجاتكارىم ھۇمايۇن بولىدۇ، دەپ ئۈمىدىم بار.

ماھىم بېگىم بابىرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ ـ بىر ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ماھىم، مەكتۇپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. مېنىڭ نامىمدىنمۇ يېزىڭ، ھۇمايۇن ئەگرەگە تېزرەك قايتسۇن. كۆزۈمنىڭ تىرىكلىكىدە تاجۇتەختنى قولىغا ئالسۇن. يېزىڭ، مەن ئىمزا قويىمەن!

— ھەزرىتىم، سىز ھۇمايۇننى تاجۇتەختكە بۇنچىلىك ئىنتىزار دەپ ئويلىماڭ! ھېچ ئۇنداق ئەمەس! مەن پەقەت ئوغلىمىز يېنىمىزدا بولسۇن دېمەكچىدىم. خالاس!

— يېزىڭ، كەلسۇن!... پەقەت پادىشاھ بولۇش شەرتى بىلەن كەلسۇن. بۇ مەخپىي گەپنى ھازىرچە سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن.

بابىرنىڭ نىيىتى جىددىيلىكىگە ئەمدى ئىشەنگەن ماھىم بېگىم:

— سىز... كابۇلغا قايتماقچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مۇبادا، ئالەمدىن كۆز يۇمسام، كابۇلغا دەپنە قىلىڭلار.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟

— سىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق، ماھىم. سىز كابۇلدا "ئىشغالىيەتچىلىكنىڭ قىساسى قايتسا يامان بولىدۇ" دېگەنىدىڭىز، شۇ گېپىڭىز راست چىقتى. پادىشاھلىق ۋە ئىشغالىيەتچىلىك بالالىرى مەلىكە بەيدە بەرگەن زەھەر شەكلىگە كىرىپ، مېنىڭ ئۆمرۈمنى غاجىلىدى. ئەگەر مەنمۇ بار كۈچۈمنى پەقەت ئىلىم ۋە ئىجادقا بەرسەم، بەلكى بېرۇنىدەك يەتمىشتىن ئاشاتتىممىكىن؟ ياكى ئەلىشىر ناۋايىدەك

ئاتمىشقا كىرەتتىممىكىن؟ بىراق مانا، قىرىق يەتتە يېشىمدا ئۆمرۈمەنىڭ ئاخىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ياخشىلىقنى ئويلاڭ، ھەزرىتىم! خۇدا خالىسا تېخى ئۆمرىڭىز ئۇزاق بولىدۇ!

— نېمە بولسىمۇ، ئەمدى پادىشاھلىق بولدى! قالغان ئۆمرۈمنى ئىجادقا سەرپ قىلماقچىمەن! ماڭا سارايلار ۋە قەسىرلەرنىڭ كېرىكى يوق، مانا مۇشۇ زەرەپشان بېغىنىڭ بىر بۇلۇڭى بولسا بولىدى... ئارتۇقچە سەۋدەر ۋە مۇلازىملارمۇ لازىم ئەمەس. تاھىر ئاپتۇۋىچەنىڭ بىر ئۆزى ماڭا يېتەرلىك. ھۇمايۇنغا مۇشۇ قارارىمنى ئېيتىپ، ئىككىمىزنىڭ نامىمىزدىن يېزىڭ!

ماھىم بېگىم بابىرغا تولىمۇ ئېغىر تېگىدىغان ماۋزۇلاردا گەپ ئاچقىنىدىن ئەمدى قاتتىق پۇشايمان قىلدى-دە، ئېرىگە يالۋۇرۇپ:

— مېنى كەچۈرۈڭ! — دېدى، — مەن ھېچ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن گەپ... بۇ مۇمكىن ئەمەس! مەن بۇنداق مەكتۇپنى يازالمايمەن!

بابىر ئورنىدىن تۇردى.

— بولمىسا مەن ئۆزەم يازاي، — دەپ سارايدىن چىقتى. ئۇ باغ ئارىلاپ خىلۋەتخانىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا گۈلزار يولىدا كىچىككىنە گۈلبەدەننى ئۇچراتتى. زېرەك قىزچاق ئاتىسىنى قىيناپ يۈرگەن مۈشكۈللۈكلەرنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىدىن ئېچىنىپ، ھەمدەردلىك بىلدۈرۈۋاتقاندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى①.

## 2

ئاتىسىنىڭ مەخپىي مەكتۇپى بارغاندا ھۇمايۇن سەمبەلدە ئېغىر

---

① بابىرنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە

كېسەلگە مۇپتالا بولۇپ ئورۇندا ياتقاندى. مەكتۇپنى ئوقۇش بىلەن ئادەملىرىگە:

— مېنى تېزرەك ئەگرەگە يەتكۈزۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

دېھلىگە كەلگۈچە ھۇمايۇننىڭ قىزىتمىسى يەنىمۇ ئۆرلەپ، كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئۇنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ھىندۇبەگ يولدا بىرەر ئەھۋال بولۇشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئەگرەگە خەۋەر ئەۋەتتى-دە، ئۆزى دېھلىدە قېلىپ ھۇمايۇننى ئەڭ ياخشى تېۋىپ-لەرگە داۋالىتىشقا باشلىدى.

لېكىن دورا-دەرمان كار قىلمايتتى، قارابەزگەككە ئوخشاش بىر كېسەل ھۇمايۇننى كېچە ۋە كۈندۈز بىئارام قىلىپ ئۇنى قورۇشتۇ-رۇپ قويۇۋاتاتتى.

ئەگرەدىن ئىككى كېچە-كۈندۈز ئاتلىق يول يۈرۈپ، ماھىم بېگىم يېتىپ كەلدى. دەريا يولى تىنچراق ۋە سالقىنراق دېيىشىپ، ھۇمايۇننى دېھلىدە كېمىگە سېلىشتى-دە، ئېقىن بويلاپ ئەگرەگە ئەكىلىشتى.

ھۇمايۇننى تەختىراۋانغا ياتقۇزۇپ، سەككىز يىگىت زەرەپشان بېغىغا كۆتۈرۈپ كىردى. بابىر رەڭگى يەردەك ئۆڭۈپ كەتكەن ماھىم بېگىمنى كۆرگەندىلا يۈرىكى "جىغغىدە" قىلىپ كەتتى.

---

سەكسەنگە كىرگەن گۈلبەدەن بېگىم بالا چېغىدا كۆرگەن بىلگەنلىرىنى «ھۇمايۇننامە»دە تەپسىلي يازغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە تاجۇتەختتىن ئەستايىدىل كۆڭلى قالغىنىغا، ھاكىمىيەتنى ھۇمايۇنغا بېرىپ، ئۆزى تاھىر ئاپتۇۋۇچى بىلەن بىر بۆلۈڭدا ياشىماقچى بولغىنىغا دەلىللەر كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىتلەر كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەختىراۋان ئۇنىڭ كۆزىگە تاۋۇتتەك سوغۇق كۆرۈندى.

ھۇمايۇن كېچىچە جۆيلۈپ بىھوش ياتتى. پەقەت سەھەر ۋاقتىدا كۆزىنى سەل ئېچىپ، تۆپىسىدە تۇرغان ئاتىسىنى تونۇدى، ئورنىدىن تۇرغۇسى كېلىپ قىمىرلىدى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ مادارى يەتمىدى. ئاتىسىنىڭ مەخپىي مەكتۇپىدا يېزىلغان گەپكە رازى بولالماسلىقىنى ئېيتماقچى بولۇپ:

— بىز... خىزمەتتە... سىزسىز... — "مۇمكىن ئەمەس!" دېگەندەك باش چايقىدى-دە، كېيىن يەنە جۆيلۈشكە باشلىدى، — غولغا ئۇرۇڭ... ئۇرۇڭ! كەتتى!... توختا!...

ھۇمايۇن نەپەسى بوغۇلغاندەك قىينىلىپ، ئۆزىنى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا بىر-ئىككى ئاتتى-دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

ساراي تېۋىپلىرى بۇ ئېغىر كېسەلگە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى. ماھىم بېگىم مۆل-مۆل يىغلايتتى. بابىر سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئوتقا-سۇغا سېلىپ، مۇشۇ كېسەللىككە ئۆزىمۇ سەۋەبچى بولغاندەك ئېچىندى. ئېغىر پەيتلەردە بابىرغا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر بىرەر چارە تېپىشنى ئۇنىڭدىن كۈتەتتى. لېكىن ھازىر ئۇمۇ چارىسىزلىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قىينىلاتتى.

قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان شەيخۇلئىسلام بابىرنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، كۆپ غەم يېمەڭ، پەرۋەردىگار غايىبتىن شىپا ئەۋەتكۈسىدۇر، — دېدى، — تېۋىپلەردىنغۇ نەتىجە چىقمىدى، ئەمدى خۇدا يولىدا دۇنيا مېلىدىن سەدىقە قىلىش كېرەك.

بابىر شەيخۇلئىسلامنىڭ نىيىتىگە چۈشىنەلمەي:

— قايسى مالدىن؟ — دەپ سورىدى.

— جان ئامان بولسا گۆھەر تېپىلىدۇ. ئاشۇ... ئالاھىدە ئالماس ياخشى سەدىقە بولىدۇ.

بابىر جەمنە ئۈستىدە كېمىدە ئولتۇرغاندا ھۇمايۇن ئەكىلىپ كۆرسەتكەن ئالماسنى ئەسلىدى.

— كوھىنۇرنىمۇ؟

شەيخۇلئىسلام تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى. بابىر ھوشىنى بىر يەرگە يىغىپ:

— تەقسىر، كىمگە سەدىقە قىلايلى؟ — دەپ سورىدى.

قىممىتى زور ئالتۇن خەزىنىلەرگە باراۋەر كېلىدىغان بۇ ئالماسنى ئوغرىلاردىن قوغدىغان تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كۆپ نەۋكەر كېرەك ئىدى. شۇنى بىلىدىغان شەيخۇلئىسلام "ماگا" دېيىشكە تىلى بارمىدى.

— مۇرتازا ئەلى مازارىغا، — دېدى، — دىن يولىغا.

مازار ۋە كوھىنۇر ئالمىسى بىر-بىرىگە مۇتلەق ئالاقىسىز نەرسىلەر ئىدى. دىندارلارنىڭ ئەڭ چوڭى شەيخۇلئىسلام بولغانلىقى ئۈچۈن ئالەمنى بېزەيدىغان بۇ گۈزەل ئالماس ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ ساندۇقىغا چۈشۈشى ئېنىق. بابىر ھازىر مال ۋە دۇنيانى ئويلايدىغان ئەھۋالدا بولمىسىمۇ، ھۇمايۇنغا تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەرگە مۆكچەيگەن شەيخۇلئىسلامنىڭ كۆز تىككىنى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى. روھانىيلار ئىلاجىنى تاپسا پادىشاھتىنمۇ يۇقىرى تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىشى بۇرۇندىن مەلۇم ئىدى.

— تەقسىر، نەزىرىڭىزدە ئاشۇ ئالماس ئەزىزمۇ ياكى مېنىڭ جېنىم ئەزىز؟

www.uyghurkitap.com

شەيخۇلئىسلام ھاڭ-تاڭ بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيسىز، ھەزرىتىم! — دېدى، — ئۇنداق ئالماسلارنىڭ يۈزىدىن سىزنىڭ بىر موييىڭىز ئەزىزرەكتۇر!

— مىننەتدارمەن! ئۇنداق بولسا، مەن ھۇمايۇنغا جاھاندىكى بارلىق ئالماسلاردىنمۇ ئەزىزرەك بىر نەرسەمنى قۇربان قىلماقچىمەن. پەقەت بۇ قۇربانىنى سىز ۋە بىزگە ئوخشىغان بەندىلىرى ئەمەس، زۆرۈر بولسا، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئۆزى ئالسۇن!

بابىر ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ھۇمايۇننىڭ ئورنى يېنىغا كەلدى.

— ھۇمايۇن، جىگەر بەندىم! — دېدى ئۇ ھەممىگە ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز بىلەن، — سېنىڭ قىينالغانلىقىڭنى مەن باساي. سېنىڭ مۇشۇ ئېغىر كېسەللىكىڭنى خۇدا سەندىن ئېلىپ ماڭا بەرسۇن!

بىھوش ياتقان ھۇمايۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمايتتى. لېكىن بىمارنىڭ خابگاھىدىكى ئاياللار، مۇلازىملار، تېۋىپلار، روھانىيلار — ھەممىسى بابىرغا قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

بابىر ئومۇمىي جىمجىتلىقتا ھۇمايۇننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندى-دە:

— ئەي پەرۋەردىگار! — دەپ ئىلتىجا قىلدى، — مەن بابىرمەن، ئەگەر جان بېرىش مۇمكىن بولسا، ئۆمرۈم ۋە جېنىمنى ھۇمايۇنغا قۇربان قىلدىم! ئەزرائىل مېنىڭ جېنىمنى ئالسۇن ۋە خۇدا ھۇمايۇنغا شىپالىق بەرسۇن!

ماھىم بېگىم يىغىدىن توختاپ، بابىرغا قورقۇش ئارىلاش ھەيران بولۇپ تىكىلىپ تۇراتتى. قېرى شەيخۇلئىسلام بولسا شۇ زامانلا ھۇمايۇننىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى ۋە بابىرنىڭ ھالسىزلىنىپ يېتىشىنى

كۆتكەندەك ئاز ۋاقىت ئاتا-بالىغا چەكچىيىپ قاراپ تۇردى.

لېكىن كۈتۈلگەن مۆجىزە يۈز بەرمىدى. بىھوش ھۇمايۇن جۆيلۈپ بىرنېمە دېدى-دە، يەنە جىم بولدى. بابىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خابگاھتىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرمىگىنى بولسا شەيخۇلئىسلامنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

## 3

يىگىرمە ئۈچ ياشلىق ھۇمايۇننىڭ يىگىت يۈرىكى كېسەللىكنى ئاخىر يەڭدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كېسەل يوقلاپ كەلگەنلەرنى ئورنىدىن تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئاتىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزى ئۆيىدىن چىقتى.

بابىر كۈتۈپخانىنىڭ خاس خانىسىدا قەدىمىي بىر قول يازمىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. ھۇمايۇن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىز چۆكۈپ:

— مەن سىزنىڭ ئىلتىجاڭىز بىلەن شىپا تاپتىم! — دېدى، — ئۆزەمگە كەلگەندىن بۇيان خۇدادىن سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان سەدىقىڭىزنى دەرگاھىدا قوبۇل قىلمىسۇن، دەپ تىلەيمەن! بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى سىز بەرپا قىلدىڭىز، ھەممىمىزنىڭ تايانغان تېغىمىز ئۆزىڭىز! پەرۋەردىگار بىزگە رەھىم قىلسۇن!

— مانا، شۈكۈر، يۈرۈپتىمەنغۇ، ئوغلۇم. ھازىرقى قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق مەندە بۇلتۇردىن بېرى بار.

— روھانىيلار "ھەزرىتىم ئوغلىغا كەلگەن نەق ئەجەلنى ئۆزىگە ئالدى" دەپ كۆڭلۈمگە غۇلغۇلا سالماقتا!

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشىنىسەن؟ بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە شەيخۇلئىسلام ماڭا ئۆز ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مانا خۇداغا شۇكۇر، ساقىيىپ كەتتىڭ. ئەگەر ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، كوھنۇر ئالمىسىنى سەدىقە قىلسام، روھانىيلار غالىب بولماسمىدى؟ "ھۇمايۇننى بىز قۇتقۇزۇپ قالدۇق، پادىشاھتىنمۇ بىز كۈچلۈك" دەپ تەنتەنە قىلماسمىدى؟ سېنى بىر ئۆمۈرلۈك قەرزدار قىلىپ قويماسمىدى؟

— ئىلاھىم، سىز توغرۇلۇق بولغان كارامەتلىرىمۇ يالغان چىقسۇن!

— ھەر ھالدا، سەن بىرنەرسىنى ئۇنتۇما. روھانىيلار پادىشاھنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالسا تامام! سەمەرقەندتىكى ئابدۇللىتىپنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئاتىسىغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشى شۇنىڭدىن باشلانغان.

— تىرىكلا بولسام بۇ نەسىھەتلىرىڭىزنى يادىمدىن چىقارمايمەن!... ئەمدى... ھەزرىتىم، سەمبھەل چېگراسىدا يەنە تاجاۋۇزلار بولۇۋېتىپتۇ. مەن ئەتىگە مېڭىپ كېتەي، ئىجازەت بېرىڭ.

بابىر ھازىر ئېيتماقچى بولغان سۆزىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىدىن بىردەم جىم تۇردى.

— ھۇمايۇن، بەيدە ماڭا زەھەر بەرگەندىن بېرى ھېچ ئۆزەمگە كېلەلمەيۋاتىمەن، قالغان كۈچۈم ئىجاد قىلىشقا يەتىسمۇ چوڭ گەپ. ئەمدى دۆلەت يۈكىنى سەن ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەك. مەيلى، سەمبھەلگە بېرىپ چېگرىنى تىنچىتقىن ۋە ئورنۇڭغا ھىندۇبەگنى ھاكىم قىلىپ دەرھال ئەگرەگە قايتقىن.

يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ، ئاسمان يەنە بۇلۇتلاردىن تازىلاندى، كېچىلەر سالقىن بولۇپ قالدى. بابىر ئۇيقۇسىز كېچىلەردە باغقا چىقاتتى ۋە يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلىپ ئاسمانغا قارايتتى.

لېكىن بەدىنىدە قىزىتمىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
جايىدىن كۆچۈپ، قايناملغا چۈشۈپ ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى، كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ئاسماندىن دەرھال كۆزىنى
ئالاتتى.

كۈندۈزى سارايدا دۆلەت ئىشلىرىنى قىلغان پەيتىدە گاھى شەيـ-
خۇلئىسلامنى، گاھى نوپۇزلۇق مەنسەپدارلارنى ئۇچرىتاتتى، ئۇلار
بابىرغا ئاۋۋالقىدىنمۇ پەسرەك ئېگىلىپ تەزىم قىلىشاتتى، لېكىن
ئۆلۈشى مۇقەررەر بولغان بىمارغا قارىغاندەك مۇسىبەتلىك كۆزلەر
بىلەن قارىشاتتى، مۇئامىلىلىرىدىكى ئالاھىدە مۇلايىملىقمۇ شۇنىڭدىن
دالالەت بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا بىنائەن، بابىر ئۆز ھاياتىنى
ئوغلىغا قۇربان قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇمايۇن ساقىيىپ كەتكەن،
ئەمدى كۆزگە كۆرۈنمەس ئەجەل قىلچى بابىرنىڭ بېشى ئۈستىدە
ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئوچۇق ئېيتىلمايدىغان، ھەددىدىن ئارتۇق يۇمشاق گەپلەر،
تەزىم ۋە ئىززەت-ئېھتىراملار ئاستىغا يوشۇرۇلغان بۇ يامان ئىشەنچ
بابىرغا تولىمۇ ئېغىر تەسىر قىلاتتى، گاھىدا ئەتراپىدا ئايلىنىپ
يۈرگەن ئۆلۈم شەپىسىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سەزگەندەك بولاتتى.

مىزان ئۆتۈپ، قەۋس ئېيى كىرگەندە بابىرنىڭ كېسەللىكى بار-
غانسېرى ئېغىرلاشتى. بىرەر جايىدا يارا ياكى ئىششىق يوق، نوقۇل
ئىچى قىزىيتتى، قىزىتمىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇخلىيالمايتتى، رەڭگى
كۈنسېرى سولىشىپ باراتتى. مەۋلانا يۇسۇپىي مەملىكەتنىڭ ئەڭ
مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن ئۈچ-تۆتىنى چاقىرتىپ مەسلىھەتلەشتى.
بىمارنىڭ تومۇرىدىن قان ئېلىپ كۆرۈشتى. قاننىڭ رەڭگى ساغلام
ئادەمنىڭكىدەك سۈزۈك ئەمەس، قانداقتۇر ئېرىپ قالغانغا

ئوخشايتتى.

تېۋىپلەر ئۆزئارا كېڭىشىپ، "مەلىكە بەيدە بەرگەن زەھەرنىڭ قاندا تەسىرى قالغان" دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى ۋە قاننى تازىلايدىغان دورىلاردىن، ئانار سۈيىدىن كۆپرەك بېرىشنى بۇيرۇشتى.

لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسى كار قىلمىدى. بابىر ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ھۇمايۇنغا چاپارمەن ئەۋەتتى.

ھۇمايۇن كەلسە، ئاتىسى ئۆز خابگاھىدا ئېگىز ئاق كۆرپىدە تەرگە پېتىپ يېتىپتۇ. رەڭگى ساپسېرىق بولۇپ كەتكەن. بابىرنىڭ باش تەرىپىدە خانزادە بېگىم پەي يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى يەلپۈۋېتىپتۇ. ئاياغ تەرىپىدە ماھىم بېگىم غەم-قايغۇغا پېتىپ، ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھۇمايۇن تىز چۆكۈپ، ئاتىسىنىڭ كۆرپىسىنى قۇچاقلىدى، بابىرنىڭ ئورۇق قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشتى، ئەھۋال سورىدى. ئاندىن ئاتىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك ئېچىنىپ سۆزلىدى:

— نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇنچىلىك جان پىدا قىلدىڭىز، ھەزرىتىم؟

بابىر ھالسىز ئاۋاز بىلەن:

— سەن بۇنى ئۆزەڭدىن كۆرمە، — دېدى، — ئىللەت قاندا ئىكەن. بىلمىدىم... ھەرقانداق ئوتمۇ يېنىپ-يېنىپ ئاخىرى بىر كۈن...، — بابىر "ئۆچىدۇ" دېمەكچى بولدى-دە، لېكىن ئايالىلارنى ئايىدى، — يالقۇنى پەسىيىدۇ. مەن ئۆمۈر بويى ئايىغىسىز كۆيدۈم.

— بىز ئۈچۈنمۇ كۆيۈپ-ياندىڭىز! ئەمدى بۇ قەرزلەرنى ئۆزۈشكە مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم يەتمەيدۇ!

— قەرزىڭنى ماڭا ئۈزەلمسەڭ... باللىرىڭغا ئۈزەرسەن...

بابىر توختاپ-توختاپ سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى راۋان ئىپتىۋاتقىنى ھۇمايۇننى ئۈمىدلەندۈردى. ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى بۆلمەي، جىم قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— تۆمۈرىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى... پىدائىيلىقنى ئۇنتۇپ... يوق بولۇپ كەتتى. ئۇغۇل ئاتىنى ئۆلتۈردى... ئاكا ئىنىسىغا خىيانەت قىلدى... ئاقىۋەتتە... ھەممىسى رەزىللىكنىڭ قۇربانى بولدى... ئۇنىڭدىن كۆرە... ياشلىقنىڭ پىدائىيسى بولغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟... مانا ھامماڭ خانزادە بېگىم... سەمەرقەندتە مېنى قۇتقۇزۇپ ئۆزىنى ئاسارەتكە سالدى. بۇ پىدائىيلىق مېنى ھەمىشە... شۇنداق بولۇشقا ئۈندەپ كەلدى... سەنمۇ ئەمدى ئىنىلىرىڭ ۋە... ئەۋلادلىرىڭنى مەردلىككە... پىدائىيلىققا ئۈگەتكىن.

بابىر تۆشەكنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يىپەك ئاق پەردىنىڭ ئارقىسىغا بېشىنى بۇراپ قارىدى. پەردە ئارقىسىدا ئادەم بارلىقىنى ھۇمايۇن ئەمدى بايقىدى.

— تاھىربەگ، جۇزدانىنى كەلتۈرۈڭ، — دېدى بابىر.

شۇ چاقىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرغان تاھىر ئەمدى تېز ئورنىدىن تۇردى-دە، تەكچىدىكى چوڭ كۆن جۇزدانىنى ئىچىدىكى يىپەك مۇقاۋىلانغان قول يازمىسى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ كەلدى.

— بەدەخشاندا «ۋەقەئىي»نى سورىغانىدىڭ، — دېدى بابىر ھۇمايۇنغا، — مانا، يېزىپ تۈگەتتىم، ئال.

تاغلار ئارىسىدا بابىر "بۇكىتاب تۈگىگەندە مېنىڭ ئۆمرۈممۇ تۈگەيدۇ!" دېگىنى ھۇمايۇننىڭ يادىغا چۈشتى. ئۇ جۇزدان ئىچىدىكى كىتابنى ئېلىپ پېشانىسىگە سۈرۈپ سۆيۈۋاتقاندا كۆزىدىن

تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى. چوڭ بىر ياش تامچىسى زەر ھەل مۇقاۋا ئۈستىگە تېمىپ چۈشكىنىنى بابىرمۇ كۆردى.

— سەندىن ئىلتىماسىم، — دەپ داۋاملاشتۇردى بابىر، — بۇنى ئەۋلادلىرىڭمۇ ئوقۇسۇن...خاتالىقلىرىمنى تەكرار قىلماڭلار. ياخشى ئىشلىرىم...ئاز بولسا...كۆپەيتىڭلار. بۇ كىتابتىن نۇسخىلار كۆچۈرتۈپ سەمەرقەندكە... تاشكەنتكە... ئەنجانغا... مۇناسىپ ئادەملەرگە ئەۋەتكىن...مەن تۇغۇلغان يۇرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزمەڭلار. ئېھتىمال مەن يازغان كىتابلار...ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئالاقىنىڭ رىشتىلىرى بولۇپ قالار...

بابىرنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرغان خانزادە بېگىم ئۆزىنى ئارتۇق تۇتۇپ تۇرالمىدى.

— بابىرجان، مەن ئېگىچىڭىز!...مەن...مەن سىزدىن بەش ياش چوڭمەن! بۇ دۇنيادىن كېتىش نۆۋىتى ئاۋۋال مېنىڭكى! سىز تەسلىم بولماڭ! بابىرجان، ئىنىم!

خانزادە بېگىم ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇنتۇپ، "بابىرجان!" دېگەندە بابىر مەسۇم باللىقىنى ئەسلەپ كۆڭلى "جىغ" قىلىپ كەتتى. ئۇ بەگلەردىنمۇ، سەۋدەرلەردىنمۇ، ياتلاردىنمۇ، ھەتتا سۆيۈملۈك ئوغلى ۋە خوتۇنىدىنمۇ دائىم "ھەزرىتىم" دېگەن چاقىرىشنى ئاڭلايتتى، كۆپ ئىشلىتىلىۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن بۇ سۆز ئۇنىڭ تولىمۇ جېنىغا تەگكەنىدى.

بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ماھىم بېگىم ئالدىنقى ئېغىر سۆھبەتلەرنى ئەسلەپ:

— مېنىڭ خەقشىلىكلىرىممۇ سىزنى كېسەل قىلدى، ھەزرىتىم! — دېدى، — مېنى كەچۈرۈڭ!

— ماھىم، سىز مېنى كەچۈرسىڭىز بولىدى... مەن سىزدىن رازىمەن... پەقەت ئەمدى مېنى ھەزرىتىم دېمەڭ...

ماھىم بابىرنى "كۆز ئېچىپ كۆرگەن تەنھا يارىمسىز، جىسمىمدىكى جانسىز!" دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىپ كۆردى، لېكىن ئەتراپىدىكىلەردىن ئۇيالدى. يىغا ئارىلاش:

— خوپ، — دېيەلىدى، خالاس.

بابىر ئۇنىڭ ئېيتالمىغان سۆزلىرىنى ئاۋازىدىن، كۆزلىرىدىن سەزدى. كېيىن ئوغلىغا يۈزلەندى:

— ھۇمايۇن، مەن سەندىنمۇ "ئاتا" دېگەن سۆزنى تېخى ئاڭلىغىنىم يوق.

"ئاتا" دېگەن ئاددىغىنا سۆزگە ئۆگەنمىگەن ھۇمايۇن:

— پەدەرى بۇزرۇكۋار! — دەپ باقتى. بۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلمىگىنىنى سەزدى-دە، — ئاتاجان! — دېدى، — سىز سەلتەنەتنى ماڭا بەرمەكچى بولۇپسىز. لېكىن ئىشىنىڭ، مەن بۇ تاجۇتەختتىن سىزنىڭ بىر نەپەسلىك ئۆمرىڭىزنى ئەۋزەل كۆرىمەن!

— مەن سەندىن رازىمەن... ئەمدى مەندىنمۇ رازى بولۇڭلار!

خانزادە بېگىم رازىلىق سوراشقا تىلى بارماي ئۆرتىنىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىغا ماھىم بېگىم قوشۇلدى.

بۇ ئېغىر ئەھۋالنىڭ ئۈستىگە كىرىپ كەلگەن مەۋلانا يۇسۇپى بابىرنىڭ كۆزلىرى بىسەرەمجان بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى قاتتىق تەر بېسىۋاتقىنىنى كۆردى.

— ئەمدى ھەزرىتىم ئارام ئېلىشى كېرەك! — دەپ قولىغا ئاق داكىنى ئېلىپ، بابىرنىڭ يۈزىدىن، بويۇنلىرىدىن تەرلىرىنى ئېرتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلىدى.

قېيىنلىپ نەپەس ئېلىۋاتقان بابىر باش تەرىپىدە تۇرغان تاھىرغا ئاگىلىنار - ئاڭلانماس:

— يەلپۈك!... — دېدى.

يىغا - زىرە بىلەن بابىرنى قېيناپ قويغىنىنى ئەمدى سەزگەن بېگىملەر ئاستا چىقىپ كېتىشتى، بابىر ھۇمايۇنغا:

— ئەمدى ئىشىك ئاغا بىلەن... مەنسەپدارلار كىرسۇن، — دېدى، — كۆزۈم تىرىكلىكىدە... ھاكىمىيەتنى ساڭا تاپشۇراي.

تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرغان مۇھەممەد دولداي ۋە باشقا نوپۇزلۇق بەگلەر كىرىشتى. بابىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىق تاجىنى ئوغلى ھۇمايۇنغا تاپشۇردى. رازى - رىزالىق سورىغاندا بەگلەردىن بىر - ئىككىسى كۆزىگە ياش ئالغاندەك بولدى. لېكىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ھەممىسىنىڭ ئەمدى ھۇمايۇننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، يېڭى ئىنايەتلەرنى ئۈمىد قىلىپ كۆزلىرى تەمە بىلەن يانغىنىنى بابىر كۆرۈپ قالدى.

خانىدا تاھىر بىلەن ئىككىسى قالغاندىن كېيىن:

— ئەمدى... بەگ ۋە سۇلتانلارغا مېنىڭ لازىمىم يوق، — دېدى، — تاھىربەگ، كەچكە... مەۋلانا پەزلىددىننى چاقىرتىڭ.

تاھىر بابىرغا تېۋىپ يۇسۇپىي بۇيرۇپ كەتكەن سۇيۇق دورىلار-دىن ئىچۈردى، ئۇنىڭ قىيسىپ قالغان ياستۇقىنى توغرىلاپ قويدى. كېيىن سەۋدەرلەر خانىسىگە ئۆتۈپ، تاغىسىغا ئادەم ئەۋەتتى.

ئېيتىلغان ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەن مەلاۋنا پەزلىددىن بابىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ياتقىنىنى كۆردى - دە، ھەسرەت ئىچىدە:

— ھەزرىتىم، خۇدا سىزگە قۇۋۋەت بەرسۇن! — دەپ قولىنى سۆيدى.

— مەن... پادىشاھلىقنى ھۇمايۇنغا تاپشۇردۇم... بۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتىم، دېمەڭ، مەۋلانا. مۇناسىپ كۆرسىڭىز... مىنىمۇ مەۋلانا دەڭ.

— بىز ناۋايىنى ئۇلۇغ ئىجادلىرى ئۈچۈن "ھەزرەت ئەلىشىر" دەيتتۇق. سىز تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ناۋايىدىن كېيىنكى ئەڭ زور سىيماسى. شۇ سەۋەبتىن سىزنى شائىر ۋە ئەدىب سۈپىتىدە "بابىر ھەزرەتلىرى" دېيىشكە ھەقلىقمىز.

— مىننەتدارمەن، مەۋلانا... سىز ئەگرەدە، سىكرىدە، دېھەل-پۇردا سارايلار، ئارامگاھلار بەرپا قىلدىڭىز... خۇدا ئۆمۈر بەرسە، مەن... سەمەرقەندتىكى بىبى خانىم مەدرىسىدەك ئۇلۇغ بىر... مەدرى-سىنىڭ لايىھىسىنى سىزگە... سىزدۇرماقچى ئىدىم... ئاچا-سىڭىللىرى-مىزنىڭ قەددىنى بېشىمىزدا... كۆتۈرسەك ئەرزىيتتى...

مەۋلانا پەزلىدىن بابىرنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرىنى توپلاپ، قىينىلىپ سۆزلەۋاتقىنىنى سەزدى-دە، ئۇنىڭ پىكرىنى ئۆزى داۋاملاشتۇردى:

— دانا سۆزلەرنى ئېيتتىڭىز، ھەزرىتىم! ھەقىقەتەنمۇ خەلق-مىزدە بۇ ئادەت ئەزەلدىن مەۋجۇت... سەمەرقەندتە بىبى خانىم مەدرىسىدىن تاشقىرى شادى مۇلك بېگىم مەقبەرىسى بار. ھىندلار-دىمۇ ئايال زاتىغا ھۆرمەت زور ئىكەن، ھەتتا سىغىندىغان خۇدالىرى ئارىسىدىمۇ ئاياللار بار... بىزنىڭ ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكى ئەڭ ياخشى مېمارچىلىق ئەنئەنىلىرىمىزنى ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئاجايىپ ئەنئەنىلىرىگە ئۆزئارا باغلاپ، ئايال زاتىنى ئۇلۇغلىغۇچى بىر

مەدرىسە قۇرۇش مېنىڭمۇ ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرىمدىن!

بابىر مەۋلانا پەزلىددىننىڭ خانزادە بېگىمگە بولغان ياشلىق مېھرى زامانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن قانداق قۇربان بولغىنىنى ئەسلىدى ـ دە:

ــ مەۋلانا، ــ دېدى، ــ مېنىڭ ئېگىچىم خانزادە بېگىم... ئىنسانىيەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق!... ئەگەر سىز ئارزۇ قىلغان... مەدرىسىنى قۇرۇش بىزگە نېسىپ بولسا... ئۇنى "خانزادە بېگىم مەدرىسى..." دەپ ئاتىساق ئەرزىيتتى...

مەۋلانا پەزلىددىننىڭ كۆزلىرىدە چاقماقتەك بىر ئوت چاقنىدى:

ــ ھەزرىتىم، سىز ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە مۇقەددەس بىر مەقسەتنى كۆرسەتتىڭىز! ئەگەر بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مېنىڭ ئۆمرۈم يەتمىسە، ئۇنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ دىلىغا ئورنىتىپ كېتەمەن. ئۇلار ھىند مېمارلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا خەلقلىرىمىزنىڭ ئايال زاتىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئۇلۇغ بىر مېمارچىلىق ئابىدىسىدە ئىپادە قىلسۇن!

بابىرنى تەر باستى. ئۇنىڭ يىپەك ئاق كۆڭلىكى قارىيىپ بەدەنىگە چاپلىشىپ قالغىنىنى كۆرگەن تاھىر تەشۋىشلىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ موللا ئاغا، ھەزرىتىمنى چارچىتىپ قويمايلى!... تېۋىپ "كۆپ ھاياجانلانمىسۇن!" دەپ تاپىلىغانىدى...

سۆھبەتنىڭ تەپتى راستتىنمۇ يۇقىرى بولۇۋاتقىنىنى ئەمدى سەزگەن مەۋلانا پەزلىددىن ئورنىدىن تۇردى:

ــ ھەزرىتىم، ئەمدى ئارام ئېلىڭ! مەن كېيىن يەنە كېلىمەن!...

بابىر مەۋلانا پەزلىددىنگە قاراپ:

— يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، — دېدى، — ئالەمدىن كۆز يۇمسام... كابۇلدا ئۆزىڭىز لايىھىسىنى سىزغان باغ بار... تاغ ئۈستىدە... ئەبەدىي ئارامگاھىم... ئاشۇ گۈزەرگاھدا بولسۇن... ئارتۇقچە ھەشەمەتلىك ئەمەس...شائىرانە بىر لايىھە سىزىڭ...

مەۋلانا پەزلىددىننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، گەپ قىلالمىدى. تەستىق مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى-دە، كۆزىدىن ئاپئاق ساقىلىغا ئېقىپ چۈشكەن ياشنى ئېرتىپ ئىشىكتىن چىقتى.

تاھىر بابىرنىڭ تەردىن ھۆل بولغان ئىچكى كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئۇ ئۆزىنى ئادەتتىكىدەك خاتىرجەم تۇتۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلاتتى. بابىر ئۇسسا سۇ بېرىدىغانمۇ، نەپسى قىسىلىشقا باشلىسا يەلپۈيدىغانمۇ تاھىر ئىدى. ئۇ شۇ يەردە بولسا بابىر جىمجىتراق يېتىشىنى مەۋلانا يۇسۇپىيمۇ بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تاھىرنى كېچە ۋە كۈندۈز بىمارنىڭ ئالدىدىن كەتكۈزمەيتتى.

بۈگۈن كېچىسى بابىر ئىچكىرىسىدە ھەدەپ بىئارام بولۇۋەرگەندىن كېيىن تاھىر سەۋدەرلەرنى چاقىرىپ، ئۇنى ئورنى بىلەن ھويلىدىكى ئۇستى ئوچۇق مەرمەر سۇپىغا ئاچىقتى.

ئەگەرنىڭ كەچ كۈزى خۇددى ئەنجاننىڭ باھار مەزگىللىرىدىكىدەك سالقىن ۋە مۇلايىم تۇيۇلاتتى. قاپقارا ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرۇپتۇ. قىزىتمىسى ئۆرلىگەن بابىرغا يۇلتۇزلار يەنە قايىنامغا چۈشۈپ ئايلىنىۋاتقاندەك بىر-بىرىگە ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. بابىر كۆزىنى يۇمدى:

— بەدىنىمدە... قان ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقاندەك...، — دېدى تاھىرغا.

تاھىر ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى، قوللىرىنى، كېيىن پۇتلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، بابىر بۇنىڭدىن سەل يېنىكلىگەندەك بولدى-دە، كۆزىنى ئېچىپ يەنە ئاسمانغا قارىدى.

يۇلتۇزلار ئەمدى جاي-جايىدا توختاپ، تىنچ نۇر چېچىشقا باشلىدى. ئەنە، ئالتۇن قوزۇق، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يەتتەتكەن يۇلتۇزلىرى ئۇپۇققا ئېغىپ كېتىۋېتىپتۇ. شەرقتىن بولسا بىر توپ بولۇپ ئۈركەر يۇلتۇزلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

— بىزنىڭ قۇۋادىمۇ ئۈركە خۇددى مانا مۇشۇنداق بولۇپ چىقاتتى، — دېدى تاھىر.

بابىرمۇ باللىقى ئۆتكەن ئەنجان ئاسمىنىنى ئەسلىدى. مانا شۇ يەتتەتكەن يۇلتۇزلىرى شۇ يەردىمۇ ئالتۇن قوزۇقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غەربكە پېتىپ كېتەتتى، شۇ يەردىمۇ يەتتەتكەن ئۇپۇققا باش قويغانسېرى ئۈركەر يۇلتۇزلىرى ئاسماننىڭ يۇقىرى جايلىرىغا چىقىپ باراتتى. بابىر ئۆسمۈرلۈكىدە ئۈركەر يۇلتۇزلىرىنى ئالماستىن ياسالغان لەگلەككە ئوخشىتاتتى. قويرۇقنى يېقىملىق سىلكىپ ئۇچىدىغان ئالماس لەگلەك ئۇنىڭ خىيالىنى يەنە پاك باللىق يىللىرىغا ئېلىپ كەتتى. ئاسماننىڭ دۇنيانىڭ ھەممە جايىدا بىر ئىكەنلىكى، ئۆمرىنىڭ باشلىنىشىدا ئەنجاندا كۆرگەن يۇلتۇزلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەگرەدىمۇ چاقناپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭغا ئاخىرقى بىر تەسەللىدەك تۇيۇلدى. بابىر ئاسمانغا قاراپ ياتقاندا يەنە ياش، ساغلام يىگىتكە ئايلىنىپ، ئەنجان چارباغىنىڭ سۇپىسىدا ياتقاندەك بولدى.

بىردەملىك بۇ شېرىن ھېس كەينىدىن يەنە شەپقەتسىز بىر

قاينامغا ئېلىپ، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى
تىترەك بېسىپ كەلدى-دە،
باشلىدى...
پىر-پىر ئايلاندۇرۇشقا
يىغلىغىنى قاراڭغۇ
تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا تاھىرنىڭ ھۆركىرەپ
باغنى زىلزىلىگە كەلتۈردى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

مەۋلانا پەزلىددىن كابۇلدا بابۇرغا ھەر خىل رەڭلىك مەرمەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تولىمۇ چىرايلىق بىر مەقبەرە قۇرۇشقا ئۈلگۈردى، لېكىن خانزادە بېگىم نامىغا مەدرىسە قۇرۇش ئۈنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئاردىن يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بابۇرنىڭ چەۋرىسى شاھ جاھان قۇردۇرغان، مەشھۇر تاج-مەھەلدە ئۇلۇغ ھىند مىمارلىرى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشى ئېھتىمال.

تاھىر «بابۇرنامە»دىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلارنى ئەدىبنىڭ ئەنجاندىكى، تاشكەنت ۋە سەمەرقەندتىكى مۇخلىسلىرىغا ئەكىلىپ تاپشۇرغاچ، ئۆزى رابىيە بىلەن بىللە قوۋاغا قايتتى. ئۇلار ئۆمۈرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنى تۇغۇلغان يۇرتلىرىدا ئۆتكۈزۈشتى. بىراق ئوغلى سەپەربەگ مەۋلانا پەزلىددىننىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئەگرەدە ئۆمۈرۋايەت قالدى ۋە شۇ يەردە ئائىلە قۇرۇپ ھىند خەلقىغە قوشۇلۇپ كېتىشتى.

بابۇرنىڭ ۋاپاتىدىن ئون ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھۇمايۇن ھەمىدەبانۇ بېگىم دېگەن خوتۇندىن بىر ئوغۇل كۆردى-دە، ئىسمىنى ئاتىسىنىڭ ئېتىغا يېقىن قىلىپ جالالىددىن ئەكبەر قويدى. بۇ ئاردا ماھىم بېگىم ۋاپاغا ئۇچراپ دۇنيادىن ئۆتكەن، لېكىن خانزادە بېگىم تېخى ھايات ئىدى. ئەكبەر ئىككى ياشقا كىرگەندە خان-زادە بېگىم ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان، "پۇتلىرى بوۋىسىغا ئوخشايدۇ، مېنىڭ ئىنىم بابۇر مىرزىنىڭ كىچىكلىكىدىمۇ قول-پۇتلىرى خۇددى مانا مۇشۇنداق ئىدى!" دەيتتى ئەكبەرنىڭ

قوللىرىنى، پۇتلىرىنى مەسلىكى كېلىپ سۆيۈپ.

ئەكبەر ئۆچكە كىرگەندە خانزادە بېگىم ئاتمىش سەككىز يېشىدا كابۇلھەق دېگەن جايدا ۋاپات بولدى. ئۇنىمۇ كابۇلغا ئەكېلىپ بابىر مىرزا مەقبەرەسىگە دەپنە قىلىشتى.

ھۇمايۇننىڭ ئۆگەي ئىنىلىرى كامران مىرزا ۋە مىرزا ئەسكەرىي-لەر مانا شۇ يىللاردا تەخت تالىشىپ، ئاكىسى بىلەن قاتتىق جەڭگە كىرىشكەنىدى. بۇ جەڭلەردە ئاۋۋال مىرزا ئەسكەرىي يېڭىلدى، ھۇمايۇن ئۇنى ھەجگە ماڭدۇردى. مىرزا ئەسكەرىي مەككە يولىدا ۋاپات بولدى. كامران مىرزىنىڭ ھۇمايۇنغا ئاداۋىتى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئارىدا چوڭ يىگىت بولۇپ كەت-كەن ۋە يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان ھىندال مىرزا ئاكىسى ھۇمايۇنغا قاتتىق ساداقەتلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ھىندال مىرزا ئۆگەي ئاكىسى كامران مىرزىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن كابۇلدا 1552-يىلدا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھادىسىدىن كېيىن كامران مىرزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتى، ئۇ ھۇمايۇن-دىن يېڭىلىپ، تاغلارغا قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇنى تاغلىقلار تۇتۇۋې-لىپ، قول-پۇتىنى باغلاپ، ھۇمايۇنغا ئەكېلىپ بەردى. بارلىق بەگ ۋە مەنسەپدارلار ئۆكسىنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلانغان كامراننى ئايىماستىن قەتل قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. بىراق ھۇمايۇن بۇنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرمىدى. "ئاتام ھەزرەتلىرى پىداكار، مەرد، ئىناق بولۇڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. كامران شۇنى ئۇنتۇپ تۇزكورلۇق قىلدى، ئەمدى بۇنىڭ كۆزىگە مىل تارتىڭلار!" دەپ بۇيرۇدى. كۆزىگە مىل تارتىلغان كامران قالغان ئۆمرىنى پۈتۈنلەي كور بولۇپ ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاكا-ئۇكىلار ئارىسىدىكى بۇ ئىچكى زىددىيەتلەر تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئېغىر جەڭلەرگە قوشۇلۇپ، ھۇمايۇننىڭ بېشىغا كۆپ كۈلپەتلەرنى سالدى، ئۇ ئاتىسى باشلىغان چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ياخشى داۋاملاشتۇرالمىدى، پەقەت بابىر قۇرغان دۆلەتنى ساقلاپ قالالىدى-دە، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، نادىر كىتابلار بىلەن بېيىتتى.

ئۇنلاپ خەتەرلىك ئۇرۇشلاردا قىلىچ چېپىپ يۈرۈپ ئۆلمىگەن ھۇمايۇن قەدىرلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقىنىدا پۇتلىشىپ كېتىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن پەسكە يىقىلىپ چۈشتى-دە، شۇنىڭ جاراھىتىدىن ۋاپات بولدى، ئۇمۇ ئاتىسى بابىر مىرزىدەك ئەللىك ياشقا كىرمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

ھەمىدە بانۇ بېگىم ئوغلى ئەكبەر بىلەن بىللە ھۇمايۇننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن دېھلىدە قىزىل مەرمەردىن ئۇلۇغۋار بىر مەقبەرە ياساتتى.

ئەۋلادلىرى ئارىسىدا بابىرغا ئالاھىدە ئاقىۋەت كۆرسەتكەن ئەكبەر بولدى. ئۇ «بابىرنامە»نى تۈركىي تىلدىن پارسچىغا ئىككى نۆۋەت تەرجىمە قىلدۇردى. ئەكبەر دەۋرىدىكى ئەڭ ئىستىبداتلىق ھىند رەسساملىرى «بابىرنامە» ۋەقەلىرىگە ئاساسلىنىپ، بىر تۈركۈم ئاجايىپ سۈرەتلەرنى سىزدى. بابىر بۇ ئەسەرنى يېزىپ تۈگەتكەن سېكرى تېغىدا ئەكبەر بوۋىسىنىڭ خاتىرىسىگە ئاتاپ پەتھپۇر-سېكرى شەھىرىنى قۇردۇردى. بىرقانچە ۋاقىت پايتەختنى دېھلىدىن شۇ يەرگە كۆچۈرۈپمۇ كەلتۈردى.

ئەكبەرنىڭ بۇ پايتەختىدىكى سارايلار ھازىرغىچە پۈتۈن تۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ پايتەختتە ھېچكىم ياشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەتىدىن-

كەچكىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر تارىخىي ئابىدىگە ئايلىنىپ قالغان بۇ پايتەختنى كۆرۈپ، خىيالەن ئۆتمۈش دەۋرلەرگە بېرىپ كەلگەندەك بولىدۇ.

بابىر قۇرغان زور دۆلەت ئۆز قۇدرىتى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بىلەن جاھانغا تونۇلۇپ، سەل كەم ئىككى ئەسىر ئۆمۈر كۆردى ۋە تارىختا قالدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلمىدى — ئەڭ ئاخىرقى بابىرىيلار ئۆتكەن ئەسىرلەردە ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرى دەۋرىدە يوق قىلىندى.

پەقەت بابىر ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر تېخىچە تىرىك بىر قەلبنىڭ ھارارىتىگە تولۇپ، ئادەملەرگە ھامان مەنىۋى ئوزۇق ۋە زوق بېرىۋاتىدۇ. توغرا، ئۇنىڭ بىر ئۆمرى قاراڭغۇ ئاسماندا ئوتلۇق ئىز قالدۇرۇپ ئۆچكەن يۇلتۇزدەك تېز ئۆچتى. لېكىن ئۆلمەس ئەسەرلىرى سەھىپىسىدە سەل كەم بەش ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى ئۆمرى — بۇ يۇلتۇزنىڭ تۈندىن تاڭغا قاراپ ئۆچكىنىنى ۋە ئۆز نۇرىنى كېلەچەككە ماڭدۇرغىنىنى ئېيتىپ تۇرۇپتۇ. بابىر قەلب ئوتىغا يۇغۇرۇپ ياراتقان مەدەنىي مىراس بۈگۈنكى نۇرلۇق ئەۋلادلارنى بەھرىمەن قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىككىنچى ئۆمرىمۇ قاراڭغۇ كېچىلەردىن كېيىنكى يورۇق كۈنلەردە ئەستايىدىل ئاۋات بولۇۋاتىدۇ.

1969 — 1978

本书根据苏联乌兹别克共和国塔什干阿甫尔吾拉木文学与艺术出版社1981年9月第1版第2次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب سوۋېت ئۆزبېكىستان تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل 9 - ئايدىكى 1 - نەشرى 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ
مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

يۇلتۇزلۇق تۈنلەر
(سوۋېت ئىتتىپاقى) پىرىمقۇل قادىروۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 - يىل 11 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1988 - يىل 11 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 2.50 يۈەن